ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# ساياھەتنامە

*Abaydulla Ibrahim*



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

تۇندىكى چاقماق

بەشىنچى ئوغۇل

ئاجايىپ كۆزلەر

ساياھەتنامە

ئۈچ غەزەل

بوز دالا

داغ

ISBN 978-7-228-11532-7

9 787228 115327 >

定价: 60.00 元

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

# ساياھەتنامە

( زىيارەت خاتىرىسى )

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

周游世界：维吾尔文/艾拜都拉·易卜拉欣著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010．1
ISBN 978－7－228－11532－7

Ⅰ．周… Ⅱ．艾… Ⅲ．纪实文学—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 001428 号

| | |
|---|---|
| **作　　者** | 艾拜都拉·易卜拉欣 |
| **责任编辑** | 阿不都热合曼·艾白 |
| **责任校对** | 再米拉·裴达依 |
| **特约校对** | 海丽且木·孜亚吾顿 |
| **美术设计** | 艾克拜尔·沙力 |
| **美 术 字** | 苏·司马义·哈力 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆新华印刷厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 24.375 |
| **版　　次** | 2010 年 1 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2010 年 1 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—2000 |
| **定　　价** | 60.00 元 |

# ساياھەتنامە


**ئاپتورى :** ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئابدۇراخمان ئەبەي

**مەسئۇل كوررېكتورى :** زەمىرە پىدائىي

**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** خەلچەم زىياۋۇدۇن

**گۈزەل سەنئەت لايىھەلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ

**خەتتات :** سۇلايمان ئىسمايىل خالى

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون :** 0991—2827472

**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى :** 830001

**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى :** 24.375

**نەشرى :** 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى :** 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى :** 1—2000

**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11532—7

**باھاسى :** 60.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم — ئۆزىگە خاس ئىجا-
دىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك
تۆھپە قوشقان، ئەسەرلىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئەدەبىيات سا-
ھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن مۇ-
نەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەم-
مە ساھەلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرەتكەن، لىرىكىلىرىدا مىللە-
تىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، خاراكتېر-ئالاھىدى-
لىكلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، داستانلىرىدا دەۋرنىڭ مۇھىم
مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن؛ ھېكايىلىرىدە مۇرەككەپ ئىج-
تىمائىي رېئاللىقنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، ھايات مەسىلە-
لىرىنى يازغان بولسا، رومانلىرىدا زور تارىخىي ۋەقەلەرنى تەس-
ۋىرلىگەن . ئۇنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدىكى ئىجادىيىتى خاس
ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئورتاقلىقلارغا ئىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لىرىكا
ۋە رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك .
ئۇ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
يەنە دەۋرىمىزدىكى داڭلىق ژۇرنالىستلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ژۇر-
نال باشقۇرۇش، ژۇرنال چىقىرىش جەھەتلەردىكى نەتىجىسىمۇ
ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1951 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا
ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان،
1957 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەك-

تەپلەردە ئوقۇغان . 1966 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۇچۇن ئۆز يېزىسىغا قايتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1976 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىگە تەقسىم قىلىنغاندىن بۇيان، شۇ رېداكسىيە قارىمىقىدىكى «شىنجاڭ ياش- لىرى» ژۇرنىلى ۋە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «سۇبھى» ژۇرناللىرىدا باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئەبەي- دۇللا ئىبراھىم ھازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئا- ۋىن رەئىسى.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1964 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تالمايدىكەن بىلىكى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . گەرچە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەر خىل ژانىرلاردا بولسىمۇ، دەسلەپكى باسقۇچتا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ئىجادىيەتكە يېڭى كى- رىشكىنىگە، ئىجادىيەت ساھەسىدە شەكىللۋازلىق، شوئارۋازلىق، سولچىللىق ئاساسلىق خاھىش بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، شۇ يىللاردا يەنە «يۇلغۇن چېچىكى»، «ياشلىق ناخشىسى»، «تېرىم پەسلى»، «ھاياتتىن خاتىرىلەر»، «گۈل يېزام» قاتارلىق بىر تۈر- كۈم شېئىرلارنى يېزىپ، بۇ شېئىرلاردا ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمە- گەكنى ئۇلۇغلاپ ۋە مەلۇم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ، ئۆزگىچە ئىجادىيەت يولى تۇتقان ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى ھەم شېئىرىي تالانتىنى ئاشكارىلىغان . شا- ئىر 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1980 ـ يىللارنىڭ دەسلە- پىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى

باشلاپ، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان شېئىرىي تالان-
تىنى، ئۆزگىچە كۆزىتىش، ئۆزگىچە پىكىر قىلىش، ئاجايىپ
شېئىرىي ئۇنۇم پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى «ئۇچ غەزەل»، «خوتەن
قەغىزى»، «ئەتلەسكە مۇخەممەس»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس»
قاتارلىق ئېسىل لىرىكىلىرىدا نامايان قىلغان . بۇ لىرىكىلار ئە-
بەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى-
نىڭ.يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئوقۇرمەنلەر ئارى-
سىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان . شائىرنىڭ
«قەشقەردە كەچ»، «قەشقەر باغچىسى»، «قەشقەر ئۇستىسىغا» قا-
تارلىق شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان «ئۇچ غەزەل» — ئەبەيدۇللا
ئىبراھىم لىرىكىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قى-
لىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋردىكى غەزەلچىلىكىمىزدىمۇ
ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . قەشقەر ھەققىدىكى بۇ بىر يۇ-
رۇش غەزەللەردە شائىر بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىكى تى-
پىك، ۋەكىللىك خاراكتېردىكى جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ
ھاياجان، قىزغىن مۇھەببەت، ئېسىل مىسرالار ئارقىلىق تەس-
ۋىرلەپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر خىل ئېستېتىك
ئۇنۇم ياراتقان . «خوتەن قەغىزى»، «ئەتلەسكە مۇخەممەس»، «مۇ-
قام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ شائىر ئى-
جادكار، ئەمگەكچان، مەدەنىيەتلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قە-
غەز، ئەتلەس، مۇقاملارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى رو-
لىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، يۇكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك،
خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن . بۇ شېئىرلاردىن كۆرۈۋې-
لىش تەس ئەمەسكى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كلاسسىك شەكىللەردە
ياخشى يازالايدىغان ۋە ئۇنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىنى ياراتقان ھازىر-
قى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . بۇ شېئىرلارغا ئوبزورچىلار

يۇقىرى باھالارنى بېرىشكەن. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ئاشۇ شېئىرلاردا شائىر خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادچانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدىغان مۇقام، مەشرەپ، ئۆرپ ـ ئادەت، گىلەم، ئەتلەس، قەغەز... قاتارلىقلارنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە داستانچىلىقمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ 1970 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داستان يېزىشقا كىرىشكەن، 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا داستانچىلىقتا ناھايىتى زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن. 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «گۈلزۇپەر»، «پولات»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «چىمەندە توي»، «قارا ۋە ئاق»، «ھەسەن ـ ھۈسەن» قاتارلىق يىرىك داستانلارنى يېزىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى . شائىرنىڭ بۇ بىرقاتار داستانلىرى ئىچىدە «قارا ۋە ئاق» داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شائىر بۇ داستانىدا سانائەت تېمىسىنى يازغان، ئۇنىڭدا كۆمۈركان ئىشچىسى تەلئەتنىڭ كەسىپ ۋە مۇھەببەت جەھەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . داستاندا شائىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ھايات ھەققىدە، گۈزەللىك ھەققىدە، كەسىپ ھەققىدە، قەلب ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان . «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» ــ شائىرنىڭ يەنە بىر يىرىك

داستانى بولۇپ، ئۇنىڭغا باش قەھرىمان سەرسانىيىنىڭ ئاپەتلىك
يىللار — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئېچىنىشلىق
سەرگۈزەشتىلىرى، پاجىئەلىك تەقدىرى ئارقىلىق، بىر ئەۋلاد زى-
يالىيلار باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر ئەكس ئەت-
تۈرۈلگەن، شائىر داستاندا مۇكەممەل، بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئار-
قىلىق دەۋر رېئاللىقىنى كەڭ ۋە ماھىيەتلىك كۆزەتكەن ۋە مۇ-
ھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئوخشىمىغان خاراكتېر-
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارى-
تىپ، ھايات ھەققىدىكى ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، داستاندى-
كى كەسكىن زىددىيەت - توقۇنۇشلار، ئوخشىمىغان تەقدىرلەر
كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتسە، كۈچلۈك لىرىكا ۋە
ئۆزگىچە مۇھاكىمىلەر كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تونۇلغان يازغۇچى .
ئۇ 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېكايە ئىجادىيىتى
بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئاجايىپ كۆزلەر»، «يەر»، «كۈن نەدىن چى-
قىدۇ»، «سېرىق سەبدە»، «ھەي، ئادەملەر»، «ئىنسان قەدرى»،
«كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى
يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى . يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش نۇقتى-
سى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغاچقا، بۇ ھېكايىلەردە
تۇرمۇشنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرى يېزىلىپ، ماھىيەت-
لىك مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ھېكايىلەر كۈچلۈك تە-
سىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سا-
لىدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي، جانلىق
ۋەقەلەرنى، خاراكتېرلارنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ
ھەم ئەدەبىيلەشتۈرۈپ يېزىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەدەنى-
يەت سەۋىيىسى، ئەخلاق قارىشى، ئادەملىك ساپاسى ھەققىدىكى

كۆزىتىشلىرىنى، مۇلاھىزىلىرىنى، قاراشلىرىنى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋەقەلىك ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان . يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە ئىزدەنگەن، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار مەقسەت ئەمەس . ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام، ئاممىباب، ئۆزگىچە قۇرۇلما ماھارىتى بىلەن يېزىلغان؛ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تىل ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈپ، 1988 ـ يىلى «تۇندىكى چاقماق» ناملىق تارىخىي رومانىنى، 1996 ـ يىلى «داغ» ناملىق تارىخىي رومانىنى، 2006 ـ يىلى «بوز دالا» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى. يازغۇچىنىڭ بۇ ئۈچ پارچە رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان رومانلار بولۇپ، قىزغىن ئالقىشقا، يۇقىرى باھالارغا سازاۋەر بولدى . يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى ھېسابلىنىدىغان «تۇندىكى چاقماق» تا، خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن، خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت، چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا، يەرلىك فېئودال بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق كۆلىمى چوڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى، ئەتراپلىق تۇرمۇش بىلىمى ۋە كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى، شەخسلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ يېزىپ، رومانني ھەم تارىخىي چىنلىققا، ھەم بەدىئىي

تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغان . يازغۇچى روماندا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنىمۇ يۈرگۈزۈپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . روماندا سۇپۇرگە ئاخۇن، سىيىت ھاجى، ئابلىز قارى، ئابدۇللا چاققان قاتارلىق بىر تۈركۈم روشەن خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىككە، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. يازغۇچى روماندا تارىخىي تەركىبلەر بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلغاچقا، بۇ رومان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تارىخىي رومان بولۇپ چىققان .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۈنىدىكى چاقماق» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رومانچىلىقىغا ئاساس سالغان بولسا، «داغ» رومانى ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. «داغ» تارىخىي رومان بولۇپ، ئۇ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەسىرى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن نادىر رومانلارنىڭ بىرى . روماندا، مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن بىرقاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئەكسىيەتچى، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار، زالىم بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئەل ـ يۇرتقا ئېلىپ كەلگەن تۈگىمەس بالايىئاپەتلىرى، ۋەيرانچىلىقلىرى، بۇنىڭغا چىداپ بولالمىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ئاساسىدا ئەسەرنى كۈچلۈك تارىخىي چىنلىققا ئىگە قىلىپ، خەلقىمىز تارىخىدىكى ئاشۇ بىر

قېتىملىق جەڭگىۋار كۆرەشنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ
تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى تارىخنى يازغاندا نوقۇل تارىخ بىلەنلا
چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە بەدىئىي تەسەۋۋۇر، توقۇلمىلار
بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە
ئاشۇرغان . تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، يازغۇچى تارى-
خىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى قايتىدىن كۆرسىتىپ قو-
يۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئاشۇ تارىخىي ۋەقە-
لەردىن، تارىخىي شەخسلەردىن بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن
ساۋاق بولىدىغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، رومانىنىڭ ئىجتىمائىي
ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەت
ئالاھىدىلىكى بويىچە تارىخ ئارقىلىق بۈگۈنگە ئىبرەت قىلغان،
ئىنسان ھەققىدە، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئىپادىلى-
گەن، ئاجايىپ جەلپكار ۋەقەلىك ئارقىلىق ئەسەر سۇژىتىنى قانات
يايدۇرغان، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتنىڭ مەھسۇلى بولغان، كى-
شىگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدىغان نىياز ھېكىمبەگ، كېپەك
دەرۋىش قاتارلىق يېگانە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان . ئۇنىڭ-
دىن باشقا، رومانىنىڭ تەسۋىرلەش، بايان قىلىش، تىل ئىشلى-
تىش، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۇستۇن .

رومانىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىياز ھېكىمبەگ، كې-
پەك دەرۋىش قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىدا گەۋدىلىنىدۇ. نىياز
ھېكىمبەگ «قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن سۇيىقەست ۋە ھىيلە -
مىكىردە تەڭدىشى يوق بىر ئادەم . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ۋە مەر-
تىۋە ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك . ئۇنىڭچە ۋاپا ۋە
ساداقەت دېگەنلەر ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان يارامسىز ئادەملەر-
نىڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى . ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى
ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىش نىياز ھېكىمبەگنىڭ

ئۆزگەرمەس ھايات مەنتىقىسى . ئۇ رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ
جانلىق تىپى، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۆل-
گىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ھەقىقەت
ۋە ئادالەت، دەردمەن، بىچارىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىپ يې-
تىشى . يازغۇچى... ئۇنى ماھىيىتى تۇپتىن ئوخشاش بولمىغان
ئىككى خىل زىددىيەت قاينىمىغا، يەنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۆز
كۇشەندىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئېقىمىغا تاشلايدۇ. نەتى-
جىدە، نىياز ھېكىمبەگ بۇ شەپقەتسىز ئېلىشىشتا ئاررۇسىنىڭ
ئەكسىچە ئىككىلا سەپتە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ جى-
نايەتلىك شەرمەندە ھاياتىنى يىرگىنىشلىك ئۆلۈم بىلەن ئا-
خىرلاشتۇرىدۇ»، «كېپەك دەرۋىش خەلق ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ۋە رى-
يازەت چېكىشنى ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان، خەلقنىڭ تەق-
دىرى ۋە كېلەچىكىدىن باشقا ھېچقانداق غەم، تەشۋىشى بولمىغان
ھالال بىر ئادەم . ئۇ ھايات چۈشەنچىسى كەڭ، تۇرمۇش بىلىمى
چوڭقۇر، ھەممە نەرسىگە ئۆزگىچە قارايدىغان، ھەرقانداق مۇرەك-
كەپ ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ سىر، ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ساددا
پىكىر، مۇلاھىزىلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئالا-
ھىدە ئەقىل ئىگىسى» . «كېپەك دەرۋىش بىلەن نىياز ھېكىمبەگ
ئوبرازلىرى ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان،
پروزىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى
ئوبرازلار، ئۇلارنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ماھارەتلىك قەلىمى بىلەن
ئەدەبىياتىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىردى.[①]

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە دراما ئىجادىيىتى


① مۇھەممەت پولات: «داغ» — ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى»، «ئەدەبى-
يات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى» 35 -، 36 -، 37 - بەتلەر.


بىلەن شۇغۇللىنىپ، «نازىگۇم» درامىسىنى، كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «سىرلىق كارۋان» سىنارىيە- سىنى يازغان . ئۇنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى، چاۋشيەن، ياپونىيە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى قاتارلىق ئەللەرگە قىلغان زىيارىتى ئاساسىدا يېزىلغان زىيارەت خاتىرىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى يې- زىلغان بولۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ يەنە ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئا- ساس قىلغان خاتىرە ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك نەتى- جىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ يېڭى ئەدە- بىي تۈرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

**ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم:** «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» قىسمى







*Abaydulla Ibrahim*

# مۇندەرىجە

## سەپەر تەسراتلىرى

بۈگۈنكى ياپونىيە:« پادىشاھ سامۇرايلىرى » قانداق ياشايدۇ.... 3
1. ياپونىيە قەيەر، ياپون دېگەن نېمە ....................7
2. ياپونىيەدە قاتناش ....................................9
3. ياپونىيەدە مەدەنىيەت ...............................19
4. ياپونىيەدە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى ............28
5. ياپونىيەدە ئادەملەر ..................................32
6. ياپونىيەدە ئىستېمال .................................39
7. شىنجاڭلىقلار ياپونىيەدە .............................46
8. دەپ كەلسەك، گەپ تولا ...............................59

مۇسۇلمان دۇنياسىغا سەپەر.............................61
1. سەپەر تەسراتى ھەققىدە سۆز ...........................62
2. پاكىستاننىڭ دوستلۇقى ................................64
3. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى ـــ مەككىدە ...........72
4. مەدىنە ۋە باشقا شەھەرلەرگە سەپەر ....................92
5. سەئۇدى ئەرەبىستاندا دىن ............................97
6. سەئۇدى ئەرەبىستاندا پەن ...........................104
7. سەئۇدى ئەرەبىستاندا مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ...116
8. سەئۇدى ئەرەبىستاندا سانائەت ۋە سودا ...............121
9. ئەرەب خەلقىنىڭ دوستلۇقى ...........................127
10. كۇۋەيتتىكى كۈنلەر ................................129

چاۋشيەن تەسىراتلىرىدىن پارچە ـ پۇراتلار ............141
1. گۈزەل ۋە مەدەنىيەتلىك شەھەر ........................142
2. بىلىم ۋە بىلىم ئەھلى ئەتىۋارلىنىدىغان دۆلەت .....145
3. ھەممە ــ خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ...............153
4. دوستلۇق مېھرى قەلبلەردە ..........................157
5. تەسىراتلار ئىچىدىكى تەسىراتلار .......................162

رۇسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىن رۇسىيىگە نەزەر ........169

ناتونۇش ئەل ــ ۋيېتنام .................................183
1. مىنا رايونىدىن ئۆتۈش ...................................186
2. كەمبەغەللىمۇ، بايمۇ .....................................189
3. ئاجايىپ «بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش» ................192
4. ئۇششاق تەسىراتلار ......................................195

شياڭگاڭدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم .......................197
1. شياڭگاڭ ــ قايناق پورت شەھىرى ......................199
2. تۇنجى تەسىرات ــ شياڭگاڭ ساقچىلىرى ............201
3. ئومۇمىي قىياپەت، تېز تۇرمۇش رىتمى ..............205
4. سېرىق نەرسىلەر، قىزىل چىراغ ۋە باشقىلار ........ 211
5. تۇرالغۇ ۋە ساياھەتچىلىك ............................... 214
6. شياڭگاڭدا تىجارەت ۋە مال باھاسى ......................218
7. جيەنشازۇي، دېڭىز ـ ئوكيان باغچىسى ۋە باشقىلار ...223
8. ۋەتەنگە تەلپۈنگەن يۈرەكلەر ...........................228

ۋەھىملىك ئۈچ سائەت ــ جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسى ياشىسۇن ...229

بەزىبىر ئۆيلار ........................................255
«سەپەر تەسىراتلىرى» دىن كېيىنكى تەسىرات .....259

## ياۋروپادا نېمىلەرنى كۆردۈم

ماقالىگە كىرىش سۆز ........................................267
تۇنجى مەنزىلگاھ — گېرمانىيە ........................275
گېرمانىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىش .................................276
1. تۇنجى قەدەم — فرانكفۇرت تەسىراتى ..................278
2. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ........................282
3. ماي قاچىلاش پونكىتلىرى ........................287
4. سابىق غەربىي ۋە شەرقىي گېرمانىيە .............. 291
5. گېرمانىيىدە دېھقانچىلىق ........................295
6. تارىخىي شەھەر — پوتسدام ........................297
7. ئاجايىپ قاتناش قائىدىسى ........................298
8. پايتەخت بېرلىندا ........................................303
9. بېرلىن تېمى ........................................ 305
10. بېرلىندىكى مۇھىت ........................................ 308
11. نېمىسلاردا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ..................... 311
12. Miyonvpc مەيخانىسى ........................................312
13. هامبۇرگقا سەپەر ........................................315
14. ئادەملەر، ئىتلار، مۈشۈكلەر ..............................317
15. «ئىختىساسلىق» تىلەمچىلەر ................................319
16. «ئەينەك» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىدە ........................324
17. گېرمانىيىدە مال باھاسى ........................................326
18. Bertelsman دا مېھمان بولۇش ........................328
19. هېينىنىڭ يۇرتى — دوسلدورف ........................331

20. يېرىم كېچىدىكى تەنتەنە ............................337

گۈل دۆلىتى — گوللاندىيە ............................339
گوللاندىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ ............................340
1. سۇ شەھىرى — ئامستېردام ............................342
2. مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتى ............................344
3. ئۆرپ - ئادەت كەنتىدە ئويلىغانلىرىم ............................346
4. پادىشاھ تۇرىدىغان شەھەر — گائاكا ............................350
5. پادىشاھلىق ئالماس زاۋۇتى ............................351
6. ياغاچ كەش ۋە باشقىلار ............................354

يېشىل دۆلەت — بېلگىيە ............................357
بېلگىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ ............................358
1. مەشھۇر جەڭگاھ - ۋاتېرلوئو ............................359
2. «كىچىك پارىژ» — بريۇسسېل ............................361
3. بىرىنچى گرازدان — «سىيگەك بالا» ............................363
4. ياۋروپادا ئادەملەر ............................366
5. تەبىئەت ۋە ئاشخانا ............................367
6. مۇھىت ۋە مۇھىت ئاسراش ............................369

«كىچىك بايۋەچچە» — ليۇكسېمبۇرگ ............................373
ليۇكسېمبۇرگ بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ ............................374
1. «يالغۇز ئوغۇل» — ليۇكسېمبۇرگ شەھىرى ............................376
2. ياۋروپادا كىتابچىلىق ............................376

«دۇنيا باغچىسى» — فرانسىيە ............................381
فرانسىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ ............................382
1. «دۇنيا گۈلزارى» — پارىژ ............................384

2. پارىژدىكى تۇنجى كېچە ....................................387
3. ھەيۋەتلىك ۋېرسال سارىيى ....................................391
4. پارىژ دەرۋازىسى ـــ زەپەر دەرۋازىسى ....................................392
5. پارىژ قاراۋۇلى ـــ ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى ....................................394
6. سەنئەت خەزىنىسى ـــ لوۋر سارىيى ....................................396
7. سېنا دەرياسىدا كەچلىك سەيلە ....................................399
8. كوچىدىكى ئاجايىپ بايقاش ....................................402
9. فرانسۇزلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى ....................................407
10. «ئەرەب رېستورانى» دا ئويلىغانلىرىم ....................................407
11. ئاشخانىلىرىمىز ھەققىدە سۆز ....................................412
12. «قىزىل تۈگمەن» ۋە بىزنىڭ سەنئىتىمىز ....................................415
13. تار كوچىدىكى قەھۋەخانا ....................................420
14. بايلار شەھرى ـــ نىسې ....................................424
15. نېمىسلار، فرانسۇزلار، ئىتالىيانلار ....................................426

«بايلارنىڭ بېيى» ـــ موناكو ....................................429
موناكو بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ ....................................430
1. قىمار شەھرى ـــ مونتې ـ كارلو ....................................431
2. ۋېۋىسكىلاردىكى نېمىس يېزىقى ....................................434

قەدىمكى ئەل ـــ ئىتالىيە ....................................439
ئىتالىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ ....................................440
1. باي تاغلىق رايونلار ....................................443
2. سۇ شەھرى ـــ ۋېنېتسىيە ....................................445
3. سان ماركو مەيدانىدىكى كەپتەرلەر ....................................449
4. «چېگراسى يوق» دۆلەتلەر ....................................452
5. دېھقان ئۆيلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ....................................454

6. بىزنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرىمىز ........................456
7. گۈللىنىش بۆشۈكى ــ فلورېنسىيە ........................462
8. يېزىق ۋە خەلقئارالىق ئاتالغۇلار ........................466
9. پىسادىكى يانتۇ مۇنار ........................469
10. رىم شەھىرىگە كىرىش ........................473
11. يىپەك يولى ۋە رىم ........................477
12. ۋېنېتسىيە مەيدانىدىكى مۆجىزىلەر ........................480
13. هايۋان سوقۇشتۇرۇش مەيدانى ........................482
14. كېيىنىشىمىز توغرىسىدا سۆز ........................484
15. ئاجايىپ «ئىسپانىيە پەلەمپىيى» ........................487
16. ئىتالىيانلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى ........................488
17. غەربلىكلەرنىڭ غىزالىنىش ئادىتى ........................490
18. ياۋروپادا ئىشسىزلىق ........................495
19. ئاخىرقى كۈندىكى ئوگايسىزلىق ........................499

**شەھەر دۆلىتى ــ ۋاتىكان**........................501
ۋاتىكان بىلەن تونۇشۇشۇبىلىك ........................502
1. سان پېتر چېركاۋى ........................504
2. سان پېتر مەيدانى ........................505
3. كېيىنكى سۆز ........................507

## ئامېرىكىدا 15 كۈن


1. سەپەرنىڭ باشلىنىشى ........................511
2. ئامېرىكا قەيەردە ........................515
3. ئامېرىكا قانداق ئەل ........................515
4. سان فرانسىسكو ــ 旧金山........................521


5. باي قولتۇق رايونى ........ 525
6. بىركلېي شەھىرى ۋە مائارىپ ........ 530
7. ئىككى كۈنلۈك تەلىم ـ تەربىيە ........ 533
8. مۇساپىرلارنىڭ كۈنى ........ 539
9. داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش زىياپىتى ........ 544
10. قوش تىللىق ئوقۇتۇش شوئارى ........ 550
11. ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر كۈن ........ 555
12. خىلمۇخىل ئاخبارات ۋاستىلىرى ........ 559
13. ئۆزۈلمەس «بايرام» لار ........ 565
14. ئاۋئاتسىيە گېپىدە تۇرمىدى ........ 568
15. بىرىنچى چوڭ شەھەر ........ 572
16. ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى ........ 573
17. ئاسمان ـ پەلەك بىنالار ........ 579
18. نيۇيوركتىكى «جۇڭگولۇقلار شەھىرى» ........ 584
19. ب د ت باش شتابىدا ........ 586
20. بىرادۋاي كوچىسىدا كېچە ........ 590
21. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى ........ 593
22. ئامېرىكىدىكى نېگىرلار ........ 600
23. دۆلەت بايرىقى ۋە باشقىلار ........ 606
24. كونا پايتەخت — فىلادېلفىيە ........ 610
25. «چاقماقنىڭ ئۆزى تۇك» ........ 614
26. ئامېرىكىدا ئېلان ۋە سودا ........ 617
27. يوللار، ئاپتوموبىللار ۋە باشقىلار ........ 623
28. ئامېرىكىدا تەنتەربىيە ........ 626
29. ۋاشىنگتون تەسىراتى ........ 630
30. «ئالاھىدە كاماندىروپكا» ........ 635

31. ئاقسارايدا يېرىم كۈن ........................................ 642
32. ئامېرىكىدا بايرام تەنتەنىسى ........................................ 645
33. ئۆگەنمىسە بولمايدىغان تىل ........................................ 649
34. «قۇملۇقتىكى ئىزىتقۇ» — لاس ۋېگاس ........................................ 654
35. «سەھرايى كەبىر» مېھمانخانىسىدا ........................................ 658
36. رەڭگارەڭ دۇنيا ........................................ 662
37. مۇئەللىپنىڭ نەزىرىدىكى «قۇملۇق» ........................................ 665
38. ئامېرىكىلىقلار ۋە دىن ........................................ 669
39. يېشىل شەھەر — لوس ئانگېلېس ........................................ 674
40. ئاجايىباتلار دۇنياسى — هوللىۋود ........................................ 678
41. مال ۋە مال باھاسى ........................................ 689
42. ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرى ........................................ 694
43. ئامېرىكىلىقلار ۋە خۇراپىيلىق ........................................ 699
44. چېگرىدىكى شەھەر — سان دىيېگو ........................................ 702
45. قەلەندەرلەر مەسىلىسى ........................................ 709
46. ئامېرىكىدا ئالىي مائارىپ ........................................ 713
47. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بايراملىرى ........................................ 721
ئامېرىكا قالتىس دۆلەت، لېكىن ئۇ «جەننەت» ئەمەس........741

**قوشۇمچە:**

خاتىرە ئەدەبىياتىدىكى يېڭى بۆسۈش ....... مۇھەممەت پولات 1


سپهر تهسر اتلسری



سپه رته سراتلسری



# بۈگۈنكى ياپونىيە:

## „پادىشاھ سامۇرايلىرى،، قانداق ياشايدۇ

— ياپونىيىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم



سۆيۈملۈك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1942 - يىلى 8 - ئايدا مەشھۇر فېلىيەتونى «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»نى ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش سېپىگە ئەكېتىلىۋاتقان 15 ياشلىق كىچىك ئەسكەر بىلەن 70 ياشلىق دې بوۋاينىڭ مەيۈسانە سۆھبىتى ئارقىلىق پادىشاھ سامۇرايلىرىنىڭ ئېغىر ھالسىراۋاتقىنىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن ۋە ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەنىدى.

فېلىيەتون ئېلان قىلىنىپ توپتوغرا ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن شائىرنىڭ بۇ ھۆكمى تولۇق ئىسپاتلاندى. جۇڭگو ۋە ھىندىچىنى، تىنچ ئوكيان رايونىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان «پادىشاھ سامۇرايلىرى»نىڭ «ھۆكۈمرانلىق ھارۋىسى ئاخىر پاتقاقا پاتتى.» ياپونىيە 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى.

ئەركەكلىرى خەلق ئۇرۇشىنىڭ بىپايان دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، ئەمگەك كۈچى كېمەيگەن، غايەت زور ئۇرۇش چىقىمى سەۋەبلىك مالىيىسى خورىغان، خىروسىما ۋە ناگاساكى كەبى شەھەرلىرى ئاتوم بومبىسىنىڭ زەربىسى بىلەن خارابىلىككە ئايلانغان، ئادالەتسىز ئۇرۇش قوزغاپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقان ياپونىيە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىقتىن ئىبارەت تارىخىي سىناققا دۇچ كەلدى. بىراق، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ يەنە بىر خىل قۇربانىغا ئايلانغان ئەمگەكچان ياپون خەلقى ئۆزلىرىنى بۇ تەرىقە قىسمەتكە دۇچار قىلغان «پادىشاھ سامۇرايلىرى» ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ۋەتىنى ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئۈچۈن يەنە بىر مەرتە جاپالىق كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى…

ئۇرۇشتىن كېيىن 50 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. تارىخ ئۆز -
گەرمىدى، لېكىن ياپونىيە ئۆزگەردى. ئاز سانلىق جاھىللاردىن
ئۆزگە، كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇ ئۇرۇشتىن ساۋاق ئالدى. 1889 ـ
يىلى پادىشاھ مېدزى زامانىدا باشلانغان «دۆلەتنى بېيىتىش، سا-
نائەتنى روناق تاپقۇزۇش، مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈش»تىن ئىبارەت
يېڭىلىقنى ياقىلاش، ئىسلاھات يولى قارغىش تەگكۈر ئۇرۇش تو-
پەيلى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ياپون خەلقىنىڭ ئۆز ئىشى ئۈچۈن جان
تىكەلەيدىغان، يېڭىلىققا ۋە پەن ـ تېخنىكىغا ئېتىبار بېرىدى-
غان، مەقسەتكە يەتمىگۈچە بەل قويۇۋەتمەيدىغان «مىللەت روھى»
ئۇرۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئانچە كۆزگە تاشلانمايدىغان، تىلغا
ئالغۇدەك تەبىئىي بايلىقى بولمىغان، ئۆز نېنىنى ئاران تېپىپ يې-
يەلەيدىغان بۇ ئارال دۆلىتىنى زامانىمىزدىكى كۈچلۈك ئىقتىسادىي
دۆلەتلەر قاتارىغا سۆرەپ كىردى. قىزىق يېرى، مۇشۇ 50 نەچچە
يىل مابەينىدە «ياپون پاكارلىرى» دېيىلىدىغان ياپونلارنىڭ ئوتتۇ-
رىچە بوي ئېگىزلىكىمۇ بىرقانچە سانتىمېتىر ئۆسۈپ قالدى.

ھالبۇكى، مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇئەللىپى بولمىش مەنمۇ
ھەممىگە قىزىقىدىغان بىر كونا مۇخبىر، بىر قەلەمكەش بولۇش
سۈپىتىم بىلەن ياپون خەلقىگە، ياپونىيىگە قىزىقاتتىم. 80 ـ
يىللاردىن بېرى شىمالىي چاۋشيەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، پا-
كىستان، كۇۋەيت، رۇسىيە، ۋېيتنام، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت
ۋە رايونلاردا زىيارەتتە بولۇپ نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتكەن بول-
ساممۇ، لېكىن «Panasonic»، «SONY»، «HITACHI»، «SHARP»،
«HONDA»، «MITSUBISHI» لىرى بىلەن كۆندە دېگۈدەك ئۇچرى-
شىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ياپونىيە ماڭا ئۆزگىچە بىر ئەل بو-
لۇپ تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ ياپون مىللىتىنىڭ «باش كۆتۈرۈش سى-
رى» نى بىر بىلىپ باقسام دەيتتىم.



ئۆمەك كوللېكتىپى توكيو يەر ئاستى پويىز ۋوگزالىدا

دەرۋەقە، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتى مېنى بۇنداق پۇرسەتكە ئۇلاشتۇردى. 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رۇسىيىنىڭ شەرقىدە زىيارەتتە بولۇپ ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۆتمەيلا «شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ياپونىيىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى» نىڭ ئۆمەك مەسئۇللىرىنىڭ بىرى ۋە ئۆمەك ئەزاسى سۈپىتىدە 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە ياپونىيىدە زىيارەتتە بولدۇم. ئالدىن بەلگىلەنگەن كۈنتەرتىپ بويىچە توكيو (东京) ئوساكا (大扳)، نارا (奈良)، يوكا ھاما (横滨)، كيوتو (京都)، كوبى (神户) قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرگە بېرىپ، ياپونىيە جەمئىيىتىنى بىۋاسىتە كۆزەتتىم. ئۆزۈم كۆرگەن چەت ئەل شەھەرلىرى، جەمئىيىتى ۋە ئۆز ئەھۋالىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ پەرقىنى تېپىشقا تىرىشتىم.

تۆۋەندە 12 كۈنلۈك كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنى ۋە سەپەر تەسىراتىمنى بىرقانچە ئۇششاق تېمىغا بۆلۈپ بايان قىلىمەن.

## 1. ياپونىيە قەيەر، ياپون دېگەن نېمە

بىز ياشلار ۋە ياشلار خىزمىتى خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان 21 كىشى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو شەرق ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «ھاۋادىكى ئاپتوبۇس» بەلگىلىك نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ شاڭخەي خۇڭچياۋ ئايروپورتىدىن ئايرىلدۇق ۋە ئىككى سائەت 25 مىنۇتلۇق ھاۋا سەپىرىدىن كېيىن توكيو نارىتا ئايروپورتىغا قونۇپ، ياپونىيە زېمىنىغا قەدەم قويدۇق.

ياپونىيە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىگە، تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئارال دۆلىتى. بۇ دۆلەت خونسيۇ، خوككايدۇ، كيوسيۇ، شىكوكۇدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئارال ۋە 3500 دىن ئوشۇق ئۇششاق ئارالدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 377 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كۆلىمىدىن (324 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) سەل چوڭ تۇرىدۇ. ياپونىيە شىمالدىن جەنۇبقا 2400 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 200 كىلومېتىر كەڭلىكتە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئاھالىسى 120 مىليون 208 مىڭ (1985). مەمۇرىي جەھەتتىن توكيو، خوككايدۇ، ئوساكا، كيوتۇ بىلەن قوشۇلۇپ 43 ناھىيە (جۇڭگودىكى ئۆلكە بىلەن تەڭ دەرىجىلىك)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ياماتو (داخې) مىللىتى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئائىنو مىللىتى، چاۋشيەنلىكلەر ۋە خەنزۇلارمۇ بار.

جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدىكى ياپونىيە ھەققىدىكى دەسلەپكى مەلۇمات «كېيىنكى خەننامە»دە ئۇچرايدۇ. بۇ كىتابتا ياپونىيە ۋو (倭)، ۋوگو (倭国) دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە بۇ ئەل خەن بەگلىكى (ھازىرقى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا) نىڭ شەرقىي جەنۇبىدا،

ئادەملىرى ئاراللاردا ئولتۇرىدۇ، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. «بەش دەۋر تارىخى» دىكى «سۇڭنامە» دە بولسا لۇيگو كورىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز ئوتتۇرىسىدا، سۇلالىگە ئەلچى ئەۋەتكەن، دەپ يازىدۇ. «كونا تاڭنامە» نىڭ «شەرقىتىكى يات ئەللەر تەزكىرىسى» جىلدىدا ياپونىيىنى رەسمىي رەۋىشتە «ياپونىيە» (日本) دەپ ئاتايدۇ ۋە «ۋوگونىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، بۇ ئەل قۇياش تەرەپتە بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ‹日本› دەپ ئاتىغان» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

ياپونىيە دېگەن ئەل نامى ئوتتۇرا ئاسىيا مەنبەلىرىدە شەرەفىدىن ئەلى يەزدى يازغان «ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ھەققىدە قىسسە» دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ. رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغان كىتاب ۋەقەلىكلىرىدە ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ئەمىر تېمۇر ئەلچىلىرىگە قوشۇلۇپ جۇڭگوغا، ئاندىن «قۇلاقلىرىدا ھالقىسى بار، بۇغداي ئۆڭلۈك، چىرايلىق بىر تائىپە» نىڭ يۇرتىغا كېلىدۇ. مەزكۇر كىتابتا بۇ تائىپەنىڭ يۇرتى توغرىسىدا «بۇ جاينى قىممەتلىك كىتابلاردا جاباغان دەپ ئاتىشاتتى، ھازىرمۇ بۇ يەرنى جاپان ياكى ياپون دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپى ناھايىتى كەڭ كەتكەن دېڭىزدۇر» دەپ يازىدۇ. مانا بۇ 1360 ــ 1440 ـ يىللار ئارىسىدا ياشاپ ئۆتكەن بىر مۇسۇلمان تارىخچىسىنىڭ مەلۇماتىدۇر.

ياپونىيىنىڭ ئۇيغۇر تارىخىي مەنبەلىرىدە قايسى دەۋردە كىم تەرىپىدىن ئەڭ ئاۋۋال تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ۋاقىت ۋە ماتېرىيال يار بەرمىسىمۇ (كېيىن ئېنىقلىشىمىزچە، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ياپونىيىنى «جاباغان» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاپتورنىڭ كېيىنكى ئىزاھاتى)، لېكىن ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ياپونىيىنىڭ بۇرۇنقى زامانلاردا

«جاباغان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنلىكى، 80 ـ يىللاردىكى ياپونىيە زىيارىتى توغرۇلۇق «جاباغان ئېلىگە زىيارەت» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە يېزىپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلدۇرغانلىقى ھېلىمۇ يادىمىزدا تۇرۇپتۇ.

ياپونىيە ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ياپونلارنى بىز ئادەتتە «ياماتو (大和) مىللىتى» دەپ ئاتاپ قويىمىز. ئۇلارنى كىنو ـ تىياتىرلاردا «بىز ياماتو مىللىتى ئۇنداق ـ مۇنداق» دەپ سۆزلىتىمىز. ئەمەلىيەتتە «ياماتو» دېگەن نام مىلادىيە Ⅲ ئەسىردە ھازىرقى نارا (奈良) ناھىيىسى دائىرىسىدە شەكىللەنگەن ۋە مىلادىيە 749 ـ يىلى رەسمىي «ياماتو دۆلىتى (大和国) » دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان 15 ناھىيىسى، 89 يېزىسى بار بىر فېئوداللىق دۆلەتنىڭ نامى. «سۇڭنامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 421 ـ يىلى بۇ دۆلەت جۇڭگوغا ئارقىمۇ ـ ئارقا ئەلچى ئەۋەتكەن، سۇڭ پادىشاھى بۇ ئەلچىلەرنى «شەرقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن» دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن تارتۇقلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى ياپونىيە ئارىلىغا تارقىلىشقا باشلىغان. كېيىنكى يېڭىلىقتا كۆچۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىق تىكلەنگەندىن كېيىن «ياماتو دۆلىتى» دەۋرى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ياماتو دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق مىللىتى ھېسابلىنىدىغان ياپون مىللىتى يەنىلا جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن «داخې (ياماتو) مىللىتى» دەپ ئاتىلىۋەرگەن. بىراق، ھازىر ياپون مىللىتى ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئاتاشقا ئېغىز تىلىدا «ياماتو» دېگەن ئاتالغۇنى ئانچە كەڭ ئىشلەتمەيدۇ.

## 2. ياپونىيىدە قاتناش

بىز بەھەيۋەت توكيو ئايروپورتىدىكى تاموژنا تەكشۈرۈشى ۋە

چېگرىدىن كىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىگەندىن كېيىن جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش بۆلۈمىنىڭ خادىمى لى جۈيخۇي ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئايـروپورت پويىز ئىستانسىسىغا كەلدۇق ـ دە، پويىزغا ئولتۇرۇپ توكيو شەھەر مەركىزىگە قاراپ يول ئالدۇق. «ئەتىگەندە نېمە بولسا كەچكىچە شۇ» دېگەندەك، پويىزغا شۇ ئولتۇرغانچە، 12 كۈنلۈك زىيارىتىمىز داۋامىدا ئىككى قېتىم كىرا ئاپتوموبىلىدا ئولتۇرغاندىن ئۆزگە، ئۇزۇن ـ قىسقا سەپەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە پويىزغا ئولتۇرۇپ چىقتۇق. ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىز شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان كەڭلىكى 25 كىلومېتىر كېلىدىغان توكيو شەھىرىدە يەتتە كۈن تۇرۇپ، 20 دىن ئارتۇق نۇقتىدا زىيارەتتە بولغانلىقىمىزنى، ئوساكا قاتارلىق بىرنەچچە شەھەردە توكيودىكىدىنمۇ كۆپ سەيلىگاھنى كۆرگەنلىكىمىزنى ئاڭلىسا، بىزنى 10 نەچچە كۈنلۈك قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى پو-

ئاپتور توكيودىكى مەشھۇر مېدزى ئۇنىۋېرسىتېتىدا



يېزدا ئۇلتۇرۇپلا تۇگەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئەپسۇسلىنىشى مۇمكىن. دۇرۇس، توكيودا بولغان كۈنلىرىمىزدە يەر ئاستى تۆمۈريولىدا تولا مېڭىۋەرگەنلىكتىن، ئۆز - ئۆزىمىزنى ساراڭغا ئوخشىتىپ چاقچاق قىلىشقانمۇ بولدۇق. بىراق، ئاشۇ ئوقۇرمەنلەر ياپونىيىدىكى تۆمۈريول تورىنىڭ زىچلىقىنى، تۆمۈريول ۋوگزاللىرىغا كىرىپ - چىقىش، بېلەت ئېلىش، بېلەت تەكشۈرۈشنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئاپتوماتلاشقانلىقىنى، پويىز سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىنى بىلسىلا بۇنداق ئەپسۇسلىنىشتىن تېزلا ۋاز كېچىشى مۇمكىن.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، توكيو شەھىرىدىكى تۇنجى يەر ئاستى تۆمۈريول لىنىيىسىدە 1939 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاتناش باشلانغانىكەن. يەر ئاستى تۆمۈريولىنىڭ تارماق لىنىيەسى 1984 - يىلىغا كەلگەندە 13 كە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 203.6 كىلومېتىرغا يەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى يەنە بىرقانچە تارماق لىنىيە پۇتۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. يەر ئاستى تۆمۈريولى ئارقىلىق قاتنايدىغان يولۇچىلارنىڭ سانىلا كۈنىگە 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشىدىكەن. ئاستى - ئۈستى بەش قەۋەتلىك تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ يەر ئاستىدىكى قىسمى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، بۇ لىنىيىلەرنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان يۈزلەپ يەر ئاستى ۋوگزاللىرىنىڭ ھەربىرىدە كۆلىمى 100 مو كەلگۈدەك ھەشەمەتلىك مەيدان، ماگىزىن، كىتابخانا، فونتان ۋە ھەر خىل مۇلازىمەت تارماقلىرى بولۇپ، كۈنىگە 1 مىليون 500 مىڭ كىشى (تەخمىنەن ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ ئاھالىسىگە تەڭ) بىرلا ۋاقىتتا يەر ئاستىدا پائالىيەت قىلالايدىكەن. ۋوگزالغا كىرىپ - چىقىش يوللىرى تامامەن تۆت ياكى ئىككى يوللۇق سىيرىلما توك پەلەمپىيى بىلەن جازىلانغان بولۇپ، ئادەم ئېقىمى قانچە كۆپ بولمىسۇن، توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمەيدىكەن. ھەر-

بىر ۋوگزالدا قاتارىسىغا قويۇلغان 10 نەچچە ئاپتوماتىك بىلەت سېتىش ماشىنىسى بولۇپ، بۇ ماشىنىلار بىلەت سېتىمۇالغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىكەن. مەيلى مېتال پۇل ياكى قەغەز پۇل بولسۇن، پۇل سېلىپ، بارىدىغان ۋوگزال نامى چۈشۈرۈلگەن كۇنۇپكا بېسىلسىلا ماشىنا بىلەت بىلەن ئارتۇق پۇلنى شۇ هامان چىقىرىپ بېرىدىكەن.

بىلەت تەكشۈرىدىغان ماشىنىلارمۇ خۇددى بىلەت سېتىش ماشىنىسىدەك ئاپتوماتىك بولۇپ، بۇنداق ماشىنىلاردىن 10 نەچچىسى پويىز سۇپىسىغا كىرىدىغان يول ئاغزىغا پاراللېل قىلىپ ئورنىتىلغانىكەن. ئالغان بىلەت سوممىسى بارىدىغان ۋوگزالنىڭ بىلەت باهاسىغا توشسىلا ماشىنىنىڭ ئاپتوماتىك پەرق ئېتىش قىسمى يولۇچىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن. ئەگەر بىلەت سوممىسى بىلەن بارىدىغان ۋوگزالنىڭ بىلەت باهاسى ئوخشاش بولمىسا، ماشىنا ئۈستىدىكى كىچىك ئېكراندا بىلەتنىڭ كەم سوممىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن بىلەت قايتۇرۇپ بېرىلىدىكەنۇ، لېكىن ماشىنىلارنىڭ چىقىش ئېغىزى ئاپتوماتىك تاقىلىپ يولۇچىنى زادىلا ئۆتكۈزمەيدىكەن. قاچانكى يولۇچى يېقىنلا يەردە توختىتىپ قويۇلغان «بىلەت تولۇقلاش ماشىنىسى» ئارقىلىق كەم پۇلنى تولۇقلاپ قايتا بىلەت ئالغاندىلا ئاندىن ماشىنا بىلەتنى قوبۇل قىلىدىكەن ۋە يولۇچىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن.

مەيلى يەر ئاستى پويىزى بولسۇن ياكى يەر ئۈستى پويىزى بولسۇن، پاكىز ۋە ھەشەمەتلىك بولۇپ، قوزغىلىشى، سۈرئىتى بەكمۇ تېز ئىكەن. ۋوگزاللار ئاساسەن ئادەمسىز بولۇپ، كېلىدىغان پويىز نامى، ۋوگزال نامى، كېيىنكى بېكەت نامى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن مەلۇم قىلىنىدىكەن. ۋوگزال ئىچى ۋە پويىز ئىچىدە يۇقىرىقى مەلۇماتلار ياپون ۋە ئىنگلىز يېزىقلىرىدا ئېكران ئار-

قىلىق كۆرستىلىدىكەن.

بىز 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى توكيو ـ ئوساكا ئارىلىقىدا يېڭى تۆمۈريول لىنىيىسىدە قاتنايدىغان پەۋقۇلئاددە تېز پويىزغا ئولتۇردۇق. بىز بۇ تېز پويىز بىلەن توكيودىن ئوساكاغىچىلىك بولغان 600 كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى پەقەت ئىككى سائەت نەچچە مىنۇتتىلا بېسىپ بولدۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ياپونىيە هازىر پويىز سۈرئىتى تەتقىقاتى جەھەتتە دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز تەتقىقاتىدىمۇ يېڭىدىن ـ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىز ئوساكادا تۇرۇۋاتقان چاغدا، ياپونىيە تېلېۋىزىيىسى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ياسالغان ماگنىتلىق لەيلىمە پويىزنىڭ سائەتلىك سۈرئىتىنىڭ 531 كىلومېتىرغا يەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. مانا بۇ يۇقىرىقى نەتىجىلەرنىڭ بىر مىسالى (مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ياپونىيەنىڭ ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز سۈرئىتىنىڭ 553 كىلومېتىر سائەتلىك يېڭى رېكورت ياراتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇ 531 كىلومېتىرلىق رېكورت يارىتىلىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىش).

ياپونىيىنىڭ تاشيول قاتنىشىمۇ زامانىۋى يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇپ، شەھەر يوللىرىمۇ، دالا يوللىرىمۇ كەڭ ۋە سۈپەتلىك ئىكەن. شەھەر بىلەن شەھەر ئارىسىدا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بولۇپلا قالماي، شەھەر ئىچىدىمۇ ئىككى تەرىپى قامال قىلىنغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بار ئىكەن. دۇنياۋى ئاپتوموبىل دۆلىتى بولغان ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدىلا كوچا ـ كوچىلاردا قاتناپ يۈرىدىغان چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىل سانى 4 مىليونغا يېقىنلىشىدىكەن. بىراق، يەر يۈزى يوللىرى ۋە ئىككى ـ ئۈچ قەۋەت-



توكيودا ئايال پارلامېنت ئەزاسى بىلەن بىللە

لىك كۆتۈرمە يوللار كەڭ، زىچ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، يول توسۇ-
لۇش ھادىسىلىرى ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدىكەن. يول ئاغزىدا، ئۆ-
تۈشمە يوللاردا قاتناش ساقچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىكەنۇ، قات-
ناش قائىدىلىرى ئۆز يولى بىلەن ئىجرا قىلىنىۋېرىدىكەن. چوڭ-
كىچىك كوچىلاردا بىرمۇ پىيادە يولۇچى قىزىل چىراغنى كېسىپ
ئۆتمەيدىكەن. چىراغ بولمىغان كىچىك كوچىلاردا ئادەم ئاپتوموبى-
لىغا ئەمەس، بەلكى ئاپتوموبىل ئادەمگە يول بېرىدىكەن. بىزدىكىگە
ئوخشىمايدىغىنى، ياپونىيە شەھەرلىرىدە ئاپتوموبىل يولىدىن ھال-
قىپ ئۆتىدىغان ئاسما كۆۋرۈك يوق ئىكەن. مەن بۇ ھالدىن سەل
ھەيران بولۇپ، ھەمراھ بولغۇچىدىن سورىدىم. ئۇ: «بۇ يەردە ئادەم-
لەرگە قولايلىق بولۇش كۆزدە تۇتۇلغان، ئاپتوموبىللار راۋان ماڭسۇن
دەپ پىيادە ئادەملەرنى نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئاسما كۆۋرۈك-
تىن ئۆتۈشكە زورلاش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.
ياپونىيىنىڭ قاتناش ئەھۋالىنى تىلغا ئالغاندا، مۇنداق بىر-

قانچە ئالاھىدىلىكنى مىسال تەرىقىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇ. ياپونىيە بازارلىرىدىكى ئاپتوموبىل باھاسى مەم-
لىكىتىمىز بازارلىرىدىكى ئاپتوموبىل باھاسىنىڭ ئۈچتىن بىر-
ىگە، ھەتتا تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدىكەن. بىراق، ئاپتومو-
بىل ئەرزان بولغىنى بىلەن ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققى شۇن-
چىلىك قىممەت ئىكەنكى، مېنىڭ ھېسابلىشىمچە، مەلۇم ماركى-
لىق بىر ئاپتوموبىلنى ئاممىۋى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلى-
رىدا پەقەت يەتتە ئاي ئەتراپىدا توختىتىپ قويسىلا يەتتە ئايلىق
توختىتىش ھەققى ئاپتوموبىل باھاسىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن -
دە، بۇ ماشىنىنى تاشلىۋېتىپ يەنە بىر يېڭى ئاپتوموبىل ئالغانغا
يەتمەيدىكەن. مەن ئوساكانىڭ ئومىدا رايونىدىكى بىر ئاپتوموبىل
توختىتىش مەيدانى ئالدىدىكى ھەق ئېلىش تاختىسىدا كىچىك
ئاپتوموبىل بىر سائەت توختىتىلسا 700 يېن ھەق ئېلىنىدىغان-
لىقى يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ چاغدىكى پۇل ئايرىۋاشلاش
نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا 700 يېن خەلق پۇلىغا تەخمىنەن
40 نەچچە يۈەنگە توغرا كېلىدۇ. بۇ 400 مىڭ يېن ئەتراپىدا مائاش
ئالىدىغان ئادەتتىكى ياپونلار ئۈچۈن كۆپ پۇل بولمىسىمۇ، ئەمما
ئاپتوموبىل باھاسىغا نىسبەتلەشتۇرگەندە كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

كىرا ئاپتوموبىللىرى ساپلا داڭلىق ماركىلىق يېڭى ۋە پا-
كىز پىكاپلار بولسىمۇ، لېكىن كىرا ھەققى بىز جۇڭگولۇقلارنى
ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىكەن. توكيودا كىرا ئاپتوموبىلىغا
ئولتۇرۇپ ئالتە - يەتتە بېكەت (ئۇرۇمچىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتى
ئۆلچىمىدە) ماڭسىلا، گەپ - سۆز يوق 5000 — 6000 ياپون
يېنى خەجلەيدىغان ئىش ئىكەن (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخ-
مىنەن 350 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ). ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەر-
زىيدىغىنى، كىرا ئاپتوموبىللىرىنىڭ شوپۇرلىرى ساپلا 50 ياش-

تىن ھالقىغان ئەركەكلەر بولىدىكەن. لى ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، كىرا ئاپتوموبىلىنى ھەيدەش يولۇچىلارنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش بولغاچقا، بەلگىلىمە بويىچە 13 يىلدىن ئارتۇق شوپۇرلۇق ئىستاژىغا ئىگە، ۋەقە سادىر قىلمىغان چوڭ ياشلىق شوپۇرلارغىلا كىرا ئاپتوموبىلى ھەيدەشكە رۇخسەت قىلىنىدىكەن.

ئۇساكادا يۈز بەرگەن، كىرا ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرىنىڭ ئەخلاقىغا چېتىلىدىغان مۇنداق ئىككى ۋەقە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى ۋە بۇ شوپۇرلارنى بىزنىڭ بەزى شوپۇرلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

زىيارەت ئۆمىكىدىكى ھەمراھلىرىم كيوتو شەھىرىگە كەتكەن كۈنى مەن ئۇساكادا ئوقۇۋاتقان ئايلىكىم بىلەن بازار چۆرگىلىگىلى چىقتىم. تولۇق بىر كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ شۇ كۈنى كەچلىكى ئۇ-ساكادا ئوقۇۋاتقان غۇلام بىلەن بىز چۈشكەن «كانساي» مېھمانخا-نىسىدا ئۇچرىشىدىغىنىمىزنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن.

شۇنداق قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بىر سائەت بۇرۇن ئۇساكانىڭ شەھەر رايونىغا جايلاشقان ماگىزىندىن چىقىپ ئال-دىراش يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇردۇق. ئۈچ قېتىم پويىز ئالماشىپ ئاران دېگەندە «كانساي مېھمانخانىسى جايلاشقان رايونغا كەلدۇقيۇ، بۇ مېھمانخانىنىڭ ئورنىنى ئەسكە ئالالمىدۇق. ئايلىكىم بۇ رايونغا تولا كەلمىگەچكە، مېھمانخانىغا بارىدىغان يولنىمۇ ئىلغا قىلالماي قالدى. شۇ چاغدا مەن بىز تۇرۇۋاتقان پىيادىلەر يولىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرىنىڭ كەينىدە بىرى توختىغان 15 ـ 20 چە كىرا ئاپتوموبىلىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە ئايلىكىمغا: «كىرا ئاپ-توموبىلىغا ئولتۇرساق شوپۇر بىزنى دېگەن يېرىمىزگە ئاپىرىپ قويىدۇ ئەمەسمۇ» دېدىم. ئايلىكىممۇ دېگىنىمنى ئورۇنلۇق دەپ

ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇدۇل كەلگەن بىر ئاپتوموبىل-نىڭ يېنىغا كەلدۇق ـ دە، شوپۇرغا ئۇنىڭ ئاپتوموبىلىدا ئولتۇ-رىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. بىراق، 50 ياشلاردىن ھالقىغان بۇ شوپۇر ئاق پەلەي كىيىۋالغان قوللىرى بىلەن ئالدى تەرەپنى چېنەپ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئابلىكىمنىڭ تەرجىمە قى-لىپ بېرىشىچە، ئۇ مېھمان تارتىدىغان نۆۋەتنىڭ سەپنىڭ ئەڭ ئال-دىدا تۇرغان ئاپتوموبىلغا كەلگەنلىكىنى، نۆۋەتنى قالايمىقان بۇ-زۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ جەزمەن ئەڭ ئالدىدىكى ئاپتو-موبىلغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ.

بىزدە بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان ئايرىم شوپۇرلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى بىزگە ۋە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئايدىڭ بولغىنى ئۈچۈن، ئارتۇقچە مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرمايلا گەپنى داۋاملاشتۇرىمىز.


بىز بۇ كىرا ئاپتوموبىل شوپۇرىغا رەھمەت ئېيتقىنىمىزچە ئۇ دېگەندەك، قاتارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى قارا رەڭلىك «خان تاجى» نىڭ يېنىغا كەلدۇق ۋە كۆلۈمسىرەپ تۇرغان شوپۇرغا مەقسىتىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ شوپۇر بىرنېمىلەر دېگىنىچە ماشىنىسىدىن چۈش-تى، ئابلىكىمنى باشلاپ 20 قەدەمچە يىراقلىقتىكى دوقمۇشقا باشلاپ بېرىپ، قولىنى بىر ياقلارغا چېنەپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭ-شىتقىنىچە بىرنېمىلەرنى دېدى. بىز يولىمىزغا راۋان بولغاندىن كېيىنلا ئېگىلىپ سالام قىلىپ بولۇپ ئاپتوموبىل يېنىغا كەت-تى. كېيىن ئۇقسام بىز كىرا ئاپتوموبىلغا ئولتۇرماقچى بولغان جاي «كانساي» مېھمانخانىسىغا ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن. ھېلىقى شوپۇر كىرا ئاپتوموبىلغا ئولتۇرمىساقمۇ بولىدىغانلى-قىنى، ئىككى دوقمۇشتىن ئۆتۈشلۈق قايرىلساقلا مېھمانخا-نىغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتقانىكەن. دېمىسىمۇ،

بىز ئۇ كۆرسىتىپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ 10 نەچچە مىنۇت-تىلا «كانساي» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كېلەلىدۇق.

مەن توكيو ۋە ئوساكا ۋوگزاللىرىدا، كوچىلىرىدا شوپۇرلۇق ئىنستىتۇتلىرىغا، مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرىنى كۆردۈم ۋە بۇ ھالغا قىزىقماي قالمىدىم.

ياپونىيىدە ئالتە يىل تۇرغان، ئۆز ئاپتوموبىلىنى ئۆزى ھەيدەپ بىزنى ئويناتقىلى كەلگەن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچى غۇلامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئالماقچى بولغان ھەرقانداق پۇقرا شوپۇرلۇق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشى كېرەك ئىكەن. ھاراق ئىچىپ ئاپتوموبىل ھەيدىگەنلەر سېزىلىپ قالسا، قاتناش ساقچىلىرى ھاراق ئىچكەن شوپۇرنىڭ كىنىشكىسىنى تارتىۋالغاننى ئاز دەپ، ئاپتوموبىلىنى ئۈستىگە «ھاراق ئىچىپ ئاپتوموبىل ھەيدەپ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالدىم» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن تاختاينى ئورنىتىپ قويىدىكەن. شوپۇر ئىككى كۈن ئۆز - ئۆزىنى سازايى قىلغاندىن كېيىن، مەخسۇس بەلگىلەنگەن

كەڭ - كۇشادە، يورۇق يەر ئاستى ۋوگزالى



نۇقتىغا بېرىپ ئۈچ ئاي تەربىيىلىنىشى كېرەك ئىكەن. قاتناش تارماقلىرى مۇۋاپىق كۆرسە كىنىشكىنى قايتۇرۇپ بېرىدىكەن. هاراق ئىچىپ ئاپتوموبىل هەيدىگەندىن ئۆزگە يەنە بىرەر ۋەقە سادىر قىلغان بولسا، بۇنداق شوپۇرنىڭ كىنىشكىسىنى مەڭگۈ - لۈك مۇسادىرە قىلىنىۋالىدىكەن.

قاتناش بولىدىكەن، قاتناش ۋەقەلىرىمۇ پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ۋەقە سادىر بولىدىكەن، ئۇنى بىر تەرەپ قىلماي بولمايدۇ. غۇلام - نىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ياپونىيە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ قاتناش ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇسۇلى سەل ئۆزگىچە ئىـ - كەن. مەسىلەن، ئاپتوبۇس بىلەن كىچىك ئاپتوموبىل سوقۇلۇپ كەتسە، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا «گۇناھ»نىڭ 80 پىرسەنتىنى ئاپتوبۇسقا ئارتىدىكەن، كىچىك ئاپتوموبىل بىلەن موتسىكلىت سوقۇلسا «گۇناھ»نىڭ 80 پىرسەنتىنى دەرھال كىـ - چىك ئاپتوموبىلغا ئارتىدىكەن. موتسىكلىت بىلەن ۋېلسىپىت (ياپونىيىدە ۋېلسىپىت يولى بىلەن پىيادىلەر يولى بىر بولسى - مۇ، ۋېلسىپىت مىنىدىغانلار ئانچە - مۇنچە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىكەن) ئۇرۇلۇپ كەتسىمۇ، ئوخشاشلا موتسىكلىت «ئاساسلىق گۇناھكار» بولىدىكەن. چوڭى بىلەن كىچىكى ئۇرۇشسا، «هەق - ناهەق» نى سۈرۈشتۈرمەيلا «گۇناھ» نىڭ چوڭىنى چوڭىغا ئارتىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى نېمە، سەۋەبى نېمە دېگەن بۇ «تېپىشماق» قا ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقانلاردىن ۋە ياپونىيىلىكلەردىن سوراپمۇ ۋە ئويلىنىپمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم.

## 3. ياپونىيىدە مەدەنىيەت

ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قوشنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يا - پون خەلقى قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ئېلىمىز ۋە ئېلىمىز خەلقى

بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ئىلىمىز خەلقىمۇ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى قوشنىسى — ياپونىيىنى خېلى تەپسىلىي كۆزدىتىپ، رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي تارىخنامىلەردە خېلى مۇپەسسەل خاتىرە قالدۇرۇپ بارغان. ياپونىيىلىكلەر يەنە ئىقتىسادىي تەرەققىيات، دۆلەت تۈزۈمى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ ئۇزاپ كەتكەن جۇڭگوغا زور قىزىقىش نەزىرى بىلەن تىكىلىشكە باشلىغان. شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرىغا پىسەنت قىلماي جۇڭگوغا كەلگەن راھىبلار، ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر جۇڭگو بۇددىستلىرىنى، سەنئەتكارلىرىنى ئۇستاز تۇتقان، مىلادىيە 630 - يىلىدىن 894 - يىلىغىچە بولغان 264 يىل ئىچىدىلا ياپونىيە جۇڭگوغا 25 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىنى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرگەن. خەنزۇ يېزىقىدىن ئۆز مۇددىئالىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پايدىلانغان. يەنە ئۇلار بۇددا دىنىنى، بۇددا مەدەنىيىتىنى، كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنى، ئىلغار دۆلەت تۈزۈمىنى ئەكەتكەن.

تارىخچى ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ ۋاستىلىك مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ياپونلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلغاندىن ئۆزگە، غەربىي رايون مەدەنىيىتىگىمۇ ئۆز قىزىقىشلىرىنى بىلدۈرگەن. مىلادىيە 734 - يىلى ياپونىيىدىن ئۆز ۋاقتىدا داڭ چىقارغان غەربىي يۇرت سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە كەلگەن جىببىي جىنمىيى چاڭئەندىكى غەربىي يۇرت سەنئەت پېشۋالىرىنى ئۇستاز تۇتقان. مەملىكىتىگە قايتىشىدا غەربىي يۇرتنىڭ بەرباب، راباب، يالغۇزەك، غوڭقا، بالىمان، جاللا، داپ، دۇمباق قاتارلىق چالغۇلىرىنى ئەكەتكەن. مىلادىيە 834 - يىلى ياپون سەنئەتكارى تىڭيۇەن جىنمىيى چاڭئەنگە كېلىپ، كۇچا بەربابىنى نوتىغا قاراپ چېلىش-

نى ئۆگىنىپ كەتكەن، ياپونىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ كوچا بەربابىنىڭ ماھىرى ۋە مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ مۇھىم كەسپىي ئەمەلدارى بولۇپ قالغان.

1868 ـ يىلىدىكى « يېڭىلىقلا كۆچۈش » ھەرىكىتىدىن كېيىن كاپىتالىزمنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، فېئودال جاھاڭگىرلىككە ئايلانغان ياپونىيە مىلىتارىستلىرى جۇڭگوغا قارشى بىرقانچە قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، «تۇز بەرگەننىڭ تۇزلۇقىنى چىقىش» قا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەتتىكى مەنبەداشلىق ۋە تارىخىي دوستلۇق ئەنئەنىسىنى قەدىرلەيدىغان ياپون خەلقى بۇ ئەنئەنىنى تا بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قويۇق شەرق تۈسىنى ئالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى گەرچە پادىشاھ مېيجى زامانىسىدىن باشلاپ قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغان غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئاستا ـ ئاستا سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان ياپون مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ تېخى «ئارىلىشىپ بولالمىغان» ئالاھىدە بۆلەكلىرى بۈگۈن ھەم باشقا ـ باشقا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

پاكىزلىق ــ زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلىنىشى، ئۇ شەرق مەدەنىيىتىگىمۇ، غەرب مەدەنىيىتىگىمۇ ئورتاق نەرسە، شۇنداقلا مەدەنىي ئادەمگە خاس نەرسە. ياپونىيىدە — چوڭ شەھەردە، كىچىك شەھەردە ھەتتا يېزىلاردا، مۇھىتتىكى ۋە ئادەملەردىكى پاكىزلىق كىشىگە خۇددى باشقا بىر مەدەنىي پلانېتىغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. كوچا ـ كويلار، ئاممىۋى سورۇن تۇگۇل، سەپسالىدىغان ئادەم بولمىغان ئارقا كوچىلاردىمۇ ھېچكىم قالايمىقان تۈكۈرمەيدىكەن، قالايمىقان بۇرنىنى تاشلىمايدىكەن. ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ، كوچىلارنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا خېلى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈكۈرۈك قاچىسى ھەر ـ

قانداق ئادەمنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىكەن. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ «كۆرگەنلا يەرگە قالايمىقان تۇكۇرمەڭ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋىۋىسكىسىنى جاي ـ جايلارغا چاپلاپ قويغان بىلەن، تۇكۇرىدىغانغا تۇكۇرۇك قاچىسى قويۇلمىسا، بۇنداق تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ناتايىن ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلدىم.


مەن زىيارەت داۋامىدا جامائەت سورۇنىدا، كوچىلاردا تاماكا چېكىۋاتقانلارنى كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ياپونلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تاماكا چەكمىسە كېرەك دېگەن ئويغا كېلىمەيمۇ قالمىدىم. كوچىلاردا كېتىۋېتىپ، خۇمارىمىز تۇتۇپ، ئۆگەنگەن ئادىتىمىز بويىچە بىرنەچچە قېتىم تاماكا چەككەن بولساقمۇ، بىرەر مەخسۇس خادىم ياكى بىرەر پىدائىي خادىمنىڭ كېلىپ تاماكا چەككەنلىكىمىزنى ئەيىبكە بۇيرۇغانلىقىنى ياكى تەنبىھ بېرىپ، جەرىمانە قويغانلىقىنىمۇ ئۇچراتمىدىم. كېيىنچە، ياپونىيىدە ئاممىۋى ئەخلاقتا مەجبۇرلاش ئۆتمۈشكە ئايلانغانلىقى، ھەممىدە ئاڭلىقلىقتا تايىنىدىغانلىقى، يۈزۈڭ قىزارمىسىلا تاماكا چەكسەڭمۇ، يولغا قۇسساڭمۇ، ھەتتا ئىشتانسىز كوچىغا چىقساڭمۇ ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمايدىغانلىقى، چاتىقى بولدى دېگەندىمۇ كىشىنى توغرىدىن ـ توغرا ئەيىبلىمەي توققۇز تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئىزا تارتقۇزىدىغانلىقىنى ئۇقىنىمدا يۇقىرىدىلارغا ئانچە ھەيران قالمىدىم.

مەن شاڭخەيدە كىيىۋالغان «Lionardo» ماركىلىق يېڭى ئايىغىمنى شاڭخەيگە قايتىپ كەلگۈچە بولغان 13 كۈن ئىچىدە بىر قېتىممۇ سۈرتمىگەنلىكىم، ئايىغىمنىڭ ماگىزىندىن سېتىۋالغان يېتى پارقىراپ تۇرغانلىقىمۇ ياپونىيە مۇھىت تازىلىقىنىڭ بىر مۆجىزىسى.

مەن 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى توكيو ۋاقتى بىلەن كېچە سا ـ

ئەت 2 دە تاماكام تۈگەپ خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۆزۈم يالغۇز تاماكا سېتىۋالغىلى تالاغا چىقتىم. ماگىزىنلار ۋە ئاپتوماتىك تاماكا سېتىش ماشىنىلىرى تاقىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن كېچىنىڭ يورۇق ۋە سالقىن ھاۋاسىدا مېھمانخانىمىز جايلاشقان ئۇنىيۇ رايونىنى تولۇق ئىككى مەرتە ئايلىنىپ چىقتىم. دەل شۇ چاغدا پارقىراق كىيىم كىيگەن تازىلىق ئىشچىلىرى كوچىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئەخلەت ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ كەلگەن ئەخلەتچىلەر ئۆيلەرنىڭ دوقمۇشىغا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان سۇلياۋ خالتىلارنى ئاپتوموبىلغا بېسىۋېتىپتۇ. دىققەت بىلەن قارىسام، ھەربىر خالتىغا بىر خىل ئەخلەت قاچىلانغاندىكەن. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم، ياپون ئاھالىلىرى ئەخلەتنى ئالدى بىلەن تۈرگە ئايرىپ، قەغەز تۈرىدىكى، ئەينەك تۈرىدىكى، قاڭالتىر تۈرىدىكى ئەخلەتلەرنى ئايرىم - ئايرىم خالتىلارغا قاچىلايدىكەن. باشقا خىلدىكى تۇرمۇش چىقىرىندىلىرىنى بولسا يەنە

يەر ئاستى پويىزىنىڭ ھەشەمەتلىك ۋاگونى



ئايرىم بىر خالتىغا قاچىلايدىكەن ـ دە، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئا ـ پىرىپ، خۇددى سەكسەن خالتا يايمىسىدەك رەتلىك تىزىپ قويىد ـ دىكەن. ئەخلەت زاۋۇتلىرى بۇنداق ئەخلەتلەرنى ئۆز تۇرى، ئۆز خىلى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەيدىكەن، جەمئىيەت ئۇچۇن بايلىق يارىتىدىكەن، مۇھىت بۇلغىنىشنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدىكەن.

مۇھىت مەسىلىسى ۋە ئاممىۋى پاكىزلىق تىلغا ئېلىنغاندا، ياپونىيىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى بىرقۇر «تەسۋىرلەپ» ئۆ ـ تۇشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ تەسۋىر بەلكى «پالانى ياپونىيىنىڭ ھەم ـ مە نېمىسى ياخشى، ھەتتا ھاجەتخانىلىرىمۇ خۇش پۇراق بىلەن تولغان دەپتۇ» دېگەن بىمەنە تەھلىلگە ئەكېلىشىمۇ مۇمكىن. لې ـ كىن، چەت ئەلنىڭ ياخشى يېرىنى ياخشى، يامان يېرىنى يامان دېيىشكە جۇرئەت قىلالمايدىغان زامان ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەت ـ كەچكە، بۇنداق تەھلىلدىن تەھلىكە ھېس قىلىشنىڭ قىلچە ھا ـ جىتى يوق.

ياپونىيىدە ئاممىۋى ھاجەتخانىلار، ئىدارە ـ مەكتەپلەرنىڭ، جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھاجەتخانىلىرى كۆركەم، قۇلايلىق قى ـ لىپ جاھازىلانغان بولۇپ، تېگىگە ۋە تاملىرىغا ئالىي دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەنىكەن. ئارا تاملار مەرمەر تاشتىن، قول يۇيىدىغان مۇقىم داسلار ۋە ئاسما داسلىرى سۈپەت ـ لىك ئاق چىنە خىشتىن، تۇرۇبا، جۈمەكلىرى داتلاشماس پولات ـ تىن، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئاليۇمىن قېتىشمىلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسىمۇ يۇقىرى ئىكەن، ھاجەتتىن كېيىن سۇ جۈمەكلىرىگە قول ئۇزىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. قول يۇيىدىغان جايغا سۇيۇق سوپۇن قۇتىسى جايلاشتۇرۇلغان بو ـ لۇپ، قولنىمۇ قول قۇرۇتۇش ماشىنىسىدا قۇرۇتىدىغان گەپ ئى ـ كەن. بارلىق ھاجەتخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز ئوخشاش مار ـ

كىلىق قەغەز بولۇپ، سۇغا چۈشكەن هامان ئېرىپ دۇغقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. هاجەتخانىلارغا خۇش پۇراقلىق ماددىلار قويۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەغەز سېۋەتلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، هاۋاسى تاشقىرىنىڭ هاۋاسىدەك ساپ ۋە پاكىز بولىدىكەن.

مەدەنىيەت هەققىدە سۆز بولغاندا، مەزكۇر ماقالىمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى «ياپونىيىدە قاتناش» دېگەن بۆلىكىگە سىغماي قالغان مۇنۇ بىر پارچىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، مېھمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مېھمانلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشمۇ مەدەنىيەت، مەرىپەت تېمىسىغا ياتىدىغان بىر مۇھىم مەسىلە.

كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىغىنى، ياپونىيىدە هەر قانداق ئاممىۋى ئەسلىهەلەر لايىهىسىدە مېھمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئالاهىدە ئېتىبار بېرىلىدىكەن.

مەسىلەن ئالساق، يەر ئاستى پويىزى، يەر ئۈستى پويىزى بولسۇن، ۋاگونلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە «مېھمانلار ۋە ياشانغانلار ئۈچۈن» دېگەن ئەسكەرتىش قەغىزى چاپلانغان مەخسۇس 12 كىشىلىك ئورۇن بولىدىكەن. ۋاگون ئىچى قانچىلىك قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ ئورۇن يەنىلا بوش قالدۇرۇلىدىكەن. سىرتتىن كەلگەنلەر ياكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر كىشىلەر بۇ ئورۇنغا ئولتۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئورۇندۇق بېشىغا چاپلانغان هېلىقى ئاگاهلاندۇرۇشنى كۆرۈپ قالسىلا، ئوڭايسىزلانغان هالدا بۇ ئورۇندىن تۇرۇپ كېتىدىكەن.

دەسلەپكى كۈنلەردە ياپون يېزىقى ياكى ئىنگلىز يېزىقىدىن ساۋاتسىز بولغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ بوش تۇرغان ئورۇنغا «ئەجەبمۇ ئوبدان بىكار ئورۇن ئىكەن» دەپ ئولتۇرۇۋالغان چاغلىرىمىزمۇ بولدى، كۆزىتىش ۋە باشقىلاردىن ئاڭلاش ئارقىلىق، بۇ «بوش

ئورۇن» نىڭ رولىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بىزمۇ مەدەنىيلە-
شىپ، ئۆرە تۇرساق تۇردۇقكى، بۇ ئورۇنغا ئولتۇرمايدىغان بولدۇق.

راست گەپنى قىلسام، يەر ئاستى تۆمۈريول ۋوگزاللىرىنىڭ
كىرىش ئېغىزىدىن تاكى پويىز سۇپىسىدىكى پويىز ئىشىكى
توغرا كېلىدىغان يەرگىچە سوزۇلغان تارغىنا « يول ئىچىدىكى
يول» ياپونىيىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ماڭا خۇددى تېپىش-
ماقتەكلا تۇيۇلدى. 10 نەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى ۋوگزال يولى-
نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان، بۇدۇر - چوقۇر سېمونت
خىشتىن ياپسا كەلتۈرۈپ ياسالغان بۇ يول سېرىق رەڭدە بولۇپ،
كەڭلىكى 40 سانتىمېتىرچە كېلىدىكەن. ئەگىلىدىغان جايلىرى-
مۇ 90 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ياساپ ئەگىلىدىكەن. كېيىن بىلدىم-
كى، بۇ تار يول ئەسلىدە ئەما يولۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بې-
رىش مەقسىتىدە مەخسۇس ياسالغان بولۇپ، ۋوگزالغا چۈشۈپ
پويىزغا ئولتۇرماقچى بولغان ئەما يولۇچى پەقەت ئايىغىنىڭ سې-
زىمى ئارقىلىقلا بۇ بۇدۇر - چوقۇر يولنى بويلاپ پويىز ئىشىكى-
نىڭ ئالدىغىچە بارالايدىكەن. يەنە شۇ يول پەلەمپەيلەردىنمۇ ئو-
ڭۇشلۇق ھالقىپ، ۋوگزال ئىچىدىكى بارىدىغان يەرگە – ئاشخا-
نىغا، ھاجەتخانىغا··· باشلاپ بارالايدىكەن. سېرىق رەڭ قاتناش قا-
ئىدىسىدە ئېھتىيات رېڭى بولۇپ، بۇ تار يولنىڭ سېرىق رەڭدە
بولغىنى كۆزى نورمال كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، ئەمالار-
نى سوقۇۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن.

ئادەتتە ھەرقانداق شەھەردە ئاپتوموبىل ۋە پىيادىلەر كېسىپ
ئۆتىدىغان يول ئاغزىدا قاتناش قوماندانلىق چىرىغى بولىدۇ. يا-
پونىيىدە بۇنداق قوماندانلىق چىرىغى ئورنىتىلغان تۈۋرۈكلەردە
ئىككى نەرسە - بىر ئېلېكتر كۇنۇپكىسى ۋە بىر رادىئو كانىيى
ئارتۇق بولۇپ، بۇ نەرسىلەرمۇ خۇددى «يول ئىچىدىكى يول» غا



يوكوھاما شەھىرىدىكى قەۋەتلىك ماشىنا يولى

ئوخشاشلا ئەما يولۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن. ئەما يولۇچى تار سېرىق يولنى بويلاپ يول ئاغزىغا كېلىپلا تۈۋرۈكنىڭ گەۋدىلىك يېرىگە ئورنىتىلغان يوغان كۇنۇپكىنى سىلاپ تېپىۋالىدىكەن ـ دە، ئۇنى باسىدىكەن. كۇنۇپكىغا تۇتاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق مېڭە شۇ ھامان ئىشقا كىرىشىپ، رادىئو كانىيى ئارقىلىق مەلۇمات بېرىشكە باشلايدىكەن. ئەگەر شۇ چاغدا يېشىل چىراغ يېنىۋاتقان بولسا، ياپون تىلىدا: يېشىل چىراغ يانغىلى مۇنچە سېكۇنت بولدى، يەنە مۇنچە سېكۇنتتىچە يولدىن ئۆتۈپ بولۇڭ دەيدىكەن. مۇبادا قىزىل چىراغ يېنىۋاتقان بولسا، ھازىر يولدىن ئۆتسىڭىز بولمايدۇ، يېشىل چىراغ يانغاندا دەرھال خەۋەر قىلىمەن دېگەن مەزمۇندا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ كۇنۇپكا بىلەن كاناي ئەما يولۇچىنىڭ ئاپتوموبىل يولىدىن كېسىپ ئۆتۈشىگە يېقىن ياردەمدە بولىدىكەن.

بۇنىڭغا قاراپ مەن «ياپونىيىدە بەلكى ئەمالار كۆپ بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغۇدىم، ئەمەلىيەتتە 12 كۈن ئىچىدە شۇنچە دىققەت قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، ئوساكادا پەقەت بىرلا ئەمانى يولۇقتۇردۇم.

## 4. ياپونىيىدە ياشلار - ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى

ياشلار - ئۆسمۈرلەر قاتلىمى گەرچە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نىسبەت سىلىشتۇرمىسىدا يەنىلا ئازراق سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ هازىرىغا قاراپ ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بۈگۈنگە، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئەتىكى يۈزلىنىشكە ئومۇمەن توغرا باها بەرگىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ياپونىيە ياشلىرىنىڭ روھىي هالىتى ۋە باشقا تەرەپلىرى پۈتكۈل زىيارەت داۋامىدا قىزىقىشىمىنىڭ ۋە دىققەت نەزىرىمىنىڭ دەل مەركىزىدە تۇردى دېسەممۇ بولىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، تېخى دائىرىلەرنى رازى قىلالىغۇدەك هەل بولۇپ كەتمىگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا يېشىپ بولمايدىغان بىر مەسىلە تەرىقىسىدە ياپونىيىنىڭ مائارىپ، تەربىيە تارماقلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ.

بىز زىيارىتىمىزنىڭ ئالتىنچى كۈنى، يەنى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن توكيو شەهىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان «ياپونىيە ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەربىيە كونگرېسى»گە زىيارەتكە باردۇق. بۇ جاي بىزدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر سارىيىغا ئوخشاپراق كېتىدىكەن، ئوينايدىغان رولىمۇ شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىكەن. كەڭ ۋە يورۇق يىغىن زالىغا كىرگەندىن كېيىن، بىزنى «ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى كونگرېسى»نىڭ ئورۇنباسار

باشلىقى، ئوبوروت ئىقتىسادىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي سېكسىيىسىنىڭ لېكتورى بۇنزو كامىمورا ئەپەندى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە مۇنبەرگە چىقىپ ياپونىيە ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ هازىرقى هالىتى، تەربىيىلىنىشى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر هەققىدە سۆزلەپ بەردى.

كامىمورا ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ياپونىيىدە هازىر يەنىلا توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋېتىپتۇ. ئوقۇشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىنى هېسابقا ئالمىغاندا، مەجبۇرىي مائارىپ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بولۇپ، مەكتەپلەر ئاساسلىقى ئۆز - ئۆزىنى قامداش خاراكتېرىدىكى شەخسىي مەكتەپلەردىن ئىبارەت ئىكەن. بۇنداق مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلاردىن كىرىدىغان ئوقۇش پۇلى كىرىمى بىلەنلا ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىمۇ ئاشۇ سومما ئىچىدىن تۆلىنىدىكەن. دۆلەت مائارىپ ۋازارىتى پەقەت ئالاهىدە مائارىپ ئەسلىهەلىرى ئۈچۈنلا مەبلەغ سالىدىكەن. قانۇن - تۈزۈم خېلى مۇكەممەل بولغان بۇ ئەلدە هەرقانداق بىر ياشلار - ئۆسمۈر قانۇن بويىچە توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىكەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئاسپىرانتورىيە قاتارلىقلارغا ئۆرلەش پۇقرانىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولسىمۇ، رىقابەت بىلەن تولغان بۇ زېمىندا تېگىشلىك بىلىم ۋە قابىلىيەت ئىگىلەپ، ئەقەللىيسى بىر كەسىپلىك نېنىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈنمۇ ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئېلىشنى خالايدىغانلار يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. پەقەت توكيو شەهىرىگە جايلاشقان ئالىي مەكتەپنىڭ سانىلا 100 دىن ئاشىدىغانلىقى، بۇ سان تېخى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپ سانىنىڭ ئاران 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقى قەيت قىلىنى-

سىلا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى خالايدىغانلارنىڭ ۋە ئوقۇۋاتقانلار-نىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

كامىمورا ئەپەندىنىڭ ئىككى سائەت داۋام قىلغان لېكسى-يىسىدىن يەنە شۇنى بىلىۋالدۇقكى، ياپونىيە ياشلار - ئۆسمۈر-لىرى ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قانۇن ۋە ئەخلاققا خىلاپ مەسىلى-لەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. بۇلارنىڭ گەۋدىلىكرەكى، ئوقۇشتىن قېچىش، رۇخسەتسىز ۋە رۇخسەت بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كې-تىش، توپلىشىپ جېدەل قىلىش، شەھۋانىيەتكە بېرىلىش ھادى-سىلىرى ئىكەن. خېلى غەربلەشكەن ۋە غەربنىڭ ئەركىنلىكىگە مەستانە بولغان بەزى ياپون ياشلىرى، جۈملىدىن قىزلار تالالىق قىلىنمايلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ھەتتا ئوغۇل دوستلىرى-نىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە تۈرۈپ قالىدىكەن. بۇ ھال چوڭلار تەرىپىدىن ئانچە ئېغىر ئېلىنمايدىكەن. بۇ چوڭلارنىڭ ئامالسىزلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ ياكى ئادەت شۇنداقمۇ، بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېيەلمىسەكمۇ، كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ خىراجىتىگە ئايدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم-دىن ئۆزگە ئارتۇق پۇل - پۇچەك بەرمەيدىكەن، يېشىغا يەتكەن پەرزەنتلەر مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئۆز كۈنىنى ئېلىشى كېرەك ئىكەن. بۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلە يۈكىنى يەڭگىللىتىشىگە، بالى-لىرىنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىگە پايدىسى تېگەرمىش.

بىز زىيارەت داۋامىدا ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى كىيگەن، ئو-قۇغۇچىلىق سومكىسى ئېسىۋالغان توپ - توپ ياشلارنىڭ ئاش-پۇزۇللاردا تاماق يەپ، بولۇشىغا پىۋا ئىچىشىۋاتقىنىنى ياكى ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالدىدا توپلىشىۋېلىپ، نېمىلەر ئۈستىدىدۇر قىزغىن سۆزلىشىۋاتقىنىنى كۆردۇق. بۇلار ئارىسىدا مەست بو-

لۇپ دەلدەڭلەپ يۈرگەنلەرنى، كىچىك تۇرۇپلا بالا كۆتۈرۈۋالغان قىزلارنىمۇ ئۇچراتتۇق. ئۇقۇشساق، ئۇلار قانداقتۇر بىرەيلەننىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەۋاتقان، قانداقتۇر بىرىنىڭ تويىنى قۇتلۇقلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. بىر كۈنى توكيودا بىر رېس- توران ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھەربىر جۈپى بىردىن بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان 10 نەچچە جۈپ ياشنى كۆرۈپ قالدۇق، ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئەمدىلا ئاشپۇزۇلدىن چىقىۋاتقان- كەن. ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ كۆپ بولسا 20 لەردىن ھالقىمىغىنىغا قاراپ، ياپونىيىدە كىچىك تۇرۇپ توي قىلىش ئادىتى بارمۇ نېمە دېگەن ئويدا ئەجەبلىنىپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق.

ياپون ياشلىرى قارىماققا سەل ۋىجىك، پاكار، ئورۇق بولۇپ، چىراي - تۇرقىمۇ ئادەتتىكىچىرەك كېلىدىكەن. چاچ پاسونى شۇنچىلىك ئۆزگىچە ئىكەنكى، كىم قانداق تاراشنى خالىسا شۇنداق تارىۋالىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى چېچىنى ئۆز ئىختىيارد-

توكيو - ئوساكا ئارىسىدا قاتنايدىغان پەۋقۇلئاددە تېز پويىز



غا قويۇۋېتىدىكەن. بەزى ياشلار چېچىنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ، ئاچقۇچ بېغى، ئەينەك نەيچە، سۇلياۋ تۇگمە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېسىۋالىدىكەن. ئوساكادا ۋوگزالدا كېتىۋېتىپ، چېچىغا ئەنە شۇنداق كۆرگەنلا نەرسىنى ئېسىۋالغان، پۇتىغا چارلىز چاپلىنىڭ ئۇزۇن ئايىغىدىن يەنە بىر ھەسسە ئۇزۇنلۇقتىكى ئاياغ كىيىۋالغان 16 ــ 17 ياشلاردىكى بىر قىزنى كۆردۇق.

بىراق، ياپون ياشلىرىنىڭ كىيىنىشى شۇنچىلىك ئاددىي ئىكەنكى، بىرەر داڭلىق ماركىلىق كىيىم كىيىۋالغان ياشنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. بەزىلىرى كىيىۋالغان چاپان جۇڭگو بازىرىدا 10 يۈەنگىمۇ ئەرزىمەيدىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشى يەنىلا پاكىز ئىكەن.

ياپون بازارلىرىدا چىرايلىق بىر قول تېلېفوننى قىممەت دېگەندە 2000 يېنغا (خەلق پۇلى ھېسابىغا 150 يۈەنگە) سېتىۋالغىلى ۋە ئاز پۇل خەجلەپلا تورلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇنداق تېلېفون ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقانىكەن. ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى كىيىۋالغان ياشلار خالىيراق يەرلەردە تۇرۇۋېلىپ كىملەرگىدۇر ئۇزۇن ـ ئۇزۇن تېلېفون بېرىدىكەن.

## 5. ياپونىيىدە ئادەملەر

مەزكۇر ماقالەمنىڭ ئالدىنقى بۆلەكلىرىدە ياپون مىللىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئاز ـ تولا مەلۇمات بەردىم ۋە ياپونلارنىڭ سەل ۋىجىك، ئوتتۇرا بوي (جۇڭگولۇقلارنىڭ بوي ئۆلچىمىدە) كېلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتۇم. دەرۋەقە، زىيارىتىمىزنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ياپونلارنىڭ بوي ـ بەستىگە قاراپ ھەيرانلىقىمنى يوشۇرۇۋالالمىغان ھالدا سەپەرداشلىرىمدىن: «2 ـ

دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاسىيانىڭ شەرقىنى، ھەتتا يەر شارد-
نىڭ يېرىمىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتكەن ياپونلار مۇشۇ ياپونلارمى-
دۇ» دەپ سورىغانمۇ بولدۇم. بىراق، ياپونىيىدىكى 10 نەچچە كۈن-
لۈك كۆزىتىشلىرىمدىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردىمكى، ئادەملەرنىڭ
ئىرقى، بوي ـ بەستى، چىراي ـ تۇرقى بىرەر مىللەتنىڭ، بىرەر
ئەلنىڭ تەرەققىياتىدا ھەرگىز ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالمايدىكەن.
ئۆزلىرىنى «ئارىيان ئىرقى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىرق» دەپ جار سالغان
گىتلېر ناتسىستلىرىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا تارىخ
سەھنىسىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقى، ئارىيان

ئوساكادىكى قايناق كوچا



ئىرقىغا تەۋە مىللەتلەردىن
كۆپ ۋىجىك ۋە پاكار بول-
غان ياپون مىللىتىنىڭ
نەچچە ئون يىللىق تىرد-
شىش نەتىجىسىدە داڭدار
بىر مىللەتكە ئايلانغانلىقى
بۇنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپ-
تۇ. سېنىڭ سۇ مۇنارىسى-
دەك ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك
بوي ـ بەستىڭ بولغان بى-
لەن ئۇيۇشۇش، ئۆزىنى
تاكامۇللاشتۇرۇش، توخ-
تاۋسىز ئىلگىرىلەش رو-
ھىڭ بولمىسا بىرەر مۆ-
جىزىنى روياپقا چىقىرد-
شىڭ ئەسلا مۇمكىن ئە-
مەس. ئۇنداقتا، ياپونلارنىڭ

يۈزەكى كۆرۈنۈشى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى قانداقراق؟

ياپونلارنىڭ كۆپىنچىسى پلاش كىيىپ، بىر قولىنى پلاشنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، يەنە بىر قولىدا سومكا (ئەرلەر ئەرچە، ئاياللار ئايالچە) كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرۈشتىن ئاران ـ ئاران ئۆزىنى تۇ- تۇۋېلىۋاتقاندەك، گەۋدىسىنى سەل ئالدىغا تاشلاپ، تېز ـ تېز قە- دەم بىلەن ماڭىدىكەن. ئىككى يېنىغا قارىماسلىققا قەسەم ئىچ- كەندەك، پەقەت ئالدىغىلا كۆز تاشلايدىكەن. يول بويلىرىدا ھاڭۋاقتىلارچە ئۇياق ـ بۇياق قاراپ يۈرگەنلەرنى، بىر يەردە توخ- تىۋېلىپ پاراڭ سېلىۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولمايدىكەن.

ياپونىيىدە ۋوگزال، ماگىزىن ۋە باشقا جامائەت مۇئەسسەسە- لىرىدە چۈشىدىغان ـ چىقىدىغان پەلەمپەيلەرنىڭ ھەممىسى دې- گۈدەك سىيرىلما توك پەلەمپىيى ئىكەن، مەيلى قانداق پەلەمپەي- لەردە بولمىسۇن، پەلەمپەينىڭ سۈرئىتىگە قانائەت قىلمىغان يا- پونلار ئوڭ تەرەپ بىلەن چىقىپ ـ چۈشۈپ يۈرىدىكەن. پەلەمپەيمۇ ماڭىدىكەن، ئادەممۇ ماڭىدىكەن شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنى بىر ـ باراۋەر تېجەپ قالىدىكەن.

قىسقا يوللۇق ۋە ئۇزۇن يوللۇق پويىزلاردا پويىزغا چىققان ياپونلارنىڭ كۆپىنچىسى ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ كىتاب ـ ژۇرنال كۆرىدىكەن. بەزىلىرى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ مۈزىكا ئاڭلاي- دىكەن، يەنە بەزىلىرى بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ ئۇخلاپ كېتىدىكەن. قىزىق يېرى، بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشماي- دۇ ياكى ئادەت شۇنداقمۇ، ئۇلار يانمۇيان ئولتۇرغان تەقدىردىمۇ ئۆزئارا بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلاشمايدىكەن. جىددىيلىك ۋە ھار- غىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايلىرىدىن كۈلكە ياكى تەبەسسۇم دې- گەنلەرنى كۆرگىلى بولمايدىكەن.

بىز توكيونىڭ خېلى ئاۋات بىر يېرىدە كېتىۋېتىپ تۇۋرۈك-



ئوساكادىكى پادىشاھ سارىيى مەيدانىدا

لۇك ئېگىز يول ئاستىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. بىزگە ھەمراھ بو-
لۇۋاتقان لى جۇيجۇي ئەپەندى يول ئاستىدىكى بىكار يەردە قاتار
تىزىلىپ كەتكەن مەپە چوڭلۇقىدىكى قەغەز ساندۇقلارنى كۆرسى-
تىپ تۇرۇپ: «بۇ توكيودىكى ئالاھىدە بىر كۆرۈنۈش، ئاۋۇ سان-
دۇقلارنى تاشلىۋېتىلگەن بىكار ساندۇقلارمىكىن دەپ قالماڭلار.
ماگىزىنلاردىن چىقىرىۋېتىلگەن كىچىك قەغەز ساندۇقلارنى
تەكشىلەپ، شوينا ئارقىلىق تىكىپ تەييارلانغان بۇ قەغەز ئۆيلەر-
دە ئادەملەر تۇرىدۇ» دېدى. يېقىن بېرىپ قارىۋىدۇق، بۇ يوغان
قەغەز ساندۇقلار راستتىنلا ئادەملەرنىڭ ئولتۇراق «ئۆي» لىرى
ئىكەن. بۇ قەغەز ئۆيلەرنىڭ تۆت تەرىپىگە ئاجايىپ - غارايىپ
رەسىملەر، شەكىللەر، ھەتتا غەلىتە ئاياللارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈ-
لۈپتۇ. ھەمراھ بولغۇچىنىڭ دېيىشىچە، رىقابەت ئىنتايىن كەس-
كىن بولغان بۇ ئەلدە بەزى كارخانا، زاۋۇت، بانكىلار بىر كېچى-
دىلا ۋەيران بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنداق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرى-
مۇ بارلىق تەئەللۇقاتىنى قەرزگە ھېسابلاپ بېرىپ، گاڭسا -

جىسا بولۇپ كوچىدا قالىدىكەن. ھۆكۈمەتنىڭ نەپىقە، ئىجتىما-
ئىي قۇتقۇزۇش تارماقلىرى گەرچە بۇنداقلارغا ۋە باشقا ھەرقانداق
ئىشسىز قالغان پۇقراغا ھەر ئايدا 80 مىڭ يېن (خەلق پۇلىغا
نىسبەتلەشتۈرگەندە 5400 يۈەن ئەتراپىدا) قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە
بىر يۈرۈش ھەقسىز ئۆي بېرىپ تۇرسىمۇ (بۇنداق پۇل ۋە ئۆيلەر
ئۆي ئىگىسى مەلۇم كىرىمى بار ئىش تاپقان ھامان تەمىنلەشتىن
توختىتىلىدىكەن)، ئۇلارنىڭ شەھەر چېتىگىرەك جايلاشقان قۇت-
قۇزۇش ئۆيلىرىدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىكەن. قەغەز ئۆي كىچىك
بولغىنى بىلەن، ئۆي ئىچىدىكى ئورۇن - كۆرپە ۋە ئاددىي تۇر-
مۇش لازىمەتلىكلىرى خېلى رەتلىك قويۇلغانىكەن. بۇ كىشىلەر
مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغاچقا، مۇھىم گېزىت -
ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولىدىكەن ۋە مۇشتەرى بولغان گېزىت -
ژۇرناللىرىنى مۇشۇ قەغەز ئۆيلەرگە ئەكەلدۈرۈپ كۆرىدىكەن.

مەن توكيودىكى بۇ «مۆجىزە» گە قىزىقىپ بۇ قەغەز ئۆيلەر-
نى يىراقتىن تۇرۇپ سۈرەتكە ئالدىم. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي،
بىر قەغەز ئۆينىڭ ئىشىكىنى قايرىپ ئاپپاراتىمنى ئۆي ئىچىدە
گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان 50 ياشلاردىكى بىر كىشىگە توغرىلى-
ۋىدىم، ئۇ كىشى دەرھال يۈزىنى توسۇۋالدى ۋە قولىنى پۇلاڭلى-
تىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ مېنىڭ بۇ «قوپال» ھەرىكىتىمگە ئې-
تىراز بىلدۈردى. مەنمۇ باشقىلارنىڭ «مىللىي غۇرۇرى» غا ۋە
«كىشىلىك ھوقۇق» ىغا تېگىپ قويغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىپ بۇ
يەردىن دەرھال يىراقلاشتىم.

بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك كۆزىتىشلەرگە ئاساسلانغاندا، يا-
پونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بەكمۇ تېز ئىكەن. ئاياللارنىڭ
كۆپىنچىسى توي قىلغاندىن كېيىن خىزمەتتىن توختاپ ئۆي
ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، يۇقىرى ئىستېماللىق ئائىلى-


ۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى ھازىرلاش بېسىمى بىۋا-
ستە ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىكەن. بىر كۈنىنىڭ خېلى
كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئىش ۋاقتى ئۇلارنى ئوبدانلا چار-
چىتىپ قويىدىكەن. ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان شىن-
جاڭلىقلارنىڭ ۋە بىز كۆرۈشكەن ياپونلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە،
ياپون ئەرلىرى كەچ كىرىپ ئىشتىن چۈشكەن ھامان تۆت -
بەشتىن بولۇپ ئۇدۇل قاۋاقخانىلارغا جۆنەيدىكەن. قاۋاقخانا ۋە
كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئۈچ - تۆت سائەت ۋاقتىنى ئۆتكۈ-
زۈپ مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىرىگە
قايتىدىكەن. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ بىرنېمە دەپ كەتمەي-
دىكەن. چاقچاق قىلدىمۇ ياكى راست دەۋاتامدۇ بىلمىدىم، بىر يا-
پون ئەر: «ئەگەر ئىشتىن يېنىپ ئۇدۇل ئۆيگە بارساق، ئاياللىرى-
مىز بىزدىن خاپا بولىدۇ، بىرەر رومكا ھاراق ئىچمىشكە تەكلىپ
قىلغۇدەك يېقىن ئۆتىدىغان ئىشداشلىرىڭ يوق ئىكەن، ئىشداش-
لىرىڭ بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىكەنسەن دەپ ئەيىبلەيدۇ» دېدى. يەنە

توكيودىكى ياپونىيە پارلامېنت بىناسى ئالدىدا



بىر ياپون: ئەگەر ئۆيگە بەك كەچ قايتىپ قالساق، ئايالىمىزغا باشلىق بىلەن ھاراق ئىچتۇق، دەپ قويساقلا ئىش پۈتىدۇ، ئۇ چاغدا ئايالىمىز بىزنى باشلىقى ئالدىدا ئىناۋەتتى، يۈزى بار ئىكەن، دەرىجىسى ئۆسۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايدۇ ـ دە، خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، دېدى.

يۇمۇرلۇق ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر چاقچاق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمەلىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ياپونىيىنى ۋە ياپونلارنىڭ ئادىتىنى ئەتراپلىقراق كۆزەتكەندە، بۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەت بولۇشى ئېھتىمالىغا ئىنتايىن يېقىن. بۇنداق يەكۈن چىقىرىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، زىيارىتىمىزنىڭ بەشىنچى كۈنى بىز بىرنەچچە سەپداش ۋە توكيو مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئەركىن ئېلىمىز خەلقى بىلەن دوست ئۆتىدىغان، شىنجاڭدا، جۇملىدىن خوتەندە بىرقانچە قېتىم ساياھەتتە بولغان چىنە ـ تەخسە سودىگىرى سۇنتىيەن ئەپەندى ھەم ئۇنىڭ خانىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر ۋاخ تاماقتا بىللە بولدۇق. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن گىنزا رايونىدىكى قاۋاقخانىلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. قاۋاقخانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ چىرايلىق بېزەلگەنىكەن. قاۋاقخانا خوجايىنى 50 ياشلاردىكى بىر ئايال بولۇپ، مەيلى كۈتكۈچى قىزلار بولسۇن ياكى خوجايىن بولسۇن ھەممىسى چېچىنى تېپىك ياپون پاسونىدا ياساپ، ياپونچە كىيىنگەنىكەن. بەلكى ھېلىقىدەك ئىشتىن ئۆدۈل بۇ يەرگە كەلگەن خىزمەتچى، ئىشچىلار بولسا كېرەك، رەتلىك كىيىنگەن بىرقانچە ئەركەك خىزمەت سومكىسىنى يېنىدا قويغان پېتى كۆممىقوناق پاقپىقى، گازىر، قورۇتۇلغان بېلىق قاتارلىقلارنى زاكۇسكا قىلىپ ۋىسكى ئىچىۋېتىپتۇ، گەرچە ئۇلار كۈتكۈچى قىزلار بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ھەرىكەتلىرىدە كۆزگە سىغـ



ئوساكا شەھەر مەركىزىدىكى يېشىل كۆل

مايدىغان (بىزنىڭ كۆزىمىزگە) ناشايانلىق يوق. نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى زىنھار ئۇقمىساقمۇ، لېكىن خىزمەت سومكىسىنىڭ يېنىدىلا تۇرغىنىغا قاراپ ئۇلارنى ئىش ئورنىدىن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلگەن دەپ قىياس قىلغىلى ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز بىلەن باغلاپ قارىغىلى بولىدىكەن.

## 6. ياپونىيىدە ئىستېمال

ياپونىيىگە مېڭىش ئالدىدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىزگە ياپونىيىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قەيت قىلىنغان بىر ئەسلەتمىنى تارقىتىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدا ياپونىيىدىكى مال باھاسى ئامېرىكىدىكى ئوخشاش مالنىڭ باھاسىدىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى، دېيىلگەنىكەن. بىز بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي سەپەرگە ئاتلاندۇق ۋە توكيوغا قەدەم تاشلىغان تۇنجى كۈنىلا بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر

بولدۇق.

ئەمدى گەپنى كۆندىلىك يېمەكلىكلەردىن باشلايلى: بىز چۈشكەن مېھمانخانا توكيو شەھىرىنىڭ ئۈنيو رايونىغا جايلاشقان «ھەپتىلىك مېھمانخانا» بولۇپ، كۆلىمى سەل كىچىكرەك بولغان بۇ مېھمانخانا ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەپتىلىك مېھمانخانا ئىكەن. بۇ يەرگە چۈشكەن مېھمانلار جەزمەن بىر ھەپتىدىن ئارتۇق تۇرۇشى لازىم ئىكەن. ياتاقلىرى كىچىكرەك، لېكىن سەرەمجانلىرى تولۇق بولۇپ، مېھمانلار ئۆز ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالىدىكەن، ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتىن تارتىپ، ياتاق تازىلاشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مېھمانلار ئۆزى قىلىدىكەن. مەخسۇس خىزمەتچى خادىم قويۇلمايدىكەن.

گەپنىڭ قىزىقى بۇ يەردىكى، بۇ مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرىدا مەخسۇس بىر تام ئىشكاپى بولۇپ، ئىشكاپقا مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، ئاشتاختا، قازان - قومۇچ، نوگاي، چىنە - قاچا، پىچاق دېگەندەك ئاشخانا سايمانلىرى قويۇلغانىكەن. ياتاقتا ياتىدىغانلار تاماق ئېتىپ يېسىمۇ بولىدىكەن.

توكيو ئاشخانىلىرىدىكى بىر قاچىسى 1000 يېنىغا (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 65.8 يۈەن) توختايدىغان تېز تاماقتىن (ياپونىيە تەرەپ ئورۇنلاشتۇرغان. بىر چۆمۈچ گۈرۈچ ئېشى، بىر چۆمۈچ قورۇلغان كالا گۆشى، بىر چۆمۈچ خام سەي، بىر چۆمۈچ كۆكتات شورپىسىدىن ئىبارەت تاماق) سەپىرىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنىلا زېرىكتۇق ۋە قەشقەردىن كەلگەن سەپەردىشىمىز ئابدۇنەبىجان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەر كۈنى بىر ۋاخ تاماق ئېتىپ يەيدىغان بولدۇق. توكيودىكى كىچىكرەك بىر يېمەكلىكلەر ماگىزىنىغا كىرىپ، شەرەت قىلىپ يۇرۇپ كالا گۆشى سېتىۋالدۇق. قالغان خام ماتېرىياللارنى بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يۇرۇپ تاللاپ

ئالدۇق. ئەگەر توكيودا بولماي ئۈرۈمچىدە ياكى قەشقەردە بولغان بولساق، بۇ خام ماتېرىياللارنىڭ باھاسىغا قاراپلا ھوشىمىزدىن كەتكەن بولار ئىدۇق. بىز سېتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ تەخمىنىي باھاسى مۇنداق: ئىككى باش پىياز (نېپىز سۇلياۋ قەغەز بىلەن قاپلانغان): 220 يېن (خەلق پۇلىغا 14 يۈەن). ئىككى باش سەۋزە (سۇلياۋ بىلەن قاپلانغان، يۇيۇلغان، قىرىلغان): 300 يېن (خەلق پۇلىغا 9.44 يۈەن). بىر تۇتام پالەك (سۇلياۋ بىلەن قاپلانغان، يۇيۇلغان، ئاقلانغان): 180 يېن (خەلق پۇلىغا 11.16 يۈەن). بىر كىلوگرام گۈرۈچ (بىر خالتا گۈرۈچ): 320 يېن، (خەلق پۇلىغا 20.20 يۈەن). بىر تۇخۇم: 180 يېن (خەلق پۇلىغا 10.58 يۈەن) ۋەھاكازالار. بۇ يەردىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنىدىن ھەرقانداق نەرسە تېپىلغىنى ئۈچۈن بىز يەنە پۇرچاق مېيى، لازا مېيى، كاللەكبەسەي، ئاچچىقسۇ، تۇز دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ سېتىۋالدۇق.


يەر ئاستى ۋوگزالىدىكى ھەقسىز گېزىت ـ ژۇرناللار



ئەگەر ياپونىيىدە ئىشلەنگەن ھەر خىل ئائىلە ئېلېكتىر ساي-
مانلىرىنىڭ ياپونىيە بازارلىرىدىكى باھاسى جۇڭگودىكى بىلەن
ئوخشاش ياكى سەل قىممەت دېيىلسە، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەل-
كى ئىشەنگۈسى كەلمەس. ئەمما، بۇ گەپنىڭ ھەرگىز مۇبالىغە
قىلىنغان يېرى يوق. بەزى ئوقۇرمەنلىرىمىز يەنە، ياپونىيىدىن
ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ جۇڭگو بازارلىرىدىكى باھاسى
قانداقسىگە ياپونىيىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، دەپ سورىشى
مۇمكىن. دەسلەپتە مەندىمۇ شۇنداق سوئال تۇغۇلغاچقا، خەۋەردار
كىشىلەردىن سورىدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ياپونىيە ئۆز ماللى-
رىنىڭ چەت ئەللەردە بازار تېپىشى ۋە تېز سېتىلىشى ئۈچۈن
ماللىرىنى خېلى ئەرزان باھادا ئېكسپورت قىلىدىكەن. بۇ ھال
بىزنىڭ بىر سانتانا پىكاپىنى جۇڭگو بازارلىرىدا 120 — 130
مىڭ يۈەنگە سېتىپ، چەت ئەللەرگە 8000 — 9000 دوللارغا
(خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 70 — 80 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدۇ)
ساتقىنىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىكەن.

ياپونىيىدە يېمەك - ئىچمەك، ئېلېكتىر سايمانلىرى قىممەت
بولۇپلا قالماي، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ھەرقانداق تاۋارمۇ
قىممەت بولىدىكەن. ئەرلەرنىڭ ياپونىيىچە 2 - دەرىجىگە ياتىدى-
غان (بىزدىكى 1 - دەرىجىلىك ياگور، شىچى قاتارلىق داڭلىق كى-
يىملەرگە تەڭ تۇرىدۇ) بىرقۇر شىم - كاستۇم خەلق پۇلىغا 4000
يۈەنلەرگە توختايدىكەن.

مەن نارا شەھىرىدىكى بىر ساياھەت رايونىدا كېتىۋېتىپ،
شۇ يەرلىك بىر بوۋاينىڭ يول بويىدا ناھايىتى ئوبدان پىشۇرۇلغان
تاتلىقياڭيۇ سېتىۋاتقىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ۋە سەپەرداشلى-
رىم قاتارىدا 200 گرام كەلگۈدەك بىر تاتلىقياڭيۇ سېتىۋالدىم.
بۇ ياڭيۇ ئۈچۈن 370 يېن (خەلق پۇلىغا 24.55 يۈەن) تۆلىگەن



توكيودىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈش — مۇساپىرلارنىڭ قەغەز ئۆيى

چېغىمدا، دەرھال ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا بالىلار بىر يۇەنگە بىردىن ئېلىپ يەيدىغان ساپسېرىق تاتلىقياڭيۇ يادىمغا كېچىپ قالدى.

بىراق، ياپونىيىدىكى مال باھاسىدىن يەرلىك ياپونلار ئانچە چۆچۈپ كەتمىسە كېرەك. چۈنكى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندا، مال باھاسى شۇ يەردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ كىرىم ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، ياپونىيىلىكلەر بىلەن جۇڭگو-لۇقلارنىڭ كىرىم پەرقى قانچىلىك چوڭ بولسا، ياپونىيىدىكى مال باھاسى بىلەن جۇڭگودىكى مال باھاسىنىڭ پەرقىمۇ جەزمەن شۇنچىلىك چوڭ بولۇشى كېرەك.

ئۇنداقتا، ياپونىيىلىكلەر ئىستېمالغا قانداق مۇئامىلىدە بو-لىدۇ؟ مەزكۇر ماقالەمنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ياپونلار كىيىنىشتە بەك قېتىپ - غادىيىپ كەتمەيدىكەن، ئادەت-تىكى كۈنلەر بىلەن بايرام كۈنلىرىنى، ئۆي بىلەن ئىدارىنى، سا-ياھەت مۇھىتى بىلەن ئىش مۇھىتىنى پەرقلەندۈرۈپ كىيىنىدى-


كەن. بىز كوچا - كويلاردا، سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرىدا ياپونلارنىڭ بەكلا ئاددىي كىيىنگىنىنى، ئەمما بىز زىيارەتتە بولغان مەكتەپ، كارخانا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئۇلارنىڭ سۇۋارىسىغا يېڭى كاستۇم كىيىپ، چىرايلىق گالستۇكلارنى تاقىۋالغىنىنى كۆردۇق. بۇ ھال بىزدىكىدەك، توي - تۆكۈن، تالا - تۇزدە ئەڭ ئوبدان كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغان، ئىشخانا، ئورگانلارغا ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىپ كېلىدىغان ئادەتنىڭ تامامەن تەتۈرىچە ئىكەن.

گەپ ئىستېمال ۋە كىيىنىش ئۈستىدە كېتىۋاتقانىكەن، ئوقۇرمەنلىرىمگە مۇنداق بىر كۈلكىلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بەرمىسەم بولمايدۇ.

سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، «ۋەتەنپەرۋەرلىكىم» ۋە «مىللىي غۇرۇرۇم» غالىب كېلىپ، «ياپونىيىدەك بىر مەدەنىي ئەلگە بارغانىكەنمەن، پۇلدا پىخسىقلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە قالسام ئەپلەشمەس» دېگەن ئويدا بولدۇم، بىر كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ياپونىيىگە بارغاندا كىيىش ئۈچۈن 2500 يۈەنگە «ياگور» ماركىلىق داڭلىق كاستۇمدىن بىرقۇر سېتىۋالدىم. بۇ كىيىمنى يولدىمۇ، شاڭخەيدىمۇ كىيىشكە كۆزۈم قىيمىدى.

توكيوغا بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى بىز كۈنتەرتىپ بويىچە مەشھۇر دىسنىي باغچىسىغا بارىدىغان بولدۇق، مەنمۇ ئەتىگەندىلا چامادانىمدا توكيودىكى «ھەپتىلىك مېھمانخانا»دا قېتى بۇزۇلماي تۇرغان ھېلىقى كىيىمنى كىيىۋالدىم. بىراق، دىسنىيغا بارىدىغان يەر ئاستى پويىزىغا چىقىپلا غەلىتە بىر خىل قورۇنۇش ئىچىدە قالدىم. قارىسام، يەرلىك ياپونلار بەكمۇ ئاددىي كىيىملەرنى كىيىۋاپتۇ، ساياھەتچى سىياقىدىكى چەت ئەللىكلەرمۇ ئاددىيلا كىيىنىۋاپتۇ. گالستۇك تاقىۋالغانلارمۇ ئانچە كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 177 سانتىمېتىر كېلىدىغان بوي - بەستىم يا-

پونلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىققاچقا، ھەممە ئادەم مېنى مازاق قىلىۋاتقاندەك ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دىسنىي باغچىسىغا بارغاندا بۇنداق ھال تېخىمۇ ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ياپونلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر كىيىنىشتە مەيدانغا قاراپ كىيىنىش، مۇراسىم بىلەن ساياھەتنى پەرقلەندۈرۈپ كىيىنىش ئادىتى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن. مەن ئەتراپىمدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارغا ئۆزۈمنىڭ كىيىنىشىمنى سېلىشتۇرغانسېرى بۇگۈنكى پائالىيەتلەرنىڭ بالدۇرراق ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم ۋە ياتاققا قايتقان ھامان مېنى بىئارام قىلغان كىيىممنى سېلىپ چامادانغا تىقىۋەتتىم. شۇ تىقىۋەتكەنچە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە بولسا سېتىۋالغىلى ئىككى يىل بولغان، خېلىلا ئۆڭۈپ كەتكەن بىر قۇر كاستۇممنى كىيىۋالغاندىم، ياپونلار بىلەن بولغان پەرقىم بىردىنلا كىچىكلىدى، ئۆزۈمنىمۇ ئەركىن ھېس قىلىدىغان بولدۇم.



توكيودىكى «ھەپتىلىك مېھمانخانا» دا

بىز خېلى - خېلى رېستورانلاردا بولغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ يەردە بىرەر ئۇستەللىك مېھمان چاقىرغان، ئالدىغا ئۇنلاپ


تەخسىنى تىزبۇيلىپ هاراق ئىچىدىغان كۆرۈنۈشنى زادىلا كۆر-مىدۇق. ئائىلاشلارغا قارىغاندا، ياپونلار ئاساسەن تەييار يېمەكلىك-لەرگە ئۆگىنىپ كەتكەنىكەن. ئىشداشلار ياكى دوست - بۇرادەر-لەر تاماققا بىر يەرگە كېلىپ قالسىمۇ، ھەتتا بىر - بىرىنى چىللاپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆز تامىقىنى ئۆزى يەيدىكەن، بەزى-دە پۇلنىمۇ ھەركىم ئۆزى تۆلەيدىكەن. ھۆكۈمەت تەرەپ پارلامېنت يىغىنى ئۆتكۈزسىمۇ، تاماق ۋاقتىدا بىر كىشىگە بىر يۈرۈشتىن تەييار تاماق تارقىتىپ بېرىلىدىكەن، تاماقنى ئۆرە تۇرۇپ يەپ بولۇپلا يىغىننى داۋام قىلىشىدىكەن. بۇ ئارقىلىق بۇزۇپ - چېچىشتىن، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىدىكەن.

مېنىڭ «ياپونلار پۇلنى شۇنچە كۆپ تاپىدىكەنۇ، يا كىيىمىسە، يا ئىچمىسە، بۇ پۇلنى نەگە خەجلەيدىغاندۇ» دېگەن سوئالىمغا بىر خەۋەردار كىشى: «ئۇلار پۇل تاپقان بىلەن پۇل تېجەشنىمۇ بىلىدۇ. پەيتى كەلسە تاپقان پۇلنى قايسىبىر شىركەتكە پاي قىلىپ قوشىدۇ، پاي چېكى سېتىۋېلىپ پۇلنى دومىلىتىدۇ، پەيتى كەل-سە چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

سەپەرداشلىرىمىز ياپونىيىگە بىرقانچە مىڭ دوللاردىن پۇل ئېلىۋېلىشقان بولسىمۇ، بەزىلەر ئۇ يەردىن ئانچە كۆپ نەرسە سېتىۋالمىدى. ئۇلار « ياپونلار شۇنچە باي تۇرۇقلۇقمۇ پۇلنى بۇ-زۇپ - چاچمايدىكەن، كىيىنىشى، يېمەك - ئىچمىكىمۇ بىزنىڭ-كىدىن ئاددىي ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى، پۇلنى قايتۇرۇپ كېتىپ، بالىلىرىمىز ئۈچۈن خەجلەيلى، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەيلى» دېيىشتى.

## 7. شىنجاڭلىقلار ياپونىيىدە

ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل



توكيودىكى «ھەپتىلىك مېھمانخانا» نىڭ ياتىقى

ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ياپونىيە ئارىلىنى «جاباغان» ئېلى دەپ ئاتىغىنىغا ۋە ئۇنى دىۋاندىكى مەشھۇر يۇملاق خەرىتىگە كىرگۈزگىنىگە قارىغاندا، ئەقىللىق ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەشقەردىن تۈز سىزىق بويىچە تەخمىنەن 7800 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان بۇ زېمىننى قاراخانىيلار دەۋرىدە رەسمىي قەلەمگە ئالغان.

بىراق، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ياپون ئېلىنى پەقەت شۇ دەۋرگە كەلگەندىلا ئاندىن بىلگەن دېگەن مەنە چىقمايدىغانلىقى ئۇچۇن، مۇنداق بىر پاكىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئۇيغۇرلار مىلادىيە 840 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆز قېرىنداشلىرى يېنىغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئورخۇن بويلىرىدا، يەنى ياپون ئارىلىغا تۈز سىزىق بويىچە تەخمىنەن 3000 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يېقىن جايدا ياشىغان. «كونا تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» دىكى مەلۇ-

ماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەتتا ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىراققا يۈ-
رۈش قىلغۇچى لەشكەرلىرى قاتارىدا تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەندۈك
تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق پيۇڭيالڭ (بۇگۇنكى
پىڭراڭ) شەھىرىنى تىنچلاندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. يۇگو-
رۇك جەڭ ئاتلىرى ياپون دېڭىزى ساھىللىرىدا خېلى چوڭقۇر ئىز
قالدۇرغان.

بۇ ھال بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ياپونىيىنى بىلىشى
ئەنە شۇ زامانلاردا باشلانغان ۋە پەقەت قاراخانىيلار دەۋرىگە كەل-
گەندە ئاندىن خاتىرىگە ئېلىنغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا
مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ.

بىراق، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ پۇقراسى
سۈپىتىدە ياپونىيىگە بېرىپ ئۆگىنىش، ئىلىم ئىزدەش تارىخى
پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستى، شۇنداقلا مىللىي
سىياسىتىنىڭ شاراپىتىدە ئاندىن رەسمىي باشلاندى. ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن تاللانغان ھەر مىللەت ئوقۇ-
غۇچىلىرى تۇركۇم ۋە باسقۇچلار بويىچە ياپونىيىگە ئەۋەتىلدى.
ۋەتەن - ئەل ئۇمىدى ۋە ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولى-
دىغان بۇ قىممەتلىك پۇرسەت ئۇلارنى بۇ پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يې-
تىشكە ئۈندىدى. شۇنداق قىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەر، جۈملى-
دىن ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىن ياپونىيىدە ئوقۇپ ئۇنۋان ئال-
غانلار سالماقلىق بىر تەرەپنى ئىگىلىدى. بىراق، بۇ رېئاللىق،
ياپونىيىدە ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىشنى بازاردىن ياپون مېلىغا تەق-
لىد قىلىپ ئىشلەنگەن ئەرزان بىر مالنى سېتىۋالغاندەك ئوڭاي
چاغلايدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىگە «نېمە ئۈچۈن ياپو-
نىيىگە بارغانلىكى ئوقۇغۇچى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئەكېلىدۇ»
دەپ سوراق قويۇشىغا سەۋەب بولدى. مەن ياپونىيىدىن قايتىپ



توكيودىكى ئاۋات گىنزا رايونى

كەلگەندىن كېيىن، چەت
ئەل ئەھۋالىغا قىزىقىدى-
غان، ياپونىيىدە ئۇنۋان ئې-
لىشنى ئەنە شۇنداق ئاسان
دەپ ھېسابلايدىغان بىرەي-
لەننىڭ مەندىن: «قارىغاندا،
ياپونىيىدە بىرەر يىلنى
ئۆتكۈزسىلا دوكتورلۇق
قالپىقىنى كىيدۈرۈپ قو-
يىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ
سورىدى. بىر - ئىككى ئې-
غىز گەپ بىلەنلا ئۇنىڭ
گۇمانىنى يوق قىلالمايدى-
غانلىقىمغا ئىشەنگىنىم
ئۈچۈن، مەن پەقەت مەنى-
لىك كۇلۇپ قويۇش بىلەنلا
ئىشنى تۈگەتتىم، ئىلىم
ئىزدەپ ئۆز ئېلىدىن ئاي-
رىلغان، ئۇنۋان ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن جاپاكەش قېرىنداشلىرىنى
چۈشەنمەيدىغان، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەمسىتىدىغان
بۇنداق كىشلەر جاۋابسىز قېلىشى كېرەك دەپ ئويلىدىم.

دۇرۇس، كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ يېڭىپ بولمايدىغان ئا-
جىزلىقى تۈپەيلى، ياپون جەمئىيىتىدىمۇ ئاز بولمىغان ئىللەت-
لەر بار، ئىلمىي ئۇنۋاننى ۋە ئىلمىي دىپلومنى تاۋار ئورنىدا
كۆرىدىغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، كۆرگەن -
ئاڭلىغانلىرىمنىڭ يەكۇنى سۈپىتىدە مۇنداق بىر نۇقتىنى مۇ-

ئەيىەنلەشتۈرەلەيمەنكى، مائارىپ ساپاسىغا 100 يىللاپ ئەھمە-يەت بېرىپ كەلگەن ياپونىيىدە، ئىمتىھان ۋە باھالاش تۈزۈمى خېلى مۇكەممەللەشكەن بۇ ئەلدە، ئالىي ئۇنىۋان ئېلىش ئۈچۈن يىل - يىللاپ قان - تەر ئاقتۇرۇش، خېلى - خېلى بەدەللەرنى تۆلەش كېرەك.

ئەسلىي تېمىمىزغا قايتىپ كەلسەك، توكيو مېدىتسىنا ئۇ-نىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئەركىن مۇشۇ كۈنلەردە ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋە ئوقۇپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار 200 گە يې-تەرمىكىن، دېدى. يەنە بىرەيلەن 200 گە يەتمەس، ئېھتىمال 170 چە چىقار، دېدى. مەيلى 200 بولسۇن، مەيلى 170 بولسۇن، تونۇش بولسۇن ياكى ناتونۇش بولسۇن، ئۇلار بىزنى يوقلاپ كەل-دى. ھالىغا يارىشا مېھمان قىلدى. ھەمراھ بولۇپ، تىلىمىزدىكى توسالغۇنى يوق قىلدى. ئارىلاشقان ۋاقىت قىسقا، چۈشىنىش يۈ-زەكى بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىمكى، ئۇلار ئالدىنقى قاتاردىكى زامانىۋى شەھەرلەردە تۇرغىنى بىلەن يەنىلا ئۆز ۋەتىنىنى، قېرىنداشلىرىنى سېغىنىدىكەن، ئامال قىلىپ بىلىم ئېگىلەپ ياكى پۇل تېپىپ ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلايدىكەن.

تۆۋەندە، ياپونىيىدە مەن ئۇچراتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆزلەپ بەر-مەكچىمەن.

غولام — ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز، ئەمما كۆلگۈنچەك يى-گىت بولۇپ، ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتىن ياپونىيىگە كېلىپ ئوساكا شەھىرىنىڭ شەھەرچىسى ساكايدىكى فورسىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سىڭلىسى مەلىكە ئەڭ ئاۋۋال ياپونىيىگە كەلگەنىكەن. ئۇ ھازىر ئوساكا ئۇ-

نىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاشتىلىقتا ئوقۇۋېتىپتۇ. غۇلامنىڭ قا-
نۇنلۇق ۋاستىسى بىلەن ئىنىسى، ئايالى، ئايالىنىڭ سىڭلىسى
ئوساكاغا كەلتۈرۈلۈپ ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. سەككىز -
توققۇز ياشلاردىكى ئوغلى ئىككى ياش ۋاقتىدىلا ئوساكاغا ئەكې-
لىنگەن بولۇپ، ھازىر بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا
ئوقۇيدىكەن. تېخى ئۇ تامامەن ياپون باللىرىدىن تەركىب تاپقان
بىر سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى ئىكەن. ئۇنىڭ چىراي - تۇر-
قىغا، بوي - بەستىگە، بولۇپمۇ ياپونچىنى ياپون باللىرىدەك
سۆزلىگىنىگە قاراپ، بىلمىگەن كىشى ئۇنىڭغا «ئەجەب ساغلام
ئۆسكەن ياپون بالىسىكەن بۇ» دېگەن باھانى بېرىشى مۇمكىن
ئىكەن. ياپون باللىرى ئۇنى دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇچە تە-
لەپپۇزى بىلەن «ۋۇلامۇ» دەپ چاقىرىدىكەن. ئاتا - ئانىسىنىڭ
تەربىيىسىدىن بولسا كېرەك، بۇ بالا ئۇيغۇرچىنى خېلى راۋان
سۆزلەيدىكەن. بىز ئۇلارنىڭكىدە مېھمان بولۇۋاتقاندا ئۇ بىز بار
ئۆيگە كىرىپ غۇلامنىڭ ئەسكەرتىشى بىلەن بىزدىن ئەھۋال سو-
رىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزىدا قويۇق تۇرپان ئاھاڭى بارلى-
قىغا قاراپ ئۇنى « ياپونىيىدە ئەقىل تاپقان تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۆز
ئەسلىنى ئۇنتۇماپتۇ» دەپ ئەركىلەتتۇق.

ئەسلىدە، ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ دوكتورلۇق مەر-
تىۋىسى بىلەن نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇ-
چىلىق قىلىۋاتقان مۇختار دەيدىغان بىرەيلەن بار ئىكەن. ئۆز
ۋاقتىدا ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا
ئوقۇغانىكەن. كېيىنچە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ
ئەۋەتىشى بىلەن ياپونىيىدە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى
كەسپىدە دوكتور بولغانىكەن. ئۇ يەنە ئامېرىكىدىمۇ ئالىي مەك-
تەپلەردە دەرس سۆزلەپ تۇرىدىكەن، ئۆزى يەنە بىر كومپيۇتېر

يۇمشاق دېتاللىرى شىركىتى ئىچىپتۇدەك.

مۇختار ئۆمىكىمىز تەركىبىدىكى بىرقانچە كىشى بىلەن ئەسلىدىلا تونۇشىدىغان بولۇپ، ئۇ كونا تونۇشلىرىنىڭ ئوساكاغا كېلىدىغىنىنى ئاڭلاپ شۇ يەردە ساقلىغانىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ پا- ئالىيەت كۈنتەرتىپى بۇرۇنلا تۈزۈلۈپ كەتكەچكە، ئالدىراپ تۇك- يوغا كېتىپ قاپتۇ ۋە بىزنى كۈتۈش ۋەزىپىسىنى غۇلامغا تاپشۇ- رۇپتۇ. 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى غۇلام كىچىك ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ساكايدىن چۈشكەن «كانساي» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە بىز بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسى كەچكە ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بىراق، ئەتىسى مەن كوچىغا چىقىپ كېتىپ ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدىم. غۇلام ئىككى سائەتچە ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن بىرقانچە سەپەرداشىمىزنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىپ قاپتۇ. بىراق، غۇلام ئەتىسى ئەتىگەندىلا مېھمانخانىغا تېلېفون قىلىپ نېمىلا بولسۇن ئۆيىگە پاتىھە قىلمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئېيت- تى. غۇلامنىڭ كېيىن ئېيتىپ بېرىشىچە ئالدىنقى كۈنى ئۆيىگە مېھمانغا بارغانلار سۆھبەت ئارىلىقىدا ئىسمىمنى بىرقانچە قې- تىم تىلغا ئاپتۇ، شۇ چاغدا غۇلامنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسىمۇ مېھمانلار بىلەن بىللە ئىكەن. ئۇ سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ مېنىڭمۇ مۇشۇ ئۆمەك تەركىبىدە ئوساكادا تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلگەندىن كې- يىن ئاكىسىغا: «بۇ كىشى چوڭ يازغۇچى، مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىـ- رىنى ئوقۇغان، ئوساكاغا كەلگەنىكەن، ئۆيىمىزگە چىللاپ كېلىپ ھۆرمىتىنى قىلمىساق بولمايدۇ» دەپتۇ ۋە غۇلامغا مەن بىلەن ئالاقىلىشىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. مەن ئۆزۈمنى «كاتتا يازغۇ- چى» دېيەلمىسەممۇ، ئەمما ئوساكادا مېنى بىلىدىغان، ئەسىرىمنى ئوقۇغان بىرەر ئادەمنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، غۇلامنىڭ

تەكلىپىنى تۈزۈتىسىزلا قوبۇل قىلدىم.

ساكاي شەھەرچىسى ماقالەمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئېيتقاندەك، ئوساكا شەھەر مەركىزىگە ئالاھازەل 40 ــ 50 كىلومېتىرچە كېلىدىكەن، غۇلام مېنى ۋە باشقا ئىككى سەپەرداشىمنى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئوساكانىڭ بىز كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن رايونلىرىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقىنى مەكتەپ تەرەپتىن تەمىنلىگەن تەخمىنەن ئۈچ ئېغىزلىق، دالانلىق ئۆي ئىكەن. ئۆي جاھازلىرى ياپون پاسونىدا بولۇپ، ئۇلارمۇ ياپونلارغا ئوخشاش پاكار شىرەنى چۆرىدەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىكەن.

بىز چاي ئوتلاپ بولغۇچە غۇلامنىڭ ئايالى ۋە سىڭلىسى ئوخشىغان لەغمەن ئەكەلدى. ئۆز يۇرتىمىزدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئەلدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆيىمىزدىكىدەك لەغمەن يېيەلىگىنىمىز ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىمىزدىن خۇشال بولغاچ، ياۋروپادىكى قايسىدۇر بىر مەملىكەتتە ئىشلىگەن يۇقىرى گرادۇسلۇق ۋوتكىدىن بىر بوتۇلكىنى قۇرۇقدىۋەتتۇق. پاراڭلاردىن شۇنى بىلدىمكى، غۇلام ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن يۈك ئاپتوموبىلى ھەيدەپ، مەلۇم بىر قۇرۇلۇش ـ بېزەكچىلىك شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن. ئالىدىغان سائەتلىك ئىش ھەققى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇش، تۇرمۇش ياردەم پۇلىنىڭ كېمىنى تولۇقلاشقا يېتىدىكەن. يۇقىرى ئىستېماللىق جەمئىيەتتە تۆت جانلىق بىر ئائىلىنىڭ خىراجىتىدىن ئۆزگە، يەنە ئاپتوموبىلنى بېقىشى، ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ئاپتوموبىل توختىتىدىغىنى ئۈچۈنلا ئېيىغا 40 مىڭ يېن ياپون پۇلى تۆلىشى لازىم ئىكەن.

ــ لەغمەننىڭ قورۇمىسىنى قوي گۆشىدە قورۇپسىلەر، قوي

گۆشنى نەدىن ئالىسىلەر؟

— ئوساكادا، ساكايدا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ كونسۇلخانىلىرى، سودا ۋاكالەتخانىلىرى بار. ئۇلارغا تېلېفون بېرىۋەتسەكلا قوي گۆشىنى بازار باھاسىدا سېتىپ بېرىدۇ.

— ياپونلار ئادەتتە قوي گۆشى يېمەمدۇ؟

— يەيدۇ، لېكىن يېيىش ئۇسۇلى بىزدىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئايرىم ئاشپۇزۇللاردا بىزنىڭ قازىنىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كاۋاپدان بار، قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ، ئىچىنى ئوت بىلەن قىزىتىدۇ، يالپاقلانغان قوي گۆشىنى قازاننىڭ سىرتىغا چاپلايدۇ-دە، كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. بەزى ياپونلار قوي گۆشىنى «چىڭگىزخان» دەپ ئاتايدۇ، بۇنداق «تەتۈر قازان» كاۋىپى يېسە «چىڭگىزخان يېدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قوي گۆشىنى قوي باقىدىغان چارۋىچى قوۋمنىڭ چوڭ قاغانى چىڭگىزخان بىلەن باغلاپ قارىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ياپونلار چىڭگىزخاننى بەك چوڭ بىلىدۇ. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىنى ھەتتا موڭغۇللار بىلەن باغلاپ قارايدۇ.

— بىز ياپونىيە ئاشپۇزۇللىرىدا كالا گۆشى يەپ باقتۇق، تەمى خېلىلا ياخشى ئىكەن، پاقلان گۆشىدەك يۇمشاق پىشىدىكەن، قارا گۆش ئارىسىدىمۇ نېپىز ماي بولىدىكەن. بۇ ئالاھىدە نەسىللىك كالىنىڭ گۆشىمۇ ياكى چەت ئەلدىن كەلتۈرۈلگەنمۇ؟

— ياپونلار دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن قالسىلا كالا گۆشىنى يۇقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىك دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، كالا گۆشى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. گۆش كالىلىرىنىڭ نەسلىمۇ بىزدىكى نەسىللىك گۆش كالىلىرىدىن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بىراق، ئۇلار ھەربىر بوردىلىدىغان كالىغا كۈنىگە ئىككى بوتۇلكا پىۋا ئىچۈرىدىكەن. كالا گۆشىنىڭ ياخشى بولۇ-

شىدا، مېنىڭچە، پېۋىنىڭ رولى چوڭمىكىن دەپ قارايمەن···

بىز توكيوغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا توكيودىكى مېدىت-
سىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئەركىن دېگەن يىگىت بىزنى
يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئۆمىكىمىز تەركىبىدىكى خوتەنلىك ئاغىنىلەر
بىلەن بۇرۇنلا تونۇشىدىكەن. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكو-
مىدا ئىشلەۋاتقاندا، مېنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىشخانامغىمۇ كەلگە-
نىكەن. ئۇ مىجەزى ئوچۇق، قىزغىن يىگىت بولغاچقىمۇ، بىر
كۆرۈشۈپلا كونا تونۇشلار-
دەك بولۇپ كەتتۇق. ئۇ ئۆ-
زى بىلەن بىللە كەلگەن
ئېزىز دېگەن يىگىت بىلەن
بىللە كەچلىكى بىزنى توك-
يو شەھىرىنىڭ مۇھىم
رايونلىرىنى بىر - ئىككى
قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقتى.
مال سېتىۋېلىشىمىزغا يار-
دەمدە بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
ياپونىيىدىكى تۇرمۇشى،
ئۆگىنىشى ئۈستىدە توخ-
تىلىپ: «ئاساسلىق خىرا-
جەتنى ھۆكۈمىتىمىز بېرى-
دۇ. ئوبدان ئوقۇساق ئو-
قۇۋاتقان مەكتىپىمىزمۇ
ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن
تەمىنلەيدۇ. ياپونلار بىزگە
خېلى يېقىنچىلىق قىلىدۇ.

مەشھۇر «دىسنىي باغچىسى» ئالدىدا



مەسىلەن ئالساق، ياتىقىمىز جايلاشقان يەر توكيو شەھەر مەركى-زىدىن بىر سائەتلىك يول. ئالتە ـ يەتتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بىللە تۇرىمىز. بىز تۇرغان ياتاق ـ ئۆيلەر بىر يەر ـ زېمىن ئىگىسى-نىڭ بولۇپ، بۇ ياشانغان ياپون بىزدىن بىر تىيىنمۇ ھەق ئالماي-دۇ. تۇرمۇشىمىزغىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ياردەمدە بولىدۇ. ئۇ تېخى ئۆزىگە ئوخشاش بىرقانچە پۇللۇق ياپونغا خىزمەت ئىشلەپ ئىئانە توپلاۋاتىدۇ، بۇ ئىئانە بىلەن شىنجاڭنىڭ يېزىگە مەكتەپلەر سې-لىپ بېرىمەن، دەيدۇ» دېدى. ئەركىن يەنە مۇشۇ ياپون پومېشچى-كىغا ئوخشاش، مەملىكىتىمىزگە دوستانە مۇئامىلىدە بولىۋاتقا-نلارنى، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىي ياردەم كۆرسىتىۋاتقا-نلارنى ژۇرنال يۈزىدە تەشۋىق قىلىپ قويۇشىمىزنى ئۆتۈندى.

بىز 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئوساكاغا كېلىپلا «ئوساكا-جۇي» دەيدىغان بىر قەدىمىي قورغانغا ئېكسكۇرسىيىگە باردۇق. بۇرۇنقى زامانلاردا ياپون پادىشاھلىرى، سەركەردىلىرى تۇرغان بۇ ھەشەمەتلىك قورۇلۇش تۇركۈمىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېرىپ كەت-تۇق ـ دە، بىر سەينادا تاش ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئارام ئې-لىشقا باشلىدۇق. دەل شۇ چاغدا چىرايىدىن ئۇيغۇرلۇقى چىقىپ تۇرغان بىر يىگىت يېتىپ كېلىپ بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە ئۆزىنىڭ ئوساكادا ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۆمىكىمىزدىكى كورلى-لىق ئەنۋەرنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. كۆپ ئۆتمەي، بىز ئۇنى ئېلىپ مېھمانخانىغا قايتتۇق. ئابلىكىم دېگەن بۇ يىگىت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىكەن. ئوساكادا ئوقۇۋاتقىنىغىمۇ ئىككى يىل توشاي دەپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ئاخشىملا تاشقىرىدىن يېمەكلىك، ئىچىملىك دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ بىزنى مېھمان قىلدى. ئۆمەكتىن رۇخسەت بىلەن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تولۇق بىر كۈن بازار ئايلاندىم.

ئابلىكىم ئىككى يىلغا توشمىغان ۋاقىت ئىچىدە ياپونىيىدە چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدىغان ئوساكانىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى تولۇق بىلىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇ مېنى باشلاپ ئەستە ساقلاش ئىنتايىن تەس بولغان ئىرماش - چىرماش يوللاردىن ئۆتۈپ ئىككى - ئۈچ سودا رايونىغا ئېلىپ باردى. چۈشتىن كې- يىن سائەت تۆتلەردە مەكتەپ تەرەپتىن تەمىنلىگەن بىر يېرىم ئېغىزلىق ياتىقىغىمۇ باشلاپ كىردى. ئۇ ئۆزى يالغۇز تۇرىدىغان بۇ ياتاق گەرچە بىر يېرىم ئېغىزلىق بولسىمۇ، ئۆيلىرى كەڭ، ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىكەن. ئۇ قالايمىقان تاشلانغان ماتېرى- ياللار ئارىسىدىن ئىككى پارچە ژۇرنالنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەت- تى. ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئىقتىساد باشقۇرۇش كەسپىگە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆپلەپ كۆرىدىكەن. ماڭا كۆرسەتكەن ژۇرناللاردا ئۇنىڭ ئىقتىسادقا ئائىت ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى ياپونچە بېسىلىپ چىقىپتۇ. تەستىقتىن ئۆتكەن، ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ماقالىلىرىمۇ بار ئى- كەن. ئۇ: «ھۆكۈمەت، خەلق بىزنى ئوبدان ئوقۇسۇن دەپ بۇ يەر- گە ئەۋەتكەندىكەن، جەزمەن ياخشى ئوقۇشىمىز كېرەك» دېدى ۋە ئوقۇشىنى دوكتورلۇقنى ئالغۇچە ئۇزارتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئابلىكىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەر ھەپتىدىكى ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ «SONY» شىركىتىدە سۇپەت تەكشۈرگۈچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئىشلەپ تاپقان پۇلى تۇرمۇشىغا يېتىپ ئاشىدىكەن. «ياپونىيىدە ئىشلەي دېسەڭ ئىش تېپىلىدۇ، ھەپتىدە بىر - ئىككى كۈن ئىشلىسەڭ ئوبدان ھەققە ئېرىشەلەيسەن، ئىشقىلىپ، ۋاقىت بولغاندىكىن ئانچە - مۇنچە ئىشلەپ تۇرغان تۈزۈك» ـــ دېدى ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا.

توكيودا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە ئىنىمىز ئابدۇنەبىجاننىڭ

ۋاستىسى بىلەن ئىلىيار دېگەن بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالـ-دىم. ئىلىيار ياپونىيىدە ئوقۇپ، ئاساسىي زەررە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغانىكەن. ھازىر شۇ يەردىكى بىر شىر-كەتتە مەنسەپ تۇتۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. گەپ قىلغاندا قوللىرىنى كېرىپ، مۈرىلىرىنى قىسىشىدىن قارىغاندا، غەربلىكلەرنىڭ ئادەت-لىرى بىلەن خېلى كەڭ ئۇچراشقان بولسا كېرەك. ئاساسىي زەررە تەتقىقاتى ئىلغار ئۇسكۇنىلەرگە ۋە قويۇق ئىلمىي مۇھىتقا ئېھتى-ياجلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ھازىرچە ئوقۇغىنىنى ئىشلىتەلىشى-دىن، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىشىدىن ئەندىشە قى-لىدىكەن. لېكىن، ياپونىيىدە ئىشلەپ تۇرۇۋېمۇ ۋەتەن، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارايدىكەن. تەبىئىي پەنلەر-دە ئوقۇغىنىغا قارىماي، تارىخ، ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بىلىمى بارلىقىغا قاراپ ئۇنى خېلى ئەتراپلىق يېتىلگەن دەپ ھېسابلاشقا بولىدىكەن.

ئەلۋەتتە، ۋاقىت قىس ۋە ئارىلاشقان دائىرە تار بولغانلىق-تىن، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا مۇپەسسەل بىر نېمە دەپ بەرمەك تەس. لېكىن، بىر نۇقتا ئېنىقكى، بىز ئۇچراشقان ئوقۇغۇچىلار پارتىيە ۋە ھۆكۈ-مەتنىڭ ئۆزلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگىنىنى، غەمخورلۇق قى-لىۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشىنىشىدىكەن، ئوبدان ئوقۇپ بۇ غەم-خورلۇققا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ كويىدا ئىكەن. بىز ئۇچۇن ئېيت-قاندا، ئۇلارنى چۈشىنىشىمىز، جاپالىق ئەمگىكىنى ھۆرمەتلىشى-مىز، مەنىۋى ياقتىن ئارقا تىرەك بولۇشىمىز، ئوقۇشىنى مۇۋەپ-پەقىيەتلىك تاماملاپ، ۋەتەنگە بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ، زامان-ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى ئۇچۇن ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىمىز زۆرۈر ئىكەن.


## 8. دەپ كەلسەك، گەپ تولا

ياپونىيىدە ئۆتكۈزگەن 12 كۈننى مەڭگۈلۈك ۋاقىت ئېقىمىدىكى زەررىگە ئوخشىتىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، بىراق توكيو ئايروپورتىغا قەدەم قويغىنىمىزدىن باشلاپ ئوساكا ئايروپورتىدىن ئايرىلغانغا قەدەر بولغان جەريان بىز ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بىز بۇ جەريان ئىچىدە مەزكۇر ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان جاي ـ نۇقتىلاردا زىيارەتتە بولغاندىن ئۆزگە، يەنە توكيودىكى مەشھۇر دىسنىي باغچىسىدا يېزىپ كەلسەك بىرەر پارچە ماقالە بولغۇدەك تولۇق بىر كۈن تاماشا قىلدۇق. باغچىدىكى ھەيۋەتلىك كەچلىك نامايىشنى كۆرۈپ ۋە نامايىشقا ماسلاشتۇرۇلغان نامەلۇم بىر تەسىرلىك مۇزىكىنى ئاڭلاپ «دۇنيادا مۇنداقمۇ تاماشالار بار ئىكەن. بىز بولساق ھازىرغىچە قورساقنىڭ غېمىدىلا يۈرۈپتۇق» دەپ كۆزلىرىمىزگە ياش ئېلىشتۇق. توكيو ۋە ئوساكا شەھەرلىرىدىكى «قىزىل چىراغ رايونى» (چەكلەنگەن رايون، يەنى ئەيش ـ ئىشرەت رايونلىرى) نى سىرتىدىن كۆزىتىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق مىللەت بولغانلىقىدىن سۆيۈندۇق ۋە غەيرىي ئەخلاقىي ھادىسىلەر قانۇن ئارقىلىق چەكلەنگەن، ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنىدىغان سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ياشاۋاتقىنىمىزغا خۇشال بولدۇق.


يۇقىرى ئىقتىسادىي كىرىمگە ۋە ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە ياپون خەلقىنىڭ ئادەتتە ئاددىي ـ ساددا ياشايدىغانلىقىنى، بۇزۇپ ـ چېچىشتىن ۋە سۆلەتۋازلىقتىن ئاساسەن خالىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ (بۇ بەلكى يۈزەكى كۆزىتىش بولۇشىمۇ مۇمكىن): «تاپقان ـ تەرگىنىمىزنى كىيىپ ـ يەپ، ئويناپ تۈگىتىۋېتىدىغان ئوخشاي-

مىز» دەپ تەشۋىشكە چۈشمەيمۇ قالمىدۇق. ئىسراپخورلۇقتا، سۆلەتۋازلىقتا قارشى تۇرۇش، ئىقتىسادچىل - تېجەشلىك بولۇش سىياسىتىنىڭ دانالىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىشتۇق.

ئىشقىلىپ، زىيارەت ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنى مېنىڭچە ھەرگىز بىكارغا خەجلىمىدۇق. بۇ پۇلغا نۇرغۇن تەسىرات، ساۋاق سېتىۋالدۇق. بۇ تەسىرات، تەجرىبە - ساۋاق توغرىسىدا سۆزلىسەك گەپ تولا. ئەقەللىيسى، مەزكۇر ماقالەمنىڭ مۇشۇ بۆلىكىنى يېزىۋاتقاندا گەرچە ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگىنىمگە ئۈچ ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، مەندىكى ئويلىنىش تېخى تۈگىگىنى يوق. تەسىراتىمنىڭ ئاخىرى چىققىنى يوق، بىراق تەسىراتىمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، ماھىيەت خاراكتېرلىك خۇلاسىگە پۇرسەت بېرىش، مۇھىمى مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ ۋاقتىغا ئارتۇقچە چاڭگال سېلىۋالماسلىق ئۈچۈن ئۇدا تۆت ساندا ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالەمنىڭ ئاخىرىغا ۋاقتىنچە چېكىت قويۇپ تۇرۇشنى لايىق تاپتىم. يېقىندا، چەت ئەلگە چىقىشقا پۇرسەت تاپالمىغان، ئەمما چەت ئەل ئەھۋالىغا قىزىقىدىغان بەزى ياش بۇرادەرلىرىم ماڭا سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، پاكىستان، چاۋشيەن، ۋيېتنام، رۇسىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق ئەل ۋە رايونلارغا قىلغان زىيارەتلىرىم ھەققىدە ئېلان قىلىنغان خاتىرىلىرىمنى رەتلەپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بىر كىتاب تۈزۈپ چىقىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ تەلەپنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدىم. ياپونىيە توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىمنىڭ تېخىمۇ تاكاموللاشقان نۇسخىسىنى مۇشۇنداق بىر كىتاب دۇنياغا كەلگەندە ئاندىن مۇشتەرىلىرىمىزگە يەنە بىر قېتىم تولۇق تەقدىم قىلارمەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن.



# موُسوُلمان
# دوُنیاسغاپہر



## 1. سەپەر تەسىراتى ھەققىدە سۆز

مەن بۇرۇن چەت ئەللەرنىڭ، چەت ئەلدە ياشىغۇچى مىللەت-لەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى ھەم تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە ئوقۇشقا ۋە ئاڭلاشقا بەك-مۇ قىزىقاتتىم. چەت ئەلگە چىقىش ئامىتىگە ئېرىشكەنلەرگە تو-لىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردىن چەت ئەلگە چىققانلار تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىلەرنى قايتا - قايتا كۆرۈپ چىقاتتىم. دەرۋەقە، كېيىنكى كۈنلەردە چەت ئەلگە چى-قىش پۇرسىتى ماڭىمۇ نېسىپ بولدى. 1984 - يىلى جۇڭگو ياشلار مەتبۇئاتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشىيەندە 16 كۈن زىيارەتتە بولۇپ قايتىپ كېلىپ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى-نىڭ 1985 - يىللىق سانلىرىدا «چاۋشىيەن تەسىراتلىرىدىن پار-چە - پۇراتلار» سەرلەۋھىلىك ئۇلانما ماقالەمنى ئېلان قىلدىم. مۇشتەرىلەرنىڭ ئاغزاكى ئىنكاسلىرى ۋە خەتلەردىن مەلۇم بول-دىكى، ئۇلارنىڭ چەت ئەل ۋە چەت ئەلدىكى مىللەتلەرنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقى ھەققىدە بىرنېمە بىلىۋېلىش ئارزۇسى مېنىڭكى-دىن ھەسسىلەپ كۈچلۈك ئىكەن. ھالبۇكى، ھازىر بىز نۇرغۇن ساھەدە دۇنياغا يۈزلىنىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مانا مۇ-شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دۇنيانى بىلىشكە ئىنتىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئەھۋاللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

ئوقۇرمەنلىرىمىز ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە جۇغراپىيە دەرس-لىكىنى ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق دەرسلىكنىڭ ھەممە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا، بەزىدە چەت

ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئاز ـ تولا سەپەر تەسىراتى يېزىپ ئېلان قىلىپ تۇرسا ئىكەن دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. دەرۋەقە، پارتىيە 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنى گۈللەندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا، پەن ـ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشى كۇنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىنمۇ كۆپلەپ كىشىلەر چەت ئەللەرگە چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى توغرۇلۇق تەسىرات ماقالىلىرى ئېلان قىلدى، مانا بۇ ياخشى ئەھۋال.

پېقىر 1985 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەشكىللىگەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆمرە ھەج قىلىش، دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، كۇۋەيت دۆلەتلىرىدە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا ئىمكانقەدەر تولۇق خاتىرە قالدۇرۇشقا تىرىشتىم، كۆپ سورىدىم، كۆپ ئاڭلىدىم. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بۇ تىرىشچانلىق ئەلۋەتتە مۇشتەرىلەر ئۈچۈن سەپەر جەريانىدىن تولۇقراق، مۇكەممەلرەك بىرنەرسە تەقدىم قىلىش ئىستىكى ئارقىسىدا كۆرسىتىلدى.

سەپەردىن يانغىنىمدىن كېيىن، نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ماڭا خەت يېزىپ سەپەر تەسىراتى توغرىسىدا بىرەر نەرسە يېزىشىم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى، بەزى گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ ئۆز مەتبۇئاتى ئۈچۈن ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە ئەتىۋار» دېگەن تەمسىلنى ھەر دائىم ئېسىمدە ساقلاپ يۈرىدىغان مەن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈرتكىسىگە ۋە ئاشۇ گېزىت ـ ژۇرناللارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتقاچ، قو-



پاكىستان خەلقىنىڭ دوستلۇق گۈلچەمبىرىكى

لۇمغا قەلەم ئالدىم. ئىستىكىم شۇكى، بۇ ئەرزىمەس ماقالەم مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلگەي.

## 2. پاكىستاننىڭ دوستلۇقى

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد باشچىلىقىدىكى بۇ ئۆمەك بېيجىڭدا بىرەر ھەپتىدىن ئارتۇقراق تۇرۇپ گوۋۇيۈەن ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۆمرە ھەج، دوستلۇق زىيارىتى توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن 1985 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچ سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە پاكىستان خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «بوئىڭ 707» تىپلىق ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ھېچ يەرگە قونماي 7 سائەت ئۇچقاندىن كېيىن، پاكىستان ۋاقتى بىلەن شۇ كۈنى سائەت 12 دىن ئاش-

قاندا ئىسلامئابات ئايرودرومىغا قوندۇق. بۇ ئايرودرومنىڭ كۆلە-
مى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلار چۈشۈپ -
كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن. بىز ئالىي دەرىجىلىك مېھمان كۈتۈش
زالىدا دەم ئالغاچ، چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئادا قىلدۇق
ۋە يەنە ئىككى سائەتكە يېقىن ئۇچۇپ كاراچى ئايرودرومىغا قون-
دۇق. بىز بۇ يەرگە كېلىپلا كاراچىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىمىز-
نىڭ ئىشخانا مۇدىرى، دۇنيا ئىسلام كونگرېسىنىڭ كاراچىدا تۇ-
رۇشلۇق ئەمەلدارى خالىد ئىكراموللاخان، دىنىي ۋازارەت ھەج
ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ئەمەلدارى ئەشۋا ئەھەد ئابباس قاتارلىق
ئەربابلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بىز
مانا مۇشۇ ئەربابلارنىڭ ۋە ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ ھەمراھلىد-
قىدا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان ئايرودروم يولىنىڭ ئەتراپىنى تا-
ماشا قىلغاچ «تاجمەھەل» مېھمانخانىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق.
ھىندىستاندىكى مەشھۇر ئىسلام يادىكارلىقلىرىدىن بىرى بولغان
«تاجمەھەل» مەسچىتىگە نام جەھەتتىن ئوخشاش بولغان بۇ مېھ-
مانخانا شەھەر مەركىزىگە ئانچە يىراق ئەمەس يەرگە جايلاشقان-
كەن. بۇ ھەيۋەتلىك مېھمانخانىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە
بولۇپ، ئەتراپى قىش - ياز گۈل ئېچىلىپ تۇرىدىغان مەنزىرە
دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغانىكەن. مېھمانخانىنىڭ كەينى تەرىپىگە
ئىخچام قىلىپ ياسالغان سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، سېتكا توپ
مەيدانى جايلاشقان بولۇپ، كۆل ئەتراپىدا ئۈچ - تۆت كىشىلىك
ئورۇن ھازىرلانغان باراڭلىقلار ياسالغانىكەن. مېھمانخانىدا تۇرى-
دىغان غەيرىي مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ساياھەتچىلىرى ئۈچۈن
ھەر كۈنى كەچلىكى مانا مۇشۇ كۆل بويىدا مۇزىكا، ناخشا كېچى-
لىكى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ھەتتا بەزىلەر دىسكو، تانسا ئوينىشىدى-
كەن، يەمىچە، بۇنداق پائالىيەت سورۇنىدا ئىسپىرتلىق ئىچىم-

لىكلەر ئىچىلمىسە كېرەك.

ئەتىسى بىز كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كارا- چىنىڭ شەھەر قىياپىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئېكسكۇر- سىيە داۋامىدىكى تۇنجى تەسىراتىم شۇ بولدىكى، 2 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىسى بار بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى يەتكۈچە كەڭ ئىد- كەن، ھەر خىل گۈل دەرەخلىرى ۋە ئاكاتسىيە بىلەن ئىككى تە- رىپى باراقسانلاشتۇرۇلغان كەڭ يوللاردا ماشىنىلار بىر - بىرىنى قوغلاشقاندەك تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىشىدىكەن. مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش ۋە ھۆرمەت مەزمۇنى ئىپادە قىلىنغان ئۈچ خەن- جەر خاتىرە مۇنارى ۋە باشقا ھەر خىل مەزمۇندىكى مۇنارلار يوللارنىڭ ئۆتۈشمىلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. پاكىستاندا ئىشلىتىلىۋاتقان قاتناش قوراللىرىنىڭ مەن بۇرۇن كۆرگەن ۋە كېيىن كۆرگەن مەملىكەتلەردىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ- كى، بۇ يەردە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى چوڭ - كىچىك ئاپ- تومويىللار نىكېللانغان قەلەي بىلەن كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىغۇ- دەك دەرىجىدە نەقىشلىنىدىكەن، بولۇپمۇ كىرا ئاپتوبۇسلىرى بىر قارىماققا ئېلان تاختىسىغا ياكى زىنىنەت بۇيۇملىرى ساقلىد- نىدىغان زور ساندۇققا ئوخشايدىكەن. ھەتتا ماي باكلىرى ئو- رۇنلاشتۇرۇلغان بىنزاۋۇزلارمۇ قايتا قۇراشتۇرۇلۇپ كىشى ھە- ۋەس قىلغۇدەك دەرىجىدە بېزىلىدىكەن. بىراق، ھۆكۈمەت ئىد- گىدارچىلىقىدىكى قاتناش شىركەتلىرىنىڭ چوڭ ۋە ئۇزۇن ئاپ- توبۇسلىرى باشقىچە بىر دۇنيا ئىكەن. بۇنداق ئاپتوبۇسلارنىڭ داتلىشىپ، ئاجراپ كەتكەن قاڭالتىرلىرى لەپىلدەپ تۇرىدىكەن، ئۈستى تەرىپى ئوت كەتكەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئوخشاش ئوچۇق تۇرىدىكەن. بىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئاپتوبۇسلار- نىڭ ئۈستىدىن بېشىنى چىقىرىۋېلىشقانلىقىنى، ھەتتا نەچچە

ئون كىشىنىڭ ئاپتوبۇس ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ كۆڭلەكلىرى-
نىڭ پەشلىرىنى لەپىلدىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ، بۇ
يەردە قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يەنىلا جىددىيلىكىدىن ياكى پا-
كىستانلىقلارنىڭ ئاشۇنداق قىلىشقا ئامراقلىقىدىن بولسا كېرەك.

بىزنىڭ پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەد جىنناننىڭ
مەقبەرىسىگە بارغان مەزگىلىمىز دەل چۈش ۋاقتىغا توغرا كەل-
دى. گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان بۇ مەقبەرە شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك
ئىكەنكى، ئۇ ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان تۆت چاسا كۆلچەكلەر
ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. گۈمبەز ئىچىدىكى تۇچ ۋادەك
ئارىسىدا تۇرغان مۇھەممەد جىنناننىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا پاكىس-
تانلىق ۋە چەت ئەللىك زىيارەتچىلەر سانجاق - سانجاق تۇرۇپ
كېتىپتۇ، بىز قەبرە ئالدىغا بېرىپ ئىككى رەكەت نامازغا
سەپراسلاپ تۇرغاندا، نۇرغۇن پاكىستانلىق دوستلار پاراڭلىرىنى
توختىتىپ بىز بىلەن بىللە سۈكۈتتە تۇردى. نامازدىن كېيىن
بىزنى خاتىرە رەسىمگە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىز مەسچىتى كوبانى زىيارەت
قىلدۇق ۋە بۇ كاتتا مەسچىتتە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇدۇق. بۇ
مەسچىت تونۇشتۇرۇشقا قارىغاندا، پاكىستان دېڭىز ئارمىيىسى
تەرىپىدىن مەبلەغ سېلىنىپ 1966 - يىلىدىن 1969 - يىلىغى-
چە بىرقانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياسالغان بولۇپ، غايەت
زور گۈمبەزگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ مەسچىتنىڭ ئەمەلىي
ئىشلىتىلىدىغان كۆلىمى 5532 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. 22
مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىكەن، مەسچىتنىڭ تو-
رۇسلىرى ھەرە كۆنىكى شەكلىدە نەقىش چىقىرىپ ياسالغان بو-
لۇپ، ئاۋاز قايتۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. مەس-
چىتتە تۇرۇپ پىچىرلاپ سۈرە ئوقۇغاندىمۇ تەرەپ - تەرەپتىن



كاراچىدىكى ئۈچ خەنجەر مۇنارى


يانغۇ بېرىدىكەن. مەسچىت ھويلىسى ياپيېشىل چىملىق مەيدان ئىكەن. گۈل دەرەخلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ تۇرىدىكەن. تۆت چاسا كۆلچەكلەر سەنئەتلىك باراڭلار ئارىسىدا قۇياش نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىگە جازىبىلىك تۇيغۇ بەخش ئېتىدىكەن. بۇ مەسچىتتە پاكىستانلىق جامائەتلەر ۋە مەسچىت قارىمىقىدىكى مەدرىسە تالىپلىرى بىزنى خۇش تەبەسسۇم، قىزغىن سالام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئايرىلىش ۋاقتىمىزدا ئۇلار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ئۆز سالىمىنى ئالغاچ كېتىشىمىزنى ئۆتۈندى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز دۇنيا ئىسلام كونگرېسى تەرىپىدىن زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندۇق. زىياپەت مەيدانى كاراچى خەلقئارا مېھمانخانىسىنىڭ 10 ـ قەۋىتىدە راسلانغان بولۇپ، بۇ يەرگە ھەرقايسى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مۇ-ناسىۋەتلىك كىشىلىرى، مويسىپىت، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي

ئەربابلاردىن 120 دەك كىشى جەم بولغانىكەن. ئۇلار قىزغىن چاۋاك بىلەن بىزنى قارشى ئېلىپ يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بويىنىغا قىزىل ئەتىرگۈلنى زەر يىپقا ئۆت-كۈزۈپ تەييارلانغان چەمبىرەك ئېسىپ قويدى. زىياپەت ئۆتكۈز-گۈچى تەرەپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۆمىكىمىزدىن شاڭخەيلىك مۇھەممەد ئەھەدى قۇرئان قىرائەت قىلغاندىن كېيىن سۆزگە چىقىشلار باشلاندى. ئۆمىكىمىز پاكىستاندا تۇرۇۋاتقان مەزگىل-دە، پاكىستاننىڭ زۇڭلىسى مۇھەممەدخان جۇنىجو دۆلىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئىككى مەملىكەت مۇ-سۇلمانلىرىنىڭ خۇشال - خۇرام جەم بولۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى كەيپىيات ياراتقانىدى. پاكىستاننىڭ دىنىي ئەمەلدارى ئۆز سۆزىدە جۇڭگو - پاكىستان خەلقىنىڭ ۋە دۆلەتلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىۋاتقان دوستلۇقىغا يۇقىرى باھا بەردى، بۇنىڭ-دىن كېيىن ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستانە بېرىش - كېلىش-نى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۆمەك باشلىقى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد سۆزگە چىقىپ، پاكىستانلىق دوستلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ مەملىكىتىمىز-نىڭ تاشقى سىياسىتىنى شەرھلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى، جۇملىدىن جۇڭگو شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى پا-كىستانلىق دوستلارنىڭ مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ، شىنجاڭ دەرۋازىسى پاكىستانلىق دوستلارغا ئو-چۇق» دېگەندە مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى، ھەتتا بەزى-لەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

پاكىستان تەرەپتىن سۆزگە چىققانلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بې-رىۋاتقانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇشتى. زىياپەت تامام بولغاندىن كېيىن،



مۇھەممەد جىننا مەقبەرىسى

پاكىستانلىق ئەر ـ ئايال ساھىبخانىلار ۋە بىز ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن دوستلۇق مەقسەتلىرىمىزنى ئالماش ـ تۇردۇق. ئۇلار خاتىرە قال ـ دۇرۇش ئۈچۈن بىزنى تا ـ لىشىپ يۈرۈپ فوتوئاپپارات ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن، ساھىبخانىلارنىڭ ھەممە ـ سى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۈرەتكە چۈشەلمىگەنلە ـ كىمىز ئۈچۈن ئەپسۇسلان ـ غان ھالدا زىياپەت مەيدا ـ نىدىن ئايرىلدۇق. پاكىس ـ تان خەلقى جۇڭگولۇقلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئۆزىنىڭ جۇڭگودەك دوستىنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن.

ئۆمىكىمىز ئەسلىدە پاكىستاندا رەسمىي زىيارەتتە بولماقچى ئە ـ مەس ئىدى. جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋال ئاس ـ تىدىمۇ ئۆمىكىمىزنى دوستانە كۈتۈۋېلىشلىرى، ھەتتا مېھ ـ مانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ بىزگە تۈرلۈك قولايلىقلارنى يا ـ رىتىپ بېرىپ دوستلۇق بىلدۈرۈشى يۇقىرىقى نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەن پاكىستانغا بېرىشتىن بۇرۇن، بەزى كىشى ـ لەرنىڭ پاكىستاننى تولىمۇ ئارقىدا قالغان، كەمبەغەل دېگەن ـ

لىكلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. بۇنداق قاراشلارنى ئەلۋەتتە ئەيىب-لىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قاراشتىكى كىشىلەر ئۆزىمىز-نى ئەڭ تەرەققىي قىلغان، باشقىلارنىڭ ھەممە نېمىسى مالىماتاڭ دېگەن تەشۋىقاتلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەن 10 يىللىق قالايمىقانچى-لىق دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئەنە شۇنداق تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى تېخى تامامەن تازىلىنىپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. پا-كىستان ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە بىزگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما ئۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت نۇقتىسىدىن بىز بىلەن ئوخشاش، پاكىستاننىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان بەزى تىرىشچانلىقلىرى بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىسە كېرەك. مەسىلەن، پاكىستان خەلقى مۇستەملىكە دەۋرىدە قوللى-نىشقا باشلىغان ئىنگلىز تىلى ئاساسىدا بۇ بىر تىلنى پۇختا ئىگىلەشكە كۈچ چىقىرىپ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىپتۇ، پاكىس-تانلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىنگلىز تىلىنى بىلگەچكە، ھەر يىلى چەت ئەلگە بىرقانچە مىليون ئەمگەك كۈچى چىقىرىدىكەن. بۇ ئەمگەكچىلەر چەت ئەلدە ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە بىرقانچە ئاي، ھەتتا بىرقانچە يىل ئىشلەپ نۇرغۇن تاشقى پېرېۋوت ئېلىپ قايتىپ كېلىدىكەن، مانا بۇ بىر ئەھۋالمۇ پاكىستانلىقلارنىڭ چەت ئەل تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىشتا، ئارتۇق ئەمگەك كۈچ-لىرىگە چىقىش يولى تېپىشتا، دۆلەت بايلىقىنى كۆپەيتىشتە ئى-جابىي رول ئوينايدىكەن. ئاھالىلەرنىڭ شەھەرگە توپلىشىۋېلى-شىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدىكەن.

بىز كاراچىدا تۆت كۈن تۇرۇش داۋامىدا نۇرغۇن دوست تۇت-تۇق ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلدۇق، ئۆمرە ھەج تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىپ، تەييارلىقنى پۇختىلاپ 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن 500 دىن ئارتۇق يولۇچى سىغىدىغان ئىككى

قەۋەتلىك «بوئىڭ 747 » تىپلىق ئايروپىلان بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە سەھرىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتۇق.

### 3. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى — مەككىدە

بىز ھاۋا سەپىرىدە ئەرەب دېڭىزى ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاسمىنىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ جايدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە 12 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن پەسكە نەزەر تاشلىغاندا، يەر يۈزىدە ئۇ يەر - بۇ يەردە ئادەم ياشايدىغانلىقىدىن بەلگە بەرگۈچى چىراغلار تۇركۇملىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. چىراغلارنىڭ تارقىلىش شەكلىگە قاراپ نېفىت قېزىلىۋاتقان توچكىلارنى ياكى شەھەر - بازارلارنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. كاراچى — جىددە سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى بىر سائىتى قالغاندا، ھەممەيلەن ئېھرام باغلاشقا تۇتۇش قىلدۇق. بۇ ھەج ئۇچۇن زۆرۈر بولغان بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىز ھەش - پەش دېگۈچە ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىنىڭ بىز ئولتۇرغان ئالاھىدە بۆلۈمنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ شارائىت يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا، كىيىملىرىمىزنى يېشىپ، ئېھرام باغلاپ بولدۇق. ئېھرام دېگىنىمىز ھەربىرى ئىككى مېتىردىن كېلىدىغان ئىككى پارچە ئاق رەخت بولۇپ، بىر پارچىسى بەدەننىڭ تۆۋىنىگە، يەنە بىر پارچىسى بەدەننىڭ يۇقىرىسىغا يۆگىلىدىكەن. ھەج ئېھرامى باغلىغاندا، يىڭنە بىلەن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش مەنئى قىلىنىدىكەن. بۇ قائىدىگە مۇۋاپىق، ئاياغلىرىمىزنىمۇ سېلىپ تاشلاپ، بېيجىڭدىن ئالاھىدە ئېلىۋالغان يەملەنگەن پلاستىماسسا سەندەل كەش كىيىۋالدۇق. بۇ چاغدا ھەربىر كىشىنىڭ خېلى ئوبدانلا ھاياجانلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. قائىدە بويىچە ئېھرام باغلىغاندىن كېيىنلا ھەجگە نىيەت

قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. نىيەت قىلغاندىن باشلاپ تا ھەج پائالىيەتلىرى تۈگىگۈچە ھەج قائىدىلىرىگە قەتئىي رىئايە قىلىش كېرەك ئىكەن. ھەتتا يامان چاقچاقلىشىشقا، كۆڭۈلدە يامان ئىشلارنى ئويلاشقىمۇ بولمايدىكەن. ئۆمىكىمىزنىڭ نامى جۈڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆمرە ھەج قىلىش، دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى بولغىنى ئۈچۈن، بارلىق دىنىي پائالىيەتلەرگە قائىدىلىك ھالدا قاتنىشىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئېھرام باغلىغاندىن كېيىنلا ھەج نىيىتى داۋامىدا ئوقۇلىدىغان ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدۇق. دەرۋەقە، بەزىلىرىمىزنىڭ بۇ ئايەتنى تۈنجى قېتىم ئوقۇشىمىز بولغاچقا تىلىمىزمۇ ئانچە قاملىشىپ بەرمەي، تەلەپپۇزىمىز ئوخشاش بولماي قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىر يولۇچى (قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدۇق، ئايروپىلاننىڭ ئالاھىدە بۆلۈمىدە بىز بىلەن بىللە ئولتۇراتتى) تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ ئايەتنى بىزگە باشلاپ ئوقۇپ بەردى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇدۇق.

ئايروپىلان ھەش - پەش دېگۈچىلا تۆت سائەتلىك سەپەرنى تاماملاپ، جىددە شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كېلىپ پەسلەشكە باشلىدى. قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىگە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سودا - سانائەت ۋە دىپلوماتىيە مەركىزى بولغان بۇ شەھەر ئاسماندىن قارىغاندا شۇنچىلىك چوڭ ۋە شۇنچىلىك يورۇق ئىدى. قاتار كەتكەن چىراغلاردىن كەڭ ۋە تۈز يوللارنى، ئاقىرىپ تۇرغان بىنالارنى، ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرىنى، ھەر خىل رەڭدە چاقناپ تۇرغان ئېلان تاختىلىرى ۋە ۋىۋىسكىلارنى خېلى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. شۇ يەرنىڭ ۋاقتى بىلەن كەچ سائەت 9 دا ئايروپىلان كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى ۋە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن

قوراللىنىش جەھەتتە داڭ چىقارغان جىددە ئايرودرومىغا قوندى. ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشۈپلا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ خا- دىملىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايرودرومنىڭ كاتتا بېزەلگەن ئالىي مېھمانخانىسىغا كىردۇق. ساھىبخانىلار ئەرەب ئادىتى بويىچە بىزگە نەپىس چۆگۈندە قايىن- تىلىدىغان ساپسېرىق ئەرەب قەھۋەسى كەلتۈردى. قىسقا سۆھ- بەتتىن كېيىن بىز ۋە ساھىبخانىلار تۆت رەكەت نامازنى تامام قىلغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ مەككە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. جىددە بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقى 70 نەچ- چە كىلومېتىر بولۇپ، ئاسفالت يول ناھايىتى ئوبدان ياسالغان- كەن. كېلىدىغان ۋە كېتىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ يوللىرى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولغاچقا، بىز چۈشكەن ئاپتوموبىل 140 نەچچە كىلومېتىر سائەت تېزلىك بىلەن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋا- تاتتى. چوڭ ھەجىمدىكى ئاقىرىپ تۇرغان ئېلان تاختىلىرى، يول كۆرسەتكۈچلەر، لوزۇنكىلار ۋە مۇسابە تاختىلىرى كۆزگە غىل - پال چېلىقىپ قالاتتى.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جا- يى — مەككە شەھىرى ھەققىدە ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپلا ئاتا - ئانامدىن ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئاڭلاپ كەلگەنىدىم. كې- يىنچە بۇ مۇقەددەس جاينى ۋە ھەرەمنى خەرىتىلەردىن، سۈرەت- لەردىن كۆرۈپ ھەر خىل سۈپەت بىلەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈد- دىغان مەن، يەنە ئون نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا كەئبىنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنى ھاياجات ئىلكىدە ھېس قىلاتتىم.

تامامى كىيىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن، ئېھرامغا ئادەتلەنمىگەنلىك سەۋەبىدىنمىكىن، ئۆزۈمنى



پاكىستان دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەد جىننانىڭ مەقبەرىسى (ئىچى)


يالىڭاچتەك ھېس قىلىپ، مۇشۇ ھالىتىم بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇشنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان بولساممۇ، مۇشۇ مىنۇتلاردا ھەممىنى ئۇنتۇغانىدىم.

20 مىنۇتلۇق سەپەردىن كېيىن بىز مەككە شەھىرىنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ كەلدۇق. جىددىدىن مەككىگىچە بولغان ئارىلىقتا «مەككىگە مۇنچە كىلومېتىر قالدى» دەيدىغان كىلومېتىر كۆرسەتكۈچلىرى بولسا، مەككە تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن «ھەرەمگە مۇنچە كىلومېتىر قالدى» دېگەن كۆرسەتكۈچ تاختايلار ھەر كىلومېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئورنىتىلغانىكەن.

يول باشلىغۇچى ساقچى ئاپتوموبىللىرى لاپ ـ لاپ قىلىپ نۇر چاقنىتىپ، چىرقىراق كانايلىرى بىلەن يول ئېچىش بۇيرۇقىنى بەرگىنىچە بىزنى ئۇدۇل ھەرەم مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باشلاپ كەلدى. بىز ئالدىراشلىق بىلەن ئاپتوموبىلدىن

چۈشۈپ، كەشلىرىمىزنى دەرۋازا يېنىدىكى ئاليۇمىنىدىن ياسالغان ساندۇقچىلارغا قويۇپلا، ھەر خىل پروپېكسۇن چىراغ ۋە سىمابىلىق يۇقىرى ۋاتلىق چىراغلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىلگەن ھەرەمگە قەدەم تاشلىدۇق. مەخسۇس بەلگىلەنگەن باشلىغۇچىنىڭ باشچىلىقىدا ھەج ئايەتلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، ئادەم دېڭىزىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل كەئبە ئالدىغا كەلدۇق ـ دە، كەئبىنى مەركەز قىلىپ توختىماي ئايلىنىۋاتقان كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ ئايلىنىشقا باشلىدۇق. ھەج قائىدىسى بويىچە كەئبىنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كەئبىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىقىپ تۇرغان ھەجرى ئەسۋەتنى بىر قېتىمدىن سۆيدۇق، شۇنداق قىلىپ يەتتە قېتىم ئايلىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ماقام ئىبراھىم (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزى چۈشكەن تاش بىر نەپىس ئەينەك ساندۇقتا سېلىپ قويۇلغان جاي) غا كېلىپ، ھەج ئايەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئىككى رەكەت

كاراچى شەھىرىدىكى «ئاقسا مەسچىتى»





جۇڭگو ھەج - دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا

ناماز ئوقۇدۇق. ئاندىن كېيىن سافا ۋە مەرۋە تاغلىرى ئارىسىدا يۈگۈرۈشنى باشلىۋەتتۇق. ئارىلىقى تەخمىنەن يەتتە - سەككىز يۈز مېتىر كېلىدىغان گرانىت تاشلىق ئىككى تاغ ئارىسىدا بې- رىپ - كېلىشنى بىر قېتىم بويىچە ھېسابلىغاندا يەتتە قېتىم يۈگۈردۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرەم مەسچىتىنىڭ مەخسۇس بۆ- لۈمىگە كىرىپ زەمزەم سۈيى ئىچتۇق ۋە قائىدە بويىچە چاچلى- رىمىزنى سىمۋول خاراكتېرىدە قىرقىتتۇق.


يۇقىرىقى پائالىيەتلەردىن كېيىن، ھەرەمدىن چىقىپ كېتى- ۋېتىپ خىرۇستالدەك نۇرلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مۇنارلارغا، ئىككى قەۋەتلىك مەسچىتكە سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. مەسچىتى- نىڭ تېگىگە تۆت چاسا تەبىئىي مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغانىكەن. نا- ماز ئوقۇيدىغان جايغا بولسا سەپتە تۇرۇش سىزىقى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار گىلەملەر سېلىنىپتۇ. تام - تورۇسلارمۇ، قۇچاققا پاتمى- غۇدەك نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرمۇ مەرمەردىن ياسىلىپتۇ. ھەجەرى

ئەسۋەتنى تاۋاپ قىلىدىغان كەڭ مەيداننىڭ ئۈستى ئوچۇق بو-لۇپ، مىڭلىغان پروپېكسون چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان بۇ مەيداندا ھەج تاۋاپ قىلىۋاتقان نەچچە مىڭ كىشى ئارىسىدىن يەر يۈزىدە بولغان ھەممە ئىرقلارنى، مىللەتلەرنى كۆرۈش مۇمكىن ئىكەن.

بىز يۇقىرىقى پائالىيەتلەردىن كېيىن، مەككە شەھەر رايو-نىدىكى «Kontin Intinintal» مېھمانخانىسىغا كېلىپ ئورۇنلاش-تۇق.

ئىككىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىن ئەرەفات تېغىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئەرەفات تېغى مەككىدىن 23 كىلومېتىر كېلىدى-غان يەردە بولۇپ، قارىمۇقارشى يۆنىلىشلىك يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بىلەن 10 نەچچە مىنۇتتىلا يېتىپ چىقىپتۇق. بۇ تاغ ئۆيۈل گرانىت تاشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، دائىرىسى ئانچە چوڭ ئەمەس

«ئاقسا مەسچىتى» نىڭ ئۇدۇلىدىن كۆرۈنۈشى



ئىكەن. تاش پەلەمپەي بىلەن ئىككى مىنۇتتىلا تاغ چوققىسىغا چىققىلى بولىدىكەن. تاغ چوققىسىدا تىكلەپ قويۇلغان ئۈچ مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى بىر تاش بولۇپ، بىز تاغ ئۇستىگە چىققاندا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەردە ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. بىز ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ۋە دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەرەفات تېغىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئەرەفات مەسچىتىنى يىراقتىن تاماشا قىلىپ، خاتىرە رەسىمگە چۈشتۇق. بۇ يەردىكى پائالىيەتلەرنى تۈگىتىپ مۇزدەلىپە ۋە مىنا مەسچىتلىرىگە باردۇق.

مەككىدىن ئەرەفاتقىچە بولغان ئاسفالت يول ئۈچ لىنىيىلىك بولۇپ، چەتتىكى قارىمۇقارشى ئىككى لىنىيە ئاپتوموبىللار ئۆتۈش ئۈچۈن، ئوتتۇردىكى بىر لىنىيە پىيادىلەر ئۈچۈن ياسالغانىكەن. ھەر يىلى قۇربان ھېيتتىكى ھەج ۋاقتىدا 3 مىليونچە كىشى بىرلا ۋاقىتتا مەككىدىن ئەرەفاتقا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، پىيادە مېڭىشنى خالىغانلار ۋە قاتناش ۋاستىلىرىگە ئېرىشەلمىگەن تاۋاپچىلار ئوتتۇردىكى پىيادىلەر يولىدىن ماڭىدىكەن. بۇ يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىرقانچە كىلومېتىر ئارىلىقتا بىردىن تېببىي پونكىت بولۇپ، ھەج ۋاقتىدا مۇشۇ يولدىن ئۆتكەنلەر ئۈچۈن تېببىي ياردەم كۆرسىتىدىكەن. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ئىشلىرى كومىتېتى ناھايىتى كۆپ مەبلەغ سېلىپ، ھەج ۋاقتىدىكى پىيادە ماڭغۇچىلارغا ئاسانلىق يارىتىش مەقسىتىدە ھەرەمدىن ئەرەفاتقىچە بولغان 23 كىلومېتىرلىق پىيادىلەر يولىنىڭ ئۈستىنى بېتون بىلەن يېپىپ، مۇۋاپىق ھاۋا تەڭشەش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش ئىشلىرىنى باشلىۋېتىپتۇ. بىز ئەرەفاتقا چىققان كۈنلەردە بۇ يولنىڭ بىر قىسمى يېپىلىپ بولغانىكەن.

شەيتانغا تاش ئېتىش ــ ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ئە-



مەككە شەھىرىدىكى كەئبە يوپۇقىنى كەشتىلەش زاۋۇتىدا

كەن. ھەج ۋاقتىدا 3 مىليون كىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە يېقىن جايلاشقان چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك شەيتانغا سىمۋول قىلىنغان ئۈچ كىچىك مۇنارغا تاش ئېتىشى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىر بۇ ئىشمۇ شەيتان مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە بېتون بىلەن يەنە بىر قەۋەت يول ياسىلىش بىلەن ھەل قىلىنىپتۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تاۋاپچىلار يەردە تۇرۇپ ۋە ئىككىنچى قەۋەت يولدىن كېلىپ شەيتانغا تاش ئاتالايدىكەن. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ۋارونكا شەكىللىك ئويمانغا تاشلانغان تاش ۋارونكىنىڭ كىچىك تەرىپى ئارقىلىق شەيتانغا تېگىدىكەن.

بىز ئەرەفات تېغىدىن قايتىپ، پېشىن نامىزى ئۆتەش ئۈچۈن ھەرەم مەسچىتىگە كەلدۇق. ئەزان مىكروفون ئارقىلىق ئوقۇلىدىكەن، ئاۋازمۇ خېلى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىدىكەن. بىرىنچى

ئەزان چىقىشىغىلا پۈتۈن ماگىزىنلار سودا ـ سېتىقلىرىنى توخ- تىتىپ، ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلى- شىپ، يېقىندىكىلەر پىيادە، يىراقتىكىلەر ئاپتوموبىللىق ھالدا مەسچىتكە قاراپ ئاقىدىكەن. ھەرەم ئەتراپىدىكى ئاپتوموبىل توختاتقۇچىلىك يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتوموبىل بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن. ھەرەم ئەتراپىدا ئاپتوموبىل مەيدانلىرى قىس بول- غىنى ئۈچۈن، ھازىر ھەرەمگە يېقىن يەردە ئالتە قەۋەتلىك بىر ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ياسىلىۋېتىپتۇ.


مەسچىت ئىچىگە زامانىۋى ئاۋاز چوڭايتقۇچلار ئورنىتىۋې- تىلگەن بولغاچقا، ئىمامنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئېنىق ۋە دولقۇن- لۇق ئاڭلىنىدىكەن. نەچچە ئون مىڭ ئادەم سىغىدىغان بۇ مەس- چىت ناماز ۋاقتىدا بەكمۇ ھەيۋەتلىك تۈس ئالىدىكەن. بىز پېشىن نامىزىنىڭ پەرز، سۈننەت، ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئوقۇغان بولساق- مۇ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ پەقەت پەرزىنىلا ئوقۇپ مەسچىتتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى بىزنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمىدى، كېيىن مەن بۇ ئەھۋالنى ھەمراھ بولۇۋاتقانلاردىن سورىغىنىمدا، ئۇلار مەنىلىك قىلىپ: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئەگەردە قىلىدىغان ئىشى بولمىسا بىر سوتكىنىڭ ھەممىسىدە ناماز ئوقۇسىمۇ مەيلى، ئەم- ما ھازىر ھەممە كىشىنىڭ قىلىدىغان يا ئوقىتى، يا خىزمىتى بار» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، مەككىدە نامازغا ئەزان توۋلاۋاتقاندا توختاپ تۇرۇپ، ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ماڭىدىغان ئەھۋال يوق ئىكەن. بىز شىنجاڭدىكى ئەھۋالنىڭ بۇ يەردىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمىزدا، ھەمراھ بولغۇچىلار كۈلۈپ قويدىيۇ، بىرنېمە دېمىدى.

مۇشتەرىلەر ۋە بىز ئۆزۈندىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان مەك-

كىدىكى مۆجىزاتلارنىڭ بىرى بولغان زەمزەم قۇدۇقى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىگە جايلاشقانىكەن. لېكىن، ھازىر بۇ قۇدۇق-نىڭ ئاغزى تۆت - بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بېتون بىلەن نەپىس ياسالغان يەر ئاستى زالىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپتۇ. قۇدۇق سۈيى ماشىنا بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ، زال ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۈزلىگەن جۈمەكلەرگە تۇرۇبا ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدىكەن. زەم-زەم سۈيى ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن شارائىت ناھايىتى قۇلايلىق ئىدى-كەن، قۇدۇق ئاغزى تۆمۈر ۋادەك ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ھۆرمەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. مەسچىت ئىچىگە قويۇلغان يۈزلەپ پلاستىماسسا ئىدىشلارغا زەم-زەم سۈيى تولدۇرۇپ تۇرىدىكەن. پاكىز ئىستاكانلارمۇ قويۇلىدى-كەن. ھەج تاۋاپقا ۋە نامازغا كەلگەنلەر بۇ سوغۇق ۋە ئەتىۋارلىق سۇنى خالىغىنىچە ئىچەلەيدىكەن.

ئەرەفات تېغىدا



بىز نامازدىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان ئۆ-
يىنى (ھازىر كۇتۇپخانا قىلىپ قايتا ياسىلىپتۇ) زىيارەت قىلغان-
دىن كېيىن، مەككىنىڭ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ۋە
ماگىزىن ئارىلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق.

مەككە ــ تاقىر تاغلىق شەھەر بولۇپ، ئاھالىسى ھەمراھ
بولغۇچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە 400 مىڭ ئىكەن. تاغلارنىڭ
قاپتىلىغا ھەتتا تاغلارنىڭ ئۇستىگىمۇ 10 نەچچە قەۋەتلىك بىنا-
نالار سېلىنىپ كېتىپتۇ. تاغلار بىلەن تاغلارنى يەردىن كۆتۈرۈپ
سېلىنغان قەۋەتلىك ستېرېئولۇق يوللار تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن.
يوللارنىڭ ئەگىملىرىمۇ ستېرېئولۇق ئىكەن. يوللارغا تولۇپ
كەتكەن كىچىك ئاپتوموبىللار يۇقىرى سۇرئەت بىلەن ئۆتۈشۈپ
تۇرىدىكەن. بىرقەدەر كىچىكرەك بولغان ماگىزىنلار شەھەر ئىـ-
چىگە ۋە ھەرەمنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانىكەن. چوڭ ۋە يۇرۇشلەش-
تۈرۈلگەن ماگىزىنلار بولسا شەھەرنىڭ سىرتىدىراق ياكى بىرقە-
دەر چەترەك جايلاردا ئىكەن. چۈنكى، شەھەر ئىچىدە ئاپتوموبىل
توختىتىش مەيدانلىرى كەمچىل بولغىنى ئۈچۈن، مال سېتىۋې-
لىش خېرىدارلارغا مەلۇم دەرىجىدە قولايسىز بولىدىكەن. ھەربىر
ئائىلىدە كەم دېگەندە بىردىن كىچىك ئاپتوموبىل بولغاچقا، شە-
ھەر ئاھالىسى شەھەر سىرتىدىكى چوڭ ماگىزىنلارغا خالىغان
ۋاقىتىدا بېرىپ سودا قىلىپ كېلەلەيدىكەن.

قارىغاندا، مەككە شەھىرى يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بېرى
كۆكەرتىلىۋاتسا كېرەك. سۇ مەسىلىسى بىرقەدەر مۇھىم مەسىلە
بولغانلىقى ئۈچۈن يېشىللىق كۆزگە چېلىقمايدىكەن. يېڭىدىن
بەرپا قىلىنغان دەرەخزارلىقلار ۋە چىملىقلار بارغانسېرى كۆپەي-
تىلىۋېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەككىنىڭ شەھەر قىياپىتى
كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايدىكەن. چوڭ - كە-

چىڭ ماگىزىن ۋە باشقا دۇكانلارنىڭ ئىشىك ـ دەرۋازىلىرى رەڭ ـ مۇرەڭ نېئون چىراغلىرى بىلەن يورۇتۇلۇپ بېزىلىدىكەن. يول بويلىرى ياكى ئايلانمىلاردا خىلمۇخىل ھەيكەللەر (ئادەمنىڭ ئەمەس)، ئايلانما چىراغلار، ئاجايىپ گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدىغان تاش ئويمىلار بار ئىكەن. شەكىل چىقىرىپ سۇ پۈركۈيدىغان فونتانلارمۇ بۇ شەھەرنىڭ بىر زىننىتى ئىكەن.

مەككە ئاھالىسى ھەپتىدە ئىككى كۈن، يەنى پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى دەم ئالىدىكەن. كۈندۈزلىرى، بولۇپمۇ چۈش مەزگىلىدە سودا ـ سېتىق ئانچە قىزىمايدىكەن. نامازدىگەردىن كېيىنلا يوللاردا ئادەم كۆپىيىپ، دۇكانلاردىكى سودا جانلىنىپ كېتىدىكەن. ماگىزىنلار شۇ يەرنىڭ ۋاقتى بىلەن كېچە سائەت 12 گىچە، ھەتتا 1 لەرگىچە تىجارەت قىلىدىكەن. كۈندۈزلىرى كۆزگە چېلىقمايدىغان قارا پەرەنجىلىك ئاياللارمۇ كەچ كىرگەندە ئەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا سودىلىقنى ئورۇندايدىكەن.

بىز ئاخشاملىرى ۋە بەزىدە كۈندۈزلىرى تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇردۇق. مەككىنىڭ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۈچ قانالدا بىرلا ۋاقىتتا ئاڭلىتىش بېرىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر دولقۇن ئىنگلىزچە ئىكەن. تېلېۋىزور باشلىنىش بىلەنلا قۇرئان قىرائەت قىلىنىپ، تەپسىر ئېيتىلىدىكەن. ئاندىن باشقا نومۇرلار كۆرسىتىلىشكە باشلايدىكەن. باللارغا ئاتالغان پروگراممىلار، كىنولار، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى كۆرسىتىلىدىكەن. باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇنلىغان ناخشىلارمۇ بېرىلىدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پۈتۈن تېلېۋىزىيە تورلىرى يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن بولۇپ، مەككە ۋە مەدىنە مەسچىتىدە ئوقۇلغان جۈمە، پېشىن ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ



ئۆمەك ئەزالىرى مىنا مەسچىتى ئالدىدا!

ئەمەلىي ئەھۋالى بۇ مەسچىتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىلىدىكەن، مەملىكەتنىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، مەككە ۋە مەدىنە مەسچىتلىرىدە ئوقۇلغان نامازنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كەم دېگەندە كۈندە ئىككى قېتىم كۆرۈشكە بولىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك سىنئالغۇ بار ئىكەن. بىز زىيارەت داۋامىدا جىددە ۋە باشقا شەھەرلەردە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن تېلېۋىزىيە، كىنو فىلىملىرى لېنتىلىرى سېتىلىدىغان چوڭ ـ چوڭ ماگىزىنلارنى كۆردۇق.

بىز سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە مەككىدە زىيارەتتە بولغان چاغلىرىمىزدا نۇرغۇن جۇڭگو شىنجاڭلىق قېرىنداشلار بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلار بىلەن يۇرت پاراڭلىرىنى سېلىشتۇق، ۋەتەننى

سىغىنىشتۇق.

بىز مەككىگە يېتىپ بارغان ھامانلا تېلېۋىزوردىن، رادىئو-دىن، گېزىتلەردىن ئۆمىكىمىز توغرىسىدا خەۋەر تاپقان مۇھاجىر قېرىنداشلار بىزنى يوقلاپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ-رۇنقى چاغلاردا ھەج ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن مەككىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ قالغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بىر قىسمى بولسا شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ تۇرۇپ قالغانلار ئىكەن. ئۇلار ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى پۇقراسى سۇ-پىتى بىلەن ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىشىۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ مەيلى چوڭى بولسۇن، كىچىكى بولسۇن، ئوخ-شاشلا ئۆزلىرى تۇغۇلغان ياكى ئاتا - بوۋىلىرى تۇغۇلغان ۋەتە-نىنى بەكمۇ سېغىنىدىكەن. ۋەتەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىل-گۈسى كېلىدىكەن. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا بىزدىن ئۇنى - بۇنى سوراشتۇردى. بىز پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياستى-نى، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋې-تىش سىياستىنى سۆزلەپ بەرگىنىمىزدە ئۇلار خۇشال بولۇش-تى. بىر قىسىم كىشىلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتەننى كۆ-رۈپ قايتقانلار ئىكەن. ئۇلارمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققى-ياتىدىن، سىياستىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىز مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تى-لىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى، بولۇپمۇ شۇ يەردە تۇغۇلغان ياشلارنىڭمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆلچەملىك سۆزلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىر كۈنى مېھمانخانىغا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى شۇنچە ئوبدان سۆزلەيدىغانلىقىنى سەزگەن يولداش ئىسمايىل



ھەيۋەتلىك مىنا مەسچىتى

ئەھمەد ئۈنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگىنىۋالغانلىقىنى سورىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان. ئەمدى تىلىم چىقىشقا باشلىغاندا دادام ماڭا، ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىسەڭ ھەر كۈنى ساڭا يېرىم تەڭگە بېرىمەن، ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىمىسەڭ بەرمەيمەن، دېدى. ئۇ چاغدا مەن ئۆز ئانا تىلىمىزنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى بىلمىسەممۇ، ئەمما دادامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىۋەردىم. داداممۇ يېرىم تەڭگىنى بېرىۋەردى. ئەمدى ئويلىسام، دادام شۇ چاغدا ئۆز ئانا تىلىمىزنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكىمىزنى مەقسەت قىلغانىكەن. ھازىرمۇ مەن بالىلىرىمغا قارىتا دادام ماڭا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىمەن، بالىلىرىممۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ» دېدى. بۇ تەسىرلىك ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە، ئۆز ئانا تىلىغا قانچىلىك چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى

چۈشىنىپ يەتتۇق.

ئۆمىكىمىز «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولغان تۇنجى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى بولغاچقا، پائالىيەتلىرىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك گېزىتلەردە، رادىئولاردا، تېلېۋىزورلاردا خەۋەر قىلىنىپ تۇردى. ئۇ يەردىكى ۋەتەنداشلار ــــ مەيلى ئۇيغۇرلار، خۇيزۇلار، ھەر ئاخشىمى ئائىلە ئەزالىرىنى تېلېۋىزور ئالدىغا توپلاپ ئۆمىكىمىز ھەققىدە بېرەر خەۋەر بېرىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىدىكەن. ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئېكراندا كۆرگەندە خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كېتىدىكەن. خەۋەر بېرىلمىسە تاكى تېلېۋىزور تۈگىگۈچە كۈتىدىكەن. بۇنى كېيىنچە بىز مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق ۋەتەنداشلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدۇق.

بىز يەنە مەككىدە مەشھۇر ئۇمۇرقورا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت سەئۇدى ئەرەبىستانى بويىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئۇنىۋېرسىتېت ئىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدا 10 فاكۇلتېت ۋە ئىككى ئىنستىتۇت بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 40 نەچچە مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىكەن. دىنىي دەرسلەرلا ئەمەس، تەبىئىي پەن فاكۇلتېتلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 1500 دىن ئارتۇق دوكتور، 15 مىڭدىن ئارتۇق ماگىستىر يېتىشتۈرۈپتۇ. غەيرىي ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدىكەن. ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇكەممەل كۇتۇپخانا، زامانىۋى تەجرىبىخانىلار بار ئىكەن. ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى زامانىۋى بولۇپ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تورى تۈرغۇزۇلۇپتۇ.

بىز يەنە مەككىدە ھەرەمدىكى كەئبە ئۈچۈن يوپۇق توقۇيدىغان بىر زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

ئادەتتە كەئبىنىڭ ئۈستى غايەت زور قارا يوپۇق بىلەن يېپىلىپ، ئالتۇن يىپ بىلەن كۆپتۈرمە قىلىپ كەشتىلىنىدىغان ئايەت چۈشۈرۈلگەن رەخت بىلەن سەل ئۈستۈنرەك توغرىسىغا يۆگىلىدىكەن. بۇنداق قارا يوپۇق ۋە ئايەت كەشتىلەنگەن رەخت ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە يىلىغا ئىككى قېتىم ئالماشتۇرۇلىدىكەن. بۇرۇن ئۆز تېگىدىن ئايەت خەتلىرىنى چىقىرىپ توقۇلىدىغان بۇنداق يوپۇق مىسىردا تەييارلىنىدىكەن. مىسىردىن بۇ يوپۇقنى مەككىگە ئېلىپ ماڭغاندا، مىسىر خەلقى كاتتا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنداق يوپۇق مەككىنىڭ ئۆزىدە توقۇلىدىغان بوپتۇ. يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان ماشىنىلاردا يوپۇق توقۇيدىغان، كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ زاۋۇتتا ئىككىلا سېخ بار ئىكەن. ئەمما، بۇ زاۋۇت چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەن. بىزگە ھەمراھ بولغۇچىلار ياشانغان بىر كىشىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سېخ مۇدىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز بۇ كىشى بىلەن پاراڭلاشقىنىمىزدىن كېيىنلا ئۇ كىشىنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېتىملىقۇم دېگەن يېرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ كىشى گەرچە قاغىلىقتىن كىچىك ۋاقتىدىلا چىقىپ كېتىپ، ئەرەبچە تىل ئىشلىتىشكە ئاللىقاچان ئادەتلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن «مەن قاغىلىقنىڭ يېتىملىقۇم دېگەن يېرىدىن» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆزنى ئۇنتۇماپتۇ. ئېكسكۇرسىيەدىن كېيىن زاۋۇت مەسئۇلى ھەربىرىمىزگە ئەڭ ئەتىۋارلىق مېھمانلارغا بېرىلىدىغان خاتىرە بۇيۇمى — كەئبىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن يوپۇقتىن بىر پارچىدىن بەردى.



ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش

بىز مەككىدە تۇرغان چاغلاردا 12 ـ ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېمپېراتۇرا يەنىلا 30 گرادۇس ئەتراپىدا ئىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ياز كۈنلىرى تېمپېراتۇرا 45 گرادۇستىن يۇقىرى بولىدىكەن. ئەمما، مەككىدە سانائەت كارخانىلىرى يوق دېيەرلىك بولغاچقا ۋە يېقىلغۇ ئۈچۈن نېفىت گازى ئىشلىتىلىدىگەچكە ھاۋا بۇلغانمىغانىكەن. ئارىلاپ يامغۇرمۇ يېغىپ تۇرىدىكەن. بىز تايىق شەھىرىدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا بىر مەيدان قارا يامغۇرغا يولۇقتۇق.

ساھىبخانا تەرەپ زىيارىتىمىزنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغاچقا، ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ نۇقتىدا زىيارەتتە بولدۇق. پائالىيەتلەر شۇنچە زىچ ئۇيۇشتۇرۇلسىمۇ، كەيپىياتىمىز يەنىلا قىزغىن بولدى، ھارغىنلىق ھېس قىلمىدۇق. مەيلى ئەمەلدارلارنىڭ قوبۇلىدا بولايلى، مەيلى مېھمانخانىدا بولايلى، ئۆزىمىزنى ئەركىن ـ

ئازادە سەزدۇق.

مەككىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە بامدات نامىزىنى ئۆزىمىز
تۇرغان مېھمانخانىنىڭ مەسچىتىدە ياكى ياتاقلىرىمىزدا ئوقۇغاندىن تاشقىرى، قالغان نامازنىڭ ھەممىسىنى ھەرەمدە دۇنيا جاما-
ئەتلىرى بىلەن بىللە ئوقۇدۇق. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كې-
رەككى، مەككىدىكى مېھمانخانىلاردا، چوڭ ماگىزىنلاردا، مەكتەپ-
لەردە ناھايىتى نەپىس ياسالغان مەسچىتلەر بار ئىكەن. ھەرقانداق
مەسچىتلەرنىڭ يېنىدا تاھارەت ئېلىش ئورۇنلىرى (ئەلۋەتتە مە-
لۇم دەرىجىدە ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان ۋە پاكىز) بار ئىكەن.


بىر كۈنى كەچتە مەككىدىكى مەدەنىيەت كۇلۇبىغا لېكسىيە
ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلىندۇق. بۇ كۇلۇب مەدەنىيەت كۇلۇبى دېگەن-
گە لايىق كۈتۈپخانا، ساتىراشخانا، ئاشخانا، يېمەكلىككلەر ماگى-
زىنلىرى ۋە دوكلات مەيدانلىرىدىن تەركىب تاپقانىكەن. بۇ لېك-
سىيىگە مەككىنىڭ دوكتورلىرى، مۆتىۋەرلىرى ۋە ئىلىم ئەھلى-
لىرى قاتناشقان بولۇپ، لېكسىيىدە مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ بى-
لىم ئىگىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر سۆزلەندى.
كېيىن ھەركىمگە ئىككى ـ ئۈچ ۋاراقتىن قەغەز تارقىتىلدى.
لېكسىيىگە كەلگەنلەر بۇ قەغەزگە سوئال يېزىپ مىكروفون ئال-
دىغا كېلىپ ئوقۇدى. لېكسىيە سۆزلىگۈچى ھەربىر سوئالغا قانا-
ئەتلىنەرلىك قىلىپ جاۋاب بەردى. لېكسىيە مەيدانى ھەتتا مۇنا-
زىرە مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. پەقەت دۇئا ـ تەكبىر، نامازلا
بار دەپ قىياس قىلىنىپ كەلگەن بۇ شەھەردە قىزغىن لېكسىيە
ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەن
ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ كۇلۇب لېكسىيە تامام بولغاندىن كېيىن،
بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. شۇ جاينىڭ تىل ئادىتىدە «بۇخا-
رى» دەپ ئاتىلىدىغان پولۇ مېھمان كۈتۈشتىكى ئاساسىي تاماق
ئىكەن. بۇنداق پولۇ ئەرەبىستانغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقالغان

بولۇپ، ئۈستىگە گۆش بېسىلغان چوڭ بىر لېگەن پولۇنى يەتتە ـ سەككىز كىشى يەيدىكەن. بىراق، بۇنداق پولۇغا سەۋزە سېلىنـ ـماي، تەم تەڭشىگۈچى دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تەم كىرگۈزۈلـ ـدىكەن. پولۇدىن كېيىن بانان، ئاپېلسىن، ئانار، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە ـ چېۋىلەر كەلتۈرۈلدى. بىز پولۇنى ۋە مېۋىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېگەندىن كېيىن، ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىپ مېھمانـ ـخانىغا قايتتۇق.

## 4. مەدىنە ۋە باشقا شەھەرلەرگە سەپەر


11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ساھىبخانا تەرەپ بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ زالىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتتىن كېـ ـيىن ھەرەمگە بېرىپ خوشلىشىش ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلـ ـدۇق ۋە جىددە ئايرودرومىغا يېتىپ كېلىپ، «ھاۋادىكى ئاپتو ـ

ئەرەفات تېغىدىن چۈشۈش



بۇس» تىپلىق چوڭ ئايروپىلان بىلەن مەدىنىگە قاراپ ئۇچتۇق.

20 نەچچە مىنۇت ئۇچۇپ مەدىنە ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدۇق. مەدىنە ــ ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس جايى بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇ شەھەردە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئەستىلىكلەر، ئۆز ۋاقتىدا سالدۇرغان مەسچىتى ۋە ئۆيى مۇشۇ شەھەردە، ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ شەھەردە. بىز مەدىنىگە كېلىپ «ئەلنەخىل» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىپ بولغۇچە بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى. بىز ھارغىنلىقنى قارىماي دەرھال تاھارەت ئېلىپ مەدىنە مەسچىتىگە بامداتقا باردۇق. بۇ مەسچىت كۆلىمى، ھەيۋىتى، جاھازلىنىشى جەھەتتە مەككىدىكى ھەرەمدىن چوڭ پەرق قىلمايدىكەن. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مەسچىت ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى ۋادەك بىلەن ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، سول تەرىپى ئايال جىنسىدىكى نامازخانلارغا، ئوڭ تەرىپى ئەر نامازخانلارغا تەئەللۇق ئىكەن. ئەر ـ ئاياللار ئورتاق بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىكەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر شەخسەن بىنا قىلدۇرغان تۇنجى مەسچىت ۋە مەسچىتنىڭ يېنىدىكى خۇسۇسىي ئۆيى بۇ چوڭ مەسچىتنىڭ تۆرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۆي تۆمۈر ۋادەك ئىچىگە ئېلىنغانىكەن. نامازدىن بۇرۇن ۋە نامازدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلار ئايەت ئوقۇغاچ بۇ ئۆينى ئايلىنىدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئۆينىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغاچقا، بۇ يەر بەكمۇ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىكەن. مەدىنە بوستانلاشتۇرۇلۇش جەھەتتە مەككىدىن ياخشى بولۇپ، كەڭ كەتكەن خورمىلىق باغلار بار ئىكەن. شەھەر سودىسى خېلى راۋاجلانغانىكەن. كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى، ماگىزىنلاردا



مەككىدىكى مەدەنىيەت كۇلۇبىدا دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقان ئەرەب شائىرى

ئىشلىگۈچىلەر ئاساسەن تۈركىي تىل قوللىنىدىغانلار ئىكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ماگىزىنلارغا كىرگىنىمىزدە تىل جەھەتتە
ھېچبىر قىينالمىدۇق.

شۇ كۈنى كەچتە مەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىش-
خانىسىنىڭ مەسئۇلى جۇماخۇن بىلەن بازار ئارىلاشقا چىقتىم.
تۈنجى قەدىمىمىزدىلا بىر سائەت دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ قال-
دۇق. جۇماخۇن ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئەلچىخانىلىرىمىزدا بىر
مەزگىل تۇرغان بولغاچقا، ئۇنى يا ئۇيغۇر، يا بولمىسا ئۆزبېك
دېدى. ئىككىمىز قىزىقىپ دۇكانغا كىرىشىمىزگىلا دۇكان ئى-
گىسى بىزنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆزبېك ئى-
كەنلىكىنى، بىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ
بىزگە چاي تۇتتى. دۇكاندا بىز بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقاچ ئۆزى-
نىڭ سائەت دۇكىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مانا

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مېنىڭ مانا مۇشۇنداق دۇكىنىمدىن ئىككى ـ ئۈچى بار. ئەھۋالىممۇ ياخشى، كۆپ بولمىسىمۇ بەش مىللەتنىڭ تىلىنى بىلىمەن. لېكىن، ۋەتەنسىزلىك يامان ئىكەن. ۋەتەنسىز بولساڭ پۇل ـ بايلىقىڭمۇ بىكار ئىكەن. بۈگۈن سىلەرنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم». كېيىنچە بۇ سۆز مەدىنىدە ياشىغۇچى يۇرتداشلارنىڭ ئورتاق قارىشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇلار ۋەتەنگە تەلپۈنىدىكەن ۋە ۋەتەننىڭ ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بولىدىكەن.

بىز ئەتىسى ئوھود تېغىغا كەلدۇق. ئوھود تېغى ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر جەڭلەرنىڭ بىرى — ئوھود جېڭى بولغان جاي. ئوھود تېغى مەدىنە شەھىرىنىڭ بىر بېشىغا جايلاشقانىكەن. گىياھسىز بۇ تاغ قارا تاشلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئوھود تېغىنىڭ يېنىغا — تام بىلەن دائىرە قىلىنغان قەبرىستانلىقتا ئوھود جېڭىدە شېھىت بولغان 70 نەچچە كىشىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغانىكەن. لېكىن، شېغىل ئارىلاش قارا تۇپراقلىق بۇ قەبرىستانلىقتا ھېچقانداق قەبرە ياكى خادا يوق ئىكەن. بىز بۇ شېھىتلەر نامىغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام تارىخىدىكى داڭلىق ئۇرۇشلاردىن بىرى — خەندەك جېڭى بولغان جاينى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنە ئاھالىسى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان ۋە بىللە ناماز ئوقۇغان مەسچىتنى زىيارەت قىلدۇق.

ئۈچىنچى كۈنى مەدىنە دائىرىلىرى بىزنى سەئۇدى ئەرەبىستانى قۇرئان باسما مەركىزىگە باشلاپ باردى. قۇرئان باسما زاۋۇتى قۇرئان باسما مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر تولۇق ئاپتوماتلاشقان باسما ماشىنىلىرىدا ئۆلچەملىك قۇرئانلار بېسىلىپ تۈپلىنىدىكەن. ئۆلچەملىك قۇرئانلارنى تارقىتىش خىزمىتىنىمۇ

مۇشۇ مەركەز ئۆز ئۇستىگە ئالغانىكەن. بۇ مەركەزدە يەنە قۇرئان قىرائىتى ئۇنئالغۇغا ئېلىنىپ ئاقما مەشغۇلات لىنىيىسى بويىچە يۇرۇشلەشكەن قۇرئان ئۇنئالغۇ لېنتىلىرى ئىشلىنىدىكەن.

بىز مەدىنىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە مەدىنە شەھىرىنىڭ 100 نەچچە كىلومېتىر نېرىسىغا، يەنى قىزىل دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان مەشهۇر نېفىت بازىسى، چۆلدە بەرپا قىلىنغان يېڭى شەھەر — يومبىغا زىيارەتكە باردۇق. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مەشهۇر «بەدىر غازىتى» بولغان بەدىردىن ئۆتتۇق. ئىسلام تارىخىي هۆججەتلىرىدە قاقاس چۆل دەپ تەسۋىرلەنگەن بۇ جىلغا هازىر قەۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەن مۇقىم بىر بازارغا ئايلىنىپتۇ.

ئەمدى مەلۇم بولغايكى، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئولتۇرغان «AYRBOS 300A 26» تىپلىق ئايروپىلان 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى مەدىنە شەھىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۇچقاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بىز رىيادتىكى «Kontin Intnintal» مېهمانخانىسىغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە پائالىيەتلىرىمىزگە كىرىشىپ كەتتۇق.

رىياد — پايتەخت بولۇش سۈپىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىقتىساد، پەن ـ مەدەنىيەت، دىن، قۇرۇلۇش سەۋىيىسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن شەھەر ئىكەن. بىز بۇ شەھەردە تۇرغان ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە تەكلىپكە بىنائەن مەرهۇم پادىشاھ ئابدۇل ئەزىزنىڭ هايات پائالىيىتى هەققىدە مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىلىدىغان خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق، بۇ يىغىندا هازىرقى

پادىشاھ پەھەدىنىڭ نۇتقىنى ۋە بىرقانچە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئاڭلىدۇق. پادىشاھلىق (پايسال نامىدىكى) دوختۇرخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شەھەر رايونىدىكى دىريا قەدىمىي شەھىرىگە بېرىپ، 200 يىلدىن بۇرۇنقى شەھەر قەلئەسىنى، پادىشاھنىڭ قەدىمىي جايىنى زىيارەت قىلدۇق. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باش مۇپتىسى شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن بازنىڭ قوبۇلىدا ۋە خۇسۇسىي زىياپىتىدە بولدۇق.

رىيادتىكى زىيارىتىمىزدىن كېيىن، بۇ مەملىكەتنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان مۇھىم نېفىت سانائىتى بازىلىرى — زەھران، دامام، خۇبىار قاتارلىق شەھەرلەردە بولدۇق. نېفىت ئىنستىتۇتلىرىنى، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى، مۇھىم شىركەتلەرنى كۆردۇق. پادىشاھنىڭ ئوغلى — شاھزادە مۇھەممەد بىن پەھەد شاھزادىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق.

بىز مەككىدە تۇرغان كۈنلەردە ھەرەمدە جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانغا كىرىشىنىڭ تۇنجى بېكىتى بولغان جىددە شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە ۋە يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن شەھەرلەردە بولغان ۋاقتىمىزدا، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ھەققىدە ئومۇمىي تەسىراتلار قىسمىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 5. سەئۇدى ئەرەبىستاندا دىن

سەئۇدى ئەرەبىستانى — ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن جاي. مەن ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستانىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار بىلەن تولغان، ھەممىلا كىشى ئەتىگەندىن - كەچكىچە تائەت - ئىبادەتتە بولىدىغان، مۇڭلۇق

قىرائەت ئاۋازى ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان مەملىكەت سۈرىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. پەقەت مەنلا ئەمەس، نۇر-غۇن كىشىلەردىن يەنە شۇنداق سۈپەتلەشلەرنى ئاڭلىغانىدىم. قىسقىسى، مەن بىلىدىغان ئىسلام قائىدىلىرىنى ئۇ يەردە بىرقانچە ھەسسە كۆپتۈرۈلگەن قىياپەتتە قىياس قىلاتتىم. ئىككى ھەپتىلىك زىيارەت داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇرۇنقى قاراشلىرىمنىڭ بەزىلىرى ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس ئى-كەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئىسلام دىنى مەملىكەتنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە باشقۇرۇش، بەش پەرزنى ئادا قىلىش، مۇھىم دىنىي بايرام ۋە مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىدىلا چەكلىنى-سە كېرەك. گەرچە دىنىي ئەقىدىلەر كىشىلەرنىڭ قان- قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئارتۇقچە يۇك ھېسابلىنىدىغان، دىنىي قائىدىلەردە كۆرسىتىلمىگەن پائالىيەتلەر مەجبۇرىيەتنىڭ سىر-تىدا ئىكەن.

مەسىلەن، ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى بولغان نامازنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ناماز ۋاقتىدا يۇقىرى ۋاتلىق كانايلاردا تووۋلىنىدىغان ئەزان ئاۋازى ھەممىلا يەردە ياڭراپ كې-تىدىكەن. ھېچكىممۇ بۇ يەردىكىدەك ئەزان تووۋلىنىۋاتقاندا تۇرغان جايىدا توختاپ تۇرۇپ، گەپ قىلىشماسلىق، ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن قوزغىلىش دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلمايدىكەن. مىڭلىغان ئاپتوموبىللار چوڭ مەسچىتلەرگە قاراپ ئاقىدىكەن. ئالىملار، ئوقۇتقۇچىلار، سودىگەرلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەممە تە-بىقىسىدىكىلەر ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان مەسچىتلەرگە يې-تىپ كېلىشىدىكەن. ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا قەيت قى-لىنغاندەك، تۆپتۈز سەپ راسلاپ تۇرغىنىچە ناماز پەرزىنىلا ئو-قۇيدىكەن- دە، مەسچىتتىن چىقىپ ئۆز ئىشلىرىغا ئالدىرىشى-



مەدىنىدىكى «ئەلنىفىل» مېھمانخانىسىدا

دىكەن. نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىدىغانلارمۇ ئازچىلىلىقنى تەش-
كىل قىلىدىكەن. ئومۇمەن ئالغاندا، بەش ۋاخ نامازنى قالدۇرماي
ئۆتەيدىكەن ھەم ۋاقىت تېجەشكىمۇ دىققەت قىلىدىكەن.

زىيارەت داۋامىدا بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نۇرغۇن جاي-
لىرىغا باردۇق. نۇرغۇن ئىسلام يادىكارلىقلىرىنى ئېكسكۇرسىيە
قىلدۇق. بىراق، ھېچبىر يەردە مازار كۆرمىدۇق. بۇ ھال بىزدىكى
مازارلارنىڭ تولىلىقى ۋە ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن روشەن سېلىش-
تۇرما بولدى. ھەتتا ئوھود جېڭىدە شېھىت بولغانلارمۇ، پەيغەم-
بەرنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئادەتتىكى يەرلەرگە دەپنە
قىلىنىغانىكەن. ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى باشقا جايلاردىن پەرقلەندۇ-
رۇش ئۇچۇنلا پاكار توپا تام ياكى ۋادەك بىلەن توسۇپ قويۇلۇپتۇ.
گۆر ئۇستىگە قەبرە قاتۇرۇلماپتۇ، ھەتتا نىشانمۇ تىكلەنمەپتۇ.
ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، پۇتكۇل سەئۇدى ئە-

رەبىستانى تەۋەسىدە بىرمۇ مازار يوق ئىكەن.

بىز مەككە شەھىرىدە يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەر-
مەنكىسىدە ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. بىز كەڭ زال ئىچىدە تۇر-
غىنىمىزدا نامارغا ئەزان چىقتى. شۇ چاغدا قوللىرىغا يېرىم مې-
تىر كەلگۈدەك ئۇزۇنلۇقتىكى تاياق تۇتۇۋالغان ئىككى كىشىنىڭ
سودىگەرلەرنى ۋە خېرىدارلارنى نامازغا دەۋەت قىلىپ يۈرگەنلى-
كىنى كۆردۈم. ئەرەبىستاندا نامازغا دەۋەت قىلىدىغان مەخسۇس
ئادەملەر قويۇلغىنىغا قارىغاندا، نامازغا بارمايدىغانلارمۇ بار ئىكەن
دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم ۋە ھەمراھ بولۇۋاتقانلاردىن بۇ ھەققتە
سورىدىم. ئۇلار نامازغا ئۆزلۈكىدىن بارمايدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى
ئېتىراپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاز بىر قىسىم كىشىلەر
نامازدىن قالسا ۋە بۇ ئەھۋال سېزىلسە، بىزدىكى مەھەللە كومى-
تېتىغا تەڭ كېلىدىغان بىر ئورگان تەرىپىدىن چاقىرتىۋېلىنىدى-
كەن ۋە ناماز قالدۇرغانلارغا تەربىيە بېرىلىدىكەن. تەربىيىنى
ئاڭلىماي يەنە ناماز قالدۇرسا، مەلۇم دىنىي تەنبىھكە ئۇچرىتى-
لىدىكەن، ئۆز - ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، ئەرەبىستاندا ناماز
قالدۇرۇش ۋە ناماز قالدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھادىسىلىرى مەلۇم
دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەن.

بىزگە زىياپەتلەردە ۋە ئادەتتىكى مېھماندارچىلىقتا نۇرغۇن
مەشھۇر زاتلار، ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئادەتتىكى شەخسلەر بىلەن
بىللە بولۇشقا توغرا كەلدى. تاماقتىن بۇرۇن ۋە تاماقتىن كېيىن
ئۇلارنىڭ بىرەر سۆز قىلمىغانلىقى ياكى دۇئاغا قول كۆتۈرمىگەنلى-
لىكى بىزگە بىر يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. بىزنىڭ تاماقتىن بۇ-
رۇن ۋە تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىشلىرىمىز سەئۇدى ئەرەبىستا-
نىدىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان قائىدىمۇ ياكى بىز
ئۆزىمىز قوشۇۋالغان قائىدىمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش قىيىن.

بىراق، ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىدە ياشاۋاتقانلارنى دىنغا خىلاپ ئىش قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەش ئورۇنلۇق بولمىسا كېرەك.

بىز زىيارەت داۋامىدا ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ كىشىلەردىن بىرنېمە تىلەۋاتقان تىلەمچىلەرنى كۆرمىدۇق. شۇنىسى ئېنىقكى، سىنىپ ۋە قاتلاملار بىرقەدەر روشەن بولغان، بايلىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىغا ھەددىدىن زىيادە توپلانغان سەئۇدى ئەرەبىستاندا كەمبەغەللەرنىڭ، پېقىرلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە خەير ـ ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ بۇنداق پېقىرلارغا مەلۇم دەرىجىدە ياردىمى بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيىسى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ جايدا، ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلمىدىغانلار يەنىلا بار ئىكەن. بىراق، ئۇلار ئىماننى ئاچچىغا ئايلاندۇرۇشتىن خالىي ئىكەن.

بىر كۈنى بىز مەككىدىكى ھەرەمگە پېشىن نامىزىغا باردۇق

مەككە بىلەن تايىف شەھەرلىرى ئارىسىدىكى چايخانا




ۋە ئىككىنچى قەۋەتتە ناماز ئوقۇپ بولۇپ، بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ پەلەمپەيدە ئازراق ئارام ئالدۇق. شۇ چاغدا كۆزۈم ناماز-خانلارنىڭ ئەڭ كەينىدىكى سەپتە ئولتۇرغان 10 غا يېقىن كىشىگە چۈشتى. نامازدىن قايتمىۋاتقانلار ئۇلارغا بىر رىيالدىن بەش رىيالغىچە (ئۆز ۋاقتىدا بىر رىيال تەخمىنەن 0.90 يۈەن خەلق پۇلىغا توغرا كېلەتتى. ئاپتوردىن) پۇلنى ھېچ دەبدەبىسىزلا بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئالغۇچىلارمۇ پۇل بەرگۈچىلەر ھەققىدە دۇئا قىلمىدى. بۇ ھال مەندە پۇل - پۈچەككە ئېھتىياجلىقلار ئاشۇ ئاخىرقى سەپتە ئولتۇرسا كېرەك، دېگەن قاراشنى پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق سىپايە تىلەمچىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدىلىقلار ياكى باشقا مەملىكەتتىن كەلگەنلەر ئىكەنلىكى نائېنىق بولسىمۇ، باشقىلارغا ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ دۇئا تەمەسىدە ياردەم قىلمايدىغانلىقى، ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئىمانغا پۇل تېگىشىش كويىدا ئەمەسلىكى، خالىسلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆركەملىكى ۋە نەپىسلىكى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. چوڭ - كىچىك مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىممەت باھالىق قۇرۇلۇش ما-تېرىياللىرى، ئاۋاز كۈچەيتكۈچى ئاپپاراتلار ئىشلىتىلىدىكەن. نامازخانلارنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئېھتىياجىنى ھېسابقا ئېلىپ، بىرەر مەسچىتلىك جامائەت بارلا يەرگە بىر مەسچىت سېلىنىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھەج ئىشلىرى كومىتېتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كومىتېت بولۇپ، بۇ كومىتېت ھەج ئىشلىرىغا ئا-ئىت ھەممە ئىشلارنى بېجىرىدىكەن. ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن.

مەسىلەن، ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ساپا - مەرۋە تاغلىرى ئارىسىدا يۈگۈرۈش خېلى چوڭ غەيرەت كۆرسىتىشنى



ئەرەفات تېغىنىڭ 12 ـ ئايدىكى مەنزىرىسى

تەلەپ قىلىدىغان بىر زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسى ئادەتتىكى يول ئىكەن. ھازىر بولسا 700 — 800 مېتىر كېلىدىغان بۇ ئارىلىق ھەشەمەتلىك كارىدورنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، تېگىگە مەرمەر ياتقۇزۇلۇپتۇ. تې-نى ئاجىزلار ۋە ياشانغانلار ئۈچۈن يول ئوتتۇرىسىدا ۋادەك بىلەن ئايرىۋېتىلگەن تار يول ياسىلىپتۇ. بۇ يولدا ئاجىزلار ۋە ياشان-غانلار مەخسۇس ياسالغان قول ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، مەخ-سۇس كىشىلەر تەرىپىدىن ئىتتىرىپ يۈگۈرتۈلىدىكەن. ھەج تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ بېرىشى كۆزدە تۇتۇ-لۇپ، ھازىر مەدىنىدىكى چوڭ مەسچىت كېڭەيتىپ قۇرۇلۇۋېتىپ-تۇ ۋە مەسچىت سىرتىغا چىرايلىق لاپاسلار ياسىلىپتۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا كەڭ قوللىنىلىشىغا ۋە ئىلىم ـ پەن ئۇ-چۇرلىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىدىكى بەزى

مەسىلىلەرنى قايتا چۈشەندۈرۈشكە ۋە ئىزاھلاشقا توغرا كەلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبىستان باش مۇپتىخانىسىنىڭ قارىمىقىدا ئا-لىملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەشھۇر دىنىي زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان بىر مەخسۇس مەھكىمە — پەتىۋا مەھكىمىسى تەسىس قى-لىنغان. بۇ مەھكىمىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ۋە دىنىي قائىدىلەرنىڭ زىددىيەتلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە پەتىۋا چىقىرىش ئىكەن. مەسىلەن، بەزىلەر ئىسلام دى-نىدا پەرزەنتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىككى جىنستىكىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق بولىدۇ، دېيىلگەن. بىراق، ھازىر دۇنيادا تەجرىبە نەيچىسىدە ئۆستۈرۈلگەن بوۋاق دۇنياغا كەلدى، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، دېگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1985 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەئۇدى ئەرەبىس-تانى شاھزادىسى ئامېرىكىنىڭ ئالەم ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ كا-ئىناتقا سەپەر قىلغاندا، بەزىلەر بۇ ئىشنىڭ دىن ئاساسلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قاراشقا كېلەلمىگەن. بۇ مەھكىمە پەتىۋا بويىچە كىشىلەرنىڭ كۆزقاراش-لىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەم مەسىلىگە شۇنداق قارىغان. بۇنداق پەتىۋالار گەرچە پەننىي ئاساسلارنى دىنىي قائىدىلەر بىلەن دەلىللەش ئاساسىدا چىقىرىلغان، بىرىچە ئېيتقاندا، روشەن ئىدىي-ئالىستىك قاراش بولسىمۇ، جامائەت پىكرىنى ۋاقتىنچە بىرلىك-كە كەلتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىغان.

## 6. سەئۇدى ئەرەبىستاندا پەن

سەئۇدى ئەرەبىستاندا نۆۋەتتە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، ئى-لىم - پەننى ئىگىلەش، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپە-قىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىق

كۆرسىتىلىۋېتىپتۇ ۋە خېلى ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپتۇ. بىز نۇرغۇن سورۇنلاردا ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ياشلارنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. گەرچە ئۇلار پەن بىلەن دىننىڭ يىلتىزى بىر دەپ ھېسابلاشنى، پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە دىندىن ئاساس تېپىشنى ئۆز سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مۇقامى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىشنىڭ بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ يۈكسىلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زىچ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىكەن.

مەتبۇئات ئورگانلىرىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى بېسىپ تارقىتىشتىن ئۆزگە، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابلىرىنىمۇ كەڭ تارقىتىدىغانلىقى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردە دىنىي دەرسلەر بىلەن بىللە پەننىي دەرسلەرمۇ زور ئېتىبارغا ئېرىشىدىغانلىقى، مائارىپ ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغنىڭ خېلىلا كۆپلۈكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

چوڭلار مائارىپى مەسىلىسى ھازىر 3 - دۇنيا ئەللىرىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا زور نېفىت بايلىقى بايقالماستىن بۇرۇن، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئاھالىسىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ۋە پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ خېلى تۆۋەنلىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئايدىڭ. شۇ سەۋەبتىن، مائارىپ ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىكەن. 1970 - يىللىرى ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئاھالىسىنىڭ 75 پىرسەنتى ساۋاتسىز ئىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، 70 - يىللاردىلا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتكەن. 1972 - يىلى چوڭلار مائارىپى قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ



مەككىدىكى ئۇممۇر قورا ئۇنىۋېرسىتېتىدا

ئېلان قىلغان. ئارقىدىنلا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ 20 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. 1975 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئورۇنداش تەلەپ قىلىنغان بۇ پىلاننىڭ ئاخىرقى مەقسىتى 1995 - يىلى ساۋاتسىزلىقنى مەملىكەت مىقياسىدا تۈگىتىش ئىكەن. ئۇلار 1981 - يىلىغا كەلگۈچە چوڭ ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتىپىدىن 2792 نى قۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار يەنە ئوقۇش يېشىدىكىلەر مائارىپى ئۈچۈن ئاز بولمىغان مەبلەغ سېلىپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىغان.

بىز زىيارەت داۋامىدا، باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە زىيارەتتە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدۇق. بىراق، كۆرگەن ۋە ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىي تونۇشقان ئالىي مەكتەپلىرىمىز ئاز بولمىدى.

بىز مۇھىم نېفىت بازىسى بولغان زەھران شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە، زەھران نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىل-

دۇق. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتى بىر گەۋدە قىلىنغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت قارىمىقىدا يەتتە ئىنستىتۇت بار ئىكەن. بۇ ئىنستىتۇتلاردا 700 نەپەر دوكتور ۋە پروفېسسور ئىشلەيدىكەن. غەرب ئەللىرى ئالىي مەكتەپلىرىدە قوللىنىدىغان ئوقۇش ئۆلچىمى بويىچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئىلغار زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر، مۇكەممەل ۋە ئەڭ تېز ھېسابلايدىغان ئېلېكتروندلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلۇپتۇ. بۇ مەكتەپ يەنە جەمئىيەت پەن ـ تېخنىكا بۆيرۇتمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ھاۋالىسىدىن كىرگەن كىرىم بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر قىسىم خىراجىتىنى ھەل قىلىنىۋالىدىكەن.

ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زور ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە پەن تەتقىقات قوشۇنى يېتىشتۈرۈلۈپتۇ. چەت ئەل پەن ـ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشنىمۇ قولدىن بەرمەپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارلىق كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسەن مۇنداق ئىككى يول بىلەن، يەنى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى يۇقىرى مائاش بەدىلىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆز كىشىلىرىنى تەربىيىلەش يولى بىلەن ھەل قىلىنىۋاتسا كېرەك.

سەئۇدى ئەرەبىستانى زور ھەجىمدىكى نېفىت كىرىمىگە تايانغاندىن باشقا، پەن ـ تېخنىكىغا ۋە ئىقتىدارلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە تايانغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە ئۆز قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلالىغان. مەن بۇ يەردە يۇقىرىقى نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن جىددە شەھىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئاز ـ تولا مىسال ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان جىددە

شەھىرىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان چاغدىكى نوپۇسى ئاران 30 مىڭ ئىكەن. ھازىر بۇ شەھەر 2 مىليون ئاھالىگە ئىگە، ستېرېئولۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللىرى بار، تۈركۈم ـ تۈركۈم ئېگىز ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرگەن بىر شەھەر. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ شەھەردە تېخى ئېلېكتر يوق ئىدىكەن. ھەتتا گۈللۈكلەرمۇ يوق ئىكەن. 1948 ـ يىلى جىددە شەھىرىدە تۇنجى پرېستان قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى سېپىللار ئۆرۈۋېتىلگەنىكەن. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شەھەر مەمۇرىيىتى بۇ شەھەردە ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوللىنىشقا باشلىغان. زامانىۋى ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى، زامانىۋى دوختۇرخانىلار بارلىققا كەلگەن. ھازىر شەھەر رايونىغا ئورنىتىلغان ھەر خىل سەنئەتلىك ھەيكەللەرلا 250 تىن ئاشىدىكەن.

جىددە ئايرودرومىمۇ ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ بىر نامايەندىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دۇنيا بويىچە بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئايرودروملارنىڭ بىرى بولغان بۇ ئايرودروم 12 مىڭ تېخنىك ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ بىپايان قۇملۇقتا يەتتە يىل جاپالىق تەر ئاققۇزۇشى نەتىجىسىدە پۈتۈپ چىققان. بۇ ئايرودرومدىكى يول باشلىغۇچى ئەسلىھەلەر قۇم ـ بوران ئۇچۇپ تۇرغان يامان ھاۋادىمۇ ئايروپىلانلارنىڭ ھېچ خاتاسىز قونۇشىغا ۋە كۆتۈرۈلۈشىگە قوماندانلىق قىلالايدىكەن. ھەر يىلى ھەج ۋاقىتلىرىدا ھەر 30 سېكۇنتتا بىر ئايروپىلان قونۇپ تۇرىدىكەن. بۇ ئايرودروم سىرتتىن قارىماققا ئۇسكۇنىلىرى تولۇق بولغان بىر كىچىك شەھەرگە ئوخشايدىكەن. ئايروپىلان ساقلاش زاللىرىغا بارىدىغان كارىدورلاردا سۈنئىي شارقىراتمىلار شارقىراپ تۇرىدىكەن. كەڭ زال ئىچىدە ئېچىلغان گۈل ـ گىياھلار، ياپيېشىل دە-

رەخلەر كىشىلەرگە تەبىئەت تۈيغۇسىنى بېغىشلايدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىش-لىرىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانىكەن.

بىز زىيارەت داۋامىدا ئاۋۋال مەككە بىلەن تايىف ئارىسىدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىنى ۋە كېيىن رىيادتىكى پايسال نامىدىكى پادىشاھلىق دوختۇرخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ دوختۇر-خانىلار ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردە ياسالغان ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ قىممەت ئۈسكۈنىلەر بىلەن جاھازلانغانىكەن. بى-مارلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈشلەر، مەشغۇلاتلار ئونلىغان ماشىنا ئادەملەر بىلەن ئىشلىنىدىكەن. دۇنيادا سانى بەكمۇ ئاز بولغان ئىزوتوپلۇق رادىئاتسىيە بىلەن داۋالاش ئېلىپ بارىدىغان ئۈسكۈنىلەر بۇ دوختۇرخانىدا بىمارلارغا يېڭى ھايات بەخش ئېتىدىكەن. ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەلخانىنىڭ قۇرۇلۇشلى-رىمۇ ناھايىتى نەپىس ماتېرىياللار بىلەن بېزىلىپتۇ. كېسەللەر-نىڭ كارىۋىتى ئۈستىگە ئورنىتىلغان تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىن سېسترالار بىر قاراپلا كېسەلنىڭ قان بېسىمى، بەدەن تېمپېرا-تۇرىسى، ھەتتا يۈرەك سوقۇشى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى بى-لىۋالالايدىكەن. مەركىزىي ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بۆلۈمىدە بولسا دوختۇرلار، ۋراچلار كېسەلگە ۋاستىلىك دىئاگ-نوز قويالايدىكەن. بۇ دوختۇرخانىلاردا داۋالانغان كېسەللەرنىڭ كېسەل تارىخى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئەستە ساقلاش قىسمىدا ساقلىنىدىكەن. لازىم بولغاندا بىر - ئىككى كۇنۇپكىنى باسسىلا كېسەل تارىخى تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەرەب ۋە ئىنگلىز يېزىقلىرىدا پەيدا بولىدىكەن.

بىز يەنە بۇ دوختۇرخانىدا قان كېسەللىكىگە گىرىپتار بول-غان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن نازۇك ماشىنىلارنىڭ ياردىمىدە قېنى-



رىياد دوختۇرخانىسىغا زىيارەت

نىڭ ئالماشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. تۇغۇت بۆلۈمىدە ھەتتا ئېغىرلىقى يېرىم كىلوگرام كېلىدىغان، بەش ئايدا تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاقلارنىڭ ئەي قىلىنىۋاتقانلىقى بىزدە ئۇلارنىڭ مېدىتسىنا سەۋىيىسىگە قىزىقىش پەيدا قىلدى.

ئادەتتە بۇنداق چوڭ دوختۇرخانىلارغا تىك ئۇچار ئايروپىلان سەپلەپ بېرىلىدىكەن. شەھەر ئاھالىلىرىدىن ئۆزگە، يېزا قىشلاقلاردا جىددىي كېسەل بولۇپ قالغانلار بولسا، تېلېفون بېرىلسىلا تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتىلىدىكەن. ئوقۇرمەنلەر مۇنداق داۋالاش ئىشلىرىدا بەلكى كېسەل بولغۇچى زور ئىقتىسادىي چىقىمغا ئۇچرايدىغاندۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بىراق، شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىش پۈتۈنلەي ھەقسىز ئىكەن.

بىز رىياد شەھىرىدىن ئايرىلىپ زەھران شەھىرىگە ماڭدى-
غان كۈنى چۈش مەزگىلىدە ئۆمىكىمىزدىكى بىر خۇيزۇ يولداش
تۇيۇقسىز قان قۇسۇپ يىقىلىپ قالدى، قاننىڭ جىقلىقىدىن ۋە
توختىمايۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، كېسەل خېلى ئېغىر ئىدى. بىز
ئەھۋالنى بىزگە ھەمراھ بولغۇچىلارغا ئېيتقاندىن كېيىن دەرھال
ماشىنا يېتىپ كەلدى ـ دە، كېسەلنى پايسال نامىدىكى دوختۇر-
خانىغا ئەكەتتى. بىز بولساق ئايرودرومغا چىققاندىن كېيىنلا
كېسەلنى يوقلاپ كەلگەن يولداش ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق
كىشىلەردىن ھېلىقى يولداشنىڭ ئاشقازىنىدا ئۆسمە بارلىقىنى،
دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان ھامان يېرىم سائەت ئىچىدىلا دى-
ئاگنوز قويۇلۇپ ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا ياتقۇزۇلغانلىقىنى ۋە
ئوپېراتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ قېرىندىشىمىز-
نىڭ قىسمىتىگە ئىچ ئاغرىتتۇق. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا
زەھرانغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتۇق. كىم بىلسۇن، قالغان يولداش-
تىن يولداش ئىسمايىل ئەھمەدكە تېلېفون كەلدى. شۇ چاغدىلا
بىز كېسەلنىڭ ئوپېراتسىيەدىن خاتىرجەم ئۆتكەنلىكىنى، ئە-
تىلا كارىۋاتتىن چۈشەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇش-
تۇق. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كېسەل بىز بىلەن تېلېفوندا
سۆزلەشتى ۋە بىز بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا بېي-
جىڭغا يېتىپ كەلدى. بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مۇناسىۋەت-
لىك تارماقلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن
بىللە، بۇ دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يۇقى-
رىلىقىدىن ھەيران قالدۇق. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، بۇ دوختۇر-
خانا مەملىكەت بويىچە مەخسۇس قىيىن كېسەللەرنى داۋالايدىغان
دوختۇرخانا ئىكەن. مانا مۇشۇنداق چوڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەي-
دىغان، مېدىتسىنا ئىلمى بويىچە يۇقىرى ئۇنۋانى بولغان مۇ-

سۇلمان دوختۇرلار، پەن تەتقىقات مۇئەسسەسەلىرىدە ئىشلەيدىغان مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلەر ئۆز كەسپىدە يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە بويسۇنىدىكەن.

ئوقۇرمەنلىرىمىز سەئۇدى ئەرەبىستانى شاھزادىسىنىڭ ئامېرىكا ئالەم ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ كائىناتقا سەپەر قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېھتىمال خەۋەردار بولۇشلىرى مۇمكىن. بۇ يەردە بۇ سەپەرنىڭ قىسمەن تەپسىلاتىنى سۆزلەپ ئۆتسەك، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا پەن بىلەن دىنىنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردىمى تېگىشى مۇمكىن.

1982 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەرەب سۈنئىي ھەمراھ بىلەن ئالاقىلىشىش تەشكىلاتى ئامېرىكا ئالەم قاتناش ئىدارىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ 2 ـ ئالاقە سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىغان. كېلىشىمدە بىر نەپەر ئالەم ئۇچقۇچىسىنى تاللاپ ئالەم ئايروپىلانى ئارقىلىق سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق، شاھزادە سۇلتان بىن ئابدۇل ئەزىز نامزات سۈپىتىدە تاللانغان. 28 ياشلىق بۇ شاھزادە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى تاماملىغان بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە باشقارما مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇ ھەر خىل ئايروپىلانلارنى ھەيدەشنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامېرىكا ئالەم قاتناش ئىدارىسىدە تەربىيىلىنىشكە باشلاپتۇ.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شاھزادە ئالەم ئايروپىلانىغا چىقىدىغان ۋېتىپ: «بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللا، بەندەڭنى

ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ دۇئا قىلغان.

ئالەم ئايروپىلانى ئوربىتىغا كىرگەندىن كېيىن سىكۇنتىغا سەككىز كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن يەر شارىنى ئايلىنىشقا باشلىغان. ئالەم ئايروپىلانى ھەر كۈنگە يەر شارىنى 16 قېتىم ئايلىنىپ تۇرغاچقا، شاھزادە ھەر 45 مىنۇتتا بىر قېتىم تاڭ ئاتقانلىنى ۋە يەنە 45 مىنۇتتا بىر قېتىم كەچ كىرگەننى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناماز ئوقۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاتاقلىق ئۆلىمالاردىن پەتىۋا سورىغان، شۇنىڭ بىلەن كۈنگە ئۈچ قېتىمدىن ناماز ئوقۇشقا ئىجازەت ئالغان. قىبلىنى مۇقىمدىيالمىغاندا، يەنە ئۆلىمالار ئۇنىڭغا خالىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئالەم سەپىرىدە ھەممە نەرسە ئۆز ئېغىرلىقىنى يوقىتىدىغان بولغاچقا، شاھزادە سۇ بىلەن تەرەت ئېلىشقا ئامالسىز قالغان. شۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھۆللەنگەن لۆڭگە بىلەنلا تاھارەت ئالغان.


ئالەم ئايروپىلانىدا يەتتە ئادەم بىر كىچىك بۆلۈمگە سىغدىشىپ ئولتۇرغان بولغاچقا، بەدەندىكى سۇيۇقلۇق سەرپىياتى يۇقىرى بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ سۇ ۋە كائىنات تەسىرىنى يوقىتىدىغان دورا ئىچىشكە توغرا كېلەتتى. بىراق، ئالەم سەپىرىنى باشلىغان تۇنجى كۈنى يەنىلا روزا تۇتىدىغان كۈن بولغاچقا، شاھزادە سۇ ۋە دورا ئىچىشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تېنى ھەددىدىن تاشقىرى ئاجىزلاپ كەتكەن.

ئەتىسى شاھزادە ئالەم ئايروپىلانىنىڭ دېرىزىسىدىن يېڭى ئاينى كۆرگەندىن كېيىنلا ئەرەب دۇنياسىغا ۋە ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىگە تېلېگراممىا يوللاپ روزى ھېيتنى تەبرىكلىگەن.

زىيارەتتە بولغان كۈنلەردە مەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا جەمئىيەت ئامانلىقى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋە جىنايەتكە قارىتا قول-

لىنىلىدىغان جازا مەسىلىسىگە خېلى دىققەت قىلدىم. ئومۇمەن، كىشىلەرگە ئورۇنسىز چېقىلىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرد- كەتلىرىنى ئۇچراتمىدىم، بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە ئاڭلىمىدىم. قا- رىماققا قاتناش ۋەقەلىرى خېلى كۆپ ساندا يۈز بېرىپ تۇرغان بىلەن، بىر - بىرىگە ئازار بېرىشىدىغان ئىشلار كۆزۈمگە چې- لىقمىدى. بۇ يەردە ئوغرىلىق قىلىدىغانلار ئۇچۇن پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغان يوچۇقلار خېلىلا چوڭ ئىكەن. بەزى سودىگەرلەر نامازغا كەتسە دۇكانلىرىنى تاقىمايدىكەن. ماشىنىلارمۇ يول بويى- غىلا توختىتىپ قويۇلىدىكەن. مەن بۇ ئەھۋاللارغا قىزىقىسىنىپ خەۋەردار ئەربابلاردىن سورىدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوغرى- لىق قىلغانلارغا ئادەتتە قاتتىق جازا بېرىلىدىكەن، يەنى قولى كېسىپ تاشلىنىدىكەن. بىراق، ئوغرىلىق دېلوسى تۇغۇلغاندا، ئوغرىنىڭ ئاچ قېلىپ، يالىڭاچ قېلىپ ياكى قەرزگە بوغۇلۇپ

كۇۋەيتتىكى «ھىلتون» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا



ئوغرىلىق قىلغانلىقى سېزىلسە، بۇنداقلارغا تەربىيە بېرىلىپ، يەنە ئوغرىلىق قىلماسلىققا تىلخەت ئېلىنىدىكەن ياكى يېنىك-رەك جازا بېرىلىدىكەن. ئەگەر باي بولۇشنى، باشقىلارنىڭ مېلى بىلەن ئۆزىنى سەمرىتىشنى مەقسەت قىلىپ ئوغرىلىق قىلغان-لىقى سېزىلسە، قولىنى كېسىش جازاسى بېرىلىدىكەن. ئېيتى-لىشىچە، بۇنداق جازا بېرىلىدىغانلار يىلىغا ئىككىدىن ئاشماي-دىكەن.

ئىسلام دىنىدا هاراق ئىچىش، كەيپ قىلىدىغان باشقا ئى-چىملىك ياكى چېكىملىك بىلەن شۇغۇللىنىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدىغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق. مەن هەمراھ بولغانلار-دىن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا هاراق ئىچىدىغانلارنىڭ بار - يوقلۇ-قىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇلارنىڭ جاۋابىدىن قارىغاندا، هاراق ئى-چىش ئادەتتە قاتتىق مەنئى قىلىنىدىكەن. سىرتقا چىققاندا بول-سا ئەگەر هاراق ئىچىدىغانلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قې-لىشقا توغرا كېلىپ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى هاراق ئىچىپ سالسا، مەسىلەن، گېلىغا بىرەر نەرسە تۇرۇپ قېلىپ، ئەتراپتا سۇ بول-مىسا، جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن هاراق ئىچسە، بۇ هال گۇناھ هېسابلانمايدىكەن. ئەگەر قەستەن هاراق ئىچىپ كەيپ قىلغانلار سېزىلسە مەلۇم دەرىجىدە جازاغا ئۇچرايدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا هاراق ئىچىپ كوچىلاردا پوخورلۇق قىلىدىغان، جېدەل چىقىرىدىغانلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بولماسلىقى تەبىئىي هال.

كۆزىتىشىمىزچە، تاماكا چېكىدىغانلار ياشلار ئىچىدە خېلى ئۇچرايدىكەن، مەن چۈشكەن ماشىنىنىڭ ياش شوپۇرىنىڭ تاماكا چەككەنلىكىنى ۋە بىزگە هەمراھ بولغان بىرەيلەننىڭ تاماكا چەككەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن مەن تاشلىۋەتكىلى

(ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن) ئۈچ كۈن بولغان تاماكىنى قاي-
تا چېكىشكە باشلىدىم. بىز تايىف شەھىرىگە كېتىۋېتىپ تاغ
باغرىدىكى ياۋا زەيتۇنلۇق سەيلىگاھلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئېگىزلىكى
بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان، باش بارماق توملۇقىدىكى شلانكا
بىلەن ئىككى مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ شورايدىغان ئەرەب چىلى-
مى بىلەن تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەلۋەتتە، چوڭ سو-
رۇنلاردا، سۆھبەتلەردە، يوللاردا، ماگىزىنلاردا تاماكا چېكىدىغانلار-
نى چېلىقتۇرمىدىم. ئاڭلىشىمچە، ئۈچ - تۆت يىل بۇرۇن مەككە
قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ماگىزىنلىرىدا تاماكا سېتىلمايدىكەن. ھا-
زىر سېتىلىدىغان بوپتۇ. بىراق، تاماكا قېپىغا تاماكىنىڭ ئىنسان
بەدىنىگە بولغان زىيىنىنى كۆرسىتىدىغان رەسىملەر ۋە خەتلەر
بېسىلىدىكەن. ئىمپورت قىلىنغان بۇنداق تاماكىلارنىڭ باھاسى
ئىمپورت باھاسىدىن ئۈچ - تۆت ھەسسە قىممەت بولىدىكەن.

## 7. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت

ئادەتتە ئېيتىلىدىغان ئىسلام مەدەنىيىتى مەلۇم مەنىدىن
ئېيتقاندا، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنى ئاساسىي يادرو قىلىدۇ.
ئەرەب مەدەنىيىتى دېگىنىمىز — ئەرەب يېرىم ئارىلى، قىزىل
دېڭىزنىڭ غەربىدىكى كەڭ جايلار ۋە ئوتتۇرا يەر ئارىلىنىڭ جە-
نۇبىدىكى مەملىكەتلەردە ياشىغۇچى ئەرەبلەر تەرىپىدىن يارىتىل-
غان مەدەنىيەت. يۇقىرىقى رايونلاردا ياشىغان ئەرەبلەرنىڭ تارىخى
ئۇزۇن بولغىنىدەك، ئۇلار تەرىپىدىن يارىتىلغان مەدەنىيەتنىڭمۇ
تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول.
بىزنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرغان ۋاقتىمىز قىسقا،
ئۇچراشقان دائىرىمىز تار بولغىنى ئۈچۈن، ئەرەب مەدەنىيىتىدىن
ئىبارەت بۇ چوڭ تېما ئۈستىدە ئەتراپلىق بىرنەرسە دېيىشكە ئا-

جىزمىمىز. شۇنداقلا پۈتكۈل ئەرەب مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك بىر نىمە دېيىش بۇ ماقالىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس.

سەئۇدى ئەرەبىستانى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان سەكرەش ھالىتىدە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، نۆۋەتتە ئەرەب مەدەنىيىتى ياۋروپا ۋە باشقا ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن گىرەلەشكەن ھالەتتە كۆزگە چېلىقىدىكەن. ئەرەبلەرنىڭ شاخ، يوپۇرماق نەقىشلىك بىناكارلىق سەنئىتى ھازىر بىر قىسىم مېھمانخانىلاردا، بولۇپمۇ مەسچىت ۋە دىنىي مۇئەسسەسەلەردە كۆپرەك ئەكس ئەتسە كېرەك. قۇرئان، ھەدىسلەرنىڭ يېڭى نەشرلىرىدىمۇ بۇنداق نەقىش سەنئىتى ئۆز قىياپىتىنى ساقلاۋېتىپتۇ.

بىز مەدىنە شەھىرىدە قۇرئان باسما مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، بۇ يەردە بېسىلغان قۇرئانلارنىڭ نۇرغۇن خىللىرىنى كۆردۇق. ئالتۇن رەڭ نەقىش بىلەن بېزەلگەن بۇنداق قۇرئانلار سەنئەت جەھەتتىن كىشىنى ھەقىقەتەن جەلپ قىلىدىكەن. ھەتتا ئىچكى ۋاراقلىرىنىڭ يانلىرىغا بېسىلغان رەڭلىك نەقىشلەرمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىنىپتۇ.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بولىدۇ. بىراق، بۇنداق سەنئەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە مۇئەييەن پەرق بولۇشى مۇمكىن. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا بىر نىمە دېيىش ئەلۋەتتە ئاسان گەپ ئەمەس. بىراق، بۇنداق سەنئەت ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلىۋېتىپتۇ. بىز ئۇ يەردە زىيارەتتە بولغان 10 كۈن ئىچىدە شەھەرنىڭ ھەممىسىدىلا گۈزەل سەنئەت نامايەندىلىرى ـــ ھەيكەللەرنى كۆردۇق.



ئەرەب پولۇسى ۋە پۈتۈن قوي كاۋىپى

ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە ئادەمنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساش قارشى ئېلىنمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستانى شەھەرلىرىدىكى ھەر خىل مەزمۇندىكى ھەيكەللەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. مەسىلەن، جىددە شەھىرىدە دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن غايەت زور ئىككى قول قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر يەردە غايەت چوڭ يەر شارى مودېلى بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىراق ئورغاقسىمان يېڭى ئاي پارقىراپ تۇرىدىكەن، يەنە بىر پاركتىكى غەلىتە گېئومېتىرىيىلىك شەكىل كىشىگە سىرلىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدىكەن. مەككە شەھىرىگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆزى تۇنجى بولۇپ چوڭ كۆل ئوتتۇرىسىغا يانتۇ قويۇلغان، پارقىراپ تۇرغان بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئەرەب قەھۋە چۆگۈنىگە چۈشىدىكەن. بۇ چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن فونتان ئېتىلىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر يەردە

ئاجايىپ چوڭ بىر كوزا (ئېيتىلىشىچە، ئەرەبلەر بۇرۇنقى زامانلاردا زەمزەم سۈيىنى مانا مۇشۇنداق كوزىلارغا قاچىلايدى-كەن) بىر ئۈچ بۇلۇڭ ئۈستىدە يانتۇ ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

خۇددى جىددە شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىرىنىڭ بىر قول-لىغۇچىسى ئېيتقاندەك «ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرىنى گەرچە گۈزەل سەنئەت جەھەتتىن باھالىغاندا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ ھېسابلايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن يولدىن ئۆت-كۈچىلەرنى ئۆز سەپىرىنىڭ كېيىنكى مۇساپىسىدە يەنە قانداق ھەيكەل ۋە شەكىللىنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقتۇرۇشى، مانا بۇ ھەيكەللەرنىڭ جەلپ قىلارلىق كۈچىنىڭ مەنبەسىدۇر».

سەئۇدى ئەرەبىستانى بازارلىرىدا سېتىلىدىغان تۈرلۈك قاچا ـ قومۇچىلار، زىننەت بۇيۇملىرى ئەرەب سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە بىر نامايەندىسى ئىكەن. قاچا ـ قومۇچىلار نىكېل يالىتىلغان مىس-تىن، ھەتتا كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا ناھايىتى نەپىس گۈل ۋە نەقىشلەر چىقىرىلىدىكەن. زىننەت بۇ-يۇملىرىنىڭ خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىكەن. نەپىس ئىشلەنگەن قاچا ـ قۇچىلار ۋە زىننەت بۇ-يۇملىرىنىڭ باھاسىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەن.

ئەرەبلەرنىڭ ئەرلىرى ئادەتتە ئۇشۇقىغا كېلىدىغان ئاق كۆڭلەك ۋە ئاق ئىشتان كىيىدىكەن. بېشىغا بولسا ئۇزۇنىسى ۋە توغرىسى ئوخشاشلا بىر مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان ئاق ياغلىق ئارتىۋالىدىكەن. قىزىل، ئاق يىپلاردىن توقۇلغان ياغلىق ئارتى-دىغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئاق كىيىم كىيىشى ئۇ يەرنىڭ كىلىماتىغا باغلىق بولسا كېرەك. ئەرەب ئەرلىرىنىڭ ياغلىق ئۈستىگە كىيىۋالىدىغان قارا چەمبىرىكى ئۆزگە خاس

ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن، قارا يىپ بىلەن يۆگىلىپ ياسىلىدىغان بۇ چەمبىرەك ياغلىقنىڭ شامالدا ئۇچۇپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجاد قىلىنغانلىقى تەخمىنگە يېقىن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۇ ھەم ئەمەلىي قىممىتى بار، ھەم سەنئەت قىممىتى بار باش كىيىم ئورنىدا پايدىلىنىۋېتىلىپتۇ. ئەرەب ئەرلىرى ئادەتتە پۇتىنىڭ باش بارمىقى بىلەن باشقا تۆت بارمىقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاسما ئاياغ كىيىشىدىكەن. زىيالىيلىرى بولسا ساپما شىبلىت كىيىدىكەن. زىيارەت داۋامىدا بىرمۇ ئەرەب ئەرلىرىنىڭ بوغقۇچلۇق ئاياغ كىيگەنلىكىنى كۆرمىدىم. بۇ بەلكى بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسىدە ئاياغ سېلىشقا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە ئاق ئۇزۇن ياغلىق ئەرەبلەرنى قاماتلىك، ئېگىز قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئاياللار بولسا ئادەتتىكىچە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەننىڭ سىرتىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۆگەپ تۇرىدىغان قارا ياغلىق ئارتىۋالىدىكەن. كۆپىنچىسى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىدىكەن.

بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزدە، بىز بىرقانچە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئادەتتە ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنىدىكەن. ھويلىلارغا خورما دەرىخى تىكىلىپ چىم تېرىلىدىكەن. بەزىلىرى ھويلىلىرىغا فونتان، سۈنئىي تاغ، سۈنئىي شارقىراتما ياسىۋالىدىكەن. ئۆي ئىچىنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بولۇپ، كىشىگە مۇزېيغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئىشكاپ، ئورۇندۇق، دىۋانلار كۆپىنچە كونا ئۇسلۇبتا ياسىلىدىكەن. ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئايەت چۈشۈرۈلگەن گىلەم، پەتنۇسلار تامغا ئېسىلىدىكەن. بەزى ئۆيلەردە ياسالغىنىغا ۋە ئىشلىتىلىشكە باشلىغىنىغا ئۇزۇن بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان قىلىچلار، خەنجەرلەر ئېسىپ قويۇ-


لۇپتۇ. بۇنداق نەرسىلەر ئۆي ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپات
ئېتىشكە ياردەم بەرسە كېرەك.

سەپەر داۋامىدا خەۋەر تېپىشىمىزچە، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئەرەبلەرنىڭ يىگىت ـ قىزلىرى شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغاندا ئالدىنئالا توي خېتى ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ قويسىمۇ بولىدىكەن. بىراق، نىكاھ ئوقۇتۇلۇپ بولغان بولسىمۇ توي مۇراسىمى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەھۋالمۇ بار ئىكەن. بۇ جەرياندا يىگىت ـ قىز ئۆزئارا كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا بولىدىكەن، ئەمما بىر ئۆيدە بولمايدىكەن. پەقەت ئوقۇشلىرىنى ئوقۇپ بولغاندا ياكى تېگىشلىك ئۆي، تېگىشلىك پۇل تەييارلىغاندىلا توي قىلىدىكەن. توي ئۈچۈن يىگىت تەرەپ ناھايىتى نۇرغۇن پۇل توپلىشى كېرەك ئىكەن.

توي مۇراسىمى ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىدىن چوڭ پەرق قىلمايدىكەن. تويدىن كېيىن يىگىت ـ قىزلار ئولتۇرۇشى بولىدىكەن. بۇنداق ئولتۇرۇشتا مەي (ئىسپىرتسىز ئىچىملىك) ئىچىلىپ، ساز ـ پاز بىلەن بەزمە قىلىشىدىكەن.

## 8. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا سانائەت ۋە سودا

نېفىت سانائىتى ــ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئاساسلىق سانائىتى ۋە ئاساسلىق تاشقى پېرېۋوت مەنبەسى بولۇپ، ھازىر بۇ سانائەت نېفىت ئېلىش ۋە خام نېفىت ئېكسپورت قىلىشتىن پىششىقلاپ ئىشلەش تەرەپكە قاراپ جىددىي بۇرۇلۇۋېتىپتۇ. بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئاساسلىق نېفىت سانائەت بازىسىدىن ئۈچىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ بازىلارنىڭ بەزىسى يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە قۇرۇلغان بولۇپ، بىرقانچە شىركەتلەر ۋە چوڭ زاۋۇتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ شىركەتلەرنىڭ



جۇبەيل شەھىرىدىكى دېڭىز ياقىسىدا

بەزىسىنى سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىكەن. بەزىسىنى باشقا دۆلەتلەر بىلەن شېرىكلىشىپ باشقۇرىدىكەن. بۇ زاۋۇتلار ئاساسەن نېفىت ئايرىش ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلات ھازىرلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇرۇنقى چاغلاردا نېفىت خام پېتى ئېكسپورت قىلىنىدىغان بولسا، ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان بوپتۇ. شۇ سەۋەبتىن، نېفىت كىرىمىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋېتىپتۇ.

بىز 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەدىنىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يومبا نېفىت شەھىرىگە باردۇق. يومبا نېفىت شەھىرى ئەسلىدە پايانسىز قۇملۇق بولۇپ، ھازىر خورما دەرەخلىرى قەد كۆتۈرگەن، ھەر خىل گۈل - گىياھلار، گۈل دەرەخلىرى گۈللەپ تۇرىدىغان گۈزەل شەھەرگە ئايلىنىپتۇ. بولۇپمۇ شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كېلىپ ياپيېشىل چىمە-

لىقلارنى دەسسەپ ماڭغاندا، بۇ يەرنىڭ 10 نەچچە يىل بۇرۇن قاقاس چۆل ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن. بۇ نېفىت بازىسى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردىن يىراق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارغا ناھايىتى قولاي شارائىت ھازىرلانغانىكەن. بىز ئىشچىلارنىڭ ئولتۇراق جايىغا بارغىنىمىزدا، بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان تۈپتۈز يوللارنى، قاتار ـ قاتار سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك داچا شەكىلدىكى ئۆيلەرنى، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن دەرەخلەرنى، تاملارغا يامىشىپ كەتكەن گۈل پېلەكلىرىنى كۆردۇق. دائىرىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ھەربىر ئائىلىگە بىر كورپۇستىن قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، كېتەرلىك مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى نېفىتلىك چىقىرىدىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىشى زۆرۈر بولغان ۋە بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشنى خالىغان كىشىگە بۇ ئۆيلەردىن بىر يۈرۈش بېرىلىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ پۇلى بولسا سىمۋول خاراكتېرلىك تۆلەم ئارقىلىق بىرقانچە ئون يىلدا قايتۇرۇۋېلىنىدىكەن. ئەگەر كىمكى بۇ يەردە ئۇدا 10 يىل ئىشلىسە، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھوقۇقى پۈتۈنلەي شۇ كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. ئۆينى باشقىلارغا بېرىۋېتىشمۇ، ھەتتا سېتىۋېتىشمۇ ئىختىيارىدا ئىكەن. ھۆكۈمەت چۆلدە قۇرۇلغان بۇ شەھەردە ئىشلەيدىغانلارغا مانا مۇشۇنداق شارائىت يارىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن، بۇ شەھەر ھازىر بارغانسېرى كېڭىيىۋېتىپتۇ.

بىز جىددە شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە شەھەر ئەتراپىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ناھايىتى زور بولغان بىر زاۋۇتتا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. بۇ زاۋۇتتا مەخسۇس بوۋاقلار ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تەرەت لاتىسى

ئىشلەپ چىقىرىدىكەن. بۇنداق تەرەت لاتىسى نىپىز قەغەز ئارد-
سىغا سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پاختا
ئېلىنىپ ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ئىشلەنگەن بولۇپ، بوۋاقلارنىڭ
چاترىقىدىن ئۆتكۈزۈپ چاپلاشقۇچى بىنىت بىلەن قورسىقىغا ۋە
دۈمبىسىگە چاپلاپ قويسىلا بولىدىكەن. بوۋاق چوڭ - كىچىك
تەرەت قىلىپ قويسىمۇ ئاتا - ئانىلار ئۇچۇن ھېچقانداق ئاۋارد-
چىلىك بولمايدىكەن. ئامېرىكىدىن كەلتۈرۈلگەن ماشىنا ۋە خام
ئەشيا بىلەن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان بۇنداق تەرەت لاتىسى سە-
ئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدە ۋە باشقا رايونلاردا سېتىلىدىكەن.
كىشىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر مۇھىم مەسىلىنى ھەل
قىلىدىغان بۇنداق تەرەت لاتىسىنى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ماشى-
نىلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھېسابقا ئېلىنىشى بىزگە چوڭقۇر تەسىر
قىلدى.

گېئوگرافىيەدىن خەۋىرى بار كىشىلەر سەئۇدى ئەرەبىستا-
نىنىڭ سۈيى كەمچىل بولغان بىر قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى بىلى-
دۇ ۋە كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان سۇ ئېھتىياجىنىڭ
قانداق ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ. دېمىسىمۇ
تۇرمۇشقا، سانائەتكە، كۆكەرتىشكە كېرەكلىك بولغان سۇ مەسى-
لىسى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

بىز سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغاندىن كېيىنلا ئاندىن سۇ
مەسىلىسىنىڭ قانداق ھەل قىلىنغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن
كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. خەرىتىگە قاراپلا بىلىشكە بولىدۇ-
كى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇھىم چوڭ شەھەرلىرى ئاساسەن
قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ۋە ئەرەب دېڭىزىنىڭ بوي-
لىرىغا جايلاشقان. پايتەخت رىيادنى بولسا ئۇنداق قارىغىلى بول-
مايدۇ. دېڭىز بويىغا جايلاشقان دەپ قارالغان شەھەرلەرمۇ خەرد-

تىدىكى ماشتاب بىلەن ئۆلچەنسە بەزىلىرى دېڭىز ياقىسىدىن بىرقانچە يۈز كىلومېتىر كېلىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندا مۇ-شۇنداق ئىچكى شەھەرلەرگە كېرەكلىك سۇمۇ دېڭىز بويلىرىغا دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرىدىغان غايەت زور چوڭ زاۋۇتلارنى قۇرۇپ ۋە بۇ سۇنى تۇرۇبا بىلەن ئېھتىياجلىق شەھەرلەرگە يەت-كۈزۈپ بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلىنغان.

بىز جىددەدىكى كۈنلىرىمىزنىڭ بىرىدە 2 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار جىددە ۋە 400 مىڭ ئاھالىسى بار مەككە شەھەرلىرد-نى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئە-مەلىيەتتە بىرقانچە چوڭ زاۋۇتتىن تەركىب تاپقان بۇنداق زاۋۇتتا دېڭىز سۈيى ئاۋۋال ناھايىتى چوڭ بىر سېختا پارغا ئايلاندۇرۇلىد-دىكەن. پارنى يېتەرلىك بېسىمغا ئىگە قىلغاندىن كېيىن پار تۇر-بىنىلىق گېنېراتورغا يوللىنىلىدىكەن. بۇ پار بىر تەرەپتىن گې-نېراتورنى ئايلاندۇرۇپ توك ھاسىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋۇيدىكەن ۋە سۇغا ئايلىنىدىكەن. بۇ سۇ يەنە باشقا سېخلاردا كالتسىي كاربوناتتىن خالىي قىلىنىپ دېزىنفېكسىيىلىنىدىكەن ۋە ناھايىتى چوڭ تۇرۇبىلار ئارقىلىق شەھەرلەرگە ئەۋەتىلىدىكەن.

گەرچە بۇنداق زاۋۇتتا مەلۇم تۇز ۋە ئېلېكتر ئىشلەپ چىد-قىرىلىپ، زاۋۇتنىڭ 20 پىرسەنت چىقىمى تولدۇرۇۋېلىنسىمۇ، يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى كۆپ مەبلەغ سېلىشىغا موھتاج ئىد-كەن. بۇنداق زاۋۇتلار ھازىر پۈتۈن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئا-ساسلىق شەھەرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەۋېتىپتۇ.

بىز مەككە شەھىرىدە ئېكسكۇرسىيە قىلغان يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن پۈتۈن يۈرۈش ئۆي جاھازلىرىنى، قۇرۇلۇش ماتېرد-ياللىرىنى، موتسىكلىتلارنى، گىلەملەرنى، پلاستىماسسا بۇيۇم-

لىرىنى، دۇنگاتىپلىلارنى كۆردۇق. ئاڭلىشىمىزچە، جىددە شەھىرىدە يەنە ماشىنىلاشقان بىر چوڭ گىلەم زاۋۇتى بار ئىكەن. ماشىنىدا توقۇلغان بۇنداق گىلەملەرنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، كۆركەم ھەم باھاسى ئەرزان بولىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سودا ئىشلىرى، جۈملىدىن مەككە، جىددە شەھەرلىرىنىڭ سودىسى خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن. بولۇپمۇ ھەرەم ئەتراپىدىكى مەخسۇسلاشقان چوڭ ـ كىچىك ماگىزىنلاردىن كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدىكەن.

شەھەرنىڭ دوقمۇش ـ دوقمۇشلىرىدا ئاساسەن ياپونىيە ۋە ئامېرىكاماللىرىنىڭ ئېلانلىرى كۆزگە چېلىقىدىكەن. كىچىك ئاپتوموبىل سېتىلىدىغان ماگىزىنلاردا ئاساسەن ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرى سېتىلىدىكەن. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئوپتىكا سايمانلىرى (فوتو سۈرەت سايمانلىرى) جەھەتتە ياپونىيە ماللىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىكەن. رەخت ۋە ياغلىق قاتارلىق ماللارنىڭمۇ كۆپىنچىسى ياپونىيىدە ئىشلەنگەنىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ، جەنۇبىي چاۋشيەننىڭ، تۈركىيەنىڭ، فرانسىيىنىڭ ماللىرىمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. جىددە شەھىرىدىكى بىر چوڭ ماگىزىندا مەخسۇس جۇڭگو ماللىرى بۆلۈمى بولۇپ، بۇ بۆلۈمدە تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن شياڭگاڭ ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن ماللار سېتىلىدىكەن.

مال ساتقۇچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى ياخشى ئىكەن. ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ كىرگەن ھەرقانداق خېرىدارلارغا مال ساتقۇچى قىزغىنلىق بىلەن سالام قايتۇرۇپ، ماللارنىڭ باھاسى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھەج

ۋاقىتلىرىدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يې‐تىدىكەن.

## 9. ئەرەب خەلقىنىڭ دوستلۇقى

ئەرەب خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا تارىخىي دوست‐لۇق مەۋجۇت. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى سۈپىتى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەرەب خەلقى بىلەن ئەنئەنىۋى دوستلۇق ئورناتقان.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆمرە ھەج قىلىش، دوستلۇق ۋەكىللىر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستاننى زېمىنىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا ساھىبخانا تەرەپنىڭ ۋە باشقا زاتلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار زىيارەتىمىزگە قولاي شارائىت يارىتىپ بەردى. تېگىشلىك ھۆرمىتىمىزنى قىلدى. ئۆمەك ئەزا‐لىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرار جاي، قاتناش ۋاسىتىلىرى قا‐تارلىق تەرەپلىرىگە مۇناسىپ كۆڭۈل بۆلدى. مەيلى نەگىلا بارايلى، قاتناش ساقچىلىرى يول ئېچىپ، زىيارىتىمىزنىڭ تېز ۋە بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ھەرەمدىكى كەئبە ئادەتتە كېچە ـ كۈندۈز نەچچە مىڭ تاۋاپ‐چىنىڭ قورشاۋىدا تۇرىدىغان جاي. مەككىگە بارغان ھەرقانداق مۇسۇلمان كەئبىنى ئۆز قولى بىلەن سىلاپ دۇئا قىلىشنى خالاي‐دۇ. بىز ھەرەمگە تاۋاپ ئۈچۈن كىرگەن چېغىمىزدىمۇ نەچچە مىڭ كىشى كەئبىنى ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقانىكەن، ھەرەم ساقچىلىرى بىزنىڭ يىراقتىن ـــ جۇڭگودىن كەلگەنلىكىمىزنى كۆزدە تۇ‐تۇپ، ئادەم دېڭىزى ئارىسىدىن بىر يول ئاچتى ۋە بىزنى كەئبە يېنىغا باشلاپ كەلدى. كەئبىنى ئايلىنىش ۋە كەئبىنى تاۋاپ قى‐لىشنى كۆڭۈلدىكىدەك تامام قىلدۇق.

بىز جىددەدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئەرباب ۋە داڭلىق باي جامجۇمنىڭ ھۇزۇرىدا مېھماندا بولدۇق. جامجۇم ئەپەندى بىزنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ھەمراھ بولۇشقا مەشھۇر زاتلاردىن 50 كە يېقىن كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ ۋە ناھايىتى مول، كاتتا زىياپەت ھازىرلاپتۇ. زىياپەتتىن بۇرۇن جامجۇم ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇ، ئۆز سۆزىدە 1981 ـ يىلى ئۆزىنىڭ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى، جۇڭگودىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياخشى كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە شۇ سورۇندا ئولتۇرغان ئەرەب كىشىلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ جۇڭگونى كۆرۈپ كەلگەن بىردىنبىر كىشى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۆمەك باشلىقى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدمۇ جامجۇم ئەپەندىنىڭ ئۆمىكىمىزنى كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزى جامجۇم باشلىق ئەرەبلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ زىياپەتتە سۆز قىلغانلار يەنە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ئەگەر بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ، ئۇنى ئۆگىنىش كېرەك» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، جۇڭگونى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، پروفېسسور ئابدۇراخمان ناجۇڭ (خۇيزۇ) ئەپەندى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورۇن ئەھلىگە ئەرەب تىلى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشتۇردى.

زىياپەتتىن كېيىن، مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتىن كەلگەن بىر دوكتور ئۆمەك ئەزالىرىنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ چىڭ

تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ۋاقىتنىڭ زىچلى-
قى تۇپەيلى، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەھمەت ئېيتىپ ياندۇردى.
ئۆمىكىمىز رىيادتا تۇرغان كۈنلەردە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ
باش مۇپتىسى بىن بازنىڭ قوبۇلىدا بولدۇق. مەملىكەتتە تۇتقان
ئورنىنىڭ مۇھىملىقىغا قارىماي، ناھايىتى خۇش پېئىل ۋە ئاددىي -
ساددا بولغان بۇ ئەرباب بىزنى يەنە ئۆز ئۆيىگە ئالاھىدە مېھمانغا
ئېيتتى. مېھماندارچىلىق سورۇنىدا بىز بىللە ئولتۇرۇپ
تاماق يېدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا
پاراڭلاشتى. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنىڭغا ۋەكىللەر ئۆمىكى-
گە ۋاكالىتەن تون ۋە دوپپا تەقدىم قىلغاندا، ئۇ توننى ۋە دوپپىنى
كىيىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.
ئانچە ئۇزۇن بولمىغان زىيارەت ۋاقتىمىزدىن تولۇق پايدى-
لىنىشىمىز، كۆپرەك نەرسىلەرنى كۆرۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن، سا-
ھىبخانا تەرەپ يول يۇرۇش ۋاقتىمىزنى كۆپىنچە كېچىگە ئو-
رۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن كۈندۈزلۈك ۋاقىتتىن تولۇق پايدى-
لىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چى-
قىپ، زىيارىتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشىمىزغا ۋە ئۆمرە ھەج
زۆرۈرىيەتلىرىنى تولۇق تاماملاشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.
1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستا-
نىدىكى ئۆمرە ھەج ۋە زىيارەت ۋەزىپىلىرىمىزنى تاماملاپ جىددە
ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلدۇق ۋە كۇۋەيت دۆلىتىگە قاراپ يۇرۇپ
كەتتۇق.

## 10. كۇۋەيتتىكى كۈنلەر

بىز ھاۋا سەپىرىنى ئىككى سائەتتەك داۋام قىلىپ كۇۋەيت
شەھىرىگە كەلدۇق. ئايرودرومدا كۇۋەيت دىنىي ئىشلار ۋازارىتى-

نىڭ مىنىستىرى قاتارلىق ئەربابلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىـ
شىغا ئېرىشتۇق. كۆپ ئۆتمەي شەھەر ئىچىگە ئەكىرىلىپ، كۇ-
ۋەيت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى رېستوران — ھىلتون
(HILTON) غا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق، ئەتىسىلا پائالىيىتىمىزنى
باشلىۋەتتۇق. يەر مەيدانى جەھەتتىن كىچىك ۋە ئاھالىسى جە-
ھەتتىن ئاز بولۇشىغا قارىماي دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە،
بولۇپمۇ ئىقتىسادىي سەھنىسىدە چوڭ روللارنى ئويناۋاتقان بۇ
دۆلەتتە تۇرغان ۋاقتىمىزنىڭ قىسقىلىقىغا باقماي كۆنلىرىمىز
بەكمۇ مەزمۇنلۇق ئۆتتى. ئەنە شۇ مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر
داۋامىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۆزلەپ بې-
رىشتىن بۇرۇن كۇۋەيت ھەققىدە بىلگەنلىرىمنى تەقدىم قىلماق-
چىمەن. مەملىكىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بولغان ۋە
يېقىن ئۆتۈۋاتقان بۇ دۆلەتنى چۈشىنىۋېلىش ئوقۇرمەنلىرىمىز
ئۈچۈن ئارتۇقچە ھېسابلانماس.

كۇۋەيتنىڭ يەر مەيدانى 17 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر
بولۇپ، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 220 كىلومې-
تىر، شەرقتىن غەربكىچە 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاھالىسى 1
مىليونغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ زېمىندا يا بىرەر دەريا، يا بىرەر كۆل
يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ دۆلەت نېفىت زاپىسى جەھەت-
تە دۇنيا بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ كۇۋەيتنىڭ جەنۇ-
بىدىكى دائىرىسى 30 كىلومېتىر، قېلىنلىقى 135 مېتىر بولغان
نېفىت زاپىسى چوڭ بىر نېفىت ئامبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دەسلەپتە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 1937 - يىلى بۇ
يەردە نېفىت بارلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ كۇۋەيتنىڭ
نېفىت ئېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقى ئەنگلىيە مۇستەم-
لىكىچىلىرى تەرىپىدىن مونوپول قىلىۋېلىنغان. 1961 - يىلى

كۇۋەيت مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىنلا، نېفتىنىڭ ئىگە-
لىك هوقۇقى كۇۋەيتنىڭ ئۆز قولىغا ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان نېفت سانائىتى مىللىي
دارامەتنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
ئاھالىلارغا قارىغاندا، هازىر هەربىر كۇۋەيتلىككە ئوتتۇرا هېساب
بىلەن توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىم 20 مىڭ ئامېرىكا دوللى-
رى بولۇپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن قالسىلا دۇنيا بو-
يىچە 2 ـ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

هىلتون رېستورانى هەشەمەتلىك رېستوران بولۇپ، يېتىپ ـ
قوپىدىغان ياتاقلاردىن ئۆزگە كۆلۈل ئىچىش مەيدانى، قىمار زالى
قاتارلىقلار ۋە قىممەت باهالىق ماللار سېتىلىدىغان ماگىزىنلار-
مۇ بار ئىكەن. غەرب دۇنياسىدىن كەلگەنلەر ۋە ئاز ساندىكى ئە-
رەبلەرمۇ مۇشۇ رېستورانغا چۈشىدىكەن.

بىز 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دەم ئالغاندىن كېيىن ئەتىسىلا
پائالىيىتىمىزنى باشلىۋەتتۇق. بۇ پائالىيەتلەردە كۇۋەيت تەرەپ-
نىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ كۇۋەيتتە تۇرۇشلۇق
ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى بىز بىلەن بىللە بولدى. بىز ئالدى
بىلەن شەهەرنىڭ غەربىگىرەك جايلاشقان بىر ئىنستىتۇتتا زىيا-
رەتتە بولدۇق. بۇ ئىنستىتۇت ئاساسەن دىنىي ئىنستىتۇت بو-
لۇپ، دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان ئوقۇ-
غۇچىلار ئوقۇيدىكەن، ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغانلار ئالدى بىلەن
ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىدىكەن. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئەسلىهەلىرى
ئىلغار بولغانلىقتىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ساۋات چىقىرىش
مۇمكىن ئىكەن. مەكتەپ مەسئۇلى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئۆ-
مىكىمىزدىكى ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان يولداشلار بىلەن ئەرەب
تىلىدا سۆزلىشىپ بېقىشقا بىر ئوقۇغۇچىنى چىقاردى. بۇ ئوقۇ-

غۇچى رۇمىنىيىلىك بولۇپ، مەكتەپكە كەلگىلى بىر يىل بولاي دەپ قاپتۇ. بۇرۇن ئەرەبچىنى ئەسلا ئۇقمايدىكەن. بىراق، ئۇ ئۆگىنىمىزدىكىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە قىلچە دۇدۇقلىمىدى. بىز سىنىپقا كىردۇق. سىنىپتا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن — فىلىپپىندىن، سىنگاپوردىن، تۈركىيەدىن، سىپرۇستىن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلار بار ئىكەن. بىز كىرگەندە ئوقۇتقۇچى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۇچار قۇشلارنى، دەل - دەرەخلەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى بىر ھەدىسنى ئوقۇغۇچىلارغا شەرھلەپ بېرىۋاتقانىكەن. بىز كىرگەندىن كېيىن سىپرۇسلۇق بىر ئوقۇغۇچى ئۆلچەملىك ئاھاڭدا قۇرئان قىرائەت قىلىپ بەردى.

مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پۇلسىز ئوقۇتۇلىدىكەن، ھەر يىلى تەتىلدە مەملىكىتىگە قايتقاندىمۇ مەكتەپ ئۇلارغا بېرىش - كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ بېرىدىكەن، ئوقۇش مەزگىلىدە ھەر ئېيىغا 70 دىنار (بىر دىنار 3.4 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ) تۇرمۇش پۇلى بېرىدىكەن.

ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال گېزىت - ژۇرناللاردىن بۇگۇنكى كۇندە كۇۋەيتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان مەشھۇر سۇ مۇنارىسىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. 9 - دېكابىر كۇنى بىز سىرتقى كۆرۇنۇشى جەھەتتىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە، ئىچكى قۇرۇلۇشى جەھەتتىن تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان بۇ مۇناردا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. دېڭىز قولتۇقىدا قەد كۆتۇرۇپ تۇرغان ئۇچ مۇنارنىڭ بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 187 مېتىر بولۇپ، يەر يۇزىدىن 120 مېتىر ئېگىزلىكتە بىر شارسىمان جايى بار ئىكەن. بۇ شارنىڭ ئاستى يېرىمى 100 نەچچە كىشى سىغىدىغان بىر ئالىي دەرىجىلىك رېستوران ئىكەن.



كۇۋەيت شەھىرىنىڭ كوچىسىدا

ئۈستى يېرىمى بولسا ھەر 30 مىنۇتتا بىر قېتىم چۆرگىلەيدىغان يۇملاق زال ئىكەن. بۇ يەردە تۇرۇپ پايتەخت مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش مۇمكىن ئىكەن. بۇ مۇنارنىڭ يەنە يەر يۈزىدىن ھېسابلىغاندا 150 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يېرىدە يەنە بىر شارسىمان جايى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچى گۈل - گىياھ ۋە كىچىك دەرەخلەر بىلەن بېزەلگەن مۇزىكا زالى ئىكەن. بۇ يەردە ئەرەبلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنى ۋە غەربنىڭ دىسكوسىنى تاماشا قىلىش مۇمكىن ئىكەن. بىر - بىرىگە يېقىن جايلاشقان بۇ ئۈچ مۇنارنىڭ يەنە بىرى 2 مىليون گالون سۇ سىغىدىغان سۇ مۇنارى ۋە يەنە بىرى ماياك مۇنارى ئىكەن. بىز بۇ مۇنارلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، چوڭ مۇنارنىڭ رېستورانىدا سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ ئارام ئالدۇق ۋە مۇزىكا زالىدا بولدۇق.

شۇ كۈنى بىز يەنە كۇۋەيت شەھىرىنىڭ ئىستىمالچىلار كو-

پىراتىپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ كوپىراتىپ ئاساسەن ھۆ-
كۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ پاي قوشۇشى
ئارقىلىق قۇرۇلغان كوپىراتىپ بولۇپ، كوپىراتىپ تەركىبىدە
ھەر خىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، مەسلەن، يېمەك - ئىچ-
مەك، كۆكتات، پىششىقلانغان يېمەكلىكلەر، ئائىلە توك سايمان-
لىرى، كىيىم - كېچەك ماگىزىنلىرى بولۇپ، مال مەنبەسى تو-
لۇق ئىكەن. پۇقرالاردىن كىم بىلسۇن بۇ كوپىراتىپقا بىرقانچە
دىناردىن بىرقانچە مىڭ دىنارغىچە، ئىشقىلىپ ئازدۇر - كۆپتۇر
پاي قوشسىلا كوپىراتىپنىڭ تەمىنلىنىش كىنىشكىسىگە ئېرى-
شەلەيدىكەن. بۇ كىنىشكىنى ئەكېلىپ بۇ كوپىراتىپ تەركىبىدى-
كى ماگىزىنلاردىن خېلى ئەرزان ماللارنى سېتىۋالالايدىكەن. قوشقان
پېيىنىڭ ئۆسۈمى بولسا بانكىنىڭكىدىن خېلى يۇقىرى ئىكەن.

بىز يەنە كۇۋەيتنىڭ شەھەر مەركىزىدە يېڭىدىن قۇرۇلۇۋات-
قان، شۇ يىلى يىل بېشىدا پۈتۈش مۆلچەرلەنگەن بىر چوڭ مەس-
چىتنى كۆردۇق. ھەشەمەتلىكلىكى ۋە بېزىلىشى جەھەتتە ئىنتا-
يىن يۇقىرى بولغان بۇ مەسچىت تەركىبىدە ئاپتوموبىل توختى-
تىش مەيدانلىرى، مۇنچا، فونتان، كۇتۇپخانا، تەتقىقات ئورنى قا-
تارلىق مۇئەسسەسەلەر بار ئىكەن. كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ
كاتولوگى تامامەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا ساقلى-
نىدىكەن.


كۇۋەيت شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئەرەب بازىرى ھەر خىل
ئۇششاق تاۋارلار بىلەن تولغان بازار ئىكەن. بۇ بازاردا يۇقىرىسى
قىممەت باھالىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن تارتىپ تۆۋىنى
ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىن چىقىدىغان بومباي سۇرمى-
سىگىچە سېتىلىدىكەن. بۇ زالدا نۇرغۇن كىچىك ماگىزىنلار بو-
لۇپ، دۇكان ئىگىلىرى خېرىدارلارنى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن جەلىپ

قىلىپ تۇرىدىكەن. دۇكانلارغا كىرگۈچى ھەرقانداق خېرىدار «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ كىرىدىكەن، دۇكاندار جاۋابەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەندىن كېيىن، خېرىدار ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىكەن.

كۇۋەيت ھۆكۈمىتى چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ماللارغا نىسبەتەن تۆۋەن مىقداردا تاموژنا بېجى ئېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەچكە، ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ باھاسى ئەرزان ئىكەن. مەن ئەرەب بازىرىدىن ئىككى دىنارغا بەش ياشلىق قىزىم ئۈچۈن بىر كۆپتۈرمە چاپان سېتىۋالدىم. بۇ چاپان تەيۋەندە ئىشلەنگەن بولۇپ ھەم كۆركەم، ھەم سۈپەتلىك، جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا 12 يۈەنگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە مەيلى ھۆكۈمەت ماگىزىنلىرىدا بولسۇن ياكى شەخسلەرنىڭ ماگىزىنىدا بولسۇن، نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا باھا تالىشىدىغان گەپ ئىكەن. تاۋارلارنىڭ مۇقىم باھاسى بولمايدىكەن.

كۇۋەيت شەھىرىدىكى مەلۇم دوختۇرخانىدا



بىز 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يەنە كۇۋەيت شەھىرىدىكى بۈۋى خەلىچە ناملىق مەسچىتتە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدۇق. بۇ مەسچىت بېلىق سىرتىسىمان سېلىنغان بولۇپ، سىرتتىن قارىغاندا ئانچە چوڭ كۆرۈنمەيدىكەن. ئەمما، ئىچىگە كىرگەندە چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك تۇسى كۆزگە چېلىقىدىكەن. دىنىي قائىدىلەر بۇ يەردە سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكىدىنمۇ چىڭ ئىكەن، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بولۇپلا مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشكە مۇمكىن بولاتتى. مەن بۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇغان ۋاقتىمدا، نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بولۇپلا سەپتىن چېكىندىم. ئىراق، كەينىمدىكى سەپتىكى ئەرەب جامائەتلىرى بىلىكىمدىن تۇتۇپ قويدى، مەن كەينىمدىكى سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ سەپنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. ئىراق، ئۇ تەرەپتە تۇرغانلارمۇ مېنى ئاستا تۇتۇپ قويدى. مەن دەرھال ئۆز سېپىمگە قايتىپ نامازنىڭ سۈننەت ۋە ۋاجىپلىرىنى ئوقۇدۇم. دېمەك، بۇ يەردە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكىگە ئوخشاش پەرزنى ئوقۇپ بولۇپلا مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشكە بولمايدىكەن دەپ چۈشەندىم.

بىز كۇۋەيتكە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى كۇۋەيت دىنىي ئىشلار ۋازارىتى شىراتون (SHIRATON) رېستوراندا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بىزنى قارشى ئالدى. بۇ زىياپەتكە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، دىنىي زاتلار، ئىلىم ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر قاتناشتى. زىياپەتتە ھېچقانداق ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر ئىچىلمىدى. ئەمما، ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ سۈيى ئىنتايىن مول بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋە كۇۋەيتتە زىياپەتنىڭ تەرتىپى ئاساسەن ئوخشاش بولىدىكەن. ئالدى بىلەن ئۆزىمىز خالىغان ئورۇندا ئولتۇرىدىكەنمىز ۋە پىشۇرۇلۇپ تەڭشىلەرگە

ئېلىپ ئاستىغا توك بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان تاماقلارنى خالىغىنىمىزچە ئېلىپ ئورنىمىزغا ئەكېلىپ يەيدىكەنمىز. تاماقتىن كېيىن يەنە ئۆزىمىز بېرىپ تىزىپ قويۇلغان مېۋىلەر دۆۋىسىدىن ئۈزۈم، تاۋۇز، قوغۇن، بانان، ئاپېلسىن، ئانار قاتارلىقلارنى تاللاپ يەيدىكەنمىز. زىياپەتلەردە مەخسۇس توخۇ گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپ، قوي گۆشى كاۋىپىمۇ بولىدىكەن.

زور ھەجىمدىكى نېفىت كىرىمىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە پۇقرالارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىمۇ كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلگەن. بۇ پاراۋانلىق مائارىپ، داۋالىنىش، ئولتۇراق ئۆي جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىكەن.

كۇۋەيتتە تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى ئومۇملىشىپ بوپتۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىۋېرستېتلارغا كىرەلەيدىكەن، يەسلىدىن تارتىپ ئۇنىۋېرستېتقىچە تامامەن ھەقسىز ئوقۇشتىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش راسخوتى ئالمايلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب - دەپتەر، مەكتەپ كىيىمى، چۈشلۈك تاماق، قاتناش ۋاسىتىسى قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ھەتتا ھەر ئايدا پارچە خىراجەت ئۈچۈن پۇل تارقىتىپ بېرىدىكەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر ئايدا 10 دىنار (ئۆز ۋاقتىدا بىر دىنار ئۈچ - تۆت ئامېرىكا دوللىرىغا، ھەربىر دوللار تەخمىنەن ئۈچ يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 15 دىنار، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 20 دىنار، ئۇنىۋېرستېت ئوقۇغۇچىلىرىغا 25 دىنار بېرىدىكەن.

كۇۋەيتتە ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلغانىكەن. مەملىكەت بويىچە 15 چوڭ دوختۇرخانا ۋە 54 داۋالاش مەركىزى بار ئىكەن. كۇۋەيت پۇقراسىنىڭ ھەننىۋاسى

ھەقسىز داۋالاشتىن بەھرىمەن بولىدىكەن. كۇۋەيتتە ساقىيالمىغان ھەرقانداق كۇۋەيت پۇقراسى ساقلىقنى ساقلاش مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ داۋالىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىكەن. چەت ئەلگە چىقىپ داۋالانغۇچىنىڭ يول راسخوتى، داۋالىنىش، ياتاقتا يېتىش، يېمەك - ئىچمەك راسخوتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدىكەن، ھەتتا ھەمراھ بولۇپ بارغان بىر نەپەر تۇغقىنىنىڭ بېرىپ - كېلىش يول راسخوتىنىمۇ ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىكەن.

كۇۋەيت ھۆكۈمىتى كۇۋەيت پۇقرالىرىنىڭ تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىگىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئادەتتە ئايلىق كىرىمى 600 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتمەيدىغانلارنى چەكلىك كىرىمگە ئىگە كىشىلەر دەپ ھېسابلاپ ئاددىي تۇرالغۇ جايلارنى قۇرۇپ بېرىدىكەن. بۇنداق ئاددىي تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھەربىرى ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنا بولۇپ، كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر بولىدىكەن. ئاستى - ئۈستى قەۋەتلەردە ئالتە ئېغىز ياتاق ئۆي، يەنە مېھمانخانا، ئاشخانا، يۇيۇنۇش ئۆيى قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇنداق ئۆيلەردىن ھۆكۈمەت ھەر ئايدا 30 ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا سىمۋول خاراكتېرلىك ئۆي ئىجارىسى يىغىۋالىدىكەن. 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۆيلەر شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، 20 يىل خىزمەت قىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىقالايدىكەن. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن خىزمەتتىكى مائاشىنىڭ 75 پىرسەنتىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن.

كۇۋەيتلىكلەر توي قىلسا ھۆكۈمەت 2000 دىنار ياردەم بېرىدىكەن. يەنە 2000 دىنار قەرز بېرىدىكەن. دۇنياغا كۆز ئاچقان بالىلار ئۈچۈن 30 دىنار ياردەم قىلىدىكەن. ئىمپورت قىلىنغان


ماددىي بويۇملار ئۈچۈن پەقەت 4 پىرسەنتلا تاموژنا بېجى ئالىدى-
كەن. تاپاۋەت بېجىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن.

كۇۋەيتتە يۇقىرى مائاشلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىكەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاشى 250 دىناردىن (ئۆز ۋاقتىدا تەخمىنەن 2550 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ) كەم بول-مايدىكەن، يۇقىرى مائاشلىقلارنىڭ ئايلىق مائاشى بولسا 3000 دىنار (ئۆز ۋاقتىدا خەلق پۇلىغا چېقىشتۇرغاندا تەخمىنەن 30 مىڭ 600 يۈەن) دىن ئاشىدىكەن.

كۇۋەيتتە دەريا ۋە كۆل يوقلۇقىنى باشتىلا قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇ سەۋەبتىن، بۇ يەردە سۇ نېفتتىن قىممەت بول-غان ھالەت شەكىللەنگەن. ئائىلاشلارغا قارىغاندا، يەرلىك كىشى-لەر ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئۆز ھويلىلىرىغا ئورەك كولاپ يامغۇر سۈ-يىنى ساقلاپ ئىچەتتىكەن، كېيىنچە ياغاچ كېمىلەر بىلەن ئىراق-نىڭ جەنۇبىغا بېرىپ، تۇلۇم ئارقىلىق سۇ توشۇپ كېلىدىغان بولغانىكەن.

كۇۋەيتتە نېفىت سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان 30 يىلدىن بۇيان، دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرۇش ئارقىلىق ئاھالى-لەر ۋە مۇئەسسەسەلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپتۇ.

بىز مەيلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بولسۇن، مەيلى كۇۋەيتتە بولسۇن، شەخسلەرنىڭ ئولتۇراق بىناسىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر يۇ-مىلاق باكنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. بۇنداق باكلارنىڭ بەزىسى سۇ مۇنارىنىڭ تۇرۇبىلىرى بىلەن تۇتىشىدىكەن. بەزىلىرىگە بولسا سۇ پونكىتلىرى چوڭ باكلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل ئار-قىلىق ئەكەلگەن سۇ يۇقىرى بېسىملىق ناسوس ئارقىلىق توش-تۇرۇلىدىكەن. ئادەتتە ئاھالىلەر ھويلا - ئاراملىرىنى كۆكەر-تىش، يۇيۇنۇش، تاماق ئېتىش قاتارلىقلاردا ئەنە شۇ سۇدىن پايدى-



كۇۋەيتتىكى شىراتون مېھمانخانىسىدا!


لىنىدىكەن. بىراق، ھازىر نۇرغۇن كۇۋەيتلىكلەر دەمەشىق ۋە بۇلغارىيىلەردىن كەلتۈرۈلىدىغان مىنېرال سۇ ئارقىلىق تاماق ئېتىپ يەيدىغان بوپتۇ.

سۇنىڭ شۇ دەرىجىدە قىسلىقىغا قارىماي، كۇۋەيتتە كۆكەرتىش ئىشلىرىمۇ چىڭ تۇتۇلۇۋېتىپتۇ. بىز زىيارەت داۋامىدا قۇم توپىلىق دۆڭلۈكلەرگە ئالىيۇمىن كاتەكچىلەر يېپىلىپ، تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئوت - چۆپ تېرىلىدىغانلىقىنى كۆردۇق. شەھەر كوچىلىرىغىمۇ بىزدىكى تۇخۇمەككە ئوخشايدىغان دەرەخلەر تىكىلىپتۇ.

بىز پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە كۇۋەيتتىكى زىيارىتىمىزنى تاماملاپ، ئەرەب خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئېلىپ 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە كۇۋەيتتىن ئايرىلدۇق. ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇزىتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققان كۇۋەيتلىك دوستلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.



# چاۋشيەن تەسىراتلىرىدىن
# پارچە-پۇراتلار



1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو ياشلار مەتبۇئاتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 10 كىشى چاۋشيەن سوتسىيالىستىك ئەمگەكچى ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، چاۋشيەندە 17 كۈن زىيارەتتە بولدۇق. بىز ئۈچۈن بەكمۇ قىسقا تۇيۇلغان بۇ مەزگىل ئىچىدە 50 نەچچە جايدا ھەر خىل تۈر بويىچە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت ئېلىپ باردۇق. پخڭراڭ، شىنىيجۇ، نەنپۇ، كەيچىڭ، مياۋشياڭشەن، شەنشىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە قەدەم ئىزىمىز قالدى. دۆلەت رەھبەرلىرى، زىيالىيلار، دېھقانلار بىلەن ئۇلپەت بولۇشتۇق. بۇ مەملىكەتنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى ۋە دوستانە مۇئامىلىسى ھەممىمىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى قالدۇرغىنىدەك، مەندىمۇ ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئىككى ھەپتە جەريانىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماقالە قىلىپ يېزىپ بولۇش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ تەسىرى چوڭقۇرراق ھېسابلانغان پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەرگە ئوقۇرمەنلەرنى ئورتاقلاشتۇرۇش مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.

## 1. گۈزەل ۋە مەدەنىيەتلىك شەھەر

بىزنىڭ پخڭراڭ زېمىنىغا قەدەم قويغان ۋاقتىمىز پخڭراڭ ۋاقتى كۈندۈزى سائەت 2 گە (شىنجاڭ ۋاقتى 11 گە) توغرا كەلدى. پخڭراڭ خەلقئارا پويىز ئىستانسىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، ھەربىرىمىز بىردىن پىكاپقا ئولتۇرۇپ داتۇڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى كاتتا بىنا —

پېڭراڭ خەلقئارا مېھمانخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ۋەتەندىكى
ۋاقتىمدا پېڭراڭ مەنزىرىسىنى كىنو ۋە تېلېۋىزورلاردا كۆرگەنى-
دىم. ھازىر بولسا ماشىنا روجىكىدىن كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە
كۆز ئۈزمەي قارايتتىم. يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر قايسى-
بىر كىتابتا يېزىلغان «چاۋشيەن ــ شەرقىي ئاسىيانىڭ باغچى-
سى» دېگەن سۆزنى تولۇق ئاساسلار بىلەن تەستىقلايتتى. تۈپتۈز
كەتكەن ئاسفالت يولنىڭ ئىككى تەرىپى رەڭمۇرەڭ گۈللەر ۋە
قىرقىلىپ كۆركەم شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن قارىغاي بىلەن بېزەل-
گەن. 50 ــ 60 قەۋەتلىك ئاسمان - پەلەك بىنالار قۇياش نۇرىدا
بەكمۇ ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. بىز مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق.
چاۋشيەن تەرەپ ئۆتكۈزگەن مول كەچكى زىياپەتتىن كېيىن كو-
چىغا چىقىپ ئىختىيارەن سەيلە قىلدۇق. بۇ يەردىكى جىمى ئەر-
لەر كاستۇم كىيىپ گالستۇك تاقايدىكەن. ھېچكىم ئىش كىيىمى
ۋە سۇپەتسىز، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كىيىملەرنى كىيىپ كوچى-
غا چىقمايدىكەن. كۆڭلەكچان يۈرۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ گالس-
تۇك تاقايدىكەن. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، پېڭراڭ شەھەر قانۇنىدا
ھەربىر ئەركەك ئاھالىنىڭ جەزمەن ئىككى قۇر غەربچە كىيىمى
بولۇشى، كوچىلارغا چىققاندا ۋە سورۇنلاردا جەزمەن قائىدىلىك
كىيىنىشى قەيت قىلىنغانىكەن. بىز پېڭراڭدا تۇرغان كۈنلەردە،
بۇ شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا
ئايلىنىپ چىقتۇق. كوچىلاردا ھېچكىمنىڭ لاغايلاپ يۈرمەسلى-
كى، ئەخلەت تاشلىماسلىقى بىزگە ئالاھىدە تەسىرلەرنى بەردى.
بىر قېتىم ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ
يەردىن بىر تال غازاڭنى تېرىۋېلىپ قەغەزگە ئوراپ كۆتۈرۈۋالغان
سومكىسىغا سېلىۋالغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى، مەن بۇ ھالغا قى-
زىقسىنىپ ھېلىقى ئايالنى خېلىغىچە كۆزۈمدىن نېرى قىلمى-



چاۋشيەن ئۆسمۈر بالىلىرى بىلەن بىللە

دىم. بۇ ئايال بىرەر يۈز مېتىرچە نېرىغا بارغاندىن كېيىن سوم-
كىسىدىن ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋې-
تىپ يولىنى داۋام قىلدى. دېمەك، شەھەر تازىلىقىغا ئەھمىيەت
بېرىش پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئورتاق ئىشى ئىكەن. تاڭ ئې-
تىشى بىلەنلا ماڭالايدىغانلىكى كىشىلەر ئۆز ئىشىكى ئالدىغا
چىقىپ يولنى سۈپۈرۈپ، گۈللەرگە سۇ چاچىدىكەن. ھەتتا بەزى-
لەرنىڭ لۆڭگە بىلەن ئاسفالت يولنىڭ پارقىراقلىقىنى يوقاتقان
يېرىنى سۈرتۈپ يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يەردە ھېچكىم كو-
چىدا تاماكا چەكمەيدىكەن، تاماكا قالدۇقىنى قالايمىقان تاشلىماي-
دىكەن. پىڭراڭغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى بىز كىم ئېرىسىن نا-
مىدىكى مەيداندا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. ۋاقىت ئۇزاقراق بول-
غاچقا تاماكا چەككۈم كەلدى. ئەمما، ئەتراپىمدا ئۆزگە تاماكا چې-
كىدىغانلار بولمىغاچقا، تاماكا قالدۇقىنى تاشلاش تۇگۇل كۈلىنى
قېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي خۇمارىمنى زورىغا باستىم. ئەتى-

سىدىن باشلاپ كىچىك قەغەز قۇتىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ، تاماكا كۈلى ۋە قالدۇقىنى شۇنىڭغا تاشلاپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆكىدىغان بولدۇم. پىڭراڭدا ۋە كېيىن كۆرگەن جايلاردا ھەممە كىشى مەدەنىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈنلا، مۇھىت شۇنچە گۈزەل ۋە ساپ ھاۋالىق ئىكەن.

كىشى چاۋشيەنلىكلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارنى تۇغما تەبەسسۇم چىرايىمىكىن دېگۈسى كېلىدۇ. چوڭلار ۋە كىچىكلەر، تونۇشلار ۋە ناتونۇشلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ياكى چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچراشقاندا بىر - بىرىگە ئېگىلىپ سالام قىلىشىدىكەن. خوشلاشقاندا خەيرلىك تىلىشىدىكەن. ئاچچىقلانغان، تېرىككەن چىرايلارنى، تەلەتى سۆرۈنلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. كىنو - تىياتىرلاردا، ترامۋاي بېكەتلىرىدە، يەر ئاستى پويىزلىرىدا كىشىلەر ھەرگىزمۇ نۆۋەت تالاشمايدىكەن. رەستىلەردە كېتىۋاتقانلىرىدا بولسا، سالماق قەدەم بىلەن قائىدىلىك مېڭىشىدىكەن. چاۋشيەنلىكلەرنىڭ مېھمان كۈتۈشتىن تارتىپ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغىچە بولغان ئادەتلىرى مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. تاماق يېگەندە خوش ئېيتىشىپ توقلۇقنى ئىپادىلەيدىكەن.


## 2. بىلىم ۋە بىلىم ئەھلى ئەتىۋارلىنىدىغان دۆلەت

مەن چاۋشيەنگە زىيارەتكە بېرىشتىن بۇرۇن دۇنيادىكى بارلىق كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ پارتىيە بەلگىسى ئوخشاشلا گىرەلەشتۈرۈلگەن ئورغاق ۋە بولقىدىن ئىبارەت، دەپ ئويلايتتىم. بىراق، چاۋشيەنگە كېلىپلا چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە بەلگىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كونا قارىشىمنىڭ بىتەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلدىم. چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە بەلگىسىدە گى-
رەلەشتۈرۈلگەن ئورغاق ۋە بولقا ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر قەلەم
قىستۇرۇلغانلىقىنىڭ مەنىسىنى زىيارىتىمنىڭ كېيىنكى كۈن-
لىرىدە چۈشىنىپ يەتتىم. ئاخىرقى تەسىراتىم شۇكى، بۇ دۆلەت-
تە مائارىپقا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلىدىكەن، بىلىم ۋە بىلىم ئەھ-
لى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن.

چاۋشيەندە 1956 ـ يىلى ئادەتتىكى تولۇقسىز مەجبۇرىي
مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا
ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈشكە
باشلىغان. 1967 ـ يىلى توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تۈ-
زۈمى ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلگەن. 1975 ـ يىلى بىر يىللىق ئو-
قۇشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى ئوقۇش تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان 11 يىللىق مەجبۇرىي ما-
ئارىپ قانۇنى رەسمىي ماقۇل-
لىنىپ، ئەمەلدە ئىجرا قىلى-
نىشقا باشلىغان. مەملىكەت
نوپۇسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى
ئىگىلەيدىغان ئوقۇغۇچىلار
ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن
قىلىنغان. 170 ئۇنىۋېرسى-
تېت ۋە 500 نەچچە ئالىي
تېخنىكوم قەد كۆتۈرگەن. ئۇ-
رۇشتىن بۇرۇن بىرمۇ ئالىي
مەكتەپ بولمىغان چاۋشيەن
زېمىنىدا زىيارىتىمىزگىچە
بولغان 30 نەچچە يىل ئىچى-

چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيىسىنىڭ بەلگىسى



دە، بۇ دۆلەت مائارىپتا مانا مۇشۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەل-
تۈرگەنلىكتىن ۋە مائارىپ خىراجىتى دۆلەت نوپۇسى نىسبىتىدە
دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرغانلىقتىن، ئومۇمىي خەلقنىڭ تەر-
بىيە ئېلىش نىسبىتى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئومۇمىي
ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مۇتەخەسسىس ۋە تېخنىك خا-
دىملارنىڭ نىسبىتى 19.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

بىز 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنى ئېكس-
كۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مەكتەپتە 1 - يىللىقتىن تارتىپ 5 - يىل-
لىققىچە بولغان سىنىپلارنىڭ ھەممىسىدە، سىنىئالغۇ تېلېۋىزور
ۋە ئوقۇغۇچى بېشىغا بىردىن توغرا كەلگۈدەك سىملىق نائۇشنىك
بار ئىكەن. سىنىپ، كارىدورلارنىڭ ھەممە يېرىگە گىلەم سېلى-
نىپتۇ. مەكتەپتە مۇكەممەل تەجرىبىخانا، مۇزىكا ئۆيى، كۇتۇپخا-
نا، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرى زالى بار ئىكەن. ھەربىر
ئۆسمۈر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا بىر چالغۇ
( گارمون، ئىسكىرىپكا دېگەندەك) ئەسۋابىنى چېلىشنى مۇكەم-
مەل ئۆگىنىپ بولۇشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا، چاۋشيەندە، بىرەر
ساز چېلىشنى ئۇقمايدىغان ئادەم يوق دېسە ھەرگىز خاتا بولماي-
دىكەن.

بىز ئەمدىلا بالىلار باغچىسىدىن چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ھەر خىل ماھارەتلىرىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغان ھالدا ئۇلاردا
مۇشۇنداق ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇقۇپ باقماقچى بولدۇق. سۆھبەت داۋامىدا ئۆمەك باشلىقىمىز
مەكتەپ مۇدىرىدىن: «ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەنلەر قانچە پىرسەنت، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر
قانچە پىرسەنت، تولۇق ئوتتۇرىنى...» دەپ سورىدى. مەكتەپ مۇ-
دىرى پياۋ خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ: «چاۋشيەندە ئالىي مەكتەپنى

پۇتتۇرمىگەن ئادەم باللار باغچىسىغىمۇ تەربىيىچى بولالمايدۇ»
دېۋىدى، ھەممىمىزنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى. كېيىنچە ئاھالى-
سى ۋە تېررىتورىيىسى ئانچە چوڭ بولمىغان چاۋشيەندە 170
نەچچە ئالىي مەكتەپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ۋە بىرقانچە ئون مىڭ
ئوقۇغۇچىسى بار ئۇنىۋېرسىتېتتىن بىرقانچىنى كۆرۈپ، پياۋ
خانىمغا قويۇلغان سوئالنىڭ تولىمۇ قامللاشمىغانلىقىنى ھېس
قىلدۇق.

بىز 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پخىراڭدىكى بىر قىزلار ئوت-
تۇرا مەكتىپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە
1000 غا يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنى ئىجتى-
مائىي ۋە تەبىئىي پەنلەردە سىستېمىلىق ئوقۇتقاندىن تاشقىرى.
قىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا نۇرغۇن ئۆي ئىشلىرىنى
ئۆگىتىدىكەن. دەزمال سېلىش، كەشتە تىكىش، تاماق ئېتىش،
ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، گۈل ئۆستۇرۇش قاتارلىق دەرسلەرگە

پخىراڭ شەھىرىدىكى ساڭگۇاڭ كوچىسى



مەخسۇس ئۇستا ئوقۇتقۇچىلار تەيىنلەنگەنىكەن. بىز ئېكسكۇر-
سىيىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، مەكتەپ مۇدىرى بىزنى ئوقۇغۇچىلار
ئاشخانىسىغا باشلاپ كىردى. تېخى بويىغا يەتمىگەن قىزلارنىڭ
تەييارلىغان قورۇمىلىرىنىڭ تەمى ۋە سۈپىتى بىزنى ھەقىقەتەن
ھەيران قالدۇردى. مەكتەپ مۇدىرى ئاخىرىدا بىزگە: «قىزلارنى
جەمئىيەتكە يارامىلىق مۇتەخەسسىسلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپلا
قالماي، ئائىلە ئىشلىرىغا يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش مۇھىم
ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى.

مائارىپقا بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈش ئەلۋەتتە كەم ئېرىسىن باش-
چىلىقىدىكى چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا ئاجرىتىدىغان
زور ھەجىمدىكى مالىيە خىراجىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.
بىر گۆدەك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەخسۇس زامانىۋى تۇغۇتخا-
نىدا دۇنياغا كۆز ئېچىپ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە بول-
غان جەريان بۇ يەردە تامامەن دۆلەت خىراجىتى بىلەن تاماملىنى-
دىكەن. ئوقۇغۇچىلارغا دەپتەر، قەلەم، دەرسلىك كىتابتىن تارتىپ
كىيىم - كېچەك، ھەتتا شەپكە - ياغلىققىچە دۆلەت تەرىپىدىن
تارقىتىلىدىكەن. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يۇقىرىقى
لازىملىقلار تارقىتىلغاندىن تاشقىرى، ئايلىق تۇرمۇش پۇلى
(خەلق پۇلى ھېسابىدا 60 — 70 يۈەن) بېرىلىدىكەن.

چاۋشيەندە چوڭلار مائارىپىمۇ چىڭ تۇتۇلىدىكەن. بىز 8 -
ئاينىڭ 15 - كۈنى پىخىراڭ «خەلق ئۆگىنىش سارىيى» نى ئېكس-
كۇرسىيە قىلدۇق. 1982 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى پۈتتۈپ
ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، ئەڭ زامانىۋى ئۇسكۈنىلەر بىلەن جا-
ھازلانغان بۇ ھەيۋەتلىك ساراي مەخسۇس جەمئىيەت ئۈچۈن ئې-
چىلغانىكەن. بۇ سارايدا 390 كۋادرات مېتىرلىق يۈمىلاق ئۇس-
تەللىك يىغىن زالى، 3000 ئورۇندۇقلۇق لېكسىيە زالى، سۇ-




چاۋشيەن ھەربىي مۇزېيىدىن كۆرۈنۈش

رەتكە ئېلىش بۆلۈمى، كىنوخانا، چوڭ ـ كىچىك ئاشخانا ۋە ھەر خىل ئۆگىنىش، دەم ئېلىش مۇئەسسەسەلىرى بار ئىكەن. دۆلەت-نىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ھەر ھەپتىدە بىر كۈن قەرەللىك ھالدا بۇ يەرگە كېلىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ لېكسىيە-سىنى ئاڭلايدىكەن. جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ساھەدىكىلەر — ئىشچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھا-نىغا تەييارلىق قىلىدىغانلار رەسمىيەت ئۆتىسىلا (رەسمىيەت ھەقسىز)، بۇ يەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھېسابلىنىپ بىر كىچىك بۆ-لۈم ياكى بىر يۈرۈش ئۆگىنىش جاھازلىرى بىلەن تەمىن ئېتى-لىدىكەن.

ئامېرىكا چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا 420 مىڭ بومبا تاش-لىنىپ بىر پارچە خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن پىڭراڭ شەھە-رىنىڭ 30 يىلدىن سەل كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىلىك گۈل-لەپ ـ ياشنىشى چاۋشيەنلىكلەرنىڭ جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىل-


غانلىقىنىڭ ۋە بىلىم ئىگىلەپ، بىلىمنى، بىلىم ئەھلىنى قەدىر-لىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ. چاۋشيەن ھەر يىلى چەت ئەلگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىپ يۇقىرى سە-ۋىيىلىك زىيالىيلارنى يېتىشتۈرگەندىن سىرت، مەملىكەت ئىچ-چىدىكى زىيالىيلارغىمۇ ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەھەتلەردە بەكمۇ ئېتىبار بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئەمگەك مېۋىلىرىگە يۇقى-رى ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەيدىكەن. بارلىق پروفېسسورلارغا، ئو-قۇتقۇچىلارغا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا يىلىغا بىردىن كىتاب ياكى يۇقىرى سۈپەتلىك ئىلمىي ماقالە يېزىش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدىكەن. يازغان كىتاب ۋە ئىلمىي ماقا-لىلىرىنى ئۇنىۋان باھالاشتىكى مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى ھې-سابلايدىكەن. بىز بەزى گېزىت ـ ژۇرنال مەسئۇللىرىدىن ئۇقۇ-شىمىزچە، بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ قەلەم ھەققى 20 — 30 يۈەن (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) بولىدىكەن. چاۋشيەندە زىيالىيلارنىڭ قانچىلىك قەدىرلىنىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى بىر مىسالدىنمۇ كۆ-رۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىر يىلى چاۋشيەن «ئەمگەك خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ بىر خىزمەت كۆرسەتكەن مۇخبىرى سىرتقا مۇخبىرلىققا بېرىپ تۇ-يۇقسىز ئاغرىپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يولداش كىم ئېرسىن بۇ مۇخبىرنىڭ ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرھال بىر تىك ئۇچار ئايروپىلاننى نەق مەيدانغا ئەۋەتىپ، ئۇنى پخيراڭغا ئالدۇ-رۇپ كەپتۇ ۋە دوختۇرلارغا: «بۇ — بىزنىڭ گۆھىرىمىز. ئۇنى بار ئاماللار بىلەن ساقايتىش كېرەك» دەپ تاپىلاپتۇ.

بىز چاۋشيەن تېررىتورىيىسىگە كىرگەندىن كېيىن تۇشمۇ-تۇشتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارلارغا ۋە مۇنارلارغا يېزىلغان «ئۇچ چوڭ ئىنقىلابنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرەيلى»، «ئۇچ چوڭ

ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى» دېگەندەك شوئارلارغا كۆ-
زىمىز چۈشتى. كېيىنچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» — ئۈچ چوڭ
ئىنقىلابنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، ھەيرانلىق نەزە-
رى بىلەن بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن سۆزدىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەت-
كەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. لېكىن، چاۋشيەندە تەكىت-
لىنىدىغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ مەزمۇنى جۇڭگودا ئېلىپ
بېرىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىكەن.
بۇ يەردىكى بۇ ئىنقىلابنىڭ مەزمۇنى «پۈتۈن مىللەتنى مەدەنىي-
لەشتۈرۈش، پۈتۈن جەمئىيەتنى زىيالىيلاشتۇرۇش، پەن - مەدە-
نىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش» ئىكەن. بىر شوئار تەرىقىسىدە ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»
جەمئىيەتنى زىيالىيلاشتۇرۇش، پەن - مەدەنىيەتنى تەرەققىي
ئەتتۈرۈش، بىلىمنى، بىلىم ئەھلىنى قەدىرلەش، شۇنداقلا باي،

كىم ئىرسېننىڭ تۇغۇلغان جايى — ۋەنشوتەي قەدەمگاھى



گۈزەل چاۋشيەن قۇرۇشتا ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىپتۇ. مەن مانا شۇ ئەمەلىيەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، بىر خىل شوئار - نىڭ ئىككى ئەلدە ئوينىغان ئىككى خىل رولى ئۈستىدە ئويلانماي قالمىدىم.


## 3. ھەممە — خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن

زىيارەت داۋامىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىزغا قارىغاندا، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى داڭلىق پاراۋانلىق دۆلىتى دېيىشكە بولىدىكەن. بىز چاۋشيەنلىك كەسپداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىدىن خەۋەر تاپتۇقكى، چاۋشيەندە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت 1975 - يىلى 1000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ، 1979 - يىلىغا كەلگەندە 1920 دوللارغا يەتكەنىكەن. دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا تۇرمۇش پۇ - لى تۇزۇمىنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇنداق پۇل ئۇلارنىڭ ئەمگە - كىگە ۋە ئەمگەكىنىڭ ساپاسىغا قاراپ تارقىتىلىدىكەن. دۆلەت دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن 1964 - يىلى دېھقانچىلىق بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. 1974 - يىلى 3 - ئايغا كەلگەندە بولسا، دۆلەت ئاساسىي قانۇنىنىڭ بەلگىلى - مىسى بويىچە، دۇنيا مىقياسىدا تۇنجى بولۇپ بارلىق باجنى بىكار قىلىغانىكەن.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن، دۆلەت ھەر كىلوگرام گۈرۈچنى ئالتە موچەندىن سېتىۋېلىپ، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىگە سەك - كىز پۇڭدىن سېتىپ بېرىدىكەن. پەقەت مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىقلا ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىنى يىلىغا 560 يۈەن پاراۋانلىق پۇ - لىدىن بەھرىمەن قىلىدىكەن.

چاۋشيەندىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىدىن ئوقۇر-
مەنلىرىمىزنى تېخىمۇ ئەتراپلىقراق خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن،
گەپنى پېڭراڭ پايتەخت تۇغۇتخانىسىدىن باشلايلى. بۇ تۇغۇتخانا ئانا-
بالىلارنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلەنگەن، پۈتۈنلەي
زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىن ئېتىلگەن 13 قەۋەتلىك
كۆركەم دوختۇرخانا بولۇپ، ئۇ كىم ئېرسېنىنىڭ شەخسەن نەق
مەيدانغا كېلىپ ئورۇن بېكىتىپ بېرىشى بىلەن شەھەرنىڭ مەر-
كىزىگە سېلىنغان، 1980-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى پۈ-
تۈپ، تۇغۇتخانىدا 540
كىشىلىك تۇغۇت كارىۋىد-
تى، 460 ئايال بىمارلار
كارىۋىتى، 500 بالىلار
كارىۋىتى بار، ۋراچ ۋە
سېستىرالارنىڭ سانى
1000 دىن ئاشىدىكەن.
ئىككىقات ئايالنىڭ تۇغۇت
ئاغرىقى باشلانسا بۇ تۇ-
غۇتخانىغا تېلېفون بېرى-
دىكەن، تۇغۇتخانا مەخسۇس
ۋراچ ۋە ئاپتوموبىل ئەۋە-
تىپ، ھامىلىدار ئايالنى
تۇغۇتخانىغا ئەكېلىدىكەن.
يەتتە كۈنگىچە تۇغۇتلۇق
ئايال ۋە بوۋاق ئۆز ئائىلە
تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىۋا-
سىتە ئۇچراشتۇرۇلمايدى-

كىم ئېرسېن ھەيكىلى ئالدىدا



كەن. ئۇلار پەقەت كۆرۈشۈش زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېۋىد-
زور ئارقىلىقلا يۈز كۆرۈشۈپ سۆزلىشىدىكەن. 40 كۈن توشقاند-
دىن كېيىن ئەر بىر دەستە گۈل ئەكېلىپ ئايالىغا تەقدىم قىل-
غاندىن كېيىنلا، تۇغۇتخانا ئاندىن تۇغۇتلۇق ئايالنى ئېرىگە قو-
شۇپ مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىكەن.
مانا بۇ جەريان ئۈچۈن تۇغۇتخانا تۇغۇت ئىگىسىدىن بىر پۇڭ
چاغلىق ھەق ئالمايدىكەن. چۈنكى، تۇغۇتخانىنىڭ بارلىق خىرا-
جىتى دۆلەت تەرىپىدىن كۆتۈرە ئېلىنغانىكەن.

چاۋشيەندە بەش پۇڭلۇق مېتال پۇل — سىمۋول خاراكتېر-
لىك پۇل ئىكەن. پىڭراڭنىڭ ئالتە يېرىگە قۇرۇلغان تاماشا
مەيدانى (بۇلار باللار تاماشا مەيدانى، ياشلار تاماشا مەيدانى دەپ
ئايرىلىدىكەن) نىڭ قايسىبىرىگە كىرىپ كۈن بويى تاماشا قىل-
ماقچى بولسىڭىزمۇ ئىشىك بېلىتى ئۈچۈن بەش پۇڭ تۆلەيدى-
كەنسىز. يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرۇپ، شەھەرنى ئايلىنىپ
چىقماقچى بولسىڭىزمۇ بەش پۇڭلا تۆلەيدىكەنسىز، ھەتتا
تراموۋاي، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا بار-
سىڭىزمۇ بەش پۇڭ تۆلەيدىكەنسىز. بىز يەرلىك كىشىلەردىن بۇ
بەش پۇڭدىن يىغىلغان پۇل بىلەن چىقىمنى قامدىيالامسىلەر دەپ
سورىدۇق. ئۇلار پەخىرلەنگەن ھالدا: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك-
چىلەرنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن، قالغىنىنى دۆلەت كۆتۈرىدۇ، دې-
دى. بىز پىڭراڭ ۋە باشقا شەھەرلەردە كۆكتات، گۆش، ئاشلىق
ساتىدىغان دۇكانلارنى كۆرمىدۇق. بۇ ھالغا ھەممىمىز ئەجەبلەن-
سەكمۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن بۇ ئەھۋالنىڭ تېگى - تەكتى-
نى ئۇقۇشۇشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە بىز شەنشىڭ
شەھىرى (چاۋشيەننىڭ غەربىدىكى چوڭ سانائەت شەھىرى) گە
كېتىۋاتقاندا، بىزگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان چاۋشيەنلىك تەرجى-



پخراڭدىكى خەلق ئۆگىنىش سارىيى ئالدىدا

ـمان تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بەردى: ھەربىر ئولتۇراق بىنانىڭ ئىدـ
شىك ئالدىدا بىر كاپىيەن (كارتۇشكا) تاختىسى بار ئىكەن. ئەتىدـ
گەندە كىشىلەر خىزمەتكە مېڭىش ئالدىدا بىر كاپىيەنگە «پالانىغا
مۇنچە جىڭ ئاشلىق، مۇنچە جىڭ گۆش، مۇنچە جىڭ كۆكتات
لازىم» دەپ تولدۇرۇپ شۇ يەرگە قويۇپ قويىدىكەن. مەخسۇس
پاراۋانلىق خادىمى كۈندۈزى بۇ نەرسىلەرنى ئامبارلاردىن ئەكېـ
لىپ، كەچتە كاپىيەن بويىچە ئۆي ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىـ
كەن. پۇلنى بولسا ئاي ئاخىرى ئايلىق مائاشتىن تۇتۇپ قالىدىـ
كەن. تەرجىمانىنىڭ ئېيتىشىچە، مۇنداق ئۇسۇل ئەمگەكچىلەرنى
خاتىرجەم ئەمگەك شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بولۇپمۇ باـ
لىلارنىڭ لازىملىقلىرى بەكمۇ ئەرزان ئىكەن، خېلى قېلىن ۋە
نەپىس ئىشلەنگەن بالىلار كىتابلىرى پەقەت ئىككى پۇڭ ياكى
ئۈچ پۇڭغا سېتىلىدىكەن. بالىلار كىيىم ـ كېچەكلىرى شۇنچىدـ

لىك ئەرزان ئىكەنكى، كىيىم تەننەرخىنىڭ 10 پىرسەنتىگە تەڭ كېلىدىغان باھا بىلەن سېتىلىدىكەن.

چاۋشيەندە پۈتۈن ئەمگەكچىلەر ھەپتىسىگە بەش كۈن، كۈنىگە ئالتە سائەتتىن خىزمەت قىلىدىكەن. قالغان ۋاقىت ئەمگەكچىلەرنىڭ دەم ئېلىشىغا، ئۆگىنىشىگە بېرىلىدىكەن. زىيارەت داۋامىدا بىز جەننەتتەك باغچىلاردا، دېڭىز بويلىرىدىكى مەيدانلاردا كىشىلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى، ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ھەممە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىغا خىزمەت قىلىدىغان بۇ دۆلەتتە كىشىلەر ھەقىقەتەن بەختىيار، خۇشال ئىكەن. بۇ ئەنە شۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئىش ئورۇنلىرىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، دۆلەت ئۈچۈن كۆپلەپ بايلىق ياراتقانلىقىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭمۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## 4. دوستلۇق مېھرى قەلبلەردە

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز تەركىبىدىكى ھەربىر ئەزانىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە سۈرىتى ئۆمىكىمىز چاۋشيەنگە يېتىپ بارماستىن بۇرۇنلا، پيڭراڭدا چىقىدىغان گېزىتلەر ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا تونۇشتۇرۇلغانىكەن. شۇڭا، ۋوگزالغا يېتىپ كېلىشىمىز بىلەنلا چاۋشيەن ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەربابلىرى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇ ئەپەندى ھەربىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ھېچ خاتالاشمايلا ئاتاپ بىزگە دوستلۇق قولىنى ئۇزاتتى. ئەنە شۇ مىنۇتتىن تارتىپ بىز چاۋشيەن ھەر ساھە ياشلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئەربابلار بىلەن قەدىناسلاردەك چىقىشىپ كەتتۇق. پيڭراڭغا كەلگەن كۈنلا چاۋشيەن تەرەپ



كەيچپېڭدىكى 38 ـ پاراللېلدا!

ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش زىياپى-
تىگە قاتناشقانلىقىمىزنى ماقالى-
مىزنىڭ بېشىدا يازغانىدۇق. بىز
ئولتۇرغان 10 ئاپتوموبىل
داتۇڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى بىر
كاتتا بىناغا يېتىپ كەلدى. بىز
دەرۋازا ئالدىدىن تاكى زالغىچە
سەپ تارتىپ تۇرغان كۆتكۈچىلەر-
نىڭ چاۋاك ساداسى ئىچىدە قىپ-
قىزىل پاياندازنى بويلاپ زىياپەت
زالىغا كىردۇق. قىزىل مۇۋۇت
يېپىلغان كەڭ، ئۇزۇن زىياپەت
جوزىسىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە ئۆ-
مەك ئەزالىرىمىزنىڭ ئىسمى يې-
زىلغان تۆچ تاختاي قويۇلۇپتۇ.
مەن ئۆز ئىسمىمنى ئىزدەپ تۇر-
غىنىمدا بىر خىزمەتچى يېنىمغا
كەلدى ـ دە، تەزىم قىلىپ تۇرۇپ
مېنى ئۆز ئورنۇمغا باشلاپ باردى. كۆردۈمكى، ئورنۇم چوڭ زىيا-
پەت جوزىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئوخشاش كەڭلىكتىكى، بىر مې-
تىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ئۈستەلنى ئۇلاپ راسلانغانىكەن. بۇ ئۈس-
تەلگە ئەرەبچە يېمەكلىكلەر تولغۇچە تىزىلىپتۇ، بۇ ئۈستەلنى
چوڭ ئۈستەلدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن يېشىل مۇۋۇت يېپىپتۇ
(كېيىن ئۇقسام ئۇلار ئىسلام دىنىدىكىلەر يېشىل رەڭنى ياخشى
كۆرىدۇ، دەپ ھېسابلايدىكەن). پۈتكۈل زىياپەت جەريانىدا ماڭا تا-
ماق توشۇغۇچى، تاماققا تەكلىپ قىلغۇچى، ھاراق ـ شاراب قۇيۇ-

غۇچىلاردىن بولۇپ ئۇچ ـ تۆت كۈتكۈچى خىزمەتتە بولدى، باشقا
بىر دۆلەتتە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنىڭ مۇشۇنچىلىك ئېتىد-
بارغا ئېلىنغانلىقى مېنى تەسىرلەندۈرمەي قالمىدى. ئەلۋەتتە،
چاۋشيەن ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى جۇڭگولۇقلارنى ئۆز قېرىنداشلى-
رىدىنمۇ زىيادە كۆرىدىكەن، جۇڭگودىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمەك-
لىرىگە بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىكەن. ئوقۇرمەنلىرىمىز بى-
لىدۇكى، چەت ئەلگە چىققان ھەرقانداق ئۆمەكنىڭ ئۆز دەرىجىسى
بولىدۇ، شۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئۆمەكلەرنى ئۆز دەرىجىسى
بىلەن كۈتىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ ئۆمىكىمىز ياشلار مەتبۇئاتى ۋە-
كىللەر ئۆمىكى بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۆز دەرىجىسىدىنمۇ
ئارتۇق كۈتۈۋېلىندى. ئۇلارنىڭ زېمىنىغا قەدەم باسقاندىن تار-
تىپلا ھەربىرىمىزنى بىردىن پىكاپقا ئولتۇرغۇزدى. قولىمىزغا
ئاپتوموبىل نومۇرى ۋە شوپۇرنىڭ ئىسمى بېسىلغان كارتوچكا
بەردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ـ كې-
تىپ تۇرىدىغان ئۆمەكلەر بەكمۇ كۆپ ئىكەن. بەزى ئېكسكۇرسى-
يە ۋە زىيارەت داۋامىدا، ئۆمىكىمىز چەت ئەلنىڭ مىنىستىر دە-
رىجىلىك ئۆمەكلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىز پىڭراڭ ئۆسمۈر ـ بالىلار سا-
رىيىدا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. شۇ كۈنى مىنىستىر دەرىجىلىك
ئۈچ ئۆمەك بۇ يەرگە بىرلا ۋاقىتتا ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەند-
كەن، ئەمما ساراي باشلىقى بىزگە ھەمراھ بولدى ۋە ئۆمىكىمىز
شەرىپىگە بىر مەيدان مەخسۇس ئويۇن كۆرسىتىپ بەردى.

بىر كۈنى پايتەخت ئۇرۇش ئەستىلىكلىرى خاتىرە سارىيىغا
ئېكسكۇرسىيىگە باردۇق، بىر پېشقەدەم كاپىتان چىرايىمغا
ئوبدان بىر سەپسالدى ـ دە، قىزغىنلىق بىلەن قولۇمنى تۇتۇپ
تۇرۇپ «سىز شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرغۇ، قارشى ئالىمىز،



پىڭراڭدىكى پايتەخت تۇغۇتخانىسى

قارشى ئالىمىز» دېدى. مەنمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئىپادە بىلدۈر-
دۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمىكىمىزنى ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا خەلق-
لىرىنىڭ چاۋشيەنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى
قوللىغانلىقى كۆرسىتىلىدىغان بىر زالغا باشلاپ كىردى - دە،
بىر بۆلۈمچىگە قويۇلغان سۈرەت ۋە رەڭگى سەل ئۆڭۈپ كەتكەن
بىر گىلەم دوپپىنى بىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ئەلبىدۇر، ئەلبىد-
دۇر...» دېدى. بۇ ئۈچ - تۆت پارچە سۈرەت ئەينى ۋاقىتتا ئامې-
رىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئەيىب-
لەش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشنىڭ ۋە تۇرپان
خەلقىنىڭ (كىيىنىشلىرىگە قاراپ تۇرپانلىقلارمىكىن دېدىم)
پىدائىيلارغا ئاتاپ كىيىم - كېچەك تىكىۋاتقان ئەمەلىي ئەھۋا-
لىدىن تارتىلغان سۈرەتلەر ئىكەن. ھېلىقى دوپپا بولسا شىنجاڭ-
دىن بارغان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەينى ۋاقىتتا چاۋشيەن خەلق ئار-
مىيىسىگە تەقدىم قىلغان دوپپا ئىكەن. ھېلىقى كاپىتان ماڭا
قاراپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ «ئەلبىدۇر... ئەلبىدۇر...»
دەۋەردى. مەن بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ تەرجىماندىن بۇ گەپنىڭ مە-
نىسىنى سورىدىم. تەرجىمان چاۋشيەنلىكلەردە «ئەلبىدۇر» دېگەن

ئادەم ئىسمىنىڭ بارلىقىنى، مېنىڭ ئىسمىم ئاھاڭ جەھەتتىن بىرئاز ئوخشىشىپ كەتكەچكە، كاپىتان مېنى شۇ ئىسىم بىلەن ئاتاپ «ئۇيغۇرلار ياخشى» دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن نەگىلا بارايلى، قارشى ئالغۇچىلار ئىچىدە، ھەمراھ بولغۇچىلار ئارىسىدا ئىسمىم «ئەلبىدۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. زىياپەتلەردە بولسا، ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ھاراق كۆتۈرەلەيدۇ دەپ بىلگەچكە رومكامنى پات - پات تولدۇرۇپ تۇردى. ئارىمىزدا ھېچبىر تارتىنىش بولمىدى.

ئۇلارنىڭ بىزنىڭ نەسرىدىن ئەپەندىمىزنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئويۇن - چاقچاققا، ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ماڭا نۇرغۇن ئوڭايلىق - ئوڭايسىزلىقلارنى ئەكەلدى.

بىر كۈنى پېڭراڭدا 1000 دىن ئارتۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر قاتناشقان قارشى ئېلىش بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇنلىنىپ ئالاھازەل يېرىملاشقاندا، ئېلانچىك تۇيۇقسىز «جۇڭگو ياشلار مەتبۇئاتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يولداش پالانىنى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز» دەپ ئېلان قىلىۋەتتى. چاۋاك پۇتۇن زالنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەن ئۇسسۇلنى ئانچە ياخشى ئوينىيالمايتتىم، مىڭلىغان كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇرۇۋاتقان يەردە ئۇسسۇل ئويناپ بەرمەسلىككىمۇ بولمايتتى، ئويلىنىپ تۇرۇشقىمۇ ۋاقىت يوق ئىدى. ئاخىرىدا بىرلا غەيرەتكە كەلدىم - دە، سەھنىگە چىقتىم، گارمونچى ئۇسسۇل چۈشىدىغان بىر چاۋشيەن مۇزىكىسىنى چېلىپ بەردى. ئۇسسۇلنى قانداق ئوينىغىنىمنىمۇ ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ سەھنىدىن چۈشتۇم. ئالقىش ساداسى مەن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بى-

رەر مىنۇتچە داۋاملاشقانلىقى ئېسىمدە.

قايتىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى بىز ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇۋاتقان
چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇق مۇنارى ئىش ئورنىغا باردۇق. بار-
غان ھامان 2000 ــ 3000 كىشى ئىشلەۋاتقان بۇ مەيداندا «تا-
رىم بويىغا كەتتىم» (خەنزۇچە) دېگەن ناخشا ياڭراپ كەتتى. تەر-
جىمانىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ناخشىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن
ئىش مەيدانى رادىئو ئۈزېلى تەييارلىق قىلىپ تۇرغانىكەن. بۇ
مۇنارنىڭ ئەتراپىغا دوستلۇق كۆچىتى تىكىش باشلاندى. تىكى-
لىدىغان كۆچەت ئىككى تۈپلا بولغاچقا، 10 ئادەم بىراقلا ئىش-
لەشكە بولمايتتى. شۇ ئەسنادا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى
چاۋشيەن تەرەپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ياشلىرىغا ۋاكا-
لىتەن مېنى بىر تۈپ شەمشاد كۆچىتى تىكىشكە ئورۇنلاشتۇردى.
چاۋاك ساداسى ئىچىدە گۈرجەكنى ئېلىپ كۆچەت تىكتىم.

17 كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىمكى،
چاۋشيەن خەلقى بىلەن جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى
مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانىكەن. بۇ دوستلۇقنىڭ
مەڭگۈ گۈللەپ ـ ياشنىشىدا قىلچە شۈبھە يوق ئىكەن.

## 5. تەسىراتلار ئىچىدىكى تەسىراتلار

ئوقۇرمەنلەر ئىختىيارىغا تەقدىم قىلىنىدىغان تەسىراتلىرىم
شۇنداق قىلىپ ئاخىرلىشىپ قالدى. بىراق، ئەقىللىق ئوقۇرمەن-
لەرنىڭ «تەسىراتلىرىڭىزنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم تەسىراتلار نېمە»
دەپ سورايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرۇپتۇ. چاۋشيەندە تۇر-
غان ۋاقتىم خېلى ئۇزۇن بولغان بىلەن، چاقماق تېزلىكىدە قى-
لىنغان زىيارەتنىڭ تەسىراتلىرى بەربىر پارچە ـ پۇرات بولى-
دىكەن، دەل شۇ سەۋەبلىك، غىل ـ پال كۆرگەن نەرسىلەردىن

كۆڭۈلدىكىدەك خۇلاسە چىقىرىشنىڭ ئۆزىمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ كۆڭۈلدىن كەچكەننى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ، يۈزەكى بولسىمۇ پىكىر بىرلىكىگە كېلىش ئانچە چوڭ خاتالارغا ئېلىپ بارماس، دەپ ئويلايمەن.

مەن ئۆتكەن يىلى (1984 ـ يىلى) 19 ـ ئاۋغۇست كۈنى بېيجىڭغا ۋە 26 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. چاۋشيەننىڭ مۇھىتى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتىكى نەمۇنىلىرى تېخى خاتىرەمدىن ئۆچۈپ ئۈلگۈرمىدى. گەچكە، بىزنىڭ بەزى رېئال ئەھۋالىمىز ۋە ئادەتلىرىمىز كۆرگەنلىرىم بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ يېتەرسىزلىك سۈپىتىدە كۆزۈمگە تاشلاندى. ئەلۋەتتە، مەن دۇنيانىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدىن كەلگەن كۆزەتكۈچى ئەمەس، بەلكى بىر جۇڭگولۇق بولغىنىم ئۈچۈن، ئۆز يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئۆزۈم تونۇۋالسام ۋە بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئاز ـ تولا چۇقان سالسام ھېچبىر يامىنى يوق، دەپ قارايمەن.

يەنە شۇنداق قارايمەنكى، ئەدەپ ـ ئەخلاق، گۈزەللىك بىر

كەيچېڭ شەھىرىدىكى 38 ـ پاراللېل سۆھبەت ئۆستىلى



مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە زىچ مۇناسىۋەت-
لىك بىر مەسىلە. ئالايلى، بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدە ئادەملەر-
نىڭ، بولۇپمۇ تەپسە تاغ تەۋرىگۇدەك كۈچى بار ياشلارنىڭ كو-
چىلاردا بىكارچىلاردەك بەخىرامان لاغايلاپ يۈرۈشلىرى، مېۋە
شۆپىكى، قەغەز ۋە تاماكا قالدۇقلىرىنى كۆرگەنلا يەرگە تاشلاپ
بىر چىرايلىق ئاسفالت كوچىلارنى پاسكىنىچىلىقلارغا تولدۇ-
رۇشلىرى زادى ئەدەپ جۈملىسىگە كىرمەيدۇ. رەستىلەردە بىر ـ
بىرى بىلەن زورمۇزور مۈرە سوقۇشتۇرۇش، بىر ـ بىرىنى سەت
گەپلەر بىلەن تىللاش، بىر ـ بىرىنى كەچۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن،
ياقا سىقىشىش قاتارلىقلار تېخىمۇ شۇنداق. مەركەز خېلى يىللار-
دىن بۇيان «بەشنى تەكىتلەش، تۆتتە گۈزەل بولۇش» نى تەكىتلەپ
كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى ھېس قىلسام، بۇ بەكمۇ مۇھىم تەدبىر ئى-
كەن. ھەرقايسى جايلاردا بۇنداق ئىشنى تۇتىدىغان مەخسۇس ئور-
گانلار قۇرۇلۇپ مەلۇم نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. بىراق، بۇ پائا-
لىيەت تېخى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتەلمىدى.
بەزى كىشىلەر 3 ـ ئاي ئۆتۈپ كەتسىلا يەنە ئۆزى ئۆگىنىپ قال-
غان ئادەتنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. مېنىڭچە، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ
ئەدەپلىك بولۇشى، گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتىنى شەكىللەندۇرۇشى،
شەخسلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاڭلىقلىقىغا باغلىق. پۈتۈن
جەمئىيەتتە ئەدەپسىزلىكنى، مەينەتچىلىكنى نومۇس دەپ بىلىد-
غان ئادەت شەكىللەنسىلا، ئاندىن ئەخلاقلىق، گۈزەللىك دائىم-
لىققا ئىگە بولالايدىكەن. مەسىلەن ئالساق، پىڭياڭ شەھىرىدە
ئاپتوموبىل يولىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولغان پىيادە كى-
شىلەر ئاپتوموبىل يولىنىڭ ئاستىدىكى چىرايلىق يەر ئاستى يو-
لىدىن ئۆتىدىكەن. دەسلىپىدە بىز مانا شۇنداق يەر ئاستى يولىدا
ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە سەپسېلىپ تۇرغان ئۈچ ـ تۆت ساقچىنى

كۆرۈپ بۇلارنى ئامانلىق ساقلىغۇچىلارمىكىن، دېيىشتۇق. كېيىنكى كۈنلەردە چېلىقتۇرۇشىمىزچە، بۇلار مەخسۇس پۇقرالارنىڭ كىيىنىشىنى كۆزىتىدىغانلار ئىكەن. ئەگەر بىرەر پۇقرا دەزماللانمىغان كىيىمنى ياكى كونا كىيىمنى كىيىپ بازارغا چىقسا بۇلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەندە، ساقچىلار بۇ پۇقراغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ: «يولداش، بۇ يەرگە كىرىپ كىيىمىڭىزنى دەزماللىتىۋېلىڭ!» دەيدىكەن ياكى بىرقۇر كىيىمنى كونا كىيىم كىيگەنلەرگە سۇنۇپ تۇرۇپ: «بۇ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىسى، ئالماشتۇرۇۋېلىڭ» دەيدىكەن. ئۇنداق كىشىلەرگە كىيىمنى دەزماللىتىۋېلىش ياكى يەڭگۈشلىۋېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. كىيىم دەزماللىتىشقا ياكى يېڭى كىيىم ئالماشتۇرۇشقا ئۇلاردىن بىرەر پۇڭمۇ ھەق ئېلىنمايدىكەنۇ، ئۇلار بەكمۇ خىجىللىق ھېس قىلىدىكەن. شۇڭا، پۇقرالار كىيىنىشتە رەتلىك بولماسلىقنىمۇ بىر خىل نومۇس دەپ قارايدىكەن. ئەلۋەتتە ھەر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىقتىسادىي ئەھۋالى بولىدۇ. 10 نەچچە يىل ئالدىدا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى ناچار ئىدى. ئۇ چاغلاردا خەلق تېنىنى ياپالمىغان يەردە ياخشى كىيىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى ئۆستى. ئۇلار ياخشى كىيىنىشكە ئىنتىلىدىغان بولدى. لېكىن، رەتلىك، پاكىز كىيىنىش بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىڭىپ كەتمىگەنلىكتىن، ياخشى كىيگەنلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىدىن ۋە تۇرمۇش ئىستىلىدىن گۇمانلىنىدىغان قاراشلارمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەر چەت ئەلگە ياكى مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ قايتقاندا، كاستۇم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ كېلىدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۆزىگە بىرەر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋا-

لىدۇ. ئەمما، ئۆز يۇرتىدا بۇنداق كىيىملەرنى كىيىشى كۆپ بول-
سا بەش ـ ئالتە كۈن داۋاملىشىدۇ. ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇ-
دۇكسىرەپ ئاخىرىدا بۇنداق كىيىملەرنى سېلىۋېتىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. بۇ ئەھۋال بىزگە تۇرمۇش شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋال
ئاستىدىمۇ ياخشىراق كىيىنىشكە بولغان قاراشنىڭ يېتەرسىز-
لىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئىستېمال جەھەتتە بۇزۇپ ـ چېچىشنى تەلەپ قىلمايـ-
مىز، بىراق ئەمەلىي شارائىت يار بېرىدىكەن، ياخشىراق كىيىـ-
نىش، رەتلىك كىيىنىش كېرەك. لېكىن، ئارىمىزدا شۇنداقمۇ
كىشىلەر باركى، ئۆز تۇرمۇشىدىن ئاشقان پۇلنى ئەرزىمەس
ئىشلارغا بۇزۇپ ـ چاچىدۇيۇ، تېنىنىڭ ئوچۇق قالماسلىقىنى
ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم دەپ ھېسابلاپ تۇزۇكرەك كىيىم كىيمەيدۇ،
ئۇنداقلار قانداق كىيسەم ئۆز ئىختىيارىم، دەپ قارايدۇ. قانداق
كىيىنىش ئەلۋەتتە شەخسنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش. لېكىن،
قىياس قىلىپ باقايلىكى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى قانداق
كىيىنىش ئۆز ئىختىيارىمدىكى ئىش، دەپ ساڭگىل ـ سۇڭگۇل
كىيىنىدىغان بولسا، بۇنداق ھال باشقا يەردىن كەلگەنلەرگە بۇ
يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى مۇشۇنداق ئىكەن، دېگەن
تەسىراتنى بەرمەمدۇ؟

بىز شەرق مىللەتلىرى شەرەپلىك ئەدەپ ـ ئەخلاق ئەنئەنـ-
سىگە ئىگە، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەكىتلەۋاتقان ۋە نۇرغۇن
كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىۋاتقان ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق
بولۇش شوئارى بىزنىڭ ئەنئەنىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇھىت
گۈزەللىكى، كىيىنىش گۈزەللىكىمۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاق جۇملى-
سىگە ياتىدۇ. پۈتۈن خەلقنى ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق قىلىپ چىقىش
ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك مۇئەسسەسەلەرنىڭ تېگىشلىك قانۇن ـ

نىزامى، نازارىتى بولۇشتىن باشقا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىمۇ مۇھىم ئامىل. ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا چاۋشيەن خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن مەقسەت، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى كۆز - كۆز قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاشۇ بەختىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ۋە كۈچلۈك مىللىي غۇرۇرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. توغرا شوئار بولغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئەمەلىي ھەرىكەت. گەپ ئەدەپ - ئەخلاق ئۈستىدە كېتىۋاتقانىكەن، ماقالىمىزنىڭ خاتىمە بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغىنىمىزغا قارىماي مۇنداق بىر تەسىراتنى ئېيتىۋېلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىز چەت ئەلدە گەرچە ئاران ئىككى ھەپتىلا تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن ھەممەيلەن ۋەتەننى سېغىنغانىكەنمىز، بۇ ھال قايتىپ كېلىۋېتىپ ۋەتەن زېمىنىغا قايتا قەدەم باسقاندا ۋە بېيجىڭغا يېقىنلاشقاندا ھەمسەپەرلىرىمىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىدە، كۆز ئىپادىسىدە مانا مەن دەپ ئەكس ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاۋشيەن زېمىنىدا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن كارتىنىلار تېخى سۇسلىشىپ ئۈلگۈرمىگەچكە چاۋشيەن بىلەن ئېلىمىزدىكى ئەدەپ - ئەخلاق جۈملىسىگە ياتىدىغان بەزى كۆرۈنۈشلەر روشەن سېلىشتۇرما سۈپىتىدە، كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. بېيجىڭ پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ پىڭراڭدىكىدىن قېلىشمىغۇدەك كەڭ، ئازادا كوچىلاردىن ئۆتكىنىمىزدە كالتە ئىشتاندىن ئۆزگە ھېچقانداق كىيىم كىيمىگەن، كىچىك بالىمىكىن دېسە، چىراي - تۇرقىدىن ئوتتۇرا ياش ھەتتا ياشانغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئادەملەر ئارىسىدا ئەيمەنمەي لاغايلاپ يۈرگەنلىكى بىزنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇردى. بۇ دەل 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولغاچ-

قا، بىيجىڭنىڭ تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنلىكى راست. بىراق، بىز بىلمىدىغان بەزى ئەللەردە ياز ھاۋاسى بۇ يەردىكىدىن بەكرەك ئىسسىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەرلەردە ھېچكىم جامائەتنىڭ كۆزىچىلا يالىڭاچلىنىۋالمايدۇ. نېرۋىسى جايىدا ئادەم بولسىلا، ئىسسىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتسىمۇ كىيىملىرىنى يېشىۋەتمەيدۇ.

دۇرۇس، بىزدە كالتە ئىشتان بىلەن كوچىغا چىققان كىشىلەرنى چەكلەيدىغان، جازالايدىغان بىرەر قانۇن يوق، بۇنى قانۇنسىز ھەرىكەت دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، بىزدە كوممۇنىستىك ئەخلاق ئۆلچىمى بار. ئاممىۋى ئەخلاق ئۆلچىمىمۇ بەزىدە قانۇنىي ئۆلچەم ئۆلچىيەلمەيدىغان، چەكلىيەلمەيدىغان ھەرىكەتلەرنى چەكلىيەلەيدۇ، ئەيىبلىيەلەيدۇ. ھەرقانداق مەدەنىي ئادەم ئاممىۋى ئەخلاق مىزانىنىمۇ قانۇندەك مۇقەددەس بىلىدۇ ۋە ئۆزىنى ئاڭلىق رەۋىشتە چەكلەپ تۇرالايدۇ. ئىشىنىمىزكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشكەنسېرى ۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۆتۈرۈلگەنسېرى، جامائەت سورۇنلىرىدا يېرىم يالىڭاچ يۈرىدىغان، ئاممىۋى ئەخلاقنى چۈشەنمەيدىغان ياكى مەنسىتمەيدىغان ئاشۇنداق ئادەملەر ئۆز قىياپىتىدىن، نالايىق ھەرىكىتىدىن ئۆزىچە ئىزا تارتىدىغان، يۈزى قىزىرىدىغان چاغلار چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

# رۇسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىن
# رۇسىيىگە نەزەر



بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل بۇرۇن، سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەب ۋە بەزى مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن دۇنيا خەرد-تىسىدىكى ئەڭ چوڭ مەملىكەت ــ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پار-چىلاندى، ياۋروپانىڭ شەرقىدىن ئاسىيانىڭ شەرقىگىچە سوزۇلغان بۇ كەڭ زېمىندا نۇرغۇن مۇستەقىل دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئا-ساسەن تىنچ ئۆتكەن، ئۇرۇش ـ تالاشتىن خالىي بولغان بۇ پارچە-لىنىش جەريانى شۇ چوڭ مەملىكەتنىڭ «خېمىرتۇرۇچى» ھېسابلان-غان كېيىنكى رۇسىيىگە زادى نېمىلەرنى ئەكەلدى؟ بىز بۇ ھەقتە قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان باھا ۋە خەۋەرلەردىن ئۆزگە، بۇ قەدد-ەمي شۇنداقلا ياش دۆلەتنىڭ چېچىنىيە كرىزىسىغا دۇچ كەلگەنلى-كىدىن خەۋەر تاپتۇق، ھەل قىلىش خېلى قىيىنغا توختاۋاتقان ئىقتىسادىي مەسىلىلەر پەيدا بولغانلىقىنى، رۇسىيە ئاھالىسىنىڭ قارا بولكا ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز قاتاردا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىل-دۇق. بىزگە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئارقىلىق رۇسىيىگە ئۆتكەن بەزى ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىمىزمۇ رۇسىيە ھەق-قىدە زىيارەت خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلدى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۇ-زىرىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈلۈنۈشى ۋە رۇسى-يىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالاتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كۆنسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. مۇئەللىپلىمىزنىڭ زىيارەت خاتىرىلىرىمۇ مەتبۇئات يۈزىدە ئانچە كۆپ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بىراق، ھازىرقى رۇسىيىنىڭ ئەھۋالى دۇنيا ئاگېنتلىقلىرد-نىڭ بۇرۇنقى مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشامدۇ، غەربىي بىلەن شەرقىي قىسمىنىڭ ئەھۋالىدا قانداق پەرقلەر بار، تۆت ـ بەش يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر زادى قانچىلىك دېگەن مەسى-

لىلەر ھازىرمۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ بىز-
نىڭ روسىيىنى كۆزىتىشتە ئادەت بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ
كۆزەتكەنلىكىمىز، ئوتتۇرا قىسمىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەنلى-
كىمىز سەۋەبلىك، ئۇنىڭ سىبىرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىراق
شەرقى ھەققىدە بىلىدىغىنىمىز بەكمۇ ئاز. مېنىڭ بۇ قىسقا خا-
تىرىنى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشىمدىكى مەق-
سەتمۇ، زىيارەت قىلىش پۇرسىتىمىز كەم بولىدىغان روسىيە
يىراق شەرقىگە قىلىنغان يەتتە كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا كۆرگەن -
ئاڭلىغانلىرىمنى، تەسىراتلىرىمنى ئورتاقلىشىشتىن، روسىيە-
نىڭ يىراق شەرقىي توغرىسىدا يۈزەكى بولسىمۇ مەلۇمات بې-
رىشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو ياشلار گېزىتى - ژۇرناللىرى جەمئىيىتىنىڭ تەش-
كىللىشى بىلەن، ياشلار گېزىتى - ژۇرناللىرىنىڭ قىسمەن باش
مۇھەررىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن زىيارەت — تەكشۈرۈش ئۆمىكى
1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە روسى-
يىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئەڭ چوڭ شەھىرى ۋىلادىۋوستوك قا-
تارلىق بىرقانچە چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە زىيارەتتە بولدۇق.
مۇئەللىپمۇ شۇ باش مۇھەررىرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بى-
لەن روسىيىدە شۇنچىلىك ۋاقىت زىيارەتتە بولدۇم. تۆۋەندىكىسى
يەتتە كۈنلۈك تەسىراتىمنىڭ بىر قىسمى.

بىز خاربىن شەھىرىدىن چىقىپ خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ
ئەڭ شەرقىگە جايلاشقان سۈيفىنخې تاموژنىسى ئارقىلىق روسىيە
زېمىنىغا كىرىپ كەلدۇق ۋە روسىيە زېمىنىنىڭ 50 كىلومې-
تىرچە ئىچكىرىسىگە جايلاشقان روسىيە تاموژنىسىنىڭ زۆرۈرى
تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، روسىيە تەرەپنىڭ
«cosmos» ماركىلىق ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ۋىلادىۋوستوكنى

كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتۇق.

چېگرا بىلەن ۋىلادىۋوستوكنىڭ ئارىسى ــ ئاپتوموبىللىق يەتتە سائەتلىك يول بوك ـ باراقسان ئورمان ۋە ياپپېشىل ئوت بىلەن قاپلانغان، كىچىك ـ كىچىك ئېقىنلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل زېمىن ئىكەن. ئانچە ئېگىز بولمىغان ئېدىر ـ لىقلاردا خىلمۇخىل كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ئۆسىدىكەن. ئې ـ دىرلار ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە بولسا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئې ـ چىلىپ كەتكەن، ئوت ـ چۆپلەر خۇددى يېشىل دېڭىزدەك چايقى ـ لىپ تۇرىدىكەن. كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى، بۇ ئورمان ـ ئوتلاقلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئۇچراپ تۇرىدىغان ھەربىي پونكىتلار ـ دىن ئۆزگە ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى كۆزگە چېلىقمايدىكەن. دېھقانچىلىق قىلىشقا شۇنچىلىك مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈزلەڭ ـ لىكلەر نېمىشقىدۇر تېرىلمايدىكەن، شۇنچىلىك بولۇق ئوتلاقتى ـ مۇ يا كالا، يا قوي بېقىلمايدىكەن، چېگرىدىن تارتىپ ۋىلادىۋوس ـ توكقىچە بولغان نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق بۇ مۇنبەت زېمىن ئە ـ نە شۇنداق تەبىئەتنىڭ ئىختىيارىغا «تاشلاپ بېرىلگەن» ئىكەن. بىز سەپەر داۋامىدا مۇلاھىزە قىلىشىپ، بۇ رۇسىيىدە ئادەمنىڭ ئازلىقىدىن بولسا كېرەك، ئەگەر ئادەم كۆپ بولغان بولسا، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن بۇ ئوتلاقلار چوقۇم تېرىلغۇ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇلماي قالمايتتى، دېيىشتۇق.

بىز سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى كۈنى چېگرا بىلەن ۋىلادىۋوستوك ئارىسىدىكى بىر كىچىك شەھەردە توختاپ، يېرىم كۈنلۈك زىيارەت ـ تەكشۈرۈشتە بولدۇق. بىز ئاسمان ـ پەلەك قېرى دەرەخلەر بىلەن قورشالغان بىر كۆجۈم ئاھالىلەر رايونىغا كېلىپ، چوڭلار، ياشلار ۋە ئۇششاق باللار بىلەن ئۇچراشتۇق. كەسپىي قىزىقىش تۈپەيلى، زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىشنى خالىغانلىكى كىشى بە ـ

لەن تەرجىمان ئارقىلىق پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىسىدا 72 ياشلىق بىر موماي ئۆزىنىڭ خېلى بۇرۇنلا پېنسىيىگە چىققانلىقىنى، ھا - زىر بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاۋاتقانلىقىنى، ئايلىق پېنسىيە سوممىسى بولغان 7000 رۇبلىنىڭ 4000 رۇب - لىسىنى ئۆي ئىجارىسى، توك، سۇ ھەققىگە تۆلەيدىغىنىنى، كۆ - نىنىڭ غورىگىل ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز سۈيفېنخې تاموژنىسىنىڭ ئالدىدىكى ئەركىن بازاردا 1000 يۈەن خەلق پۇلى - غا 650 مىڭ رۇبلى تېگىشكەنىدۇق. بۇنداق ئالماشتۇرۇش نىس - بىتى بويىچە قارىغاندا، بۇ موماينىڭ 7000 رۇبلىغا تايىنىپ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس.

بۇ ئاھالىلەر رايونى 10 نەچچە قەۋەتلىك بىنالاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سېلىنغىنىغا 15 — 20 يىل بولغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدىغان بۇ بىنالار رېمونتسىز قالغاچقىمۇ، خېلىلا كونا ۋە ئىسكەتسىز كۆرۈنىدىكەن. جامائەت ئەسلىھەلىرىمۇ كې - رەكتىن چىقىشقا باشلىغان. توك، تېلېفون سىملىرى قالايمىقان ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. مەيدانلارنىڭ بەزى يېرىگە ئەخلەت - چاۋارلار دۆۋىلىنىپ، تۇرۇبا خەندەكلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۇشۇپتۇ. بىراق، بۇ يەردە ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ قەددى - قامىتى، چىراي - تۇر - قى، كىيىنىش - ياسىنىشلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قال - دۇرىدىكەن. ياشلار - ئۆسمۈرلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق، كې - لىشكەن ئىكەنكى، ئۇلار ئارىسىدىكى بەدۆش، سەت، ئېيىپناق بىرىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن.

بىز مەنزىلگاھقا — يەنى ۋىلادىۋوستوك شەھىرىگە يېقىنلاش - قانسېرى چوڭ يولدىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان تار - ماق ئاسفالت يوللارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، يولنىڭ ئىككى تەرى - پىدىكى ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان تاغلاردا يانباغىرىدىن تارتىپ

تاغ چوققىسىغىچە ھەر خىل پاسوندىكى ئۆيلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. ئىككى ياكى ئۈچ ئېغىزلىق بوۇنداق كۆر- كەم ئۆيلەر ئۆي ۋە كىچىكرەك سەينادىن تەركىب تاپىدىكەن. قور- شاۋ تېمى يوق ئىكەن، سەينادا — دەرەخ ئاستىدا كىچىك ئاپتومو- بىللار توختىتىپ قويۇلغانىكەن. يول باشلىغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، تاغنى قاپلاپ كەتكەن بۇ ئۆيلەر ۋىلادىۋوستوكتا ياشىغۇچى ئاھالى- لەرنىڭ داچىسى ئىكەن. ئۇلار دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتىدا مۇشۇ ھاۋالىق داچىغا كېلىپ تۇرىدىكەن.

رۇسىيىدە يول پەۋقۇلئاددە سۈپەتلىك ياسالغان بولۇپ، شە- ھەر بىلەن شەھەر ئارىسىدىكى يوللارمۇ توت لىنىيىلىك ئاسفالت يول ئىكەن، ئۇنىڭ تۈزلۈكى، تەكشىلىكى، تاشيول ئەسلىھەلىرى- نىڭ تولۇقلۇقىغا كىشى قايىل بولماي تۇرالمايدىكەن. بۇ يوللاردا ھەر خىل ئاپتوموبىللار شۇنچىلىك كۆپ، سۈرئىتى شۇنچىلىك تېز ئىكەنكى، بۇ ھال بىزدەك چەتتىن كەلگەن كىشىگە ئالاھىدە تەسىر بېرىدىكەن. ھېلىقى مومايدەك ئايلىقىغا 7000 رۇبلى

ۋىلادىۋوستوكتىكى يىراق شەرق دېڭىز فلوتى بازىسىدا!



پېنسىيە پۇلى ئالىدىغان، كۈندىلىك يېمەكلىكىنى كۈندە سېتىۋېلىپ يەيدىغان رۇسىيىلىكلەردە ھەربىر ئائىلىدە دېگۈدەك يېپيېڭى ياپون، ئامېرىكا، گېرمانىيە ئاپتوموبىللىرىنىڭ بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىكەن. بىزدە ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىسىدىن بېشارەت بېرىدىغان «كالا بېشى»، «قۇملۇق شاھى»، «مېرسېدىس» دەيدىغان ئاپتوموبىللار ھەتتا بىز بىلمەيدىغان، كۆرۈپ باقمىغان ئالىي پىكاپلارنىڭ رۇسىيەلىكلەردە بولۇشى «رۇسىيىلىكلەر بىر بولكا ئۈچۈن 24 سائەت قاتاردا تۇرىدىكەن، كەمبەغەلچىلىكتە بار بىساتىنى سېتىپ يەپ بوپتۇ» دەيدىغان قاراشتىكىلەرنىڭ ھۆكمىگە تامامەن زىت كېلىدىكەن، رۇسىيىلىكلەرگە بۇنداق ئاپتوموبىللارنى سېتىۋالغۇدەك ئىقتىسادىي قۇدرەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، ئاپتوموبىلنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن پۈتۈن ۋىلادىۋوستوك شەھىرىدە بىرەرمۇ تاكسىنىڭ بولماسلىقى، بىرەرمۇ ۋېلىسىپىتنىڭ كۆزگە چېلىقماسلىقى كىشىگە بىر سىر بولۇپ تۇيۇلىدىكەن.

بىراق، شەھەر كوچىلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان قوش لىنىيىلىك، رېلىسلىق تراللېيبۇسلار مېڭىۋېرىپ ئاپتوموبىل ۋە تراللېيبۇس ئارىلاش ماڭىدىغان ئاسفالت يوللارنى كېرەكتىن چىقىرىپ، زەيكەش جاڭگال يوللىرىدەك ئېگىز - پەس قىلىۋېتىپتۇ.

ۋىلادىۋوستوك چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغا، رۇسىيىنىڭ ئەڭ شەرقىگە، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، ياپونىيە بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان چوڭ پورت شەھىرى بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى رۇسىيىنىڭ تىنچ ئوكيان ئىسكادراسى جايلاشقان ھەربىي پورت سۈپىتى بىلەن رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئەسىدە ئالاھىدە



كوچىدا تاماكا چېكىۋاتقان كىچىك بەڭگىلەر

ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن تۇتىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، پۇت-كۇل شەھەر ئاھالىسى 700 مىڭ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن دېڭىز فلوتىنىڭ ھەربىي خادىملىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئارقا سەپ خادىملىرىنىڭ ئائى-لە تاۋابىئاتلىرىدىن تەركىب تاپقانىكەن. رۇسىيىگە قاراشلىق ھەربىي پاراخوتلارنىڭ، ئامېرىكا قاتارلىق چەت ئەل پاراخوتلىرى-نىڭ دېڭىز پورتلىرىدا توشۇپ تۇرغىنىغا ۋە ساياھەت ـ ئىسترا-ھەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا، بۇ شە-ھەرنىڭ ھازىر ئېچىۋېتىلگەن شەھەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لې-كىن، سۇ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش خېلىلا جىددىيدەك كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى دېڭىزدا بىرەر بې-لىقچى پاراخوتىنى ياكى كېمىسىنى كۆرمىدۇق. ماگىزىنلىرى كورىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ماللىرى بىلەن چاقناپ تۇرغان بۇ يەردە شەھەردە ياكى شەھەر ئەتراپىدا

بىرەر زاۋۇت، بىرەر كارخانىنى كۆرمىدۇق، بۇ ھال كىشىگە بىر خىل تاسادىپىيلىق ۋە تەڭپۇڭسىزلىق تۇيغۇسىنى بېرىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر چاررۇسىيە زامانىدىن باشلاپلا دېڭىز ئارمىيىسى تۇرۇشلۇق بازا ئىكەن. چاررۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ھەربىي تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى پىلان، نورما، قەرەل بويىچە مەلۇم ھەربىي ئورگان تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلگەچكە، ئۇ چاغلاردا ماگىزىنغا ئېھتىياج چۈشمىسە كېرەك، بۇ شەھەردە ھازىرمۇ بىزدىكى بىرەر ناھىيىنىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا تەڭ تۇرغۇدەك بىرەر چوڭ ماگىزىننى تاپقىلى بولمايدىكەن. ھازىرقى ماگىزىنلار ئاساسەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزگەرتىلگەن بىر يۈرۈش - بىر يۈرۈش ئۆيلەر ئىكەن. بۇ ئۆيلەردە بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ بۈگۈنكى ماگىزىنلار پەيدا بولغان بولسا كېرەك.

ۋىلادىۋوستوك ۋە رۇسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىكى بىز كۆرگەن شەھەرلەرنىڭ سودا ئەھۋالى ھەربىر ئاخبارات ۋاسىتىلىرى خەۋەر قىلغان ئوتتۇرا رۇسىيىنىڭ ئەھۋالىدىن، بولۇپمۇ بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن خېلىلا پەرق قىلىدىكەن. ماگىزىنلاردا ياپونىيىنىڭ، كورىيىنىڭ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ھەر خىل يېمەك - ئىچمەكلىرى، چاي - كەمپۈتلىرى، ئىتالىيە، تۈركىيە خۇرۇم بۇيۇملىرى، تەييار چۆپ، پېچىنە - پىرەنىكلەر، شەرقىي ياۋروپانىڭ قاچا - قۇچا، كىيىم - كېچەكلىرى تولۇپ تۇرۇپتۇ. يەرلىك، چەت ئەللىك خېرىدارلارمۇ كۆپ ئىكەن. بىراق، مېنى ئېچىندۇرغىنى شۇ بولدىكى، بۇ يەرنىڭ ماگىزىنلىرىنى شۇنچە كۈن ئايلىنىپمۇ جۇڭگو مېلىنى ئانچە كۆپ كۆرەلمىدىم. خېلى چوڭ بىر ماگىزىننىڭ چاي بۆلۈمىدە 200 خىلدەك چەت ئەل چېيىنى كۆردۈمىيۇ، شۇ چايلار ئارىسىدىن چاينىڭ قەدىمكى ماكا-

نى بولغان جوڭگونىڭ چىيىنى چىلىقتۇرالمىدىم. مەن يەنە ئەپ- سۇس ئىچىدە شۇنىڭدىن خەۋەردار بولدۇمكى، ئۈچ - تۆت يىل بۇرۇن بۇ شەھەرنىڭ ئىشىكى چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلگەندە، بۇ يەرگە ئەڭ دەسلەپ كىرگىنى جوڭگو تىجارەتچىلىرى ۋە جوڭگو- نىڭ ماللىرى بولغانىكەن.

بىر - ئىككى يىل ئۆتمەيلا شەخسىي ئوقەتچىلەر ئەكىرگەن بۇ ماللارنىڭ ساختىا مەھسۇلات ئىكەنلىكى سېزىلىپ، رۇسىيە ئىستېمالچىلىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىز ماللىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىش يولى گەرچە ئې- تىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇنداق ماللار بېرىپ - بېرىپ بازاردىن سىقىپ چىقىرىلىپتۇ ۋە ئىمپورت قىلىنغان تاۋار قو- رۇلمىسىدىكى بۇگۈنكى ھالەت شەكىللىنىپ قاپتۇ. چەت ئەلدىمۇ قاياقا قارىساڭ يايون، كورىيە، ئامېرىكا مېلى ۋە شۇلارنىڭ مال ئېلانى كۆزۈڭگە چېلىقىۋەرسە ئەلۋەتتە مىللىي غۇرۇرۇڭ ئازراق ئەدەپ يەپ قالىدىكەن.

بېلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن قاتاردا تۇرۇۋاتقان خېرىدارلار



ۋىلادىۋوستوك ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئېچىۋېتىش تارىخى
ئۇزۇن بولمىغاچقىمۇ، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى، مۇلازىمەت سۇ-
پىتى تېخى ئادەتتىكى سەۋىيىدە تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، ئۆمىكىمىز
چۈشكەن «ئامۇرسكى» مېھمانخانىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ
مېھمانخانا ئاتاقتا ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ئىكەن. ئالىدىغان
راسخوتىمۇ ئەلۋەتتە ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ئۆلچىمىدە بولى-
دىكەن. بىراق، دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان، شەھەر بويىچە ياخشى
مېھمانخانا سانىلىدىغان بۇ مېھمانخانىنىڭ ئىككى كىشىلىك يا-
تاقلىرى شۇنچىلىك ئاددىي جاھازلانغانكى، كارىۋاتنىڭ كەڭلىكى
بالا كارىۋىتى بىلەن تەڭ ئىكەن، تېلېۋىزور، رادىئومۇ يوق، بىر
دانە ساپا بىلەن كىچىككىنە بىر ئۈستەل قويۇلغان، بىز «مەدەنىي-
يەت ئىنقىلابى» دا دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ئورنىتىپ بەرگەن ئاددىي
رادىئو كانىيىغا ئوخشايدىغان بىر كاناي تۆر تامغا قادالغانىكەن.
پەقەت مۇشۇ كانايلا ھازىرقى زامان مۇزىكىسىنى ئاڭلىتىپ،
دەۋرنى ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن. ئورۇن - كۆرپىنى يىغىش، مۇن-
چىنى يۇيۇش، سۈرتۈش دېگەندەك مۇلازىمەت تۈرلىرىدىن تا ئا-
خىرقى كۈنگىچە بىر قېتىممۇ بەھرىمەن بولالمىدۇق.

رۇسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىكىلەرگە قاراپ، ئۇلارنى يەنى باي
دېيىشكە بولىدۇ. باي دېگەندە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى باي-
لىقى، ئۇنىڭدىن قالسا ماددىي بايلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۆپچى-
لىككە مەلۇم بولغىنىدەك، رۇسىيە ئاھالىسى ئارىسىدىكى يۇقىرى
مەلۇماتلىقلارنىڭ سانى خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن.
شۇڭا، ئۇلار ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، يۈرۈش - تۇرۇش،
ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە بولسۇن، مەلۇماتلىقلاردا بولىدىغان سالا-
پەتنى ئىپادىلەيدىكەن. بىز دېڭىز - ئوكيان كۆرگەزمىخانىسى
ئالدىدىكى مەيداندا يېرىم كۈنچە ئايلىنىپ يۈردۇق. بۇ يەردە ھەر

خىل يۇك ئاپتوموبىللىرىدا ئوقەتچىلەر ـــ دۆلەت ئىگىلىكىدىمۇ ياكى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىمۇ بىلمىدۇق، ھەر خىل يېمەك-لىك، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېتىپتۇ، سې-تىۋالىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن، بىراق 10 ئادەم بولسىمۇ قاتاردا تۇرىدىكەن، ئىككى ئادەم بولسىمۇ بىرىنىڭ كەينىدە بىرى تۇرۇ-دىكەن، ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان، ئۈنلۈك ئاۋازدا پاراڭ سال-دىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن، كىيىنىشلىرىمۇ رەت-لىك، پاكىز ئىكەن.

رۇسىيىلىكلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى باياشات دېيىشكىمۇ، ئانچە باياشات ئەمەس دېيىشكىمۇ ئوخشاشلا ئاساس تاپقىلى بولى-دىكەن. باياشات دېگەندە، ئۇلارنىڭ يېپيېڭى ئاپتوموبىللىرى، ئۆلچەملىك كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئازادە تۇرالغۇلىرى، مۇكەممەل ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرى، تاغلارنى قاپلاپ كەتكەن داچىلىرى، دەم ئېلىش كۈنلىرى دېڭىز بويىدىكى قۇم-لۇقتا ئائىلە بويىچە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە يېتىپ كېتىشلىرى.

ئانچە باياشات ئەمەس دېگەندە، ئانچە ـ مۇنچە قەلەندەرلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى، بەزى ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلار-نىڭ كوچىدا قالغانلىقىنى، بەزى ياشانغانلارنىڭ كوچا بويلىرىدا گارمون چېلىپ خەير ـ ساخاۋەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قى-لىۋاتقانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرستىش مۇمكىن.

بىز 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋىلادىۋوستوك شەھىرىنىڭ غەربىدىكى مەشھۇر بىر موناستىرغا ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى باردۇق. بارساق يولدىن موناستىرغا يامىشىدىغان بېتون پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدە 10 نەچچە موماي ۋە بوۋاي ئولتۇ-رۇپتۇ. ئۇلار قوللىرىنى سوزۇپ، بىرنېمىلەرنى ئىلتىجا قىلىۋات-قىنىغا قاراپ، تىلەۋاتىدۇ دەپ ئويلىدۇق ـ دە، بىردىنلا سېخىي-

لىقىمىز تۇتۇپ كېتىپ ئۇلارنىڭ قولىغا ھەربىرىمىز بىرەر مىڭ-دىن رۇبلى تۇتقۇزدۇق. بەزى سەپەرداشلىرىمىز بۇ تىلەمچىلەرنى — بىر مەزگىل سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ «چوڭ ئاكىسى» بولغان رۇسلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئەرشتىئەلادا ھېسابلىدى بولغاي، ئۇلارنى بەس - بەس بىلەن سۈرەتكە ئالغىلى تۇردى. بە-زىلىرى تاماكا تىلەۋاتقان 7 ـ 8 يېتىمچىلەرنىڭ قولىغا تاماكا تۇتقۇزۇپ ئۇلارنىمۇ سۈرەتكە تارتقىلى تۇردى. بۇ ھال رۇسىيە تە-رەپتىن بىزگە ھەمراھ بولۇۋاتقانلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگدىمۇ، ئۇلار: «بولدى، سۈرەتكە ئالماڭلار، بۇلار مېڭىسىنىڭ سۈيى بار كىشى-لەر» دېدى.

ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ تىنچ ئالمىشىشىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلىنى تېخى بېسىپ تۈگىتەلمىگەن بولسا كېرەك، بىز كۆرگەن رۇسىيىدە، ھېچبولمىغاندا يىراق شەرقتە جۇڭگودىكى-دەك جۇش ئۇرۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان جۇشقۇن ھالەتنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاپتوموبىللىق ئادەملەر نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك تېز مېڭىشىدۇ، دىققەت بىلەن كۆزەتسەڭ، ئۇلار يا داچىسىغا بارىدۇ، يا دېڭىز بويىغا كېلىپ قۇملۇقتا بېلىقتەك سوزۇلۇپ يېتىشىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقى ھەرھالدا كاپالەتكە ئىگە. 20 بەت، 30 بەت چىقىدىغان رەڭلىك گېزىتلەرنىڭ كەم دېگەندە ئىككى بېتىگە غەيرىي مۇلازىمەت قىلىشنى خالايدىغان چىرايلىق قىزلارنىڭ سۈرىتى، تېلېفونى بېسىلىدۇ. ھەتتا يالىڭاچ سۈرەتلەرمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەته ـ ئاخشىمى غەلىتە كىيىنگەن مودا قىزلار مېھمان-خانىلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، دىسكو ـ قەھۋەخانىلاردا ئەگىپ يۈ-رۈشىدۇ. بۇ ھال كىشىنى ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ — «بۇ يەرنىڭ سەھىرى جىمجىت» دېگەن فىلىمدىكى ۋەتەنپەرۋەر قىزلارغا ئوخشاش باتۇر ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويۇۋاتامدۇ

نىمە دېگەن ئەندىشىگە سالىدۇ.

بۈگۈنكى يىراق شەرق رۇسىيىسىدە كوممۇنىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ، يېڭىلىق بىلەن كونىلىقنىڭ ئالامەتلىرى ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگراسى بىلەن ۋىلادىۋوستوك ئارىسىدىكى سوۋېت قەھرىمانلىرى، گېنېراللىرى نامىدىكى نۇرغۇن كولخوزلارنىڭ يول تاختىسى تېخى ئۆزگەرتىلمىگەن. شىلەپە، رەڭگى ئۆڭگەن نىشانسىز ھەربىي فورما كىيىۋالغان بەزى چوڭ ياشلىق كىشىلەر بەش يۇلتۇز ياكى قىزىل بايراق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مېدالالارنى بولۇشىغا تاقاپ بازارلاردا يۈرۈشىدۇ. كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم تەرغىب قىلىنغان بەزى پلاكاتلار يەنىلا ئۆز جايىدا. دېڭىز بويىدىكى چىرايلىق مەيدان ئەتراپىدىكى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا (دېڭىز ئۇرۇشىدا) قۇربان بولغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۈچۈن ياندۇرۇلغان مەشئەل ئۆچۈرۈلگەن، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى كۆرۈنمەيدۇ، شەھەرلىك مەيداندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سىياسىي مەزمۇندىكى چوڭ پلاكات ئالدى ئۇششاق يايمىچىلارنىڭ يايما ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن.

قىسقىسى، ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ ۋە قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان يىراق شەرق رۇسىيىسى بىر خىل نىسپىي جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتۈۋېتىپتۇ، ئورمانلارمۇ جىمجىت، دېڭىزدىمۇ دولقۇن كۆرۈنمەيدۇ، يامغۇر دېسە يامغۇر يوق، بوران دېسە بوران يوق. بىز بۇ جىمجىت زېمىندا بىرقانچە كۈن ياشاپ، ئاخباراتچىلارغا خاس كەسپىي سەزگۈرلۈكىمىز بىلەن خېلى كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتۇق. بىراق، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى مۇلاھىزە قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا باتۇر رۇس خەلقىگە، ئۇلارنىڭ گۈزەل مەملىكىتىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، كەلگەن يول بىلەن ۋەتەن زېمىنىغا قايتىپ كەلدۇق.



# ناتونۇش ئەل —
# ۋيېتنام



مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي چېگراسى ئاستىدا خۇددى تەر -
خەمەكتەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ۋيېتنام جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر
ئوقۇرمەنلىرىگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بىر ئەل. ئەگەر ئاز -
تولا تونۇشلۇقى بار دېيىلسە، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇنى فرانسىيە
مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆپ يىللىق ئۇ -
رۇشلىرى بىلەن، ئامېرىكىغا قارشى ئېگىلمەس ـ سۇنماس كۆ -
رەشلىرى بىلەن تونۇغان. دۆلىتىمىز رەھبەرلىرىنىڭ يېقىن
دوستى، كەكە ساقال، ۋىجىككىنە كەلگەن خۇ جىزمىن ئارقىلىقمۇ
تونۇغان. ۋيېتنام دائىرىلىرى 1979 ـ يىللىرى «ئۆزىمىزنى
قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى» دەۋرىدە بىزگە تاجاۋۇز -
چى قىياپىتىدە يەنە بىر قېتىم مەلۇم بولغان.

ۋيېتنام دېگەن بۇ كىچىك ئەلنى مەن دۇنيا خەرىتىسىدىن ۋە
جۇغراپىيە دەرسلىكلىرىدىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغ -
لىرىمدا تونۇغان بولسامۇ، ئۇنى سەل كەڭرەك بىلىشىم «مەدە -
نىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە باشلاندى. توغرىسى، ۋيېتنام كى -
نولىرىنى كۆرۈشتىن باشلاندى. ھازىرقى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشاند -
غانلارنىڭ يادىدا بولسا كېرەك، ئۇ چاغلاردا «ئىنقىلابىي ئۈلگىلىك
تىياتىر» لاردىن ئۆزگە، كىنوخانىلاردا پەقەت سوتسىيالىزم
لاگېرىنىڭ «باتۇر» لىرى ھېسابلىنىدىغان شىمالىي چاۋشيەن،
ئالبانىيە، ۋيېتنام قاتارلىق ئازغىنە دۆلەتلەرنىڭ كىنولىرىلا قو -
يۇلاتتى. شۇ مەزگىللەردىكى مەنىۋى چاڭقاقلىق ۋە سىياسىي مۇ -
ھىت بىزنى سىياسىي تېما ئاساس قىلىنغان، بەدىئىي جەھەتتە
ئانچە مۇكەممەل بولمىغان بۇنداق كىنولاردىن «بەھرە ئېلىش» قا
دەۋەت قىلاتتى. چاۋشيەننىڭ «گۈل ساتقۇچى قىز» كەبى كىنو -



ئاپتور سەيلە كېمىسىدە

لىرىنى كۆرگەندە مىشىلداپ ياش تۆكمەي قالمايتتۇق. ئالبانىيە-
نىڭ «سەككىزىنچىسى مىس ھەيكەل» دېگەندەك كىنولىرىنى
كۆرگەندە ئىنقىلابىي ئېڭىمىز قايناپ تاشاتتى. ۋېيتنام كىنولى-
رىنى كۆرگەندە بولسا گۈمبۈرلىگەن بومبا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قۇلى-
قىمىز پاڭ بولۇپ كېتەتتى. ۋېيتناملىقلارنى بوزەك ئەتكەن ئا-
مېرىكا جاھانگىرلىكىنى مىڭنى قارغايتتۇق. 1965 - يىلى تو-
لۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مەن تېخى «جەنۇبتى-
كى كۈرەش بورانلىرى» ناملىق تۆت پەردە، سەككىز كۆرۈنۈشلۈك
درامىنى يېزىپ ۋە سىنىپ كوللېكتىپى نامىدىن سەھنىلەشتۈ-
رۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، بوزەك قىلىنغان جەنۇبىي ۋېيتنام
خەلقىنىڭ ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى يۈرگۈزگەن ھەققا-
نىي كۈرىشىگە مەدەت بەرگەنىدىم.

بىراق، مول كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان بۇ ئەل گې-
ئوگرافىك جايلىشىش، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىرقىي پەرق

جەھەتتە يۈرتىمىز شىنجاڭدىن ۋە بىزدىن تولىمۇ يىراقتا بول-
غاچقا، يەنە كېلىپ ئامېرىكىدەك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدەك
باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان «داڭلىق» ئەل
بولمىغاچقا، بىزنى ئۆزى ھەقتە ئىزدەنگۈدەك قىزىقتۇرۇپ كې-
تىشى ھەم ناتايىن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، بىزنى ۋە ئوقۇرمەنلى-
رىمىزنىڭ ۋېيتنام دېگەن ئەلنى ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەسلى-
كىمىزنى «چۈشەنگىلى» بولاتتى. ئۆزۈمنىڭ ۋېيتنامنى كۆرگەن،
ۋېيتنامدا زىيارەتتە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قانچىنچىسى ئىكەنلى-
كىمنى بىلمەيمەن. بۇنى بىلىشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلى-
قىنىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما، ۋېيتنام بوسۇغىسىدىن ئاتلىغانىكەنى-
مەن، ئۇنى كۆرگەنىكەنمەن، ئۇنى بىلمەيدىغانلارغا ئانچە - مۇنچە
بىرنەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە.

## 1. مىنا رايونىدىن ئۆتۈش

ماقالەمنىڭ بېشىدىلا قىرغۇچى قورالدىن سۆز ئاچقىنىم ئۈ-
چۈن ئۆزرىلىكمەن. بىراق، 1979 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئۆزى-
مىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى» مەزگىلىدە، ئارمى-
يىمىزنىڭ جۇڭگو - ۋېيتنام چېگراسىنىڭ جۇڭگو تەرىپىگە مىنا
كۆمۈۋەتكىنى ھەقىقەت. ۋېيتناملىقلارنىڭمۇ چېگرىغا تۇتاش يەر-
لىرىگە جۇڭگودىكىدىنمۇ قويۇق مىنا كۆمۈۋەتكىنىمۇ ھەقىقەت.

بىز جۇڭگو ياشلار گېزىت - ژۇرناللىرى باش مۇھەررىرلى-
رى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 23 نەپەر كىشى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپ-
تونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى دۇڭشىڭ دېگەن يەردىن ۋېيت-
نامنىڭ ماڭجى دېگەن شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن مىنا رايونىدىن
ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمىزدا راستىنلا
قورقماي قالمىدۇق. دۆلىتىمىز چېگرا ئىچىدىكى مىنالارنىڭ

ئاللىقاچان تازىلىنىۋېتىلگەنلىكىدىن، ۋيېتنام چېگراسىغا كىر-
گەندە بولسا ۋيېتنامنىڭ مىنا رايونىدىن ئەمەس، بەلكى سۇ يولى
بىلەن ماڭىدىغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقىنىمىزدا يۈرىكىمىز
دەرھال ئورنىغا چۈشتى.

دەرۋەقە، شۇ چاغلاردا دۇنيا ۋە جۇڭگو مەتبۇئاتلىرىدا ۋيېتنام
تەۋەسىگە كۆمۈلگەن مىنالارنىڭ قويۇقلۇقى ۋە كۆمۈلگەن يېرىنىڭ
نائېنىقلىقى سەۋەبلىك، ئۇزۇل - كېسىل تازىلاشقا مۇمكىن بول-
مايۋاتقانلىقى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ مىناغا دەسسىۋېلىپ پات -
پات ئۆلۈپ تۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەر بېرىلىۋاتاتتى.

بىز 1993 - يىلى 9 - ئايدا بىردىن پاسپورتنى ۋە چوقۇم
يەۋېتىش تەلەپ قىلىنغان 10 تابلېتكا دورىنى كۆتۈرۈپ جۇڭگو -
ۋيېتنام چېگراسىغا يېتىپ كەلدۇق.

— قاراڭلار ئاۋۇ كۆۋرۈككە، — دېدى، گۇاڭشى «ئالتۇن
دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يەن خەنشيۇ ئەپەندى بېي-
لۇنخې دەرياسى ئۈستىدىكى بىر خارابە كۆۋرۈكنى كۆرسىتىپ، —

ئاپتور بىر بۆلەك ھەمسەپەرلىرى بىلەن بىللە



بۇ كۆۋرۈك جۇڭگو ـ ۋيېتنام دوست ۋاقتىدا ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەتلىرى بىرلىشىپ ياسىغان بولۇپ، «دوستلۇق كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلاتتى. 1979 ـ يىلى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۇزۇل ـ كېسىل بۇزۇلغاندا بۇ كۆۋرۈك ۋيېتنام ئارمىيىسى تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلگەن. دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەت دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، مۇناسىۋەت ياخشى بولغاندا ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىدىكەن، مۇناسىۋەت بۇزۇلغاندا بولسا قاش ـ قاپاق يېرىشىدىكەن...

دېمىسىمۇ، دەريا يۈزىدىن 20 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ شاھىتى بولۇپ ۋەيرانە قىياپەتتە تۇرغان كۆۋرۈك كىشىلەرگە نېمىدىندۇر بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

يەن خەنشيۇ ئەپەندى بىزگە تونۇشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى:

— مانا كۆرۈۋاتىسىلەر، يېقىندا بۇ كۆۋرۈكتە يەنە ئىش باشلاندى، جۇڭگو ـ ۋيېتنام ھۆكۈمەتلىرى بۇ دوستلۇق كۆۋرۈكىنى قايتا ياساشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ.

بىز گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى نەننىڭ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ ئاپتوموبىللىق 400 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرگەندىن كېيىن، چېگرىغا يېقىن بولغان دۇڭشىڭ ناھىيىسىدە بىر كېچە تۈنەپ ۋە ئەتىسى كۈن كۆتۈرۈلۈشىگىلا كۆۋرۈك يېنىغا يېتىپ كەلگەنىدۇق.

بىز ئۆز ۋاقتىدا مىنا كۆمۈلگەن ۋە كېيىن كۆمۈلگەن مىنالار تازىلىۋېتىلگەن چىغىر يول بىلەن مەخسۇس خادىملارنىڭ باشلامچىلىقىدا پىيادە بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن چېگرا ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىپ، بەزى تەكشۈرۈشلەرنى قوبۇل قىلىپ، كۆرسەتمە بويىچە دەريا كېچىكىگە كەلدۇق.

سۇيى تىنچ ئاقىدىغان بېيىلۇنخې دەرياسى ۋيېتنام بىلەن
جۇڭگو تېررىتورىيىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىكەن.
كەڭلىكى ئالاھازەل 300 مېتىرچە كېلىدىغان بۇ دەريا ۋيېتنام
زېمىنىغا تەۋە بولۇپ، دەريادا ھەر خىل ماتورلۇق كېمىلەر ئۇياق -
بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇرۇش مەزگى-
لىدە ۋيېتنام تەرەپ بۇ دەريانىڭ ئۆزىگە ۋە قىرغىقىغىلا ئەمەس،
دەريا قىنىغىمۇ نۇرغۇن مىنا كۆمگەنىكەن.
بىز 20 نەچچە ئادەم ئىككى كىچىك ماتورلۇق كېمىگە بۆلۈ-
نۈپ ۋيېتنام تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.

## 2. كەمبەغەلمۇ، بايمۇ

بىز دەريادا كىچىك دىزېلماتور، رەخت، بەش خىل مېتال
ئەسۋابلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى دېگەندەك ئەرزان باھالىق
جۇڭگو ماللىرى بېسىلغان ھەر خىل كېمە - قولۋاقلار بىلەن
20 مىنۇتچە يانمۇيان ئۈزۈپ، چۈشكە يېقىن ۋيېتنام قورۇقلۇقى-
غا قەدەم قويدۇق. ئاپتوموبىللىق بىرەر سائەتچە ماڭغاندىن كې-
يىن جۇڭگو - ۋيېتنام چېگراسىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ماڭ-
جېي شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.
ماڭجېي — چېگرىغا يېقىن جايلاشقان، بىزدىكى ناھىيە دەرى-
جىلىك شەھەرلەرگە باراۋەر كېلىدىغان بىر كىچىك شەھەر بولۇپ،
«ماڭجېي» دېگەن سۆز شۇ شەھەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا تەلەپپۇز قىلى-
نىشى ئىكەن. جۇڭگو - ۋيېتنام پۇقرالىرى ئەركىن سودا قىلىدى-
غان بۇ شەھەر كىچىكرەك بولغىنىغا قارىماي، ناھايىتى ئاۋات بو-
لۇپ، ئاساسەن جۇڭگو ماللىرى سېتىلىدىكەن. ۋيېتنامنىڭ ئۆزىدە
ئىشلەنگەن ئاددىي سانائەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر، گۈزەل
سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن. غەربنىڭ دورا - دەر-



مەكلىرى، بولۇپمۇ ئەرلەر كېسلىنى داۋالايدىغان ھىندىستان دو- رىلىرى بۇ شەھەردىكى ئوبوروتى ئەڭ ئىتتىك ماللار ھېسابلىنى- دىكەن. ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇلغان كۆكتات بازارلىرىدا ھەر خىل كۆكتاتلار، مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىسسىق بەلۋاغ مېۋە - چېۋى- لىرى سېتىلىدىكەن. باھا جۇڭگو بازارلىرىدىكىدىن سەل ئۇستۈن تۇرىدىكەن. ساپ ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان تاۋار بولۇپ، ۋيېتنامدا مول ئالتۇن زاپىسى بولغاچقىمۇ، باھاسى خېلىلا ئەرزان ئىكەن. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن زىبۇزىننەتلەرنىڭ ھەر گرامى 65 — 70 يۈەنلەرگىچە سېتىلىدىكەن (ئەينى چاغدا جۇڭگو بازار- لىرىدىكى ھەر گرام ئالتۇن زىبۇزىننەتنىڭ باھاسى 118 يۈەن ئى- دى). پىششىقلانمىغان ساپ نۆكچە ئالتۇننىڭ ھەر گرامىنىڭ باھاسى 50 — 60 يۈەن ئارىسىدا بولىدىكەن.

ماڭجىي قايناق سودا شەھىرى بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي قىد- ياپەت جەھەتتە كىشىنى خېلىلا ئەپسۇسلاندۇرىدىكەن. ئەڭ ئېگىز ئىمارىتى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، بۇنداق ئېگىز ئىمارەتتىن شەھەر بويىچە 10 نەچچىنىلا كۆرگىلى بولىدىكەن. ئاساسلىق كوچىلىرى ئاسفالتلانغاندىن ئۆزگە، كىچىكرەك كوچىلىرى ئازگاللار بىلەن توشۇپ كەتكەنىكەن. ئۆتكەن - كەچكەن ئاپتوموبىل، موتسىك- لىتلار چاچراتقان پاتقاق كوچا بويلىرىدىكى ئۆيلەرنى ۋە يولۇ- چىلارنىڭ كىيىملىرىنى بۇلغاپ تۇرىدىكەن.

ۋيېتناملىقلارنىڭ تەقى - تۇرقى بىر دەريا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ۋيېتناملىقلارنىڭ چىرايى نىسبەتەن ئاقىراق، بويى سەل گەۋدى- لىكرەك كېلىدىكەن. كىيىم - كېچەك جەھەتتە جۇڭگونىڭ چېگرىداش رايونلىرىدا ياشايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭكىدىن



تاماكا «تىلەپ» كەلگەن «بەڭگى بالا»

پەرقلەنمەيدىكەن. غەلىتە ۋە قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئەر ـ ئايال
ۋېيتناملىقلار باشلىرىغا ۋېيتنام ئارمىيىسىنىڭ يۇمىلاق ھەربىي
قالپىقىنى كىيىۋالىدىكەن. بۇنداق قالپاق كىيىش بىر چاغلاردا
بىزدە ھەربىي كىيىم مودا بولغاندەك مودا بولغانمۇ ياكى ئۇنداق
قالپاق داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن پۇقرالارغا بىر-
تۇتاش تارقىتىلغانمۇ، بىلگىلى بولمايدىكەن.

ھەيران قالارلىق يېرى، ۋېيتنام ۋە ۋېيتناملىقلارنى بايمى-
كىن دېسەم بايغا ئوخشىتالمىدىم، كەمبەغەلمىكىن دېسەم كەمبە-
غەلگە ئوخشىتالمىدىم. سەۋەبى، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال
بولسۇن، مەيلى ياش بولسۇن ياكى قېرى بولسۇن، ھەممە كىشى-
نىڭ دېگۈدەك موتسىكلىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ موت-
سىكلىتلار ساپلا ياپونىيىنىڭ بولۇپ، جۇڭگو بازارلىرىدا نەچچە
ئون مىڭ يۈەنگە سېتىلىدىغان داڭلىق ماركىلار ئىكەن. ئاياللار

تاقىۋالغان ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر بىزدىكى بەزى سودىگەرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولىدىكەن. ئۇزۇكلىرى ئۈچ - تۆتتىن، بىلەزۈكلىرى تۆت - بەشتىن كەم بولمايدىكەن. بويىنىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن زەنجىر ۋە مېدالىئونىنىڭ ئۇزۇنلا كەم دېگەندىمۇ يېرىم جىڭدىن كەم تۇرمايدىكەن. مانا بۇ تەرەپلىرى كۆرگەنلا كىشىنى ۋيېتناملىقلار قالتىس باي ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرمەي قالمايدىكەن.

بىراق، ۋيېتناملىقلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى شۇنچىلىك ئاددىي بولۇپ، بىزدە قوغۇنلۇقلارغا ياسىلىدىغان كەپىدىن قېلىشمايدىكەن. ئۆي بىساتلىرىمۇ بىزدىكى كۆك نامراتلارنىڭكىدىنمۇ ئاددىي ۋە ئاز بولىدىكەن. بامبۇك تېرەك ۋە قومۇش بورىلاردىن ياسىلىدىغان بۇنداق ئۆيلەردە بامبۇكتىن ياسالغان ئاددىي كارىۋات قويۇلىدىكەن. ئۆي ئىگىلىرى كارىۋات ئۈستىگە سېلىنغان بامبۇك بورا ئۈستىدىلا ياتىدىكەن. بىز ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى كۆرۈپ: ئىسسىق بەلۋاغلاردا ياشايدىغان ۋيېتناملىقلارغا سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش زۆرۈرىيىتى بولمىغاچقا شۇنداق ئاددىي ئۆيلەردە ياشىسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

## 3. ئاجايىپ« بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش »

بىز ماڭجېيدا ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ خەلق ئەھۋالى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشقاندىن كېيىن، چېگرىدىن ئۆتكەن كۈنى كۈن قىيىلغاندا ئاپتوموبىل بىلەن خېلى يول يۈرۈپ دېڭىز بويىدىكى بىر مېھمانخانىغا كېلىپ جايلاشتۇق. بەش قەۋەتلىك بۇ مېھمانخانا ماڭجېي ۋە دېڭىز بويىدىكى ئىمارەتلەر ئىچىدە ئەڭ ھەشەمەتلىك ۋە ئېگىز بىنا بولۇپ، ياتاقلىرى قەدىر ئەھۋال ئۇبدان ئىكەن. ئىككى كارىۋاتلىق ياتاقلارنىڭ يۇيۇنۇشخانىسىمۇ خېلى

ياخشى جاھازلانغان، ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىن ئېتىلىدىكەن.

بۇ قېتىمقى تۆت كۈنلۈك سەپەرنىڭ پروگراممىسى بىز چېگرىدىن ئۆتمەستىنلا تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. پروگراممىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە شۇ كۈنى كەچتە مېھمانخانىدا «جۇڭگو ـ ۋيېتنام ياشلىرىنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى» نى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنمىز.

شۇنداق قىلىپ بىز زور ئۈمىد ۋە قىزىقىش بىلەن مېھمانخانىنىڭ تۆۋەن قەۋىتىدىكى رېستورانغا كىردۇق. ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى جەنۇبىي جۇڭگونىڭ تامىقىغا كۆنەلمەي يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرگەن بۇ كۈنلەردە، ۋيېتناملىقلارنىڭ تامىقى ماڭا خېلى يېقىپ قالدى. تەلىيىمگە، بۇ رېستوراننىڭ تاماق تۈرى ۋە تەرتىپى تامامەن فرانسۇزچە ئىكەن. ۋيېتنام خېلى ئۇزۇن ۋاقىت فرانسۇزلارغا مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغاچقا، فرانسۇزلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئىز قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، فرانسۇزلار گۆشنى ئاساسەن كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. بولكىسىمۇ بىزنىڭ نېنىمىزغا ئوخشاش، خېلىلا تەملىك. بىزدىكى قايناق سۇ ۋە چاينىڭ ئورنىغا ئۇلار كالا سۈتى، قەھۋە ۋە ھەر خىل مېۋە شىرنىلىرىنى ئىچىدۇ. گەرچە كاۋاپ قىلىنغان گۆش سۇ كالىسىنىڭ گۆشى بولسىمۇ، قەھۋەگە شېكەر سېلىنمىسىمۇ، بۇ كەچلىك تاماق مەن شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى بىر ۋاخلىق تاماق بولدى.

كەچلىك بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش بىز كەچلىك تاماق يېگەن مۇشۇ زالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، خىزمەتچىلەر داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇپ ئۈلگۈردى. بىز زالنى چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردىن جاي ئېلىشتۇق. زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزورلاردا يېرىم يالىڭاچ ئاياللار-

نىڭ تولغىما ئۇسسۇلى كۆرسىتىلدى، تانسا مۇزىكىسىمۇ چېلىنىشقا باشلىدى. ئەمما، يېرىم سائەتلەرچە ئولتۇرغان بولساقمۇ «ۋيېتنام ياشلىرى» نىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەي ھەيرانلىق ئىچىدە بىر - بىرىمىزگە قاراشقىلى تۇردۇق.

شۇ ئەسنادا، بىز تەرەپنىڭ مەسئۇلى ۋيېتناملىق يول باشلىغۇچى بىلەن قىسقىلا پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن «ۋيېتنام ياشلىرى» نىڭ تاشقىرىدا بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تاشقىرىغا چىقىپ ھەربىرىمىز ئۆزىمىز خالىغان «ۋيېتنام ياشلىرى» دىن بىرنى باشلاپ كىرىپ تانسا ئوينىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.

بىز «بۇنداقمۇ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش بولىدىكەندە» دەپ ھەيران بولغانچە باشلىغۇچىنىڭ كەينىدىن چىقىپلا كارامەتنىڭ تاشقىرىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق.

تاشقىرىدا — مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا 10 — 20 چە ۋيېتناملىق قىز ئىچكىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىز يۈرىكىمىزنى قاپتەك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىنلا، تانسا ئويناشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئەھۋالغا قاراپ پۇل بېرىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى بىلدۇق. ۋيېتناملىق باشلىغۇچىنىڭ بېشارەت بېرىشىچە، بىر ئاخشام تانسىدا بىللە بولۇش ئۈچۈن 10 يۈەندىن 25 يۈەنگىچە پۇل تاپشۇرىدىكەنمىز، بۇ پۇلنى تانسا ئوينىغۇچى قىز بىلەن مېھمانخانىنىڭ قوغداش دائىرىلىرى مۇۋاپىق نىسبەتتە بۆلۈشۈۋالىدىكەن.

مەن پەلەمپەيدە بۇ كارامەتلەردىن ھەيران بولۇپ بىرھازاغىچە قېتىپ تۇردۇم، ھەمراھلىرىمنىڭ يېرىمى بىردىن قىزنى باشلاپ زالغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئۇدۇل كەلگەن بىر سېرىق چاچلىق قىزنىڭ قولىغا 25 يۈەن تۇتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ، «ۋيېتنامچە ئالاھىدىلىككە ئىگە» بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئىككى سائەتچە داۋام قىلىپ، ساغلام ۋە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلاشتى. ھەممەيلەن ئۆز ياتاق-لىرىمىزغا قايتىپ، بالكونغا چىقىپ سوغۇق دېڭىز شامىلىدىن بەھرىلەنگەچ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىمىز دەۋاتقان بۇ ئەلدىكى ئايرىم ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق.

بىز مۇشۇ مېھمانخانىدا ئۈچ كۈن تۇرۇش داۋامىدا شۇنى بىلدۇقكى، ۋيېتنامدا، ھېچبولمىغاندا مۇشۇ دېڭىز ساھىلىدا 16 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان نۇرغۇن قىزلارنىڭ خوجايىنلار تەر-ىپىدىن ياللىۋېلىنغانلىقىنى، خوجايىنلارنىڭ بۇلاردىن پايدىلىنىپ نەپ ئالىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىي كۈچ-لەر تەرىپىدىن غەيرىي رەسمىي قوغدىلىدىغانلىقىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ۋە ئەخلاقىي مىزاننىڭ ئەۋزەللىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇق. شۇنداقلا ياشلار مەتبۇئاتى خىزمەتچىسى بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن ياشلارغا بولغان غايە، كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈ-چەيتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ئۈستىدە كۆزقاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇق.

## 4. ئۇششاق تەسىراتلار

بىز ۋيېتنامدا يۈرگەن كۈنلەردە ۋيېتنام دۇنى (دۇن — ۋيېتنام پۇلىنىڭ نامى) پاخاللاشقان چاغ بولۇپ، بىر تال ئالما سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ بىر تۇتام قەغەز پۇل خەجلەيدىغان گەپ ئى-كەن. بىزنى خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ۋيېتنام بازارلىرىدا، مېھمانخانا، يايمىلاردا خەلق پۇلى ئۆتىۋېرىدىكەن. ئۆتۈپلا قالماي، خېلى ئىناۋەتلىك پۇل ھېسابلىنىدىكەن. ۋيېتنام تەرەپمۇ خەلق


پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلمايدىكەن. چەت ئەللىكلەر خەلق پۇلىنى بانكا ۋە شەخسلەر ئارقىلىق ۋيېتنام پۇلىغا ئايرىۋاشلاپ خەجلىسىمۇ ياكى خەلق پۇلىنى بىۋاسىتە خەجلىسىمۇ بولىۋېرىدىكەن. خەلق پۇلىنى ۋيېتنام دۇڭىگە ئايرىۋاشلاپ خەجلىگەندە، ئەكسىچە ئازراق زىيان تارتىدىغان گەپ ئىكەن.

ۋيېتنام كوچىلىرىدا ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ئويناپ يۈرۈشلىرى، 10 ياشلارغا توشماي تۇرۇپمۇ تاماكا چېكىشلىرى، بەزىدە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە چالما ئېتىپ ۋەھىمە پەيدا قىلىشلىرىغا قاراپ، ۋيېتنامدا مائارىپ مەسىلىسى ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تەربىيە مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتۇق. دېڭىز بويلىرىدا بولسا، كىچىك بالىلار ساياھەتچىلەردىن تاماكا سوراپ چېكىدىكەن. تاماكا، كەمپۈت، سەرەڭگە سېلىنغان سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈۋالغان بالىلار جاي ـ جايدا يولۇقۇپ تۇرىدىكەن، ئۈستۈشىنىڭ مەينەتلىكى كىشىگە تېخىمۇ غەيرىي تەسىر بېرىدىكەن.

بىز كۆرگەن بەزى غەيرىي ھادىسىلەر، يازغىلى بولمايدىغان ئايرىم قالاق كۆرۈنۈشلەر ئۈستىدىن تەسەللىگە مايىل تەبىرىمىز شۇ بولدىكى، ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىۋاتقان ۋيېتنام ۋە ۋيېتناملىقلار دەل ئۆزىنى ۋە دۇنيانى يېڭىۋاشتىن تونۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان چوڭ مەسىلە. ئىشىنىمىزكى، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇزۇن يىل كۈرەش ئېلىپ بارغان، ئۇرۇش ئوتلىرىدا چېنىققان ۋيېتنام خەلقى جەزمەن يېڭى يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرەلەيدۇ.

# شياڭگاڭدا

# كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم



ئۆتكەن يىلى (1994 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مەن شېنجېن ۋە جۇخەي شەھەرلىرىدىكى 10 نەچچە كۈنلۈك يىغىن ـ ئېكسكۇرسىيىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شېنجېندىكى كەسىپداشلارنىڭ دوستانە تەشەببۇسى بىلەن شياڭگاڭدا ئالتە كۈنلۈك زىيارەتتە بولدۇم. شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى كۈنسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقاچقىمۇ ياكى ماڭا ۋە كۆپكە ناتونۇش، سىرلىق تۇيۇلغان مەشھۇر شەھەرنى ئوبدانراق چۈشىنىۋېلىش ئىستىكىم غالىب كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ ئىجازەتتىكى چەكلىك ۋاقىتتىن ئىمكانقەدەر تولۇق پايدىلاندىم، ئامالنىڭ بارىچە كۆپ كۆرۈشكە ۋە كۆپ ئاڭلاشقا تىرىشتىم. زاۋۇت ـ كارخانىلاردا، جامائەت سورۇنلىرىدا، پورتلاردا، باغچىلاردا، رېستوران ۋە ماگىزىنلاردا، داڭلىق كېچىلىك سەيلىگاھلاردا، كۆكتات بازارلىرىدا، بايلار، كەمبەغەللەر رايونلىرىدا بولدۇم. شياڭگاڭنىڭ تۇراقلىق ئاھالىسى ئەمەسلەرگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدىغان تەرەپلەرگە ئارتۇقراق نەزەر ئاغدۇردۇم. يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە باشقا تەرەپلەر شياڭگاڭ زېمىنىغا تۇنجى قېتىم قەدەم قويغان كىشىلەرگە قانداق تەسىرات بەرگەن بولسا، ماڭىمۇ شۇنداق تەسىرات بەردى. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، شياڭگاڭ دەرۋازىسىدىن قورقۇنچ، قورۇنۇش ئىچىدە كىرىپ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا قايتىپ چىقتىم.

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، شياڭگاڭ 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىر ئالاھىدە رايون سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ

قوينىغا قايتىپ كەلدى. تەبىئىيكى، شياڭگاڭ يېقىنقى بىر مەز-گىل ئىچىدە، ھەتتا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە بىزنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولىدۇ. شياڭگاڭ توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. ھالبۇكى، خېلى چاغلاردىن بۇيان مەن ۋە ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر چەت مەملىكەت ياكى رايونلارغا زىيارەت ھەم تىجارەت سەپىرى قىلىپ، كۆرگەن - بىل-گەنلىرىمىز ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇق. ئا-مېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى، ياۋروپا ئەللىرى، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا مەملىكەتلىرى توغرىسىدا خېلى مۇپەس-سەل مەلۇماتلار بېرىلدى. بىراق، شىنجاڭ بىلەن شياڭگاڭنىڭ سودا - تىجارەت ئالاقىلىرى قويۇقلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، شياڭگاڭ توغرىسىدىكى قېلىپلاشقان تونۇشتۇرۇش - تەشۋىقاتلار-دىن ئۆزگە، مەتبۇئاتلاردا ساياھەتنامە خاراكتېرىدىكى بىرەر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغىنىنى تا بۈگۈنگىچە چېلىقتۇرمىدىم. شياڭ-گاڭ يۇرتىمىزدىن بەكمۇ يىراقتا، لېكىن ئۇ ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى، شۇنداق ئىكەن، شياڭگاڭدىكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلى-رىمنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغانلارغا شەخسىي تەسىراتىم تەرىقى-سىدە ئېيتىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم ۋە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

## 1. شياڭگاڭ ــ قايناق پورت شەھىرى

گېئوگرافىك جايلىشىش جەھەتتە، شياڭگاڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، گۇاڭدۇڭ ئۆل-كىسىدىكى جۇجياڭ دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئۇ شياڭگاڭ ئارىلى ۋە جيۇلۇڭ يېرىم ئارى-لىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەھەر رايونى شياڭگاڭ ئارىلىنىڭ

شىمالى بىلەن جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا، بۇ ئىككىسى-نىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر دېڭىز پورتى بار. ئەنگلىيە 1842 ـ يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 22 ـ يىلى) ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن شياڭگاڭ-نى بېسىۋالغان. 1860 ـ يىلى (شيەنفېڭنىڭ 10 ـ يىلى) جيۇ-لۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى جيەنشازۇي ئەتراپىنى ئىگىـ-لىۋالغان. 1889 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 24 ـ يىلى) جيۇلۇڭ يې-رىم ئارىلىدىكى شېنجېن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ۋە ئەتراپىدىكى ئۇششاق ئاراللارنى مەجبۇرىي ئىجارىگە ئېلىۋالغان.

شياڭگاڭ تىنچ ئوكيان قىرغىقىغا جايلاشقان مەشھۇر ئەر-كىن پورت شەھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو چوڭ قۇرۇق-لۇقىنى سۇ يولى ۋە ھاۋا يولى ئارقىلىق دۇنيا ئەللىرى بىلەن زىچ باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ سودا ـ سانا-ئەت، پۇل مۇئامىلە بازىرىدۇر. كىچىككىنىگە قارىماي، 6 يېرىم مىليون ئاھالىنى ئۆزىگە سىغدۇرالىغان بۇ شەھەردە ئولتۇراقلى-شىپ قالغان، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان چەت ئەللىكلەر تولى-مۇ كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن شۇ-غۇللىنىدىغانلارمۇ، تەۋەككۇل قىلىپ مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ، سودىگەرلەرمۇ، كۆچىنى سېتىپ پۇل تاپقىلى كەلگەنلەرمۇ بار. بۇ جەھەتتىن شياڭگاڭنى تەۋەككۇلچىلەرنىڭ جەننىتى، ئىرقلار ـــ مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆرگەزمىخانىسى دېيىشكە بولىدۇ. شياڭگاڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تۆمۈريول، دېڭىز يولى، ھاۋا يولى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. گۇاڭجۇ ـ جيۇ-لۇڭ تۆمۈريولىدا قاتنايدىغان پويىز مۇكەممەل ئۆتۈشۈپ تۇرى-دۇ. گۇاڭجۇ، شېكۇ، فۇرۇڭ قاتارلىق پورتلاردىن ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم نۆۋەتچى پاراخوت قاتنايدۇ. ھەر خىل مۇددىئا ـ مەقسەت بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق ـ شياڭگاڭ دائىـ-

رىسىدە قاتناپ تۇرىدىغانلار بەئەينى سەلدەك ئاقىدۇ.

## 2. تۇنجى تەسىرات ــ شىياڭگاڭ ساقچىلىرى

مەن ۋە مېنىڭ بىر نەپەر ھەمراھىم 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شېنجېن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى «پادىشاھ» مېھمانخانىسىدىن چىقىپ، ئالاھازەل بىر سائەتچە ماشىنىلىق يول يۈرگەندىن كېيىن، شېنجېن خەلقئارا ئايرودرومى يېنىدىكى فۇرۇڭ پورتىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە رەسمىيەتلىرىمىزنى نازارەتتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، شىياڭگاڭنىڭ «ۋىكتورىيە» ناملىق تېز يۈرەر پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بۇ كۈنى ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق ئىدى. سائەتىگە 60 ــ 70 كىلومېتىرلىق تېزلىك بىلەن يۈرۈۋاتقان پاراخوت زەڭگەر دېڭىز يۈزىدە يەلپۈگۈچسىمان ئاق ئىز قالدۇراتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، شىياڭگاڭنىڭ ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز ئىمارەتلىرى جايلاشقان قىرغاق كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. پاراخوت قىرغاقنى سول تەرەپتە قالدۇرۇپ داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى. شۇ تەرىقىدە بىرەر سائەتچە يول يۈرۈپ شىياڭگاڭ پورتىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە شىياڭگاڭ تاموژنىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پورت بىناسى دەرۋازىسىدىن چىقىپ بۇ سىرلىق شەھەر تۇپرىقىغا رەسمىي قەدەم تاشلىدۇق.

بىللە كەلگەن ھەمراھىم «شېنجېن ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ شىياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىدىكى ۋاڭ خېنىمغا تېلېفون بەرگىلى كەتتى. ئەسلىدە ۋاڭ خېنىم ئالدىنقى كۈنى چاقىرىق بويىچە شىياڭگاڭدىن شېنجېنغا ئۆتكەن ۋە بىزنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن شىياڭگاڭغا قايتىپ كەلگەنىدى. بىز شىياڭگاڭغا يېتىپ بارغان ھامان ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىدىغان بولۇپ كېلى-

شىۋالغانىدۇق. ئۇ بىزنىڭ پويىز ياكى پاراخوت بىلەن كېلىدىغىنىمىزنى بىلمەيتتى. پاراخوت بىلەن كەلگەن تەقدىردىمۇ قايسى پورتقا چۈشىدىغانلىقىمىزنى تېخىمۇ بىلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەمراھىم تېلېفون ئىزدەپ كەتتى. مەن پورت بىناسى ئالدىدىكى سەينادا يالغۇز قالدىم. يېقىنىلا يەردىن ئادەملەر، ئاپتوموبىللار ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن مېنى بىر خىل قورقۇنچ قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. شياڭگاڭنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن كۆرۈپ تۇرىدىغان بەتبەشىرە بۇلاڭچىلار، لۈكچەكلەر، ئايال ئېزىتقۇلار خۇددى يېنىمدىن چىقىپ كېلىدىغاندەك، قولۇمدىكى فوتوئاپپارات ۋە پۇل قاچىلانغان شىفىرلىق قول چامادانىمنى بۇلاپ كېتىدىغاندەك سۇر باسقىلى تۇردى.

دەل شۇ ئەسنادا كۆزۈم مەندىن 10 نەچچە قەدەم نېرىسىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ساقچىغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، خۇددى قۇتقۇزغۇچى ئەۋلىيانى كۆرگەندەك بولدۇم، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى، ئۇ ساقچى بولغاندىكىن «دېلو سادىر قىلماقچى» بولغان ھەرقانداق قاپ يۈرەك ئادەممۇ ئۇنىڭ كۆزىچە ماڭا چېقىلالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

كۆك شەپكە، بېغىر رەڭ كۆڭلەك، كۆك ئىشتان كىيگەن، بېلىگە كەڭ كەمەر باغلاپ، سۆزلەشكۈچنى مۈرىسىگە بېكىتىۋالغان، قىسقا ساقچى كالتىكىنى ئويناپ تۇرغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ساقچى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. ئۇ ماڭا ئالدى بىلەن ئىنگلىزچە، ئاندىن خەنزۇچە گەپ قىلدى. خەنزۇچىنى گۇاڭدۇڭ شېۋىسىدە سۆزلىگەچكە سۆزىنى تولۇق ئاڭقىرالمىدىم. ئۇ قولۇمدىكى چامادانىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، گۇاڭدۇڭ شېۋىسى ئارىلاشقان ئامىباب خەنزۇ تىلى بىلەن سۆزلىگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ نېمە

دىمەكچى بولغانلىقىنى تەسلىكتە ئاڭقىرالىدىم. ئەسلىدە ئۇ كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچ ۋە ئەندىشىنى بىلىۋالغان ۋە كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن قول چامادانىمغا شەخسەن ئۆزى قاراپ بەرمەكچى بولغانىكەن. مەن پاكار بويلۇق، قورسىقى خۇددى تاۋۇز تىقىپ قويغاندەك تومپىيىپ چىققان بۇ ساقچىنى ساقچى فور-مىسىنى كىيىۋالغان ئالدامچىمىدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولسام-مۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سەمىمىيەت شولىسىنى كۆرگەندەك بول-دۇم ـ دە، چامادانىمنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سەل نېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. تاماكا چەكمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ئۇ بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئەدەپ بىلەن ئۇقتۇردى.

شۇ ئارىدا ھەمراھىم قايتىپ كەلدى. ئۇ تېلېفوننى ۋاڭ خې-نىمغا ئۇلىغان بولسىمۇ، بىز چۈشكەن پورتنىڭ زادى قايسى پورت ئىكەنلىكىنى، ئەقەللىيسى، شياڭگاڭنىڭ نەرىگىمۇ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئەتراپتا قانداق مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. دېمىسىمۇ بۇ بىر قىيىن مە-سىلە ئىدى. بىز چۈشكەن پورتنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىسەك، ۋاڭ خېنىم بۇنچىلىك چوڭ شەھەردىن بىز-نى تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز تەۋەككۇل قىلىپ ھېلى-قى ساقچىغا مۇراجىئەت قىلدۇق. ئۇ، بۇ پورتنىڭ نېمە دەپ ئاتى-لىدىغىنىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە قولىمىزدىن يېتىلەپ بېرىپ مىسقا ئويۇلغان شەھەر رايونى خەرىتىسىدىن ئورنىمىزنى تېپىپ بەردى. ئەگەر خالىساق، ئۆزىنىڭ خالىس خىزمەتتە بولى-دىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتتى.

ۋاڭ خېنىم يېرىم سائەتتىن كېيىن يېتىپ كېلىپ بىز بى-لەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغىچە بىز ساقچى بىلەن ھەر خىل تېمىلاردا سۆزلەشكەچ تۇردۇق. ئۇ، بىز بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ،

ئەھۋاللىشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆزى تۆت ئەتراپتا ئىدى. ۋاڭ خېنىم بىزگە شياڭگاڭ ساقچىلىرىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى ساقچى دېگەن نامى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كېيىنكى كۇنلەردە، بىز يەر ئاستى پويىز ئىستانسىلىرىدا، پورت - پىرىستانلاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، كوچا - كويلاردا ساقچىلارنىڭ ناھايىتى قويۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلغانلىقىنى كۆرۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئىچىمىزدە تەستىقلىدۇق. سىرتىدا، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن رازىمەنلىك بىلەن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئىچىمىزدە تەستىقلىدۇق.

ئەجەبلىنەرلىكى، شياڭگاڭ ساقچىلىرى فورمىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بەدەن قۇرۇلۇشى، چىراي - شەكلى جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلار بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەكلا پاكار بوي، دوغىلاق، قاراﻣﺘۇل، يېپسى بۇرۇن كېلىدىكەن. ئەر ساقچىلارنىڭ يۇمىلاقىنا كەلگەن قورسىقى كەمىرىنىڭ ئۇستىگە مىنىپ تۇرىدىكەن. لېكىن، ئۇلار ساقچى فورمىسى ۋە ساقچىلىق سايمانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خېلى چەبدەس ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن.

دەل مۇشۇ چەبدەس، ھەيۋەتلىك ساقچىلارنىڭ تۆھپىسى بولسا كېرەك، شياڭگاڭدىكى قاتناش تەرتىپى، جەمئىيەت ئامانلىقى تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ياخشى ئىكەن. شياڭگاڭدىكى ئالتە كۇن جەريانىدا بىز بىرەر بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ۋەقەلىرىنى كۆرمىدۇق ۋە ئاڭلىمىدۇق. كېچىلىرى سائەت 1 لەردە ئۆزۈم يالغۇز ماگىزىن ئارىلاپ خېلى يىراقلارغىچە مېڭىپ باققان بولسامۇ، ھېچقانداق خەۋپسىرەش ھېس قىلمىدىم. كوچىلاردا ھەتتا خوتۇن - قىزلارمۇ يالغۇز يۇرەلەيدىكەن، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمايدىكەن. ھەر ئىش ئۆز ئىزىدا كېتىۋېرىدىكەن. خە -

ۋەردار كىشىلەر، بىزگە بۆلاڭچىلىق دېلولىرى ئارىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۆلاڭچىلارنىڭ مەخسۇس بانكا ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ماگىزىنىنىلا بۆلايدىغانلىقىنى، نامراتلارغا ئانچە چېقىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بانكا ۋە زىبۇزىننەت دۇكانلىرىنىڭ بۇلىنىشىمۇ، بانكىر ۋە زىبۇزىننەت دۇكانلىرى خوجايىنلىرىنىڭ ئىستراخوۋانىيە شىركەتلىرىدىن ئۆز دەسمايىسىنىڭ نەچچە باراۋىرىدە تۆلەم تۆلىتىۋېلىش مەقسىتىدە بۆلاڭچىلار بىلەن ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈش، سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇق. بىزنىڭ بۇ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىمىز بەلكى يۈزەكى نەرسىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق يۈزەكى قىياپەتمۇ بەزىدە ماھىيەتلىك تەرەپلەردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، شياڭگاڭنىڭ بىز كۆرگەن - ئاڭلىغان جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن شياڭگاڭدا ئىشلەنگەن، شياڭگاڭ جەمئىيىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇ فىلىملار سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت دېگەن كۆزقاراشنىڭ تۇرتكىسىدە، رىقابەت بىلەن تولغان كىنو - تېلېۋىزىيە بازىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدۇق.

### 3. ئومۇمىي قىياپەت، تېز تۈرمۇش رىتىمى

بىزنىڭ شياڭگاڭدىكى كۈنلىرىمىز شياڭگاڭنىڭ كۆز پەسلىگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز روشەن كۆز بېشارەتلىرىنى چېلىقتۇرالمىدۇق. جۇڭگونىڭ شىمالىي ئۆلكىلىرىدە، جۇملىدىن شىنجاڭدا قىشنىڭ سوغۇقى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان، قار چۈشكەن مەزگىل بولسىمۇ، شياڭگاڭ يەنىلا دىمىق ئىسسىق بولۇپ، تېمپېراتۇرا سېلسىيە 25 گرادۇستىن چۈش-

مەيۋاتاتتى. شەھەر ئىچىدە سۇنئىي رەۋىشتە بەرپا قىلىنغان دەل ـ دەرەخلەر ناھايىتى ئاز بولغاچقا، پەسىل ئالامەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پاكار تاغلاردا دەرەخلەر ۋە چاتقاللىقلار كۆكىرىپ تۇراتتى. قىزىق يېرى، كىچىككىنە زېمىنغا 6 يېرىم مىليون تۇراقلىق ئاھالىنى سىغدۇرۇۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ تاغلىرىغا ناھايىتى زىچ ۋە ناھايىتى ئېگىز ئىمارەتلەر سېلىنىپ كېتىپتۇ، ھەتتا 45 گرادۇسلۇق تىكلىكتىكى يانباغىرلارمۇ ئۆز يەلكىسىدە ئاسمان ـ پەلەك بىنالارنى كۆتۈرۈپ تۇرالايدىكەن. بىنالارنىڭ زىچلىقى، ئېگىزلىكى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيرەتتە قالدۇرىدىكەن. شياڭگاڭدا ھازىر بار بولغان ئىمارەتلەرنىڭ ئەڭ ئېگىزى 68 قەۋەت بولسىمۇ، ھۆكۈمەتىمىز ئۇ يەردە 78 قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىۋېتىپتۇ. بۇ بىنا پۈتسە شياڭگاڭدىكى بىنالارنىڭ ئەڭ ئېگىزى بولۇپ قالىدىكەن.

تولىراقى ياۋروپا پاسونىدا بولغان ئاشۇنداق ئېگىز بىنالار ئارىسىدا، تار ۋە ئاۋات كوچىلار تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلۇپ ياتىدىكەن. ئاخشاملىرى رەڭگارەڭ ئېلان چىراغلىرى بىلەن يورۇپ تۇرىدىغان تار يوللار چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىللار بىلەن تولۇپ تۇرىدىكەن. ۋاڭ خېنىم بىزگە بۇ شەھەردە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ قىممەتلىك ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغانلىقىنى، بۇ مەنىدىن شياڭگاڭنى غايەت زور بىر ئاپتوموبىل ئامبىرى دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. دېمىسىمۇ، شياڭگاڭلىقلار ئاپتوموبىلنىڭ سۈپىتىگە، ماركىسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكىلەر تېخى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان، ھەربىرى 3 يېرىم مىليون يۈەن جۇڭگو پۇلىغا توختايدىغان «روسسالس» ماركىلىق ئالىي دەرىجە-

لىك پىكاپمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

ئۇنداقتا، شياڭگاڭدا پىكاپ تىجارىتى، كىرا ئاپتوموبىللىرىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى، باھا ئەھۋالى قانداقراق؟ بىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاپتوموبىل ساتىدىغان ماگىزىنلار (ئەمەلىيەتتە 40 ــ 50 پىكاپ سىغىدىغان چوڭ زال) غا كىرىپ، ئاپتوموبىل باھاسى بىلەن تونۇشتۇق ۋە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ئاپتوموبىل باھاسى بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئاپتوموبىل باھاسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. سېلىشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، شياڭگاڭدا ئاپتوموبىل سېتىۋالماق ئاسان، ئاپتوموبىلنى باقماق تەس ئىكەن. چوڭ قۇرۇلۇقلۇقتا بولسا، ئاپتوموبىل سېتىۋالماق تەس، ئاپتوموبىلنى باقماق ئاسان ئىكەن. مەسىلەن، شياڭگاڭدا پىكاپنىڭ باھاسى خېلىلا ئەرزان ئىكەن، ئادەتتىكى خىزمەتچى بىر بەش ـ ئالتە ئايلىق مائاشىغا ياخشى بىر پىكاپ سېتىۋالالايدىكەن. بىراق، يول ئاسراش ھەققى، ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققى، بېنزىن باھاسى قاتارلىقلار يۇقىرىراق بولغاچقا، ئاپتوموبىلنى بېقىش ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشتىنمۇ تەسكە توختايدىكەن.

شياڭگاڭنىڭ ئاممىۋى قاتنىشىدا يەر ئاستى پويىز قاتنىشى، رېلىسلىق تراموۋاي قاتنىشى، سۇ قاتنىشى، قوش قەۋەتلىك ۋە تاق قەۋەتلىك جامائەت ئاپتوبۇسى قاتنىشى، كىرا پىكاپلىرى قاتنىشى ئاساس قىلىنىدىكەن.

يەر ئاستى پويىزى چوڭقۇر دېڭىز ئاستى تۆمۈريول لىنىيەسى ئارقىلىق شياڭگاڭ ئارىلى بىلەن جيۇلوڭ يېرىم ئارىلىنى تۇتاشتۇرىدىكەن ۋە تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ سوزۇلىدىكەن. يەر ئاستى پويىز ۋوگزاللىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بولۇپ، ئاپتوماتىك سىيرىلما پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ ـ چىقىد-

غان گەپ ئىكەن. ۋوگزال ئىچىدە نەپىس ئىشلەنگەن سودا ئېلانى ماركىلىرى نېئون چىراغ بىلەن يورۇپ تۇرۇلىدىكەن. پويىزغا چۈشۈشتە پارچە بېلەت ۋە 70 ــ 100 شياڭگاڭ دوللىرىلىق (تۆۋەندە دوللار دېيىلىدۇ) پۈتۈن بېلەت (چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر قارتىچىلىك ئېلېكترونلۇق كارتۇشكا بېلەت) ئىشلىتىلىدىكەن. بىز شياڭگاڭغا بارغان هامان ھەربىرىمىز 70 دوللارلىق پۈتۈن بېلەت ئېلىۋىدۇق، شياڭگاڭ ۋە جيۇلۇڭ ئارىسىدا 10 نەچچە قېتىم قاتنىغان بولساقمۇ، بۇ بېلەت يەنىلا تۈگىمىدى. ئاڭلاشىلارغا قارىغاندا، رېلىسلىق تراموۋاي بېلەت باھاسى ئەڭ ئەرزان قاتناش قورالى ئىكەن. 10 تىيىنلىق بېلەت ئالسىلا پۈتۈن جيۇلۇڭ ئارىلىنى ئارىلاپ چىققىلى بولىدىكەن. قوش قەۋەتلىك ئاپتوبۇسنىڭ بېلەت باھاسى گەرچە خېلى ئەرزان بولسىمۇ، بىراق بېكەت نامى ئېلان قىلىنمايدىكەن. سەگەك بولمىغان ياكى شياڭگاڭنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشمايدىغان يولۇچىلار بېكەت ئاتلاپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىكەن.

بۇ يەردە، شياڭگاڭدىكى ئاساسلىق ئاممىۋى قاتناش قورالى بىلەن كىرا پىكاپلىرى ئۈستىدە ئىككى كەلىمە گەپ قىلمىساق بولماس.

بۇ يەردىكى كىرا پىكاپلىرى ئاساسەن ياپونىيە، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن داڭلىق پىكاپلار ئىكەن. پاكىز ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچى بار بۇنداق كىرا پىكاپلىرىنىڭ يولۇچى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقىنىڭ ئالدىغا كىرا پىكاپىنىڭ شىركەت تەۋەلىكى، شىركەت دىرېكتورىنىڭ ئىسمى، ئادرېسى، تېلېفونى، شوپۇرنىڭ ۋە يولۇچىنىڭ هوقۇق ـ مەجبۇرىيەت دائىرىسى ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا چاپلاپ قويۇلىدىكەن. كىرا پىكاپىنىڭ ھەممىسىدە مۇسابە، پۇل ھېسابلىغۇچ ئەسۋاب بولىدىكەن. پىكاپنىڭ قوزغىلىش

باھاسى 10 دوللار ئىكەن. ئۈچ كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن ئازدىن ھەر كىلومېتىرىغا ئىككى يېرىم دوللاردىن قوشۇلىدىكەن. دېمەك، شەھەر ئىچىدە 10 كىلومېتىر يول يۈرۈش ئۈچۈن 27 يېرىم دوللار تۆلىنىدىكەن. مەن بۇ يەردە چاي بىلەن پىشۇرۇلغان بىر تۇخۇمنى بەش دوللارغا، شاڭخەيدە توقۇلغان بىر يىپەك پايپاقنى بەش دوللارغا ۋە پىشۇرۇلغان بىر دانە كۆكۋاشنى 10 دوللارغا سېتىۋالغىنىم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ باھاسى ھەققىدە كېيىن توختىلىمەن. بۇ باھاغا سېلىشتۇرغاندا، كىرا پىكاپلىرىنىڭ بۇ خىل باھاسىنى يۇقىرى دېگىلى بولمايدىكەن، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە يوللار تار، ئاپتوموبىل كۆپ بولۇشىغا قارىماي، قوش قەۋەتلىك ئاپتوبۇس ۋە پىكاپلارنىڭ سۈرئىتى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەن. شۇنداقتىمۇ قاتناش ھادىسىلىرى ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىكەن.

شياڭگاڭ يوللىرىدىكى ئاپتوموبىللارنىڭ سۈرئىتى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، شياڭگاڭ جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي تۇرمۇش رىتىمى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

ھالبۇكى، شياڭگاڭ تۇرمۇش رىتىمى يېقىندىن ئېيتقاندا، بەئەينى پورۇقلاپ قايناۋاتقان بىر چوڭ داشقازانغا ئوخشايدىكەن، ئەقەللىيسى، كوچىلاردا پىيادە كېتىۋاتقانلارمۇ خۇددى كەينىدىن ئىت قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئىتتىك ماڭىدىكەن. رېستورانلاردا ئۇلار تاماقنىمۇ خۇددى بىركىم تارتىۋالىدىغاندەكلا تېز يەۋالىدىكەن. شياڭگاڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ كۆرستىشلىرىگە قارىغاندا، ئوخشاش بىر ئەمگەكچىنىڭ شياڭگاڭدا ئوخشاش خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپىدىغان پۇلى چەت ئەللەردىكىدىن بىرەر ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، يەنە بەزى كىشىلەر كانادا قاتارلىق چەت مەملىكەتلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار دەل شياڭگاڭدىكى

تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكىدىن قاقشايدىكەن.

مەن شياڭگاڭغا قەدەم قويغان دەسلەپكى كۈنلەردە، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ، دۇكاندارلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ھەتتا تۆۋەنرەك قاتلامدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بەس - بەس بىلەن گېزىت سېتىۋېلىۋاتقىنىنى ۋە بار دىققىتى بىلەن گېزىت كۆرۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ، شياڭگاڭلىقلار ئېقىم مەسىلىلىرىگە قىزىقسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. گېزىتخۇمار بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىم مەسىلىلىرىگە قىزىقىدىغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن كېيىنكى كۆزىتىشلەردىن مەلۇم بولدىكى گېزىت كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئەمەس بەلكى ئات بەيگىسىنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدىكى يېڭى خەۋەرلەرگە قىزىقىدىكەن. شياڭگاڭدىكى ئات بەيگىسى نوقۇل قىمار شەكلىنى ئالغانىكەن، ھەر ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان، كەم دېگەندىمۇ بىرەر ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە بولغان ئات بەيگىسى نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. بەيگىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان مەلۇم ئاتقا دو تىكىدىغانلار ئىچىدە داڭلىق بايلارمۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ، ھەتتا بالىلارمۇ بولىدىكەن. شارائىتى بارلار بەيگە مەيدانىغا بېرىپ ئۆزى دو تىككەن ئاتنىڭ تەقدىرىنى بىۋاستە كۆزەتكەندىن ئۆزگە، بەيگە مەيدانىغا بېرىش ئىمكانىيىتى يوقلار، بەيگە نەتىجىسىدىن پەقەت گېزىت ئارقىلىقلا خەۋەر تاپىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بەيگىدە دو تىكىدىغانلار ئىچىدە قىمارغا مەستانە بولۇپ كەتكەن، پەقەت قىمار بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەرمۇ بولىدىكەن. ئات بەيگىسى شياڭگاڭدا دائىملىق سېتىلىپ تۇرىدىغان لاتارېيە بىلەن قوشۇلۇپ تەلەي سىنايدىغان ئىككى چوڭ تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئىككى خىل «قىمار» غا تەۋەككۇل قىلغانلارنىڭ بەزىسى بىر

كېچىدىلا باي بولۇپمۇ كېتىدىكەن. بىر كېچە ئىچىدە بار ـ يوق تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ نامىراتلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدى-غانلارمۇ بولىدىكەن.

بىز زىيارەت داۋامىدا ئىككى يەردە ناھايىتى چوڭ ئات بەيگە مەيدانىنى كۆردۇق.

## 4. سېرىق نەرسىلەر، قىزىل چىراغ ۋە باشقىلار

بىز بۇ يەردە گەپنى يەنىلا بىز كۆپ كۆرۈپ كەتكەن ۋە كۆ-رۈۋاتقان شياڭگاڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ بىزدە قال-دۇرغان تەسىراتلىرىدىن باشلايمىز. بۇنداق فىلىملارنىڭ سۈرەت-لىشچە، شياڭگاڭ كوچىلىرى ناھايىتى قاراڭغۇ ۋە خۇنۇك، قاش ـ كۆزلىرىنى بويىۋالغان يېرىم يالىڭاچ، ئەركە ـ نايناق پاھىشە ئا-ياللار دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا مارىلاپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇچرىغانلا ئەر كىشىگە تولغىنىپ، سۈركىلىپ ناز قىلىدۇ ۋە ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سۆرەيدۇ، ئاندىن كېيىن بۇلاڭچىلىق ياكى قان تۆكۈشلەر باشلىنىپ كېتىدۇ...

بىراق، بىز ئالتە كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا چوڭ ـ كىچىك كوچىلاردىن 30 — 40 نى ئايلىنىپ چىقتۇق، كەچلەردە، ھەتتا يېرىم كېچىلەردىمۇ خېلى چەت، قاراڭغۇ كوچىلاردىن ئۆتتۇق. قايسىبىر دوقمۇشتىن ئاشۇنداق ئاياللار چىقىپ بىزنى تو-ۋۋالاركىن، دەپ كۆزلىرىمىز ئالاق ـ جالاق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىدى. بىزنى تەيۋەنلىك دەپ ئويلاپ قالغان بىر ئەر ئالدىمىزغا كېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ـ ئاچماي-دىغانلىقىمىز ھەققىدە سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ گېپىنى تو-گەتمەي تۇرۇپلا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بىر ساقچى تەرىپىدىن ھەيدىۋېتىلدى. جيۇلۇڭ — بىز تۇرۇۋاتقان

مېھمانخانا جايلاشقان جاي. ئۇ، شياڭگاڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئاھالىسى تۇرىدىغان، سودا رايونى ھېسابلىنىدىغان ئەڭ قايناق يەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە پاھىشىخانا ياكى تىجا-رەت خاراكتېرىنى ئالغان سېرىق خىزمەت قىلىش ئورۇنلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېچىشقا بولمايدىكەن. بىزگە نامى تونۇشلۇق بولغان قىزىل چىراغ رايونى جيۇلۇڭنىڭ ۋاڭجياۋ دېگەن يېرىدى-كى بۇلۇڭ - پۇچقاقتا جايلاشقانىكەن. بىز ئۇ يەرگە يېقىن بار-دۇق، لېكىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تو-نۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. ئەھۋالدىن خەۋىرى بارلارنىڭ ئېيتىشىچە، شياڭگاڭ قانۇنى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە مۇخالىپ كەلمەيدىغان، لېكىن بىز ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان بەزىبىر ئەسكىلىكلەر، رەزىللىكلەر ئەنە شۇ يەردە يۈز بېرىدىكەن.

بىز ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىدىن شياڭگاڭدا سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى-دىن خەۋەر تاپتۇق ۋە ھەيرانلىق ھېس قىلدۇق. بۇنداق تازىلاش كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي رەزىللىك ۋە قانۇنسىز قىلمىشلارنى پۈتۈنلەي تازىلاپ تاشلاشقا ئامالسىز بولسىمۇ، لې-كىن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سېرىق نەرسىلەرگە تۇتقان پوزىتسى-يىسىنىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلىۋالدۇق.

بىز چوڭ قورۇقلۇقتا، يالىڭاچ ئەر - ئاياللار سۈرىتى ۋە بە-زى شەھۋانىي كۆرۈنۈشلەر شياڭگاڭنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلىنىۋېرىدىكەن ياكى بازاردا سېتىلىد-دىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بىز بۇنداق پاراڭلارنىڭ راست - يال-غانلىقىنى بىلىپ باقماق بولۇپ، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان كىتاب - ژۇرنال يايمىلىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتتۇق. ھەر كۈن-لۈك سانى 20 — 30 بەت چىقىدىغان گېزىتلەردىمۇ، تىزىپ قو-

يولغان كىتاب ـ ژۇرناللاردىمۇ بۇنداق بەتبەشىرە ـ رەسىۋا سۈرەت-لەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى كۆرمىدۇق. پەقەت كەچ سائەت 10 ـ 11 لاردىلا تار كوچىلاردىكى بۇنداق كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ بىر پار-چىسى 150 ــ 200 دوللاردىن سېتىلىدىكەن. بۇنچىلىك ساندىكى پۇلنىڭ قىممىتى زادى قانچىلىك؟ 150 دوللارغا شياڭگاڭ بازار-لىرىدا بىرەر فوتوئاپپارات ياكى ئالتە دانە «كوداك» ماركىلىق فو-تو پلېيونكا سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. بىلەرمەنلەردىن سوراپ كۆ-رۈۋىدۇق، بۇنداق ژۇرناللار تىجارەت خاراكتېرىدە بېسىلىدىكەنۇ، كۆندۈزلىرى ئۇنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سېتىشقا بولمايدىكەن، پەقەت ئاخشاملىرىلا كىتاب يايمىلىرىدا پەيدا بولۇپ قالىدىكەن.

بىز بۇ مەسىلە توغرىسىدا شياڭگاڭ تېلېۋىزىيىسىگىمۇ دىق-قەت قىلدۇق. تېلېۋىزىيە قاناللىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق قانالدا جىنسىي قۇترىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ئاش-كارا كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمىدۇق. كۆزگە ئانچە سىغمىپ كەتمەيدىغان بەزى كۆرۈنۈشلەر بار فىلىملارنى قويغاندا، بالىلارنىڭ كۆرۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى ئالدىنئالا ئەسكەرتىلىدىكەن. سىملىق تېلېۋىزىيە خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سىملىق تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى مېھمانخانىلاردا كۆرسىتىش مەنئى قى-لىنىدىكەن. يامان كۆرۈنۈشلەر بار فىلىملار سىملىق تېلېۋىز-يىدە كۆرسىتىلەمدۇ، يوق، بۇنى بىلەلمىدۇق.

بىراق، يۇزەكى كۆزىتىشلىرىمىز ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزغا قا-رىغاندا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى شياڭگاڭدا كاپىتالىس-تىك تۈزۈمنىڭ خاس ئىللەتى سۈپىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇ. شياڭگاڭ گېزىتلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شياڭگاڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ھاراق ئىچىدىغانلار 60 پىرسەنتكە يېتى-دىكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھاراق ئىچىشنى سەبىي چاغلىرى-

دىلا باشلىنىۋېتىدىكەن. بىز زىيارەت داۋامىدا، تولۇم شەكىللىك بوغچا ئاسقان كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ (14 — 17 ياش ئارىسىدا) «چاڭچىلىخانا» دەيدىغان زالغا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىغانىدۇق. كېيىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، «چاڭچىلىخانا» دېيىلىدىغان زاللار سېرىق كىنولار قويۇلىدىغان مەيدان ئىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا «مۇنچىدىكى ئايال» دېگەن كىنو ئېلانى چاپلىنىپتۇ.

مەشھۇر سەيلىگاھ — جيەنشازۇي ئەنە شۇنداق تولۇمىسىمان بوغچا ئېسىۋالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ «پائالىيەت» ئېلىپ بارىدىغان جايى ئىكەن. بىز ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە بوغچا ئاسقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ يەرگە توپ - توپى بىلەن كېلىپ، تۈن تەڭ بولغاندىمۇ بۇ يەردىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شياڭگاڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا كېچىسى ئۆيىگە قايتمايدىغانلار خېلى سالماقنى ئىگىلىسە كېرەك. ئۇلار بىر ئوغۇل، بىر قىز ياكى ئوغۇللار بىر توپ، قىزلار بىر توپ بولۇۋېلىپ چىراغلار ئىنتايىن خىرە بولغان دېڭىز بويىلىرىدىكى مېتال ۋادەكلەرگە يۆلىنىۋېلىپ ياكى مىنىۋېلىپ مۇھەببەتلەشكەندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشىدىكەن. بۇنداق كۆزگە سىغمايدىغان ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىكەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شياڭگاڭدا ئۈچىنچى دەرىجىلىك (سېرىق) فىلىملارنى كۆرسىتىدىغان كىنوخانىلاردا بىر مەيدان كىنو بېلىتىنىڭ باھاسى 40 دوللارغا توختايدىكەن.

## 5. تۇرالغۇ ۋە ساياھەتچىلىك

ئالىقانچىلىك يەر ئالىقانچىلىك ئالتۇن بىلەن باراۋەر بولغان

بۇ شەھەردە ئۆي ـ مۈلۈك تىجارىتى ئەڭ پۇللۇق تىجارەت ھې-
سابلىنىدىكەن. شياڭگاڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا، رادىئو ـ تې-
لېۋىزىيىسىدە ئۆي ـ مۈلۈك تىجارىتى ئېلانلىرى مۇھىم سال-
ماقنى ئىگىلەيدىكەن . نەپىس ئىشلەنگەن ئۆي ـ مۈلۈك ئېلانلى-
رى ھەتتا كوچىلاردىمۇ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇ-
لىدىكەن. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بازار ۋە ئەركىن پورت ھېسا-
بلىنىدىغان بۇ شەھەردە قاياققىلا قارىسا، كۆزگە چېلىقىدىغىنى
يەنىلا مېھمانخانا، رېستوران ئىكەن. پۇلدارلارنىڭ ئىستېمال سە-
ۋىيىسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بەش يۇلتۇزلۇق
مېھمانخانىلاردىن تارتىپ، بىر بىنانىڭ بىرەر قەۋىتىنى ئىگىلەي-
دىغان مېھمانخانىلارغىچە بار ئىكەن. بىز چۈشكەن جەنۇب ـ
شىمال مېھمانخانىسى جيۇلۇڭنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىسىدە بولۇپ،
14 قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئايرىم لىفت بىلەن چىققىلى بولىدى-
غان سەككىزىنچى قەۋىتىگە جايلاشقانىكەن. ياتاق ئۆي كىچىك
بولۇپ، پەقەت تار كەلگەن ئىككىلا كارىۋات بىلەن بىر ئۈستەلنى
سىغدۇرالىسىمۇ، لېكىن ھاۋا تەڭشىگۈچى، تېلېفونى، تېلېۋىزو-
رى بار ئىكەن. كىچىككىنە تازىلىق ئۆيىمۇ ئىنتايىن پاكىز سە-
رەمجانلاشتۇرۇلۇپتۇ. بىز ھېچقانداق يۇلتۇز دەرىجىسى بولمى-
غان، ئوتتۇرا ـ تۆۋەن سەۋىيىگە ياتىدىغان بۇ ياتاقنىڭ بىر كۈن-
لۈكى ئۈچۈن بىر كارىۋاتقا 400 دوللار تۆلىدۇق. تېخى بۇ باھا
بىزگە ئېتىبار قىلىنغان باھا ئىكەن. بۇنىڭغا قاراپ، يۇلتۇز دە-
رىجىسىگە ئىگە چوڭ مېھمانخانىلارنىڭ بىر ئۆيى (شياڭگاڭ
مېھمانخانىلىرىدا بىر كارىۋاتنى ئايرىم ساتمايدىكەن) قانچە پۇلغا
توختايدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بىز بىر كۈنى ساياھەت
ئۆمىكىمىزنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شياڭگاڭدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ
ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شياڭگاڭ

مېھمانخانىلىرى ھەرقانداق ئېكسكۇرسىيىچىنى خالىغانچە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا يول قويىدىكەن. بىز چوڭ زالغا كىرگەندە، ئۇ يەردە يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئوركېستىر رىتىملىق بىر كلاسسىك مۇزىكىنى لەرزان ئورۇنداۋېتىپتۇ. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ماگىزىندا قىممەت باھالىق ماللار سېتىلىدىكەن. ھەر خىل مۇلازىمەت تۈرلىرى سىستېمىلاشقان بۇنداق مېھمانخانىلاردا مىلياردلاپ بايلىقنىڭ ئېگىلىرىلا تۇرالايدىكەن.

ساياھەتچىلىك — شياڭگاڭ ئىقتىسادىنى يۆلەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرى ئىكەن. بۇنىڭغا مۇناسىپ، ساياھەت ئىشلىرىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپتۇ. ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىمۇ يۇقىرى ئىكەن. بۇ يەردە، ئۆمەك بولۇپ ئۇيۇشقان ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان چوڭ شىركەتلەر بولۇپلا قالماي، ئادەتتىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتىدىغان كىچىك ساياھەت شىركەتلىرىمۇ بار ئىكەن.

بىز شياڭگاڭغا بېرىپلا، بىز چۈشكەن مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر كۈنلۈك ساياھەت ئۆمىكىگە قاتناشتۇق ۋە ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دىلا بىزنى ئالغىلى كەلگەن يېپيېڭى ياپون مىنىبۇسىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بىر تاغ چوققىسى، ئىككى باغچە، بىر دېڭىز ساھىلى، ئىككى ماگىزىن، بىر زىبۇزىنىەت كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ساياھەت داۋامىدا شياڭگاڭ ئارىلى بىلەن جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنى تۇتاشتۇرىدىغان دېڭىز ئاستى يولىدىنمۇ كېسىپ ئۆتتۇق. چۈشلۈك تاماقتا ساياھەت شىركىتى مەسئۇل بولۇپ، بىزنى دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدىغان بىر ھەشەمەتلىك رېستورانىدا غىزالاندۇردى.

ساياھەتچىلەرنى باشلاپ ماڭىدىغان خادىمدىن تارتىپ شو-

پۇرغىچە ناھايىتى ياخشى پوزىتسىيە بىلەن خىزمەت قىلىدىكەن. كىچىك قول كانىيى ئارقىلىق توختىماي سۆزلەپ، يول بويىدىكى ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەققىدە چۈشەنچە بې-رىدىكەن. مەن شۇ كۈنلۈك ساياھەتتە يول باشلىغۇچىنىڭ بىز بىلەن بىللە ساياھەت قىلىۋاتقان ھىندونېزىيىلىك بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ بالىسىنى يول باشلىغۇچىغا تاشلاپ بېرىپ، يىراقلاردا تاماشا قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. يول باشلىغۇچى ھېلىقى ساياھەت-چىلەردىن چاي پۇلى ئالامدۇ - يوق دەپ خېلى يەرگىچە كۆزىتىپ باققان بولسامۇ، ئۇنىڭ پۇل ئالغىنىنى كۆرمىدىم.

بىر كۈنلۈك ساياھەتنىڭ مەزمۇنى خېلى مول بولدى. شۇ جەرياندا كەم دېگەندە بىرەر يۈز دوللارلىق يول يۈردۇق. بىرەر يۈز دوللارلىق تاماق يېدۇق. ئادەتتە ئىشىك بېلىتى ئۇچۇن 150 دوللار ئالىدىغان «دېڭىز - ئوكيان باغچىسى» دىمۇ تاماشا قىل-دۇق. شۇڭا، بىز بىر كۈنلۈك ساياھەت ئۇچۇن تۆلىگەن 390 دوللارغا رازى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئەسلىدە بىز شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئېگىز بىر تاغ چوققىسىغا ئاچىقىلغاندۇق. ئۇ يەردە ساياھەت شىركى-تىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئوخشايدىغان، بىز بىلەن بىللە مىنى-بۇستا بىللە كەلگەن بىر قىز بىزنى ئايرىم - ئايرىم ۋە كوللېك-تىپ سۈرەتكە تارتىۋالغانىدى. بىز تاغدىن چۈشكەن ھامان ھېلى-قى قىز نەگىدۇر يوقالدى. بىزمۇ بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلماي-تۇق. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىز پۈتۈن ساياھىتىمىزنى ئاخىرلاش-تۇرۇپ بىر چوڭ ماگىزىن ئالدىدا ئاپتوموبىلغا چىقىشىمىزغا، ھېلىقى قىزنىڭ يەنە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ قىز ۋە يول باشلىغۇچى ھەربىرىمىزگە بىر پارچىدىن چوڭايتىلغان كوللېكتىپ سۈرەت بىلەن ئوتتۇرىسىغا ئۆزىمىزنىڭ سۈرىتى

چۈشۈرۈلگەن گىرىدە چوڭلۇقىدىكى بىردىن تەخسىنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ ۋە بۇلار ئۈچۈن 110 دوللار تاپشۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىراق، بۇلار ناھايىتى تەبىئىي ۋە ئەدەپ بىلەن ئورۇندالدى. بىر پارچە كوللېكتىپ سۈرەت (بىر كۇنلا بىللە بولغان بىر چەت ئەللىك كىشىلەر بىلەن بەلكى ئۆمۈرۋايەت كۆرۈشمەسمىز) بىلەن بىر دانە تەخسە ئۈچۈن 110 دوللار تۆلەشكە قورسىقىمىز ئاغرىغان بولسىمۇ، بۇ پۇلنى بەربىر تۆلىمەي بولمىدى. پاراڭ داۋامىدا ھېلىقى سۈرەتچى قىزنىڭ شياڭگاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقانلىقى، ساياھەت شىركىتى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن پۇل تېپىپ ئوقۇش راسخوتىنى قامداۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. رازىلىقىمىزنى ئالماي تۇرۇپلا سۈرەتىمىزنى تەييارلاپ قىممەت باھادا پۇل ئۇندۇرۇۋالغان بۇ كىشىلەرگە نەپرەت بىلدۈرگەچ، ياتىقىمىزغا قايتىپ كەتتۇق.

## 6. شياڭگاڭدا تىجارەت ۋە مال باھاسى

شياڭگاڭ دۇنياۋى چوڭ سودا شەھىرى بولغاچقا، سودا – تىجارەت ناھايىتى تەرەققىي تاپقان. سودا رايونى ھېسابلىنىدىغان جيۇلۇڭدا (شياڭگاڭ ئارىلىغا ئاساسەن ھۆكۈمەت بىنالىرى، چەت ئەلنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى جايلاشقانىكەن) قەغەرگە قارىماڭ، كۆزگە چېلىقىدىغىنى ساپلا چوڭ – كىچىك سودا دۇكانلىرى ئىكەن. سودا مەيدانى، سودا مەركىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىرەر چوڭ ماگىزىننى ئايلىنىشقا يېرىم كۈنچە ۋاقىت كېتىدىكەن. كىچىك دۇكانلارغا بولسا بىر مال ئىشكاپى بىلەن بىر نەپەر مال ساتقۇچى ئارانلا سىغىدىكەن. شياڭگاڭلىقلار ئاچقان ماگىزىن – دۇكانلىرىدىن ئۆزگە ياۋروپالىقلار، ھىندىلار، ياپونلار، پاكىستانلىقلار ئاچقان دۇكانلارمۇ كۆپ ئىكەن. بەزىدە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن

كېلىپ ئاچقان جۇڭخېيچە دورا ماتېرىياللىرى دۇكىنى ۋە چوڭ قۇرۇقلۇق مېلى (ئاساسەن گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى) نى ساتىدىغان ماگىزىنلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن. مەخسۇس چوڭ قۇرۇقلۇق ماللىرىنى ساتىدىغان ئەڭ چوڭ ماگىزىن «يۇخۇا دۆلەت ماللىرى ماگىزىنى» جيۇلۇڭنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ماگىزىن دەسلەپكى چاغلاردا مەخسۇس چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مېلى بىلەنلا تىجارەت قىلاتتىكەن. تىجارىتى تازا يۇرۇشۇپ كەتمىگەنلىكتىن، كېيىنچە چەت ئەل ماللىرىنىمۇ ساتىدىغان بوپتۇ. مەن بۇ ماگىزىندىن ئامېرىكىدا تىكىلگەن بىرقۇر شىم - كاستيۇمنى 2240 دوللارغا (2400 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ) سېتىۋالدىم.

شياڭگاڭ سودىسىدا مۇنۇ تەرەپلەر ئالاھىدە نەزەرگە تاشلىنىدىكەن:

1. مەيلى ھەشەمەتلىك سودا سارايلىرىدا بولسۇن ياكى ھېلىقىدەك كىچىك دۇكانلاردا بولسۇن، مال ساتقۇچىلارنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ماختىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئىكەن. سىز ماگىزىنغا كىرگەن ھامان ئۇلار دەرھال يېنىڭىزغا كېلىپ سىز بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالاملىشىدىكەندە، نېمە سېتىۋالماقچى بولسىڭىز شۇ مال تۈرىنى سىزگە ئەستايىدىل تونۇشتۇرىدىكەن. قىزغىن مۇلازىمەت شەكلى بىلەن سىزنى مال سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدىكەنۇ، مال سېتىۋالمىسىڭىزمۇ قايتا كېلىشىڭىزگە تەلەكداشلىق بىلدۈرۈپ ئۇزىتىپ قويىدىكەن. زىبۇزىنىنەت ماگىزىنلىرىدا بولسا، ئەينەكتىن ياسالغان پەشتاختىتا ئالدىغا خېرىدارلار ئۇچۇن ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ ماگىزىنغا كىرىپ كەلگەن خېرىدار ئالدى بىلەن ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىنىدىكەن. خېرىدار ئۇلار تۇتقان ئۇسسۇزلۇقنى ئىچكەچ ئورۇندۇقتا ئولتۇ -

روۋپ سودىلىشىدىكەن، بەزى چوڭ ماگىزىنلاردا ھەربىر قەۋەتتە بىردىن مەخسۇس چوڭ بۆلۈم تەييارلانغان بولۇپ، بۇنداق بۆلۈم-لەردە بىرقانچە ئۇستەل ۋە ساپا بولىدىكەن. دەم ئالماقچى بولغان خېرىدار بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەندە، پىرەنىك ۋە ئالىي دەرد-جىلىك ئىچىملىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن. بىز زىيارەت داۋامىدا بۇنداق ئورۇنلارنىڭ ئاساسەن بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۈشىنەلمەي قالدۇق.

2. چوڭ ۋە ئوتتۇرا (بەزىدە كىچىك) ماگىزىن ـ دۇكانلاردا مەخسۇس مال ساتقۇچى بولمايدىكەن. ھەممە ماللارنىڭ ئۈستىگە مال باھاسى باغاقچىسى چاپلاقلىق ئىكەن. خېرىدار ماگىزىنغا كىرىپلا قول ھارۋىسى، خالتا ياكى سېۋەتنى ئېلىپ مالنى ئۆزى تاللاپ سېتىۋالىدىكەندە، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ھېسابلىشىدى-كەن. بەزى ماگىزىنلاردا يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆ-زىتىش سىستېمىسى بولىدىكەن، بەزىلىرىدە بولمايدىكەن. بىز يەنە ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر ماگىزىنىدىمۇ قاتار تىزىپ قويۇلغان، ھەربىرى 10 مىڭ دوللارغا يارايدىغان ئالماس، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنىمۇ خېرىدارلارنىڭ ئەركىن تاللاپ سېتىۋېلىۋاتقانلى-قىنى، سائەت دۇكانلىرىدىمۇ شۇنداق شەكىلدە تىجارەت قىلىنىد-دىغانلىقىنى كۆرۈپ، ماگىزىن خوجايىنلىرىنىڭ خېرىدارلارغا نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئىشىنىدىغانلىقىغا ھەيران بولدۇق، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدۇق. چۈنكى، ئادەملەر مىغىلداپ تۇرىدىغان بۇنداق ماگىزىنلاردا تەجرىبىسىز ئوغرىمۇ بىرەر تال ئۈزۈكنى ھېچ كۈچىمەيلا سوقۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئىكەن.

3. ئادەتتە بىر خىزمەتچىمۇ ئېيىغا 10 مىڭ دوللار مائاش ئالالايدىغان بۇ شەھەردە يۇقىرى ئىستېمال يۈرگۈزۈلگەچكىمۇ،

مال باھاسى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ بازىرىدا 1000 يۇەنگە توختايدىغان بىرقۇر ئاياللار كىيىمى بۇ يەردە 4000 ــ 5000 يۇەنگە سېتىلىدىكەن. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى ئىكەنۇ، ئاپتوموبىل، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ باھاسى خېلىلا ئەرزان ئىكەن. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدە ئەينى چاغدا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «Panasonic25» ماركىلىق تېلېۋىزورنىڭ باھاسى 7500 يۇەن ئەتراپىدا تۇراتتى، بۇ يەردە پەقەت 4000 يۇەن خەلق پۇلىغا (سودىدا خەلق پۇلىنىمۇ ئىلىۋېرىدىكەن، بىراق 1.25 يۇەننى بىر شياڭگاڭ دوللىرىغا سۇندۇرىدىكەن. سۇندۇرۇش باھاسى كۈنىگە مىڭ ياڭزا ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن) بۇنداق تېلېۋىزورنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. تويغۇدەك بىر ۋاخلىق غەربچە تاماق يېسىڭىز (ئىككى چۇجە كاۋپى، بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ، تۆت قوشۇق خام كۆكتات، بىر پىيالە قەھۋە) 80 ــ 90 دوللار تۆلەيدىكەنسىز. چايدا پىشۇرۇلغان بىر تۇخۇم بەش دوللار ئىكەن. ياخشىراق بىر قاچىلىق تەييار چۆپنىڭ باھاسى 14 دوللار ئىكەن. قىزىق يېرى، بىر ئاخشىمى كوچىدا كېتىۋېتىپ بىر كىشىنىڭ پىشۇرۇلغان كۆكۋاش سېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە قىزىقىپ بىر تال سېتىۋالماقچى بولدۇم. كېيىن بىلسەم، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا سېتىلىدىغان كۆكۋاشتىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بىر تال كۆكۋاشنى 10 دوللار تۆلەپ سېتىۋالدىم.

بىراق، سانائەت ماللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەكنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدىغان باھا ئەمەس ئىكەن. باھا كارتۇشكىسىدا ناھايىتى يۇقىرى باھا يېزىلغان بىلەن جۇڭگوچە باھا تالاشقاندا 30 پىرسەنت، 40 پىرسەنت، ھەتتا 50

پىرسەنت چۈشۈرگىلى بولىدىكەن. داڭلىق ماركىلارنىڭ بولسا باھاسى تۆۋەن بولىدىكەن. ھەرقانچە تالاشقان بىلەنمۇ بىكار ئىكەن.

4. ئالىي دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان ماگىزىنلار بىلەن ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان دۇكانلار رايون تەرىقىسىدە ئايرىپ تاشلىنىدىكەن. جيۇلۇڭدىكى جيەنشازۈي ئەتراپلىرىغا ئالىي دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان ماگىزىنلار مەركەزلەشكەن بولسا، يەر ئاستى پويىز بېكىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، تۆت بېكەت نېرىسىغا جايلاشقان ۋاڭجياۋ، يۇمادى ئەتراپلىرىدا ساپلا ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان كىچىك دۇكان ۋە يايمىلار مەركەزلەشكەنىكەن. بۇنداق دۇكان ـ يايمىلاردا مودىدىن قالغان ماللار، يالغان ماركا چاپلانغان ناچار ماللار، يەر ئاستى زاۋۇتلىرىدا ئىشلەپ چىقىلغان ماركىسى يوق ماللار سېتىلىدىكەن. بۇنداق ماللارنىڭ باھاسى خېلىلا ئەرزان بولغاچقا، نامراتراق كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىدىكەن، بەزى ئاق تەنلىك، قارا تەنلىكلەرمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىدىكەن. بۇ يەردىكى ماللار چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە يېقىن تۇرىدىغىنى ئۈچۈن، چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەنلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن. بىزمۇ بۇ بازاردىن (نامدا «ئاياللار بازىرى» دېيىلىدىكەن) كۆڭلەك، مايكا، سومكا دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق.

5. شياڭگاڭ بازارلىرىدا سېتىلىدىغان مېۋە ـ چېۋىنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، باھاسىنىڭ قىممەتلىكى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرسا كېرەك. شياڭگاڭنىڭ ئۆزىدىن مېۋە چىقمىغان بىلەن، بۇ يەردە مېۋە ـ چېۋىنىڭ ھەرقانداقى تېپىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېخىدىن ئەمدىلا ئۈزۈلگەندەك سۈپەتلىك، يېڭى ئىكەن.

ئىراقنىڭكىمىكىن دەپ پەرەز قىلدۇق، بىر ئانارغا 20 دوللار باھا قويۇلۇپتۇ، بىر قوغۇن 100 دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. ئالمىنىڭ بىرى بەش دوللارغا سېتىلىدىكەن. قارا ئۈزۈمنىڭ بىر جىڭى 20 نەچچە دوللار ئىكەن. ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرگىنى شۇ بولدىكى، بىر يايمىغا كورلا نەشپۈتى ۋە تيەنجىن يالى نەشپۈتىنى بىر دۆۋە ــ بىر دۆۋىدىن دۆۋىلەپ قويۇپتۇ، بىر دۆۋىسىنىڭ باھاسى 10 دوللار ئىكەن. بىر دۆۋىسىدە كەم دېگەندىمۇ ئۈچ كىلوگرام نەشپۈت بار ئىكەن. بۇ باھانى ئۈرۈمچىدە سېتىلىۋاتقان باھا بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ خېلىلا ئەرزان دېگەن گەپ. بۇ سودىدا شياڭگاڭ سودىگەرلىرى زىيان تارتىۋاتامدۇ ياكى بىز زىيان تارتىۋاتامدىمىز، بىلگىلى بولمايدۇ.

شياڭگاڭ بازارلىرىنى قامدىغان سەي ــ كۆكتاتلارنىڭ 90 پىرسەنتى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلتۈرۈلگەچكىمۇ، باھاسى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بىز سەي ــ كۆكتات بازىرىنى مەخسۇس ئىزدەپ بېرىپ باھا بىلەن تونۇشتۇق ۋە بۇ خۇلاسىنى چىقاردۇق.

بىز تونۇشقان باھا ۋە ئىستېمال سەۋىيىسى ۋاڭ خېنىمنىڭ «ئەقەللىيسى، ھەر ئايدا 10 مىڭ دوللارلىق مۇقىم كىرىمى بولمىغان ئادەم شياڭگاڭدا ياشايمەن دېمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلايدىكەن.

## 7. جيەنشازۇي، دېڭىز ــ ئوكيان باغچىسى ۋە باشقىلار

ھەر كۈنى تۈن پەردىسى يېپىلىشى بىلەن تەڭ جيۇلۇڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان جيەنشازۇي رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى بىلەن جەننەتتەك گۈزەل ۋە سىرلىق تۈسكە كىرىدىكەن. ئالاھازەل ئىككى ــ ئۈچ كىلومېتىر كەڭلىكتىكى دېڭىز سۈيى

يۈزىدە چىراغ ۋە ئېلان چىراغلىرىنىڭ نۇرى جىلۋە قىلىدىكەن. دېڭىزنىڭ قارشى تەرەپ قىرغىقىدىكى تاغ ۋە تاغ باغرىدىن تار - تىپ تاغ چوققىسىغىچە زىچ جايلاشقان بىنالارنىڭ چىراغلىرى كۆزگە ئېنىق تاشلىنىدىكەن. دېڭىز يۈزىگە شولا تاشلاپ تۇرغان غايەت زور ئېلان چىراغلىرى يىراق - يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇ - رىدىكەن. بۇ ئېلانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ياپونىيىنىڭ «سونىي»، «خىتاچى»، «پاناسونىك»، «فۇشى»، «كونىكا» قاتارلىق مەشھۇر ماركىلىرى ئىگىلەيدىكەن. ئامېرىكىنىڭ «كوداك» قاتار - لىق ئېلانلىرى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئېلانلىرىمۇ ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ قالىدىكەن. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ «999» ئېلانى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان چەت ئەل ئېلانلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتا يورۇپ تۇرۇپتۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇ بىر - دىنبىر ئېلان چىرىغىمۇ ئۆتكەن يىلى ئورنىتىلغانىكەن. بۇنىڭ - دىن جيەنشازۇي رايونىدا بىر كىشىلىك ئېلان ئورنى ئىگىلەشنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلغا توختايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مانا شۇنداق سودا ئېلانى مەركەزلەشكەن ۋە كېچىلىك سەيلە مەركىزى بولغان بۇ جايدا كۈندۈزلىرى ئانچە كۆپ ئادەم بولمايدىكەن. كەچ كىرىشى بىلەن تەڭلا شياڭگاڭ ئاھالىلىرى ۋە سايا - ھەتچىلەر بولۇپ، توپ - توپ كىشىلەر بۇ يەرگە قاراپ ئاقىدى - كەن. دېڭىز بويىدىكى مەرمەر تاش يېيىتىلغان تەكشىلىككە جايلاشتۇرۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئېلىشىپ، ئىچ - چىملىك ئىچىدىغانلىرى ئىچىملىك ئىچىشىدىكەن، سۈرەتكە چۈشىدىغانلىرى سۈرەتكە چۈشىدىكەن، مۇھەببەتلىشىدىغانلىرى بىمالال مۇھەببەتلىشىۋېرىدىكەن. بىز ھەر ئاخشامنى دېگۈدەك جيەنشازۇيدە ئۆتكۈزدۇق. كەچ سائەت 9 - 10 لاردا، كېچە سائەت بىر - ئىككىلەردە كېلىپ ياتتۇق. نەتىجىدە تاكى تاڭ يورۇغىچە

بۇ يەردىن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى كۆردۇق.

بۇ قولتۇقنىڭ تەكشىلىكىدە كىچىك - كىچىك يۆتكىمە دۇكانلار ۋە تەييار تاماق ساتىدىغان بوتكىلار بار ئىكەن. لېكىن، بۇ يەردە كېچىلىرى سېتىلىدىغان ماللار كۈندۈزلۈك بازار باھاسىدىن خېلىلا ئۆرە بولىدىكەن. مەن كۈندۈزلۈك بازاردا 20 دوللارغا سېتىلىدىغان «كوداك» ماركىلىق بىر فوتو پلېيونكىنى كېچىسى بۇ يەردىن 30 دوللارغا سېتىۋالدىم.

«دېڭىز - ئوكيان باغچىسى» نى شياڭگاڭدىكى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدىكەن. شياڭگاڭ ئارىلىدىكى كىچىكرەك كەلگەن بىر قۇرۇقلۇق باغچىسىدىن قالسا، بۇ باغچە يەنە بىر ئىستىراھەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئوكيان باغچىسى تاغ ۋە دېڭىزنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ بەرپا قىلىنغان بولۇپ، شياڭگاڭ زېمىنى بىلەن نىسبەتلەشتۈرگەندە كۆلىمىنى كىچىك دېگىلى بولمايدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ باغچىنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقىتمۇ ئازلىق قىلىدىكەن. باغچىنىڭ نامى باغ بولغان بىلەن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى باغچە بىلەن ئۇقۇم جەھەتتىن زور پەرقلىنىدىكەن. باغچىنىڭ نامىغا لايىق دېڭىز - ئوكيان بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن كۆڭۈل ئېچىش زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنىكەن. مەيلى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بولسۇن ياكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ كارامەتلىرى بولسۇن، ھەممىسىدە دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىكەن. ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىشلەنگەن زاللارغا دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى قويۇلۇپتۇ. يىرتقۇچ سۇ ھايۋىنى بولغان لەھەڭنى تونۇشتۇرىدىغان يەر ئاستى كارىدورىنىڭ ئاغزىمۇ يوغان بىر لەھەڭنىڭ ئاغزىغا ئوخشىتىلىپتۇ. لەھەڭلەر تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ

يېتىلگەنگە قەدەر بولغان تىرىك ئەۋرىشكىلەر پـولات ئەينەك ئىـ-چىگە قويۇلغان. بۇ كارىدورغا كىرگەن هامان لەھەڭنىڭ دەھشەت-لىك چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدىكەن ۋە كىشىنى ئىختىيـار-سىز سۈر بېسىپ كېتىدىكەن.

دېڭىز بىلەن تاغ تۇتاشقان تىك يارلىققا يول ياساش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئاسما كاجۇۋا (سېۋەت) يولى ياسىلىپ، پۈتـۈن باغچە تۇتاشتۇرۇلغانىكەن. بولۇپمۇ ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئويـ-نىتىلىدىغان يۇنۇس بېلىقى ۋە دېڭىز شىرى ئويۇنى ساياھەتچىـ-لەرنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىكەن. بۇ سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ئەقلىگە ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئادەم ھەيران قالىدىكەن.

بۇ باغچىدا يەنە ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى قوللىـ-نىلغان ئاسما شوتىسى، ئاسمان چاقپەلىكى، موللاقچى ماشىنـا، ئەگرى رېلىسلىق ۋاگون قاتارلىق ئويۇن جاھازلىرى بار ئىكەن، بالىلارمۇ، چوڭلارمۇ كۆڭۈل ئېچىپ، قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتـ-لەر بىلەن نېرۋىلىرىنى غىدىقلايدىكەن.

باغچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر تاغ جىراسىغا ناھايىتى چوڭ بىر تور ياسىلىپ، تور ئىچىگە تۇرلۇك ـ تۈمەن قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆلگىسىنى قويۇۋېتىپتۇ. سۈنئىي رەۋىشتە ۋۇجۇد-قا كەلتۈرگەن بۇ چەكلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا قۇش ۋە ھايۋانلار تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت جەرياننى بېشىدىن كەچۈرىدىكەن. ساياھەتچىلەر مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئەـ-مەل قىلىش شەرتى ئاستىدا تور ئىچىگە كىرىپ، ھايۋان ۋە قۇشلار بىلەن بىللە تاماشا قىلالايدىكەن.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ باغچىنىڭ ئىشىك بېلىتى قىممەترەك (150 دوللار) بولغان بىلەن، چوڭ ئىشىكتىن كىرىپلا كەتسىڭىز، قانداق زالنى ئېكسكۇرسىيە

قىلماڭ ۋە ئاسما كاجۇۋىغا چۈشۈپ بىرەر ـ ئىككى كىلومېتىر ـ
چە يول يۈرمەڭ، سىزدىن قايتا پۇل ئالمايدىكەن. بۇ تەرىپى ھەر ـ
بىر ئىشىكتە پۇل تاپشۇرىدىغان چوڭ قورۇقلۇق باغچىلىرى بىد ـ
لەن روشەن پەرقلىنىدىكەن.

مەن شياڭگاڭغا بېرىشتىن بۇرۇن، قايسىدۇر بىر تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسىنىڭ مەخسۇس فىلىم پروگراممىسىدا چوڭ قورۇق ـ
لۇقنىڭ مۇھىت ئاسراش، شەھەر قورۇلۇشى مۇتەخەسسىسلىرى
شياڭگاڭغا بېرىپ، شياڭگاڭدىكى ھاجەتخانىلار ئۈستىدە نەق
مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، دېگەن بىر خەۋەرنى كۆرگەند ـ
دىم. مۇتەخەسسىسلەر بۇ يەردىكى ھاجەتخانىلارغا ناھايىتى يۇقى ـ
رى باھا بەرگەنىكەن.

مەن شۇ تەسىراتىنىڭ تۈرتكىسىدە شياڭگاڭنىڭ يول بويلى ـ
رى، باغچىلار، ئاممىۋى سورۇنلىرىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى
خېلى تەپسىلىي كۆزەتتىم. ئەھۋال خۇددى ھېلىقى مۇتەخەس ـ
سىسلەرنىڭ يەكۈنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. شەھەرنىڭ
قەيىرىدە بولمىسۇن، ھاجەتخانىلار كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرد ـ
دىكەن، كېچىلىرى رەڭلىك چىراغ بىلەن يورۇتۇلىدىكەن. ھا ـ
جەتخانا ئىچى بولسا ئاساسەن داتلاشماس پولات ماتېرىياللىرى ۋە
نەپىس ئىشلەنگەن چىنە خىشلار بىلەن ياسىلىدىكەن. يورۇتۇش،
ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغانلىقى ئۈستىگە،
سېسىق پۇراقنى تۈگىتىدىغان، مىكروب ئۆلتۈرىدىغان دورا قو ـ
يۇلىدىكەن. خۇددى مېھمانخانىلارنىڭكىدەك ئاپئاق قول يۇيۇش
داسلىرى، قول قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئورنىتىلغانىكەن، قول يۇ ـ
يىدىغان سۇنىڭ جۈمىكى پۇت ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىكەن.
بىر ئورۇن ۋە بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىنى
كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى بولغان ھاجەتخانا

مەسىلىسى مانا مۇشۇنداق ياخشى ھەل قىلىنىپتۇ.

## 8. ۋەتەنگە تەلپۈنگەن يۈرەكلەر

بىز تىل مەسىلىسى ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى، شياڭگاڭ ئاھالىلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە پاراڭلىشالمىدۇق، لې-كىن شياڭگاڭ خەلقىنىڭ شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلى-دىغان ئاشۇ ئەھمىيەتلىك پەيتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلى-قى ئۆز - ئۆزىدىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىز شياڭگاڭدا چىقى-دىغان بەزى گېزىتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى سانىنىڭ ئەڭ بېشىغا رەڭ-لىك قىلىپ «شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغىنىغا بۈگۈن XX كۈن قالدى» دەپ بېسىلغانلىقىنى كۆردۇق. بەزى زاۋۇتلار تەتۈر ۋاقىت ھېسابلايدىغان ئېلېكترونلۇق ئۈستەل سا-ئىتى ياساپ چىقىپتۇ، بۇنداق سائەتتىكى رەقەم ھەر كۈنى بىردىن ئازلاپ بارىدىكەن.

بىز شياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا بىناسىدا ۋە باشقا جا-مائەت سورۇنلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق ۋە 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ بايراق خاتى-لىرىدا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقىنىڭ لەپىلدەيدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. يەنە شۇنىڭغا ئىشەندۇقكى، مەۋ-جۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىر پەۋقۇلئاددە رايونى تەرىقىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇسى بۇ قاي-ناق شەھەر ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشىكنى تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋېتىشىدە مۆلچەرلىگۈ-سىز مۇھىم رولىلارنى ئوينايدۇ.

# ۋەھىملىك ئۈچ سائەت

— جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسى ياشىسۇن



مۇناسىۋەت دائىرەمدىكى كىشىلەر ۋە سەپەرداش شاھىتلىرىم بىلىدۇكى، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت زىيارىتى ئاخىرلاشقان ئاخىرقى كۈن (1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) دىن ياپونىيە زىيارىتىگە قەدەم قويغان كۈن (1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) گىچە بولغان 12 يىل داۋامىدا مەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىشتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلىدىم. جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە، شىنجاڭدىن خاربىن، گۇاڭجۇغىچە، ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغىچە بولغان ھەرقانداق سەپەرنى پويىز ياكى ئاپتوموبىل بىلەن تۈگەتتىم. يول جاپاسىغا چىداپ ئۆتتۈم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

نېمە ئۈچۈن، دەپ سوئال قويغانلارغا بەزىدە «ئىدارىمىز كەمبەغەل، شۇڭا ئاز ـ تولا پۇل تېجەپ بېرەي دېدىم» دەپ چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردىم. ئەمەلىيەتتە، ئىدارىمىز بىر بېلەتكە كۆچى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە نامراتمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پروفېسسور دەرىجىسىدە ئۇنۋانىم بولغىنى ئۈچۈن كاماندىروپكا ۋە تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە ماڭا باش نازىر ئۆلچىمىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھۆججەتلىك ئىجازەت بېرىلگەن. بەزىلەرگە: «پويىزدا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ كەتتىم، مۇتلەق جىمجىتلىق ئىچىدە كەڭرەك تەپەككۇر قىلالايدىكەنمەن، مەخسۇس بۆلۈمدە ئولتۇرۇش ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشتىن راھەت» دېدىم. ئەمەلىيەتتە، ئايروپىلاندا تۆت سائەتتە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان مەنزىلگە پويىز بىلەن تۆت كېچە ـ كۈندۈزدە يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. تۆت كېچە ـ كۈندۈزلۈك پويىز سەپىرىنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنىمۇ پويىزدا ئولتۇرۇپ باققان ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

ئەمىسە، يەنە نېمە ئۈچۈن؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن گەپنى 1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن، يەنى كۇۋەيتتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد باشچىلىقىدىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆمرە ھەج قىلىش، دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئاخىرقى بېكەت ـــ كۇۋەيتتىن ئايرىلىدىغان كۈنى بولغاچقا، ئېلىمىزنىڭ كۇۋەيتتە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئەلچىخانا رېستورانىدا داغدۇغىلىق زىياپەت ھازىرلاپ، كۇۋەيت دۆلىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىرىنى ۋە ئۆمىكىمىزدىكىلەرنى كۈتۈۋالدى.

ئۆز ئەلچىخانىمىزدا ھازىرلانغان جۇڭگوچە (مۇسۇلمانچە) تاماق ۋەتىنىنىڭ تامىقىنى سېغىنغان ھەربىرىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە تەملىك تېتىدى، ھەر خىل قورۇمىلارنى مېھمانلارمۇ، ساھىبخانلارمۇ چوڭ ئىشتىھا بىلەن يېيىشتۇق. «ھەي، مۇشۇنداق زىياپەتتە بىرەر بوتۇلكا ھاراق بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دېيىشتۇق ھەربىرىمىز ئۆز ئىچىمىزدە. دەرۋەقە، كۇۋەيتتە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى بولغاچقا، ھاراق ـ شاراب چەكلەنگەنىدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كوللېكتىپ تۈردە كۇۋەيتكە ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئىشچىلىرىنىڭ كۇۋەيت چېگراسىدىن ھاراق ئېلىپ كىرىپ ۋە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ھاراق سېتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىمىزنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىدىنمۇ خەۋەردار ئىدۇق.

ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدە ياشراق بولغىنىم ئۈچۈنمۇ (شۇ چاغدا 34 ياشتا ئىدىم)، ياكى كاللامدىكىنى بىلىۋالدىمۇ، ئۆمىكىمىزنىڭ باش كاتىپى زىياپەتتە ئولتۇرۇۋېتىپ، بىلىكىمنى ئاستا نوقۇپ قويدى ۋە رېستوراننىڭ يەر ئاستىغا جايلاشقان

ئاشخانىسىغا قاراپ يول ئالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ غەربىزىنى ئاڭقارمايلا، زىيابەت ئەھلىنىڭ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ، باش كاتىپنىڭ ئىشارىتى بويىچە ئاشخانىغا چۈشتۈم. دەسلەپتە باش كاتىپنىڭ ماڭا تاپشۇرىدىغان بىرەر تاپشۇرۇقى بولسا كېرەك دەپلا پەرەز قىلغانىدىم. پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستاندا بولغان كۈنلىرىمىزدە ئۇ ماڭا بەزى ئۇششاق ئىشلارنى تاپشۇرۇپ تۇرغانىدى. مەنمۇ ئۆمەكنىڭ ئىشى بولغاندىكىن، دەپ بەجانىدىل بېجىرگەنىدىم.

ئاشخانىغا چۈشسەم، باش كاتىپ كىچىكرەك بىر ئۈستەل يېنىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. ئۈستەلدە بولسا تۆت قۇتا چىڭداۋ پىۋىسى تىزىقلىق ئىكەن. هاراق ياكى پىۋا ئىچمىگىلى بىر ئايغا يېقىن بولغاچقىمۇ، بۇ قۇتىلار كۆزۈمگە ئوتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. باش كاتىپنىڭ رۇخسىتى بىلەن مۇزلاش نۇقتىسىغا يېقىنلىشىپ قالغان سوغۇق پىۋىدىن ئىككى قۇتىنى (ئاسان ئاچقىلى بولىدىغان ئالیۇمىن قۇتا) بىرپەستىلا سۈمۈرۈپ بولدۇم ۋە يەنە زىيابەت مەيدانىغا يېنىپ چىقىپ، هېچنېمە كۆرمىگەندەك ئولتۇرىۋەردىم. يېنىپ چىققىلى 20 مىنۇتچە بولغاندا زىيابەتمۇ ئاخىرلاشتى. يۈك - تاقلىرىمىزنى ئالمان - تالمان يىغىشتۇرۇپ بولكىۋاي بىلەن كۇۋەيت ئايرودرومىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ئىچمىگىلى بىرەر ئايچە بولغاچقا ۋە ئىككى قۇتا پىۋىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتكەچكە، بولكىۋايغا چىقار - چىقمايلا بېشىم سەل پىرقىرىغىلى تۇردى. ئايرودرومغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. كېتىۋېتىپ ئايروپىلانغا قارىۋىدىم، كۆڭلۈم سەل بىر قىسما بولدى. چۈنكى، ئۆمىكىمىز ئولتۇرماقچى بولغان بۇ ئايروپىلاننىڭ دۋىگاتېللىرى خېلىلا قارىداپ كەتكەن، ئۇ يەر - بۇ يېرىنىڭ سىرلىرى ئاجرىغان، ئىشىكىنىڭ قىرلىرى قارىداپ

قالغاندى. بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى «بوئېن 707 » بەلگىلىك بۇ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بىلىشىمچە، ئامېرىكىنىڭ «بوئېن» شىركىتى «بوئېن 707 » بەلگىلىك ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرىشنى ئاللىبۇرۇن توختاتقان، ئۇنىڭ ئورنىنى «بوئېن 737 »، «بوئېن 747 » ۋە «بوئېن 767 » بەلگىلىك ئايروپىلانلار ئىگىلىگەنىدى. «707 » بەلگىلىك ئايروپىلانلار بەزى چەت ئەل ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىدە ئۇزۇن مۇساپىلىك لىنىيىلەردىن ئاللىبۇرۇن چەتلەشتۈرۈلگەنىدى.

نېمىلەرنى ئويلىماي ۋە نېمىلەرنى پەرەز قىلماي، ئۆمەكتىن ئايرىلىپ قېلىشقا، ئايروپىلانغا چىقماسلىققا ئامالسىز ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ، سەل دەرگۇماندا بولغان پېتى ئايروپىلانغا چىقىپ، ئۆمەك ئەزالىرى قاتارىدا ئايروپىلاننىڭ تۇمشۇق قىسمىغا جايلاشقان ئالاھىدە بۆلمىدىن ئورۇن ئالدىم. ئايروپىلان ئوغۇشلۇق كۆتۈرۈلدى، كۆتۈرۈلۈپ بىرەر سائەت ئۆتمەيلا يەر ـ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

ئايروپىلان كېچە ئاسمىنىدا گاھ دېڭىز ئۈستىدە، گاھ قۇرۇقلۇق ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچقان بولسىمۇ، ئازراقمۇ سىلكىنمىدى. ئۈچ سائەتكە يېقىن ئۇچۇپ كاراچى ئايرودرومىغا قوندى. يېرىم سائەتچە داۋاملاشقان ماي جىقلاش ئىشى تاماملانغان بولسىمۇ، ئايروپىلان ئۇچۇش يولىدا بىر سائەتچە تۇرۇپ قالدى. يولۇچىلارنىمۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈرمىدى. بۇ ھال كۆڭلۈمدىكى تەشۋىشنى ئاز ـ تولا ئۇلغايتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرغان يېرىمدە قىمىر قىلماي ئولتۇرىۋەردىم.

ھېكايەم بۇ يەرگە كەلگەندە بەزى سەزگۈر ئوقۇرمەنلەر بەلكى، ئايروپىلان بارلىق قاتناش ۋاستىلىرى ئىچىدە ئەڭ بىخەتەر

تۇرسا، ئايروپىلاننىڭ ئەھۋالىغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ، ئارتۇقچە تەشۋىشلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ سوراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

دۇرۇس، ئايروپىلان بارلىق قاتناش قوراللىرى ئىچىدە راستىنلا ئەڭ بىخەتەر نەرسە. بۇ نۇقتىنى، بۇ ھۆكۈمنى مەنمۇ ئېتىراپ قىلىمەن. بىراق، ھەر خىل مېتال ۋە مېتال قېتىشمىلىرىدىن تۈزۈلگەن، كىرسىن يېقىلغۇ قىلىنىدىغان بىرقانچە رېئاكتىپ دۋىگاتېلنى ھەرىكەت مەنبەسى قىلىدىغان بۇنداق بىخەتەر نەرسە توغرىسىدا يۈزەكى بىرنەرسە بىلىدىغىنىم ئۈچۈن ئاز ـ تولا قورقساممۇ قورققاندىمەن.

ھالبۇكى، 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، مەن ئەمدىلا بەش ـ ئالتە ياشلارغا كىرگىنىمدە، مەھەللىمىز ئاسمىنىنىڭ ناھايىتى ئېگىز يېرىدىن غارقىراپ ئۇچۇپ ئۆتكەن «بىخەتەر نەرسە»نى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە، ئەركىن قۇشتەك ئەركىن ئۇچالايدىغان بۇ نەرسىگە قىزىقىپ قالغانمەن.

شۇ قىزىقىش تۈپەيلى، بالىلىقىمدا ھويلىمىزنىڭ تاملىرىغا مىخلاپ ئايروپىلان رەسىمىنى سىزىۋەتكەن بولسام، بالىلىق دەۋرىمنىڭ ئاخىرلىرىدا مېخانىكا، دىنامىكا، ئايرودىنامىكا، تېرمودىنامىكا ئىلمىگە ھەۋەس بىلەن ئىنتىلىشكە باشلىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى ۋە «يۈز مىڭ نېمە ئۈچۈن» دېگەن كىتابلاردىن ئايروپىلاننىڭ كۆتۈرۈلۈش، ئۇچۇش، قونۇش قانۇنىيەتلىرىدىن، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلاردىن دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولدۇم. كىتابتا كۆرسىتىلگىنى بويىچە پروبىللېر ياساپ ئۇچۇرۇپ، پورشېن ماتورلۇق ئايروپىلاننىڭ سۈرگۈچى كۈچى ھاسىل قىلىش پرىنسىپىنى ئەمەلدە ئىسپاتلىدىم. ئايروپىلان مودېلىنى ياساپ، مودېلنىڭ ئىك-

كى قانىتىغا ئوت پۈركۈگۈچى پوجاڭزا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مودېلنى 200 نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇرۇپ، رېئاكتىپ دۋىگاتېللىق ئايروپىلاننىڭ ئىتتىرگۈچى كۈچ ھاسىل قىلىش پرىنسىپىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندۇم.

60 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، يۇقىرىقى قىزىقىشلىرىمغا ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسمۇ قوشۇلدى. فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، مېدىتسىنا پەنلىرىگە بولغان ھەۋەسىم ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسىم بىلەن پاراللېل ھالدا تەرەققىي قىلىۋەردى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى يامان ئەمەس تاماملاپ، بەش يىلغا يېقىن دېھقانچىلىق قىلغاندىن كېيىن، 1972 ـ يىلى كۈزدە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. ئارزۇيۇمغا لايىق، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم.

ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇش جەريانىدىمۇ تەبىئىي پەنلەرگە، بولۇپمۇ مېخانىكا، دىنامىكا پەنلىرىگە بولغان ئىزدىنىشىم ئاساسەن ئاجىزلاشمىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي شارائىتىمنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ «ئاۋىئاتسىيە بىلىملىرى»، «خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە» قاتارلىق ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولدۇم. خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا چىقىدىغان بۇ ژۇرناللار ئاۋىئاتسىيە، ئايروپىلان بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ قۇرۇلمىلىرى، ئۇچۇش پرىنسىپى قاتارلىقلار تەپسىلىي سۆزلىنەتتى. بۇ ئىككى ژۇرنال كېيىنچە تەھرىر بۆلۈمى نامىدىن مۇشتەرى بولغان «ئۇچار تەخسە ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن قوش ئايلىق ژۇرنال بىلەن قوشۇلۇپ، مېنىڭ دائىملىق ھەمراھىمغا ئايلاندى. ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى ئالدىراش

بولمىغان چاغلاردا، ئاخشاملاردا بۇ ئۈچ ژۇرنالنى، يەنە ئايروپىلان، ئاۋىئاتسىيىگە ئائىت ماقالىلەر بېسىلىپ تۇرىدىغان «بىلىم - كۈچ» قاتارلىق ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان، ئوقۇغاندىمۇ مەقسەتلىك هالدا ئوقۇيدىغان بولدۇم.

بۇ ژۇرناللاردا پورشېنلىق ۋە رېئاكتىپ دۋىگاتېللارنىڭ ئىش پرىنسىپى، ئايروپىلاننىڭ تۈزۈلۈشى، ئاۋىئاتسىيە تارىخى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغاندىن ئۆزگە، تارىختىن بۇيانقى ئايروپىلان ۋەقەلىرى، ئايروپىلان ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى ماقالىلەرمۇ بېسىلىپ تۇراتتى. ئايروپىلان ۋەقەلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋە قونۇۋاتقان 19 مىنۇت ئىچىدە يۈز بېرىدىغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان «قارا 19 مىنۇت»، «قورقۇنچلۇق 17 مىنۇت» دېگەندەك ئوچېركلارمۇ تونۇشتۇرۇلاتتى. ئاۋىئاتسىيە تارىخىدا يۈز بەرگەن گەۋدىلىك ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبلىرى ئىنچىكە تەهلىل قىلىناتتى.

بۇنىڭدىن «ئايروپىلان بىخەتەرلىك كوئېففىتسېنتى ئەڭ يۇقىرى قاتناش قورالى، ئەمما مۇتلەق بىخەتەرمۇ ئەمەس» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

دۇنيادا مۇتلەق نەرسە بولمىغىنىدەك، مۇتلەق بىخەتەرلىك مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولمىغىنى ئۈچۈنلا، ئايروپىلان ۋە هاۋا قاتنىشىدا بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىلىدۇ.

— يېڭى تىپلىق هەرقانداق ئايروپىلان ئەتراپلىق لايىهىلەنگەندىن كېيىن، بۇنداق ئايروپىلاننىڭ مودېلى ياسىلىپ «شامال ئۆڭكۈرى»دە سىناق قىلىنىدۇ. ئايروپىلاننىڭ ئىقتىدارىغا ئائىت مىڭلاپ سانلىق مەلۇماتلار ئاشۇ سىناق جەريانىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

— ئايروپىلاننىڭ قۇيۇش، پرىسلاش، سوقۇش، قىرىش ئارقىلىق ياسالغان ھەربىر دېتالى رېنتگېن نۇرى ياكى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق ئىچكى تۇزۇلمە جەھەتتىن قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ.

— ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇشنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

— ئايروپىلان ئۇچۇش لىنىيىسىدە ئۇچۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئايروپىلان زاۋۇتلىرى ئىز قوغلاپ سۈپەت تەكشۈرۈشنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويمايدۇ.

— ئايروپىلان ۋەقەلىرى يۈز بەرگەندە، ۋەقەنىڭ مەشغۇلات خاتالىقى تۈپەيلى پەيدا بولغانلىقىنى ياكى مېخانىك كاشىلا تۈپەيلى يۈز بەرگەنلىكىنى، كاشىلا قەيەردىن چىققانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئايروپىلانلارغا «قارا قۇتا» ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ قوماندانلىق مۇنارى بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىدىن تارتىپ، ئايروپىلاننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغىچە «قارا قۇتا» تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ھەممە خادىملار تالاپەتكە ئۇچرىغان ۋە ئايروپىلان كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تەكشۈرگۈچىلەر يۇقىرى بېسىم ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداشلىق بىرەلەيدىغان بۇنداق «قارا قۇتا» نى تېپىۋالالايدۇ. «قارا قۇتا» دىكى خاتىرىلەرگە، سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى تاپىدۇ. ئايروپىلاننىڭ لايىھە خاراكتېرلىك نۇقسانلىرىنى تۈزىتىدۇ.

— ئايروپىلاننىڭ بىخەتەرلىكى مۇتلەق بولمىغىنى ئۈچۈنلا ئايروپىلاندا ھەر خىل مۇداپىئە تەدبىرلىرى كۆرۈلىدۇ. ئاسان كاشىلا كۆرۈلىدىغان ۋە بۇ كاشىلا چوڭ تالاپەتكە ئېلىپ بېرىشى

مۇمكىن بولغان مۇھىم ئاپتوماتىك قۇرۇلمىلارغا قول بىلەن ھە-رىكەتلەندۈرىدىغان زاپاس قۇرۇلما سەپلىنىدۇ.

— يولۇچىلارغا سۇ ئۇزۇش - لەيلىتىش كىيىمى سەپلەپ بېرىلىدۇ. ئورۇندۇقلاردا بىخەتەرلىك تاسمىسى بولىدۇ. رەسمىي ئىشىك ۋە بىخەتەرلىك ئىشىكلىرىگە مەخسۇس سىيرىلما شوتا (يەل بېرىلىدىغان) ئورنىتىلىدۇ.

1904 - يىلى ئامېرىكىلىق لات ئاكا - ئۇكا ئايروپىلان يا-ساپ تۇنجى قېتىم ھاۋا بوشلۇقىدا ئەركىن پەرۋاز قىلغاندىن باشلاپ، ھازىرغىچە بولغان سەل كەم بىر ئەسىر داۋامىدا ئايرو-پىلان كونسېرى تاكامۇللاشقان، ئېلېكترون دەۋرىدە ئايروپىلان قۇرۇلمىسىغا ئەڭ يېڭى يۇقىرى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەت-بىقلانغان، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاش يولغا قويۇ-لۇپ، رادار بىلەن كۆزىتىش، رادار بىلەن يول كۆرسىتىش بىر-قەدەر ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئايروپىلانىڭ تالاپەتكە ئۇچراش ئېھتىماللىقى يەنىلا ھېسابقا ئېلىنىدۇ.

بەزى ئايروپىلان ۋەقەلىرى شۇ ئايروپىلاننىڭ كاشىلىسى يا-كى شۇ ئايروپىلاننى ھەيدىگەن ئۇچقۇچىنىڭ، يول باشلىغۇچىنىڭ مەشغۇلات جەھەتتىكى سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى باش-قا ئايروپىلانلارنىڭ، باشقا ئۇچقۇچىلارنىڭ، ھەتتا ئالدىنى ئالغى-لى بولمايدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولۇپ-مۇ قالىدۇ.

مەسىلەن، 80 - يىللارنىڭ بېشىدا كورىيىنىڭ 5000 دىن ئارتۇق يولۇچى ئولتۇرغان «بوئېن 747 » بەلگىلىك ئايروپىلانى ھاۋا رايىنىڭ ئوساللىقى سەۋەبلىك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ سىبىرىيە ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىپ قالغان. ئاخىرىدا سوۋېت ھاۋا فلوتى بۇ ئايروپىلاننى «ھاۋا بوشلۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى» دې-

گەن گۇمان بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق ئېتىپ چۈشۈرگەن.

— 90 - يىللارنىڭ بېشىدا 300 دىن ئارتۇق يولۇچى باسقان كورىيە ئايروپىلانى ياپونىيە ئايرودرومىدا ۋەقەگە ئۇچرىغان. مۇتەخەسسىسلەر «قارا قۇتا» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئايروپىلان ئۇچقۇچىسىنىڭ مەشغۇلات سەۋەنلىكى تۈپەيلى «سۈرئەتنى يوقىتىش» سەۋەبىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئېنىقلانغان. تەھلىلچىلەرنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، ئۇچقۇچى ئايرودروم ئۈستىدە پەسلەيمەن دەپ، قانداقتۇر بىر تەپكىنى خاتا بېسىۋەتكەن ۋە ئايروپىلان تېزلىك بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، «سۈرئەتنى يوقاتقان».

— 80 - يىللاردا پاكىستان ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ بىر چوڭ ئايروپىلانى بىر دېڭىز قۇشىنىڭ رېئاكتىپ دۋىگاتېلىنىڭ ھاۋا شورىغۇچىسىدىن كىرىپ كېتىشى بىلەن دۋىگاتېل تۇيۇقسىز توختاپ قېلىپ، چوڭ تالاپەت كېلىپ چىققان.

— ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ پارىژ ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلگەن بىر يولۇچىلار ئايروپىلانىغا ئوتتۇرا شەرقلىق تېررورچى ئۇنسۇرلار بومبا قويۇپ قويغان، بۇ بومبا ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلاپ، ئايروپىلان خادىملىرى ۋە يولۇچىلارنىڭ ھېچقاندىقى ساق قالمىغان.

— جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ بىر ئايروپىلانى گۇاڭجۇ ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈۋېتىپ، ئۇچۇش يولىدا خاتا توختىتىپ قويۇلغان يەنە بىر ئايروپىلانغا سوقۇلۇپ كەتكەن. بەختكە يارىشا، ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى ئېغىر بولمىغان…

بۇلار ھاۋا قاتنىشى تارىخىدا كەمدىن - كەم كۆرۈلگەن ئەھۋال بولسىمۇ ۋە ئومۇملۇقتا ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، پەلسەپە

قائىدىلىرى بويىچە قارىغاندا، ئومۇملۇق ئايرىملىقتىن تەركىب تاپىدۇ. ئايرىملىق ئومۇملۇق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئايروپىلان ئەڭ بىخەتەر قاتناش ۋاسىتىسى دەپ قارالغاندىمۇ ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولسىمۇ، ھەربىر ئەقىللىق مۇتەخەسسىس ئايروپىلاندا ۋەقە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ.

مەن 1983 ـ يىلىغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەردە ئىشلەپ چىقىرىلغان 20 نەچچە خىل ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ خېلى ـ خېلى سەپەرلەرنى تۈگەتكەن بولساممۇ، ئايروپىلاندىن ھەزەر ئەيلەش تۇيغۇسى مەندە 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا باشلانغانىدى. ھەر نۆۋەت ئايروپىلان شوتىسىغا يېقىنلاشقان چېغىمدا ئىچىمدە: «مۇشۇ قېتىم ساق ـ سالامەت يەرگە چۈشسەملا، ئىككىنچى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرمايمەن» دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. بارىدىغان يەرگە يېتىپ بېرىپ يەرگە چۈشكەندە بولسا: «مانا ھېچ ئىش بولمىدىغۇ، كېلەر قېتىم ئولتۇرساممۇ يەنە ھېچ ئىش بولماس» دەيتتىم. بۇ ھال ئالتە ـ يەتتە يىل ئىچىدە تەكرارلىنىپلا تۇرغانىدى.

1985 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچ سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە پاكىستان ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن ئايرىلغاندىمۇ شۇنداق ئويلاردا بولغانىدىم...

ھېكايىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، كۈۋەيتتىن كەلگەن ئايروپىلان كاراچى ئايرودرومىدا ماي جىقلاپ بولۇپ نېمىشقىدۇر بىر ـ رەر سائەتچە توختىتىۋالغاندىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ ۋاقتى بىلەن كەچ سائەت 9 لاردا بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى. ئۇچقاندىمۇ شۇنداق

سىلىق ئۇچتىكى، ئەگەر ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەسكە قارىمى-غىنىمدا، ئايروپىلان يەنىلا كاراچى ئايرودرومىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدىكەنمەن.

بىراق، ھەممە ئىش مېنىڭ ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەسكە قارىشىم بىلەن ئاشكارىلاندى.

ھېچ مەقسەتسىزلا پەسكە قاراۋېتىپ، مەلۇم چوڭ ياكى ئوت-تۇرا شەھەرنىڭ كوچا چىرىغى بولسا كېرەك، 10 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن خۇددى ئارغامچىدەك كۆرۈنگەن بىر تال يورۇق تۈز سىزىقتىن كېسىپ ئۆتكەنلىكىمىزنى سەزدىم. بۇ كاراچى ئاي-رودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ 40 نەچچە مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىت ئىدى. ئارىلىقتىن 20 نەچچە مىنۇت ئۆتتۈۋىدى، ئايروپىلان سول تەرەپ-كە سەل قىيسايدى، بۇ ھال مەندە، ئايروپىلان سول تەرەپكە بۇرۇ-لۇپ، ھاۋا لىنىيىسىنى توغرىلىدى دېگەن ئوينى پەيدا قىلدى. بۇ ئەلۋەتتە نورمال ئەھۋال ئىدى.

بىراق، تۇۋەنگە يەنە بىر قېتىم قارىۋىدىم، خۇددى بايىقى-دەكلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر يورۇق سىزىقتىن كېسىپ ئۆتىۋې-تىپتىمىز. شۇغىنىسى، بۇ سىزىقنىڭ ئۇزۇن تەرىپى ئەمدى ئوڭ تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ قاپتۇ.

مەن ئوچۇق ھاۋادا ئېنىق كۆرۈنۈۋاتقان چىراغلارغا قاراپ تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن ھەمراھلىرىمغا: «ئايروپىلان كەي-نىگە قايتىپ كېتىۋاتىدۇ» دېۋىدىم، ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈچى كەلمىدى، ئايروپىلان كۆرۈنەرلىك قىيسىيىپ، سەل سىلكىنگە-لى تۇرۇۋىدى، ھەمراھلىرىممۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. دىققە-تى بىر يەرگە يىغىلىپ، كۆزلىرى چوڭايدى. خۇددى كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغاندەك، ئاياغلىرىنى تىرەپ، ئو-رۇندۇقلىرىغا كەينىچە چاپلاشتى. بەزىلەر بۇ ئالامەتلەرگە پىسەنت

قىلمىغاندەك، خاتىرجەم ئولتۇرىۋەردى.

ئايروپىلان باشلىقىنىڭ ئايروپىلاننىڭ ئۇستۇن قەۋىتىگە جايلاشقان كونترول بۆلۈمىدىن بىز ئولتۇرغان ئالاھىدە بۆلۈمگە چۈشۈپ كېلىشى ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ- نىڭ سۆزى بولسا «بۇنداق قىيسىيىش ۋە سىلكىنىش بەلكى نور- مال ئۇچۇش دائىرىسىدىكى ئىشتۇر، ئېھتىمال بۇنى بىز خاتا چۈشىنىپ قورقۇۋاتقاندۇرمىز» دېگەن تەسەللىگە تەۋە ھۆكۈمى- مىزنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىككى تەرىپىگە ساپا قويۇلغان ئالاھىدە بۆلۈمنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تەمكىن ئاھاڭ بىلەن:

— ئايروپىلانىمىزدا ئازراق كاشىلا كۆرۈلۈپ قالدى، ھازىر كاراچى ئايرودرومىغا قايتماقچى بولۇۋاتىمىز، خاتىرجەم بو- لۇڭلار، ئايروپىلاننى بىخەتەر قوندۇرۇشقا ئىشەنچىمىز كامىل، — دېدى ۋە ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ تاشلىشىمىزنى، بىخەتەرلىك تاسمىسىنى مەھكەم باغلاپ، بېشىمىزنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈ- كىگە چىڭ چاپلىشىمىزنى، ئالىقانلىرىمىز بىلەن گەجگىمىزنى چاڭگاللىۋېلىشىمىزنى ئۆتۈندى.

ئىش مانا شۇنىڭ بىلەن باشلاندى، يوشۇرۇن قورقۇنچ ئاش- كارا تۇس ئالدى، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى چۇلغىۋالغان ۋەھىمە بىردىنلا چىرايلارغا تېپىپ چىقتى.

بۇ چاغدا ئايروپىلاننىڭ كۆۋەيتتىن قايتقان سىچۇەنلىك خەلق ئىشچىلىرى تولۇپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا بۆلۈمىمۇ روشەن قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى. ئىككىنچى قەۋەتتىن چۈشۈۋاتقان ۋە چىقىۋاتقان ئايروپىلان خادىملىرىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى.

كىملەردۇر ئالدىراش كېتىۋاتقان خادىملارنى توسۇۋېلىپ كاشىلىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، كاشىلىنى ئوڭشاش- نىڭ ئامالى بار - يوقلۇقىنى سورىغىلى باشلىدى.

ئايروپىلان خادىملىرى شۇنداق دېدىمۇ ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىدىمۇ ۋە ياكى ئۆزى تاپقان گەپمۇ:

— ئايروپىلاننىڭ سۇيۇقلۇق بېسىمى پومپىسىدىن چاتاق چىقىپتۇ، — دېدى بىرەيلەن ھودۇقۇپ تۇرۇپ.

— سۇيۇقلۇق بېسىمى پومپىسى؟

مەن شۇم خەۋەر يەتكۈزگۈچىنىڭ سۆزىنى ئىختىيارسىز تەكرارلاپ سالدىم.

ساۋاتى بارلارغا مەلۇمكى، چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلاردا سۇيۇق بېسىم پومپىسى، ھاۋا پومپىسى، ماي پومپىسى، سىلىقلىغۇچى ماي پومپىسى، سۇ پومپىسى دېگەندەك پومپىلار بولىدۇ.

چوڭ تىپتىكى رېئاكتىپ ئايروپىلانلار ئادەتتە يەر يۈزىدىن 10 نەچچە كىلومېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچقاچقا، بۇنداق ئېگىزلىكتە ئاتموسفېرا بېسىمى تۆۋەن، ئوكسىگېن شالاڭ بولىدۇ. ئايروپىلان ھاۋا پومپىسىغا تايىنىپ ئايروپىلاننىڭ ئىچكى بېسىمىنى ئاشۇرىدۇ، ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەيدۇ (5000 مېتىردىن تۆۋەن بوشلۇقتا ئۇچىدىغان ئايروپىلانلاردا بۇ جەرياننىڭ ئانچە ھاجىتى يوق). ئەگەر ھاۋا پومپىسىدىن چاتاق چىقىپ قالسا، ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىشىغا ۋاقىت ھەرھالدا يار بېرىدۇ. رېئاكتىپ دۋىگاتېل ئۇچۇن ھاۋا پرېسلاپ بېرىدىغان ھاۋا پومپىسى ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا.

ماي پومپىسى ھەرقانداق ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم سەپلىمە، شۇنداقلا رېئاكتىپ دۋىگاتېل ئۇچۇنمۇ ئەڭ مۇھىم ھېسابلىنىدىغان بىر ئەزا. ئەگەر ماي پومپىسىدىن چاتاق چىقسا، چاتاق چىققان پومپىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان زاپاس ماي پومپىسى بولمىسا، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ماتور توختاپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بىر دۋىگا-

تېلغا بېردىن ماي پومپىسى سەپلەنگەن دەپ قىياس قىلساق، چوڭ تىپتىكى ئايروپىلاننىڭ بىرقانچە دۋىگاتېل تەڭ توختاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھالدا ئۇچقۇچى تەجرىبىلىك بول-سىلا ۋە ئېگىز تاغلارغا دۇچ كېلىپ قالمىسىلا، قالغان دۋىگاتېل-نىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئايروپىلان ئېگىزلىكىنى پەسەيتىپ، يې-قىن ئەتراپتىكى ئايرودروملارغا ئۇچۇپ بارالايدۇ. چوڭ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

سۇ پومپىسى چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلارنىڭ سۇغا ئېھتى-ياجلىق بۆلەكلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سۇيۇق بېسىم پومپىسى شۇنداق بىر نەرسىكى، ئۇ ۋاستىد-چى سۇيۇقلۇقنى پرېسلاپ، بېسىمغا چىداملىق قاچىغا ياكى بىۋاستە ئېھتىياجلىق بۆلەكلەرگە يوللاپ بېرىدۇ. يۇقىرى بې-سىمغا ئىگە بۇنداق سۇيۇقلۇق ھىملانغان سىلىندىر ئىچىدىكى پورشېنلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇش ئارقىلىق، ئايروپىلاننىڭ مۇھىم بۆلەكلىرىنى، يەنى ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇق قىسمىدىكى ۋېرتىكال قاناتقا مۇقىملاشتۇرۇلغان رولىنى، ئايروپىلان كۆتۈرۈلگەندە ۋە تۆۋەنلىگەندە ئايروپىلان قانىتىنىڭ ھاۋا ئېقىمى بىلەن ئۇچرى-شىدىغان دائىرىسىنى كېڭەيتىش ـ كىچىكلىتىش رولىنى ۋە بۇ-لۇڭنى كىچىكلىتىش ـ چوڭايتىش رولىنى ئۆتەيدىغان قوشۇم-چە قانىتىنى، چاقنى چىقىرىش ۋە يىغىۋېلىشنى، چاقنى تور-مۇزلاش ۋە قويۇپ بېرىشنى باشقۇرىدۇ. ئايروپىلاننىڭ سۇيۇق بېسىم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان يەنە باشقا بۆلەكلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەڭ يامىنى، «ئايروپىلاننىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدىن چاتاق چىقىپتۇ» دېگەن بۇ خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئوتتۇرا ۋە ئارقا بۆلۈمدە ئولتۇرغان 200 نەچچە خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىغا

تارقىلىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئايروپىلان باشلىقى دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن يولۇچىلارنى تەرتىپ ساقلاشقا چاقىردى ۋە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تولغان سۆز قىلدى. بىراق، بۇ سۆز بۇ كىشىلەرگە ھېچقانچە ئۈمىد ياكى ئىشەنچ ئاتا قىلالمىدى. بەزىلەر بۇ سۆزنى خاتا چۈشىنىپ «ئەھۋال چاتاق بولمىسا ئۇلار ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بىزگە تەسەللى بېرەمتى» دېيىشتى.

ئادەملەر ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە دۈچ كەلگەندە ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۆز تەبىئىتىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىمدىغان گەپ ئەمەس. بەزىلەر سالماق تەبىئىتىنى ئىپادىلىسە، بەزىلەر ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىكەن.

ئايروپىلاننىڭ ئالاھىدە بۆلۈمى بىلەن ئوتتۇرا بۆلۈمى ئارىلىقىدا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇ بوشلۇققا كۈۋەيتتىن قايتىپ كېلىۋاتقان خەلق ئىشچىلىرىنىڭ يۈك ـ تاقلىرى قويۇلغانىكەن. ھېلىقى خەۋەر تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوتتۇرا بۆلۈم ئالدى بىلەن قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. خەلق ئىشچىلىرى بىردىنلا ئورنىدىن قوزغىلىپ، جەينەكلەشكەن، ئىتتىرىشكەن پېتى يۈك ـ تاق بۆلۈمىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى ـ دە، سومكىلىرىنى، بوغچىلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى...

«ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا» دېگەندەك ئىش يۈز بەردى. سەپەرداشلىرىنى، دوستلىرىنى دەسسەپ چەيلەپ يۈرۈپ يۈك ـ تاقلىرىنىڭ قايغۇسىدا قالغانلار ناۋادا ئايروپىلان چۈشۈپ كەتسە، يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ساق قالمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ يۈك ـ تاققا ئېھتىياجى چۈشمەيدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارغاندەك قىلاتتى.

بۇ پاتىپاراقچىلىق ئاران ـ ئاران ئۈچۈۋاتقان ئايروپىلانغا

ئەجەللىك زىيانلارنى ئەكېلەتتى. ئەگەر ئارقا تەرەپتىكى 200 نەچچە ئادەم ئالدى تەرەپكە يۆتكىلىشىرىدىغان بولسا، ئايروپىلان تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتماي قالمايتتى. تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئايروپىلان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

بۇ ۋەقە ئايروپىلان خادىملىرىنى چۆچۈتۈۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خەلق ئىشچىلىرىغا قائىدە بويىچە نەسىھەت قىلدى، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، تەڭپۇڭلۇق يوقىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتتى. ئەمما، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان ياكى ھېچقانچە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بولمىغان بۇ كىشىلەر تەڭپۇڭلۇق دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى زادى ئۇقمىغاندەك، ئايروپىلان خادىملىرىنى سۆز ـ توقاي قىلىپ، نىيىتىدىن زادى يانمىدى.

قانداق قىلىش كېرەك، بىر توپ كىشىلەرنى ئۆز جېنىغا ۋە ئۆزگىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشىغا، دۆلەت مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرىتىشىغا قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟

مەن يۇقىرىقىلارنى ئويلىدىم. مۇھىمى، ئىنساندا بولىدىغان قوغدىنىش ئىقتىدارى بويىچە، ئۆزۈمنىمۇ ئويلىدىم. ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم ـ دە، ئاۋازىمنىڭ بارىچە «ساقلا جان كېرەكمۇ يا مال كېرەكمۇ؟» دەپ توۋلىدىم. ئادەتتە ئانچە يۇقىرى چىقمايدىغان ئاۋازىم بۇ دورەم ئايروپىلان دۈنگاتېلىنىڭ ئاۋازىنىمۇ بېسىپ كەتتى. ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلمىغان ئىككى نەپەر «ياغاچ قۇلاق» نىڭ گەدىنىگە كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى سالدىم.

بۇ تەدبىرىم شۇ ھامان ئۈنۈم بەردى، سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان مەندەك بىر كىشىنىڭ غەزەپكە كېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئايروپىلان خادىملىرى قوللىنالمايدىغان تەدبىرنى قوللى-

نىشى چۆچۈتتى بولغاي، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا كەينىگە داجىدى.

بۇ چاغدا، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى تېخىمۇ بىنورمال بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. تۇرۇپ بەزگەك بولۇپ قالغاندەك تىترەيتتى، تۇرۇپ لاسسىدە تۆۋەنگە چۆكەتتى. ئوڭ تەرەپتىكى دۋىگاتېلنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ، قورقۇنچلۇق چىرقىرايتتى. مەن بولسام ئايروپىلان بىلەن بىللە ماڭىدىغان باش مېخانىكتىنمۇ بەكرەك ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، قايسىبىر دۋىگاتېلنىڭ ئىشتىن توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئايروپىلاننىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلاتتىم. دۋىگاتېلنىڭ ئاۋازىنى زەن قويۇپ تىڭشايتتىم.

بىر مەزگىللىك ۋەھىمىدىن كېيىن، ئادەم يەنە قورقماس بولۇپ قالىدىكەن. بولىدىغان ئىش بولغاندىكىن، كەلگەننى كۆرەرمەن دېگەن ئوي قورقۇنچنى يوق قىلىدىكەن.

دېمىسىمۇ، ئىلاج قانچە، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئايروپىلانغا باغلىق، ئايروپىلاننىڭ تەقدىرى ئايروپىلان گورۇپپىسىغا، يەنە تەقدىرگە باغلىق بولىدىغان ئىش بولۇۋاتىدۇ، ئايروپىلاننى توختات، مەن چۈشۈۋالاي دېگىلى بولامتى ياكى ئايروپىلان گورۇپپىسىدىكىلەر ئايروپىلاننى ھاۋادا توختىتىپ قويۇپ رېمونت قىلالامتى؟

ئايروپىلاندا چايقىلىۋېرىپ يۈرىكىمىز قېتىپ كەتتى. ھازىر ئايروپىلاندا ئولتۇرۇۋاتامدۇق يا يەردىمۇ، ھازىر بىز قايسى ئەلنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا، ئارىلىقتىن قانچە سائەت ۋاقىت ئۆتتى، سائەت قانچە بولدى دېگەنلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق، خۇددى قىمىر قىلساقلا تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ئايروپىلان موللاق ئاتىدىغاندەك، ھەرىكەتسىز، گەپ ـ سۆزسىز ئولتۇرۇۋەردۇق.

دەسلەپتىكى ئەندىشەم شۇ بولدىكى، ئۇ چاغلاردا پاكىستاننىڭ قوشىنىسى بولغان ئافغانىستاندا ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. ئەگەر سۇ-يۇقلۇق بېسىمى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئايروپىلاننىڭ رولى ئىشلىمىسە، ئايروپىلان باشقۇرۇشقا بويسۇنماي ئافغانىستان هاۋا تېررىتورىيىسىگە كىرىپ قالسا، ئەسەبىيلەشكەن سوۋېت-لىكلەر باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ كۈنۈپكىسىنى بېسىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ 2 ـ، 3 ـ ئايدىن بۇيانقى مەلۇ-ماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كۈنلەر بىرقانچە يۈز يىلدا بىر كۆرۈ-لىدىغان ئاسمان هادىسىسى پەيدا بولىدىغان، يەنى قۇياش سىس-تېمىسىدىكى بىرقانچە پلانېتا بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كېلىپ، ئالەملىك تارتىلىش كۈچىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدىغان پەيتلەر ئىدى. ئەگەر ئاسترونوملارنىڭ مۆلچەرى توغرا بولسىلا، بۇنداق هالەت يەر شارىغىمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى پە-رەز قىلىنغانىدى. شۇنداق هادىسە يۈز بەرسە، قۇياش سىستېمى-سىدا، جۈملىدىن يەر شارىغا يېقىن يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرگەن كىچىك ئاسمان جىسىملىرى ئوربىتىدىن چىقىپ كېتىپ يەر شارى تەرەپكە ئېقىپ كەتسە، ئۇنى ئاتموسفېرا قاتلىمى كۆيدۈرۈپ تۈگىتەلمىسە...

كاشىلا چىققانلىقى مەلۇم بولغاندىن بۇيان قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغلاردا ئايروپىلان سىرتىدىن يامغۇر ئاۋازىدەك شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئايروپىلان ئەينىكىدە يامغۇر تامچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تامچىلار كۆرۈندى.

ـــ ئايروپىلان هازىر ماي تۆكۈۋاتقاندەك قىلىدۇ، ماي تۆ-كۈۋاتقان بولسا، ئەرەب دېڭىزى هاۋا بوشلۇقىغا كېلىپ قالغان بولىمىز، ـــ دېدىم مەن هەمراھلىرىمغا پەس ئاۋازدا.

ئەرەب دېڭىزى ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگىنىمىز ئۈچۈن يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى. چۈنكى، بىز ئۈچ سائەت بۇرۇن ئايرىلغان كاراچى شەھىرى دەل ئەرەب دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئىدى.

ئايروپىلان راستىنلا ماي تۆكۈۋاتقاندەك قىلاتتى. مەلۇم تاسادىپىي ئەھۋال ئاستىدا، بولۇپمۇ ئايروپىلان مەجبۇرىي قونماقچى بولغاندا، چوقۇم ئارتۇقچە ماينى تۆكۈۋېتىشى كېرەك ئىدى. تۆككەندىمۇ، قائىدە بويىچە شەھەر ـ قىشلاقنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئەمەس، دېڭىز بوشلۇقى، چۆل دېگەندەك ئادەمسىز رايونغا تۆكۈۋېتىشى لازىم ئىدى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، دىنامىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە ئىنېرتسىيىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى ماددىنىڭ ماسسىسى (ئېغىرلىقى)، ھەرىكەت مىقدارى قاتارلىقلارغا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئارتۇقچە ماي تۆكۈۋېتىلىپ، ئايروپىلاننىڭ ماسسىسى (ئېغىرلىقى) كىچىكلىتىلسە، ئايروپىلاننىڭ قونغان چاغدىكى ئىنېرتسىيىسىمۇ كىچىك بولاتتى. ئىنېرتسىيە بىلەن سۈرئەت ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشسە، چاق چۈشۈرۈلگەن، تورمۇز خىزمىتى نورمال بولغان ئەھۋال ئاستىدا، يۈگۈرۈش يولى ئۆلچەمدىكى تۆت كىلومېتىر ئەمەس، ئۈچ كىلومېتىر، ھەتتا ئىككى كىلومېتىر بولغان تەقدىردىمۇ ئايروپىلان يۈگۈرۈش يولىنىڭ ئاخىرقى چېكىدىن چىقىپ كەتمەيتتى. ھالبۇكى، تورمۇز بېسىمى يوق ياكى تۆۋەن بولغان شارائىتتا، ئىنېرتسىينى تۆۋەنلىتىش بىخەتەرلىككە ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلە ئىدى. يەنە كېلىپ ئايروپىلاندا ماي ئاز بولغاندا، تاسادىپىي ۋەقە يۈز بېرىپ قالسىمۇ ئايروپىلانغا ئاسانلىقچە ئوت كەتمەيتتى.

يارىلانغان قۇشتەك لەپەڭلەپ قالغان ئايروپىلاننىڭ كاراچى

هاۋا بوشلۇقىغا كەلگەنلىكى ھەممە خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلى-كىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئايروپىلان يەنە چاقلىرىنى چۈشۈرۈ-شى، دېگەن ۋاقىتتا تورمۇزلىنىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، چاقنى چىقىرىش ۋە تورمۇزلاش سۇيۇقلۇق بېسىمى بىلەن ئەمەل-گە ئاشۇرۇلىدىغان مۇھىم ئىككى مەشغۇلات تەرتىپى ھېساب-لىناتتى.

ئايروپىلان ئەرەب دېڭىزىنىڭ شىمالىي بوشلۇقىدا، يەنى كاراچى ھاۋا بوشلۇقىدا ئەگىپ يۈرگەن چاغدا تۆۋەنلەۋاتقانلىقى سەۋەبلىك، ئايروپىلان دۈڭگاتېلىنىڭ ئاۋازى خېلىلا پەسلەپ قال-غانىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولۇچىلار ئايروپىلانىڭ تۆۋەنلە-كى ئوڭۇشلۇق مەشغۇلاتلىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، كاراچى ئايرودرومىغا يېقىنلاپ قالغىنىدىن، ئامان قالىدىغانلىقىغا شارا-ئىت يارىتىلغىنىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئايرىم يولۇچىلار زامان ۋە ماكان ئۇقۇمىنى يوقىتىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ماغدۇرسىزلانغان ھالدا يېتىشاتتى. سەل غەيرەتلىكرەكلىرى خۇددى ئۇمىد چىرى-غىنى ئىزدىگەندەك، ئايروپىلان دېرىزىسىگە چاپلاشقان پېتى كې-چە ئاسمىنىغا سەپسالاتتى. ئۇلار ئارىسىدا ھوشىدىن كەتكەنلىرد-نىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. تۇرقىدىن قارىغاندا «ئاسمان ئۆرۈ-لۈپ چۈشسە، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەپتۇ» دېگەندەك، سومكىلى-رىنى قۇچاقلاپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقانلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى…

كىمدۇر بىرى «قاراڭلار، ئەنە چىراغ» — دېۋىدى، مەن شۇ ھامان تۆۋەنگە قارىدىم. ئايروپىلان ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدە لەيلەپ يۈرگەن نېپىز بۇلۇت قاتلىمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈۋىدى، تۆۋەندە قاتار كەتكەن چىراغلار كۆرۈندى. بۇ تەبىئىي-كى، ئايروپىلانىڭ قونۇش يولىنى كۆرسىتىدىغان چىراغلار ئى-دى. قىزىل - يېشىل چىراغلار توختىماي لىپىلدايتتى.

ئايروپىلان ئېھتىيات بىلەن تۆۋەنلەۋاتاتتى، ئايرودروم ئەتراپىدىن ئايلىنىۋېتىپ، دەم ئۇ تەرەپكە، دەم بۇ تەرەپكە ئۆتەتتى. بۇرۇلۇۋېتىپ، كۆرۈنەرلىك تۈردە قىيسىياتتى.

ئايروپىلان تۆۋەنلىگەنسېرى ئايرودرومدىكى چىراغلار شۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئايروپىلاننىڭ ئايرودروم ئۈستىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن يولۇچىلار ھاياجانلىق كەيپىيات ئىچىدە كۈلۈمسىرەيتتى، ھېچ ئىش بولمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەندەك ۋە ئۆزلىرى قورقۇپ باقمىغاندەك: «دېمىدىمىمۇ، ھېچ ئىش چىقمايدۇ دەپ، مانا قاراڭلار، ئەمدى قورقماسسىلەر» دەيتتى.

ئۈچ سائەتتىن بېرى ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە زۇلمەتتەك قاراڭغۇ كېچە قوينىدا چايقىلىۋېرىپ ئەسەبلىرىم جىددىيلىشىپ كەتكىنى ئۈچۈنمۇ، مېنى بىردىنلا ھاردۇق باسقاندەك بولدى. ئايروپىلاننىڭ چاقلىرى قانداق چۈشۈرۈلىدۇ دېگەن سوئال كاللامدىن كەچكىنىدە يەنە سەگەكلىشىپ كەتتىم. بىلەتتىمكى، چاق چۈشمەي قالسا، ئايروپىلان چاقسىزلا شۇڭغۇپ قورسىقىنى سېمونت يول ئۈستىگە چاپلاپ سىيرىلىشقا مەجبۇر ئىدى. دۇنيا ئاۋىئاتسىيە تارىخىدا چاق چۈشمىگەن شارائىتتا چاقسىز سىيرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مىساللار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت يەنىلا تەڭ مەۋجۇت ئىدى.

ئۆتكەلنىڭ يەنە بىرى، ئايروپىلان چاقىنى قانداق تورمۇزلاش بولۇپ ھېسابلىناتتى. چاقنى جىددىي تورمۇزلاش ئۈچۈن ھەردكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى دەرھال ئۈزۈپ تاشلىغاندىن ئۆزگە، ئىككى قاناتنىڭ كەينى تەرىپىگە جايلاشقان قوشۇمچە قاناتنى ئايروپىلان قانىتى بىلەن 90 گرادۇس بولۇڭ ھاسىل قىلغۇچە

تىكلەشتۇرۇپ، قارشىلىق پەيدا قىلىش زۆرۈر ئىدى. بىراق، قوشۇمچە قاناتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا سۇيۇقلۇق بېسىمىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، ئايروپىلاندىكى ئەڭ چوڭ چاتاق دەل ئۇنىڭ بېسىم ھاسىل قىلغۇچى پومپىسىدا ئىدى. خەتەردىن قۇتۇلدۇق دەپ تەنتەنە قىلىشۋاتقانلار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرچە «بالدۇر خۇشال بولۇپ» كېتىشۋاتاتتى. تەقدىرىمىزنىڭ تىزگىنى ئايروپىلان گورۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان بولۇپ، پەقەت كامالەتكە يەتكەن تېخنىكىلىق تەدبىرلا بىزنى قۇتۇلدۇرالايدىغان بىردىنبىر «تەڭرى» ھېسابلىناتتى.

ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم ئايروپىلان روجىكىدىن تۆۋەنگە نەزەر سالسىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىۋالالايتتى. تۆۋەندە قونۇش يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە 20 — 30 چە ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى قورقۇنچلۇق چىراغلىرىنى لاپ ـ لاپ قىلىپ ياندۇرۇپ تۇرۇشاتتى. بۇ ئاپتوموبىللار بۇ يەرگە ئويۇنغىلى ئەمەس، بەلكى ئوت ئۆچۈرگىلى، يارىلانغانلارنى توشۇغىلى كەلگەنىدى.

ئايروپىلان لاسىدە تۆۋەنلەپ ئۇچۇش ـ قونۇش يولىغا قاراپ جىددىي شۇڭغۇۋىدى، ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە يۆلىنىپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، بىر چاغلاردا دۆنگاتېلىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىغىنىنى، ئايروپىلاننىڭ خۇددى بۆشۈكتەك تەۋرىگىنىنى، كۈچلۈك ئىنېرتسىيە كۈچى دۈمبەمنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قاتتىق چاپلىۋەتكىنىنى ھېس قىلدىم. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىنېرتسىيە يۆنىلىشىدە يەنە ئۆزگىرىش بولدى، ھەممىمىز خۇددى كەينىمىزدىن بىرى ئىتتەرگەندەك ئالدىمىزغا ئېتىلدۇق، خۇداغا شۈكۈر، پەقەت بىخەتەرلىك تاسمىسىلا بىزنى

باش ـ كۆزىمىزنى يېرىۋېلىشىمىزدىن، ھەتتا ئېغىرراق ئاقىۋەت-كە دۇچار بولۇشىمىزدىن ساقلاپ قالدى!

ئايروپىلان شۇڭغۇۋاتقاندا مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەپەرداش-لىرىم ۋە مەن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئاقىۋەتنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆزلىرىمىزنى يۇمۇۋېلىش-قاندۇق. دۈگىلىتېلىنىڭ چىرقىرىشىمۇ، ئايروپىلاننىڭ تەۋرىنى-شىمۇ توختىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن كۆزىمىزنى ئېچىپ ئەتراپىمىزدىكىلەرگە قارىدۇق، چىرايىدىن قان قاچقان ئادەملەر بۇتتەك قېتىپ قېلىشقانىدى، بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك، زۇۋان سۈرمەيتتى. تاشقىرىدا بولسا ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىدىن چې-چىلغان سۇ ئايروپىلان سىرتىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئاپئاق ماغزاپ يۇمىلاق روجەكتىن توختىماي سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى.

بىز سۇ چېچىلىپ ھارارەت چۈشۈرۈلگۈچە، يوشۇرۇن خەۋپ ئۆتۈپ كەتكۈچە بولغان 40 مىنۇتنى ئايروپىلان ئىچىدە ئۆتكۈزدۇق، ئايروپىلان ئىشىكىگە، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ـ چۈشۈۋاتقان خىزمەتچىلەرگە يېلىنغان نەزەردە قارىساقمۇ ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىدى. گۆر جىمجىتلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل سۈكۈنات بېشىمىزنى تۈگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرد-ۋەردى.

توپتوغرا 40 مىنۇت ئۆتكەندە ئايروپىلان ئىشىكى شىپپىدە ئېچىلىپ، بىر خىل يورۇقلۇق ـــ ھاياتلىقنىڭ ئۈمىدى بولغان بىر خىل يورۇقلۇق ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىردى، خېلىدىن بېرى مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلگەن، جانىنىڭ نەقەدەر تاتلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بۇ تەلەيلىك كىشىلەر خۇددى ئۈچۈرۈم بولغان قۇش

بالىسىدەك تاشقىرىغا قاراپ ئېتىلدى.

دەل شۇ ئەسنادا ھېلىقى تونۇش ئايروپىلان باشلىقى ئايرو-پىلاندىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاۋىئاتسىيە فورمىسى كىيگەن بىرقانچە خادىممۇ ئايروپىلان باشلىقىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ياشىسۇن جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسى !

— پاسىبانلىرىمىز ياشىسۇن !

بىرقانچە يولۇچى قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ۋارقى-رىۋەتتى. باشقىلارمۇ ئايروپىلان باشلىقىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇ-رۇپ ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۇرۇشتى. بىرمۇنچىلارنىڭ كۆزلىرى-دىن خۇشاللىق يېشى تۆكۈلدى. بۇ چاغدا ئايروپىلان باشلىقىنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىشىش، ئۆتۈنۈش ئالامەتلىرى تامامەن يوقال-غانىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئەمدى پەقەت غالىبلارنىڭ چىرايىدىلا بولىدىغان مەردانە كۈلكە ئەكس ئېتەتتى...

راست، كېيىنكى ئاڭلىغانلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ بۇ قەھرىمانلىرى يولۇچىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقىرىپتۇ، ئەسلىدە ئايروپىلاننىڭ چاقلىرىنى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر زاپاس قۇرۇلما بار ئىكەن. بۇ خادىملار چاقنى تامامەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ چى-قىرىپتۇ. قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدىغانلىكى ئۈسكۈ-نىلەرنى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ. ئۈچ سائەتچە ھەپىلى-شىش، يۇكسەك تېخنىكىۋى ماھارەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئار-قىلىقلا ئايروپىلاننى بىخەتەر ھالدا يەرگە قوندۇرۇپتۇ. يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئايروپىلان قونغاندا، قونۇش يولىنىڭ ئا-خىرقى چېكىدىن چىقىپ كەتكىلى بىرنەچچە ئون مېتىرلا قالغا-نىكەن.

## بەزىبىر ئويلار

ماقالىمىزدە قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئادەم ھايات ـ مامات دوقمۇشىغا دۇچ كەلگەن چاغدا ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۆز تەبىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرىدىغان گەپ ئىكەن. مىجەز ـ خۇلقىدا داۋالغۇش يۈز بېرىپ، ھەممىدە ئۆز ئەسلىنى تاپىدىكەن. قىزىق يېرى، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە، غىدىقلىشىغا بولغان ئىنكاسمۇ ھەر ئادەمدە ھەر خىل بولىدىكەن.

ۋەھىمىلىك ئۈچ سائەت ئىچىدە، مەن ئۆمەك باشلىقىمىز ئىسمايىل ئەھمەد بىلەن يانمۇيان دېگۈدەك ئولتۇرۇپ چىقتىم. ئايروپىلان پەسكە قاراپ شۇڭغۇۋاتقاندا بولسۇن ياكى كۈچلۈك تېۋرىنىۋاتقاندا بولسۇن، ئىسمايىل ئەھمەد باشتىن ـ ئاخىر تەمكىن، سالماق بولۇپ كەلدى. پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ھالىتىگە دىققەت قىلىپ، ئاقىۋەتنى قىياس قىلىۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ قىزىق ـ قىزىق چاقچاقلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى. يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بۇنداق تەمكىنلىكىنى كۆرۈپلا يۈرىكىم جايىغا چۈشكەن، بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىمدىن خىجىل بولغان چاغلىرىممۇ بولدى.

بولۇپمۇ ئەتىسى، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچقۇرۇن ئايروپىلاننىڭ رېمونت قىلىنىپ بولغانلىقىنى، يەنە شۇ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كېچىلەپ بېيجىڭغا قاراپ ئۇچىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلىغىنىمدا، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. كاراچىدىن ئۇچۇپ 40 مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا چاتاق چىققان ئايروپىلاندا سەككىز سائەتلىك ئۇزاق يولدا يەنە چاتاق چىقماي قالارمۇ، دېگەن

ئويدا ئىسمايىل ئەھمەدكە:

— پامىر تاغلىرىنىڭ قارى ئېرىپ بولغۇچە مۇشۇ يەردە تۇ-رۇپ تۇراي، قار ئېرىپ يول ئېچىلغاندا كالا هارۋىسى بولسىمۇ تېپىپ خونجىراپ بىلەن قايتىپ كېتەرمەن، — دېدىم.

بۇ گېپىمنىڭ يېرىمى راست، يېرىمى چاقچاق بولسىمۇ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ماڭا چىرايلىق گەپلەر بىلەن تەسەللى بەردى. ئايروپىلاندىن چاتاق چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىشەن-چەمنى ئاشۇردى.

ئايروپىلان هاۋادا خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك لەيلەپ يۈرگەن چاغلاردا، يېنىمدا ئولتۇرغان چوڭ ياشلىق بىرەيلەننىڭ بىغەم هالدا:

— بوپتۇ، قورققاننىڭ نېمە پايدىسى، پېشانىمىزگە پۈتۈل-گىنىنى كۆرەرمىز، يا ئۆلەرمىز، يا تىرىلەرمىز، — دېگىنى ۋە مېنىڭ قوپاللىق بىلەن:

— سىلەر مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ياشايدىغاننى ياشاپ بول-دۇڭلار، ئۆلسەڭلارمۇ ئارمانىڭلار يوق، مەن بولسام ئەمدىلا 30 نەچچە ياشقا كىردىم. خوتۇن ـ بالىلىرىم بار، ئۆلسەڭلار سىلەر ئۆلۈڭلار، مەن ياشىشىم كېرەك، — دېگىنىم يادىمدا.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد بۇ گېپىمنىڭ چوڭ ياشلىق ھەم-سەپەرلەرگە ئېغىر كەلگەنلىكىنى، ئۇلارغا بۇنداق قوپال گەپلەرنى قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى يۈزۈمگە قويۇپ ماڭا تەنقىدىي نە-سىھەت قىلدى. چوڭلارنى رەنجىتىپ قويغانلىقىمنى شۇ هامان گەدىنىمگە ئېلىپ تۈزىتىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. جاننىڭ قې-رىغىمۇ، ياشقىمۇ تاتلىق ئىكەنلىكىنى شۇ هامان يادىمغا ئالدىم.

بەلكى ئۇيغۇرنىڭ بولمىسا كېرەك، قايسىدۇر بىر مىللەتنىڭ «ئۇرۇش تۇگىسە قەھرىمان كۆپىيىپتۇ» دېگەن بىر تەمسىلى بار

ئىكەن. ئايروپىلان ئۈچ سائەتلىك مۇشەققەتلىك سەپەرنى بېسىپ، يەرگە سالامەت قونغاندىن كېيىن ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، نۇرغۇن كىشىلەر «جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسى ياشىسۇن» دەپ شوئار توۋلاشتى. بەزىلەر چاقچاق قىلدىمۇ يا راست دېدىمۇ «مەن پالانى سۈرىنى مۇنچە قېتىم ئوقۇۋىدىم، ئايروپىلان سالامەت يەرگە قوندى» دېگەنلەرمۇ بولدى. بەزىلەر ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ئۆز پارىڭى، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى.

مەن شۇ چاغلاردا ۋە كېيىنكى كۈنلەردە «بەزىدە بىلگەندىن بىلمىگەن، كۆرگەندىن كۆرمىگەن، ئاڭلىغاندىن ئاڭلىمىغان ياخشىمۇ، نېمە» دەپ ئويلاپمۇ قالدىم.

1973 ـ يىلى مەن تۇنجى قېتىم خوتەن ـ ئۈرۈمچى ئاردسىدا ئايروپىلاندا ئولتۇرغانىدىم. مەن ئولتۇرغان ئايروپىلان زامانىۋى يول باشلاش ئۈسكۈنىسى، رادارلىق قونۇش ـ ئۇچۇش سىستېمىسى ۋە «بوئېن 737 » بەلگىلىك ئايروپىلاندا بار بولغان نۇرغۇن نەرسىلىرى بولمىغان، ئاران 27 كىشىلىك ئورۇندۇقى بار ئايروپىلان بولسىمۇ، ئايروپىلان ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىم سەۋەبلىك، پەقەت قورقۇش ھېس قىلمىغانىدىم. بىخەتەرلىك مەسىلىسى خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى.

بەزى بىمارلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەجەللىك كېسلى بارلىقى بىمارغا ئۇقتۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ياكى بىمار مېدىتسىنا جەھەتتە تامامەن بىلىمسىز بولۇپ، كېسلىنىڭ ئەجەللىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، كۆپىنچە بىمارلارنىڭ كېسلى ئانچە تېز ئېغىرلىشىپ كەتمەيدۇ. بەزىدە مۆجىزە يۈز بېرىپ، ساقىيىپمۇ قالىدۇ. ئۆز كېسلىنىڭ ئەجەللىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھەم بىلەلەيدىغان بىمارنىڭ

ئەھۋالى كۆپىنچە ھاللاردا بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

دەپ كەلسەك، گەپنىڭ قىزىقى بۇ يەردە.

ئۆمىكىمىزدە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان بىر خۇيزۇ يولداش بار ئىدى. ئۇنىڭ يېشى 80 لەرگە تاقاپ قالغان بولۇپ، مەككىدە ساپا بىلەن مەرۋە تاغلىرى ئارىسىدا يۈگۈرگەندىمۇ باشقىلارنىڭ كۆتۈرۈشىگە تايانغانىدى. ئايروپىلان باشلىقى ئايروپىلاندىن چاتاق چىققانلىقىنى ئېلان قىلغاندىمۇ، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە، ئۇ پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. ئايروپىلان ئىچى تازا پاتىپاراق بولغاندىمۇ، ئۇ ھەيران قالغۇدەك تەمكىنلىكنى ئىپادىلىدى. ئولتۇرغان ئورنىدا قىمىرمۇ قىلماي كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان پېتى ئولتۇرىۋەردى. كاراچى ئايرودرومىغا قايتىپ كەلگىنىمىزدىن كېيىن ئۇ ھەمراھلىرىدىن: بېيجىڭغا يېتىپ كەلدۇقمۇ، — دەپ سورىدى.

ئايروپىلان يەرگە قونغاندىن كېيىن دەسلەپتە «مەن قورقمىدىم، ئۇ قورقتى، ئۇ قورقتى، مەن قورقمىدىم» دېيىشتۇق. ئاخىرىدا ھېچكىم قورقمىغان بولۇپ چىقتى. ھېچبولمىغاندا مەندىن ئۆزگىلەرنىڭ ھېچقاندىقى قورقمىدى. كېيىنكى پاراڭلارغا قارىغاندا، قورقمىدىم دېگەنلەرمۇ ئانچە ـ مۇنچە قورقماي قالمىدى. دېگەندىمۇ، بىزنىڭ ئاشۇ مويسىپىتىمىزنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمىغانلىقى راست ئىدى. ئىككى قۇلىقى ئېغىر، كۆزلىرى ئانچە روشەن بولمىغان بۇ كىشى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغىنى ۋە كۆرمىگىنى ئۈچۈنلا ھېچنېمىدىن قورقمىغان. جانغا ئېكەك سالىدىغان ئۈچ سائەتلىك جان قايغۇسىنىڭ سىرتىدا قالغانىدى.

# «سەپەر تەسىراتلىرى» دىن كېيىنكى تەسىرات

يۇقىرىقى ماقالىلىرىمنىڭ خاتىمىسى ھېسابلانمىش بۇ ماقالەمگە دەسلەپتە «ئاخىرقى تەسىرات» دەپ ماۋزۇ قويماقچى بولدۇمىيۇ، سەل ئويلىنىۋېلىپ قەلىمىمنى چىپپىدە توختاتتىم. سەۋەبى، «ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كېتىشىدىن» ئەندىشە قىلدىم. نېمە ئۈچۈن دەمسىلەر؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەزكۇر ماقالىلەر ساياھەت خاتىرىلىرىمنىڭ ئاخىرقى ماقالىلىرى بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، زىيارەتلىرىم چەت ئەلگە قىلىدىغان زىيارەتلىرىمنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالمىسا دېگەن ئۈمىدتىمەن.

دەرۋەقە، بۇ ماقالىلەرنى ئوقۇغانلار بەلكى پېشانەمنىڭ «ئوڭ»، كۆرگىنىمنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە ھەۋەس قىلىشار، بەلكى 10 نەچچە يىل ئىچىدە خېلى كۆپ دۆلەت ـ ئەلنى كەزگىنىم ئۈچۈن مېنى تەبرىكلىشەر. لېكىن، شۇ نەرسە ئايانكى، شۇنچە كۆپ ئەلنى كەزگەن بولساممۇ، بىر موللاق بىلەن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا بارالايدىغان سۇن ۋۇكۇڭ بىرقانچە موللاق ئېتىپ تۇرۇپمۇ ساكيامۇنىنىڭ ئالىقىنىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنگە ئوخشاش، مەنمۇ تېخى ئاسىيا قىتئەسىدىن چىقىپ كېتەلمىدىم. بۇ ھال پەقەت چەكلىكلا دائىرە ئىچىدە ھەرىكەت قىلغىنىمنى، دۇنيا ئەھۋالىنىڭ تېخى نەچچە مىڭدىن بىرىدىن خەۋەردار بولغىنىمنى، باشقا قىتئەلەرنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ئاسىيا دائىرىسىدىلا مەن كۆرمىگەن، ئۆگەنمىگەن دۆلەتنىڭ نەچچە ئونغا يېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ياخشى تىلەك ـــ يېرىم دۇنيا» دېگەن ئىكەن كونىلار، تېنىم ساق، تەقدىرىم ئامان بولسىلا مېنى يەنە چەت ئەلگە چىقالمايدۇ، سا-

ياھەت خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلالمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ياخشى تىلەك دېگەن مۇشۇ، زىيارەت خاتىرىلىرىمنى ئاخىرقى زىيارەت خاتىرىسى دەپ ھېسابلاشتىن ھەزەر ئەيلىگىنىمنىڭ سەۋە-بىمۇ دەل مۇشۇ !

ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ بەزى ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشاش، چەت ئەلگە چىققانىنى چوڭ بىلمەيدىغانلارنىڭ بىرىمەن. كېتەرلىك تەڭگە، بىرەر پارچە چاقىرىق، قانۇنىي پاسپورت بولسىلا چەت ئەل دېگەنگە چىقىپ كېتىۋېرىدىغان گەپ. ھەتتا بەش سەزگۈسىنىڭ ھەننىۋاسىدىن ئايـ-رىلغان بوۋاي ـ مومايلارمۇ، بەش سەزگۈسىنىڭ بىرقانچىسى يېتىلـ-مىگەن بوۋاقلارمۇ، ھەتتا ساراڭ ـ گومۇشلارمۇ چىقىۋېرىدىغان گەپ. تارىخىمىزدا، يولدىن ئېزىپ قېلىپ، باشقىلارغا قېتىلىپ قې-لىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. يەنىمۇ چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلساق، چەت ئەل دېگەنمۇ يوغان نەرسە ئەمەس، ئۇ يەردى-مۇ يەر پەستە، ئاسمان ئېگىزدە، قۇياشمۇ، ئايمۇ بىزدىكىدىن پەرق-لەنمەيدۇ، ۋاقىت پەرقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە، ئۇ يەردى-مۇ ئوخشاشلا تاڭ ئاتىدۇ، كەچ كىرىدۇ. تېرىسىنىڭ رەڭگىنى دېمى-گەندە، ئادەملىرىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىمۇ بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش، بىزنىڭمۇ، چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ۋاقتىمىز ئاساسەن ئوخشاش...

بىراق، جاھان ئوخشاشلىق بىلەنلا تولغان ئەمەس، ئوخشىماس-لىق ئىچىدىمۇ ئوخشاشلىق بولغىنىدەك، ئوخشاشلىق ئىچىدە ئوخ-شىماسلىق مەۋجۇت. ئاڭلاش، كۆرۈش ئەزالىرى بېجىرىم ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاشۇ ئوخشاشلىقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوخشى-ماسلىقلارنى ئىلغا قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەرقلەرنى تېپىپ ئۆزىگە تەتبىقلاش، سېلىشتۇرۇش بولسا، ئۆگىنىش جۇملىسىگە كىرىدىغان پايدىلىق ئەمگەكنىڭ بىر-رى. ئۆزىگىلا ئەمەس، ئۆزگىلەرگىمۇ ئۆرنەك بولغۇدەك ئىزدىنەلى-

سه، نەپ بەرگۈدەك ئىش قىلالىسا، ئۇنداقلا «جەننەت»كە كىرىشنىڭ بىر شەرتىنى هازىرلىغان بولىدۇ.

بايام ئېيتقاندەك، بىزلەر ۋە چەت ئەللىكلەر قايسىبىر مۇز دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەر شارىدا تەڭ دىگۇدەك ئاپىرىدە بولغان بولساقمۇ، ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيانقى ئۇزاق زامانلار، تەبى- ئىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئادەملەر ئەھۋالاتىدا كۆپ پەرقلەرنى پەيدا قىلدى. تەنھەرىكەت تۇرىدىن مىسال ئېلىپ ئېيتساق، بۇ هال «پاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوخشاش سىزىقتىن قوزغالغان تەن- هەرىكەتچىلەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمەي ئەقىل، كۈچ قاتارلىق ئامىللار تۇ- پەيلى تېزدىنلا ئىلگىرى - كېيىنلىك پەرقىنى پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

تەنھەرىكەتچىلەر قاتارىدىكى ئاشۇ ئىلگىرى - كېيىنلىكنى پەرق ئېتەلىگەن رېپىرى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىگە ئادىل هۆكۈم قىلالىغىنىدەك، ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ پەرقىنى بىلەلىگەن كىشىلەرمۇ ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە توغرا باها بېرەلەيدۇ.

تارىخقا نەزەر سالساقمۇ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىقلاردا گۈللىنىش ياكى خاراب بولۇش ئېچىۋېتىش، يەنى «چىقىپ بېقىش» بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. مىلادىيەنىڭ ئالدىدىن تاكى مىڭ سۇلا- لىسىغىچە بولغان دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن يۇرتىمىز شىن- جاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىرقەدەر جانلانغان دەۋر بولغانىدى. بۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىن تارىمغىچە سوزۇلغان يىپەك يولى ئالاقىسىنىڭ راۋانلىقى بىلەن، يەنى «كىرىپ باقىدىغانلار» نىڭ ۋە «چىقىپ باقىدىغان» لارنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دىپلوماتلىرىمىز، سودىگەرلىرىمىز، سەيياھلىرىمىز چەت ئەلنىڭ ئىلغار ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسۇلىنى، ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئەكىرەتتى. باشقا ئەللەرنىڭ دىپلوماتلىرى، سودىگەرلىرى، سەيياھ- لىرىمۇ ئالغاچ كىرەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنلا يىپەك يولى لىنىيىسىدە،

جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەندى.

بىراق، تاڭ دەۋرىدە ئەرەب دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە سەيياھلىرى تەرىپىدىن ئېچىلىشقا باشلىغان دېڭىز يولى مىڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە شۇ سۇلالە دېڭىزچىلىرى تەرىپىدىن خېلىلا راۋانلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن چاڭئەن ـ روما ئوتتۇرىسىدا ئات، تۆگە بىلەن سەپەر قىلىدىغان سودىگەر ـ سەيياھلار جاپاسى ۋە خەتىرى ئاز، سۈرئىتى تېز بولغان دېڭىز يولىنى تاللىۋېلىشتى. «يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورى» ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ، دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان «دېڭىز يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورى» بارلىققا كەلدى. «كىرىپ باقمىدىغان» ۋە «چىقىپ باقمىدىغان» «ئىشىك» نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ئورنىمۇ يۆتكەلدى. بۇ قېتىمقى يۆتكىلىشتىن بىرى گەرچە بىرقانچە يۈز يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۆتكىلىش تا بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ، دېڭىز بويى رايونىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولىدىغان، غەربىي شىمالىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغان «تارىخىي سەۋەب» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش، «تارىخىي سەۋەب» نى تارىخىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى، يەنى «چىقىپ بېقىش»، «كىرىپ بېقىش» نى يولغا قويۇشنى تەكىتلىشىمۇ چەت ئەلگە چىقىشنى، چەت ئەلنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئەكىرىپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى كۆزلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دەرۋەقە، بىزدە چەت ئەلگە چىقىپ قايتقانلار ئاز بولمىدى. چەت ئەلگە چىقىشتىكى مۇددىئا ـ مەقسەت ئوخشاش بولمىغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر مۇددىئا ـ مەقسىتىگە يېتىپ كەلدى. بەزىلەر ھەج قىلىپ كىردى. بەزىلەر پۇل تېپىپ قايتتى. بەزىلەر تۇغقانلىرىنى كۆرۈپ

كەلدى. مەيلى قانداق قايتىپ كەلمىسۇن، بەزىلىرىدىن خەلققە نەپ يەتتى، بەزىلىرىنىڭ ئۆزىگە بولسىمۇ نەپ يەتتى. چەت ئەلنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى، ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئەكىرىشكە قۇربى يەتمىسىمۇ، ئايرىم كىشىلەر دوپپىسىنى، كىيىمىنى پاكىز كىيىدىغان بولدى. ئۆيلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنى ئۆگەندى.

بىراق، چەت ئەلگە چىققانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كېلىدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئارىمىزدا چەت ئەلگە چىقىپ چەت ئەلنىڭ يامان نەرسىسىنى ئۆگىنىپ كەلگەنلەرنى، ئۆزىنىڭ قالاق نەرسىلىرىنى ئەنئەنە دەپ قاراپ، ئوتتۇرا ئەسىر قاششاقلىقىنى ماختاۋاتقانلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. چەت ئەلگە ھەددىدىن زىيادە مەستانە بولۇپ، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، ئەل غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەتتا ئۆز يۇرتىدىكى ۋاقىتلىق جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ، چەت ئەللىكلەر نەچچە ئەسىر جاپا چېكىپ قولغا كەلتۈرگەن «راھەت تۇرمۇش» قا داپشاقلارچە قول ئۇزىتىپ، «تەييارغا ھەييار» بولۇشنى كۆزلىگەنلەرنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، ئەگەر نىيەت بىلەن چەت ئەلگە چىقمىدىغانلار ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئەگرىلىكنى ئۆگىنىپ كېلىدىغانلار ئادەتتە ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن چەت ئەلگە چىقىشنىڭ، كىرىشنىڭ يەنى «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» نىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ، چەت ئەلگە چىققانلىكى كىشىلەرنى ئاشۇ ئازچىللىقنى تەشكىل قىلىدىغانلار قاتارىغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقىۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چەت ئەلگە چىققان چىقمىغاندىن ياخشى، كۆرگەن كۆرمىگەندىن ياخشى.

ئەمما، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن قارىغاندا ھەممە ئادەمنى چەت ئەلگە چىقىپ باق دېگىلى بولمايدۇ. چەت ئەل، چىقمەن دېگەن-


لىكى كىشىلەر چىقالايدىغان ئارقا ھويلا ئەمەس، ھەركىمنىڭ ئۆز ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىدە بولغان بىلەن دۆلەت ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى دۆلەتتە. چەت ئەلگە چىقىش دۆلەت ئىشىكىدىن چىقىش - چىقالماسلىق مەسىلىسىگە، شارائىت، ئىقتىسادىي قۇۋۋەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش.

شۇڭا، مەيلى خۇسۇسىي يول بىلەن بولسۇن ۋە مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ شاراپىتى بىلەن بولسۇن، چەت ئەلگە چىقىش ھامان ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولىدىغان پۇرسەت. شۇنداق ئىكەن، قانداق يول بىلەن چەت ئەلگە چىققان بولمىسۇن، بۇ ئاز سانلىق كىشىلەر بەردىبىر ئائىلىگە، بىر ئورۇنغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. چىققانىكەن، ئائىلىسى ئۈچۈن بولسىمۇ كۆپ كۆرۈشى، چەت ئەلنىڭ ياخشى - يامان تەرەپلىرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ، يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئائىلىۋى تەسىر پەيدا قىلىشى كېرەك. چەت ئەلگە چىققۇچى ئەگەر بىرەر ئورۇنغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەلۋەتتە شۇ ئورۇنغا ھەتتا جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى بار. بۇ تەسىر سۆزسىزكى، ئىجابىي تەسىردىن ئىبارەت.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغانىكەن، سىياسەت تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بۇ تەشەببۇس يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، ناھايىتى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆزگەرمەيدۇ، ئېچىلغان ئىشىك جەزمەن يېپىۋېتىلمەيدۇ، بارغانسېرى كەڭ ئېچىلىدۇ. ئىشىك چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ئىشقىلىپ ئېچىقلىقلا بولىدىكەن، قانۇن ۋە شارائىتىمىز يار بېرىدىكەن، ئۇنىڭدىن چىقىپ - كىرىشىمىز، كىرگەندىمۇ ھالىمىزغا چۇشلۇق، ئەل - جامائەتكە پايدىلىق «بىرنەرسە» لەرنى ئەكىرىشىمىز، ئۇنى باشقىلارغا كۆرسىتىشىمىز، نەپ ئالدۇرۇشىمىز كېرەك. پەقەت شۇ چاغدىلا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» نىڭ پايدىسىنى كۆرەلەيمىز.

# ياۋروپادا
# نېمىلەرنى كۆردۇم




یاڈرو پادا
نیمله رنی کوردوم

# ماقالىگە كىرىش سۆز

بىيجىڭلىق شۇي ئەپەندىنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، 70 -
يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئور-
گان مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلى چەت ئەلگە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى
ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. چېكىپ تۇرۇپ تاللانغان بۇ 10 نەچچە كىشى-
لىك ئۆمەك سىياسىي تەلەپ ۋە دىپلوماتىيە قائىدىلىرى بويىچە
بىرەر ھەپتىچە تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، ئورگان مەسئۇلى ئۆ-
مەك ئەزالىرىدىن ئايدىڭ بولمىغان نۇقتىلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى
سوراپتۇ. شۇ چاغدا «قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن» رادىكال ئەزا-
دىن بىرى جىددىي تەلەپپۇزدا: «چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن ئە-
گەر ئارىمىزدىكىلەردىن بىرەرى قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ قالسا،
قانداق قىلىشىمىز كېرەك» دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئورگان مەسئۇ-
لى ھېچ ئىككىلەنمەيلا: «بىرەر تىغسىز نەرسە بىلەن شۇ كىشى-
نىڭ بېشىغا بىرنى سېلىڭلار - دە، ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىڭلار،
شۇ پۇرسەتتە ئەھۋال مەلۇم قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى قانداق
بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق بىزدىن يوليورۇق سوراڭلار» دەپ
جاۋاب بەرگەنىكەن.

ھېكايە قىلغۇچى كېيىن بىرەرىنىڭ قېچىپ كېتىشكە ئۇ-
رۇنغان - ئۇرۇنمىغانلىقى، تاياق يەپ ھوشىدىن كەتكەن - كەت-
مىگەنلىكى ھەققىدە بىرنېمە دەپ بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئاڭلىماققا چاقچاققىمۇ، يۇمۇرغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ھېكا-
يىگە مەن راستتىنلا ئىشىنىپ قالدىم. چۈنكى، باشلىق پۇقراغا،
پۇقرا باشلىققا، ئادەم ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان ئاشۇ يىللاردا ئا-

شۇنداق غەلىتە ۋەقەلەر يۈز بەرمەي قالمايتتى. ئىشىك ـ تۈڭ-
لۈكنى مەھكەم تاقىۋېلىپ، چەت ئەل بىلەن نەچچە ئون يىللاپ
ئالاقە قىلمىغاچقا، نەزىرىمىزدىكى چەت ئەل گويا قارا بوياق قا-
چىلانغان زور ئىدىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، چەت ئەلگە
چىقىشىمۇ مۇشۇ ئىدىشقا سەكرەشتىن دېرەك بېرەتتى. قارا ئى-
دىشقا سەكرىگەن ئادەم ئۆز رەڭگىنى يوقاتماي قالمايتتى...

ھېلىمۇ مىڭ شۈكۈر، دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2 ـ
ئەۋلاد پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دانالىق مۇنبىرىدە تۇرۇپ
جۇڭگونىڭ دۇنياغا تۇتىشىدىغان ئىشىكىنى دادىللىق بىلەن ئې-
چىۋەتتى، ئۇنداق بىمەنە كۈنلەر ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. بۇرۇن چەت
ئەلنى قاراڭغۇ جاڭگال، ھەممە نېمىسى مالىماتاڭ دېيىشكە ئادەت-
لىنىپ كەتكەن تەشۋىقات ۋاستىلىرىمۇ دېڭ شياۋپىڭ سۆزلە-
رىدىن ئىلھام ئېلىپ، بىردىنلا ئەمەلىيەتكە يۈزلەندى. ھېلىقى
قورقۇنچلۇق ھېكايە يۈز بەرگەن چاغلاردا كىشىلەر چەت ئەللەرگە
چىقىشنى مارسقا چىققاندەك يوغان بىلگەن، چىقىدىغانلار مىڭ
قېتىملاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ئەمدى ئېھتىياج تۇ-
غۇلسىلا، قانۇنىي رەسمىيىتى بار ھەرقانداق كىشى دۆلەت ئىشى-
كىدىن چىقالايدىغان ھەم كىرەلەيدىغان ھالغا يەتتى. ئۆز يولدى-
شىغا ئىشەنمەيدىغان گۇمانخورلارنى، «باشقىلارنىڭ بېشىغا بىرنى
سال دە، ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەت» دەيدىغان سولخاي، قارام، قارا
قورساق باشلىقلارنى ئىسلاھات شامىلى قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ
كەتتى، ئادەملەر يېپتەك تۈزلىنىپ كەتتى دېگىلى بولمىسىمۇ،
چۈشىنىش، كەڭ قورساقلىق، ئىشەنچ يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇنغا
ئۆتتى. كۈنسېرى تاكامۇللىشىۋاتقان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دۆ-
لەتكىمۇ، پۇقراغىمۇ، جۇڭگوغىمۇ، چەت ئەلگىمۇ خېلى كۆپ ئە-
مەلىي نەپلەرنى ئەكەلدى.

سۆز شۇكى، بۇنداق ساغلام سىياسىي مۇھىت، دۇرۇس ئىجتىمائىي كەيپىيات نۇرغۇنلار قاتارىدا ماڭىمۇ كۆپ قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيىدە بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى، كۆپنى كۆرۈپ كۆزۈم ئېچىلدى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدا بولسا كېرەك، بۇرۇن ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمدە چەت ئەلگە چىققانىكەنمىز، چەت ئەلنى ئۆزىمىزگە ۋاكالىتەنلا ئەمەس، باشقىلارغا ۋاكالىتەنمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك، بىزنى چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان ۋەتەنگە، خەلققە مول كۆزىتىش ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق بىر ئەرسە دەپ بېرىشىمىز لازىم، دەپ يازغانىدىم. مانا مۇشۇ كۆزقاراشقا لايىق. مەن چاۋشيەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، پاكىستان، رۇسىيە، ۋېيتنام، ياپونىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق يەتتە دۆلەت ۋە بىر رايونغا بېرىپ قايتىپ كېلىپ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن خېلى كۆپ ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدىم. 1999 - يىلى، يەنى ياپونىيە زىيارىتىمدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دوست - بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن بارلىق ماقالىلىرىمنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، «ساياھەتنامە» دېگەن كىتابىمنى نەشر قىلدۇردۇم. يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە باشقا قەلەمداشلارنىڭ زىيارەت خاتىرىسىدىن ئاز - تولا پەرقلىنىدىغان بۇ كىتاب ئويلىغىنىمدەك ھەر خىل سەۋىيە، ھەر خىل ياش قاتلىمىدىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

«ساياھەتنامە» نى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلدىمىكىن، مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە بېرىلگەن «كېيىنكى تەسىرات» دېگەن كىچىك ماۋزۇ ئاستىدىكى ئاخىرقى سۆزدە: «ساياھەتنامە» نىڭ داۋامى ھېسابلانمىش بۇ ماقالەمگە دەسلەپتە «ئا-

خىرقى تەسىرات» دەپ ماۋزۇ قويماقچى بولدۇميۇ، سەل ئويلىنىۋېلىپ قەلىمىمنى چېپىپىدە توختاتتىم. سەۋەبى، ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدىم. نېمە ئۈچۈن دەمسىلەر؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەزكۇر كىتاب ساياھەت خاتىرىلىرىمنىڭ ئاخىرقى توپلىمى بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، زىيارەتلىرىم چەت ئەلگە قىلىدىغان زىيارەتلىرىمنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالمىسا دېگەن ئۈمىدتىمەن، دەپ يازغانىدىم.

ئىشلىرىم ئوڭدىن كېلىپ، بۇ ئۈمىدىم راستتىنلا يەردە قالمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھىممىتى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ رەھمىتى مېنى يەنە يېڭى سەپەرگە ئۇلاشتۇردى. «ساياھەتنامە» ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ يېرىم يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئىتتىپاق مەركىزي كومىتېتى ۋە مەزكۇر كومىتېت قارىمىقىدىكى ياش ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش خەلقئارالىق مەركىزى ماڭا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرگە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياشلار گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىڭ 12 نەپەر باش مۇھەررىرى قاتارىدا غەربىي ياۋروپادا 20 نەچچە كۈن ئۆگىنىش ۋە زىيارەتتە بولىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى.

بۇ ئۇقتۇرۇش مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا مەن ئۈچۈن بىر خۇش خەۋەر بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى، «قانچە موللاق ئاتسىمۇ ساكيامۇنىنىڭ ئالىقىنىنىڭ تېشىغا چىقىپ كېتەلمىگەن سۇن ۋۇكۇڭغا ئوخشايدىغان» مەن، يەتتە دۆلەتنى كۆرگەن بىلەن تېخى ئاسىيا قىتئەسىدىن چىقىپ باقمىغانىدىم. روشەنكى، بۇ قېتىملىق سەپەردىن يېرىم يولدا پۇتاق چىقىپ قالمىسىلا، ياۋروپانى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىنىڭ، يېقىنقى زامان سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى بولغان غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولاتتىم.

قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر يۇنان مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ياۋروپانىڭ 16 ـ ، 17 ـ ئەسىردىكى گۈللىنىش دەۋرىگە ئۇل سالغان ئىتالىيە ۋە بۈيۈك رىم ئاشۇ قىتئەگە جايلاشقانىدى. دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ناپولېئون بوناپارتنىڭ ئانا يۇرتى فرانسىيىمۇ دەل ئاشۇ يەردە ئىدى. دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ داھىيلىرى كارل ماركس، فرىدرىخ ئېنگېلستەك مەشھۇر زاتلارمۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئىنسانىيەتكە تۈگىمەس ئاپەت ئەكەلگەن گىتلېردەك سەلبىي شەخسلەرمۇ ئاشۇ ياۋروپادا، گېرمانىيىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىدى. يەنە كېلىپ، بىزنىڭ تۇنجى مەنزىلگاھىمىزمۇ ئەنە شۇ گېرمانىيە ئىدى.

سەپەر ۋاقتىمىز ئالدىن بەلگىلەنگەن قەرەلدىن 20 كۈن كېچىككەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئوڭۇشلۇق بولدى. 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئىككى قەۋەتلىك «بوئېن 400 — 747» بەلگىلىك نۆۋەتچى ئايروپىلان پايتەخت ئايروپورتىدىن ئۆز قەرەلىدە كۆتۈرۈلدى. ئۇلانباتور، نوۋسىبرسك، ئومسىك، موسكۋا شەھەرلىرىنىڭ ۋە بېلوروسىيە، پولشا ئەللىرىنىڭ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، 12 سائەتلىك ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى فرانكفۇرت ئايروپورتىغا كېلىپ قوندى. مەنمۇ 600 نەچچە نەپەر يولۇچى قاتارىدا گېرمانىيە زېمىنىغا قەدەم قويدۇم ـ دە، مېھمانخانىغا قايتقاچ، سىلىق كېتىۋاتقان ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ، ئايروپىلاندىلا يېزىشقا كىرىشكەن خاتىرىلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدىم.

راست گەپنى قىلسام، «ساياھەتنامە»دىكى ھەممە ماقالىلەر — مەيلى سەئۇدى ئەرەبىستانى تەسىراتى بولسۇن ۋە مەيلى ياپونىيە تەسىراتى بولسۇن، ئىسمىدە قالغان پارچە ـ پۇرات تەسىراتلار ۋە

ئازغىنە خاتىرە ئاساسىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاز-دىن يېزىلغان. ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىم ۋە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش سەۋىيەم يامان ئەمەس بولغاچقا، زىيارەت ئۈستىدە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرمىغانلىقىم ئانچە چېنىپ كەتمىگەندى.

بىراق، بۇ قېتىم بۇرۇنقى ھۇرۇنلۇقلىرىمدىن ساۋاق ئالدىم. سەپەرگە جابدۇنۇۋاتقان چاغدىلا ئىمكان بار تولۇق خاتىرە قالدۇ-رۇپ، «ساياھەتنامە»دىن ئېشىپ چۈشكۈدەك بىر كىتاب يېزىپ، ھازىرچە ياۋروپاغا بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان كىتابخۇ-مار ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشقا بەل باغلىغانىدىم.

دەرۋەقە، ياۋروپا سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بېيجىڭدا بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم. شۇ كۈنلەردە تاسادىپىي سەۋەب بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى مەلۇم دۆلەتنىڭ مەلۇم شەھىرىدە 10 نەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلگەن بىرقانچە يۇرتداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ياۋروپانى ۋە ھېلىقى دۆلەتنى مەن-دىن بۇرۇنراق كۆرۈپ كەلگىنىگە ھەۋەس قىلىپ قايسى شەھەردە بولغانلىقىنى سورىدىم. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ يۇرتداشلىرىم بارغان دۆلىتىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرەلىدى، لېكىن 10 نەچچە كۈن ئىستىقامەت قىلغان شەھىرىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمىدى. «توۋا، بىر شەھەردە 10 نەچچە كۈن تۇرۇپمۇ، تۇرغان شەھىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەن بۇنداق كىشىلەرنى ئەمدى نېمە دېگۈلۈك» دېگەن بىر ئوي كاللامغا كىرىپلا قالدى.

بۇرۇن بىز «پالانى چەت ئەللىك پالانى شەھەرگە كېلىپ ئىككى كۈن تۇرۇپلا بىر پارچە كىتاب يېزىپتىمىش، كىتاب يې-زىپ مۇنچە پۇل تېپىپتىمىش» دەپ ھەيران قالاتتۇق. ئۇلارنىڭ كىتاب يېزىپ «پۇل تېپىش»نى ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ۋە يېزىقچى-لىق ئىقتىدارىدىن كۆرمەي، يۇرتىمىزنىڭ كارامىتىدىن كۆرەت-

تۇق. يۇرتىمىزنىڭ نامىنى «سىتىپ» پۇل تاپقان ئاشۇ چەت ئەل-
لىكلەردىن ئوغرىدىن خاپا بولغاندەك خاپا بولاتتۇق. بىز كادىر
ياكى زىيالىي بولۇپ تۇرۇقلۇق بىرەر شەھەرنىڭ ئىسمىنى يادى-
مىزدا ساقلىيالمايۋاتقان يەردە، «ئىككى كۈندە بىر كىتاب ياز-
غان» چەت ئەللىكلەردىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز بارمۇ؟

مەن «ئەقىللىق» يۇرتداشلىرىم ئۈچۈن ئىزا تارتتىم، خىجىل
بولدۇم. ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، چەت ئەلدە كۆرگەن - ئاڭلى-
غانلىرىمدىن يۇرتداشلىرىمغا ئازراق بىرنەرسە دەپ بېرىش مەق-
سىتىدە كۈندۈزى خاتىرە يازدىم، كېچىلىرى قەلەم تەۋرەتتىم.
شۇنداق قىلىپ، 20 نەچچە كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدىكى تىرىش-
چانلىقلىرىم ئارقىسىدا «ياۋروپادا نېمىلەرنى كۆردۈم» نىڭ تۇنجى
ئورىگىنالى چەت ئەلدە دۇنياغا كەلدى.

چەت ئەل زىيارىتى ھەققىدە ماقالە يازغاندا، مەن مۇنداق بىر
مىزانغا ئەمەل قىلىمەن، يەنى ئوقۇرمەنلەرگە «پالانى كۈنى سائەت
مۇنچىدە پالانى يەرگە كەلدىم، سائەت مۇنچىدە تاماق يېدىم، پۇس-
تانى ۋاقىتتا ئۇخلىدىم» دېگەندەك نوقۇل خاتىرىلەرنى سۇنماي-
مەن. دۆلەت ئەھۋالىمىزغا مۇتلەق ماس كەلمەيدىغان ۋە يۇرگۈزۈ-
لۇۋاتقان تۈزۈمىمىزگە يات بولغان سىياسىي تۈزۈم، ئىدېئولوگى-
يە مەسىلىلىرى، تەرغىب قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىجتىمائىي
ئەخلاق ھادىسىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، گېئوگرافىك بىلىملەر
ۋە ئالاھىدىلىكلەر، تارىخ، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن،
ئىقتىساد ھالەتلىرى، ئۆرپ - ئادەتتىكى ئوخشاشلىقلار ۋە ئۆز-
گىچىلىكلەر، قوبۇل قىلىشىمىزغا ۋە ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا تې-
گىشلىك تەرەپلەر، ئىبرەت ئېلىشقا مۇناسىپ ئىللەتلەر، ئوقۇر-
مەنلەر قىزىقىدىغان ئۇچۇرلار، دەماللىققا تۇغۇلغان ئويلار ۋە تە-
سىراتلار ئۈستىدە كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىمەن.

ھاسىلات شۇكى، ياۋروپادىكى مەن كۆرۈپ ئۆتكەن ئەللەردە بىز قوبۇل قىلالمايدىغان «شاكال»لارمۇ، قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغان «مېغىز»لارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئويلاپ باقساق، بىزنىڭ «شاكال»دىن قورقۇپ، «مېغىز»دىنمۇ ۋاز كېچىدىغان، بەزىدە «شاكال» بىلەن «مېغىز»نى ئايرىماي بىللە چاينايدىغان، ھەتتا شاكالنى «مېغىز» دەپ چايناپ، چىشىمىزنى قايرىۋالىدىغان يەرلىرىمىزمۇ بار ئىكەن.

كونىلار «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەپتىكەن. دېمەك، مەن ياۋروپانى كۆردۈم، كۆرگىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس بىر قىسمىنى يازدىم. يازغاندىمۇ، ئېھتىيات ۋە ئىجتىھات بىلەن يازدىم. سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان جايلىرىنى سېلىشتۇردۇم، پەقەت ئۇزۇمگىلا خاس بولغان، ئۆزگىلەرگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان خۇسۇسىي پىكرىمنىمۇ ھېچ تارتىنماي ئوتتۇرىغا تاشلىدىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابىمغا «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن» دېگەن گەپ بويىچە نەزەر تاشلىشىنى، ئىقتىدارىمدىكى كەمتۈكلۈكنى ۋە كىتابىمدىكى سەۋەنلىكلەرنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىپ، غەلەت قۇرلارنى تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# تۇنجى مەنزىلگاھ - گېرمانىيە



# گېرمانىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى: گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى**
**يەر مەيدانى: 357 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر**
**نوپۇسى: 81 مىليون 500 مىڭ**
**پايتەختى: بېرلىن**

**مەمۇرىي رايونى:** گېرمانىيە 15 شتاتتىن تەركىب تاپقان، شتات قارىمىقىدا ناھىيە، شەھەر، يېزا (بازار) تەسىس قىلىنغان. چوڭراق شتاتلاردا يەنە ۋىلايەتلەرمۇ تەسىس قىلىنغان.

**تەبىئىي جۇغراپىيىسى:** گېرمانىيە ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شىمالى بالتىق دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ، جەنۇبى ئالپ تاغ تىزمىسىغا ياندىشىدۇ. شىمالىدىن دانىيە بىلەن، شەرقىدىن پولشا، چېخ ـ سلوۋاكىيە بىلەن، جەنۇبىدىن شۋېتسىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن، غەربىدىن گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ ۋە فرانسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

ئاساسلىق دەرياسى رېين دەرياسى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1320 كىلومېتىر، رېين دەرياسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گېرمانىيە زېمىنىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئەلنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 29 پىرسەنتكە يېتىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئەھۋالى:** گېرمانىيە نوپۇس جەھەتتە ياۋروپا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. دۇنيادا نوپۇسى بىرقەدەر زىچ بولغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ، شەھەر نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

گېرمانىيە يەككە مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، نېمىسلار مەم-لىكەت ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا گېرمانىيىدە تۈرك، سېگان قاتارلىق بىرقانچە ئاز سانلىق مىللەت ياشايدۇ، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئاھالە 4 مىليون 500 مىڭچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈركلەر 1 مىليون 500 مىڭ.

گېرمانىيىلىكلەر ئورتاق نېمىس تىلىنى قوللىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىلىنى قوللىنىدۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى:** گېرمانىيە يۇقىرى دەرىجىدە تە-رەققىي تاپقان كاپىتالىستىك سانائەت دۆلىتى. مىللىي ئىش-لەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە سانائەت ئىشلەپ چى-قىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا بويىچە ئامېرىكا ۋە ياپونى-يىدىن كېيىنكى 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى 40 نەچچە يىل ئىچىدە گېرمانىيە ئىقتىسادى ئىزچىل مۇقىم تەرەققىي قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمى تەرەققىيات ھالىتىنى ساقلاپ قېلىۋەرگەن بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن مەملى-كەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى. 1991 ـ يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3.5% بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 21 مىڭ 475 ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

**مەدەنىيەت ۋە مائارىپى:** گېرمانىيىنىڭ مائارىپ تارىخى بەك ئۇزۇن، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپىنىڭ تارىخى ھەممىدىن ئۇزۇن. گېرمانىيىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇنىۋېرسىتېت ھايدېبۇرگ ئۇنى-

ۋېرسىتېتى بولۇپ، مىلادىيە 1368 ـ يىلى قۇرۇلغان. 600 يىل ـ
لىق تارىخقا ئىگە. گېرمانىيىدە دۆلەت ئېتىراپ قىلغان خۇسۇ ـ
سىيلار ئىلكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتىن 67 سى بار، ئوقۇغۇچى سا ـ
نى 500 مىڭغا يېتىدۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى ۋە
كەسپىي مائارىپمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان. 12 يىللىق
مەجبۇرىي مائارىپ تۇزۇمى يولغا قويۇلغان، ھۆكۈمەت ئىگىدارچى ـ
لىقىدىكى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش پۇلى ئالمايدۇ.

گېرمانىيىدە كارل ماركس (1818 — 1883)، فرىدرىخ
ئېنگېلىس (1820 — 1895) كەبى ئىنقىلابىي داھىيلار، فېيېر ـ
باخ (1804 — 1872)، گېگېل (1770 — 1831)، كانت (1724 —
1804)، نىتسىي (1844 — 1900) دەك پەيلاسوپلار، گيوتې
(1749 — 1832)، ئاكا ـ ئۇكا گىرىم (ئاكىسى ياكوپ گېرىم
1785 — 1863، ئىنىسى ۋىلھېلىم گېرىم 1786 — 1859)،
شىللېر (1759 — 1805)، ھېنرىخ ھېينى (797 — 1856)،
خوفمان (1776 — 1822) كەبى يازغۇچى، شائىرلار، ئېينشتېين
(1879 — 1955) دەك بۈيۈك ئالىملار، باخ (1685 — 1750)،
بېتخوۋېن (1770 — 1827) لارغا ئوخشاش مەشھۇر مۇزىكانتلار
ياشاپ ئۆتكەن.

گېرمانىيە ئالىملار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغان بىر ئەل بو ـ
لۇپ، 1945 ـ يىلىغىچە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 45
ئالىم ئىچىدە گېرمانىيىلىك ئالىم 10 نەپەر. نوبېل خىمىيە مۇكا ـ
پاتىغا ئېرىشكەن 40 ئالىم ئىچىدە گېرمانىيىلىك ئالىم 16 نەپەر.

## 1. تۇنجى قەدەم — فرانكفۇرت تەسىراتى

فرانكفۇرت ئايروپورتىغا قونغان ۋاقتىمىز شۇ يەر ۋاقتى بى ـ
لەن چۈشتىن كېيىن سائەت 4 كە توغرا كەلدى. فرانكفۇرتقا

تاشلانغان قەدىمىمىز غەربىي ياۋروپادىكى زىيارىتىمىزنىڭ، جۇملىدىن گېرمانىيىدىكى زىيارىتىمىزنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

فرانكفۇرت رېين دەرياسىنىڭ ئاساسلىق تارمىقى بولغان مەين دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ ئاساسلىق سانائەت، پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە ئۆتكەن گېرمانىيە پادىشاھلىرى مۇشۇ شەھەردە سايلانغان ۋە تەختكە چىققانىكەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بۇ شەھەر قاتتىق بومباردىمانچىلىققا ئۇچراپ، ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋەيران بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىرقانچە يىللىق تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە بۇ شەھەر مۇھىم سانائەت شەھىرى قىياپىتىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاپتۇ. فرانكفۇرت مەشھۇر نېمىس شائىرى گيۇتېنىڭ تۇغۇلغان جايى بولغاچقا، گيۇتېنىڭ شەھەر مەركىزى رايونىدىكى قەدىم جايى خاتىرە سارىيى سۈپىتىدە ساقلانغان ۋە گيۇتې ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ مۇشۇ شەھەرگە جايلاشقانىكەن.

فرانكفۇرت ئايروپورتى گېرمانىيىدىكى ئايروپورتلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئالدىراش ئايروپورت بولغاچقا، ئۇ گېرمانىيەنىڭ جۇملىدىن ئەتراپىتىكى كىچىكرەك دۆلەتلەرنىڭ ھاۋا قاتناش تۈگۈنى بولۇپ خىزمەت قىلىدىكەن.

بىز ئايروپورتتىن چىقىپلا جۇڭگو ـ گېرمانىيە ياش ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق خادىملىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدۇق. جۇلىڭ ۋە لى سەندىن ئىبارەت ئىككى خادىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپتوموبىل بىلەن ماشىنىلىق 40 مىنۇتچە يۈرگەندىن كېيىن شە-



فرانكفۇرت شەھىرىدە

ھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلدۇق.

بۇ چاغدا پۈتكۈل فرانكفۇرت شەھىرى غەربكە ئېگىلگەن قۇياش نۇرىدا تەكشى يورۇپ تۇراتتى، ئايروپىلان شەھەر ئاسمىنىغا يېقىنلاشقاندا يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 27 گرادۇس دېيىلگەن بولسىمۇ، تەبىئەت ۋە ھاۋا رايى كىشىگە يەنىلا كەچ كۈز تۇيغۇسىنى بېرەتتى.

شەھەر مەركىزىدە — گوتىك ئۇسلۇبىدا سېلىنغان كۆركەم ئىمارەتلەر ئارىسىدا كەڭ كەتكەن بىر مەيدان بولۇپ، مەيدانغا ئالىقان چوڭلۇقىدىكى ياپىلاق تاش تىزىلغانىكەن، ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ مەيدان رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ شەھەرگە قاچانلاردىدۇر يۈرگۈزگەن ئىشغالىيىتىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە «رىم مەيدانى» دەپ ئاتىلىدىكەن. مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىگە چوڭ بىر چىركاۋ جايلاشقان بولۇپ،

چېركاۋ ئالدى ۋە مەيدان ئەتراپىغا ئورۇندۇق، ئۈستەللەر قويۇلۇپتۇ، سايىۋەنلەر ئاستىدىكى بۇ سورۇن پىۋىخۇمار گېرمانىيىلىكلەرنىڭ كەچلىك ئارامگاھى ئىكەن. بۇ يەردە نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى، ساياھەتچىلەر بەس - بەس بىلەن پىۋا ئىچىۋېتىپتۇ، مەيدان ئەتراپىدىكى كىچىك دۇكانلاردا ئەنئەنىۋى سەنئەت بۇيۇملىرى، يېمەك - ئىچمەكلەر، مىلىچماللار سېتىلىدىكەن.

نېمىسلارنىڭ تەنتەربىيە ۋە باشقا تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان، مۇسابىقىلەردە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن جېنىنى تىكىدىغان مىللەت ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان. بۇ ھەم نېمىسلارنىڭ مىللەت خاراكتېرىدىكى بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك. گېرمانىيە، جۈملىدىن فرانكفۇرت كوماندىلىرى دۇنياۋى مۇسابىقىلەردە نەتىجە قازانسا تەلۋىلەرچە خۇشال بولۇپ كېتىدىغان فرانكفۇرت پۇقرالىرى ئادەتتە مۇشۇ رىم مەيدانىغا توپلىنىشىدىكەن - دە، تاڭ ئاتقۇچە تەنتەنە قىلىشىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك، بەزىلەر بۇ مەيداننى تەنتەنە مەيدانى دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. بۇرۇنقى گېرمانىيە پادىشاھلىرىمۇ دەل مۇشۇ مەيداندا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەختكە ئولتۇرغانىكەن.

مەيىن دەرياسى فرانكفۇرت شەھىرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسلىق دەريا. كەچكى شەپەق جاھاننى قىزىللىققا پۈركىگەن كەچ مەزگىلى بىز مەيىن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدە تۇرۇپ، فرانكفۇرت شەھىرىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. دەريا بويلاپ بىر كىلومېتىرچە يۇرۇپ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ كەچكى تۇرمۇشىنى كۆزەتتۇق.

خۇددى دېڭىز سۈيىدەك تىنچ ئاقىدىغان بۇ دەريا فرانكفۇرت شەھىرىگە ئالاھىدە ھۆسن بېغىشلايدىكەن، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئۇچلۇق مۇنارلىق چېركاۋلار، قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى

ئېگىز ئىمارەتلەر رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغاچقا، تىنىچ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە شولا تاشلاپ، دەريا يۈزىنى ئاجايىپ گۈزەل بىر تۇسكە كىرگۈزۈۋېتىدىكەن.

مەيىن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئاسفالتلانغان تۈز سەيلە يولىدا تەنتەربىيە كىيىملىرىنى كىيىۋالغان، جەينىكى ۋە تىزىغا مېتال تىزلىق تاقىۋالغان ياشلارنىڭ غالتەكلىك كانكى تېپىلىپ، تېز سۈرئەت بىلەن ئۆتۈشۈپ يۈرگەنلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتتى.

قىز ـ ئوغۇل ياشلار ساياھەتچىلەر ئانچە كۆپ بولمىغان بۇ يەردە بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك، ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن، تېپىلىپ كېتىۋېتىپ سەكرەيدىكەن، توسالغۇلاردىن ئەپچىللىك بىلەن ئاتلايدىكەن، چارچىغانلىرىدا دەريادا توختىتىپ قويۇلغان كېمىلەرگە چىقىپ پىۋا ئىچىشىدىكەن.

بىز فرانكفۇرت شەھىرىدە يېرىم كۈن ۋە بىر ئاخشام سەيلە ـ تاماشا قىلغاندىن كېيىن، كەچلىكى Kulmbacher مېھمانخانىسىغا بېرىپ زىيارىتىمىزنىڭ تۇنجى كېچىسىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزدۇق.

## 2. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم، ئەڭ دەسلەپكى پاراۋوز ۋە ئەڭ بۇرۇنقى تۆمۈريول ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن، يەنى ئەنگلىيە كەشپىياتچىسى جامېس ۋات (1736 — 1819) 1769 ـ يىلى تۇنجى پار ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغانىدى. ئەنگلىيىلىك يەنە بىر كەشپىياتچى ستېفېنسون (1781 — 1848) ئەنە شۇ پار ماشىنىسى ئاساسىدا 1814 ـ يىلى تۇنجى پاراۋوزنى ياساپ چىقتى. 1825 ـ يىلى تۇنجى تۆمۈريول ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلدى ۋە قاتناشقا ئىشلىتىلدى. ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن 30 نەچچە كىلو-

مېتىر كەڭلىكتىكى ئەنگلىيە بوغۇزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىـ-
دىغان بۇ ئەلدىكى دەۋر بۆلگۈچ بۇ كەشپىيات كۆپ ئۆتمەيلا غەر-
بىي ياۋروپاغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. تۆمۈريول قاتنىشى سانا-
ئەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ غەربىي ياۋروپا ئەل-
لىرىدە يېڭىدىن - يېڭى يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. بۈگۈنكى
كۈندە تېز پويىز تەتقىقاتىدا فرانسىيىنىڭ ياپونىيىنىڭ ئالدىدا
مېڭىۋاتقىنىنىمۇ ئاشۇ كونا ئاساستىن، كونا ئەنئەنىدىن ئايرىپ
قارىغىلى بولمايدۇ.

بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە ياۋروپادا، جۈملىدىن غەربىي ياۋ-
روپادا قۇرۇقلۇق قاتنىشى، كېيىنرەك ھاۋا قاتنىشى يېڭى تەرەق-
قىياتلارغا ئىگە بولدى ۋە ئەنئەنىۋى سۇ قاتنىشى، تۆمۈريول قات-
نىشىدىن ھالقىپ كەتتى. ئۇلار تۆمۈريول قاتنىشىدا مەبلەغ ۋە
تېخنىكا كۈچىنى تۆمۈريولنىڭ ئېلېكترلىشىشى ھەم پويىز
سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا،
مەۋقەنى تاشيول قاتنىشى بىلەن ھاۋا قاتنىشىنى تەرەققىي ئەت-
تۈرۈش ئاساسىغا قويدى. بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن،
يېڭى تۆمۈريول لىنىيىلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇزارتىش ئىشى بىر
ئاز ئاستىلاپ قالدى. تاشيول قاتنىشى ئەنئەنىۋى تۆمۈريول قات-
نىشىدىن قۇلاي بولغاچ، يېڭى تاشيول تورىنى بەرپا قىلىش ۋە
يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياساش يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم تاش-
لىدى. ياۋروپادىكى بىرقەدەر چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىغان گېر-
مانىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيىلەرنىڭ ماشىنىسازلىق سانائىتى
ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلىدى. يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتكە ۋەكىللىك
قىلىدىغان «دەيمولېر - بېنىز»، «ئاممىباب»، «پىيوجىيوت»، «فىـ-
يات» شىركەتلىرىنىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپ چىقىرىش سەۋىيىسى
ياۋروپا بازىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تويۇندۇرۇپ دۇنياغا يۈزلەن-

دى ۋە خەلقئارا ئاپتوموبىل بازىرىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتە-
لەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

خۇلاسە شۇكى، دىققەت قۇرۇقلۇق قاتنىشىغا ئاغقاچ، ياۋروپا ماشىنىسازلىق سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي تاپتى ۋە يول ياساش مەسىلىسى تەبىئىي هالدا كۈنتەرتىپكە قويۇلدى.

ئۇنداقتا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەيدىغان گېرمانىيىدە تاشيول ۋە تاشيول قاتناش ئەھۋالى قانداق؟

تاشيول بىر رايون، مۇھىمى بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆ-لەت كۈچىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بارومېتىر، هازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى. بىز سەپىرىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى فرانكفۇرتتىن ئايرىلىپ يە-نە بىر مەنزىلگاھ — ماگدېبۇرگ شەھىرىگە قاراپ يول ئالغان هامان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا قەدەم قويدۇق. مەلۇم بولۇ-

دوسلدورف شەھىرىدە



شىچە، ھازىر گېرمانىيىدىكى تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 247 مىڭ 703 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يوللار يەر مەيدانى ئېلى- مىزدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەر كۆلىمىنىڭ بەش- تىن بىرىگىمۇ باراۋەر كەلمەيدىغان گېرمانىيە زېمىنىنى خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك قاپلاپ تۇرىدىكەن. 247 مىڭ 703 كىلومې- تىرلىق تاشيولنىڭ (تاشيول ئەمەس، ئەلۋەتتە ئاسفالت يول) 10 مىڭ 473 كىلومېتىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بولۇپ، تاشيول ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 24 تىن بىرىنى ئىگىلەيدىكەن.

گېرمانىيىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار يۇقىرى دە- رىجىدە يۈرۈشلەشكەن بولۇپ، يول كۆرسەتكۈچ بەلگىلەرمۇ ئىنتا- يىن مۇكەممەل ئىكەن، مەلۇم يول بۆلىكىدە مېڭىپ كۆرمىگەن شوپۇرلارمۇ كۆرسەتكۈچ بەلگىلەرنىڭ ياردىمى بىلەنلا كۆزلىگەن يېرىگە بىمالال يېتىپ بارالايدىكەن.

گېرمانىيە زېمىنىدىكى تاشيوللارنىڭ يول كۆرسەتكۈچ بەل- گىلىرى ئېلىمىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ھال مېنى قىزىقتۇرماي قالمىدى. لى سەنىنىڭ ئېيتىشىچە، جۇڭگونىڭ قات- ناش مىنىستىرلىقىدىكى مۇتەخەسسىسلەر نۇرغۇن دۆلەتلەرنى تەكشۈرۈپ، گېرمانىيىنىڭ تاشيول بەلگىلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغانلىقىنى، بەلگە ئالامەتلىرىنىڭ مۇكەممەل ۋە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان ۋە ئۇنى جۇڭگو تاش- يوللىرى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلغانىكەن.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بويىدا تەخمىنەن 5 ــ 10 كى- لومېتىر ئارىلىقتا بىردىن تېلېفون بولۇپ، بۇنداق تېلېفونلار ئۇيۇل ساندۇقلار ئىچىگە بەند قىلىنىپ يول بويىغا جايلاشتۇرۇل- غانىكەن. يولدا جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن شوپۇر ۋە يولۇ- چىلار ئېنىق بەلگىلەرگە قاراپ يول تېلېفونىنى تاپالايدىكەن ـ



بېرلىن مېھمانخانىسىنىڭ كۈتۈۋېلىش زالىدا

ده، خالىغان چاغدا تېببىي ياردەم، قۇتقۇزۇش سىگناللىرىنى تار-
قىتالايدىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنداق تېلېفونلار يېقىن
ئەتراپتىكى ساقچى پونكىتى ۋە دوختۇرخانىلار بىلەن تورلاشتۇ-
رۇلغان بولسا كېرەك. بىز مۇنداق تېلېفوننى گېرمانىيە تاشيول-
لىرىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ياۋروپا تاشيوللىرىدىمۇ ئۇچراتتۇق.
فرانسىيە تاشيولى بويىدىكى جىددىي ياردەم تېلېفونى ئۆزگىچە
سەنئەتلىك كۆرۈنۈشتە بولۇپ، بۇ تېلېفونلار قۇياش باتارېيىسى
بىلەن ئىشلەيدىكەن.

يەنە بىرى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ھەر 20 — 30
كىلومېتىر يېرىدە بىردىن كۆچمە تېلېفون دولقۇنلىرىنى قوبۇل
قىلىدىغان، تارقىتىدىغان ئىستانسا بولۇپ، كۆچمە تېلېفوننى
ھەرقانداق يەردە ئىشلىتىشكە بولىۋېرىدىكەن. مەن يول ئۈستىدە
كېتىۋېتىپ كۆچمە تېلېفونۇم ئارقىلىق مەملىكەت ئىچىگە بىر-

قانچە قېتىم تېلېفون بەردىم، تېلېفونىمۇ قوبۇل قىلدىم، ھەر ـ قانداق دۆلەتتىكى ھەرقانداق يەردە كۆچمە تېلېفون سىگنالىنىڭ ئاجىزلاپ قالمىغىنىغا دىققەت قىلدىم.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللاردا گەرچە سائىتىگە چوڭ ئاپتومو ـ بىللارغا 100 كىلومېتىرلىق، ئاپتوبۇس ۋە مىنىبۇسلار 110 كىلو ـ مېتىرلىق، كىچىك ئاپتوموبىللارغا 120 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بى ـ لەن يول يۈرۈش ئىجازىتى بېرىلگەن بولسىمۇ، ھەرقانداق ئاپتوموبىل ئۆز يولىدا ماڭغاچقا ئاسانلىقچە قاتناش ۋەقەسى كۆرۈلمەيدىكەن، كۆ ـ رۈلۈپلا قالسا سوقۇلىدىغان ئاپتوموبىللار 10 دىن كەم بولمايدىكەن. بىز ياۋروپادا 4000 كىلومېتىرچە يول يۈرگەن بولساقمۇ پەقەت ئىككى يەردىلا قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى كۆردۇق.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياساشقا ناھايىتى كۆپ مەبلەغ كې ـ تىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان. بىراق، گېرمانىيىدە يۇقىرى سۈر ـ ئەتلىك تاشيوللاردا يۈرگەن ئاپتوموبىللاردىن ھەق ئېلىنمايدىكەن، گوللاندىيە، بېلگىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ ھەق ئېلىنماي ـ دىكەن. نېمىشقىدۇر فرانسىيە تاشيوللىرىدا ھەق ئېلىنىدىكەن.

## 3. ماي قاچىلاش پونكىتلىرى

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللارنىڭ تەخمىنەن 20 كىلومې ـ تىرلىق ئارىلىقىدا بىردىن ماي قاچىلاش پونكىتى بولۇپ، يەر ـ لىكلەر بۇنى ماي قاچىلاش پونكىتى دېمەي، ئاپتوموبىللارغا خىزمەت قىلىش پونكىتى دەپ ئاتايدىكەن. بىزدىكى بىر بولسا 100 كىلومېتىر، نەچچە يۈز كىلومېتىر، بىر بولسا نەچچە ئون مېتىر ئارىلىققا بىردىن سېلىنىدىغان ماي قاچىلاش پونكىتلى ـ رىغا زادى ئوخشىمايدىغان بۇنداق پونكىتلار مۇكەممەل بىر مۇ ـ ئەسسەسە بولۇپ، بۇ يەردە ئاپتوماتىك ماي قاچىلاش ئاپپاراتلىرى ـ



سۇپەتلىك يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول

دىن ئۆزگە، يەنە ئالاھىدە پاكىز تېز تاماقخانىلارمۇ بولىدىكەن، تاماق يەۋاتقان ياكى ماي قاچىلاۋاتقان يولۇچى ـ شوپۇرلارنىڭ بالىلىرىنى ئوينىتىدىغان مەخسۇس ئويۇنچۇق ئۆيى، يەل بېرىش ئىشكاپى، قارشى تەرەپنى كۆرگىلى بولمايدىغان، كارتا ئىشلىتىلىدىغان، تەڭگە پۇل ئارقىلىق ئۇلىنىدىغان 10 نەچچە تېلېفون بولىدىكەن. پونكىت ماگىزىنلىرىدا تەييار يېمەكلىكلەر، مېۋە ـ چېۋىلەر، ئاپتوموبىل سايمانلىرى، كىتاب ـ ژۇرنال، قەنت ـ گېزەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، سوۋغا ـ سالام قىلىشقا يارايدىغان مىلىچماللار، رېمونت ئەسۋابلىرى سېتىلىدىكەن. ئاپتوماتىك ئىشكاپلار، توڭلىتىش ساندۇقلىرىدىن ھەر خىل سوغۇق، ئىسسىق ئىچىملىكلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. خېلى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن تازىلىق ئۆيلىرىدە سوپۇن، قەغەز، لۆڭگە، قول قۇرۇتۇش ماشىنىلىرى، ئەينەك، تارغاق دېگەندەك نەرسىلەر

تولۇق بولىدىكەن. بىز ماگدېبۇرگتىن بېرلىنغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىكى ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ھاجەتخانىسىدا ناھايىتى مۇڭلۇق يېنىك مۇزىكا چېقىۋاتقىنىنى ئاڭلىدۇق.

بۇنداق ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنى قاتناش تارماقلىرى باش- قۇرامدۇ ياكى ئۇ شەخسلەر ئىلكىدىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمىدى. بىراق، كىم باشقۇرسۇن، دۆلەتنىڭ بۇنداق پونكىتلارنىڭ قۇرۇلۇ- شىغا بىرتۇتاش ئۆلچەم بېكىتىپ بېرىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغىنىم ۋە خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلى، مەن ئۇرۇمچى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ئارىسىدا يىلىغا كەم دېگەندە ئاپتو- موبىل بىلەن 30 مىڭ كىلومېتىرچە يول يۈرىمەن. گېرمانى- يىدە بولسۇن ياكى ياۋروپادىكى باشقا ئەللەردە بولسۇن، بۇنداق مۇكەممەل تاشيول مۇئەسسەسەسىنى كۆرگەندە، ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇشۇم ۋە پەرقلەرنى ھېس قىلىشىم تەبىئىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە.

ئوقۇرمەنلەرگە ئايان، يۇرتىمىز شىنجاڭ تاشيول قاتنىشىنى ئاساس قىلىدىغان رايون، تاشيول لىنىيىسىمۇ ئۇزۇن. تالاي يۈك- لەر، تالاي يولۇچىلار تاشيول قاتنىشى ئارقىلىق توشۇلىدۇ. بىراق، بىزدىكى شوپۇر ۋە يولۇچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان مۇئەسسەسەلەر تېخى ئادەتتىكى سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمى- نىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئىقتىسادىمىز ئانچە تەرەققىي تاپمىغان، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول دېگەننى ئاڭلىغىنىمىز ۋە كۆرگىنىمىز تېخى 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىش.

ئۇزۇن يوللارنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە (بۈگۈر — خوتەن قۇم- لۇق تاشيولىدا) 200 — 300 كىلومېتىر ئارىلىقتىمۇ بىرەر ماي قاچىلاش پونكىتى ئۇچرىمايدۇ، شوپۇرلار زاپاس ماي ئېلىۋالمىسا

يولدا قېلىش خەۋپى بار. ئۇزۇن يوللاردا تېلېفون بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، كۆچمە تېلېفون ئىلىنۋالساقمۇ بىكار، ئويلىمى-غاندا ئاپتوموبىل ۋەقەسى يۈز بەرسە قارشى تەرەپتىن ياكى ئارقا تە-رەپتىن بىرەر ئاپتوموبىل كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلى-دۇ. ۋاقتىدا تېببىي ياردەمگە ئېرىشەلمىگەچكە، بەزى يارىدارلار بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزىدە قاتناش ساقچى-لىرىغا خەۋەر قىلغۇچە ۋە ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپمۇ كېتىدۇ. يول ئۈستىدە ھاجەتخانا بولمىغاچقا، قىستاپ قالسا قوناقلىقلا، دۆڭنىڭ كەينىگە، ئويمانلارغا يۈگۈرىمىز. ئاش-خانا بار يەرگە يېتىپ بارغۇچە قورۇق نان غاجىلاشقا ياكى ئاچ قورساق يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاشخانا بار يەرگە يېتىپ بارساڭ، بەزى ئاشخانىلارنىڭ مەينەتلىكىدىن كۆڭلۈڭ تاماق تارت-مايدۇ، يېسەڭ، قورسىقىڭ ئاغرىيدۇ.

دۇرۇس، ھازىرقى شارائىتىمىزدا بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە بىزدە ئارتۇقچە كۈچ يوق. مەركەزنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆ-لەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت دانا تەدبىرىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇنداق ھا-لەتنىڭ تېزدىن ئۆزگىرىشىدا گەپ يوق. بىراق، ھازىرمۇ خەجلەۋات-قان پۇل بىلەن بەزىبىر تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولىدۇ.

بايام ئېيتقاندەك، تاشيول لىنىيىلىرىمىزدە ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنىڭ جايلىشىشى تولىمۇ تەكشى ئەمەس. قاتناش، نې-فىت، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ماسلى-شىپ ھەرىكەت قىلسا بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولماسمۇ؟

ھازىر ئۇزۇن يوللۇق تاشيول لىنىيىسىدە ھۆكۈمەت ياكى كوللېكتىپ باشقۇرغان ئاشخانىلارنى ۋە باشقا مۇلازىمەت تۈرلى-رىنى ئانچە كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇنداق مۇئەسسەسەلەر شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولغاچ، كۆپىنچە ماي قاچىلاش پونكىتلى-

ىرىدىن يىراق بولىدۇ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر يەرگە كېلىشىمۇ تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، ماي قاچىلاش، تاماق سېتىش، ئاپتوموبىللارغا ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەش، تېلېفون ئالاقىسى، ئارام ئېلىش ئورۇنلىرى، ھاجەتخانا بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى قاتناش تارماقلىرى تەرىپىدىن بىرتۇتاش پىلانلانسا، ماي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىغا ياكى قاتناش تارماقلىرى، يولۇچى توشۇش باش بېكەتلىرىگە مەبلەغ سېلىش بۇيرۇلسا ھەممە تەرەپكە ئوڭايلىق تۇغۇلىدۇ. ماينى باشقا بىر يەردە قاچىلايدىغان، تاماقنى باشقا بىر يەردە يەيدىغان ئەھۋاللار ئاخىرلىشىدۇ.

زۆرۈر تېپىلسا، قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى، ياۋروپا تەرەپكە ئۆتۈپ مۇشۇنداق ماي قاچىلاش مۇئەسسەسەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسەنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى نەمۇنىسىدىن بىرەرنى ياساپ چىقسا بولىدۇ.


## 4. سابىق غەربىي ۋە شەرقىي گېرمانىيە

كۆپچىلىككە مەلۇم، 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گىتلېر گېرمانىيىنىڭ زۇڭلىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، 12 ـ ئايدا دۆلەت باشلىقى بولدى. 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاۋسترىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوتىنى ياقتى. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، رەسمىي تەسلىم بولدى. بۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى، غەربىي قىسمىنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىـ

يىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئىگىلىگەنىدى. 1949 ـ يىلى بۇ ئۈچ دۆلەت ئىگىلىۋالغان ئۈچ پارچە زېمىن بىرلەشتۈرۈلۈپ، گېرما-نىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى بولۇپ قۇرۇلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئازاد قىلغان شەرقىي تەرەپتە 3 ـ نۆ-ۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. 1954 ـ يىلىدىن «پارىژ كېلىشىمى» دىن كېيىن بىر پۈتۈن گېرمانىيە زېمىنى قارغىش تەگكۈر ئۇرۇش تۆپەيلى ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. 1973 ـ يىلى شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيە بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەش-كىلاتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

بىراق، 1989 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرقىي گېر-مانىيە ۋەزىيىتىدە قاتتىق داۋالغۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. 10 ـ

دوسېلدورف شەھىرىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى



ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 1953 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى ئەڭ چوڭ نامايىش يۈز بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەرقىي بېرلىن دائىرىلىرى شەرقىي، غەربىي بېرلىن ئارىسىنى، شۇنداقلا شەرقىي، غەربىي گېرمانىيە چېگراسىنى ئېچىۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كۆپ قېتىملىق كېڭىشىش، دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا، 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇرۇش تۈپەيلى بۆلۈنۈپ، نەچچە ئون يىل ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا ياشاپ كەلگەن شەرقىي، غەربىي گېرمانىيە ئاخىر بىرلىككە كەلدى.

گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كەلگىنىگە 10 يىل بولاي دەپ قالدى. لېكىن، بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتى نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۈزۈن ۋاقىتقىچە ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئې-لىپ بارماي، غەربىي گېرمانىيىدىن كۆرۈنەرلىك ئارقىدا قالغان سابىق شەرقىي گېرمانىيىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىش-چانلىق كۆرسەتتى. 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى تەرەپ-نىڭ پەرقى كۈنسېرى كىچىكلەپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرق تېخىچە تولۇق تۈگەپ كەتمىدى.

بىز 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېرلىنغا كېتىۋېتىپ ئۆز ۋاقتىدىكى شەرقىي، غەربىي گېرمانىيە چېگراسىدىن ئۆتتۇق. ھەمراھ بولغۇچىلار ئەينى چاغدىكى چېگرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىگەن، چېگرىدىن قىلچە ئىزنا قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ماگدېبۇرگ شەھىرىگە بىرقانچە ئون كىلومېتىر يول قالغان يەردە بىز «چېگرا» نى ئېنىق ئىلغا قىلالىدۇق.

بىز غەربىي گېرمانىيە تەرەپتىن ئاپتوموبىل بىلەن كېلىۋا-تاتتۇق. ئاپتوموبىل خۇددى سۇدا ئۈزگەن قېيىقتەك سىلىق مې-ڭىۋاتاتتى. ئەمما، سابىق شەرقىي گېرمانىيە يولىغا كىرگەن ھا-مان ئاپتوموبىل ئانچە سىلىق ماڭمىدى، غەربىي تەرەپتىكى يول

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ياسالغان سۇپەتلىك ئاسفالت يول ئىدى، شەرق تەرەپتىكى يول نەچچە يىلدىن بېرى ياسىلىپ بولال- مايۋېتىپتۇ. غەرب تەرەپتىكى يول مۇئەسسەسەلىرى يۇرۇشلەش- كەن، يول بويى چىم بىلەن كۆكەرتىلگەن، كۆجۈم دەرەخ تىكىل- گەن بولسا، شەرق تەرەپتىكى يول بويلىرى تا ھازىرغىچە تاقىر ئىكەن. ئۆيلەرمۇ كىچىكرەك، دۆڭلەردە بولسا دەرەخ كۆرۈنمەيدى- كەن. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تاشلاندۇق ھەربىي كۆزىتىش مۇنارلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىكەن.

25 ـ كۈنى كەچقۇرۇن بىز ئۆز ۋاقتىدا سابىق شەرقىي گېرمانىيىگە تەۋە بولغان ماگدېبۇرگ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ماگدېبۇرگ ئەينى چاغدا بىر ئۆلكىنىڭ مەركىزى بولغىنى بىلەن قىياپەت جەھەتتە فرانكفۇرت شەھىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. شەھەر مەركىزىدىكى نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە چېركاۋ رې- مونتسىز قاپتۇ. تاملىرى ئىس قويۇپ بەرگەندەك قارىداپ، تاش- لىرى چىرىپ كېتىپتۇ. شەھەر بولۇش تارىخى جەھەتتە گېرما- نىيە زېمىنىدىكى ھەرقانداق شەھەر بىلەن ئوخشاش ياشقا ئىگە بۇ شەھەردە ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى بىنالار، كۆۋرۈكلەر، چېركاۋ، ئىبا- دەتخانىلارلا بۇ شەھەرنى شەھەرگە ئوخشىتىپ تۇرۇپتۇ. قانچە ئۇ- پا ـ ئەڭلىك سۇرتۇپ باقسىمۇ يەنىلا ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكا- رىلاپ تۇرىدىغان بەزى ئادەملەرگە ئوخشايدىغان بۇ شەھەر ماڭا گېرمانىيىدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمىدى. چۈنكى، سابىق غەر- بىي گېرمانىيىدە بولمىغان، ماگدېبۇرگدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇ- رىدىغان 40 ـــ 50 ئائىلىلىك قەۋەتلىك بىنالار ماڭا مەن ئىككى يىل بۇرۇن كۆرگەن رۇسىيىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. گەرچە خېلى چوڭ بىر دەريا شەھەر مەركىزىنى كېسىپ ئۆتسىمۇ، دەريا قىر- غاقلىرىدا سەيلە ـ تاماشا قىلغۇدەك مەنزىرە بەرپا قىلىنماپتۇ،

بۇ شەھەردە ئايرىلىپ تۇرغان 10 نەچچە يىل ئىچىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتى يۈز بەرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

## 5. گېرمانىيىدە دېھقانچىلىق

گېرمانىيە گۈزەل دۆلەت دەپ تەرىپلەنسە ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلىۋەتكەنلىك بولمايدۇ. فرانكفۇرتتىن بېرلىن شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق ئاساسەن ئېدىرلىق بولۇپ، ئېدىرلار قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغانىكەن. ئېدىرلىق بىلەن ئېدىرلىق ئارىسى تېرىقچىلىققا باب كېلىدىغان يەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرلەر ئاساسەن يېشىل چىملارغا قويۇپ بېرىلىپتۇ. تېرىلغان يەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. 500 كىلومېتىرغا سوزۇلغان تاشيولنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق ئېرىق ـ ئۆستەڭ دېگەندەك سۇنئىي سۇغىرىش تورلىرىنىڭ كۆزگە چېلىقمىغىنىغا قارىغاندا، تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ئوتلاقلار يامغۇر سۈيى بىلەنلا كۆكەرسە كېرەك.

ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، گېرمانىيىدە يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 4 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىكەن. ئۇنداقتا %4 دېھقان ئاھالىسى نېمىلەرنى تېرىيدۇ؟

قارىۋىدىم، كۆز يېتىم يەردىكى كۆلىمى كىچىكرەك ئېكىنزارلىقلارغا قىچا، چۈجگۈن قوناق، كۆممىقوناق، كاۋا، ئاپتاپپەرەس دېگەندەك زىرائەتلەر تېرىلىپتۇ. ئويمان ـ چوڭقۇر تۈزلەنمىيلا تېرىلغان كۈزگى بۇغدايلارمۇ يايپېشىل تۇرۇپتۇ.

ئەمما، گېرمانىيىلىكلەر دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بەرمەمدۇ ياكى يەرلىرى ئۈنۈمسىزمۇ، بۇ زىرائەتلەر ئانچە ئوخشىمىغاندەك قىلىدۇ. مەن ماگدېبۇرگقا كېتىۋېتىپ دەم ئېلىش ئارىلىقىدا يول بويىغا يېقىن كۆممىقوناقلىقنى ئەستايىدىل تەكشۈردۈم. تېرىلغۇ



رېمونتسىز قالغان سابىق شەرقىي گېرمانىيە ئولتۇراق ئۆيلىرى

يەرلىرى قىزىل توپىلىق سېغىز تۇپراق بولۇپ، تېرىقچىلىققا
ماس كېلىدىكەن. بىراق، بۇ يەردە ئۆسكەن كۆممىقوناق شۇنچى-
لىك رەزگى ئىكەنكى، تۇپ ئارىلىقى 5 سانتىمېتىرغا، تاپ ئارد-
لىقى 20 سانتىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىكەن، ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ
تىزىغىچىلىك كېلىدىكەن. باشاقلىرى چوڭ بارماقچىلىك بولۇپ،
دېنىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن. كېيىنچە گوللاندىيە، فرانسىيە، ئى-
تالىيە زېمىنىدىمۇ مانا مۇشۇنداق قوناقلىقلارنى كۆردۇم. ئۇلار-
نىڭ مەھسۇلاتى ئۇرۇقىنى قاپلىيالمايدىغان، قويۇق ئۆسكەن شې-
خىدىن ئۆزگە، دېنىنىڭ تايىنى بولمىغان بۇنداق قوناقنى نېمىش-
قا تېرىيدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمىدى. پەقەت ئىتالىيىگە كەلگەن-
دىلا ئاندىن بۇنداق قوناقلارنى پەقەت كالىغا يەم ـ خەشەك قىلىش
ئۈچۈنلا تېرىيدىغانلىقى، مەقسەتنىڭ دانغا ئېرىشىش ئەمەسلىكى
مەلۇم بولدى. ئۇلار قوناق شېخى سارغايغاندا باشىقى بىلەن قو-

شۇپلا ئورۇۋالىدىكەن ـ دە، يەم ـ خەشەك تەييارلايدىكەن.

كىلىماتى مۆتىدىل، يامغۇر ـ يېشىنى كۆپ، تۇپرىقى ئۈنۈملۈك بولغان گېرمانىيىدە شۇنچە سەپسېلىپمۇ بىرەر تۇپ مېۋىلىك دەرەخنى ئۇچرىتالمىدىم. ھەر ۋاخ تاماقتىن كېيىن ھۆل مېۋە يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن نېمىسلارنىڭ شارائىتى بار يەرلەردىمۇ مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرمىگىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. كاسسىل شەھىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر تۇپ، ماگدېبۇرگتا بىر تۇپ ئانچە ئاينىمىغان ياڭاق دەرىخىنى كۆرۈپ قالغىنىم مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر بايقاش بولدى.

## 6. تارىخي شەھەر — پوتسدام

پوتسدام شەھىرى بېرلىن شەھىرىگە 27 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئاھالىسى 200 مىڭ، سانائىتى تەرەققىي تاپقان شەھەر ئىكەن. ئوپتىك ئەسۋابلار، نازۇك ئەسۋابلار، دورا ياساش، تۆمۈرچىلىك قاتارلىق سانائەتنى ئاساس قىلىدىكەن. بىز پوتسدام شەھىرىگە كېلىپلا بۇك ئورمانلىق ئىچىگە جايلاشقان سېسىلىنخوف سارىيىغا ئېكسكۇرسىيىگە باردۇق. بۇ ھەيۋەتلىك سارايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى — ستالىن، ترومېن ۋە چېرچىللار 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە يىغىن ئاچقان ۋە گېرمانىيە مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت «پوتسدام كېلىشىمى» نى ئىمزالىغانىكەن. زامانىسىدا بىر ئاقسۆڭەك ئۆز ئاشنىسىغا سوۋغا قىلغان بۇ ھەشەمەتلىك ساراي شۇ قېتىملىق يىغىندىن بۇيان خاتىرە سارىيىغا ئايلاندۇرۇلۇپتۇ. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنكى ئانچە چوڭ بولمىغان سەينادا ئۆز ۋاقتىدا ستالىن، ترومېن، چېرچىللار يانمۇيان ئولتۇرۇپ سۈرەتكە



پوتسدامدىكى سېسىلىنخوف سارىيى ئالدىدا

چۈشكەنىكەن. بىر چوڭ ئۆي شۇ قېتىملىق يىغىندا ئىشلىتىل-
گەن ئەمەلىي بۇيۇملار، قىممەتلىك سۈرەتلەر قويۇلۇپ كۆرگەز-
مىخانا قاتارىدا ئېچىلىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگ-
لىيە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى چۈشكەن ئۆيلەر، ئىشخانىلار، كېلىد-
شىم تۈزۈلگەن مەجلىسخانا ئۆز پېتى ساقلىنىۋېتىپتۇ. بۇ يەردىن
ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ئىشىك
بېلىتى سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە نۆۋەت ساقلاشقا
توغرا كېلىدىكەن.

## 7. ئاجايىپ قاتناش قائىدىسى

ئېكسكۇرسىيە قىلغۇدەك ئالاھىدە يېرى بولمىغان، ئادەمگە
رۇسىيە زېمىنىدا تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ماگدېبۇرگ
شەھىرىدە بىر كېچە قونۇپ قالغىنىمىز قانچە ئويلىسامۇ

كاللامدىن ئۆتمىدى. ئەسلىدە شۇ كۈنى يەنە 50 نەچچە كىلومېـ-
تىر يول يۈرسەكلا پوتسدامغا، يەنە 27 كىلومېتىر يول باسساق
بېرلىن شەھىرىگە يېتىۋېلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا
كەچلىك تاماقنى بېرلىندا يەيتتۇق ۋە بېرلىندا بىر كېچە ئارتۇق
تۇراتتۇق. ئاخشىمى بېرلىن كوچىسىنى ئايلانغىلىمۇ بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە، بىز چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە ماگدېـ-
بۇرگقا يېتىپ كەلدۇق ـ دە، ئانچە ـ مۇنچە ئايلىنىپ قويۇپ،
«شياڭگاڭ ئاشپۇزۇلى» دەيدىغان «نامى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق»
بىر «رېستوران»دا كەچلىك تاماق يېگەندىن كېيىن تېخى يېقىنـ-
دىلا تىجارەت باشلىغان Ariston مېهمانخانىسىدا قونۇپ قالدۇق.

— ھەي، سىلەر قانداق قاپاق باشلار، بىز بېرلىننى كۆرد-
مىز دەپ شۇنچە يىراقتىن كەلگەن تۇرساق، سىلەر بولساڭلار يە-
نە بىر سائەت يول مېڭىشتىن ئېرىنىپ بۇنداق كىچىك شەھەردە
يېتىۋالغىنىڭلار نېمىسى، — دەپ خاپا بولدۇم مەن، ھەمراھ بو-
لۇۋاتقان لى سەنگە تەئەددى قىلىپ.

لى سەن ئوتتۇرا بويلۇق، ۋىجىككىنە كەلگەن خەنزۇ يىگىتى
بولۇپ، بۇ يىل 37 ياشقا كىرىپتۇ. بۇرۇن سەنشىدە ئوقۇپ ئو-
قۇتقۇچى بولغانىكەن، شىئەن كىنو ستۇدىيىسىدە ئاۋاز ئارتىسى
بولۇپمۇ بېقىپتۇ، كېيىنچە ئۇ گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھەـ-
رىگە كېلىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇشقا كىرىپتۇ ۋە
نېمىس تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ، گېرمانىيىدە ئىشلەپ قاپتۇ.
ئۇ ئۆزىنى «مەن ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى» دەپ ئا-
تايدىكەن. دېگىنىگە مۇناسىپ، ئىستراخوۋانىيە شىركەتلىرىدىمۇ
ئىشلەپتۇ، ساياھەت شىركەتلىرىدىمۇ ئىشلەپ بېقىپتۇ. بۇ قېتىم
جۇڭگو ـ گېرمانىيە ياش ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش مەر-
كىزى گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىزگە ھەمراھ بو-



ئادېلون مېھمانخانىسىدا لى سەن (ئوڭدىن بىرىنچى كىشى) بىلەن بىللە

لۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغانىكەن.

بىز فرانكفۇرتقا كەلگەن ئاخشىمى لى سەن قارشى ئېلىش زىياپىتىدە سۆزمەنلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ باشقا ئىشقا يارىمىسىمۇ، ھاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقى، ھاراق ئىچىشتە ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا لاپ ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن چاقچاققا چاقچاق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئۇنىڭغا لىق بىر ئىستاكان قىزىل ھاراق تۇتتۇم ۋە بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم، ئۆزۈممۇ شۇنداق قىلدىم. ئۇ ئارقىمۇئارقا ئىچكەن ئىككى ئىستاكان ھاراق بىلەن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تۇنجى قېتىملىق «زەربە» بىلەن «ئەدىپىنى يەپ» قالغان لى سەن ئەتىسىدىن باشلاپ مەن بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالغانىدى.

مەن قاتتىقراق تېگىپ كەتكەن بولسامىمۇ، ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ماڭا:

— ئامال يوق، ئامال يوق ... — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ كۈنى بېرلىن شەھىرىگە قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن يېتىپ بېرىش تامامەن مۇمكىن ئىكەن. بىراق، گېرمانىيىنىڭ قاتناش قانۇنىدا شوپۇرلار سەپەر ئۈستىدە ئىككى سائەتتە بىر قېتىم توختاپ 20 مىنۇت ئارام ئېلىشۋېلىشى، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە سەككىز سائەتتىن ئارتۇق يول ماڭماسلىقى بەلگىلەنگەنىكەن. ئەگەر ئارىلىقتا ئارام ئالمىسا ياكى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە سەككىز سائەتتىن ئارتۇق يول ماڭسا، 10 مىڭ مارك جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ ئىكەن. 10 مىڭ مارك شۇ چاغدىكى پۇل ئايرىۋاشلاش نىسبىتى بويىچە 40 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا باراۋەر بولۇپ، بۇ پۇلغا گېرمانىيە بازىرىدىن ئوتتۇرا ھال باھادىكى پىكاپتىن بىرنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن.

ـــ ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئارام ئالمىغاننى ۋە سەككىز سائەتتىن ئارتۇق يول ماڭغاننى كىممۇ كۆرەتتى؟

لى سەن بېشىنى چايقاپ قويدىيۇ، سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممىمىز ئاپتوموبىلغا چىقتۇق. لى سەن بىزنى ئېلىپ ماڭغان شوپۇر ئاھامغا بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئاھام بىزدىكى VCD پلاستىنكىسىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر يۇمىلاق نەرسىنى لى سەنگە بەردى. لى سەن قولىغا مىكروفوننى ئېلىپ، ھېلىقى نەرسىنى ئاپتوموبىلدىكىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى.

ـــ بۇ دىسكا ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن ئىشلەيدىغان خاتىرىلەش ئەسۋابى، گېرمانىيىدە قاتناش ۋەقەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش يولغا قويۇلغان. ساقچى ئاپتوموبىل تەكشۈرگەندە مۇشۇنداق دىسكىدىن بىرنى ئاپتوموبىلنىڭ بىر يېرىگە ئورنىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا

شوپۇرنىڭ ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئارام ئالغان ـ ئالمىغانلى- قى، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە نەچچە سائەت يول باسقانلىقى ئاپتوما- تىك خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خاتىرىنى شوپۇر ئەسلا ئۆزگەرتەل- مەيدۇ. كېيىنكى قېتىم ئاپتوموبىل تەكشۈرگەندە ساقچى بۇنى چىقىرىۋېلىپ مەخسۇس ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن ئوقۇپ چىـ- قىدۇ ـ دە، ھەممە سىرنى بىلىۋالالايدۇ. ئېغىر بولمىسا جەرىمانە قويىدۇ، ئېغىر بولسا شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى مەڭگۈلۈك مۇ- سادىرە قىلىۋالىدۇ...

— يولدا ئاپتوموبىل توسۇلۇپ قالدى دەپ باھانە كۆرسەتسە بولىدۇغۇ؟

— ئاپتوموبىل توسۇلۇپ قالغان بولسا توسۇلغان ۋاقىت، ئورۇن مۇشۇ نەرسىدە تولۇق خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ساقچىلار شو- پۇرنىڭ بايانىنى ئەمەس، بەلكى مانا مۇشۇ دىسكىدىكى خاتىرىنى ئاساس قىلىدۇ.

لى سەننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ كۈنى بېرلىن شەھىرى- گە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ۋاقىت يېتىپ ئاشىدىكەن. بىراق، شو- پۇرنىڭ يول يۈرگىنىگە سەككىز سائەت بولۇپ قالغاچقا ماگىدې- بۇرگتا قونۇپ قېلىشقا توغرا كەلگەن ۋە بىر ئاخشاملىق ياتاق پۇلىنى ئارتۇق تۆلىگەن.

گېرمانىيىدە ئاپتوموبىل چۇمۇلىدەك تولا ۋە سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، قاتناش دائىرىلىرى ھەر خىل ئاماللارنى قوللىنىپ قاتناشنى قاتتىق باشقۇرىدىكەن. ۋەقە چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا چۈشكەنلىكى ئاپتوموبىللار- نىڭ كۈندۈز كۈنلىرىمۇ چوڭ چىرىغىنى يېقىپ قويۇشى بەلگىلەن- گەنىكەن. ئەكسىچە، ئاخشاملىرى پەقەت كىچىك ئاق چىراغنىلا ياقىدىكەن. كېچىدە چوڭ چىراغ ياققانلار جازالىنىدىكەن.

بىز يۇقىرىقىلارنى ئاڭلاپ لى سەن بىلەن زاكونلىشىش نىـ-
يىتىمىزدىن يېنىپ قالدۇق.

## 8. پايتەخت بېرلىندا

گېرمانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان پايتەخت بېر-
لىننىڭ يەر مەيدانى 883 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىل-
يون 500 مىڭ بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى ھېسابلىنىدىكەن.

ناتسىست گېرمانىيىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بول-
غاندا بۇ شەھەرنىڭ تەڭدىن تولىسى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى
تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، يەنە كېلىپ بۇ شەھەر گېرمانىيە-
نىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولغاچقا، شەھەرگە ئالدىن بۆ-
سۈپ كىرگەن قىزىل ئارمىيە شەھەرنىڭ مەشھۇر قۇرۇلۇشلار،
ئاسارئەتىقىلەر جايلاشقان شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىشغالىيىتى
ئاستىغا ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. ئالېكساندىر مەيدانى، بېرلىن
چوڭ چېركاۋى، پارلامېنت بىناسى قاتارلىق مەشھۇر ئىمارەتلەر
بىرقانچە ئون يىل شەرقىي بېرلىن تەرەپتە بولغان. قىزىل رەڭ-
دە سىرلانغان قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى بىر بىنا ھازىرمۇ «قىزىل
بىنا» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئالېكساندىر مەيدانىنىڭ يېنىغا جايلاشقان
بۇ بىنا ئۆز ۋاقتىدا شەرقىي گېرمانىيىنىڭ دۆلەت كاتىپىسى
(زۇڭلىسى) ئاناك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىنا ئىكەن. بۇ بىنا
ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن مەيداننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ماركس بى-
لەن ئېنگېلسنىڭ مىس ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەي-
كەللەر ئەينى زاماندا شەرقىي گېرمانىيىدىكى ماركس ـ ئېن-
گېلسنىڭ ئېتىقادچىلىرى تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئىك-
كى گېرمانىيە بىرلىككە كېلىپ، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ



سابىق شەرقىي گېرمانىيە تەۋەسىدىكى كاتاڭ يول

يوقىتىش ئوبيېكتى بولغان كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تۈپ تۈزۈم تەرىقىسىدە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەيكەللەر بىر تارىخىي شەخس، بىر تارىخىي دەۋرنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

بېرلىنغا كېلىپ 2 ـ كۈنى Brandenburger دەرۋازىسى سىرتىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ بېرلىننى ئىشغال قىلىش خاتىرىسىگە بېغىشلانغان ئازادلىق خاتىرە مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مەيدان شەرقىي گېرمانىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەينى چاغدىكى شەرقىي بېرلىن تەۋەسىگە ياسالغىنىغا قارىماي، ھازىرمۇ تارىخىي ئىز قاتارىدا ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. مەيدانغا ئۆز ۋاقتىدا بېرلىننى ئېلىشتا ئىشلىتىلگەن تانكىلار، زەمبىرەكلەر قويۇپ قويۇلغانىكەن.


# 9. بېرلىن تېمى

بېرلىن تېمى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن، شەرقىي بېرلىن بىلەن غەربىي بېرلىننىڭ ئارىسىغا سېلىنغان چېگرا تام بولۇپ، ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 165 كىلومېتىر كېلىدىكەن، 1961 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سېلىنىشقا باشلىغانىكەن. بۇ تام پولات، بېتون قۇرۇلمىلىق تام بولۇپ، بىر مىللەتنى، بىر دۆلەتنى، بىر شەھەرنى نەچچە ئون يىل ئىككى بۆلەك قىلىپ ئايرىپ تۇرغان. كەڭلىكى ئىككى غېرىچمۇ كەلمەيدىغان بۇ تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ گېرمانىيە، جۇملىدىن بېرلىن شەھىرى بىرلىككە كەلگەندە، 1990 ـ يىلى بۇزۇپ تاشلانغان، بۆلەكلەر بويىچە سېتىۋېتىلگەنىكەن.

بىز 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، بېرلىن تېمىنىڭ خاتىرە ئۈچۈن ئۆز پېتى قالدۇرۇلغان بۆلىكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە بېرلىن تېمى ئالدىدا سۈرەتكە چۈشتۇق. بېرلىن تېمىنىڭ ئىككى تەرىپى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەرەققىيات دەرىجىسى يېقىدىن بولسۇن، ھازىرمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن.

بېرلىن تېمىنىڭ ساقلىنىپ قالغان بۆلىكىنىڭ سابىق غەربىي بېرلىن تەرىپىدە ھازىر كىچىك ـ كىچىك دۇكانلار بار ئىكەن. بۇ دۇكانلاردا تۈرلۈك خاتىرە بۇيۇملىرى سېتىلغاندىن تاشقىرى، بېرلىن تېمىنىڭ پارچىلىرىمۇ سېتىلىدىكەن. تۇخۇمچىلىك كېلىدىغان بىر پارچە سېمونت پارچىسىنىڭ باھاسى 10 مارك (خەلق پۇلىغا 64 يۈەن) ئىكەن. ئەگەر شۇنچىلىك چوڭ-

لۇقتىكى بىر پارچە
سېمونت پارچى-
سىدا بېرلىن تې-
مىنىڭ رەڭلىك
سۈرەت سىزىلغان
يۈزى ساقلىنىپ
قالغان بولسا، ئۇ-
نىڭدىن كۆپ پۇلغا
يارايدىكەن. مەن
خاتىرە ئۈچۈن بى-
رەر تال تام پارچى-
سى سېتىۋالماقچى
بولدۇم-يۇ، پۇلغا
چىدىماي قولۇمغا
ئېلىپ بولغان تاش-
نى ئاستا جايىغا
قويۇپ قويدۇم.



فرانكفۇرت دەرياسى كۆۋرۈكىدە

بېرلىن تېمى-
نىڭ ئىككىلا يۈزى ھەر خىل رەڭدە سىزىلغان ئاجايىپ - غارا-
يىپ سۈرەتلەر، ھەجۋىي رەسىملەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. رەس-
ساملارنىڭ ئابستراكت سۈرىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق غە-
لىتە رەسىملەرنىڭ نېمىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، نېمىنى چۈ-
شەندۈرىدىغانلىقىنى رەسىم سىزغۇچىدىن ئۆزگە ھېچكىم چۈ-
شەنمىسە كېرەك.

بىز بېرلىن تېمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولۇپ، پارلا-
مېنت بىناسىنى، Brandenburger دەرۋازىسىنى ئېكسكۇرسىيە

قىلدۇق. مەن خېلى يىللار بۇرۇنلا بېرلىن شەھىرىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن پارلامېنت بىناسىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىنى ئىخلاس قو-يۇپ ئوقۇغان ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى نورمال كىشىلەرگە مەلۇمكى، 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بېرلىن شە-ھىرىنىڭ شەرقىگىرەك جايلاشقان پارلامېنت بىناسىغا تۇيۇقسىز ئوت كەتكەن. بۇ ناتسىستلارنىڭ گېرمانىيە كومپارتىيىسىگە زى-يانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان بىر رەزىل سۇيىقەستى بولۇپ، ناتسىستلار بۇ ۋەقەنى گېرمانىيە كومپارتى-يىسى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال پەيدا قىلغان دەپ داۋراڭ سالغان. ئاتاقلىق خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى پائالى-يەتچىسى دىمىتروف قاتارلىق نۇرغۇن ئىنقىلابچىنى ئوت قويۇش-نىڭ جىنايەتچىلىرى دەپ قارىلىغان ۋە قولغا ئالغان.

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، لېيپسىگ ئالىي سوتى سوت ئېچىپ، دىمىتروف قاتارلىقلارنى پارلامېنت بىناسىغا «ئوت قويۇش جىنايىتى» بىلەن ئەيىبلىگەن. دىمىتروف گېرما-نىيە فاشىستلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك قارا چاپلاشلىرىغا ھەققانىي ۋە ئاچچىق سۆزلەر بىلەن رەددىيە بېرىپ، «يەر شارى ھېلىمۇ ئايلانماقتا» دېگەن مەشھۇر ئاقلاش نۇتقىنى سۆزلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلگەن.

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى، بىز «ئوت كېتىش» بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ بىناغا كەچ كىرگەندىرەك يېتىپ كەلدۇق. ئاڭلىشى-مىزچە، بۇ بىنا بەزى كۈنلىرى ئېچىلىپ، بەزى كۈنلىرى ئې-چىلمايدىكەن. بىراق، تەلىيىمىز بولغاچقىمۇ، بىز كەلگەن چاغدا بۇ بىنا ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى قوبۇل قىلىۋاتقانىكەن.

قاچانلاردىدۇر بىنا قىلىنغان پارلامېنت بىناسى تىپىك گو-

تاك ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەت بولۇپ، ئالدى ۋە يان تەرىپىدىكى
قوشۇمچە ئىمارەتلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.
بىراق، بىنا ئۈستىدىكى يۇملاق گۈمبەز ئوت كېتىش ۋەقەسىدە
ۋەيران بولغانمۇ ياكى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى-
دىكى بومباردىماندا گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەنمۇ، ھازىر ئالىيۇمىن قې-
تىشمىسى ۋە قىلىن ئەينەك بىلەن قاپلىنىپتۇ.

بىز ئېكسكۇرسىيىنى تۈگەتكەن چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۈلگۈر-
گەن بولۇپ، بىنا ئالدىدا سۈرەتكە چۈشۈشكە مۇمكىن بولمىدى.

پارلامېنت بىناسىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە بۇنىڭدىن 100
يىل بۇرۇن ئويۇلغان «گېرمانىيە خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلاي-
لى» دېگەن چوڭ خەتلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتتى.

## 10. بېرلىندىكى مۇھىت

ئەخلەت ساندۇقى تازىلىق قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن پا-
كىزلىقنىڭ كاپالىتى. مەن بېرلىنغا كەلگەن كۈنىلا بۇ شەھەرنىڭ
ئىنتايىن پاكىز، رەتلىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. شەھەرگە
كىرگەن كۈنىلا ئۆز ۋاقتىدىكى شەرقىي بېرلىنغا تەۋە زېمىندا
ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ سۈرىتىنى تارتىۋالدىم. سۈرەتتىكىسى
بىر يەردە مۇقىم توختىتىپ قويۇلىدىغان، ئەخلەت تاشلانغاندىن
كېيىن ئەخلىتى توشۇپ كېتىلىدىغان ساندۇقلار بولۇپ، بۇ ساند-
ۇقلار ئالاھىدە لايىھەلەنگەنىكەن، يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ
تۇرىدىكەن. ساندۇقلار ئۈچتىن بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان بولۇپ، ئۈچ خىل رەڭدە سىرلىنىدىكەن ۋە ئۈستىگە
قانداق ئەخلەت تاشلىنىدىغانلىقى ئوچۇق يېزىپ قويۇلىدىكەن.
ئەخلەت تاشلىغۇچىلار ئەخلەتنى تۈرلەرگە ئايرىپ تاشلايدىكەن.
بۇ شەھەردە يەنە مەخسۇس ئەخلەت ساقچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئا-

هالىلەرنىڭ ئەخلەتنى تۈرلەر بويىچە تاشلىشىغا نازارەت قىلمىدى-
غان، ئەخلەتنى تۈرى بويىچە تاشلىمىغانلار بايقالسا، ئۇلارغا تې-
گىشلىك جەرىمانە قويىدىكەن.

مەن بېرلىنىنىڭ Miyonvpc كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، ئادەم
تولا كوچىلارغا ھەر بەش مېتىردا بىردىن ئەخلەت ساندۇقى (قا-
چىسى) قويۇلغانلىقىنى، تاماكا قالدۇقىنى تاشلايدىغان كامېرى
بار بۇنداق چىرايلىق ساندۇقلار (قاچىلار) نىڭ چىراغ تۈۋرۈكلى-
رىگە ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. بىراق، مېنى ئەپسۇسلان-
دۇرغىنى شۇكى، دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا پايتەختىمىز بېيى-
جىڭدا ناھايىتى ئېسىل بېزەلگەن ۋە قايتا قۇرۇلغان ۋاڭفۇجىڭ
كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، ئەخلەت قاچىلىرىنىڭ يىراقلىقى تۈپەي-
لى، بەزى بىئەدەپ كىشىلەرنىڭ تاماكا قالدۇقلىرىنى، قەغەز
پارچىلىرىنى يەنىلا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ، بۇلغىنىش
پەيدا قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم.

دەرۋەقە، ئالدىنقى يىلى ئېلان قىلغان «ياپونىيە پادىشاھ سا-
مۇرايلىرى قانداق ياشايدۇ» دېگەن ماقالەمدە يازغاندەك، كوچا ـ
كويلاردا، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە، ئاممىۋى سورۇنلاردا «كۆرگەنلا
يەرگە تۈكۈرمەڭ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسىنى كۆرگەنلا
يەرگە ئېسىپ قويغۇچە، كۆرگەنلا يەرگە تۈكۈرۈك قاچىسى قويۇپ
قويغان تۈزۈك. «قالايمىقان ئەخلەت تاشلىماڭ» دېگەن ئاگاھلان-
دۇرۇشنى بېرىشتىن بۇرۇن ئەخلەت قاچىسى، ئەخلەت ساندۇقى
توغرىسىدا ئويلاپ قويغان ياخشى. ئاغزىڭغا تۈكۈرۈك كەلسە تۈ-
كۈرەي دېسەڭ تۈكۈرىدىغان قاچا بولمىسا، ئەخلەت تاشلاي دېسەڭ
تاشلايدىغان ساندۇق بولمىسا، كۆرگەنلا يەرگە تاشلىماي نېمە
ئىلاجىڭ؟ تەرىتىڭ قىستاپ قالسا خېلى يۈگۈرۈپ بېقىپمۇ بىرەر
ھاجەتخانا تاپالمىساڭ، ئادەمدىن خالىيراق بىر يەرنى تېپىپ قو-



گۈزەل شەھەر مەنزىرىسى

يۇۋەتمەي نېمە ئامالىڭ؟

گېرمانىيە تەۋەسىدە يۈرگەن كۈنلىرىمىزدە، مەيلى ھەر-قانداق شەھەردە بولسۇن، ھويلىلاردا، دېرىزىلەردە، بالكونلاردا كىيىم - كېچەك يېيىلغانلىقىنى كۆرمىدۇق.

— نېمىسلار يۇغان كىرنى نەگە يايىدۇ؟

— ھەربىر ئولتۇراق بىنانىڭ، ئىشخانا بىنالىرىنىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدە كىيىم يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بار، كىشىلەر كىيىمىنى شۇ يەردە يۇيۇپ شۇ يەردە قۇرۇتىدۇ. يەنە بەزىلەر كوچىلاردىكى كىيىم يۇدۇرۇش دۇكانلىرىدا ياكى يەر ئاستىدا قۇرۇتىدۇ.

يۇقىرىقىلار شۇ يەرلىكلەر بىلەن ئۆمىكىمىزدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان پاراڭ.

ئەگەر جامائەت ئۈچۈن كىيىم قۇرۇتۇش شارائىتى ھازىرلاپ

بېرىلمىگەن بولسا، مەدەنىيەتتە ئالغا كەتكەن نېمىسلارمۇ ئامال-
سىز «كۆرۈنگەنلا يەر»گە كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېسىپ يۇرگەن
بولاتتى. مېنىڭچە، گېرمانىيىدە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ كىشى بې-
شىغا 40 كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىشىمۇ ئۆلارنى تالا -
تۈزگە كىيىم يېيىپ يۇرۇشتىن ساقلاپ تۇرۇۋاتسا كېرەك.

## 11. نېمىسلاردا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت

نېمىسلار ئېگىز بوي، تەمبەل، بوز ياكى كۆك كۆز، سېرىق ياكى قارا چاچ كېلىدىكەن. بەزىلەر چاچلىرىنى غەلىتە پاسوندا ياساپ، سېرىق، يېشىل، كۆك، قىزىل دېگەندەك رەڭلەردە بويىۋا-لىدىكەن. خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئېگىز، ئورۇق تۇرقى كىشىگە ئالاھىدە تەسىرات بېرىدىكەن.

لى سەننىڭ ئېيتىشىچە، گېرمانىيىلىكلەر ئارىسىدا بەك بايلار، بەك كەمبەغەللەر ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ئوتتۇرىدىكىلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ تاپاۋەت بېجىنىڭ ۋە مىراس بېجىنىڭ ئېغىرلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت ئىكەن.

جەمئىيەت كەيپىياتى ئاساسەن مۇقىم ئىكەن، دېلو سادىر قىلىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. دېلو سادىر قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشسىزلار ياكى سابىق شەرقىي گېرمانىيە يۇقىرا-لىرى ئىكەن.

لى سەننىڭ كېيىدىن قارىغاندا، نېمىسلار ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئالاقە خېلىلا تارقاق بولىدىكەن، ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆمرىدە ئىككى قېتىم ئۇچراشسا بولىدۇ، بىرى توي قىلغاندا، بىرى ئۆلۈم بولغاندا دەپ قارايدىكەن - دە، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئانچە ئىزدىشىپ كەتمەيدىكەن. ھازىرقى كۈندە، گېرمانىيىدە نى-كاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. ئىگىلىنى-

شىچە، ئەر ـ ئايال ئىقتىسادىي جەھەتتە تەڭلەشكەندىن كېيىن ياكى ئىقتىسادىي مەسىلە ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدىغان بولغاندى. كىن، ئەر ـ ئايالالارنىڭ مۇستەقىلىق ئىككى ئىشىپ بارىدىكەن، تۇرمۇش شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنغا باي بولۇشى كېرەك دەپ قاراپ نىكاھدىن ئاجرىشىش كېلىپ چىقىدىكەن.

بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، لى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامىدا مۇنداق بىر پاراڭ بولۇپ ئۆتتى:

— گېرمانىيىدە تۇرغىنىڭىزغا 10 نەچچە يىل بوپتۇ، يېشى. ڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، نېمىشقا ئۆيلەنمىدىڭىز؟

— تېخى گېرمانىيە تەۋەلىكىگە كىرمىدىم. ھېلىمۇ جۇڭگو پاسپورتى بىلەن ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتىمەن.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟

— ئۇرۇشتىن بۇرۇن (2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى دېمەكچى) ئېلان قىلىنغان قانداشلىق قانۇنىدا ئارىيان (نېمىس) بولمىغان كىشى. نىڭ گېرمانىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشى مەنئى قىلىنغانىكەن. پەقەت نېمىس قىزلىرى (گېرمانىيە تەۋەلىكىدىكى) بىلەن توي قىلىشلا گېرمانىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنىڭ بىر چارىسى.

— ئەمىسە، نېمىشقا شۇنداق قىلمايسىز؟

— توي قىلىش دېگەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش دې. گەن گەپ، ئۇنىڭدىن قالسا، ئەقەللىيسى 1 مىليون مارك پۇلى. ڭىز بولمىسا تۆۋەن تەبىقىنىڭ قىزلىرىمۇ سىزگە تەگمەيدۇ. مې. نىڭ ئۇنچىلىك پۇلۇم يوق، بىر ئائىلىنى بېقىش مەسئۇلىيىتى. نى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن، شۇڭا ھازىرچە قاراپ تۇرۇۋاتىمەن.

## 12. Miyonvpc مەيخانىسى

بېرلىن شەھەر مەركىزىدىكى «ئۇلۇغ ئانا» چېركاۋىنى

ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغان ۋاقتىمىز كەچقۇرۇن مەزگىلىگە توغرا كەلدى. ئۆمىكىمىزدىكىلەرگە ئىككى سائەت بازار ئارىلاشقا ئىجازەت بېرىلدى.

گېرمانىيە پىۋا مەھسۇلاتى جەھەتتە ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پىۋا ئىستېمالى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە گېرمانىيە پىۋىسىمۇ جاھانغا داڭلىق. گېرمانىيە زېمىنىغا قەدەم باسقىلى بىرقانچە كۈن بولغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە پىۋىسىنى تېتىپ بېقىشقا زادى پۇرسەت چىقمايۋاتاتتى. خەۋەردار كىشىلەردىن «ئۇلۇغ ئانا» چېركاۋىغا يېقىن بىر يەردە Miyonvpc دەيدىغان تارىخى ئۇزۇن، داڭلىق بىر مەيخانىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدۇق. چەت ئەلدە يۇقىرى ئىستېمال ئادىتى بولغانلىقتىن، ئۇ يەرگە بارغان ھەرقانداق باي كىشىمۇ پىخسىقلىشىپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن. شۇڭا، بىرنەچچىمىز پىۋا ئىچكەندە ھەركىم ئۆز پۇلىنى ئۆزى تۆلەيدىغان بولۇپ ئالدىن كېلىشىۋالدۇق ـ دە، شۇ مەيخانىغا كىردۇق. مەيخانا بىرقانچە بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىنتايىن پاكىز ۋە رەتلىك ئىكەن، ھەر خىل كاۋاپ، ئۇششاق يېمەكلىكلەرمۇ سېتىلىدىكەن. ئورۇندۇق ۋە ئۇستەللىرى تامامەن كونا پاسوندا بولۇپ، قوپالراق ياسالغىنى بىلەن پارقىراپ تۇرىدىكەن، تاملارغا، تورۇسلارغا ھەر خىل ئاشخانا سايمانلىرى ــ چۆمۈچلەر، قوشۇقلار، قازان تۇۋاقلىرى، ۋىلكىلار، پىچىنە قېلىپلىرى، چىنە ـ تەخسىلەر، شامدانلار ناھايىتى سەنئەتلىك قىلىپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. چىراغلارمۇ بىزدىكى ئەتلەسكە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل رەڭلىك رەخت بىلەن قاپلانغان بولۇپ، سۇس يورۇپ تۇرغان مەيخانا كىشىگە سىرلىق بىر تۇيغۇ بېرىدىكەن.

بۇ مەيخانا 400 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، جايلاشقان ئور-



شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەيدانى

نى ۋە تىجارەت، مۇلازىمەت ئەۋزەللىكى بىلەن نۇرغۇن دائىملىق خېرىدارلارنى، بولۇپمۇ يازغۇچى - شائىرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. ئۆز زامانىسىدا گېرمانىيىدە ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق يازغۇچىلاردىن ھېنرىخ مائۇن (1871 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1950 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۆمرىدە 19 پارچە رومان، 55 پارچە ھېكايە، پوۋېست، 11 دراما يازغان) ۋە توماس مائۇن (1875 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1955 - يىلى ۋاپات بولغان، ھېنرىخ مائۇننىڭ ئىنىسى، ئۇ 1929 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) لارمۇ مۇشۇ مەيخانىغا كېلىپ پىۋا ئىچكەچ ئارام ئالغان، ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشقان، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە باھالىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاشقان.

بۇ مەيخانىدا خېلى كۆپ ئەر - ئاياللار ئىككىدىن، ئۈچتىن بولۇپ مەيخورلۇق قىلغاچ پاراڭلىشىۋېتىپتۇ، بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا

شائىر ـ يازغۇچىلار پىۋا ئىچىدىغان، مۇنازىرە قىلىشىدىغان كىچىكرەك بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تەمى ساپ گېرمانىيە پىۋىسىدىن ھۇزۇرلاندۇق.

## 13. ھامبۇرگقا سەپەر

بىز بېرلىن شەھىرىدىكى ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتىمىزنى تاماملىغاندىن كېيىن گېرمانىيە بويىچە 2 ـ چوڭ شەھەر — مەشھۇر پورت شەھىرى ھامبۇرگقا قاراپ يول ئالدۇق.

بېرلىن شەھىرىنىڭ 300 كىلومېتىر شىمالىدىكى ھامبۇرگ شەھىرىنىڭ يەر كۆلىمى 755 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاھالىسى 1 مىليون 570 مىڭ ئىكەن. ياۋروپا قىتئەسى بويىچە ئەڭ زامانىۋى پورت مۇشۇ شەھەرگە جايلاشقان، سۇ قاتنىشى، سودىسى، سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىمۇ مۇكەممەل ئىكەن. شەھەردە ئىرماش ـ چىرماش سۇ يوللىرى ۋە 1500 كۆۋرۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ يەنە «سۇ ئۈستىدىكى شەھەر» دېگەن نامىمۇ بار ئىكەن. كېمىسازلىق سانائىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن.

بىز ھامبۇرگ شەھىرىگە يېقىنلىشىۋاتقىنىمىزدا ھەمراھ بولغۇچى خۇسۇسىي قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق دېدى:

— ھامبۇرگ قەدىمكى شەھەر، نېمىس شائىرى شىللېر بۇ شەھەردە بىر مەزگىل تۇرغان. ھامبۇرگ گېرمانىيە بويىچە بايلار ئەڭ كۆپ شەھەر، ساقچىلىرى چىرىكلەشكەن شەھەر، ئادەملىرى شۆھرەتپەرەس شەھەر، يېشىللاشتۇرۇلۇشى ئەڭ ياخشى شەھەر، زەھەر چېكىدىغانلار ئەڭ كۆپ شەھەر، قاتناش ئىشلىرى ئەڭ تەرتىپلىك شەھەر، سىياسەتۋازلىرى ئەڭ قابىلىيەتسىز شەھەر.

ھامبۇرگ ئېلىمىزنىڭ شاڭخەي شەھىرى بىلەن دوستلۇق

ئورناتقان بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ئىككى شەھەر ئارىسىدىكى باردى ـ
كەلدى خېلى قويۇق ئىكەن.

يىللاردىن بېرى، بېرلىنىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى كۈنسېرى
يۇقىرى كۆتۈرۈلگەچكە، ھامبۇرگنىڭ گېرمانىيە ئىقتىسادىدا
تۇتقان ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلەۋېتىپتۇ.

بىز بۇ شەھەرگە كەلگەن كۈنى شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان
ئالېستىر كۆلىنىڭ مەنزىرىسىنى ۋە قەدىمكى پاسوندا سېلىنغان
شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شەھەر
مەمۇرىيىتى بىناسى بۇنىڭدىن 200 يىللار بۇرۇن سېلىنغان نا ـ
ھايىتى ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش تۈركۈمى بولۇپ، شەھەر باشلىقى ـ
نىڭ ئىشخانىسى ۋە باشقا مەمۇرلارنىڭ ئىشخانىسى مۇشۇ بى ـ
نالاردا ئىكەن. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق
ۋاقىتتا شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرەلەي ـ
دىكەن، شەھەر باشلىقىنىڭ ئىش بېجىرگىنىنى تاماشا
قىلالايدىكەن.

بىز بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي، مەمۇرىيەت بى ـ
ناسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدۇق. دېگەندەك، دەرۋازىدا
بىرمۇ پوست يوق ئىكەن. ھېچ توسالغۇسىز يول يۇرۇپ شەھەر
باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بىراق، شۇ كۈنى
شەھەر باشلىقى باشقا يەرگە كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئىش بېجىرگىنى ـ
نى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدۇق.

ئالېستىر كۆلىدىن شەھەر مەركىزىگە قاراپ سوزۇلغان قانال
بويى قاتار كەتكەن ماگىزىن ۋە مەيخانا بولۇپ، كىشىلەر قانال بو ـ
يىدىكى ئۈستى ئوچۇق پىۋىخانىلاردا پىۋا ئىچكەچ، قانال بويىدى ـ
كى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىدىكەن.

مەن سەيلە قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىز مۇنداق بىر مەسىلىگە قى ـ

زىقىپ قالدىم ۋە ھەمراھ بولغۇچىدىن سورىدىم:

— گېرمانىيىدە ئوغرى بارمۇ؟ ئوغرىلىق دېلولىرى يۈز بې-رەمدۇ؟

— ئوغرى بار، ھەر خىل مۇھاپىزەت تەدبىرلىرى كۆرۈلسى-مۇ، ھەر يىلى ماگىزىنلاردىن 30 مىلىيون مارك قىممىتىدىكى مال ئوغرىلىنىپ تۇرىدۇ.

— ئوغرىلار كىملەر؟

— گېرمانىيىلىكلەرمۇ بار، كۆپىنچىسى چەت ئەللىكلەر.

مەن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، 1985 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستا-نىدا بولغان كۈنلىرىمدە مېنىڭ مۇشۇنداق سوئالىمغا ئەرەبىستان تەرەپتىن ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئوخشاشلا: «سەئۇدىلىقلارمۇ بار، كۆپىنچىسى چەت ئەللىكلەر» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى يا-دىمغا ئالدىم. چەت ئەللىكلەر شۇ يەرلىكلەرنىڭ ئوغرىلىق قىلى-دىغانلىقىنى يوشۇرامدۇ ياكى راستىنلا شۇ دۆلەتتىكىلەر ئاز ئوغرىلىق قىلىپ، چەت ئەلدىن كىرگەنلەر كۆپ ئوغرىلىق قىلامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ.

## 14. ئادەملەر، ئىتلار، مۈشۈكلەر

ھايۋانلارنى بېقىۋېلىش — ئايرىم ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلغاندىن ئۆزگە، ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنى، ئادەملەر بىلەن تەبىئەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئادەملەردە تەبىئەتنى سۆيىدى-غان، ھايۋانلارنى سۆيىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ. غەربى-لىكلەر بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ ۋە ئىت، مۈشۈك، ئۇچار قانات دېگەندەك تۆت ئاياغلىق ۋە ئىككى ئاياغلىقلارنى بېقىۋېلىش-قا ئامراق. ئۇلار ھەتتا ئۆزى بېقىۋالغان ھايۋانلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

ئىگىلىنىشچە، فرانسۇزلار ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشقا ھەم-مىدىن بەك ئامراق كېلىدىكەن. ئامراق ھايۋانلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تۈمەن ـ تۈمەنلەپ پۇل خەجلەيدىكەن. بۇ دۆلەتتە ھەر خىل ئۈششاق ھايۋانلارنى، ئۇچارقاناتلارنى بېقىۋالىدىغان ئائىلە-لەر ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدى-كەن، ھايۋانلارنىڭ سانىمۇ 30 مىليوندىن ئاشىدىكەن. ھايۋان با-قىدىغان ئائىلىلەرنىڭ 30 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ئىت بېقىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، بېقىۋېلىنغان ئىتلارنىڭ سانى 40 مىڭغا يې-تىدىكەن. بېقىلىدىغان ئىتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىت دوختۇرخانىسى، ئىت كىيىملىرى ماگىزىنى دېگەندەك مۇلازىمەت تارماقلىرى قۇرۇلغانىكەن. يىلىغا 500 مىڭ قېتىم ئىت چىش-لىۋېلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن.

بىراق، ياۋروپادا ئەۋج ئالغان ئىت بېقىش قىزغىنلىقى ماڭا ئانچە يېقىپ كەتمىدى. ئۇلار ئىتلىرىنى رېستورانلارغا، باغ-چىلارغا، ئىت ئەكىرىش مەنئى قىلىنمىغان ھەرقانداق سورۇنلار-غا بىللە ئەكىرىۋېرىدىكەن، ھەتتا رېستورانلاردا بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋېرىدىكەن.

قىزىق يېرى شۇكى، ئاياللارمۇ، كىچىك باللارمۇ كو-چىلاردا، سەيلىگاھلاردا ئۆز جۇغىدىن چوڭ بولغان قاۋان ئىتلار-نى يېتىلەپ يۈرۈۋېرىدىكەن. بۇنداق ئىتلار (ھەتتا بەزىسى بۆرە ئىتلار) گەرچە ئىگىسىگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنسىمۇ، ئادەم چىشلەيدىغان ئادىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ساياھەتچىلەر، بولۇپمۇ بىزدەك يۈرىكى كىچىك ساياھەتچىلەر بۇ ئىتلاردىن قورقۇپ قا-لىدىغان گەپ ئىكەن. ھامبۇرگتىكى ئالېستر كۆلى بويىدا كېتىد-ۋېتىپ، ئۆمىكىمىزدىكى بىر ئايال يولداش بىر بالا يېتىلەپ كې-لىۋاتقان تايغاندىن قورقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالىمەن، دەپ كۆلگە

چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

مەن بېرلىندىن هامبۇرگقا كېلىۋېتىپ، كىچىك ئاپتوموبىللارنىڭ كەينى ئورۇندۇقىنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق رەختتە قاپلانغان بىر ساندۇقچىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. قارىسام، بۇنداق ساندۇقچىلار كۆپىنچە ئاپتوموبىللاردا بار ئىكەن. كېيىن ئۇقسام، بۇ ساندۇقچىلار ئىتنىڭ تەرەتخانىسى ئىكەن. ئىتلىرىنى ئېلىپ سەپەرگە چىققانلار ئىتنى مانا مۇشۇ «تەرەتخانا» غا تەرەت قىلدۇرىدىكەن.

ئىت يېتىلەپ سەيلىگە چىققانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئاياللار ئىكەن. ئۇنداقلار ئىككى ئىتنى ئىككى قولىدا يېتىلەپ ئاستا مېڭىپ سەيلە قىلىدىكەن. مەن بۇنداقلارنى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ۋە ئېرىدىن تۇل قالغان ئاياللارمىكىن، دەپ پەرەز قىلدىم.

تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە هايۋانلارنى ئاسراش ئۈچۈن ئىت دېگەندەك هايۋانلارنى ئەلۋەتتە بېقىش كېرەك. بىراق، ئۇنى ئادەم كۆپ توپلاشقان يەرلەرگە ئېلىپ بارمىغان ياخشى. ئادەملەرنى قورقۇتۇش ئەسلىدە ئىت ئىگىسىنىڭ ئارزۇسى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر، بولۇپمۇ شەرقلىقلار ئىتتىن قورقىدۇ، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىقىنىمۇ ئويلاش كېرەك.

## 15.« ئىختىساسلىق » تىلەمچىلەر

بىز بارغان غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، مەدەنىيەتتە كۆپ ئىلگىرى كەتكەن جايلار. بۇ يەردە ماددىي مەدەنىيەتمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ خېلى بۇرۇنلا مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامەت ۋە دۆلەت بايلىقى بىزدىكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

هازىرقى زاماندىكى چوڭ كاپىتالىستلار، پۇللۇق زەردارلارمۇ بۇ شەھەرلەردە ھەممىدىن كۆپ.

بىراق، فرانكفۇرت، بېرلىن، هامبۇرگ ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردە ئالدىڭىزغا ئۇچراپ تۇرىدىغان تىلەمچىلەر ئۇرۇمچى كوچىلىرىدىكىدىن قېلىشمايدۇ دېيىلسە ئوقۇرمەنلەر ئىشىنەرمۇ؟ مېنىڭچە كۆپىنچىسى ئىشەنمەيدۇ. غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئارىلاپ چىقمىغان بولسام بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ئىشەنمەس ئىدىم.

بىراق، نامىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكەن بېرلىن، پارىژ، رىم شەھەرلىرىدىمۇ تىلەمچىلەر خېلى كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ گوللاندىيە پايتەختى ئامستېردامدا تىلەمچىلەرنىڭ كۆپلۈكى مېنى ھەيران قالدۇردى.

— تىلەمچىلەر راستتىنلا خېلى كۆپ. ئىقتىساد قانچە تەرەققىي قىلغان بولسۇن، بايلار قانچە كۆپ بولسۇن، تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن پۇلغا موھتاج بولۇۋاتقانلار ھامان چىقىپ تۇرىدۇ. ياۋروپادىكى تىلەمچىلەر ئىش ئورنى ۋە مۇقىم كىرىمى يوق كىشىلەر قاتارىدا ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش تارماقلىرىدىن مەلۇم خىراجەتكە ئېرىشەلەيدۇ، مۇساپىرلارنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك ۋە ئاددىي تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلار تىلەپ تاپالمىسىمۇ، ئۆلۈپ قالمايدۇ، — دېدى بىرەيلەن مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ.

ئەمما، ياۋروپا شەھەرلىرىدىكى تىلەمچىلەر (ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىدىغان سىگان ئاياللار بۇنىڭ سىرتىدا) بىزنىڭ بەزى ھۆرۈن، ئۈششاق تىلەمچىلىرىمىز بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىكەن. ئۇلار سەنئەتنىڭ بىرەر تارمىقىدا كەسىپلەشكەن «ئىختىساسلىق» تىلەمچىلەر بولۇپ، مەيدانلاردا، فونتانلارنىڭ يېنىدا،

كوچا دوقمۇشلىرىدا ئېلېكترونلۇق رويال، ئىسكىرىپكا دېگەندەك چالغۇلارنى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە چالىدىكەن ـ دە، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىكەن. مەن رىم كوچىسىدا 20 نەچچە ياشلاردىكى قارا چاچلىق بىر يىگىتنىڭ قولىدا ئېلېكت ـ رونلۇق گىتار، پۇتىدا ئېلېكترونلۇق ئودار رويالى چېلىپ، بوي ـ نىغا ئېسىلغان قاتار نەينى پۈۋلەپ ناھايىتى تەسىرلىك بىر مۇ ـ زىكا ئورۇنداۋاتقىنىنى كۆردۈم. ئىختىيارسىز توختاپ ئۇ چالغان مۇزىكىدىن بىرھازا ھۇزۇرلاندىم ۋە ئالدىغا قويۇپ قويغان ئوچۇق سومكىغا 1000 لىرا تاشلاپ قويدۇم.

ھامبۇرگدىكى ئاۋات پىۋىخانىلارنىڭ بىرىدە 20 نەچچە ياشلاردىكى بىر قىز يېتىلگەن ماھارەت بىلەن ئىسكىرىپكا چېلى ـ ۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇنداش ماھارىتى كىشىنى قايىل قىلىدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ ئىس ـ كىرىپكا چېلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولمىغانمۇ ياكى ھامبۇرگ ئادەم ـ لىرى تاش يۈرەكمۇ، ئىسكىرىپكىچىنىڭ ئالدىدىكى قەغەز قۇتا قۇرۇق پېتى تۇرۇپتۇ.

ئىسكىرىپكىچى قىزنىڭ ئەتراپىدىكى پىۋا ئىچىۋاتقان ئا ـ دەملەر ئارىسىدا يەنە بىر گارمونچى ۋە ساكسفونچىدىن ئىبارەت ئىككى كىشىلىك مۇزىكا ئەترىتى كىشىلەر ئارىسىدا ئارىلاپ يۈ ـ رۈپ مۇڭلۇق نەغمە قىلىۋېتىپتۇ، ئۇلار بىرەر مۇزىكىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئۇستەلمۇ ئۇستەل يۈرۈپ پۇل يىغىدىكەن. كىشىلەر ئۇلارنىڭ قاچىسىغا بىر ماركتىن 10 ماركقىچە بولغان قەغەز پۇل ۋە تەڭگىلەرنى تاشلايدىكەن.

بىر كۈنى كەچتە ئامستېردام كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، ئاۋازى ناھايىتى بوم چىقىدىغان، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، مەش كانىيىدەك تۇملۇقتىكى ئاجايىپ بىر چالغۇنى چېلىۋاتقان ئالا ـ



ھامبۇرگ كوچىسىدىكى «ھاجەتمەن» قىز

ھازەل 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر قارا تەنلىك كىشىنى كۆرۈپ قالدىم، يەنە بىر قارا تەنلىك بالا شالدىرملىق داپ بىلەن ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىۋېتىپتۇ. ئۆتكەن - كەچكەنلەر پارچە - پۇرات پۇللارنى تاشلاپ كېتىدىكەن. ئۇ يەنە ھەقلىق سۇرەتكە چۈشۈپ بېرىش كەسپىنىمۇ يولغا قويغان بولۇپ، ئۇنى سۇرەتكە تارتقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بۇ ئاجايىپ چالغۇ ۋە چالغۇچى بىلەن بىللە سۇرەتكە چۈشۈۋېلىشنى خالايدىغانلار مەلۇم ساندا پۇل تۆلەيدىكەن. پۇل تۆلىمەي سۇرەتكە تارتماقچى بولسا، ئۇ يۈزىنى تامغا قىلىۋېلىپ، سۇرەتكە چۈشۈشنى رەت قىلىدىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ھەممە تىلەمچىلەرنىڭ بىرەر چالغۇ چېلىشنى بىلىشى ياكى جامائەتنى جەلپ قىلغۇدەك بىرەر كەسپنى ئىگەلىۋالغان بولۇشى ناتايىن. ئۇنداقتا بۇنداق تىلەمچىلەر قانداق تىلەيدۇ؟

مەن گېرمانىيە كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ، ئالدىغا قالپىقىدىنى ياكى بىرەر قۇتىنى قويۇۋېلىپ جىممىدە ئولتۇرغان تىلەمچىلەرنىمۇ ئۇچراتتىم. ھەيران قالارلىق يېرى، بۇنداق تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بىرەر ئىت ياكى مۈشۈكنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپتۇ، بۇنى چۈشىنەلمەي سورىۋىدىم، مۇنداق جاۋابقا ئېرىشتىم:

— غەربلىكلەر ھايۋانلارنى، بولۇپمۇ ئىت، مۈشۈك دېگەندەك ئۆي ھايۋانلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. تىلەمچىلەر كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش، خەير - ساخاۋەت ئېڭىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ياۋاش ئۆي ھايۋانلىرىنى قۇچاقلىۋالىدۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر «بۇ كىشى ھايۋانلارنى ياخشى كۆرىدىكەن، ھايۋانلارنى ئاسرايدىكەن، ئۇ چوقۇم ياخشى ئادەم» دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ - دە، مەردلىكى قوزغىلىپ، تىلەمچىلەرگە ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغا ئاتاپ پۇل تاشلايدۇ.

ياۋروپا تىلەمچىلىرىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلار كىشىلەرنى پۇل بېرىشكە قىستىمايدىكەن. قول ئۇزارتمايدىكەن، يېپىشىۋالمايدىكەن. بەرسە ئالىدىكەن، بەرمىسە خاپا بولمايدىكەن. مۇھىمى، پۇل بەرمىسە ئادەم تىللىمايدىكەن، ئاز بەرسە دوق قىلمايدىكەن.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزدىكى تىلەمچىلەرمۇ مەدەنىي تىلەمچىلەردىن ئۆگىنىپ، ئازراق كۈچ چىقىرىپ ئاندىن باشقىلارنىڭ پۇل - پۇچىكىنى تەمە قىلسا بولغۇدەك، باشقىلارغا ھېچنېمە قىلماي بەرمەي باشقىلاردىن پۇل تەلەپ قىلىش مېنىڭچە تىلەمچىلىك ئەمەس، بەلكى ئۇششۇقلۇق، تەييارتاپلىقتا ياتىدىغان

قوپال ھەرىكەت.

## 16.«ئەينەك» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىدە

«ئەينەك» ژۇرنىلى ياۋروپادا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىـ
رىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە، تارقىلىش سانى 1 مىليون 300
مىڭ بولغان ھەپتىلىك ژۇرنال ئىكەن، 146 دۆلەتتە سېتىلىدىـ
كەن. بىز 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تەكلىپ بويىچە بۇ ژۇرنالنىڭ
ھامبۇرگ شەھىرىدىكى باش شتابىغا زىيارەتكە كەلدۇق. «ئەينەك»
ژۇرنىلى ئەسلىدە ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ئاخـ
بارات ئورگىنى تەرىپىدىن 1946 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ھاننوـ
ۋېر شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، نامى «بۇ ھەپتە» ئىكەن.
1947 ـ يىلى گېرمانىيىلىكلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېـ
يىن ھازىرقى نامى بىلەن چىقىرىلىشقا باشلىغان ۋە 1952 ـ يىـ
لى ژۇرنال ئورنى ھامبۇرگقا كۆچۈرۈلگەنىكەن.

«بىزنىڭ تەھرىرلىرىمىز ئىچىدە، — دېدى Stockinger ئەـ
پەندى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، — جەمئىيەتشۇناسلار، دوخـ
تۇرلار، قانۇنشۇناسلار، ئامېرىكىشۇناسلار، جۇڭگوشۇناسلار بار.
شۇڭا، ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ، سۈرەتلەرنىڭ ئۇـ
چۇر قىممىتى، نوپۇزى ئىنتايىن يۇقىرى. 30 نەچچە نەپەر خادىم
تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. مۇخبىرلار بۆلۈمىدە 70 نەچچە خاـ
دىم بار، بۇلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك چەت ئەللەردە تۇرىدۇ». ئىقـ
تىساد، سودا خاراكتېرىنى ئالغان بۇ ژۇرنال خۇسۇسىيلار ئىلـ
كىدە بولۇپ، پايچىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىكەن، ئومۇمىي
جەھەتتىن پايدا ئالىدىكەن. بىراق، ژۇرنال ئۆز چىقىمىنى ئۆزى
ئاران قامدىيالىغاچقا، ئاساسلىق كىرىم يەنىلا ئېلاندىن كىرىدىـ
كەن. خادىملارنىڭ مائاشى دۆلەت بېكىتكەن ئەڭ تۆۋەن مائاش،



«ئەينەك» ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى بىلەن ئۇچرىشىش

ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە ئۆزگە تېگىشلىك پايدىدىن تەركىب تاپىدىكەن. ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان 20 خادىمنىڭ مائاشى مىنىستىرلارنىڭ مائاشى بىلەن تەڭ تۇرىدىكەن.

بۇ رېداكسىيىدە تەپتىش كومىتېتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخسۇس كومىتېت بولۇپ، بۇ كومىتېت خەۋەر ـ ماقالىلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تەكشۈرۈش، كېلىش مەنبەسى، ئىسپاتى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش، دەلىللەش خىزمىتىنى ئارتقۇرىدىكەن، ژۇرنال سۈپىتىگە نازارەتچىلىك قىلىدىكەن. بىر سان ژۇرنالدا ئىككى ھەرپ خاتالىقى كېتىپ قالسا نورمال ھېسابلىنىدىكەن، ئۈچتىن ئارتۇق خاتاغا يول قويۇلسا، بۇنداق كىشى تەنقىد ـ جازانى قوبۇل قىلمىسا باش مۇھەررىر ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەن.

بۇ ژۇرنال 1974 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئېلىمىزدە مەخسۇس مۇخبىر تۇرغۇزۇۋېتىپتۇ. «چەت ئەل ئەھۋالى» سەھىپىسىدە

جۇڭگوغا ئائىت ماقالىلەر، سۈرەتلەر بېرىلىپ تۇرىدىكەن.
سودا ئېلانلىرى ئېلان قىلىنسا، قانچىلىك ئېلان ھەققى ئېلىنىدۇ دېگەن سوئالغا Stockinger ئەپەندى: «بىر بەتلىك رەڭلىك ئېلان ئۈچۈن 900 مىڭ مارك (خەلق پۇلىغا 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن)، يېرىم بەتلىك رەڭلىك ئېلان ئۈچۈن 500 مىڭ مارك (خەلق پۇلىغا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن) ھەق ئېلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

## 17. گېرمانىيىدە مال باھاسى

مەيلى گېرمانىيىدە بولسۇن ۋە مەيلى فرانسىيە، ئىتالىيىلەردە بولسۇن، مال باھاسى جۇڭگودىكىدىن ئالتە ھەسسىدىن ئون ھەسسىگىچە قىممەت بولىدىكەن. باھا شۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمىگە قاراپ بەلگىلەنگەن بولسا كېرەك.
كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان يېرى، گېرمانىيىدە مال باھاسى شۇ مالنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇلىدىكەن. باھا تالىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بەلگىلەنگەن باھادىن بىر تىيىن كەم بولۇپ قالسىمۇ مال سېتىلمايدىكەن. مال ساتقۇچىلار ۋە خېرىدارلار باھا تالاشقان كىشىگە ئۇ كىشى خۇددى باشقا پلانېتادىن كېلىپ قالغان غەلىتە مەخلۇقتەك، ھەيران قالغان نەزەردە قارىشىدىكەن. تۆۋەندىكىسى بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ ماڭا بىۋاسىتە مەلۇم بولغان باھالىرى:
كىرا ئاپتوموبىللىرىنىڭ قوزغىلىش باھاسى: 15 مارك (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 75 يۈەن).
بىر دانە پاختا يىپ مايكا: 15 مارك (خەلق پۇلىغا 75 يۈەن).
بىر تال گالستۇك قىسقۇچ: 15 مارك (خەلق پۇلىغا 75

يۈەن).

ئاممىۋى ھاجەتخانىغا بىر قېتىم كىرىش ئۈچۈن، 2.5 مارك (خەلق پۇلىغا 12.5 يۈەن).

بىر ۋاخلىق ئاددىي تاماق: 30 مارك (خەلق پۇلىغا 150 يۈەن).

بىز بىلېفېلد شەھىرىگە كېتىۋېتىپ، ھامبۇرگ شەھەر ئەتراپىدا توختاپ ئۆتتۇق. مەن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەزى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى خاتىرىلىۋالدىم. مال باھاسى شەھەر مەركىزىگە قارىغاندا، شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا ئەرزانىراق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

پەمىدۇر (سۇپەتلىك): بىر كىلوگرامى 4.90 مارك (خەلق پۇلىغا 24.50 يۈەن).

ئالما (سۈپىتى ئوتتۇرا ھال): بىر كىلوگرامى 4.99 مارك (خەلق پۇلىغا 24.95 يۈەن).

ئۈزۈم (تۇرپاننىڭ ئۇرۇقسىز ئۈزۈمى بىلەن ئوخشاش): بىر كىلوگرامى 7.95 مارك (خەلق پۇلىغا 39.75 يۈەن).

نەشپۈت (سۈپىتى كورلا نەشپۈتىگە يەتمەيدۇ): بىر كىلوگرامى 4.99 مارك (خەلق پۇلىغا 24.95 يۈەن).

قارا ئۆرۈك (سورتلۇق): بىر كىلوگرامى 5.90 مارك (خەلق پۇلىغا 29.50 يۈەن).

مەن 1997 ـ يىلى كۈزدە ياپونىيىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ياپونىيىدىكى مال باھاسى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكىدىن يۇقىرى ئىكەن، دەپ قارىغان ۋە مال باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن كۆپ قاقشىغانىدىم، بىراق ياۋروپادىكى مال باھاسىنى بىلگەندىن كېيىن ياپونىيىدىكى مال باھاسىنىڭ ياۋروپادىكىدىن تۆۋەنرەك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

## 18. Bertelsman دا مېھمان بولۇش

بېرتېلسمان نەشرىيات شىركىتىنىڭ باش ئورگىنى بىلېـ-
فېلد شەھىرىگە 20 كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان
بولۇپ، بىز 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەتىگەندە بۇ شىركەتكە زىـ-
يارەتكە كەلدۇق. بۇ شىركەت خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدا بو-
لۇپ، كىتاب - ژۇرنال نەشر قىلىدىكەن، تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو
ئىستانسىسى باشقۇرىدىكەن، ئۇن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ
چىقىرىپ بازارغا سالىدىكەن. ئۇچۇر مۇلازىمىتى كارخانىلىرى
ئىچىدە دۇنيا بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. دۇنيا بويىچە مەدە-
نىي كۆلۆل ئېچىش شىركەتلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 23
پىرسەنتىنى مانا مۇشۇ بېرتېلسمان نەشرىيات شىركىتى ئىگىـ-
لەيدىكەن.

شۇ كۈنىدىكى زىيارەتتە، بۇ شىركەتنىڭ ئىلغار كارخانا
باشقۇرۇش، ئىگىلىك يارىتىش ئىقتىدارىدىن ئۆزگە يەنە ئىككى
ئالاھىدىلىكى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

بۇنىڭ بىرى، بۇ شىركەتنىڭ مېھمان قوبۇل قىلىش - كۈ-
تۈش ئۇسۇلى.


بىز شىركەت ئورگىنىغا كېلىپ، خېلى چوڭ بىر قوبۇلخا-
نىغا كىرگەندە شىركەت تەرەپ ھەربىر ئادەمگە بىر ئۈلۈشتىن
توغرىلاپ قەھۋە، چاي، سۈت، شېكەر ۋە ھەر خىل پېچىنە قويۇپ
قويۇپتۇ، كىچىككىنە بىر تەخسىدە يەنە بىر توغرام بانان، بىر
توغرام شاپتۇل، ئىككى توغرام قوغۇن، ئىككى توغرام تاۋۇز دې-
گەندەك مېۋىلەر بار ئىكەن. ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىردىن
ئاددىي ماي قەلەم، خاتىرە دەپتەر دېگەندەك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى-

نىمۇ تىزىپ قويۇپتۇ. بىز كىرىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، شىركەت باياناتچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ بىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە مېۋە - چېۋىگە ئېغىز تېگىشىمىزگە تەكلىپ قىلدى. بىز 10 مىنۇتلارچە قەھۋە ئىچتۇق، مېۋە - چېۋىلەردىنمۇ يېدۇق.

ئادەتتە، ياۋروپا كارخانىلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلاردا مېھمان كۈتۈشتە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلىدىكەن. بۇ، مېھمانلارغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلىسە، مېھمانلارمۇ ساھىبخانىنىڭ ھىممىتىدىن خۇشال بولىدىغان گەپ ئىكەن.

ئەلۋەتتە، بىزدىمۇ سۆھبەت يىغىنلىرىدا مىنېرال سۇ، چاي، مېۋە - چېۋىلەر قويۇلىدۇ. لېكىن، قوغۇن - تاۋۇز شاپىقى بىلەن، مېۋە - چېۋە پوستى بىلەن ئەكىرىلىدۇ. بىزدىمۇ قوغۇننى، تاۋۇزنى شاپىقىدىن ئايرىپ، ئاغزىغا پاتقۇدەك توغراپ بىرەر تەخسىگە ئېلىپ مېھمان كۈتكۈدەك شارائىت بار. قوغۇن - تاۋۇز يوغان تىلىنغان بولغاچقا، مېھمانلار جامائەت ئالدىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىشتىن، قوغۇن - تاۋۇز يەپ، ئۇماچ ئىچكەندەك ئاۋاز چىقىرىپ قويۇپ كۈلكىگە قېلىشتىن قورقۇپ ھېچنېمىگە قول ئۇزاتمايدۇ. نەتىجىدە، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر ئۆز پېتى قالىدۇ - دە، ئىشخانا مۇدىرلىرىنىڭ، زاپخوزلارنىڭ، تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

يەنە بىرى، چۈشلۈك تاماق يېگىنىمىز بولدى. بېرتېلسمان شىركىتى پۇل دېسە پۇلى بار، نام دېسە نامى بار بىر كاتتا شىركەت، بۇنداق چوڭ شىركەت بىزگە جەزمەن سوۋغات تەقدىم قىلماي قالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق. ئەمەلىيەتتە، تەقدىم قىلغىنى شۇ شىركەتتە ئىشلەنگەن بىر دانە CD پلاستىنكىسى بولدى. بۇنى سوۋغات دېگەندىن كۆرە، ئېلان دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. چۈش-




ئازادە، ھەشەمەتلىك بېرلىن مېھمانخانىسى

لىۋك تاماقمۇ شىركەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بولغاچقا، بىز
كاتتا زىياپەتكە داخىل بولارمىز، بەلكى ئېسىل ھاراقتىنمۇ ھۇ-
زۇرلىنارمىز دېيىشكەنىدۇق. ئەمما، قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويغى-
نى بىر قۇرۇق پەتنۇس بولدى. قائىدە بويىچە پەتنۇسنى ئېلىپ
چۆمۈچ تۇتۇپ تۇرغان ئاياللارنىڭ ئالدىغا بىرمۇبىر بارى-
دىكەنمىز، تېخى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ
نۆۋەت ساقلايدىكەنمىز.
شۇنداق قىلىپ تۆت - بەش ئاشپەزنىڭ ئالدىغا بىرمۇبىر
بېرىپ پەتنۇسنى تولدۇردۇق، پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تەس-
لىكتە ئورۇن تاپتۇق - دە، تاماق يېيىشكە باشلىدۇق.
بۇ ئەسلىدە بېرتېلسمان نەشرىياتىنىڭ ئىشچى - خىزمەت-
چىلىرى ئۈچۈن باشقۇرۇلغان ئاشخانا بولۇپ، ئورگان تەرەپ تاماق
پۇلىنىڭ 15 پىرسەنتىنى تولدۇرۇپ بېرىدىكەن، قالغان 85 پىر-

سەنتىنى تاماق يېگۈچى ئاي ئاخىرىدا مائاشىدىن تۆلەيدىكەن.

بىز ئۆزىمىز تاماق توشۇپ كېلىپ ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا تاماق يەۋېتىپ سەل قورۇنغاندەك، كۆرسىمىز چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىشتۇق. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ قورۇنۇشلىرىمىز بىردىنلا يوقىلىپ كەتتى. چۈنكى، بىزدىن پەقەت ئىككى ئۇستەل نېرىسىدا بېرتېلسمان شىركىتىنىڭ لىدىرى، دىرېكتورى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تاماق يەۋېتىپتۇ. كاتتا شىركەتنىڭ كاتتا لىدىرى، مال ـ دۇنياغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر ئەربابمۇ ئۆز ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە تاماق يېگەن يەردە بىز قانچىلىك نېمە ئىدۇق، دەپ ئويلاشتۇق.

## 19. ھېينىنىڭ يۇرتى — دوسلدورف

دوسلدورف شەھىرى رېيىن دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان دىيوسىل دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئېغىر سانائەت شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن قوڭۇر كۆمۈر، تۆمۈر رۇدىسى قاتارلىقلار كۆپ چىقىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى 200 — 300 يىل بۇرۇنلا شەكىللىنىپ بولغان بولۇپ، كوچىلىرى كەڭرى، بىنالىرى گوتىك ئۇسلۇبىدا سېلىنغانىكەن.

ئاتاقلىق نېمىس شائىرى ھېنرىخ ھېينى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ شەھەردە ئىجاد قىلغانىكەن. شەھەر ئاھالىلىرى بۇ يەردىن ھېنرىخ ھېينىدەك بىر شائىرنىڭ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن.

دوسلدورف شەھىرىدە تۇرغان كۈنلەردە شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، «پادىشاھ كوچىسى» دەيدىغان كەڭ ۋە دەرەخزار بىر كوچىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرد-

پى ياپون ماگىزىنلىرى، ياپون ئېلانلىرى، ياپونچە ۋىۋىسكىلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ماڭا ئىككى يىل بۇرۇن كۆرگەن توكيو كوچىلىرىنى ئەسلەتتى. شەھەر مەركىزىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كەڭ ۋە ئۇزۇن بولغان بۇ كوچىنىڭ تامامەن ياپونچە تۈس ئالغان-لىقى مېنى قىزىقتۇرماي قالمىدى.

— بۇ كوچىدىكى ماللار، يېمەك - ئىچمەكلەر شەھەر بويىچە ھەممىدىن قىممەت، — دېدى، لى سەن چۈشەندۈرۈپ.

لى سەن ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى بۇ شەھەرنى پىششىق بىلى-دىكەن. گەپ - سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك، جۇڭگو — گېرمانىيە ياش ئىختىساسلىقلارنى ئال-ماشتۇرۇش مەركىزى گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ باش شتابىمۇ مۇ-شۇ شەھەردە ئىكەن.

— بۇ كوچىدا نەرخى - ھاۋا نېمە ئۈچۈن يۇقىرى، — دەپ سورىدى ھەمراھلىرىمدىن بىرى.

— بۇ كوچىنى يەرلىكلەر «پادىشاھ كوچىسى» دەپ ئاتايدۇ. نېمە ئۈچۈن «پادىشاھ كوچىسى» دەپ ئاتىغانلىقىنى مەنمۇ بىل-مەيدىكەنمەن، بىراق بۇ كوچا بايلار كوچىسى، بۇ كوچىدا تۇرىدى-غان خوجايىنلارنىڭ ھەممىسى باي ئادەملەر.

— بۇ يەردە نېمىشقا ياپونلار كۆپ ؟

— بۇ كوچىنى ياپونلار سېتىۋالغان، ئۇلار ئاۋۋال مۇشۇ كو-چىنى سېتىۋېلىپ، ئاندىن گېرمانىيە بازارلىرىغا يۈرۈش قىلغان.

مەن دەرھال بېرلىن، ھامبۇرگ كوچىلىرىدا كۆز چاقنىتىپ پارقىراپ تۇرغان ياپونىيە سودا ئېلانلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەل-تۈردۈم. بولۇپمۇ، بېرلىندا بولغان كۈنلىرىمدە چەت ئەل سودا ئېلانلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. چۈنكى، مەلۇم بىر شەھەردە مەلۇم چەت ئەل شىركىتى ئېلانلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى شۇ شىر-

كەتنىڭ شۇ شەھەر بازىرىغا كىرىپ بولغانلىقىنى، كىرىۋاتقانلىقىنى ياكى كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ شىركەت تۈرۈشلۇق چەت ئەلنىڭ سودا رىقابەت كۈچىنى، كاپىتال چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

زېرىكمەي كۆزىتىش ۋە خاتىرىلەش نەتىجىسىدە، مەن گېرمانىيە شەھەرلىرىدىكى چەت ئەل سودا ئېلانلىرى ئىچىدە ياپونىيە ئېلانلىرىنىڭ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەلۇم بىر كۈنى كەچقۇرۇن بېرلىندىكى ئالېكساندىر كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ياپونىيىنىڭ «Panasonic»، «Epson»، «Sharp»، «Konica»، «Canon» قاتارلىق 11 خىل ئېلاننى بايقىدىم. يەنە كېلىپ بۇ ئېلانلار ئەڭ ئېگىز بىنالارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك جايىغا جايلاشتۇرۇلغانىكەن. كېچىلىرىمۇ كۆز چاقنىتىپ پارقىراپ تۇرىدىكەن. مەن بايقىغان 11 خىل ئېلان ئىچىدە يەنە ياپونىيىنىڭ «Mitsubishi»، «Honda»، «TOYOTA» قاتارلىق ئاپتوموبىل ئېلانلىرىمۇ بار ئىكەن.

كۆپچىلىككە مەلۇم، دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپ ئىچىدىن يانىدىغان ماتور 1878 ـ يىلى گېرمانىيىلىك ئوتتو دېگەن ئىنژېنېر تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندە، گېرمانىيىلىك يەنە بىر ئالىم ــ بېنىز بېنزىن بىلەن ئىشلەيدىغان بۇنداق ماتۇردىن پايدىلىنىپ تۇنجى كىچىك ئاپتوموبىلنى ياساپ چىققان ۋە 1885 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى رەسمىي پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

گېرمانىيىدە ھازىر بېنىزنىڭ نامى بېرىلگەن «دەيمولېر ـ بېنىز»، ماركىلىق ئاپتوموبىل ۋە «ئاممىباب» (بۇ شىركەت دۆلەتنىڭ شاھتمزنىڭ شاھخەي، چاڭچۈن شەھىرىدە شېرىكلىشىپ زاۋۇت ئاچقان. بۇ زاۋۇتلاردا ھەممىگە تونۇشلۇق «Santana»، «Jetta»

ماركىلىق كىچىك ئاپتوموبىللار ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ»)
«BMW»، «Audi» (بۇ شىركەتمۇ چاڭچۈن 1 ـ ئاپتوموبىل زاۋۇتى بىلەن شېرىكلىشىپ «Audi» ماركىلىق پىكاپ ئىشلەپ چىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرغان) قاتارلىق داڭلىق ئاپتوموبىللار دەل گېرمانىيىدە ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. «دەيمولېر ـ بېنز»، «BMW» ماركىلىق ئاپتوموبىللارنىڭ قىممەتلىكىدىن دۆلىتىمىزدىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ سېتىۋېلىشى تەشەببۇس قىلىنمايدۇ.

دېمەك، بۇنداق داڭلىق ئاپتوموبىل دۆلىتىگە ياپون ئاپتوموبىللىرىنىڭ سىغدىلىپ كىرىشى ئاسان گەپ ئەمەس، ئاپتوموبىل بازىرى رىقابىتىدە گېرمانىيە ئاپتوموبىللىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس.

دەرۋەقە، گېرمانىيىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللاردا، شەهەر كوچىلىرىدا كەلكۈندەك ئېقىۋاتقان ئاپتوموبىللار ئارىسىدا ياپون ئاپتوموبىللىرىمۇ قاتناپ تۇرۇپتۇ. ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىدا توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوموبىللارغا دىققەت قىلسىڭىز، 10 ئاپتوموبىلنىڭ بىرى چوقۇم ياپون ئاپتوموبىلى بولۇپ چىقىدىكەن. گېرمانىيىدىن ئىبارەت ئاپتوموبىل دۆلىتىدە ۋە مەشهۇر «Fiat»، «Eveco»، «Peugeot» لارغا ئوخشاش داڭلىق ئاپتوموبىللار ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان ياۋروپادا بىز 20 نەچچە كۈنلۈك زىيارىتىمىزنى ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «TOYOTA» ماركىلىق كالا باشلىق بولكىۋايدا ئولتۇرۇپ تاماملىدۇق.

دېمەك، ياپونىيە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ، گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان دوسلدورف شەهىرىدىن «پادىشاه كوچىسى» نى سېتىۋاپتۇ، بېرلىندا بولغان كۈنلىرىمىزدە هەمراه بولۇۋاتقانلار بىزگە ئاسمان ـ پەلەك ئىمارەتلەر سېلىنىۋاتقان خېلى كەڭ بىر رايوننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ

رايون تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئېگىز - پەس، ئوت - چۆپلۈك بىر يەر ئىدى. بۇ يەرنى ياپونلار سېتىۋالدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار قۇرۇلۇش قىلىپ، بەزى شىركەتلىرىنىڭ باش شتابلىرىنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. بىرقانچە يىل بۇرۇنقى تېلېۋىزىيە خەۋىرىگە قارىغاندا، ياپونىيىلىكلەر ئامېرىكىدىكى بە-زى بانكىلارنى، كارخانىلارنى پۈتۈن - پۈتۈن سېتىۋالغانىكەن.

گېزى كەلگەندە دەۋالاي، 60 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا سەھرادا دېھقان بولۇپ يۈرگىنىمدە قولۇمغا چۈشكەنلىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقاتتىم، بۇ كى-تابلار ئارىسىدا «بولشېۋىكلار پارتىيىسى تارىخى قىسقىچە كۇر-سى»، «دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم» دې-گەندەك سىياسىي، پەلسەپىۋى كىتابلارمۇ، «ئانتى دىيورىنىگ»، «كاپىتال» دېگەندەك ماركىستىك ئەسەرلەرمۇ ۋە «ياش ئاسترو-نوم»، «يۈز مىڭ نېمە ئۈچۈن» دېگەندەك پەننىي كىتابلارمۇ بار ئىدى، ھەتتا «كلىنىكىلىق دىئاگنوز ئاساسلىرى»، «كۆز كېسەل-لىكلىرى» دېگەندەك تېببىي كىتابلارنىمۇ ئوقۇغانىدىم.

ئاشۇلار ئىچىدىكى قايسىبىر كىتابتىن ئوقۇدۇمكىن، مۇنداق بىر تەبىر ئېسىمدە قاپتۇ. شۇ كىتابلارنىڭ بىرىدە «جا-ھانگىرلىك ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى، چەت ئەلنىڭ خام ئەشياسىغا، ئەرزان ئەمگەك كۈچىگە، بازىرىغا ئىگە بولۇۋېلىشتۇر» دەپ يې-زىلغانىدى.

ھازىر جاھان ئۆزگەردى، تىنچلىق كۈچلىرى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا چەك قويدى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاش-تى. خۇددى ئېلىمىز رەھبەرلىرى ئېيتقاندەك، تىنچلىق ۋە تە-رەققىيات بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىككى تېما بولۇپ قال-دى. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن بۇنداق

مۆھىتتا باشقىلارنىڭ خام ئەشياسىغا، ئەرزان ئەمگەك كۈچىگە، بازىرىغا ئېرىشىش قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن، رىقابەت بىلەن، چەت ئەلگە كاپىتال چىقىرىش بىلەن ئورۇندىلىنىۋاتىدۇ. كۈۋەيتنىڭ مول نېفىت بايلىقىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولغان ئىراق كۈۋەيتكە قورال كۈچى ئىشلەتمۇدى، ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئاخىرىدا كۈۋەيتتىن ناھايىتى ئوسال ھالەتتە قايتىپ چىقتى.

ياپونلارچۇ، گېرمانىيە شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات جايلىرىدىن پۈتۈنسۈرۈك كوچىلارنى، رايونلارنى، «ئاكاڭ قارىغاي جاھاندا بىر» دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن ئامېرىكىنىڭ چوڭ ـ چوڭ بانكىلىرىنى، كارخانىلىرىنى سېتىۋېلىۋاتقان ياپونىيە ئەگەر پۇلنىڭ كۈچىگە ئەمەس، قورال كۈچىگە تايىنىمەن دېسە ئەھۋالى قانداق بولار ئىدى؟

دېمەك، ئۆزۈڭنىڭ ھال ـ كۈنۈڭنى ياخشىلايمەن دېسەڭ، باشقىلارنىڭ خام ئەشياسىدىن، ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن، بازارلىرىدىن پايدىلىنىشىڭغا، چەت ئەلگە كاپىتال چىقىرىشىڭغا، چەت ئەل كاپىتالىنى كىرگۈزۈشۈڭگە توغرا كېلىدۇ، شۇ چاغدىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ پۇلىنى تاپالايسەن.

دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەل بازىرىغا قارىتىلغان ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشنى، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ، چەت ئەل كاپىتالىدىن پايدىلىنىشنى تەكىتلىشىمۇ، ھەتتا تولۇقلىما بېرىش، باجدا ئېتىبار قىلىش يولى بىلەن ئېكسپورتقا ئىلھام بېرىشىمۇ دەل دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت جۇغلانمىسىنى ئاشۇرۇشنى، يەنى چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇلىنى تېپىپ مەملىكەت ئىچىگە ئەكىرىشنى مەقسەت قىلغان. مۇۋاپىق ئېكسپورت مىقدارى بولمىغان ياكى ئىمپورت ئېكسپورت-

تىن ئېشىپ كەتكەن، پەقەت ئىچكى ئىستېمال ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سودا ـ سانائەت ئاخىر ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ ياكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەيدۇ.

بۇ مېنىڭ دوسلدورف شەھىرىدىكى «پادىشاھ كوچىسى» دا ۋە ياپون ۋىۋىسكىلىرى پارقىراپ تۇرغان بېرلىن شەھىرىدىكى ئالېكساندىر مەيدانىدا كېتىۋېتىپ ئويلىغانلىرىم.

## 20. يېرىم كېچىدىكى تەنتەنە

پايتەختىمىز بېيجىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئارىلىقى ھاۋا رايى بويىچە ھېسابلىغاندا 10 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىنلىشىدۇ، ۋاقىتمۇ يەتتە سائەتچە پەرق قىلىدۇ. يەنى بېيجىڭدا تاڭ ئېتىپ يەتتە سائەتتىن كېيىن ئاندىن ياۋروپانىڭ، جۈملىدىن گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىدا تاڭ ئاتىدۇ.

1 ـ ئۆكتەبىر، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىلىنىدىغان كۈنى بىز دوسلدورف شەھىرىدىكى ئارستون مېھمانخانىسىدا ئۇخلاۋاتاتتۇق. بىر چاغلاردا تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. تېلېفوننى ئېلىۋىدىم، بىر ئايال نېمىسچە بىر نېمىلەرنى دېدى ـ دە، جاۋابىمنى كۈتمەيلا تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى. نېمىسچىنى بىلمەيدىغىنىم، شۇ سەۋەبلىك جاۋابمۇ بېرەلمەيدىغىنىم ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

مەن سائەتكە قارىدىم، ئۇ چاغدا شۇ يەرنىڭ ۋاقتى بىلەن كېچە سائەت ئۈچ بولغانىدى. ئۇخلىغىلى تېخى بىر ـ ئىككى سائەت بولمايلا ئويغىتىۋېتىلگىنىم ئۈچۈن سەل خاپا بولدۇم، تېلېفوننىڭ مەقسەتلىك بېرىلگىنىنى ياكى خاتا بېرىلگىنىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدىم، مەن ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ كەتتىممۇ، ئاسان ئۇخلىيالمايدىغان ئادەم. دېگەندەك، يەنە ئۇخلىيالمىدىم، كارىۋاتقا

تاشلىنىپ، توروۇسقا تىكىلدىم، ھېلىقى تېلېفوننىڭ «مەقسەت»ى ئۈستىدە داۋاملىق ئويلاندىم.

«توغرا، بۈگۈن 1 ـ ئۆكتەبىر ئەمەسمۇ، بىرەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېيجىڭدىكى 50 يىللىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۈلاپ كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ تەنتەنىنى كۆرسۇن دەپ ئويغى-تىۋەتكەن گەپ !»


باشتا، چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە سائەتكە قاراپلا تېخى تەڭ كېچە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئاپتىمەنيۇ، بېيجىڭ بىلەن دوسلدورف ئارىسىدىكى يەتتە سائەتلىك ۋاقىت پەرقىنى تامامەن ئۇنتۇپتىمەن !

يېرىم يالىڭاچ پېتىم تېلېۋىزورنى ئاچتىم، قانالللارنى يۆت-كىدىم. دېگەندەك ئامېرىكىنىڭ CNN ئىستانسىسى بېيجىڭدىكى تەنتەنىنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ، نۇرغۇن ئاپتوموبىلللار، تانكىلار مەيداندىن ئۆتۈۋېتىپتۇ، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئۇستى ئو-چۇق ئاپتوموبىلدا ئۆرە تۇرۇپ قول ئىشارىتى قىلىپ كېتىۋې-تىپتۇ!

ياندىكى كارىۋاتتا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان «فۇجيەن ياش-لىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى چېن رۇخۇي ئەپەندىنى تۇرتكۇچلەپ يۇرۇپ تەستە ئويغاتتىم. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ تېلېۋى-زوردىكى كۆرۈنۈشلەرگە قاراپلا نېمە ئۈچۈن ئويغاتقانلىقىمنى چۈشەندى.

تەنتەنە كۆرۈنۈشى ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، CNN ئىس-تانسىسى كۆرۈنۈشنى ئۆزگەرتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ۋەتەندىن شۇنچە يىراقتا تۇرۇپمۇ تونۇش تىيەنئەنمېن راۋىقىنى، تونۇش رەھبەرلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇق، بىزنى ئۆز ۋاقتىدا ئويغى-تىۋەتكەن تېلېفون بەرگۈچىگە غايىبانە رەھمەت ئېيتتۇق.

# گول دولتی ـ گوللاندیه



# گوللاندىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى: گوللاندىيە پادىشاھلىقى**
**يەر مەيدانى: 41 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر**
**نوپۇسى: 15 مىليون 270 مىڭ**
**پايتەختى: ئامستېردام**

**تەبىئىي جۇغراپىيىسى:** گوللاندىيە ياۋروپا قىتئەسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە فرانسىيە بىلەن، غەرب ۋە شىمالدا شىمالىي دېڭىز بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتا بېلگىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى دېڭىز يۈزىدىن ئاران بىر مېتىرلا ئېگىز. پۈتۈن يەر مەيدانىنىڭ 48 پىرسەنتى قۇملۇق. دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1075 كىلومېتىر.

گوللاندىيە تەبىئىي بايلىقى بىرقەدەر كەمچىل دۆلەت، سۇنئىي تۈردە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، مەملىكەت زېمىنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوتلاقلا ئايلاندۇرۇلغان. نېفىت، تاشكۆمۈر، قوڭۇر كۆمۈر دېگەندەك تەبىئىي بايلىقلار بولسىمۇ، زاپىسى كۆپ ئەمەس. ئەمما، بۇ دۆلەتتە تەبىئىي گاز زاپىسى ناھايىتى مول بولۇپ، تەبىئىي گاز ئېچىش جەھەتتە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، ئامېرىكا، كانادادىن قالسىلا، دۇنيا بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

گوللاندىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نوپۇسى ئەڭ زىچ مەملىكەتلەرنىڭ بىرى، ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 400

دىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئار-تۇقراقىنى گوللاندلار ئىگىلەيدۇ. گوللاندىيە دۇنيا بويىچە ئال-دىنقى قاتاردىكى ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت بولۇپ، گوللاندلار مىجە-زى ئوچۇق، قىزغىن بىر مىللەت، يېڭى شەيئىلەرنى تېز قوبۇل قىلىدۇ. كۆركۆم گۈلى گوللاندىيىنىڭ دۆلەت گۈلى.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى:** گوللاندىيە دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن كاپىتالىستىك دۆلەت. تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى ۋە شەھەر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمكە ماس ھالدا، بۇ دۆلەتتە 12 ـ، 13 ـ ئەسىردىلا كاپىتالىزم بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇ ھازىرمۇ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى 50 يىل مابەينىدە، گوللاندىيىنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. 1996 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا بويىچە 7 ـ ئورۇندا تۇرغان. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش قىممىتى جەھەتتە 3 ـ ئورۇندا تۇرغان. چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە 6 ـ ئورۇندا تۇرغان. گوللاند-دىيە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ياغ ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت. بۇ دۆلەتتە ئاساسەن خىمىيە سا-نائىتى، ئېلېكتر، ئېلېكترون سانائىتى، كېمىسازلىق، كانچى-لىق، پولات تاۋلاش قاتارلىق سانائەتلەر تەرەققىي قىلغان. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلەپ چىقى-رىدىغان دۇنياۋى شىركەت— «PHILIPS» شىركىتى گوللاند-يىنىڭ داڭلىق كارخانىسى.

گوللاندىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچى-لىكنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى مىل-

لىي ئىگىلىكتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان كۆكتاتنىڭ يېرىمىنى ئېكسپورت قىلىدۇ. بۇ دۆلەتتىن چىقىدىغان گۈل دۇنيا گۈل سودىسى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ «گۈل دۆلىتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار.

## 1. سۇ شەھىرى — ئامستېردام

بىز 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچقۇرۇن ئامستېردامغا يېتىپ كەلدۇق.

ھەمراھ بولغۇچىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئامستېردام دېگەن سۆز گوللاند تىلىدا «دامبا ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر» دېگەن مەنىنى بېرەرمىش. دېمىسىمۇ، مىلادىيە 1296 - يىلى شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان بۇ شەھەردە پۈتۈن شەھەر رايونىنى توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان 50 نەچچە قانال بولۇپ، قانالغا سېلىنغان كۆۋرۈكلا 600 دىن ئاشىدىكەن. شەھەر قاتنىشى بۇرۇنقى زامانلاردا ئاساسەن كېمە بىلەن ئورۇندىلىنىدىكەن. كېمە ھازىرقى كۈندىمۇ شەھەر قاتنىشىنىڭ مۇھىم قورالى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ «شىمالىي ياۋروپادىكى ۋېنېتسىيە» دېگەن نامىمۇ دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكتىن كەلگەنىكەن. قانالنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەد كۆتۈرگەن قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گوللاندىيە پادىشاھلىقىنىڭ بۇنىڭدىن 300 يىللار بۇرۇنقى گۈللەنگەن دەۋرىدە سېلىنغانىكەن.

ئامستېردام شىمالىي ياۋروپادىكى مۇھىم مەدەنىيەت شەھىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ شەھەردە خانلىق مۇزېيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 تىن ئارتۇق مۇزېي بولۇپ، بۇ مۇزېيلاردا

ساقلىنىۋاتقان ئەتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى 1 مىليوندىن ئاشىدىكەن.

بىز ئامستېردامغا كەلگەن كۈنى كەچقۇرۇن چىرايلىق بې-زەلگەن سەيلە كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، قانال ئارقىلىق ئۈزۈپ، شەھەر مەنزىرىسىنى، مەشھۇر كۆۋرۈكلەرنى، مەشھۇر ئىمارەت-لەرنى تاماشا قىلدۇق. پۈتۈن شەھەرنى ئۆمۈچۈك توردەك قاپلاپ كەتكەن قانالنىڭ ئىككى قىرغىقى گرانىت تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، قىرغاقتىن ئىككى ـ ئۈچ مېتىر نېرىسىغىلا چىراي-لىق، كۆركەم ئىمارەتلەر سېلىنغانىكەن.

بىز سەيلە كېمىسىدە كېتىۋېتىپ، قانال بويلىرىدا توختى-تىپ قويۇلغان نۇرغۇن كېمىلەرنى كۆردۇق. تونۇشتۇرغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كېمىلەر قاتناش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تۇرالغۇ جاي قىلىش ئۈچۈن ياسالغانىكەن. ھەربىرى بىر ئائىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇنداق كېمىلەردە ياتاق ئۆي، ئاشخانا ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك باشقا خانىلار بولىدىكەن. پەقەت ئامس-تېردام قانالىرىدىلا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بۇنداق كېمە ئۆي-لەرنىڭ ئىگىلىرى شەھەر مەمۇرىيىتىگە ھەر ئايدا توختىتىش ھەققى تۆلەپ تۇرىدىكەن. ھازىر شەھەر بويىچە 2500 دەك كېمە ئۆي بولۇپ، بۇنداق كېمە ئۆيلەرنىڭ كۆپىيىشىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەك قويۇلۇپتۇ.

ئەسلىدە گوللاندىيىدە يەر كەمچىل بولۇپ، گوللاندىيىلىك-لەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 16 ـ ئەسىردىن باشلاپلا دېڭىزنى تىندۇرۇپ يەر بىنا قىلىشقا باشلىغانىكەن. ئېيتىلىشى-چە، ئامستېردام شەھىرىنىڭ ھازىرقى كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى دېڭىزنى تىندۇرۇپ بىنا قىلىنغان قۇرۇقلۇق ئىكەن. گوللاندىيە ۋە ئامستېردام دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن دېڭىزنى تىند-

دۇرۇپ، يەر بىنا قىلىشقا كىرىشكەن جاي بولغاچقا، هازىر دې-
ڭىزنى تىندۇرۇپ يەر بىنا قىلىشقا تۇتۇشقان دۆلەتلەر گوللاندى-
يىنىڭ، ئامستېردامنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىدىكەن. ئامس-
تېردامدىكى 100 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئامستېردام پويىز
ئىستانسىسىمۇ دۇنيا بويىچە بىردىنبىر دېڭىز ئۈستىگە قۇرۇلغان
پويىز ئىستانسىسى بولۇپ هېسابلىنىدىكەن. لى سەننىڭ ئېيتى-
شىچە، ئۇ جۇڭگودىن كەلگەن دېڭىزنى تىندۇرۇپ يەر بەرپا قى-
لىش تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. بۇ ئۆ-
مەك گوللاندىيىدە بىر مەزگىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كې-
يىن تېخى يېقىندىلا دۆلەتكە قايتىپ كېتىپتۇ.

## 2. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەنتى

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ئامس-
تېردامنىڭ سىرتىغا قاراپ ئالاھازەل 20 كىلومېتىرچە يول
ماڭغاندىن كېيىن مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەنتى دەپ ئاتىلىدىغان
بىر كەنتكە يېتىپ كەلدۇق. بۇ گوللاندىيىنىڭ مىڭلىغان كەنت-
لىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر كەنت بولۇپ، بىر تەرىپى دې-
ڭىزغا تۇتىشىدىكەن. تىپىك ۋە قەدىمىي بولغان بۇ كەنت هازىر
ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەنىكەن.

بىز كەنت بوسۇغىسىغا كېلىپلا ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن
ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن هەيران قېلىشتۇق، هەتتا نۆۋەت
ساقلاپ يېرىم سائەتچە تۇرۇپ قالدۇق.

— بۇ هېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىگەن، زامان-
ۋىلاشتۇرۇلمىغان، «ئۇپا ـ ئەڭلىك» سۇرتۇلمىگەن بىر تەبىئىي
كەنت. گوللاندىيە ساياھەت تارماقلىرى بۇ كەنتنى ئۆز پېتى
ساقلاپ قېلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ گوللاندىيە يېزىلىرىنى ۋە



ئامستېردام مېھمانخانىسى

گوللاندىيە دېھقانلىرىنى چۈشىنىشكە ئېچىپ بەرگەن خالاس، — دېدى چۈشەندۈرگۈچى.

كەنت ئاھالىسى ئەسلىدە بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، تۈگمەنچىلىك قىلىدىكەن. بۇ ئادەملەر ھازىرمۇ ئانا مىراس كونا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. تۇرالغۇلىرى ئاساسەن ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيلەر ئىكەن. چىرايلىق سىرلانغان دېرىزىلىرى ئادەتتە ئېچىپ قويۇلىدىكەن. ساياھەتچىلەر مانا شۇ دېرىزىلەر ئارقىلىق، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپلا ئۆي جاھازلىرىنى، ئۆينىڭ بېزىلىشىنى تاماشا قىلالايدىكەن. بەزى ئۆي ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تاماقلىرىنى پىشۇرۇپ تېتىپ باققۇسى كەلگەن ساياھەتچىلەرگە سېتىپ بېرىدىكەن.

بىز كوچىلىرى تەبىئىي ۋە ئۆيلىرى چىرايلىق كەلگەن بۇ كەنتتە بىر دېھقان (ھازىرچە دېھقان دەپ تۇرايلى) ئۆيىنى ئالاھىدە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ ئۆيدە ئىككى – ئۈچ نەپەر ئايال

كالا سۇتىدىن پىشلاقىقا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى ياساپ نەق مەيداندا ساتقىلى تۇرۇپتۇ. ساياھەتچىلەر بۇنداق پىشلاقنى نۆۋەت كۈتۈپ بولسىمۇ سېتىۋالىدىكەن ۋە نەق مەيداندا تېتىپ با- قىدىكەن.

بۇ كەنتتە ھەممە نەرسە تەبىئىي بولۇپ، چىم قاپلىغان ئې- رىقلاردا سۇ ئېقىپ تۇرۇپتۇ. ئوتلاقلاردا ئالا كالىلار، ئۇزۇن قۇلاقلىق غەلىتە قويلار ئوتلاپ يۈرۈپتۇ، كەنت مەركىزىدىكى چوڭ كۆلدە غاز ـ ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. سىرۋانتىسنىڭ قەلىمىدە، رىتسارلىق يولىغا كىرىپ مەجنۇن بولغان دونكىخوت دىۋە دەپ جەڭ ئېلان قىلغان شامال تۈگمەنلىرى ئۇزۇن قاناتلى- رىنى كېرىپ، ئاستا پىرقىراۋېتىپتۇ. دېھقانلار شامال تۈگمەن- لىرىدە ماي چىقىرىۋېتىپتۇ.

بۇ كەنتتە يەنە دېڭىزچىلارنىڭ كونا كومپاسلىرى، دېڭىز ئەسكەرلىرىنىڭ شەپكىسى، پانار چىراغلار، ئوفىتسېرلارنىڭ كىيىملىرى ۋە نىشانلىرى دېگەندەك قەدىمىي نەرسىلەر، تۇچتىن ياسالغان شامال تۈگمىنى مودېلى، نەقىش چېكىلگەن كالا، قوي مۈڭگۈزلىرى، شامال تۈگمىنىنىڭ، كۈركۈم گۈلىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مايكىلار، ئىزناكلار، ياغاچ كەشلەر ئالاھىدە خاتىرە بۇيۇملىرى قاتارىدا سېتىلىدىكەن. بۇنداق نەرسىلەر سېتىلىدىغان دۇكانلار ئوندىن ئاشىدىكەن. بۇ يەرگە كەلگەن ھەرقانداق ساياھەتچى بىرەر خاتىرە بۇيۇمى سېتىۋالماي قالمايدىكەن.

## 3. ئۆرپ ـ ئادەت كەنتىدە ئويلىغانلىرىم

ساياھەتچىلىك ــ بۈگۈنكى دۇنيادا «تۈتۈنسىز سانائەت» دەپ ئاتىلىدىغان مۇھىم بىر كەسىپ. بەزى ئەللەردە، مەسىلەن، بىز كۆرگەن موناكو، ۋاتىكان قاتارلىق دۆلەتلەردە ساياھەتچىلىك كى-

رىمى ئومۇمىي مىللىي ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئىتالىيە، فرانسىيە قاتارلىق چوڭراق دۆلەتلەردىمۇ ساياھەتچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي تاپقان، ساياھەتچىلىكتىن كىرىدىغان تاشقى پېرېۋوتمۇ ئاز ئەمەس.

دۆلىتىمىزدە بولسا ساياھەتچىلىك كەسپى پەقەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بېرى رەسمىي تۈردە جانلانغان كەسىپلەرنىڭ بىرى.

ساياھەتچىلىك كىرىمىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى شۇ ئەلگە كېلىدىغان چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ، ئىچكى ساياھەتچىلەرنىڭ سان ۋە ساپاسىغا باغلىق. كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى شۇ ئەل ۋە شۇ رايوننىڭ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە ساياھەتكە مۇلازىمەت قىلىش سۈپىتىگە باغلىق.

دۆلىتىمىز 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بىر دۆلەت، جۇملىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزمۇ مۇئەييەن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى كۆپ رايونلاردىن بىرى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇلارنىڭ رەڭمۇرەڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدىغان بىر مۇھىم ئامىل.

بىراق، بىزنىڭ ساياھەتچىلىككە سېلىنىغان مەبلىغىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى تېخى دېگەندەك تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بار پۇل بىلەنمۇ قىلغىلى بولىدىغان، پۇل بولمىسىمۇ قىلغىلى بولىدىغان بەزى ئىشلار تېخى ئىشلەنمىگەن.

دەرۋەقە، ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىدىغان چەت ئەل ساياھەتچىلىرى، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى ساياھەتچىلىرى بىزنىڭ

زامانىۋى نەرسىلەرنىمىزنى كۆرگىلى كېلىشى ناتايىن. بىزدىكى زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسى ئۇلار ئۇچۇن تارىختا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى، كۆرىدىغىنى ئېچكى قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا خاس تەبىئەت، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، قىسقىسى ئۆز مەملىكىتىدە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەر. يەنە كېلىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت ساياھەت ئۇچۇنلا ساياھەت قىلمايدۇ، تۇرمۇش ۋە خىزمەت جىددىيچىلىكىدىن كېلىپ چىققان ھارغىنلىقنى تۈگىتىش، ئارام ئېلىشتىن ئۆزگە، نەزەر ـ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، دۇنيانى بىلىش، مىللەتلەرنى چۈشىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ساياھەتكە چىقىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا گېئوگرافىيە، سەنئەت، ئىقلىم، مىللەتشۇناسلىق، ئىرقشۇناسلىققا ۋە پەننىڭ باشقا تارماقلىرىغا چېتىلىدىغان تېمىلارنى ئېلىپ ساياھەتكە چىقىدۇ.

رايونىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ مىللەتلىك رايون. بۇ رايوندا ياشاۋاتقان 13 ئاساسلىق مىللەت 13 رەڭدە ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ. مانا مۇشۇ قەددىمي، كۆپ مىللەتلىك رايوندا ساياھەتچىلەر ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئۈچۈن نېمىشقا بىرەر مىللەتلەر ئۆرپ ـ ئادەت مۇزېيىنى بەرپا قىلالمايمىز؟

مۇزېي قۇرۇشقا مەبلەغ يېتىشمەيدۇمۇ دەيلى، بىرەر كەنتنى ئايرىپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەنتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا قانچىلىك مەبلەغ كېتەتتى؟

مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت كەنتىنى ئالايلى، تۇرپان بولامدۇ، قەشقەر بولامدۇ، ئىشقىلىپ بىرەر شەھەرنىڭ يېنىدا شۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس

ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان كەنتلەردىن بىرەرىنى تاللاش كېرەك. تاللاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ كەنتتە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا يىپەك چىقىرىدىغان، شايى ـ ئەتلەس توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ياغاچ قىرمىچىلىقى، ئېگەر ـ توقۇم، تۆمۈرچىلىك، تاقىچىلىق، تېرە ـ كۆنچىلىك، جۇۋىچىلىق، جوۋازچىلىق، باپكارلىق، زەرگەرلىك، كىگىزچىلىك، دوپپا ـ تۇماقچىلىق... ئىشقىلىپ ئۇيغۇرلار تارىختا شۇغۇللانغانلىكى كەسپلەرنىڭ مۇھىمراقلىرىنى يولغا قويۇپ، بۇ كەسپلەرنى شۇ كەسپنى پىششىق بىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ شۇغۇللىنىشىغا تاپشۇرۇش كېرەك. ئۇلار يوقىلىپ كېتىشكە يۈزلەنگەن ئاش ـ تاماقلىرىنى، ئىچىملىكلىرىنى ياساپ ساتسۇن، ھەممە نەرسە ئۆز ئەنئەنىسى بىلەن داۋام قىلسۇن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە كىيىنگەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەسپلەردىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار يول باشلىغۇچىلار ساياھەتچىلەرگە سۆزلەپ بەرسۇن.

بۇنداق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەنتلىرى ئەگەر ياخشى باشقۇرۇلسىلا چەت ئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىمۇ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مېھمانلارنىمۇ، ھەتتا يەرلىك مېھمانلارنىمۇ جەلپ قىلالايدۇ. ئۆز بالىلىرىمىزنى، ياشلىرىمىزنى مۇشۇنداق كەنتكە باشلاپ ئاپىرىپ ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

بۇنداق ئۆرپ ـ ئادەت كەنتلىرىدە ھۈنەرۋەنلەر ئۆزىنى ئۆزى باقالايدۇ، باقالمىسا ساياھەتچىلىك تارماقلىرى ئاز ـ تولا ياردەم بەرسە بولىدۇ. ھۆكۈمەت، كوللېكتىپ، ھەتتا شەخسلەر مەبلەغ سالسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇنداق ئۆرپ ـ ئادەت كەنتلىرى ھامان بارلىققا كېلىدۇ. قايسى ئورۇن ئاۋۋال مەبلەغ سالسا، شۇ ئورۇن ئاۋۋال پايدا كۆرىدۇ، شان ـ شەرەپ تاپىدۇ.


ئامستېردام مەنزىرىسى

بىراق، مېنىڭ بۇ يەردە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقىنىم گوللاندىيىچە ئۆرپ - ئادەت كەنتى بولۇپ، مەملىكەتتىمىزنىڭ شىنجىيىن شەھىرىدىكى مىللەتلەر ئۆرپ - ئادەت كەنتىدىن مۇتلەق پەرقلىق، بۇنداق كەنت كۆلەم جەھەتتىن كىچىك، تەبىئىيلىكى يۇقىرى، بىرەر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كەنت بولىدۇ.

## 4. پادىشاھ تۇرىدىغان شەھەر — گائاكا

ئۆمىكىمىزدىكىلەر 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گوللاندىيىنىڭ ئەڭ چوڭ پورت شەھىرى — دۇنياۋى چوڭ پورت روتتېردامدا قىسقا ۋاقىت زىيارەتتە بولۇپ، چۈشلۈك تاماق يېگەندىن كېيىن گوللاندىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى، سىياسىي ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولغان گائاكا شەھىرىگە كەلدۇق. گائاكا شەھى-

ـرى يەنە گوللانـدىيە پادىـشاھى تۇرۇشـلۇق جاي بولـۇپ، مـىلادىيـە 1370 ـ يىلى شەھەر بولۇپ قۇرۇلغانىكەن.

گائاكا شەھـەرىدىكى خەلقئارا سوت بىناسىنىڭ تۆمۈر دەرۋا ـ زىسى يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. دەرۋازىنىڭ ئىككى قانـد ـ تىغا تاج كىيگەن پادىشاھنىڭ ۋە شەمشەر تۇتقان سـەركەردىنىـڭ سۈرىتى قاپارتما قىلىپ قۇيۇپ چىقىرىلغانىكـەن. شۇ يەردىكـى چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئىزاھ بېرىشىچە، بۇ ئىككى پارچە قاپارتمـا سۈرەت ئۆز ئالدىغا «تاج كىيگەن پادىشاھ بولساڭمـۇ ئادىل بولـۇ ـ شۇڭ كېرەك» ۋە «قولۇڭدا ھاكىمىيەت قىلىچى بولسـىمۇ قانـۇن بويىچە ئىش قىلىشىڭ لازىم» دېگەن مەنىلـەرنى ئۇقـتۇرىدىكـەن. بۇ مەنە ناپولېئون بوناپارت جاكارلىغان «ناپولېئون قانۇنى» نىـڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدىكەن.

گوللاندىيە ئايال پادىشاھى تۇرىدىغان ساراي شەھەر رايونىغـا جايلاشقان بولۇپ، ساراي ئالدىدىن بىر قانال ئېقىپ تۇرىدىكـەن. ساراي ئالدىدا پادىشاھلىق باغچە بار ئىكەن. يول باشلىغۇچى پا ـ دىشاھ سارىيىنى كـۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۈگۈن پادىشاھ ئوردىـدا ئىكەن» دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئوردىـدا بولغان كـۈن ـ لەردە ساراي ئۈستىگە بايراق چىقىرىلىدىكەن. پادىشاھ چەت ئەل ـ گە چىقىپ كەتكەن ياكى مـەملىكـەت ئىچىدىكى باشقا جايلارنـى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەتكەندە بايراق ئېسىلمايدىكەن.

## 5. پادىشاھلىق ئالماس زاۋۇتى

بىز گوللاندىيىگە كەلمەستىنلا ئالماس (بىرلىيانت) پىششىقلاپ ئىشلەشتە گوللاندىيىنىڭ داڭقى بارلىقىنـى ئاڭلىغانىدۇق. شـۇ سەۋەبلىك، بىزنىڭ ئېكسكۇرسىيە كـۈنتەرتىپىمىزدىمۇ ئامـسـ ـ تېردامدىكى پادىشاھلىق ئالماس پىششـىقلاپ ئىشلـەش زاۋۇتىنـى

ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن.

بىز ئامستېردامغا كەلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇدۇل شەھەر مەركىزىدىكى پادىشاھلىق ئالماس زاۋۇتىغا كەلدۇق.

— بۇ زاۋۇت ئەسلىدە پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرگە ئالماس بېزەك ياسايدىغان مەخسۇس زاۋۇت بولۇپ 400 يىللىق تارىخقا ئىگە، — دەپ تونۇشتۇردى زاۋۇتنىڭ باياناتچىسى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان ئالماسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەنۇبىي ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلىدىكەن. ئالماس ئەسلىدە قىرلىق مىنېرال بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمى كېسىۋېتىلىدىكەن. ئاندىن كېيىن ئالماس پاراشوكى چاپلانغان تېز سۈرئەتلىك چاق بىلەن ئالماسقا قىر چىقىرىلىدىكەن. مەيلى ئۇششاق، مەيلى چوڭراق ئالماس بولسۇن ئوخشاشلا بىرقانچە ئون قىر چىقىرىلغاندىلا ئاندىن ئاجىز يورۇقتىمۇ پارقىرايدىغان بولىدىكەن.

ئالماس پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ساپلا ئەرلەر بولۇپ قارىماققا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 60 ياشتىن ئاشقانلار ئىكەن. پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى ئاساسەن قول ئەمگىكى بىلەن ئورۇندىلىدىكەن.

زاۋۇتنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە يەنە چوڭ بىر خەرىتە ئېسىلغانىكەن. بۇ خەرىتىدە دۇنيادىكى ئالماس چىقىدىغان جايلار توچكا چىراغلار بىلەن كۆرسىتىلىپتۇ. پۈتكۈل ئاسىيا رايونى بويىچە رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە رايونىدا بىر تال توچكا چىراغ يورۇپ تۇرغاندىن تاشقىرى، ئالماس چىقىدىغان ھېچقانداق بىر رايون كۆرسىتىلمەپتۇ. ھەتتا زېمىن جەھەتتە ناھايىتى چوڭ بولغان جۇڭگودىنمۇ ئالماس چىقمايدىكەن. «جۇڭگودىن ئالماس چىققان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن جۇڭگو خەلقئارا ئالماس جەمـ

ئىيتىدىغان قاتناشمىغان بولغاچقا ئالماس چىقىدىغان دۆلەت ـ رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈلمىدى» دېدى باياناتچى سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىپ.

مەلۇم بولۇشىچە، ئالماس رەڭگى، سۈزۈكلۈكى بىلەن سەككىز دەرىجىگە ئايرىلىدىكەن. باھاسىمۇ ئالماسنىڭ دەرىجىسى ۋە چوڭلۇقىغا ئاساسەن قويۇلىدىكەن. دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى مەلۇم كۆلەمگە ئىگە زىبۇزىننەت شىركەتلىرى تىجارەت قىلىدىغان ئالماسنى ئاساسەن مۇشۇ زاۋۇتتىن ئالىدىكەن. زاۋۇتتا زاۋۇت ئەھۋالى ۋە ئالماسقا ئائىت بىلىملەردىن خەۋىرى بار خەنزۇلاردىن بىرقانچىسى بولغىنىغا قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ شياڭگاڭ ۋە تەيۋەن رايونلىرىمۇ مۇشۇ زاۋۇتتىن ئالماس كىرگۈزسە كېرەك.

بۇ زاۋۇتنىڭ ئالماسلىرىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى ئىكەن. ئادەتتە قىر چىقىرىلغان بۇغدايچىلىك بىر تال ئالماس خەلق پۇلىغا تەخمىنەن 30 مىڭ يۈەنگە توختايدىكەن.

بىراق، بۇ زاۋۇت ئۆز خېرىدارىغا ساتقان ھەرقانداق ئالماسنى ئالماس نومۇرى چۈشۈرۈلگەن ھۆججەت بىلەن زاۋۇتقا ئەكەلسە، قاچانلا بولسىمۇ ئەسلىي باھاسىدىكى پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدىكەن. زاۋۇتقا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئارىلىقتىكى پۇلنى تۆلەپ چوڭىنى ئالىمەن دېسىمۇ بولىۋېرىدىكەن.

شۈبھىسىزكى، بۇ زاۋۇتنىڭ ئامانلىق قوغداش تەدبىرلىرى تۈرمىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. ئالماس پىششىقلاپ ئىشلەۋاتقان نەق مەيدانغا ۋە ئۆرنەكخانىغا كىرىدىغانلار ئەكەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى ئىشىك تۈۋىدە قويۇپ قويۇشى كېرەك ئىكەن. 10 ئادەم بىر گۇرۇپپا قىلىنىپ، ئىشىكتىن كىرگۈزۈلىدىكەن ـ دە، ئىشىك تاقىلىدىكەن. ئېكسكۇرسىيە ۋە مال سېتىۋېلىش ئا-

خىرلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئىشىك ئېچىلىدىكەن. ئارىلىقتا بىرەر ئادەمنىڭ نەق مەيداندىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن.

## 6. ياغاچ كەش ۋە باشقىلار

ياغاچ كەش: بىز ئامستېردام شەھىرىگە يېتىپ كېلىپلا خىلى چوڭ بىر جوڭگوچە رېستوراندا كەچلىك تاماق يېمەكچى بولدۇق، بىراق بۇيرۇتۇلغان قورۇمىلار ۋاقتىدا چىقمىدى. مەن قورۇما چىققۇچە بولغان ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي رېستوراندىن چىقىپ يېقىن ئەتراپتىكى ماگىزىنلارنى ئارىلاشقا باشلىدىم. كۆردۈمكى، بۇ ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ياغاچ كەش سېتىلىدىكەن. ئەتىسى، سەيلىگاھلاردىكى خاتىرە بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان دۇكانلاردىمۇ شوخ سىر بېرىلگەن، ئوخشىمىغان رازمېردىكى ياغاچ كەشلەرنىڭ پەشتاختىلارغا تىزىپ قويۇلغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ساياھەتچىلەرنىڭ بۇنداق كەشلەرنى باھا تالاشمايلا سېتىۋېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا بازىرىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن.

تەرجىمان ئارقىلىق ئېنىقلىشىمىزچە، بۇرۇنقى زامانلاردىكى گوللاندىيە دېھقانلىرى، بېلىقچىلىرى ئانچە باياشات ئەمەس ئىكەن، ئۇلار كەش سېتىۋېلىشقا ئارتۇقچە پۇل خەجلەپ يۈرمەسلىك، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان شىمال كىلىماتىغا ۋە قار ـ مۇزلۇق قىش كۈنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياغاچنى ئويۇپ ياسىلىدىغان مۇشۇنداق كەشلەرنى كەشىپ قىلغانىكەن. ئادەتتە ئۇلار كەشنىڭ ئىچىنى چوڭراق ئويۇپ، تەكتىگە شال پاخلى دېگەندەك ئىسسىق ساقلايدىغان نەرسىلەرنى قويۇۋالىدىكەن ـ دە، قاتتىق سوغۇققا تاقابىل تۇرىدىكەن.

ئېيتىلىشىچە، دېھقانلار، بولۇپمۇ بېلىقچىلار ئارىسىدا ياغاچ كەش كىيىپ قىشنى ئۆتكۈزىدىغانلار ھازىرقى كۈندىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. بۇنداق ياغاچ كەش ئىكاھ چېيى ئۆتكۈزۈلگەندە قىز تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم سوۋغات ھېسابلىنىدىكەن.

«دۆلەت قورۇمىسى»: مەن بۇرۇن «دۆلەت شېئىرى»، «دۆلەت گۈلى»، «دۆلەت قۇشى» دېگەندەك ناملارنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمما، «دۆلەت قورۇمىسى» دېگەن گەپنى زادىلا ئاڭلىمىغانىكەنمەن.

بىز ئامستېردام يېنىدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتىدە خېلى كەڭ كەلگەن بىر دېھقان ھويلىسىغا ئورغۇن ساياھەتچىلەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر تاماقنى ئۆرە تۇرۇپلا يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. قىزىقىش تۈپەيلى، ھويلىغا كىرىپ كەلدىم ۋە ئىشتىھالىق تاماقنىڭ نېمە تاماق ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇردۇم.


ئۆمىكىمىزنىڭ يول باشلىغۇچىسى بۇ يەرگە كۆپ قېتىم كەلگەن بولغاچقا، ساياھەتچىلەر يەۋاتقان تاماق ھەققىدە خېلى كۆپ بىرنېمىلەرنى بىلىدىكەن.


ئۇنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ تاماق «دۆلەت قورۇمىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. خورۇچلىرىمۇ ئاددىي بولۇپ، سەۋزە، ياڭيۇ ۋە پىيازدىن ئىبارەت ئىكەن.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 400 يىللار مۇقەددەم نەچچە مىڭ ئىسپانىيە لەشكىرى گوللاندىيە بوغۇزىغا جايلاشقان بىر مۇھىم شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋاپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گوللاندىيە قوشۇنى بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ - دە، ئىسپانىيە لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. قاملىپ، ئېچىرقاپ كەتكەن شەھەر پۇقرالىرى شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ چىققان پېتى ئوزۇق ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئىسپا-

نىيە لەشكەرلىرى يەپ بولالمىغان سەۋزە، ياڭيۇ، پىياز قالدۇق-لىرىنى تېپىۋېلىپ، سۇدا قاينىتىپلا يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇ ئۇن-تۇلماس چاغلارنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاش ئۈچۈن گوللاندىيە-لىكلەر بۇنداق ئارىلاشما تاماقنى «دۆلەت قورۇمىسى» دەپ ئاتاپ يەيدىغان بولغانىكەن.

شامال تۈگمىنى: شامال تۈگمىنى گوللاندىيىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. شامال تۈگمىنى كونا زامانلاردا غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان بولۇپ، گوللاندىيە شا-مال تۈگمەنلىرى قەدىمىيلىكى، چوڭلۇقى بىلەن ئالاھىدە پەرق-لىنىدىكەن. شامال تۈگمىنى بىر يۇمىلاق مۇناردىن ئىبارەت بو-لۇپ، ئۇنىڭ تۆت تال چوڭ ۋە ئۇزۇن قانىتى شامال تۈگمىنىنىڭ چوققىسىدىكى تۈگمەن ئوقىغا بەند قىلىنغانىكەن. بۇنداق تۈگ-مەنلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىرى مىلادىيە 18 ـ ئەسىرلەردە ياسالغا-نىكەن.




یپشل دۆلەت ـ بیلگیە



## بېلگىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى: بېلگىيە پادىشاھلىقى**
**يەر مەيدانى: 30 مىڭ 519 كۋادرات كىلومېتىر**
**نوپۇسى: 10 مىليون 39 مىڭ**
**پايتەختى: برىيۇسسېل**

**مەمۇرىي رايونى:** پۈتۈن مەملىكەت توققۇز ئۆلكىگە بۆلۈنگەن.

**تەبىئىي جۇغراپىيىسى:** بېلگىيە ياۋروپا قىتئەسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. فرانسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، لىيۇكسېمبۇرگ بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

بېلگىيىدە كۆمۈر زاپىسى مول، يەنە مىس، كۆمۈر، سىنىك، ئاليۇمىن قاتارلىق مەدەنلەر چىقىدۇ.

بېلگىيە زېمىنىنىڭ 20 پىرسەنتى ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدا ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ بولغان دۆلەت. بېلگىيە ئاھالە بىرقەدەر زىچ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا 323 دىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. دۆلەت نوپۇسىنىڭ شەھەرلىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 95 پىرسەنتى شەھەردە تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

فرانسۇز تىلى بىلەن گوللاندىيە تىلى بېلگىيىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى:** بېلگىيە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن دۆلەت. 2 ـ دۇنيا

ئۇرۇشىدىن كېيىن بېلگىيىنىڭ تەرەققىياتى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ تېز بولدى. 1994 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 22 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان.

پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىش سانائىتى بېلگىيىنىڭ ئەڭ ئەنئەنىۋى سانائىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پولات ـ تۆمۈرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى ليۇكسېمبۇرگتىن قالسىلا، دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

**مەدەنىيەت ۋە مائارىپى:** بېلگىيە ھۆكۈمىتى مائارىپ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىدىغان دۆلەت. ھۆكۈمەتنىڭ ھەر يىلى مائارىپقا سالىدىغان مەبلىغى ھۆكۈمەت يىللىق خام چوتىنىڭ 13 — 14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مائارىپقا مۇنداق يۇقىرى مەبلەغ سېلىش دۇنيادا ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. بېلگىيە ھۆكۈمىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۈچ ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈر ـ بالىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى تامامەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

## 1. مەشھۇر جەڭگاھ — ۋاتېرلوئو

بىز گوللاندىيىنىڭ گائاكا شەھىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قويۇق ئورمان ۋە ياپيېشىل چىم بىلەن قاپلانغان دالانى كېسىپ ئۆتۈپ بېلگىيىنىڭ پايتەختى بريۇسسېلغا قاراپ ماڭدۇق. بريۇسسېلغا ئالاھازەل 20 كىلومېتىرچە مۇساپە قالغاندا يول باشلىغۇچى ئاپتوموبىلنى توختاتتى ـ دە:

— مانا بۇ كونا جەڭگاھ ۋاتېرلوئو، بۇنىڭدىن 184 يىل بۇرۇن بۇ يەردە ئاتلار كىشنەپ، جەڭ دۇمباقلىرى گۈمبۈرلەپ، توپ ـ زەمبىرەكلەر ئوت چېچىپ تۇراتتى، — دېدى ۋە بۇ يەردە بىر سائەت توختايدىغىنىمىزنى ئۇقتۇردى.

كۆزىمىزگە تاشلانغىنى 10 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى
پولات تامغا ئېسىلغان «Vaterloo» دېگەن چوڭ خەت ۋە قويۇق
چىم بىلەن قاپلانغان بىر دۆڭ بولدى. بىز زور قىزىقىش ئىچىدە
يەرلىك چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدۇق.

ئېيتىلىشىچە، بېلگىيىگە قارايدىغان بۇ كىچىك بازار ئەس-
لىدە تارىختىكى مەشھۇر ۋاتېرلوئو ئۇرۇشى يۈز بەرگەن كونا
جەڭگاھ ئىكەن.

تارىخ بەتلىرىدىن مەلۇمكى، ئۆز ھەيۋىسى بىلەن پۈتكۈل ياۋ-
روپانى تىترەتكەن ناپولېئون بوناپارت 1812 - يىلىدىكى موسكۋا
ئۇرۇشىدا ۋە 1813 - يىلىدىكى لېيپسىگ ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بول-
غاندىن كېيىن، ئامالسىز فرانسىيە زېمىنىغا چېكىنگەن. ئىچكى -
تاشقى قىيىنچىلىق تۈپەيلى، 1814 - يىلى تەختىنى بوشىتىشقا
مەجبۇر بولغان، ئاخىر ئالېكساندىر I تەرىپىدىن ئېلبا ئارىلىغا
سۈرگۈن قىلىنغان. ناپولېئون پادىشاھلىق نامىنى ساقلاپ تۇ-
رۇۋاتقان بولسىمۇ، پائالىيەت دائىرىسى مۇشۇ كىچىك ئارال بىـ-
لەنلا چەكلەنگەن.

ئەمما، ئۆز مەغلۇبىيىتىگە ئەزەلدىن تەن بېرىپ باقمىغان
ناپولېئون بۇ قىسمەتكىمۇ بوي بەرمىگەن ۋە بار - يوقى 400 نە-
پەر مۇھاپىزەتچىسىنى باشلاپ، 1815 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 -
كۈنى بىرقانچە كونا كېمە بىلەن دېڭىزدىن ئۆتۈپ، بىر كېچىدىلا
قىرغاققا چىقىۋالغان، كونا - يېڭى بولۇپ 800 چە ئەسكەر ۋە
تۆت توپ بىلەن ئالپ تاغلىرىدىن ئېشىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 7
- ھەربىي رايوننىڭ قوماندانىنى قايىل قىلىپ ئۆزىگە قوشۇۋې-
لىپ، كۈچىنى زورايتقان.

شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناپولېئون پارىژ شەھىر-
گە كىرىپ كەلگەن، كونا ۋەزىر - سەركەردىلەر ئۇنىڭ قوماندا-

لىقىنى قوبۇل قىلغان.

ناپولېئوننىڭ پارىژغا كىرىپ كەلگەنلىكى فرانسىيىگە قار-شى ئىتتىپاقنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. بۇ ئىتتىپاق يېڭىۋاشتىن قوشۇن يۆتكەپ، ناپولېئوننى يوقىتىشقا بەل باغلىغان.

نەتىجىدە، 1815 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەنگلىيە ۋە پروسسىيىنىڭ 220 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن ناپولېئون بوناپارتنىڭ 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى دەل مۇشۇ يەردە تۇتۇشقان، ئاخىرىدا ناپولېئون قوشۇنى تامامەن ھالاك بول-غان. ئەنگلىيە ـ رۇسىيە بىرلەشمە قوشۇنى ئۆز غەلىبىسىنىڭ ۋە ناپولېئون مەغلۇبىيىتىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئېگىزلىكى 50 مېتىر، ئايلانمىسى 300 مېتىر كېلىدىغان بۇ سۈنئىي دۆڭنى ياساپ، دۆڭگە 226 باسقۇچلۇق پەلەمپەي قويغان. كېيىن جەڭ مەيدانىدىن يىغىۋالغان كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەسەك بىلەن چوڭ بىر تۆمۈر شىر قۇيۇپ، بۇ شىرنى دۆڭ تۆپىسىگە جايلاشتۇرغان. بۇ شىر 184 يىلدىن بېرى ئەنگلىيە ـ پروسسىيە بىرلەشمە ئار-مىيىسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە فرانسىيە تەرەپكە قاراپ ھومى-يىپ تۇرۇپتۇ.

## 2.«كىچىك پارىژ» — بريۇسسېل

بېلگىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بريۇسسېل شەھە-رىنىڭ نوپۇسى 1 مىليون بولۇپ، «كىچىك پارىژ» دېگەن نامى بار ئىكەن.

مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بېلگىيىنىڭ ئوتتۇرا قىس-مى كەڭ كەتكەن بىر پارچە سازلىق ئىكەن. مىلادىيە 799 ـ يى-لىغا كەلگەندە، بېلگىيىلىك بىر كىنەز بۇ يەرگە ھەربىي گازارما ۋە كىچىك بەرپا قىلغانىكەن ھەم بۇ يەرنىڭ نامىنى «بريوئوك-



بريۇسسېل مەنزىرىسى

سارا» دەپ ئاتىغانىكەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «سازلىق ئۈستىدىكى تۇرالغۇ» دېگەنلىك بولۇپ، هازىرقى بريۇسسېل دېگەن ناممۇ ئەنە شۇ سۆزدىن ئۆزگەرگەنىكەن. تارىختا بريۇسسېل ئىسپانىيە، ئاۋستىرىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ئەللەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولۇپ، 1830 - يىلى 11 - ئايغا كەلگەندە ئاندىن گوللاندىيىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان ۋە بېلگىيىنىڭ پايتەختى بولغانىكەن.

بريۇسسېل شەهىرى قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، پادىشاھ ئوردىسى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، چالغۇ مۇزېيى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئورمانلىق ئارىسىغا تارقالغانىكەن. شەهەر مەركىزىدىكى چوڭ مەيدان ۋە مەيدان ئەتراپىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەهەر مەمۇرىيىتى بىناسى، تارىخ مۇزېيى قاتارلىق ئىمارەتلەر تولىمۇ هەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن.

بريۇسسېل يەنە ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق پائالىيەت مەركىزى، چەت ئەللىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىدىن ئۆزگە، بۇ شەھەردە دائىمىي تۇرۇشلۇق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ باش ئورگىنى 700 دىن ئاشىدىكەن. «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» نىڭ، «ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى» نىڭ باش ئورگىنى قاتارلىقلار شۇلار قاتارىغا كىرىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك، بريۇسسېل شەھىرىگە «ياۋروپانىڭ پايتەختى» دېگەن چىرايلىق نام بېرىلگەنىكەن. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 دىن ئارتۇق خەلقئارالىق چوڭ كۆرگەزمە مانا مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن.

نۇرغۇن دۇنياۋى داڭلىق شەخسلەر — كارل ماركس، ۋىكتور ھيۇگو، بايرون، مۇزارت قاتارلىقلار بريۇسسېلدا تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانىكەن.

## 3. بىرىنچى گراژدان — «سىيگەك بالا»

بىز ۋاتېرلوئودىكى قىسقا، ئەمما ئەھمىيەتلىك زىيارەتتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 10 نەچچە مىنۇت يول يۈرۈپ بريۇسسېل شەھەر رايونىغا كىرىپ كەلدۇق. بريۇسسېل زەپەر دەرۋازىسى ۋە ھەربىي مۇزېيىدا تولۇق ئىككى سائەت ئېكسكۇرسىيىدە بولغاندىن كېيىن، شەھەر مەركىزىدىكى «ئوردا مەيدانى» دەپ ئاتىلىدىغان قايناق بىر مەيدانغا يېتىپ كەلدۇق. «ئوردا مەيدانى» ئالىقانچىلىك كېلىدىغان ئۇششاق تاشلار ياتقۇزۇلغان كەڭ مەيدان بولۇپ، تۆت تەرىپىدە ئېگىز چىركاۋلار، قەدىمىي پادىشاھ ئوردىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىز مەيدان ئەتراپىدىكى ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى ۋە ئادەم مىغىلداپ تۇرىدىغان مەيداننى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يول باشلىغۇچىنىڭ يول

باشلىشى بىلەن «ئوردا مەيدانى» دىن ئانچە يىراق بولمىغان
«سىيگەك بالا» ھەيكىلىنى زىيارەت قىلدۇق. برىيۇسسېل شەھىرى
بويىچە «بىرىنچى پۇقرا» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ «سىيگەك بالا» ھەي-
كىلى كوچا دوقمۇشىغا ئورنىتىلىپ چىرايلىق تۆمۈر ۋادەك ئى-
چىگە ئېلىنغانىكەن. ئېگىزلىكى بىر مېتىرچە كېلىدىغان بۇ يا-
لىڭاچ بالا يول تەرەپكە قاراپ توختىماي «سىيىپ» تۇرىدىكەن.
ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل مىللەتتىن بولغان ساياھەتچىلەر
«سىيگەك بالا» غا ھەۋەس بىلەن قارىشىدىكەن، بالا ئالدىدا بەس -
بەس بىلەن سۈرەتكە چۈشىدىكەن.

ئادەمنىڭ كۆپلۈكى ۋە قۇلاقنى يارغۇدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ
تۈپەيلى بۇ «سىيگەك بالا» توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات ئاڭلاشقا
مۇمكىن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ «بالا» ھەققىدە «شىنجاڭ
ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ بىرقانچە يىل بۇرۇنقى بىر سانىدا مۇنداق
مەلۇمات بېرىلگىنى يادىمدا.

ئېيتىلىشىچە، زامانىلارنىڭ بىرىدە چەت ئەلدىن كەلگەن
تاجاۋۇزچىلار برىيۇسسېل شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغاپتۇ. لېكىن،
قانچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ مەق-
سىتىگە يېتەلمەپتۇ. بىراق، بىر كېچىسى تاجاۋۇزچى ئارمىيە
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىغا پارتلاتقۇچ دورا قويۇپتۇ -
دە، پىلتىغا ئوت يېقىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ يەرگە تاسادى-
پىي كېلىپ قالغان ھېلىقى «سىيگەك بالا» بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ
چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، شەھەر سېپىلى (دەرۋازىسى) پارتلى-
ۋېتىلسە، تاجاۋۇزچىلار شەھەرگە بېسىپ كىرىدىكەن - دە،
خەلقنى قۇل قىلىدىكەن. بۇ خەۋپنى ھېس قىلغان «سىيگەك
بالا» ۋىژىلداپ كۆيۈۋاتقان پىلتىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپتۇيۇ،
ھېچ ئامال قىلالماپتۇ. ئاخىر بىر ئەپچىل «چارە» نى تېپىپتۇ

ۋە پىلتىغا سىيگىلى تۇرۇپتۇ. پىلتا ئۆچۈپتۇ. پارتلاتقۇچ دورا پارتلىماپتۇ، شەھەر سېپىلى ئامان قاپتۇ. تاجاۋۇزچىلارمۇ شە-ھەرگە بېسىپ كىرەلمەپتۇ. بۇ بالا ئۆزىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن بريۇسسېل شەھىرىنى ئامان ساقلاپ قالغىنى ئۈچۈن شەھەر خەلقى بۇ بالىنىڭ خاتىرىسىگە بۇ «سىيگەك بالا»نىڭ مىس ھەيكىلىنى ياساپ مۇشۇ يەرگە جايلاشتۇرغانىكەن. ئۇنىڭغا يەنە «بريۇسسېل شەھىرىنىڭ بىرىنچى گراژدانى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەنىكەن.

بۇ راستىنلا يۇز بەرگەن ۋەقەمۇ ياكى كىشىلەر توقۇۋالغان-مۇ، بۇنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بولمىدى. بىراق، قولىدىن كېلىدى-غان ئەڭ ئاددىي چارە بىلەن بىر قېتىملىق پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالغان بۇ بالىنىڭ ھەيكىلى بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر بۇ بالىنىڭ كەچۈرمىشىنىڭ راست - يالغىنىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمەيدىكەن، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تاۋاپ قىلىپ، ھاياجان بىلەن تىلغا ئالىدىكەن، ھەيكەل تارىخىنى ھەيكەل ئالدىغا باشلاپ كەلگەن بالىلىرىغا ھېكايە سۆپىتىدە سۆز-لەپ بېرىدىكەن.

بۇرۇنلا ھېكايىسىنى ئاڭلىغان، ئەمما كۆرۈشكە نېسىپ بول-مىغان بۇ قەھرىمان بالا ئالدىدا بىر پارچە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم ۋە يېرىم سائەتچە نۆۋەت ساقلاپ تۇرۇپ، ئاران دېگەندە بۇ شەرەپكە ئېرىشەلىدىم. بىراق، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان چاغ بولغاچقا ۋە قىستىلىپ يۈرگەن ئادەملەر بەك كۆپ بولغاچقا، سۈرەتكە چۈشىدىغان ئەڭ ئەپلىك جاينى تاللاشقا مۇم-كىن بولمىدى. بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ سۈرەتنى يۇدۇرۇۋالدىم، سۈرەتنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ ياخشى چىققىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى.

## 4. ياۋروپادا ئادەملەر

گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى گەرچە مىليوندىن يۇقىرى بولسىمۇ، كوچىلىرىدا ئادەم ئىنتايىن شالاڭ بولىدىكەن. بېرلىن شەھىرىدىكى ئاۋات ئالېكساندىر مەيدانىغا يېقىنلاپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ كەڭ كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولىدا قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن (ئەر - خوتۇن دەپ تۇرايلى)دىن ئۆزگە بىرمۇ ئادەمنى كۆرمىگەنلىكىم مېنى سەل ئەجەبلەندۈرگەنىدى. كېيىنچە باشقا شەھەرلەردىمۇ دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىكى جازىبىلىك سەيلىگاھلارنىڭ، دەريا بويلىرىدىكى چىرايلىق يوللارنىڭ ئادەمسىز غېرىبسىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ «بۇ شەھەردىكىلەر نەگە كەتكەندۇ، شۇنداق ئوبدان سەيلىگاھلارنى ياساپ قويۇپ بىكار قالدۇرغىنى نېمىسى» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدىم.

بىراق، بريۇسسېلغا كەلگەن ئاخشىمى خەۋەردار كىشى مۇنداق دېدى:

— ياۋروپادىكى 1 مىليون ئاھالىلىك مەلۇم بىر شەھەرنىڭ كۆلىمى شەرق ئەللىرىدىكى، مەسىلەن، ياپونىيە، كورىيىدىكى 2 - 3 مىليون ئاھالىسى بار شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىگە توغرا كېلىدۇ. شەھەر چوڭ، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەن بولغاچقا ئادەم ئاز. يەنە بىر سەۋەب، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كەچكى تۇرمۇشى ئانچە مول ئەمەس، ئادەملەر كەچلىكى ئاساسەن تاشقىرىغا چىقمايدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە دېڭىز بويلىرىغا، داچىلارغا كېتىپ قېلىشىدۇ. فرانكفۇرتتىكى رىم مەيدانى، ھامبۇرگتى-

كى پورت كوچىسى، ئامستېردامدىكى قانال رايونى قاتارلىقلاردا ئادەم ھەقىقەتەن كۆپ. بىراق، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چەت ئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر. قىسقىسى، بۇ يەرلەردە رېستوران قىزغىنلىقى يوق، ئىجتىمائىي ئالاقە زامانىۋى ئالاقە ۋاستىلىرى بىلەنلا ئورۇندىلىدۇ، ئۇلار ھەممە ئىشنى ئۆيىدە قىلىشقا، ئۆيىگە بېكىنىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. بىكار تەلەپلەرنىڭ ئازلىقى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكىمۇ بىر مۇھىم سەۋەب...

مەن ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرى بىلەن ياپونىيە شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىنى خىيالەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ياپونىيە كوچىلىرىدا ئادەملەر مۇكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، دىققەت قىلمىسىڭىز يا سىز باشقىلارنى سوقۇۋېتىسىز، يا باشقىلار سىزنى سوقۇۋېتىدۇ. ياۋروپا شەھەرلىرىدە ئەھۋال تامامەن ئۆزگىچە. ماگىزىنلاردا، ئاشپۇزۇللاردا، كوچىلاردا ئادەم ئاز، ئەڭ قايناق سودا كوچىلىرىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئادەملەرنىمۇ سانىۋالغىلى بولىدۇ.

## 5. تەبىئەت ۋە ئاشخانا

بىز بۇرۇن تاماق ئىچىدىغان ئۆينىمۇ، تاماق سېتىلىدىغان چوڭ ـ كىچىك ئۆيلەرنىمۇ «ئاشخانا» دەپ ئاتايتتۇق. ئۇرۇمچىدىكى كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان 2 ـ ئاشخانا (سەنشىخاڭزىدا)، 3 ـ ئاشخانا (ئوتتۇرا كۆۋرۈكتە)لارنىمۇ «ئاشخانا» دەپ ئاتايتتۇق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۆيلەردىكى تاماق ئىچىدىغان ئاشخانىنى «ئاشخانا»، كوچىلاردىكى ئاش ـ تاماق ساتىدىغان كىچىكرەك دۇكانلارنى «ئاشخانا»، سەل چوڭراقلىرىنى بولسا «رېستوران» دەپ ئاتايدىغان بولدۇق. ياۋروپادا ئۆيدىكى ئاشخانىلارنى نېمە دەپ ئاتايدىغىنىنى بىلمىدىم، بىراق



كوچىلاردىكى تاماق سېتىلىدىغانلىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى — مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن، «رېستوران» دەپ ئاتايدىكەن. بۇنداق رېستورانلار ئارىسىدا ھەتتا بىر ئېغىزلىق ئۆيلەرمۇ، چوڭ ۋە ھەشەمەتلىكلىرىمۇ بار ئىكەن.

ئوخشىمايدىغىنى، ئۇلار چوڭ - كىچىك رېستورانلارنى ھەد-دىدىن ئارتۇق بېزەپ كەتمەيدىكەن، ئۇستەل - ئورۇندۇقلار يا-غاچنىڭ ئۆز رەڭگىدە بولىدىكەن. بەزى رېستورانلارنىڭ تاملىرى سىلىقلانمىغان قوپال تاشلاردىن قوپۇرۇلۇۋېرىدىكەن. تۈۋرۈكلىرى شۇنداق تەبىئىيكى، قارىغاي ياغىچىنىڭ پوستىمۇ سويۇۋېتىلمەي-دىكەن، چاسىلانمايدىكەن، لىملىرىغىمۇ ئورماندىن كەلتۈرۈلگەن قارىغاي ياغاچلىرىنى ئۆز پېتى ئىشلىتىۋېرىدىكەن. ئەگەر بىزدە شۇنداق ئۆيلەرنى كۆرسەك، بىچارە ياغاچچىنى پەمسىزلىكتە، ھۇ-رۇنلۇقتا ئەيىبلەر ئىدۇق.

ياۋروپا رېستورانلىرى يەنە ھەر تۈرلۈك زىرائەتلەر بىلەنمۇ بېزىلىدىكەن. بېرلىندىكى بىز چۈشكەن Tierpark مېھمانخانى-سىنىڭ رېستورانىدا يوغان قازان كاۋىسى، بىرقانچە تال سويۇل-مىغان قوناق باشىقى، بىر ياغاچ تەڭنە، كېرەكتىن چىققان ياغاچ ھارۋىنىڭ بىر پاي چاقى، بىر چولاق گۈرجەك ۋە يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېلىنغان دەرەخ كۆتىكى چىرايلىق تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ھامبۇرگتىكى جۇڭگولۇقلار ئاچقان رېستوراندىمۇ بىر تۇتام بۇغداي، بىرقانچە تال ئاپتاپپەرەس، بىر دانە ھارۋىكەش قامچى-سى، كونا چىخ قالپاق قاتارلىق زىرائەت ۋە دېھقانچىلىق سايمان-لىرى كىچىكرەك بىر ياغاچ ھارۋىنىڭ ئۇستىگە كېلىشتۈرۈپ تىزىپ قويۇلۇپتۇ، بىلېفېلد شەھىرىدىكى رېستوراندىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تۆر تامغا قازان تۇۋىقى، چۆمۈچ، كەپكۈر، چىنە، تەخسە، پېچىنە قېلىپلىرى، ھاۋانچا تېشى، قىڭغىراق دې-

گەندەك ئاشخانا سايمانلىرى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا
ئىسلىپ چىرايلىق شەكىل چىقىرىلىپتۇ.

ئىشقىلىپ، بۇنداق رېستورانلاردا تەبىئەتنىڭ ئەسلىي قىيا ـ
پىتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن. دېنى ئايرىلمىغان زىرائەتلەر،
دېھقانچىلىق سايمانلىرى دېگەنلەر كىشىگە ئېتىزنى، ئېكىنزار ـ
لىقلارنى، دېھقان ئەمگىكىنى ئەسلىتىدىكەن. مەن بۇنداق تەبىئىي
بېزەكلەرنى كۆرۈپ، ئادەم مەدەنىيلەشكەنسېرى تەبىئەتكە شۇنچە
يېقىنلىشىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. دېمىسىمۇ، كۆزنى
چاقنۇدەك پارقىراپ تۇرىدىغان تام ـ تورۇسلاردىن، ئۈستەل ـ
ئورۇندۇقلاردىن كۆرە، تەبىئەت گۈزەللىكى ئەكس ئېتىپ تۇرغان
بۇنداق نەرسىلەر گەرچە كۆزنى چاقنۇدەك پارقىراپ تۇرمىسىمۇ
كۆزگە، كۆڭۈلگە بەكرەك يېقىن تۇرىدىكەن.

## 6. مۇھىت ۋە مۇھىت ئاسراش

بىز تۇرۇپ ئۆتكەن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى تونۇشتۇرۇ ـ
شىمىزدا قەيت قىلىنغاندەك، سانائەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئال ـ
دىدا كېتىۋاتقان دۆلەتلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇھىت بۇلغاشنىڭ
ئاۋانگارتلىرى دەپ ئاتىلىدىغان خىمىيە سانائىتى، پولات ـ تۆمۈر
سانائىتى، نېفىت ـ گاز سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ زىچلىقىمۇ
بۇ دۆلەتلەردە خېلى يۇقىرى. بىراق، مېنى قايىل قىلغىنى شۇ
بولدىكى، بۇ ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىدە بولسۇن ياكى سەھرالىرىدا
بولسۇن، 20 نەچچە كۈن داۋامىدا تۈتۈن ياكى بۇس كۆتۈرۈلۈپ
تۇرغان بىرمۇ تۇرخۇننى ئۇچراتمىدىم.

يادىمدا قېلىشىچە، مەن 1997 ـ يىلى كۈزدە ياپونىيە زېمى ـ
نىغا قەدەم باسقان تۇنجى كۈنىلا يول باشلىغۇچى: «ياپونلار قايناق
سۇ ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن، شۇڭا مېھمانخانىلارغا قايناق سۇ قو ـ



تەبىئەت ۋە ئادەم

يۇلمايدۇ. بىراق، ئەندىشە قىلماڭلار، ياپونىيىدە تۇرۇبا سۇلىرى قايناتماي ئىچسىمۇ بولىدىغان ئۆلچەمگە يەتكەن. ئۇسساپ كەتسەڭلار تۇرۇبا سۈيىنى ئىچىۋېرىڭلار» دېگەنىدى. فرانكفۇرتقا كەلگەن كۈنى يول باشلىغۇچى خۇددى ياپون يول باشلىغۇچىلىرى بىلەن كېلىشىۋالغاندەكلا: «ياۋروپانىڭ ھەرقانداق يېرىدە تۇرۇبا سۈيىنى قورقماي ئىچىۋەرسەڭلار بولىدۇ، بۇ سۇ ئىچىش ئۆلچەمىدە ساپلاشتۇرۇلغان» دېدى. 1994 - يىلى شياڭگاڭغا بارغىنىمدا ئادەتتىكى تۆمۈر تۇرۇبىنىڭ ئىچىملىك سۇغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك، تۆمۈر تۇرۇبىلارنىڭ مىس تۇرۇبىلارغا ئالماشتۇرۇلۇۋاتقىنىنى، ئىچىملىك سۇنىڭ بىۋاستە ئىچىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ يىل (1999 - يىلى) ئەتىيازدىمىكىن ياكى يازدىمىكىن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شېنجېن شەھىرىدىكى يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان بىر ئا-

هاللەر رايونىدا ئىچىملىك سۇنى بىۋاسىتە ئىچىش دەرىجىسى-
گىچە ساپلاشتۇرىدىغان قۇرۇلمىنىڭ ئورنىتىلىۋاتقانلىقى، بۇ
قۇرۇلما ئىشقا كىرىشتۈرۈلسە، بۇ رايوننىڭ تۇرۇبا سۈيىنى
بىۋاسىتە ئىچىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر خەۋەر كۆرسەت-
كەندى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىۋاسىتە ئىچىشكە بولىدىغان تۇرۇ-
با سۈيى بىلەن بىۋاسىتە ئىچىشكە بولمايدىغان تۇرۇبا سۈيىنىڭ
پەرقى بولىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلمىلارنىڭ ياردى-
مى لازىم ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

ياۋروپادا، بولۇپمۇ گېرمانىيىدە بارلىق دۆڭلەرنىڭ، يول
بويلىرىنىڭ قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغىنىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە
بۇ ئورمانلار تەبىئىي ئورمانلىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم.
ئەمما، گېرمانىيە بىلەن گوللاندىيە ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، ئۇزۇن-
لۇقى 10 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بىر كۆچەتزارلىقنى كۆردۈم.
بۇ كۆچەتزارلىقتا خىلمۇخىل قارىغاي كۆچەتلىرى ۋە باشقا مەن-
زىرە دەرەخلىرىنىڭ كۆچەتلىرى يېتىشتۈرۈلۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭغا
قاراپ تەبىئىي ئورماندەك كۆرۈنگەن ئورماننىڭ تامامەن تەبىئىي
ئەمەسلىكىنى، دۆلەت ياكى شەخسلەر مەبلەغ سېلىپ ئورمان بىنا
قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئەمما، بۇ ئورمانلارنى بىنا قىلىشتا
ئۇلار ياغاچ ماتېرىيالى يېتىشتۈرۈشنى كۆزدە تۇتمىسا كېرەك.
سورتىغا خاس ئەگرى - بۈگرى ئۆسىدىغان بۇنداق قارىغايدىن
مەنزىرە دەرىخى ئورنىدا پايدىلىنىشقا بولىدىكەنكى، ئۇنىڭدىن
بىرەر تال تۈزرەك بادرا چىقىشىغا كىشىنىڭ كۆزى يەتمەيدىكەن.
بۇنىڭدىن، ئۇلار مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، ساپلاشتۇرۇش ئۈ-
چۈن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قوغلاشمايدىكەن دېگەن مەنە چىقىدۇ.

گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە قاتارلىق ئەللەردە زاۋۇتلار
قېنىق سىر بېرىلگەن ئېگىز تام بىلەن قورشىۋېتىلگەن بولغاچ-

قا، زاۋۇت رايونىنى زادى كۆرگىلى بولمايدىكەن، يىراقتىن قارى- سىڭىز تۆت چاسا كەلگەن بىر توپلاشتۇرۇپ قاچىلاش ساندۇقى- غىلا ئوخشايدىكەن، دەرۋازا ئالدى مېھمانخانىلارنىڭ ئالدىدىكىدەك گۈلگە پۈركەنگەنىكەن. شەكىل چىقىرىپ قىرقىلغان دەرەخلەر، چىملىقلار، مەلۇم گېئومېترىيىلىك شەكىلدە ئېتىلىپ تۇرغان فونتانلارغا قاراپ زاۋۇتنى بىرەر باغچىغا ياكى مۇزېيغا ئوخشى- تىشىڭىز مۇمكىن ئىكەن.

مەن ياۋروپا سەپىرى داۋامىدا ئاق قۇشقاچلارغا ئالاھىدە دىق- قەت قىلدىم. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بولىدىغان ئاق قۇشقاچ- نىڭ رەڭگى مۇھىت سۈپىتىنىڭ بىر ئەينىكى. كۆردۇمكى، بۇ يەردىكى قۇشقاچلار خۇددى جەنۇبىي شىنجاڭ قۇشقاچلىرىدەك پا- كىز ئىكەن، ئۇرۇمچىدىكىدەك قىشلىقى قارا قۇشقاچقا، يازلىقى كۈل رەڭ قۇشقاچقا ئايلىنىپ قالمىسا كېرەك. كېيىنكى كۈنلەر- دە مەن پارىژ شەھىرىدىكى مەشھۇر لوۋېر سارىيى ھويلىسىدا ئارام ئېلىۋېتىپ كەپتەرلەر ئارىسىدا دانلاپ يۈرگەن بىرقانچە ئاق قۇشقاچنى يېقىندىن كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇ قۇشقاچلار بايام دېگەندەك ئۆز رەڭگىدە ئىكەن، خۇددى سوپۇنلاپ يۇيۇپ قويغاندەك پاكىز تۇرۇپتۇ.



# «كىچىك بايۋەچىچە» — لىيۇكسېمبۇرگ



## ليۇكسېمبۇرگ بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى: ليۇكسېمبۇرگ كىنەزلىكى**
**يەر مەيدانى: 2586 كۋادرات كىلومېتىر**
**نوپۇسى: 409 مىڭ**
**پايتەختى: ليۇكسېمبۇرگ**

**مەمۇرىي رايونى:** ئۈچ مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنگەن. بۇ مەمۇرىي رايونلار 12 ناھىيە، 118 يېزا (بازار) غا ئايرىلغان.

**تەبىئىي جۇغراپىيىسى:** ليۇكسېمبۇرگ كىنەزلىكى شەرقتە گېرمانىيە بىلەن، غەربتە ۋە شىمالدا بېلگىيە بىلەن، جەنۇبتا فرانسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى.

**ئىجتىمائىي ئەھۋالى:** بۇ دۆلەتتە ھەربىر كۋادرات مېتىر يەرگە 140 تىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. شەھەر نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرى ليۇكسېمبۇرگ شەھىرىگە توپلانغان. ليۇكسېمبۇرگلۇقلار ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئاتلانتىك - بالتىق تىپىغا كىرىدۇ. فرانسۇز تىلىنى دۆلەت تىلى قىلغان، نېمىس تىلىنىمۇ ئورتاق قوللىنىدۇ.

ليۇكسېمبۇرگ كىچىك دۆلەت بولۇشغا قارىماي، دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى ھازىرلىغان. ئاددىيسى، بۇ ئەلدە خرىستىئان سوتسىيال پارتىيىسى، سوتسىيال ئىشچىلار پارتىيىسى، دېموكراتلار پارتىيىسى، ليۇكسېمبۇرگ

كومپارتىيىسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى، مۇستە-
قىل سوتسىيالىستلار پارتىيىسى، يېشىل پارتىيە دېگەندەك
بىرمۇنچە پارتىيىلەر بار.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى:** ليۇكسېمبۇرگ ياۋروپا ئىقتىسا-
دىي ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە ئەڭ كىچىك،
نوپۇسى ئەڭ ئاز دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئىقتىسادى
يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان. پولات - تۆمۈر سانائى-
تى، پۇل مۇئامىلە كەسپى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە تىجارىتى
ليۇكسېمبۇرگ ئىقتىسادىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى، شۇڭا بۇ
دۆلەتنىڭ «پولات - تۆمۈر پادىشاھلىقى»، «خەلقئارا پۇل مۇ-
ئامىلە مەركىزى» دېگەندەك يارىشىملىق ناملىرى بار.
ليۇكسېمبۇرگنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇ-
رىچە كىرىمى 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ،
ياۋروپادىكى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ
بىرى.

ليۇكسېمبۇرگدا پولات - تۆمۈر سانائىتى ھەممىدىن
بەك تەرەققىي قىلغان. ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىل-
لىق پولات تاۋلاش مىقدارى 10 توننىدىن يۇقىرى. 1911 -
يىلى قۇرۇلغان ئاربىدا پولات - تۆمۈر شىركىتى دۇنيا بو-
يىچە ئەڭ چوڭ 10 شىركەتنىڭ بىرى.

ليۇكسېمبۇرگ يەنە دۇنيا بويىچە 7 - ئورۇندا تۇرىدىغان
پۇل مۇئامىلە مەركىزى. بۇ كىچىك دۆلەتتە دۆلەت تەرىپى-
دىن رەسمىي ئەنگە ئېلىنغان بانكىدىن 227 سى بولۇپ،
بانكىلار دۇنيا پۇل مۇئامىلە ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 11
پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 1.«يالغۇز ئوغۇل» — لىيۇكسېمبۇرگ شەھىرى

بىز لىيۇكسېمبۇرگقا دەل چۈش مەزگىلىدە يېتىپ كەلدۇق. لىيۇكسېمبۇرگ كىنەزلىكىدىكى بۇ بىردىنبىر شەھەر كىنەزلىكنىڭ جەنۇبىدىكى گوتلان تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان گۈزەل بىر شەھەر ئىكەن. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن شەرەپ مۇنارىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان چوڭ جىلغا ۋە چوڭ جىلغىغا سېلىنغان ئېگىز كۆۋرۈك بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. شەھەر بويىچە 93 كۆۋرۈك بار ئىكەن. قەدىمكى چېركاۋلار، ئوردىلار، توپ پەشتىقى قاتارلىقلار يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىدىكەن. مەملىكەت بويىچە بار بولغان 227 بانكىنىڭ 220 سى مۇشۇ شەھەرگە جايلاشقان بولۇپ، پايتەختتىكى 80 مىڭ نوپۇسنىڭ 20 مىڭى بانكا خىزمەتچىلىرى ئىكەن. مەيلى چوڭ جىلغا بولسۇن ياكى شەھەر كوچىلىرى بولسۇن، قويۇق دەرەخ بىلەن قاپلانغانىكەن.

## 2. ياۋروپادا كىتابچىلىق

لىيۇكسېمبۇرگقا كەلگەن كۈنىمىز دەل يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا، ماگىزىنلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك تاقالغانىكەن. لىيۇكسېمبۇرگتىلا ئەمەس، ياۋروپانىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى بانكىلارمۇ، ماگىزىنلارمۇ تاقىلىدىكەن. بىراق، بىز چۈشلۈك تاماق يېگەن جۇڭگوچە ئاشخانىنىڭ ئەتراپىدىكى بىرقانچە ماگىزىن ئوچۇق بولۇپ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن بۇ ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ چىقتۇق.

كۆردۈمكى، مەن ئارىلىغان بۇ ماگىزىنلار «ماگىزىن» ئەمەس، بەلكى كىتابخانا ئىكەن. تىجارىتىمۇ جانلىق ئىكەن.

بېرلىن شەھىرىدە تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز شەھەرنىڭ ئوتتۇرا ھال يېرىگە جايلاشقان «تەيجۇڭ» رېستورانىدا چۈشلۈك تاماق يېدۇق ۋە بىر سائەتلىك مۆھلەت بىلەن ئىختىيارىي بازار ئارىلىماقچى بولدۇق. بۇ رايون بېرلىن شەھىرىنىڭ چېتىگىرەك توغرا كېلىدىغان پويىز ۋوگزالىنىڭ ئەتراپى ئىدى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىۋالدىم ـ دە، «تەيجۇڭ» دىن چىقىپ ئۇدۇل كەلگەن بىر كوچىغا كىردىم. ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىرچە كېلىدىغان بۇ كوچا بۆلىكىدە مەخسۇس كىتاب دۇكىنىدىن تۆتنى ئۇچراتتىم.

بىزدە بۇرۇن كىتابلارمۇ، كىتابخانىمۇ كەمچىل ئىدى. ھازىرقى كۈندە كىتاب كەمچىلىكى خېلى ئوبدان ھەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن كىتابخانا كەمچىلىكى تېخى ھەل بولمايۋاتىدۇ. چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرقانچە شەخسىي كىتابخانىلار ئېچىلىپ كىتابخانا كەمچىل بولۇش ھالىتىنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتتى. بىراق، ياۋروپا شەھەرلىرىدىكىدەك نەگىلا قارىساڭ كۆزۈڭگە كىتابخانا كۆرۈنىدىغان ھالەت تېخى شەكىللىنىشتىن يىراق.

ناھىيىلەردىچۇ؟ بەزى ناھىيە بازىرىدا پەقەت بىرلا كىتابخانا بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كىتابخانىلار دۆلەت كارخانىسى بولغاندىكىدىن رىقابەت ئېڭى ئاجىز، 2 ـ 3 خادىم كىتاب سېتىۋالىدىغان خېرىدارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. كەلمىسە بىكار پاراڭ، مۈگدەش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەر كىتاب بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان، كىتاب

ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەيدىغان ھال شەكىللىنىپ قالىدۇ.

مېنىڭچە، خەلقىمىزدىن «كىتاب كۆرمەيدۇ، پۇل تاپسا ھاراق ئىچىدۇ» دەپ ئاغرىنىشنىڭ ئورنى يوق. شەھەر - بازارلاردا كىتابخانىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتسەك، كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش، كىتاب سېتىۋېلىش «ئىشتىھا» سىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

توغرا، بىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىمىز غەربلىكلەرنىڭكىدىن ناچارراق، كىتابچىلىق، كىتاب ئوقۇش كەيپىياتىمۇ خېلىلا تۆۋەن. كىتاب ئوقۇش ۋە كىتاب سېتىۋېلىش كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە ئىقتىسادىي قۇربىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان گەپ. بىراق، ياۋروپالىقلارمۇ قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، نامراتلىق دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بۈگۈنكى كۈنلەرگە ئۇلاشقان، نامراتلىقتىن، مەدەنىيەتسىزلىكتىن پەقەت بىلىمنىڭ، كىتاب - ژۇرنالنىڭ ياردىمى بىلەنلا قۇتۇلغان. كىشىلىرىمىز ئايدا بىر پارچە كىتاب سېتىۋالالمىغۇدەك ھالدىمۇ ئەمەس، گەپ ئۇلاردا كىتاب ئوقۇش، كىتاب سېتىۋېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە. 1 - 2 مىليون يۈەنلىك پۇل - مېلى تۇرۇپمۇ يىلىغا بىر پارچە كىتاب سېتىۋالمايدىغان، ئۆزى ئوقۇيالمىسىمۇ، ئوقۇشقا ۋاقتى چىقمىسىمۇ ئۆز بالىلىرىغىمۇ بىرەر پارچە كىتاب ئېلىپ بەرمەيدىغان بايلارنى نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلارنىمۇ نامرات، كىتاب سېتىۋالغۇدەك ھالى يوق دېيىش كېرەكمۇ؟

مەن زىيارەت داۋامىدا، ياۋروپالىقلارنىڭ مەيلى بالاغەت يېشىدىكى ئادەم بولسۇن ياكى ئوقۇش يېشىدىكى بالا بولسۇن، كىتاب سېتىۋېلىۋاتقىنىنى ۋە ئوقۇۋاتقىنىنى ھەممىلا يەردە





ئالاھىدە كوچا، ئالاھىدە ماشىنا

كۆرۈپ تۇردۇم.

مەن كىتابىمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بويلىرىدا ئاپتوموبىلغا خىزمەت قىلىش پونكىتى دېيىلىدىغان بىر خىل مۇئەسسەسەنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇنداق ئورۇندا ھەر خىل لازىملىقلار قاتارىدا كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭمۇ سېتىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدىم. ئۇزۇن يوللۇق سەپەرگە چىققان شوپۇرلار، يولۇچىلار مۇشۇنداق مۇئەسسەسەلەردە كەم دېگەندىمۇ 20 مىنۇت توختاپ ئۆتىدىغىنى ئۈچۈن، بۇ 20 مىنۇت ئىچىدە نۇرغۇن شوپۇرلار، يولۇچىلار ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ ئالدىغا بارىدىكەن ـ دە، كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت دېگەندەك ئوقۇشلۇقلارنى سېتىۋالىدىكەن. چىملىقلاردا، دەرەخزارلىقلاردا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىدىكەن. چىملىقلاردا سەيلى قىلغاچ كىتاب قۇرلىرىدىن

هۆزۈر ئالىدىكەن.

كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىز ۋېنېتسىيە شەھىرىنىڭ قاناللىرىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتۇق، بىز ئولتۇرغان كېمىمۇ ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارنىڭ ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر چوڭ كېمە ئىدى. قانالدا شامال ياكى دولقۇن بولمىغاچقا، كېمىمۇ بەك سىلىق كېتىۋاتاتتى. كېمە ئومۇمىي مەنزىلىنىڭ يېرىمىنى ئۈزۈپ بولغاندا كېمىگە 9 ـ 10 ياشلاردىكى بىر بالا چىقىپ كەلدى. ئۇ قىرغاقتا كېمە ساقلاپ تۇرغاندىمۇ ژۇرنال كۆرۈۋاتاتتى، كېمىگىمۇ ژۇرنىلىنى كۆتۈرگەن پېتى چىقىپ، سالاسۇنغا يۆلەندى ۋە ژۇرنال ئوقۇشنى داۋام قىلىۋەردى. كېمىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىتتىرىشلىرىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلەلمىدى. ھەتتا ئاپپارات چىرىغىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ 2 ـ 3 مەرتە سۈرەتكە تارتقان بولساممۇ، ئۇ ژۇرنالدىن بىر قېتىممۇ باش كۆتۈرمىدى.



# «دۇنيا باغچىسى» - فرانسىيە



# فرانسىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى:** فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى
**يەر مەيدانى:** 550 مىڭ 160 كۋادرات كىلومېتىر
**نوپۇسى:** 58 مىليون
**پايتەختى:** پارىژ

**مەمۇرىي رايونى:** فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي جەھەت-تىن 22 چوڭ رايونغا، 56 ئۆلكىگە، 324 ۋىلايەتكە، 3549 نا-ھىيىگە، 3394 بازارغا بۆلۈنگەن.

**تەبىئىي جۇغراپىيىسى:** فرانسىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى-نىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان، غەرب تەرەپتە ئەنگلىيە بوغۇزى ئارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرىپى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا، شەرقىي شىمالى موناكو، ئىتالىيە، گېر-مانىيە، ليۇكسېمبۇرگ، بېلگىيىلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەر-بىي جەنۇبى ئىسپانىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. فرانسىيە غەربىي ياۋ-روپادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت. پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 80 پىرسەنتى تۈزلەڭلىك ۋە ئېدىرلىقتىن ئىبارەت. فرانسىيە-دىن ئاساسلىقى تۆمۈر رۇدىسى، كالىي تۇزى قاتارلىقلار چىقى-دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نېفىت، كۆمۈر، ئۇران، قوغۇشۇن، سىنىك زاپىسىمۇ بار.

**ئىجتىمائىي ئەھۋالى:** فرانسىيە نوپۇس جەھەتتە ياۋروپا بو-يىچە خېلى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەھەر ـ بازار ئاھالىسى 73 پىرسەنتىنى، يېزا ئاھالىسى 27 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. فرانسىيە ــ فرانسۇزلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان دۆلەت. ئا-

رىساس قاتارلىق ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نو-پۇسنىڭ 7.9 پىرسەنتىگە ئۇلىشىدۇ. ئافرىقا ۋە باشقا ياۋروپا ئەللىرىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 8 پىرسەن-تىگە يېتىدۇ. پەقەت پارىژ شەھىرىدىلا 1 مىليون 500 مىڭ چەت ئەللىك بار. فرانسۇز تىلى فرانسىيىنىڭ دۆلەت تىلى، ئا-رىساسلار سۆزلىشىدىغان ئىنگلىز تىلى فرانسىيىنىڭ ئىككىن-چى تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى:** فرانسىيە ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەت. 1993 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەل-گەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 21 مىڭ 560 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان سانائەتلەر پولات ـ تۆمۈر، ئېنېرگىيە، تاش-كۆمۈر، نېفت، ئاتوم ئېنېرگىيىسى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكت-رون، ئاۋىئاتسىيە، خىمىيە، توقۇمىچىلىق، كېمىسازلىق، بىنا-كارلىق سانائەتلىرىدىن ئىبارەت. ماشىنىسازلىق سانائىتى ياپو-نىيە ۋە گېرمانىيىدىن كېيىنكى 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىشلەپ چىقىرىلغان ئاپتوموبىل دۇنيا ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئاۋىئاتسىيە ۋە ئالەم قاتنىشى سانائىتى دۇنيا بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىكى: فرانسىيە غەربىي ياۋروپادىكى يېزا ئىگى-لىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ دۆلەت. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشى 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا تاماملانغان. بۇغداي، كۆممىقوناق، ياڭيۇ، قىزىلچا، ئۈزۈم ۋە كالا گۆشى ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارى ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئال-دىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

**مەدەنىيەت ۋە مائارىپ:** فرانسىيىدە مائارىپنى مەركەزلەشـ
تۈرۈپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتـ
تۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىـ
رىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتكەن. پۈتۈن مەملىكەت 27
ئۇنىۋېرسىتېت رايونىغا بۆلۈنگەن. پەقەت ئۇنىۋېرسال ئۇنىـ
ۋېرسىتېتتىنلا 77 سى بار.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تارىخىي داستانلار دەۋرى، 16 ـ ئەسىردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرى، 17 ـ ئەسىردىكى كلاسسىكىزم دەۋرى، 18 ـ ئەسىردىكى ئاقارتىش دەۋرى، 19 ـ ئەسىردىكى ھەر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىملىرى دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن فرانسىيە ئەدەبىياتى فرانسىيە ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت گۈللەپ ياشنىغان بىر گۈزەل باغچىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ميولليېر (1622 ــ 1673)، مونتېسكيو (1689 ــ 1755)، ۋولتېر، (1694 ــ 1778)، دىدرو (1713 ــ 1784)، ھيۇگو (1802 ــ 1885)، بالزاك (1799 ــ 1850)، فلوبېر (1821 ــ 1880)، موپاسسان (1850 ــ 1893)، بودلىر (1821 ــ 1867)، سارتر (1905ــ 1980)، زولا (1840 ــ 1902)، ئاتا ديۇما (1802 ــ 1870) ۋە بالا ديۇما (1824 ــ 1895)، رومېن روللان (1866 ــ 1944) قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلار مانا مۇشۇ تۇپراقتا ياشىغان ۋە ئىجاد ئەتكەن.

## 1.«دۇنيا گۈلزارى» ــ پارىژ

بىز 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە (شۇ يەر ۋاقتى بىلەن) بريۇسسېل شەھىرىدىكى Maison dragon مېھمانخانىسىدىن يولغا چىقىپ، دەرەخزار ئېدىرلىقلارنى، ياپـ

يېشىل تۈزلەڭلىكلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، شۇ كۈنى كەچ سائەت 8 دە پارىژ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق ۋە S.mauric مېھمانخانىسىغا جايلىشىۋالدۇق.

باشتا ئېيتقاندەك، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئەۋەتىپ بەرگەن ياۋروپا زىيارىتىگە ئائىت كۆنتەرتىپتىن 20 نەچچە كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا بارىدىغان، تۇرىدىغان دۆلەت ۋە شەھەرلەر توغرىسىدا ئۆزۈمچىمدىكى چېغىمدىلا خەۋەر تاپقانىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتىلىك كەچلىك ۋاقتىمنى ئاجرىتىپ، ئادىتىم بويىچە بارماقچى بولغان دۆلەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مەخسۇس ئىزدەندىم. ئىزدىنىشلىرىم ۋە پارىژغا كېلىشتىن بۇرۇنقى تونۇشتۇرۇشلاردىن شۇنى بىلىۋالدىمكى، پارىژ ئەڭ ئاۋات دۇنياۋى شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ «دۇنيا گۈلزارى» دېگەن شەرەپلىك نامى بار ئىكەن. سېنا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان بۇ تارىخىي شەھەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 700 مىڭ بولۇپ، پارىژ شەھىرى كىچىك پارىژ ۋە چوڭ پارىژ دەپ ئىككى خىل ئاتىلىدىكەن. كىچىك پارىژ دېگىنى پارىژ ئارىلىنى مەركەز قىلغان بىر دائىرىدە بولۇپ، يەر مەيدانى 105 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 2 مىليون 300 مىڭ ئىكەن.

پارىژ 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ سېنا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كىتې ئارىلىنى ئاساس قىلغان بىر بېلىقچىلار يېزىسى ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يېزا دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا قاراپ كېڭىيىپ تەدرىجىي ھازىرقى پارىژ شەھىرىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ، 1 ـ ئەسىرلەردە «پارس» دەپ ئاتالغان بولسا، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدى-

غان يەنە بىر قەبىلە بۇ ئارالغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن «ليۇتېتسىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. بۇ ئاتالغۇنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ليۇ» سۆزى كېلت تىلىدا «سازلىق جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا ليۇتېتسىيىنىڭ زې-مىنى دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا قاراپ سىلجىۋېرىپ پارس قەبى-لىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىكەن.

مىلادىيە 508 ـ يىلىغا كەلگەندە فرانكى پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىلىپتۇ. 1871 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، فرانسىيە ئىشچىلىرى دۇنيادىكى تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى ـــ پارىژ كوممۇنىسىنى مۇشۇ شەھەردە قۇرغىنى ئۈچۈن پارىژ شەھىرى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتلىك شەھەرگە ئايلانغانىكەن.

پارىژ يەنە فرانسىيىنىڭلا ئەمەس، غەربىي ياۋروپانىڭمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدى-كەن. پارىژنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرى، پەرداز بۇيۇم-لىرى، بېزەك مەھسۇلاتلىرى ۋە زامانىۋى ئۆي جاھازلىرى دۇن-ياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئىكەن. فرانسىيە ئەترى دۇنياغا داڭلىق بولۇپ، فرانسىيىلىكلەر ئۇنى دۆلەت گۆھىرى دەپ بىلىدىكەن. گىگانت ئادەمگە ئوخشاش قەد كۆتۈرگەن ئېيفېل مۇنارى شەھەر مەركىزىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سېنا دەرياسىنىڭ سول قىرغى-قىغا، لوۋر سارىيى بولسا ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقانىكەن. «ئۇ-لۇغ مەريەم ئانا ئىبادەتخانىسى»، «زەپەر دەرۋازىسى»، «ۋېرسال سارىيى» قاتارلىق مەشھۇر ئىمارەتلەر كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈ-زۈلمەيدىغان ئاۋات سەيلىگاھ ھېسابلىنىدىكەن.

فرانسۇز تىلىدا «R» ھەرپى بىزدىكى «غ» ھەرپىگە يېقىن بىر ئاھاڭ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن. «پارىژ» دېگەن نام

بىزگە ئىنگلىزلار ياكى رۇسلار ئارقىلىق كىردىمىكىن، پارىژ شەھىرى فىرانسۇز تىلىدا «باغى»، «باغىز» دېگەنگە ئىنتايىن يې-قىن بىر ئاھاڭدا تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن.

## 2. پارىژدىكى تۇنجى كېچە

پارىژ دېگەن نامنى بىر گېئوگرافىك نام سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم قاچان ۋە قەيەردە ئاڭلىغىنىم زادى ئېسىمدە يوق. ئىش-قىلىپ پارىژ دېگەن نامنى خېلى داڭلىق بىر شەھەر سۈپىتىدە فرانسىيە دېگەن نامدىن بۇرۇن ئاڭلىغانمەن. بۇ ئەڭ كېچىك-كەندىمۇ، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەمدىلا قەدەم قويغان 60 ـــ 61 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغلاردا بىزنىڭ ھا-شىمكام دەيدىغان بىر تۇغقىنىمىز سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇ-تىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگەن ۋە ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەدەبىيات مۇئەل-لىمى بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلى-رىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلىپ بەزى يامان ئەمەس شېئىرلارنىمۇ يازغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىدا نەشر قى-لىنغان نۇرغۇن كىتابلارنى، ئۆز ۋاقتىدىكى بىردىنبىر ئەدەبى-يات ژۇرنىلى بولغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» دېگەن-دەك ژۇرناللارنى يىغىپ ساقلىغانىكەن.

ھاشىمكام چوڭ دادامىلارنىڭكىدە تۇراتتى، كىتابلىرىمۇ، ئە-دەبىيات دەرسلىكى كونسپېكلىرىمۇ يوغان بىر كات ساندۇققا لىق كېلەتتى. مانا مۇشۇ كىتاب ـ ماتېرىياللار ئارقىلىق مەن نۇرغۇن رۇس كلاسسىكلىرى بىلەن، شۇنداقلا ھېيۇگو، موپاس-سان، بالزاك قاتارلىق فرانسىيە ئەدىبلىرىنىڭ نامى بىلەن،

ئوخشاش ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن تونۇشتۇم. فرانسىيە ـ پارىژ دېگەن ناملار شۇنىڭدىن باشلاپ «كاتتا ئادەملەر چىقىدىغان جاي» سۈپىتىدە خاتىرەمدىن ئورۇن ئالدى. كېيىنچە، مەنمۇ ئالىي مەكتەپتە، يەنە كېلىپ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بىۋاسىتە ئۆتۈلگەن تارىخ، ئەدەبىيات تارىخى دەرسلىرى پارىژ ـ فرانسىيە توغرىسىدىكى تونۇشلىرىمنى تېخىمۇ تولۇقلىدى، چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن «جاھاننىڭ ئۇ چېتى» دىكى بۇ ئەلنى، شەھەرنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. بىراق، ئارىنىڭ تولىمۇ يىراقلىقى، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە پارىژغا بېرىپ بۇ جەلپكار شەھەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلەرمەنمۇ دېگەن قىياسىمنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋېتەتتى. «پارىژنى كۆرۈش پۇرسىتى، بەلكى ماڭا ئۆمۈرۋايەت نېسىپ بولماس» دەپ بېشىمنى چايقايتتىم.

كۈنلەر ئۆتتى، پارىژ دېگەن نام ماڭا مەلۇم بولۇپ نەق 30 نەچچە يىلدىن كېيىن پارىژنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتى ئاخىر ماڭا نېسىپ بولدى. رەھمەتلىك دادام ئەقلىمگە كەلگەن چاغلاردىلا سۆزلەپ بەرگەن «فەرەڭ» (كېيىن ئۇقسام، ئاتا ـ بوۋىمىز پۈتۈن ياۋروپانى، بەزىدە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسىيانىڭ غەربىدىكى رايونلىرىنى «فەرەڭىستان»، ئۇ يەردە ياشايدىغانلارنى «فەرەڭ» دەپ ئاتايدىكەن) ۋە «فەرەڭىستان» كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز پارىژغا يېتىپ كەلدۇق، مەن پارىژغا يېتىپ كەلدىم. سەپەرداشلىرىم ئاپتوموبىل بىلەن تولۇق بىر كۈن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكىنى ئۈچۈنمىكىن، مېھمانخانىغا

چۈشۈپلا ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

«بۇ پارىژ، هازىر پارىژدا كېچە، ياق، كەچ سائەت تېخى ئەمدىلا 9 بولدى، پارىژ شەھىرىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش 3 ـ كۈنى كەچكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ۋاقتى ئاران بىر سائەت، كۈنتەرتىپتە تاسادىپىي ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا بۇ كەچلىك تاماشامۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان گەپ...»

پارىژغا كېلىپلا كارىۋات ئۈستىگە تاشلىنىپ «ئەھمىيەتسىز» ئۇيقۇ بىلەن بەند بولۇش مەن ئۈچۈن بىر خىل ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەگرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدا ئاپتوموبىل بىلەن سەپەر قىلىپ يۇرۇپ پىشىپ كەتكىنىم ئۈچۈن، بىر كۈنلۈك سەپەردىن ھېچقانچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايۋاتاتتىم.

مەن ئۆمەك شوپۇرىنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلدىم. شوپۇر گېرمانىيىنىڭ دوسلدورف شەھىرىدە تۇغۇلغان، يەرلىك تۈرك ـــ ئەدھەم ئىدى. ئۇنىڭغا 50 ئامېرىكا دوللىرى تۇتقۇزۇۋىدىم، پارىژنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ياتاقدىشىم چېن روخۇي ئەپەندىنى ھەمراھ قىلىپ، شەھەر مەركىزىگە قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق.

پارىژنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. رەڭمۇرەڭ چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر، مەشھۇر ھەيكەلتىراشلارنىڭ قولىدىن چىققان نادىر ھەيكەللەر، سەنئەتلىك چىراغلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن كەڭ كوچىلار تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

شۇ كەچلىكى بىز زەپەر دەرۋازىسىنىڭ، ئېففېل تۆمۈر مۇنارىنىڭ، «قىزىل تۇگمەن» تىياتىرخانىسىنىڭ، مەريەم ئانا ئىبـ

بادەتخانىسىنىڭ، ناپولېئون ھەربىي ئىنستىتۇتىنىڭ، لوۋر سارىيىنىڭ، سېنا دەرياسىنىڭ، فىنپىدۇ سەنئەت سارىيىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. شۇ يەر ۋاقتى بىلەن يېرىم كېچە بولغاندا يەنە زەپەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدۇق ـ دە، دەرۋازىغا 50 مېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى بىر ئاۋات پىۋىخانىنىڭ ئالدىدا بىر ئۈستەلنى ئىگىلەپ پىۋا ئىچىشكە باشلىدۇق.

پارىژ كېچە بولمايدىغان شەھەر دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئىكەن. گەرچە تۈن ھەسسە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يېنىمىزدىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان زەپەر دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىدا ئادەم مىغىلدايتتى، سۈرەتكە چۈشەتتى، ئاپتوموبىللار، پىيادىلەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بۇ ھال كەچ كىرىشى بىلەنلا گۆرىستاندەك جىم بولۇپ كېتىدىغان توكيودىن، كەچ سائەت 10 بولماي تۇرۇپ مىرشەپلەر چارلاشقا چىقىدىغان ئوساكادىن، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا كوچىلىرىدا ئادەم كۆرۈنمەيدىغان تايىپ، رىياد كوچىلىرىدىن، كەچلىكى كوچىغا چىقسا ئادەمنىڭ تېنى ئەيمىنىدىغان ۋىلادىۋوستوكتىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. مەن كۆرگەن شەھەرلەردىن پەقەت شياڭگاڭلا بەزى تەرەپتىن پارىژغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ۋېيتنام، چاۋشيەن شەھەرلىرىنى كەم دېگەندە كېچىلىك تۇرمۇش يېقىدىن پارىژغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. بېرلىن، ئامستېردام، بريۇسسېلدەك چوڭ شەھەرلەرمۇ كېچىلىك تۇرمۇش جەھەتتە پارىژ بىلەن تەڭ تۇرالمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، زەپەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا خېلىغىچە پىۋا ئىچىشتۇق. ئەھمىيەتلىك بىر كېچىنى تەڭ قىلىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق، ئانچە كۆپ ئۇخلىمايلا ھەمراھلىرىمىز بىلەن بىللە ئىككىنچى كۈنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پائالىيەتنى باشلىۋەتتۇق.

## 3. ھەيۋەتلىك ۋېرسال سارىيى

بىز 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كۈن چىچىلىشى بىلەن تەڭلا يولغا چىقىپ، پارىژنىڭ غەربىي جەنۇبىغا قاراپ 20 كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن غەرب كلاسسىك ئىمارەتچىلىكىنىڭ نامايەندىسى بولغان ۋېرسال سارىيىغا يېتىپ كەلدۇق.

ۋېرسال سارىيى ئەسلىدە پادىشاھ ئوردىسى بولۇپ، فرانسىيە پادىشاھى لويىس XIII مىلادىيە 1624 ـ يىلى بۇ يەردە قەلئە ياساپ، پادىشاھ جەمەتى ئوۋغا چىققاندا قونالغۇ سۈپىتىدە پايدىلانغانىكەن. لويىس XIV ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە بۇ يەردە ئوردا بىنا قىلىشنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇ 1661 ـ يىلدىن 1689 ـ يىلىغىچە 28 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ ئىمارەت توركۇمىنى پۈتتۈرگەن ۋە ئوردىسىنى پارىژدىن بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ

پارىژدىكى زەپەر دەرۋازىسى ئالدىدا



كەلگەنىكەن. ئوردىنىڭ كۆلىمى 110 مىڭ كۋادرات مېتىر، باغ ـ ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۈز سىزىق ئۈستىگە ھەيكەل، فونتان، چىملىق، گۈل تەكچىسى، تۈۋرۈك كارىدورى قاتار ـ لىقلار جايلاشتۇرۇلۇپتۇ. ساراي گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 707 مېتىر بولۇپ، پادىشاھ ئوردىسى ئوتتۇرىغا سېلىنغان، ئىككى قانىتىغا ئوردا بۆلۈملىرى ۋە ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى جايلاش ـ قان. ۋېرسال سارىيىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك بولۇپلا قالماي، خانىلىرى مەرمەر بىلەن، پەلەمپەيلىرى قاشتېشى بىلەن بېزەلگەنىكەن.

1789 ـ يىلى، فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى پارتلىغان چاغدا، ئىنقىلابچىلار لويىس XIV نى ۋە خانىش مارى ئانتونىتنى پا ـ رىژغا يالاپ ئەكېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋېرسال سارىيى ئوردا بولماي قاپتۇ.

1833 ـ يىلى «ئىيۇل سۇلالىسى» نىڭ كاتتىۋېشى لويىس فېلىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ سارايىنى رېمونت قىلدۇرغان ۋە دۆلەت تارىخي مۇزېيىغا ئۆزگەرتكەنىكەن. ۋېرسال سارىيى ھا ـ زىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن، مەدەنىي ـ يەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن نام بېرىلگەن نۇقتىلىق مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

## 4. پارىژ دەرۋازىسى — زەپەر دەرۋازىسى

يۇقىرىدا، پارىژغا كەلگەن ئاخشىمى ئالدىنقى يېرىم كېچە ـ نى زەپەر دەرۋازىسى يېنىدىكى ئۈستى ئوچۇق پىۋىخانىدا ئۆت ـ كۈزدۈم دېگەنىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ پىۋا ئىچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زەپەر دەرۋازىسىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى

ئوبدانراق تاماشا قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى.

بىز ۋېرسال سارىيىدىكى ئېكسكۇرسىيىمىزنى ئاخىرلاش-
تۇرغاندىن كېيىن يەنە 20 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ۋېرسال با-
زىرىدىن شەھەر مەركىزىگە قايتتۇق ۋە مەشھۇر ئاسارئەتىقە —
زەپەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدۇق.


زەپەر دەرۋازىسى دېگىنىمىز، قەدىمكى رىم ۋە كېيىنكى
ياۋروپا شاھىنشاھلىرىنىڭ تاشقىرىغا قارىتا ئېلىپ بارغان تا-
جاۋۇزچىلىق - كېڭەيمىچىلىكىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان خا-
تىرە خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش ئىكەن. زەپەر دەرۋازىسى ياساش
دەسلەپ قەدىمكى رىمدا باشلانغان بولۇپ، رىم شەھىرىنىڭ
ھايۋان سوقۇشتۇرۇش مەيدانىنىڭ يېنىدا بۈگۈنگىچە قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان زەپەر دەرۋازىسى مىلادىيە 81 - يىلى ياسالغانىكەن
(كېيىن ئىتالىيىگە بارغان چېغىمىزدا بىز بۇ زەپەر دەرۋازى-
سىنى كۆردۇق).

پارىژ زەپەر دەرۋازىسى بولسا، ناپولېئوننىڭ 1805 - يى-
لىدىكى ئاۋستىرىيە - رۇسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ئۈستىدىن
قازانغان غەلىبىسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن 1806 - يىلى ياسى-
لىشقا باشلىغان ۋە پۈتكۈچە 30 يىل سەرپ قىلىنغانىكەن.
ئېگىزلىكى 50 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر كېلىدىكەن.
دەرۋازا تۆپىسىگە نۇرغۇن نەپىس قاپارتما رەسىملەر ۋە ئوڭ
تەرەپتىكى تاش تۈۋرۈككە چوڭ تىپتىكى قاپارتما رەسىم «مار-
سىيل مارشى» ئويۇلغانىكەن. دەرۋازىنىڭ تۆۋەن تەرەپ ئوتتۇ-
رىسىدا 1920 - يىلى ياسالغان نامسىز قەھرىمانلار قەبرىسى
بار ئىكەن. قەبرە ئالدىدا يىل بويى ئۆچمەيدىغان ئوت يېنىپ
تۇرۇپتۇ. فرانسىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىن ۋە باشقا ئەللەردىن
كەلگەنلەر بۇ قەبرىگە گۈل ۋە گۈلچەمبىرەك قويىدىكەن.

دەرۋازا ئىچىدىكى لىفت بىلەن دەرۋازا ئۈستىگە چىقىپ پارىژ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدىكەن.
مەن زەپەر دەرۋازىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، 10 نەچچە فرانكقا ئىككى تال گۈل سېتىۋېلىپ (دەرۋازىغا يېقىنلا يەردە گۈل سېتىلىدىكەن، بۇ يەردە سېتىلىدىغان گۈل گۈل دۇكىنىدىكىدىن كۆپ ئەرزان بولىدىكەن) نامسىز قەھرىمانلار قەبرىسىگە قويۇپ قويدۇم. ئاپپاراتىمنىڭ ئىقتىدارىدىن ئەندىشە قىلىپ ئوخشىمىغان يۆنىلىشتىن بىرەر پارچىسى بولسىمۇ چىقىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە 20 نەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشكەنىدىم، كېيىن قارىسام تارتىلغان سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوبدان چىقىپتۇ. ناۋادا سۈرەت ئاپپاراتىدىن چاتاق چىقىپ قالسا ياكى پلېيونكا يالغان بولۇپ قالسا ئەپسۇسلانماقتىن ئۆزگە، يەنە نېمە دېگىلى بولاتتى؟

## 5. پارىژ قاراۋۇلى — ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى

بىز ناپولېئون نامىدىكى ھەربىي ئىنستىتۇت، ئالېكساندىر كۆۋرۈكى قاتارلىق تۆتچە داڭلىق يادىكارلىقنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولۇپ، سېنا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق. مۇنار مەيدانىغا شىمالىي قىرغاقتىن كېلىپ دەرياغا سېلىنغان كۆۋرۈك بىلەنمۇ، جەنۇب تەرەپتىكى كەڭ مەيدان بىلەنمۇ كەلگىلى بولىدىكەن. مۇنارنىڭ ئەتراپىدا خاتىرە بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان بىرقانچە بوتكا ئۆيلەردىن ئۆزگە ئېگىز ئىمارەت يوق ئىكەن. مەيداندا كەپتەرلەر، قۇشقاچلار بەخىرامان دانلىشىپ يۈرىدىكەن.
بىر ھېسابتا پارىژنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ مۇ-



ئېففېل تۆمۈر مۇنارىدىن پارىژغا نەزەر

نارنىڭ ئېگىزلىكى 320 مېتىر، ئىشلىتىلگەن پولاتنىڭ ئېغىرلىقى 9000 توننا بولۇپ، 1889 ـ يىلى فرانسىيە زور ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىق خاتىرىسى ۋە خەلقئارا كۆرگەزمىنىڭ پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ياسالغان ۋە مۇنارنى لايىھىلىگەن ئىنژېنېر ئېففېلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن. 1981 ـ يىلىدىن باشلانغان ۋە ئۈچ يىل داۋام قىلغان چوڭ رېمونت، مۇستەھكەملەش ئارقىلىق مۇنار ئەسلىدىكىدىن 1000 توننا يەڭگىللىنىپتۇ. سۇ بېسىمى بىلەن ئىشلەيدىغان ئاپتوماتىك شوتا ئېلىپ تاشلىنىپ تۆت ئاپتوماتىك لىفت ئورنىتىلىپتۇ. مۇنار ئۈستىگە ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى ۋە سىگنال ئەسۋابلىرى بېكىتىلىپتۇ.

بىز مۇنار ئەتراپىدا بىرەر سائەتچە تاماشا قىلغاندىن كېيىن، بېلەت سېتىۋېلىپ مۇنارغا چىقىشقا تۇتۇندۇق. مۇنارغا

چىقىشنى خالايدىغان ئادەملەر بەك كۆپ بولغاچقا، نۆۋەت كۈ-تۈشكە توغرا كېلىدىكەن.

لىفتقا ئولتۇرۇپ يەر ئۈستىدىن 115 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككىنچى پەشتاققا چىقتۇق. بۇ پەشتاق ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، پەممىچە پەشتاق ئۈستىدە 400 ـــ 500 ئادەم بىمالال پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىكەن. بۇ يەردىن پارىژنىڭ ھەرقانداق رايوننى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. بەش فرانكلىق مېتال پۇل تاشلىغۇچىلارغا مۇنار دۇربۇنى خىزمەتكە تەييار ئىكەن.

مەن 276 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بولۇقتا تاقىشىپ تۇرغان ئۈچىنچى پەشتاققا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى، ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ ئېگىز مۇنارنىڭ بوران - چاپقۇندا، ھۆل - يېغىندا 100 يىلدىن بېرى مۇشۇنداق تىك تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدىم. 100 يىل بۇرۇن فرانسىيە ئىنژېنېرلىرىنىڭ مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك مۇنارنى ياساپ چىقالىغىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھازىر بۇ مۇنار پارىژ تې-لېۋىزىيە مەركىزى سۈپىتىدە ئەمەلىي ئىشقا ئىشلىتىلىۋې-تىپتۇ.

بىز مۇناردىن چۈشۈپ، مۇنارنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتتۇق ۋە تالانتلىق ئىنژېنېر ئېففېلنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان تۆت چاسا تاش ئۈستىگە ئويۇلغان يېرىم بەدەنلىك ھەيكىلىگە ھۆرمەت بىلەن گۈل قويدۇق.

### 6. سەنئەت خەزىنىسى ـــ لوۋر سارىيى

پارىژ شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان لوۋر سارىيى دۇنياغا داڭلىق سەنئەت خەزىنىسى ۋە بىباھا گۆھەرلەر جۇغلانغان ھەيۋەتلىك ساراي ئىكەن. «لوۋر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ

بىرگە قايسى مىللەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكىنىنى بىلىپ بولمايدۇ. پارىژنىڭ مەلۇم تىل ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇرۇمچىلىك ئوقۇغۇچى ئابلىمىتنىڭ ئېيتىشىچە، فرانسۇزلار بۇ ساراي نامىنى «لوۋرغۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىكەن. هازىر بىز يەنىلا بىرگە ئۆزلەشكىنى بويىچە لوۋر دەپ تۇرايلى. لوۋر سارىيى ئالتە بۆلەككە بۆلۈنىدىكەن، بۇ بۆلەكلەر ئايرىم ـ ئايرىم هالدا گرېك ـ رىم سەنئىتى سارىيى، مىسىر سەنئىتى سارىيى، شەرق سەنئىتى سارىيى، سىزمىلار سارىيى، هەيكەلتىراشلىق ۋە بېزەكچىلىك سارىيىدىن تەركىب تاپقانىكەن. بۇ سارايلاردىكى «مۇهەببەت ئىلاهى ۋېناس»، «غالىبىيەت ئىلاهى»، «موننالىزا» دېگەن ئۈچ مەشهۇر ئەسەر بۇ سارايىنىڭ «ئۈچ گۆهىرى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

بىز چىڭقىچۈش بىلەن لوۋر سارىيىغا يېتىپ كەلدۇق. لوۋر سارىيىنىڭ چوڭ زالىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن «گرېك ـ رىم سەنئىتى سارىيى»غا كىرىپ كەلدۇق. بۇ سارايغا قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمنىڭ هەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى، بېزەكلىك تاش ئويمىلىرى قويۇلغان بولۇپ، كىشىگە بىر خىل قەدىمىيلىك تۇيغۇسىنى بېرىدىكەن. سىزمىلار بۆلۈمىدە قويۇلغان ئەسلى ئەسەرلەر ناهايىتى كۆپ بولۇپ، يۇزلەپ ئادەملەر «ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاخلىق تاماق»، «موننالىزا» قاتارلىق ماي بوياق رەسىملەرگە تىكىلىپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. خەۋەردار ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەسەرلەرگە مەستانە بولغان بۇ كىشىلەر بۇ داڭلىق رەسىملەر ئالدىدا بىر ئولتۇرغانچە بىر كۈن ئولتۇرىدىكەن. قورسىقى ئاچسا ئېلىۋالغان تەييار تاماقلىرى بىلەن غىزالىد-



كەسىپداشلار ھۇزۇرىدا

نىدىكەن. چاڭقىسا مىنېرال سۇ ئىچىدىكەن، ۋاراڭ ـ چۇ ـ رۇڭ ۋە باشقا تىۋىشلاردىن مۇستەسنا ھالدا سۈرەتلەردىن كۆز ئۈزمەيدىكەن.

ئوبدان يېرى، لوۋۇر سارىيىدا سۈرەت تارتىش مەنئى قىلىنمايدىكەن. ساياھەتچىلەر خالىغان ھەيكەلنىڭ، خالىغان ماي بوياق رەسىمنىڭ ئالدىدا سۈرەتكە چۈشۈۋېرىدىكەن، ھەتتا ھەيكەللەرنى سىلاپ كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنىدىكەن.

شۇ سەۋەبلىك، مەن مۇھەببەت ئىلاھى ۋېناس بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈۋالماقچى بولدۇمىيۇ، خېلى ھەپىلىشىپمۇ ھەيكەلگە يېقىنلىشالمىدىم. ئاخىر ئەدەپ ـ قائىدىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، «ياۋايىلارچە» ھەرىكەت قىلىپ ھەيكەلنىڭ يېنىغا بېرىۋالدىم ۋە تاماشىبىنلارنى مەندىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر خاتىرە قالدۇرۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

## 7. سېنا دەرياسىدا كەچلىك سەيلە

سېنا دەرياسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا پارىژ شەھىرىنىڭ يەنە بىر سىمۋولى بولۇپ، پارىژ ۋەقەلىكلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەر، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىم-لىرىدە بۇ دەريانىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە كۆرسىتىلىدۇ. فرانسىيىدە ئۆتكەن ۋە فرانسىيىگە بارغان نۇرغۇن شائىرلار سېنا دەرياسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۆز شېئىرلىرىغا قوش-ماي قالمايدۇ.

فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بۇ ئەزىم دەريا فرانسىيىنىڭ شەرقىدىكى ئېگىزلىكلەردىن باشلى-نىدۇ، پارىژ ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئەنگلىيە بوغۇزىغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 776 كىلومېتىر، كېمە قاتنى-يالايدىغان بۆلىكى 540 كىلومېتىر.

بىز قۇياش پېتىۋاتقان مەزگىلدە سېنا دەرياسىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە ئۇزاق ساقلىمايلا 1000 ساياھەتچى سىغىدىغان ئىك-كى قەۋەتلىك سەيلە كېمىسىگە ئولتۇردۇق. بۇ كېمە تەكشى تەگلىك چوڭ كېمە بولۇپ، تېگىدىن ئۆزگە جايلىرى ئەينەك بىلەن قاپلانغانىكەن. ساياھەتچىلەر خالىسا كېمىنىڭ تۆمشۇق تەرىپىدىكى ۋە ئىككى تەرىپىدىكى ئورۇندۇقلاردىن جاي ئالسا بولىۋېرىدىكەن.

پارىژدا يۈرگەن كۈنلەر 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى بولۇپ، كى-لىماتى ئۆرۈمچىنىڭ ئوخشاش مەۋسۇمدىكى كىلىماتىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن، كۈندۈزلىرى كۆڭلەكچان ياكى يېلىڭ چاپان بىلەنلا يۈرگىلى بولىدىكەن، كەچلىكى بولسا سەل سوغۇقراق بولۇپ، دەريا ھاۋاسى ئادەمنىڭ مۇرىسىنى قورۇيدىكەن. شۇ سە-

ۋەبلىك، مېنىڭ بارلىق ھەمراھلىرىم ئىسسىق ھاۋا قويۇۋېتىل-گەن يېپىق بۆلۈمدىن ئورۇن ئېلىشتى. بىراق، مەن سوغۇق بولسىمۇ توڭلاپ قالمايدىغان بولغاندىكىن دەريا مەنزىرىسىنى تولۇقراق كۆرۈۋالايمەنمۇ دېدىم ۋە سوغۇققا چىداپ كېمىنىڭ تۈمشۇقىدىن ئورۇن ئالدىم، سىم - سىم يامغۇر يېغىپ تۇر-سىمۇ پىسەنت قىلماي دەريا بويىغا كۆز تاشلىدىم.

كېمە مېڭىۋېرىدىكەن، چۈشەندۈرگۈچى فرانسۇز تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە مەن پەرق ئېتەلمىگەن يەنە بىر تىل بىلەن دەريا بويىدىكى ئىمارەتلەر، كۆۋرۈكلەر توغرىسىدا مۇپەسسەل چۈشەنچە بېرىدىكەن. مۇھىم ئىمارەت ۋە مۇھىم ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بۆلەكلەردە ئازراق توختاپ، ئىمارەت تارىخى ۋە ۋەقە ئۆتمۈشى ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزىدىكەن.

مېنىڭ ئەڭ ئاۋۋال دىققەت قىلغىنىم سېنا دەرياسىنىڭ ھەر 200 ـــ 300 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقلىرىغا بىردىن سېلىنغان كۆۋرۈكلەر بولدى. شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشىماي-دىغان كۆۋرۈكلەرنىڭ تولىسى 100 يىل، ھەتتا 200 ـــ 300 يىل بۇرۇن سېلىنغان بولۇپ، تۈۋرۈكلەرگە ۋە كۆۋرۈك ۋادەك-لىرىگە تۈرلۈك ھەيكەللەر ئويۇلغانىكەن. دەريانىڭ ئىككى تەرد-پى تۆت - بەش مېتىر كەڭلىكتىكى تۈز يول بولۇپ، كىشىلەر دەريا بويلاپ سەيلە قىلىدىكەن. بۇ يوللاردا ئاپتوموبىل، ۋېلى-سىپىت ۋە باشقا ماتورلۇق، ماتورسىز قاتناش قوراللىرىنىڭ يۈرۈشى مەنئى قىلىنىدىكەن.

سېنا دەرياسىنىڭ سەيلە كېمىسى كېتىۋاتقان بۆلەكلىرى ئالاھازەل 50 مېتىرچە كەڭلىكتە بولۇپ، سۇيى ئاستا ئاقىد-كەن. سەيلە كېمىسىنى ياندىپ ئۆتكەن بىرەرمۇ كېمە كۆرۈنمە-گىنىگە قارىغاندا سەيلە كېمىسى قاتنايدىغان بۆلەكلەردە باشقا

كېمىلەر قاتنىمىسا كېرەك.

دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى چىركاۋلار، ئىمارەتلەر پروېكسيون چىراغ بىلەن يورۇتۇلغانىكەن. بۇ ئوبيېكتلارنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئارتتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، كېچە تۇمشۇقىغا ۋە ئىككى تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان يۇقىرى ۋاتلىق پرويېكسيون چىراغلار دەريانىڭ ئىككى تەرىپىگە قارىتىلغانىكەن. سۇ يۈزى ئەينەكتەك تۈز بولغاچقا، يورۇتۇلغان ئىمارەتلەرنىڭ، ئىمارەت ئۈستىدىكى ئېلان چىراغلىرىنىڭ، بېزەك چىراغلىرىنىڭ نۇرى دەريا يۈزىدە ئەكس ئېتىدىكەن ـ دە، ئاجايىپ سېھىرلىك بىر مەنزىرە ھاسىل قىلىدىكەن.

بىز ئالاھازەل 40 مىنۇتچە ئۈزگەندىن كېيىن پارىژ ئاردىلىنىڭ تۇمشۇقىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ تۇمشۇقتىكى قورۇقلۇقتا ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىكى ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئوخشاتما نۇسخىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. فرانسۇزلار ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنىڭ 110 يىللىقى ۋە فرانسىيە ـ ئامېرىكا دوستلۇقىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن 1885 ـ يىلى ئامېرىكىغا سوۋغا قىلىنغان ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنى سېغىنغانمۇ ياكى ئۇنى سوۋغا قىلىنغانلىقىنىڭ پۇشايمىنىنى تولدۇرماقچى بولغانمۇ، قىياپىتى ئوخشاش، ئەمما خېلىلا كىچىك بولغان ئايال ئىلاھنى بىرىنى ئۆز زېمىنىغا ئورنىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ھەيكەل رەڭگارەڭ فونتان ۋە رەڭمۇرەڭ چىراغلار ئىچىدە كىشىنى مەھلىيا قىلىپ، رەڭلىنىپ تۇرىدىكەن. چۇشەندۈرگۈچىلەر سەيلە كېمىسىنى ھەيكەل يېنىدا بەش مىنۇتچە توختىتىپ، ئەركىنلىك ئىلاھى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىدىكەن ـ دە، كېمە تۇمشۇقىنى كەينىگە بۇرايدىكەن. يەنە 40 مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن ئېففېل تۆمۈر مۇنارىغا يېقىن يەردىكى پورتتا

لەڭگەر تاشلايدىكەن.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ بولدىكى، ئوبيېكتلار يورۇق بولسىمۇ كېمە تەخمىنەن 20 كىلومېتىر سائەتلىك تېزلىك بىلەن كې-تىۋاتقىنى ئۈچۈن ھېچقايسىمىز بىرەر پارچە سۈرەت تارتالمى-دۇق، تارتقانلىرىمىزمۇ ئانچە ياخشى چىقمىدى.

## 8. كوچىدىكى ئاجايىپ بايقاش

ئۇرۇمچىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا، ئىنى ئاغىنىمىز دىل-شات پارىژدىكى مەلۇم تىل ئىنستىتۇتىدا فرانسۇز تىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئىنىسى ئابلىمىتقا مەن ئارقىلىق سالام يوللىغان ۋە ماڭا ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بەرگەنىدى. پارىژ-غا يېتىپ كەلگەن كەچلىكى مېھمانخانا سودا مۇلازىمەت ئورنى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئىككى پارچە تېلېكس يوللىۋەتكەنىدىم. ئابلىمىت بىلەن ئەتىسى لوۋر سا-رىيىدا ئۇچراشتۇق، سالامدىن كېيىن ئەتىسى ئەتىگەندە كۆ-رۈشمەكچى بولدۇق. مەن سەپەرداشلىرىم بىلەن بىللە لوۋر سا-رىيىغا كىرىپ كەتتىم.

ئەتىسى ئورنۇمىدىن تۇرۇپ مېھمانخانىنىڭ چوڭ زالىغا چۈشسەم، ئابلىمىت ئالدىراپ كېلىپ بوپتۇ ۋە ئۈمىكىمىزنىڭ يول باشلىغۇچىسى لى سەن بىلەن بىللە چاي ئىچىۋېتىپتۇ.

ئابلىمىتنى تەكلىپ قىلىشىمدىكى مەقسەت، مەشھۇر مەر-يەم ئانا ئىبادەتخانىسىنى بىللە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە شۇ يەردىلا ئۈمەك باشلىقىدىن ئىجازەت ئېلىپ، پارىژنىڭ كۆنتەر-تېپىگە كىرگۈزۈلمىگەن بەزى مۇھىم جايلىرىنى ئابلىمىتنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆرۈۋېلىش، ئاز - تولا نەرسە - كېرەك سېتىۋ-ۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بىز ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ پارىژ شەھىرىنىڭ نەق مەركىزىدىكى مەريەم ئانا ئىبادەتخانىسىغا باردۇق ۋە ئېكسكۇرسىيىمىزنى باشلىۋەتتۇق.

مەريەم ئانا ئىبادەتخانىسى بىناكارلىق تارىخىدىكى بىر نامايەندە بولۇپ، بىنا قىلىنغىنىغا 700 يىلدىن ئېشىپتۇ. بۇ ئىبادەتخانا سېنا دەرياسىدىكى پارىژ ئارىلى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. فرانسىيە يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگونىڭ «پارىژدىكى مەريەم ئانا ئىبادەتخانىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ نامى جاھانغا تارالغانىكەن.

بىز ئىبادەتخانىنى بىرەر سائەتچە ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن ئىجازەت بىلەن ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلدىم ـ دە، ئابىلمىت بىلەن كوچا ئارىلاشنى باشلىۋەتتىم.

30 ياشلاردىكى بۇ يىگىت پارىژدا تۇرغىنىغا بىرەر يىل بولغىنىغا قارىماي، فرانسۇزچىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋاپتۇ. ئىنگلىزچىگىمۇ كامىل ئىكەن. پارىژغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىسرائىلىيە، قازاقىستان، گرېتسىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردە بىرەر مەزگىل تۇرۇپ «دۇنيا كۆرگەن» بولغاچقا، كىشىلەر بىلەن ئاسانلا پاراڭلىشالايدىكەن، يول تونۇيدىكەن. مەن ئابلىمىتتىن پارىژدا بايلار تۇرىدىغان ۋە بايلارغا خىزمەت قىلىدىغان مەخسۇس بىر رايوننىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن شۇ يەرگە باشلاپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم. تەخمىنەن ئالتە ـ يەتتە كىلومېتىر يولنى پىيادە باسقاندىن كېيىن بۇ رايونغا يېتىپ كەلدۇق.

پارىژدىكى ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىلار، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى، كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرى مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئەنگلىيە مەلىكىسى مەرھۇم دىئانامۇ پارىژدا قاتناش ۋەقەسىگە



پارىژدىكى خىلۋەت ماكان

ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن مۇشۇ رايوندىكى بىر ئالىي مېھمانخانىغا چۈشۈپتىكەن.

بىز بىرقانچە ماگىزىننى ئارىلىدۇق. ئارىلىدۇقيۇ، بۇ ماگىزىنلاردىكى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ، ئاياغلارنىڭ ئېسىللىقىنى ۋە ئېسىللىقىغا مۇناسىپ ئىنتايىن قىممەتلىكىنى كۆرۈپ، بۇ يەردىن كەتمىسەك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم ۋە ئابلىمىتتىن يۆنىلىشىمىزنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدىم.

بىز ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىدىغان بىر سودا رايونىغا كەلدۇق. ئېلىپ بارغان ئاقچامىنىڭ ھەممىسىنى خەجلىسەممۇ بىرقۇر كاستۇم سېتىۋالالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى، ئاخىرىدا بۇ يەردىنمۇ كېتىپ قالدۇق ...

پارىژ كوچىلىرىدا خېلى ئېغىر ۋە چوڭ قەغەز سومكىلارنى كۆتۈرۈپ سەھرادىن كەلگەن ئېلىپساتارلاردەك پىيادە يۈرۈش

ھەم غەلىتە، ھەم جاپالىق ئىش ئىكەن. كېتىۋېتىپ قورسىقى-
مىزنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى تەڭلا ھېس قىلىپ قالدۇق ۋە
يېقىنراق يەردىن بىرەر رېستوران تېپىش ئۈچۈن باشقا ھەۋەس-
لەردىن ۋاز كېچىپ قەدىمىمىزنى ئىتتىكلەتتۇق.

تارراق بىر كوچىنى بېسىپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقىۋىد-
دۇق، مېنىڭ ئۈچ بۇرجەك ئىمارەتنىڭ بۇرجىكىدىكى بىر قا-
پارتما ھەيكەلگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ھەيكەلگە كۆز سېلىۋىد-
دىم، ھەيكەل ئۈستىدىكى «ميۇلېر» دېگەن قاپارتما خەتنى تو-
نۇۋالدىم ۋە ئۆزۈمگە ئىشىنە - ئىشەنمەي بۇ خەتنىڭ نېمە مە-
نەنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئابلىمىتتىن سورىدىم.

قىياسىم توغرا چىقتى، ئادەتتىكى ئادەمدىن تۆت - بەش
باراۋەر چوڭلۇقتا ئويۇلغان قاپارتما ھەيكەل راستتىنلا ئۇلۇغ
فرانسۇز دراماتۇرگى ميۇللېرنىڭ ئوبرازى ئىكەن. بۇدۇر چاچ-
لىق، قاڭشارلىق ياش ميۇللېر ئويچان كۆزلىرىنى يىراققا تىك-
كىنىچە قەلەم تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ميۇللېرنىڭ ئىككى تەرىپىدە
سەل پەستىرەك تۇرغان ئىككى قىز ميۇللېرنىڭ قولىدىن چۇ-
ۋۇلۇپ چۈشكەن تار، ئۇزۇنچاق قەغەزگە يېزىلغان يېزىقلارنى
ھەۋەس بىلەن ئوقۇۋېتىپتۇ. ئابلىمىتتىنىڭ تەرجىمە قىلىپ بې-
رىشىچە، تەرجىمىھالىدا «ميۇللېر 1622 - يىلى مۇشۇ شەھەر-
نىڭ مۇشۇ كوچىسىدا تۇغۇلۇپ، 1673 - يىلى ۋاپات بولغان»
دەپ يېزىلغانىكەن.

مەن ئەسلىدە پارىژغا كەلگەندىن كېيىن ماڭا ۋاستىلىك
تەسىر كۆرسەتكەن بالزاك ۋە موپاسساننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ
قىلىمەن، گۈل قويىمەن دېگەن ئوينى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم.
بىراق، ۋاقتىمىنىڭ قىسلىقىدىن بۇ ئويۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرال-
مىغانىدىم. پارىژدىن ئايرىلغىلى بىر كۈنلا قالغاچقا، بۇ ئويۇم-

نىڭ ئەملگە ئاشايدىغانلىقىمۇ مۇقىملىشىپ قالغانىدى.
شۇ ئەلەم بىلەن كېتىۋاتقاندا ميۇللېر خاتىرە ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز ئاشكارا بولۇشى كەيپىياتىمنى خېلىلا كۆتۈرۈۋەتتى. پارىژغا كېلىپ ميۇللېرنى بولسىمۇ «كۆرەلىگىنىم» ئۈچۈن كۆڭلۈم بىرئاز تەسەللى تاپتى. شۇغىنىسى، ھەيكەل تۈركۈمى ئۇلۇغ يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگىنى ئۈچۈن ميۇللېر بىلەن بىللە «سۈرەت» كە چۈشەلمىدىم.
كېيىن كەلگەندە قىستۇرۇپ ئۆتەي، پارىژ كوچىلىرىدا قاياقىقا قارىماڭ، چوڭ ـ كىچىك خاتىرە تاختىلىرى كۆزىڭىزگە چېلىقىپلا تۇرىدىكەن. بۇنداق تاختىلارغا «پالانى بۇ يەردە تۇغۇلغان»، «ۋاپات بولغان»، «پۇستانى بۇ يەردە ياشىغان» دېگەندەك مەلۇماتلار يېزىلىدىكەن. ميۇللېردىن ئۆزگە تولستوي، لېنىن، كيورى خانىم، جوئېنلەي قاتارلىقلارنىڭ تۇرغان جايلىرىغىمۇ مۇشۇنداق تاختىلار ئېسىلغانىكەن. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شەھەر بويىچە بۇنداق خاتىرە تاختىلىرىدىن 1132 سى بار ئىكەن.
بۇ پارىژلىقلارنىڭ مەشھۇر ئادەملىرىدىن، پارىژدا بىر مەزگىل تۇرۇپ كەتكەن، ياشىغان، ئىجاد ئەتكەن داڭلىق شەخسلەردىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۆز ئادەملىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، ئۆز شەھىرىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى. بۇ بىزدىكى نام قازانغان ئادەملەرنىڭ كىچىككىنە كەمچىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، تاپالمىسا كولاپ، كولاپمۇ تاپالمىسا ئىغۋا توقۇپ سېسىتىدىغان، باش كۆتۈرۈپ قالسا پۇرسەت تېپىپ بېشىغا ئۇرىدىغان ئايرىم ئادەملەرنى ئۇيالدۇرىدىغان ئەھۋال، ئەلۋەتتە.

## 9. فرانسۇزلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى

بىۋاسىتە كۆزىتىشلىرىمگە، ئاڭلىغانلىرىمغا، ۋاسىتىلىك بىلگەنلىرىمگە قارىغاندا، فرانسۇز مىللىتىنىڭ بەزى ئادەتلىرى خېلىلا ئۆزگىچە ئىكەن.

فرانسىيە مەدەنىيەتلىك، ئەدەپ ـ قائىدىلىك دۆلەت بولۇپ، فرانسۇزلار ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىشتا ۋە ئۇلارغا ئەدەپ بىلدۈرۈشتە ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىكەن. بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىكەنۇ، قول ئېلىشىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىشكە بولمايدىكەن. قول ئېلىشىپ تۇرۇپ قارشى تەرەپنىڭ قولىنى سىلكىش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدىكەن. ئادەتتە ئاياللار ئەرلەرگە، چوڭلار كىچىكلەرگە، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر تۆۋەن دەرىجىلىكلەرگە ئاۋۋال قول ئۇزىتىدىكەن.

رېستورانغا كىرگەنلەر پەلتوسىنى يېشىۋېتىشى ۋە باش كىيىمىنى ئېلىۋېتىشى، كۈتكۈچىلەرنىڭ ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. ئەگەر «باھا چاي پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش خېتى چاپلانمىغان بولسا، پۇل تۆلىگەندە تاماق باھاسىغا يەنە 10% پۇل قوشۇپ تۆلىنىدىكەن.

## 10.«ئەرەب رېستورانى» دا ئويلىغانلىرىم

مەن مېۋىلىرنىڭ ھەيكىلىنى بايقىغانلىقىم سەۋەبلىك ھاياجانلىنىۋاتقان چاغدا، ئۇچىيىم قورسىقىمغا چاپلىشىپ، ئاياغلىرىمنىڭ ماغدۇرى تۈگەي دەپ قالغانىدى. قورساق ئاچتى دەپ ئۇدۇل كەلگەن رېستوراندىن تاماق يېگىلى بولمايتتى. مۇسۇل-

مانچە رېستوران تېخىچە تېپىلمايۋاتاتتى. ئابلىمىتنىڭ: «يېـ-قىنلا بىر يەردە بىر ئەرەبچە رېستوران بار، ئۇلارنىڭ (كوس - كوس) دەيدىغان بىر تامىقى باركى، ئۇ بىزنىڭ ئىشتىھايىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق مەززىلىك» دېگەن گېپىگە ئاساسەن يەنە ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر يول يۈردۇق - دە، ئاران دېگەندە ھېلىقى ئەرەب «رېستورانى» بار يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

ئاشخانىنىڭ چېكىسىگە «ئەرەب رېستورانى» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، كۆلىمى كىچىك بولغىنى ئۈچۈن مەن ئۇنى بىزدىكى ئۆلچەم بويىچە «رېستوران» ئەمەس، «ئاشخانا» ئىكەن دېگەن يەرگە كەلدىم.

تەكەللۇپ قىلغۇدەك ئادەم چىقمىدى، ئولتۇردۇق. ئابلىمىت كۆكتات توغراش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئاقپىشماق ئەرەب بىـ-لەن ئىنگلىزچىمۇ، فرانسۇزچىمۇ، ئىشقىلىپ بىر چەت تىل بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. مەلۇم بولۇشىچە، «كوس - كوس» دەيدىغان تامىقى كەچ سائەت 7 لەردە ئاندىن سېتىلىشقا باشلايدىكەن. خالىساق يەنە ئۈچ سائەت ساقلايدىكەنمىز، خالـ-مىساق، ساندىۋىچ يەپ تۇرساقمۇ بولىدىكەن.

ئەرەبلەرنىڭ رېستورانى دەۋالغىنى ئۇچەيدەك ئۇزۇن، تار، قويۇق تۈۋرۈك قويۇلغان بىر ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، تەئەللۇقا-تى بىر پەشتاختىتا ۋە تۆت - بەشچە يۇمىلاق ئۈستەلدىن ئىبارەت ئىكەن. سەنئەت پۇرىقىنى چىقارماقچى بولغانمۇ يا ئەرەبلەرنىڭ «رېستورانى» شۇنداق بولامدۇ، تاشتىن قوپۇرۇلغان تاملىرى سۇۋالمىغانىكەن. شۇنداقتىمۇ، ساددا ۋە پاكىز كۆرۈنىدىكەن.

ئىككى قۇتا كوكاكولا ئىچىپ بولغۇچە بۇيرۇتقان ساندى-ۋىچمۇ يېتىپ كەلدى. ساندىۋىچ دېگىنى ئۇزۇنچاق بولكا بولۇپ، ئۇنىڭ قارنى يېرىلىدىكەن ۋە يېرىلغان يېرىگە خام كۆكتات،

قوي گۆشى سېلىنىدىكەن (غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلەر باشقا گۆشلەرنى سالسا كېرەك). ئۇنى قول بىلەن تۇتۇپ پىلتا قۇيماق يېگەندەك يەيدىكەنمىز، قورساق ئاچ بولغاچقا، ياۋروپالىقلار ئاغزىغا يوغان ئالىدىغان، كىنو ۋە كىتابلاردا تولا كۆزگە چېلىقىدىغان ساندىۋىچ دېگەن ئاددىي تائام ماڭا خېلى تېتىدى. ئىككى ساندىۋىچقا 100 فرانكچە (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 144 يۇەنگە باراۋەر) پۇل تۆلىگەن چاغدا ساندىۋىچنىڭ تەمى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئاۋۋال قىرتاق، كېيىن ئاچچىق تېتىپ كەتتى.

ئويلاپ قالدىم، ئەگەر پارىژ شەھىرىدە مانا بۇ ئەرەب «رېستورانى» دەك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر ئۇيغۇر «رېستورانى» ئېچىلسا تىجارىتى قانداق بولار؟ پارىژدا ئۈچ يەردە زاڭزۇ ئاشخانىسى بار ئىكەن، نېمىشقا ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بۇ كەڭ بازارغا كۆز تىكمىدى؟

پارىژدا ياشاۋاتقان، يېمەك ـ ئىچمەك بازىرىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى بىلىپ قالغان ئابلىمىت بىلەن ئىككىمىزنىڭ جاۋابى بىر يەردىن چىقتى. پارىژدا ئەگەر ئۇرۇمچىدىكى «يۇلغۇن» ياكى «تەبەسسۇم» دەك بىرەر ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق رېستوران ئېچىلىپ قالسا تىجارىتى ھەرقانداق رېستوراندىن ياخشى بولۇپ كېتەر ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

— بۇ يىل ئىككى فرانسۇز ئاغىنەم قازاقىستان ئارقىلىق قەشقەرگە ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىپ كەلدى، — دېدى ئابلىمىت سەل ھاياجانلىنىپ، — ئۇلار قەشقەرگە بارغاندا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە تەمىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى سەزگەچكە، بەك ماختاپ كەتتى، بولۇپمۇ ئۇلار ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ بازىمەن سوزغىنىنى كۆرۈپ

ھەيرانۇھەس قاپتۇ. ئۇلار: «بازىمەن سوزۇشنى تاماق ئېتىش ئەمەس، بەلكى سەنئەتتىن ماھارەت كۆرسىتىش دېسە بولىدىكەن، ئۇستىلار ئۇسسۇل ئويناپ يۇرۇپ، بىلەكتەك خېمىرنى چاچتەك قىلىۋېتىدىكەن» دېيىشتى. ئەگەر بۇنداق رېستوران كوچا بويىغا ئېچىلسا، بازىمەنچى ئۇستا ئەينەك ئىچىدە تۇرۇپلا ئۆز ھۈنىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە باشقا ئېلان چىقىرىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

مەن ئابلىمىتنىڭ تەھلىلىنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلىدىم، فرانسۇز خەلقىنىڭ غىزالىنىشىنى قورساق تويغۇزۇش ئەمەس، بەلكى غىزادىن ھۇزۇرلىنىش دەپ قارايدىغانلىقى ھەممە ئادەمگە ئايان. فرانسۇزچە ئاش ـ تاماقنىڭمۇ دۇنيادا خېلى داڭقى بار. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل نازۇنېمەتلىرى بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى بىرلەشتۇرۇلگەن رېستورانلىرى پارىژدىن ئورۇن ئالسا سەنئەتخۇمار پارىژ خەلقى جەزمەن ياقتۇرۇپ قالىدىكەن دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پارىژدا ئاز بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنىمۇ، كېلىپ ـ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ھېسابقا ئېلىش كېرەك. فرانسىيىگە ساياھەتكە بارىدىغان خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ بېرىشىمۇ مۇھىم بىر خېرىدار مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پارىژ مۇھىم خەلقئارا چوڭ شەھەر بولغىنى بىلەن ئۇ يەردە ئۆي ئىجارىسى ئۇنچىلىك قىممەت ئەمەسمىش. ئەگەر 100 كۋادرات مېتىر ئۆپچۆرىسىدىكى ئورۇن بىرقانچە ئايلىق ئىجارىسىنى ئالدىن تۆلەش ھېسابىغا ئىجارىگە ئېلىنسا، ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى زىننەتلەش ھەققى قوشۇلسا، كۆپ بولغاندا 600 ـــ 700 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى سەرپ قىلىنغۇدەك. مۇبادا، يەنە ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاش ۋە ئايلانما مەبلەغ ئۈچۈن

300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلسا، بىرەر مىلليون يۈەن خەلق پۇلى بىلەن ئىش باشلاپ كەتكىلى بولىدىكەن. 1 مىلليون يۈەن پۇل ئەلۋەتتە ئاز پۇل ئەمەس، لېكىن تىجارىتى ئۈچۈن بىرەر مىلليون يۈەن مەبلەغ سالالايدىغانلار بىزدە يەنىلا مەۋجۇت، بېيجىڭدىكى ئەلچىخانا رايونىغا جايلاشقان «ئالمىخان رېستورانى» ئۈچۈن ئۇيغۇر خوجايىن 1 مىلليون يۈەن (خاس بېزەكچىلىكى ئۈچۈنلا) مەبلەغ سايتۇدەك، يەنە كېلىپ فرانسىيە ھۆكۈمىتىمۇ مەبلەغ سالغۇچىلارنى قارشى ئالغۇدەك.

ئاڭلىساق، پارىژدا رېستورانلارنىڭ تاپاۋەت بېجى 20% ئىكەن. شۇ كۈنلەردە بۇ باجنى ئېغىر كۆرگەن فرانسۇز رېستورانچىلىرى باجنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىپ بەرسۇن، دەپ چۇقان سېلىۋېتىپتۇ.

پارىژ شەھىرىدە ئۇيغۇرچە سەنئەتلىك رېستوران ئېچىش ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ، ئابلىمىتنىڭمۇ ھازىرچە قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بىراق، پارىژنىڭ رېستورانچىلىق ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش شارائىتىغا قاراپ، بۇنداق مەبلەغ سالغۇچىلار يېقىن كەلگۈسىدە چىقىپ قالىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

گېرمانىيىدىن ئىتالىيىگە قەدەر بولغان 20 نەچچە كۈنلۈك سەپەردە، چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇ خوجايىنلار ئاچقان جۇڭگوچە رېستورانلارنى ئۇچراتتۇق. بۇنداق رېستورانلارنىڭ كۆلىمىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىكەن. قورۇما ـ تائاملىرىنىڭ تەمىمۇ ئادەتتىكىچە ئىكەن. بىراق، رېستورانلارنىڭ تىجارىتى تازا ئېقىۋېتىپتۇ. خوجايىنلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋېنجۇلۇق دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن، ياۋروپا بازارلىرىنىڭ جۇڭگوچە يېمەك ـ ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق چۈشەنگەن ۋە مەبلەغ سېلىش پۇرسىتىنى توغرا تال-

لىغان. ۋېنجولۇق دېھقان كارخانىچىلاردىن ئۆلگە ئالساق، چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشقا جۈرئەت قىلساق ھۆكۈمىتىمىزمۇ قوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەم پۇل تاپالايدىغان، ھەم يېمەك - ئىچمەك سەنئىتىمىزنى ياۋروپاغا يۈزلەندۈرەلەيدىغان بىر روجەك ئاچقان بولىمىز.

## 11. ئاشخانىلىرىمىز ھەققىدە سۆز

ئۈچ - تۆت يىل ئالدىدا، ئۈرۈمچىدە مۇنداق بىر قىزىق گەپ تارقىلىپ يۈردى. ئېيتىلىشچە، ياۋروپالىقمۇ، ئاسىيالىقمۇ، ئەيتاۋۇر چەت ئەللىك بىر ساياھەتچى جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنى ئارىلاپتۇدەك. ئۇ مەلۇم شەھەرگە كەلگەندە، بىر شەخسىي ئاشخانىدا ئۇگرە ئىچىش پۇرسىتىگە ئىگە بوپتۇ ۋە كىملەرگىدۇر ئۇگرە ئىچكەندىن كېيىنكى تەسىراتىنى سۆزلەپ كېلىپ: «دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە ئۇيغۇر ئۇگرىسىدەك مۇنداق مەززىلىك تائامنى يەپ باقماپتىكەنمەن، شۇنداقلا بۇ ئۇگرىخانىدەك ناقۇلاي ئاشخانىنى كۆرمەپتىكەنمەن» دەپ ئۇھ تارتقانىكەن.

مېنىڭچە، بۇ راستتىنلا ياۋروپالىق ساياھەتچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا غىزالىرىمىزنىڭ تەمدىن پەخىرلىنىدىغان، ئەمما بەزى ئاشخانىلىرىمىزنىڭ مەينەتلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدىغان ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىراق، بۇ گەپ چەت ئەللىكنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى بولسۇن ياكى ئۆز ئادەملىرىمىز چەت ئەللىكنىڭ نامىدا توقۇغان ھېكايە بولسۇن، ئوخشاشلا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىشى، بىزنى ئويلاندۇرۇشى كېرەك.

دېمىسىمۇ، ھېلىقى چەت ئەللىك «ناقۇلاي» دەپ تەرىپلىگەن ئاشخانىلار بىزدە ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ «ناقۇلاي» دېگىنى «قۇلايسىز» دېگىنى. ئېچىپ ئېيتقاندا، «پاسكىنا»، «مەينەت» دېگەن يامان سۆزنىڭ تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرۇپ ئىپادە قىلىنىشى.

تامىقى مەززىلىك، ئەمما مۇھىتى ناچار ئاشخانىلار پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئۈرۈمچىدىمۇ، شىمالىي شىنجاڭدىمۇ تېپىلىدۇ. بۇنداق ئاشخانىلارنىڭ تامىقى ھەقىقەتەن ئىشتىھايىڭىزنى قوزغايدۇ، قوشۇق ياكى چوكىنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئەتراپىڭىزغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئىشتىھايىڭىز قاچىدۇ، ئاغزىڭىزغا كەلگەن سېرىق سۇمۇ دەرھال بوغۇزىڭىزغا كەپلىشىدۇ...

دەرۋەقە، بۇنداق ئاشخانىلارنىڭ تورۇسىدا توپا ـ چاڭ قونۇۋېرىپ چوكىدەك تومىلىشىپ كەتكەن ئۆمۈچۈك تورلىرىنى، قاچىڭىزغا چۈشۈپ كېتەي دەپلا تۇرغان قارا قۇرۇملارنى كۆرىسىز. ئەتراپىڭىزغا كۆز تىكسىڭىز، خۇددى تۇرخۇندەك قارىيىپ كەتكەن، ئۆمرىدە ئاقارتىلىپ باقمىغان، سۇۋاقلىرى ئاجراپ چۈشكەن تاملار كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. يەرگە — پۇتىڭىزنىڭ ئەتراپىغا قارىسىڭىز، چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەر، يېيىلىپ يۇرگەن سۇلار كۆڭلىڭىزنى ئاينىتىدۇ...

ھەيران قالارلىقى، بەزى خېرىدارلىرىمىز ناچار مۇھىتقا ئۆگىنىپ كەتكەنمۇ ياكى تاماق يېگەندە بارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ۋاقىتىنچە ئىشلىمەي تۇرامدۇ، بۇنداق ئاشخانىلارنىڭ تىجارىتى يەنىلا ئېقىۋېرىدۇ، ئاققاندىمۇ باشقا ئاشخانىلارنىڭكىدىن ئوبدانراق ئاقىدۇ.

گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، ياۋروپالىقلارلا ئەمەس، بەلكى

ئاز ـ تولا شەھەر كۆرگەن، كۆزى ئېچىلغان ئۆز ئادەملىرىمىز ـ
مۇ بۇنداق «ئاشخانا»لارنى زامان ۋە ماكان يېقىدىن تەسەۋۋۇرىغا
سىغدۇرالمايدۇ.

بۇنداق ئاشخانىلارنىڭ تاپاۋىتى ئېقىپ تۇرغانىكەن، ئاشخانا
خوجايىنىدا پۇل بولغان بولىدۇ، ئەپسۇس، خوجايىن ئاشخانا
كىرىمىنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ ئاشخانىسىنى يا ـ
ساپ قويسا ياكى پاكىزرەك تۈزەشتۈرۈپ قويسا بولمامدىغاندۇ؟
بۇنىڭغا قانچىلىك پۇل كېتەتتى؟ مەززىلىك تاماقلىرى بىلەن
پاكىز، ئازادە مۇھىت بىرلەشتۈرۈلسە تاپاۋىتىنىڭ تېخىمۇ
ئوبدان روناق تېپىشىغا پايدىسى بولماسمۇ؟

مېنىڭچە، شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە، پەقەت شەھەر
يوللىرىنى ياسىغان، يول بويىغا چىرايلىق ئىمارەتلەرنى سالغان
بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. بەزى شەھەرلەردە، بولۇپمۇ ساياھەتچى ـ
لىك تەرەققىي قىلىۋاتقان بەزى شەھەرلەردە شەھەر مەمۇرىيىتى
سودا ـ سانائەت، باج، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تار ـ
ماقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ «ناقۇلاي» ئاشخانىلارنى ئۆزگەرتىش
«ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى قوزغىمى ـ
سا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئالدى بىلەن مەمۇرىي بۇيرۇق ئېلان
قىلىپ، ئاشخانا ئىگىلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە
ئاشخانىلىرىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدە ئۆزگەرتىشىنى تەلەپ
قىلىش كېرەك. ئۆزگەرتىشنى رەت قىلغانلارنىڭ تىجارىتىنى
توختىتىش، ئىقتىسادىي جازا بېرىش يولى بىلەن ئەمەلىي ئۇ ـ
نۈمگە ئېرىشىش كېرەك. ئەگەر پۇل تېپىشنىلا بىلىپ، مۇ ـ
ھىتنى ياخشىلاشقا پۇل خەجلىمەيدىغان خوجايىنلارنىڭ ئىختى ـ
يارىغا قويۇۋېتىلسە، بۇنداق ئاشخانىلارنىڭ 21 ـ ئەسىر ئىچىدە
ئەمەس بەلكى 25 ـ ئەسىر ئىچىدىمۇ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي ـ

دىغانلىقىغا ئىشىنىش لازىم.

بەزىلەر بۇنداق «ناقۇلاي» ئاشخانىلارنى «مىللىي ئالاھىدىلىك»، «يەرلىك ئالاھىدىلىك» دەۋېلىشى مۇمكىن. ئۇنداقلارغا چۈشەندۈرۈش كېرەككى، بۇ مىللىي ئالاھىدىلىكمۇ ئەمەس، يەرلىك ئالاھىدىلىكمۇ ئەمەس، بەلكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئالاھىدىلىكى، بىزنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىمىز — پاكىزلىق ۋە پاكلىق!

مانا بۇ كىچىك، ئەمما پاكىز بولغان ئەرەب «رېستورانى» دا ساندىۋىچ يەۋاتقاندا كاللامغا كەلگەن يەنە بىر ئوي.

## 12.«قىزىل تۈگمەن» ۋە بىزنىڭ سەنئىتىمىز

«قىزىل تۈگمەن» — پارىژنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان كونا تىياتىرخانا بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تارىخى 400 يىلدىن ئاشىدىكەن. تىياتىرخانا ئۈستىدىكى قىزغۇچ رەڭ بېرىلگەن شامال تۈگمىنى تىياتىرخانىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

بىز 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە، سېنا دەرياسىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ بولۇپ بۇ تىياتىرخانىدا تىياتىر كۆردۇق. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن پەقەت ئىككى مەيدانلا ئويۇن قويۇلىدىغان بۇ تىياتىرخانىنىڭ تۇنجى مەيدان ئويۇنى قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا باشلىنىپ كېتىدىكەن، كېيىنكى مەيدانى بولسا شۇ يەر ۋاقتى بىلەن كەچ سائەت 9 لاردا ئاندىن باشلىنىدىكەن.

1000 تاماشىبىن سىغىدىغان بۇ تىياتىرخانىنىڭ ئورۇندۇقلىرى ئالدىدىن كەينىگە قاراپ پەلەمپەيسىمان ئېگىزلەپ بارىدىكەن، بېزىلىشى كونا ئۇسلۇبتا بولسىمۇ، يۇكسەك دەرىجىدە

ئېلېكترلەشكەنىكەن، چىراغلىرى ۋە ئاۋاز ياڭراتقۇلىرى ئەڭ ئىلغار زامانىۋى ئۇسكۇنىلەر قاتارىغا كىرىدىكەن. سەھنىسى ھەرىكەتچان بولۇپ، دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم پەسىيىپ نەق مەيدان تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدىكەن.

بىز «قىزىل تۈگمەن» دە شامپان ئىچكەچ ئىككى سائەت ئويۇن كۆردۇق. ناخشا ـ ئۇسسۇل، كومېدىيە، سېرك ـ سېھىرگەرلىك نومۇرلىرى كۆرستىلدى. بىرقانچە تاماشىبىن سەھنىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئويۇنغا قاتناشتۇرۇلدى. تىياتىرخانىغا لىق تولۇپ ئولتۇرغان ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل مىللەتتىن بولغان تاماشىبىنلار ئارىلاپ چاۋاك چېلىپ، ئارتىسلارنىڭ يۈكسەك ماھارىتىگە ئالقىش ياغدۇردى.

بۇ تىياتىرخانىدا ئوينالغىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك ئارىلاش تىياتىر ئىكەن، فرانسۇزلارنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنى، زامانىۋى ناخشىلىرىنى ئاساس قىلىدىكەن. ئويۇننىڭ سەۋىيىسى گەرچە ئىنتايىن يۇقىرى بولمىسىمۇ، بېلەت باھاسى كىشىنى چۆچۈتىدىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئويۇن كۆرىدىغانلار، بېلەت ئالىدىغانلار نۆۋەت ساقلىشى كېرەك ئىكەن.

ئويلاپ قالدىم، قويۇق مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىغا چۆمۈلگەن پارىژدا، 400 يىللىق تارىخقا ئىگە تىياتىرخانىدا ئوينالغان بۇ ئويۇن يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزمۇ فرانسۇزلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن! ئەگەر ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، مۇقاملىرى «قىزىل تۈگمەن» دىكىدەك ئەۋزەل سەھنە شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدىغان بولسا، نەتىجىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ يادىدا بولسا كېرەك، نەچچە يىل بۇ-

روْن پەيدا
بولغان
چەت ئەل-
گە چىقىش
قىزغىنلى-
قى دەۋرى-
دە بەزى
ئاغىنىلى-
رىمىزمۇ
چەت ئەل-
نى كۆرۈش
پۇرسىتى-
گە ئىگە
بولدى.
ئۇلار چەت
ئەلنىڭ
بەزى تە-
رەققىيات-
لىرىغا
ھەيران
قىلىش
بىلەن



كىچىك چىركاۋ

بىللە، ئايرىم تەرەپلەردە ئارقىدا قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىدى. بۇ ئەسلىدە ياخشى ئەھۋال ئىدى. بىراق، ئۇلار «ئې-شەككە كۆچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، ئايرىم تەرەپ-لەردە ئارقىدا قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى ناخشا ئېيتقانلىقىمىز-

دىن، ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىمىزدىن كۆردى. «بىز ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا يارالغان مىللەتمۇ» دەپ قاقشاپ، قەلەملىرىنىڭ ئۇچىنى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا، ناخشىچىلارغا ۋە ئۇسسۇلچىلارغا قاراتتى. چەت ئەلگە تۇگۇل، يۇرت بوسۇغىسىدىن بىر قەدەممۇ سىرتقا چىقىپ باقمىغان بەزى ساددا قەلەمكەشلەرمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا قارغىش ياغدۇرغانچە كېلىپ بۇ ھۇجۇمچىلار سېپىگە قوشۇلدى، ئايرىملىرى ھۇررا توۋلاپ ھۇجۇمچىلار سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى.

ئەسلىدە، تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەر تۈرلۈك ئىدى. بىراۋ بىزگە تەرەققىي قىل دەپ پۇرسەت بەرگەندە، بىز «تەرەققىي قىلمايمىز، بىزگە ناخشا ـ ئۇسسۇل بولسىلا بولدى» دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋالمىغاندۇق. چۈنكى، بىز ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ قورسىقىمىزنى تويغۇزالمايدىغانلىقىنى، ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن ئۆزگە يەنە ماددىي تۇرمۇشنىڭمۇ لازىملىقىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە دۆت ئەمەس ئىدۇق. ناخشا ـ ئۇسسۇل تەرەققىياتقا توسقۇن بولالمايتتى، بەلكى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ روھىمىزنى ئاۋۇتقاچ تەرەققىي قىلىۋېرەتتۇق.

تەرەققىيات دېگەننىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بولىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت تەرەققىي قىلىمەن دېسە، تەرەققىياتنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلسە، ناخشا ـ ئۇسسۇل دېگەن نەرسە ئۇنىڭ قەدىمىنى توسۇۋالالمايدۇ. پاكىت ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بېرى بىز خېلى تەرەققىي قىلدۇق، ھال ـ كۈنىمىز خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. مۇناسىپ ھالدا ناخشا ـ ئۇسسۇلىمىزدىمۇ يۈكسىلىش بولدى، بۇ ئىككىسى بىر ـ

بىرىگە پۇتلىكاشاڭ بولمىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈردى، بىر - بىرىگە پەلەمپەي هازىرلىدى.

يەنە كېلىپ، ھەربىر ئەلنىڭ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى، تەرەققىي تاپقان، تەرەققىي تاپمىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. تەرەققىي تاپقان تەرەپنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىي تاپمىغان تەرەپكە تۈرتكە قىلىشقا، تەرەققىي قىلغان تەرەپ بىلەن تەرەققىي قىلمىغان تەرەپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. تەرەققىي تاپمىغان تەرەپنى «بۇ نېمىشقا تەرەققىي قىلمىدى» دەپ ئەدەپلەپ، تەرەققىي قىلغان تەرەپنى «بۇ نېمىشقا تەرەققىي قىلىدۇ» دەپ بېشىغا دەسسەشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزنى جاھانغا يۈزلەندۈرسەك، جاھانغا تونۇتساق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزغا پايدىسى تەگسە تېگىدۇكى، زىيىنى بولمايدۇ. ئىقتىسادتا تەرەققىي تاپماسلىقنىڭ ئاچچىقىنى ناخشا - ئۇسسۇلدىن چىقىرىش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس.

مەن فرانسۇز قىز - يىگىتلىرىنىڭ «قىزىل تۈگمەن»دە كۆرسەتكەن سەنئەت ماھارىتىنى ئۆلچەم قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىغا باھا بەردىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ، مىللەتنىڭ سەنئەت ئۆلچىمى بىلەن ئۆزدىمىزنىڭ سەنئىتىنى ئۆلچەپ كۆردۈم - دە، ئاخىر «بىزنىڭ سەنئىتىمىزمۇ ھېچكىمنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئۆز ناخشا - ئۇسسۇلىمىزنىڭ سەۋىيىسىگە يۇقىرى باھا بەردىم. ئۇنىڭدىن پەخىرلەندىم. «بار ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ناخشا - ئۇسسۇلىمىزنى دۇنيا سەھنىسىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئېلىپ چىقساق بولغۇدەك، بەلكى

ئۇنىڭ تەرەققىياتىمىزنى تېزلىتىشىمىزگە ياردىمى تېگىپ قالار» دېگەن يەرگە كەلدىم.

## 13. تار كوچىدىكى قەھۋەخانا

پارىژدىن ئايرىلىدىغىنىمىزغا بىر كېچە قالغان كەچلىكى بىز مېھمانخانىغا خېلى كەچ قايتتۇق. ئابلىمىت ۋە چېن رۇ-خۇي ئەپەندى بىلەن يۈك - تاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرغاچ پاراڭلاشتۇق. بىز خوشلاشماقچى بولۇۋىدۇق، ئابلىمىت:

— ئاكا، تاشقىرىغا چىقىپ هاۋا يېگەچ ئازراق ئايلىنىپ كەلمەمدۇق؟ بەلكى بىرەر قەھۋاخانىنى تېپىپ قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشارمىز، — دەپ قالدى.

كەچ سائەت 11 دىن ئاشقانىدى. ھېرىپ - چارچىغىنىمىزنى دېمەيلا قوبۇلدۇق، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا يولغا چىقىشىمىز كېرەك ئىدى. يول باشلىغۇچىنىڭ يول بويىچە سۆزلىگەن ئىدىيىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق شەھەردە بۇنداق كەچتە تاشقىرىغا چىقىشقا بولمايتتى، بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ئويلىمايمۇ بولمايتتى. ئابلىمىت ئويلىغانلىرىمنى بىلىپ قالدىمۇ:

— ئەنسىرىمەڭ، پارىژنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى يامان ئەمەس، — دېدى ئۇ ئۆزى باش بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

بىز مېھمانخانىدىن چىقىپ ئۇزۇن ماڭمايلا چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتتۇق. ئاندا - ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتوموبىلدىن ئۆزگە، كوچىدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. كەچلىك جىمجىتلىق ۋە ئادەمنىڭ ئازلىقى كىشىنى سەل بىئارام قىلاتتى.

چوڭ يولنىڭ چېتىدىن مېڭىپ چوڭ يولغا تۇتاشقان يەنە بىر كىچىكرەك كوچىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلدۇق. ئابلىمىتنىڭ تەۋەككۇل قىلىشى بىلەن بۇ كوچىغا كىرىپ قەھۋەخانا ئىز-

دەشكە باشلىدۇق. ئادەم بىلەن ستولبىنى ئاران ـ ئاران پەرق ئەتكىلى بولىدىغان قاراڭغۇ كوچىدا ئىچكىرىگە قاراپ 200 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن بىر ئۆيگە يېتىپ كېلىپ ئىشىكنى ئىچىۋىدۇق، بۇ ئۆي دەل قەھۋەخانا بولۇپ چىقتى.

قەھۋەخانا پەقەت بىرلا ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت بولۇپ، بېزىلىشى تولىمۇ غەلىتە ۋە قەدىمىي ئىدى. بىز كۈتكۈچىنىڭ تەكەللۇپىنى كۈتمەيلا تۆر تەرەپتىكى بىكار ئۈستەللەرگە جايلىشىۋالدۇق. مەن سەل قورۇنغاندەك بولدۇم ۋە قورۇنۇشلىرىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قەھۋەخانىنىڭ تورۇسىغا سەپسېلىشقا باشلىدىم.

قەھۋەخانىنىڭ تورۇسى رەندىلەنمىگەن يۇمىلاق ياغاچتىن ياسالغانىكەن. ئۇنى ئاز دەپ جەگىلەرگە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ناتسىستلارنىڭ تۆمۈر قالپىقى، فرانسۇز ئەسكەرلىرىنىڭ يۇمىلاق شەپكىسى، مىلتىقنىڭ كېرەكتىن چىققان قونداقلىرى، چويلا ـ چۆمۈچ، تەلەڭگە دېگەندەك نەرسىلەر ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. جەگىلەرنىڭ يان تەرىپىگە ئالاھازەل 100 پارچە كەلگۈدەك ھەر خىل پۇللار چاپلاپ قويۇلۇپتۇ. زەن قويۇپ قارىسام بۇ پۇللار كەم دېگەندە 50 نەچچە ئەلنىڭ بىرەر 100 خىلچە قەغەز پۇلى ئىكەن. پۇللارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئېلىمىزنىڭ 10 يۈەنلىك پۇلىدىن ئىككىسى بار ئىكەن. بۇ پۇللار ھاۋانىڭ يېنىك ھەرىكىتى بىلەن ئاستا يەلپۈنۈپ، قىزىقارلىق مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدىكەن.

قەھۋەخانىدا قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرغان ئالتە ـ يەتتە نەپەر ئەر ـ ئايال ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەر ـ ئايال نېگىرلار، سۆرۈن تەلەت ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ياخشى يېرى، ئۇلار بىزگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ

قويمىدى. مەنمۇ قىزىل هاراق ئىچكەچ تام ـ تورۇسلارغا سەپ-سېلىشنى داۋام قىلىۋەردىم.

سەپسېلىۋېتىپ، كۆزۈم قارشى تەرىپىمىزدىكى تامغا ئې-سىلغان بىرقانچە پارچە رەڭسىز فوتو سۈرەتكە چۈشۈپ قالدى. چوڭايتىلغان سۈرەتلەرنىڭ بىرىدە، سۆلەتلىك بىر ئەر كىشى كىملەر بىلەندۇر پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇرغان ساقاللىق كىشى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. ئەگەر پەرىزىم خا-تا بولمىسا، ئۇ ساقاللىق كىشى يېنىمىزدىكى ئورۇندۇقتا ئول-تۇرغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

ـــ ئابلىمىت، چاندۇرماي سەپسېلىڭ، سۈرەتتىكى ئاۋۇ كىشى يېنىمىزدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئادەم ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدىم مەن ئابلىمىتقا، ئەتراپىمىزدا پارىڭىمىزنى چۈشىنەلەيدى-غان بىر كىم باردەك پەس ئاۋازدا سۆزلەپ.

ـــ گەپ يوق شۇ.

ـــ قارىغاندا، بۇ كىشى چوڭ ئۆتكەن ئادەممۇ نېمە؟

ئابلىمىت سۈرەتتىكى سۆلەتلىك ئەربابنىڭ فرانسىيىنىڭ پىنپىدودىن كېيىنكى باش مىنىستىرى ئىكەنلىكىنى جەزم-لەشتۈرگەندىن كېيىن، مەن ئۇ ساقاللىق كىشىنىڭ ئادەتتە-كى ئادەم ئەمەسلىكىگە كۆز يەتكۈزدۈم ۋە ئابلىمىتقا شۇنداق دېدىم.

مېنىڭ قىزىقىۋاتقىنىمنى تۇيغان ئابلىمىت:

ـــ ئۇ ساقاللىق كىشىنى بۇ يەرگە چاقىرايمۇ، ـــ دەپ سورىدى، مەندىن ۋە سەل ئىككىلىنىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ گېپى-نى داۋاملاشتۇردى:

ـــ فرانسۇزلار مۇڭداشقاق خەق، چاقىرساقلا ئۇ كىشى يې-نىمىزغا كېلىدۇ.

نەتىجە ئابلىمىت دېگەندەكلا بولدى. ئۇ كىشى تەكلىپىمىز-
نى قوبۇل قىلىپ، ئورۇندۇقىنى ئۇستىلىمىزنىڭ يېنىغا سۆرەپ
كەلدى. پارىژدىن قارىغاندا ئۇ فرانسىيە باش مىنىستىرىغا تۆت
يىل باش مەسلىھەتچى بولغانىكەن. ئۇ ئوڭچىلار پارتىيىسىنىڭ
ئەزاسى بولۇپ، سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت ئۇس-
تىگە چىققاندىن كېيىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپتۇ. بۇ-
نىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىپ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن
قالغان بۇ قەھۋەخانىنى باشقۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ژۇرنال
چىقىرىدىغىنىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن بىلەن قايتا قول
ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مەسلىھەتچى بولۇشتىن بۇرۇن ئۆزى-
نىڭمۇ بىر مەزگىل باش مۇھەررىر بولۇپ ژۇرنال چىقارغانلى-
قىنى ئېيتتى.

سۆھبىتىمىز قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا ئۇ ئىككىلىك
قېلىنلىقتىكى ئۈچ دانە دەپتەرنى ئاچىقىپ ئالدىمىزغا ياي-
دى. بۇ دەپتەرلەر ئۇ مۇشۇ قەھۋەخانىغا مىراسخور بولغان
كۈندىن ئېتىبارەن تۈتۈلغان بولۇپ، قەھۋەخانىغا كەلگەنلەر
بۇ دەپتەرگە ياخشى تىلەكلىرىنى، ئىمزالىرىنى قالدۇرۇپ
كېتىدىكەن. بۇ دەپتەرلەر قېلىنلىقىغا قارىماي، خىلمۇخىل
يېزىقلار بىلەن توشۇپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇنىڭ پەخىرلە-
نىپ تۇرۇپ ئېيتىشىچە، ئىمزا قويغانلار ئارىسىدا چوڭ
سىياسەتۋازلار، داڭلىق كارخانىچىلار، مۇخبىر، يازغۇچىلار-
مۇ بار ئىكەن. مەن بۇ ساقاللىق خوجايىنىنىڭ تەلىپى بويى-
چە، دەپتەرگە ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئىمزا قويدۇم،
ياخشى تىلەك تىلىدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەپتەردە تۇنجى
قېتىم بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىمزاسى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى خاتىرە
بولۇپ قالدى.

## 14. بايلار شەھىرى ــ نىسپ

نىسپ ــ فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مەشھۇر ساياھەت شەھىرى بولۇپ، مارسىلدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پورت ھېسابلىنىدىكەن. ئىتالىيە چېگراسىغا ئاران 32 كىلومېتىرلا كېلىدىكەن.

بىز 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارىژ بىلەن خوشلىشىپ، نىسپ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق ۋە 900 كىلومېتىرچە يول يۈرگەندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەلدە بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

مەن نىسپ شەھىرىگە كەلمەستە ياۋروپادا، بولۇپمۇ فرانسىيىدە كىلىماتى ئىسسىق بەلۋاغ بىلەن مۆتىدىل بەلۋاغ ئارىسىدىكى دېڭىز كىلىماتىغا ياتىدىغان بۇنداق بىر شەھەرنىڭ بارلىقىنى زادى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. بىز پارىژدا چاپان كىيىپ يۈرگەندۇق، كەچلىرى تېخى پوپايىكىمۇ كىيىۋالاتتۇق. نىسپغا كەلگەندە چاپاننى چۆرۈپ تاشلاپ، كالتە يەڭ كۆڭلەك بىلەن يۈرۈشكە توغرا كەلدى.

نىسپ دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ يېيىلغان ئۇزۇنچاق شەھەر بولۇپ، مەنزىرىسى تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن. كوچىلىرى كەڭرى بولۇپ، كوچا بويلىرىدا ئاسمان ـ پەلەك ئۆسۈپ كەتكەن پالما قاتارلىق ئىسسىق بەلۋاغ دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. يول بويلاپ سوزۇلغان 50 ــ 60 مېتىرچە كەڭلىكتىكى قۇملۇق ھەر خىل كۆنلۈك، سايىۋەنلەر بىلەن تولۇپ تۇرىدىكەن. سەيلىچىلەرگە خىزمەت قىلىدىغان ئەسلىھەلەرمۇ دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقتا مەركەزلەشكەنىكەن.

نىسپغا كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش

شۇ بولدىكى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز نىسى شەھىرى بىلەن تۇتاش بولغان مەشھۇر خەلقئارالىق كىنو شەھىرى — گانادا ئېكسكۇرسىيىدە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق.

گانانىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ بولۇپ، «گانا خەلقئارا كىنو بايرىمى» مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. كىنو بايرىمىنىڭ قۇرۇلۇش تۇركۇمى 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىرغاق قۇملۇقىغا سېلىنغانىكەن. بۇ قۇرۇلۇش تۇركۇمى ئىچىدە پەقەت چوڭ كىنوخانىلارلا 25 تىن ئاشىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نىسى بىلەن گانا شەھەرلىرى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مەشھۇر ساياھەت شەھەرلىرى بولۇپ، فرانسىيىلىك ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن بايلار مۇشۇ شەھەرلەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدىكەن، بەزىلەر مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىپمۇ قالىدىكەن. شۇڭا، بۇ شەھەر-

دېڭىز بويى شەھىرى نىسى



لەرنىڭ «بايلار شەھىرى» دېگەن نامىمۇ بار ئىكەن. ئۆمىكىمىز- نىڭ نىسپ شەھىرىگە بارىدىغىنىنى ئاڭلىغان ئابلىمىت پا- رىژدا: «نىسپ دېگەن بايلار شەھىرى، يولدا يىقىلىپ چۈشكەن بىرەرىنى يۆلەپ تۇرغۇزسىڭىزمۇ، يىقىلغان كىشى جەزمەن باي بولۇپ چىقىدۇ» دەپ چاقچاق قىلغانىدى. ھاۋاسىنىڭ ساپلىقى- غا، كىلىماتىنىڭ مۆتىدىللىكىگە، ئاسمىنىنىڭ كۆكلۈكىگە قاراپ، «بۇنداق شەھەردە بايلار ياشىماي كىم ياشىسۇن» دەپ ئويلىدىم.

## 15. نېمىسلار، فرانسۇزلار، ئىتالىيانلار

مەيلى گېرمانىيىدە تۇرغان كۈنلىرىمدە بولسۇن ياكى فرانسىيىدىكى چاغلىرىمدا بولسۇن نېمىسلارنىڭ، فرانسۇزلار- نىڭ مىجەز - خۇلقىغا، يۇرۇش - تۇرۇشىغا دىققەت بىلەن سەپسالدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئىتالىيە زېمىنىدا ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇش داۋامىدا ئىتالىيانلارنىمۇ كۆزەتتىم. باشقىلاردىن سوراپ، پەرەزلىرىمنى دەلىللەشكە تىرىشتىم.

نېمىسلار ئىشلارغا جىددىي قارايدىغان، يۇرۇش - تۇرۇشى چەبدەس، مىجەزى سەل چۈستەك قىلىدۇ.

نېمىسلارنى خېلى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقى بىلەن پەخىر- لىنىدىغان لى سەن نېمىسلار ھەققىدە مۇنداق دېدى: نېمىس مىللىتى سەل كونسېرۋاتىپ مىللەت، ئەمما ئېتىقادى بار مىل- لەت، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، دوست - بۇرادەرچىلىك ئېڭى، ھەتتا مىللەت ئېڭى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. ئۇلار ئەخلاق ھەق- قىدىمۇ كۆپ سۆزلىمەيدۇ، ئەخلاق بىلەن ئانچە كارى يوق. بىراق، ھەممىنى قانۇن بىلەن ئۆلچەيدۇ، ھەممىنى قانۇن ئار- قىلىق باشقۇرىدۇ. نېمىسلار يەنە ئۆزىنى باشقا كىشىلەردىن

ئۇستۇن دەپ بىلىدۇ. گىتلېر ھادىسىسىمۇ يەككە ـ يېگانە ھا ـ دىسە ئەمەس، ئۇ بىر ئىجتىمائىي ھادىسە.


فرانسۇزلارنىڭ مىجەزى ئېسىلزادىلەرگە خاس مىجەز بولسا كېرەك. بىرەيلەن: «ئىتالىيانلار سەل بىپەرۋا، تۇغقانچىلىقى چىڭ مىللەت، ئىتالىيىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس» دېدى. يەنە بىرەيلەن بۇ ئۈچ چوڭ مىللەتنىڭ تىلىغا تەبىر بېرىپ: «نېمىس تىلى ئادەم تىللاشقا، ئۇرۇشۇشقا باب تىل، فرانسۇز تىلى مۇھەببەتلىشىشكە يارالغان يۇمشاق، ئەۋرىشىم تىل، ئىنگلىز تىلى ئىش تېپىپ جان بېقىشقا ئەپچىل تىل» دېدى.

دېمىسىمۇ، تىل تىلغا ئوخشىمايدۇ، ئوخشىسا ئۇ مۇستەقىل تىل دېيىلمەيدۇ. سەن مەلۇم تىلنى ئۇقمىساڭمۇ، ئەمما شۇ تىل قۇلىقىڭغا كىرىپ چوڭ مېڭەڭدە ئىنكاس قوزغىغاندىن كېيىن ئۇ ساڭا يا قاتتىق، يا يۇمشاق ئىكەن دېگەن تۇيغۇنى بېرەلەيدۇ. مەن گەرچە بۇ تىللارنىڭ ھېچقايىسىنى ئۇقمىسام ـ مۇ، ئاڭلاش نېرۋىلىرىمدا ئەكس ئەتكەن تەسىراتىمغا قاراپ يۇ ـ قىرىقى باھانىڭ ئەمەلىيەتكە خېلى يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

گەپ نېمىسلار، فرانسۇزلار ۋە ئىتالىيانلار ئۈستىدە كې ـ تىۋاتقانىكەن، گوللاندىيىلىكلەرنىمۇ بىرقۇر سۈرەتلەپ ئۆتۈش ـ كە توغرا كېلىدۇ.

گوللاندىيىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان بىرەيلەن بىز گوللاندىيىگە كەلمەستىلا: «گوللاندىيىلىكلەر ياۋروپادا ياشايدى ـ غان مىللەتلەر ئىچىدە بىرقەدەر ساپ، گەۋدىلىك ۋە ئېگىز، مېھماندوست بىر مىللەت» دېگەنىدى. گوللاندىيىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ گەپنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن خېلى يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتۇق.

كۆزىتىشىمىزچە، گوللاندىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەستلىك، ئاق چىراي، كۆك كۆز، قىزىل چاچ كېلىدىكەن. قارا چاچلىقلىرى ئاز ئۇچرايدىكەن. ئەمما، بەزى كىشىلەرنىڭ يۈزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس سەپكۈن بولىدىكەن. بىز مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەنتىدە كالا سۈتىدىن يەرلىك ئۇسۇلدا بىر خىل يېمەكلىك ئىشلەۋاتقان تۆت نەپەر ئايالنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېگىز ۋە يوغانلىقىغا قاراپ ھەيران قېلىشتۇق. بۇ يەرگە ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن بىر توپ گوللاندىيىلىك ئوقۇغۇچى بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. بىرقانچىمىز تەلەپكە بىنائەن ئۇلار ئۇچۇن خالىس سۈرەت تارتىپ بېرىۋېتىپ، بوي خۇسۇسىدا خۇپىيانە تەڭلىشىپ باقتۇق. ئۇلار گەرچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسىمۇ، بوي جەھەتتە بىز بىلەن تەڭ بولۇپ چىقتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېتىلگەن گوللاندىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى 180 سانتىمېتىردىن ئاشىدىكەن.



”بابیلارنلٹ بپیے“ — موناکو



# موناكو بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى: موناكو كىنەزلىكى**
**يەر مەيدانى: 1.89 كۋادرات كىلومېتىر**
**نوپۇس: 30 مىڭ**
**پايتەختى: موناكو**

موناكو ياۋروپا قىتئەسىدىكى مەشھۇر كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى تار ۋە ئۇزۇن، شەرقىدىن غەربكىچە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەڭ تار يېرىنىڭ كەڭلىكى ئاران 200 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ دۆلەتتە ساياھەتچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، ساياھەتچىلىكتىن كىرىدىغان كىرىم دۆلەت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. پوچتا ماركىسى ۋە قىماردىن كىرگەن كىرىممۇ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئېلېكتىر ئەسۋابلىرى ياساش، دورا ياساش، خىمىيە، ئېلېكترون، يېمەك - ئىچمەك سانائىتى بار.

موناكو مىلادىيە 1338 - يىلى مۇستەقىل كىنەزلىك بولۇپ قۇرۇلغان، 1912 - يىلى فرانسىيە بىلەن باج كېلىشىمى ئىمزالىغان. 1919 - يىلى فرانسىيە بىلەن ئىمزالىغان يەنە بىر كېلىشىمدە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە موناكونىڭ دۆلەت باشلىقى ئۆلۈپ كەتسە ۋە تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادى بولمىسا موناكونىڭ فرانسىيىگە قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

## 1. قىمار شەھىرى ــ مونتې ـ كارلو

مونتې ـ كارلو ــ موناكو كىنەزلىكىدىكى بىردىنبىر شەھەر بولۇپ، ئالپ تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا ئۇسۇپ كىرگەن تۇمشۇقىدىكى تىك قىيا ئۈستىگە جايلاشقانىكەن، مەنزىرىسى گۈزەل، كىلىماتى مۆتىدىل بولۇپ، كىشىگە ياقىدىكەن.

بىز نىسې شەھىرىدىن يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالپ تاغلىرىغا يامىشىشقا باشلىدۇق، سەل تار، ئەمما يانلىرى رەڭمۇرەڭ گۈل دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان ئاسفالت يول بىلەن 40 مىنۇتچە مېڭىپ، موناكو زېمىنىغا ئۆتۈپ كەتكىنىمىزنى تۇيمايلا قالدۇق. ئالدى بىلەن تىك قىيادىكى كونا پادىشاھ ئوردىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، دۇنياغا مەشھۇر قىمارخانا ــ مونتې ـ كارلو قىمارخانىسىغا باردۇق.

مۇنتې ـ كارلو قىمارخانىسى 1865 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر قۇرۇلۇش تۇركۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. تاغ باغرىدىكى قىمارخانا ھويلىسى تاغ باغرىنىڭ تەبىئىي يانتۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ قىيپاش ياسالغان بولۇپ، يۇمىلاق گۈللۈكلەر، ئاجايىپ فونتانلار، غەلىتە دەرەخلەر قىمارخانىنى ناھايىتى كۆركەم تۇسكە كىرگۈزۈپ تۇرىدىكەن. ياۋا ھايۋانلارنىڭ ئادەم بىللە تۇرغان ھەيكەللىرى ۋە باشقا مەزمۇندىكى ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى قىمارخانىغا قەدىمىي تۇس بېغىشلايدىكەن، ھەتتا قىمارخانىنىڭ يان ھويلىسىغا بىر بوۋاينىڭ يېرىم بەدەنلىك ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ قويۇپتۇ. چۈشەندۈرگۈچىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بۇ كىشى مۇشۇ

قىمارخانىنىڭ قورغۇچىسى ئىكەن.

مونتې ـ كارلو ئامېرىكىنىڭ لاس ـ ۋېگاس شەھىرى بىلەن بىر قاتاردا، دۇنيادىكى مەشھۇر قىمار شەھىرى ھېسابلانغاچقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بايلار، تەۋەككۈلچى قىمارۋازلار بۇ يەرگە يىغىلىدىكەن. ئەڭ بۇرۇن بەرپا قىلىنغان، ئاساسلىق قىمارخانا ھېسابلىنىدىغان بۇ قىمارخانىغا جەزمەن كاستۇم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، راۋۇرۇس ياسىنىپ كىرىدىغان گەپ ئىكەن. بولمىسا، دەرۋازا ئالدىدىكى، كارىدوردىكى «ئەدەپلىك» ساقچىلار سىزنى توسۇۋالىدىكەن ـ دە، يان تەرەپتىكى ئاز پۇل بىلەن ئوينىلىدىغان «پۇقرالار» قىمارخانىسىغا باشلاپ قويىدىكەن. شۇ كۈنى، يول باشلىغۇچى بىرقانچە قېتىم ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، گالستۇك تاقاشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇ سەۋەبتىنمىكىن ياكى باشقا بىرەر سەۋەبتىن چىنىپ قالغانمۇ، دەرۋازىدىن كىرىشىمگىلا ساقچىلار تەرىپىدىن «تۇتۇۋېلىندىم»، ئۇلار مېنى «ئېسىلزادىلەر» قىمارخانىسىغا كىرگۈزۈشمىدى، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ كىرمەكچى ئەمەس ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ماڭا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، زورمۇزور «پۇقرالار» قىمارخانىسىنى كۆرسىتىپ قويدى.

نامراتلار قىمارخانىسى ناھايىتى كەڭ كەتكەن ھەشەمەتلىك بىر زال بولۇپ، ئۇ يەردە ئايلانما قىمار، قارتا قىمار، مودېل ئات بەيگىسى قىمارى قاتارلىق كۆپ خىل قىمار ۋە پۈتۈن زالغا توشۇپ كەتكەن «يولۋاس ماشىنا» قىمارى بولۇشقا قارىماي، ھەممىسى ئاز پۇل تىكىپ ئوينايدىغان قىمارلار ئىكەن.

سىرتتىن كۆزىتىشىمىزچە، مىڭلاپ «يولۋاس ماشىنا»نىڭ بىرىمۇ بىكار قالماپتۇ، ئەر ـ ئاياللار، چوڭ ـ كىچىكلەر ئېـ



مونتې ـ كارلودىكى مەشھۇر قىمارخانا

گىز ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ توختىماي پۇل تىكىدىكەن، توختىماي ئۇتىدىكەن ياكى ئۇتتۇرىدىكەن. تەرلەپ ـ پىشىپ قىزىرىپ كېتىدىكەن. ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەر فونتانلار ئېتىلىپ تۇرغان قىمارخانا مەيدانىغا چىقىپ ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە قىمار ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىكەن. بىلەرمەنلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بۇ قىمارخانىدا كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمەيدىكەن. قىش ـ ياز تىجارەت قىلىنىدىكەن. ماتېرىيالدىن ئاڭلىسام، مونتې ـ كارلو بىلەن تەڭ تۇرىدىغان يەر دۇنياۋى قىمار شەھىرى لاس ـ ۋېگاس 1980 ـ يىلىدىكى بىر يىللىق قىمار كىرىمى 1 مىليارد 440 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغانىكەن. ئەمما، «ئەقىللىق» تونۇشتۇرغۇچى مونتې ـ كارلونىڭ يىللىق قىمار پايدىسى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغان-

لىقتىن، بۇ شەھەرنىڭ قىماردىن كېلىدىغان دارامىتى ھەققى-
دە بىرەر نەرسە بىلىشكە مۇمكىن بولمىدى.

شۇ كۈنى مونتې - كارلونىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە
مونتې - كارلو چوڭ قىمارخانىسىنى يېرىم كۈنچە ئېكسكۇر-
سىيە قىلغاندىن كېيىن كەچ كىرگەن مەھەلدە يەنە نىسې شە-
ھىرىگە قايتتۇق، كەچلىكى نىسې شەھىرىنىڭ كەچلىك مەن-
زىرىسىنى قانغۇچە تاماشا قىلدۇق، يول بويىدىكى پىۋىخانىدا
ئولتۇرۇپ، بىرەر قاپاقتىن پىۋا ئىچىشتۇق.

## 2. ۋىۋىسكىلاردىكى نېمىس يېزىقى

گېرمانىيىدە شەھەردىن شەھەرگە قاتناش، ئېكسكۇرسىيە
قىلىش، كوچا ئارىلاش داۋامىدا مۇنداق بىر ھالنى، يەنى يول
كۆرسەتكۈچلىرى، كوچا - يول ناملىرى، دۇكان - ماگىزىن
ۋىۋىسكىلىرى قاتارلىقلاردا نېمىس يېزىقىنىڭلا ئىشلىتىلگەن-
لىكىنى، ئىنگلىز يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلارنىڭ زۆرۈرىيەتتىن
تاشقىرى قوللىنىلمايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم.

دەسلەپتە، بۇ ھالنى ئىنگلىزلارنىڭ، جۈملىدىن ئىنگلىز
تىل - يېزىقىنى قوللىنىدىغان ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ
2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيىنىڭ قارشى تەرىپىدە
تۇرغانلىقى، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ناتسىست گېرما-
نىيىسىنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا
بېسىپ كىرگەنلىكى بىلەن باغلاپ باقتىم.

كېيىنكى كۈنلەردە گوللاندىيە، بېلگىيە، فرانسىيە قاتار-
لىق ئەللەردىمۇ ۋىۋىسكىلاردا يېزىق قوللىنىش ئەھۋالىنىڭ
گېرمانىيىدىكى بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ

ئۆز تىل ـ يېزىقىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقىنى كۆر-
گەن چېغىمدا دەسلەپكى پەرەزلىرىمدىن گۇمان قىلىپ قالدىم.

گېرمانىيىنىڭغۇ ئىنگلىزلار بىلەن تارىخىي ئاداۋىتى بار دەپ تۇرايلى، بىراق كېيىنكى ئەللەرنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن تىل ـ يېزىقلىرىنى چەتكە قېقىشقۇدەك تارىخىي ئاداۋىتى، ياقا سىقىشقۇدەك دىپلوماتىيە يىرىكچىلىكى يوق دېيىشكە بولاتتى. قارىغاندا، گېرمانىيە ۋە باشقا غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى قانداقتۇر ئاداۋەت، ئۆچ كۆرۈشتىن ئەمەس، بەلكى باشقا بىر سەۋەبتىن، يەنى ئۆز تىل ـ يېزىقىنى قەدىرلەش، قوغداش ئېڭىدىن پەيدا بولغاندەك قىلاتتى.

دەرۋەقە، ئىگىلىك ھوقۇقى بولغانلىكى بىر دۆلەتنىڭ، مەيلى يەككە مىللەتلىك دۆلەت بولسۇن ۋە مەيلى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولسۇن، دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دۆلەت تىلى بولىدۇ. شۇ تىلنى ئىپادە قىلىدىغان يېزىقمۇ دۆلەت يېزىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلقئارالىق باردى ـ كەلدىلەردە، دۆلەت ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئالاقىسىدە، دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىدا مانا مۇشۇ تىل ـ يېزىق قوللىنىلىدۇ. سوتسىيالىستىك جۇڭگودا تېخى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈلگەن جايلاردا ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدە خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بىلەن ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقى بىللە قوللىنىلىدۇ.

شۇنى كۆرمەسلىككە بولمايدۇكى، ئېلىمىز جۇڭگودا ئىنگلىز تىل ـ يېزىقىنىڭ ئېلان، ۋىۋىسكىلاردا ئىشلىتىلە-

شى بىر ئاز چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. بەزى ماگىـ
زىن ـ دۇكانلارنىڭ ۋىۋىسكىسىدا، بەزى ئېلانلاردا ئىنگلىز
تىل ـ يېزىقى خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا كۆزگە
چېلىقىدۇ. ئىنگلىز تىل ـ يېزىقىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش
تۇپەيلى، تارىخىدا بىرەر ئىنگلىز كېلىپ باقمىغان چەت يېـ
زىلاردىمۇ، بىرەر ئىنگلىز كىرىپ باقمىغان كىچىك دۇكانلار ـ
دىمۇ ۋىۋىسكىلاردا ئىنگلىز تىل ـ يېزىقى يېزىلىۋېرىدۇ. دۆـ
لىتىمىزدە ئىشلەپ چىقىرىلغان، ئېكسپورت قىلىشقا قانۇنىي
ئىجازەت بېرىلمىگەن ۋە ئېكسپورت قىلىشقا زادى شەرتى
توشمايدىغان بەزى تاۋارلارنىڭ تاۋار ماركىسى، چۈشەندۈرۈشـ
لىرى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنگلىز يېزىقى
بىلەن يېزىلىۋاتىدۇ. ھەتتا پلاستماستىن ئىشلەنگەن ئاددىي
تەرەت كەشىگىمۇ، مايكا ـ كۆڭلەكلەرگىمۇ بىرقانچە تال
ئىنگلىز ھەرپى بېسىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق كۆڭلەكلەرنى كىيـ
گۈچىلەر ھەتتا ئۆز دۈمبىسىگە نېمە دەپ يېزىلغانلىقىنىمۇ
ئۇقماي قالىدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، قايسىدۇر بىر مەتبۇئاتتا ئېلان
قىلىنغان مۇنداق ھېكايىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەكرارلاپ بەرگۈم
كېلىۋاتىدۇ. ھېكايىدە مەسخىرە قىلىنىشىچە، ئىچكىرىدىكى
مەلۇم بىر شەھەردە مەلۇم بىر قىز دۈمبىسىگە بىرقانچە تال
ئىنگلىزچە ھەرپ چۈشۈرۈلگەن بىر كۆڭلەكنى كىيىپ كوچىـ
غا چىقىپتۇ. بىر چاغلاردا قارىسا، ئىنگلىزمۇ ياكى ئۆز مىلـ
لەتمۇ، ئەيتاۋۇر ئىنگلىزچىنى ئۇقىدىغان بىرقانچە ئەركەك ئۇ
قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پىخىلداپ كۈلۈشۈۋاتقۇدەك. قىز بۇ
مەسخىرىلىك كۈلكىلەردىن بىئارام بولۇپ سەۋەبىنى سۈرۈشـ

تۇرگەنىكەن، نەتىجىدە بۇ بىرقۇر ئىنگلىزچە ھەرپنىڭ «مېنى سۆيۈپ قويۇڭلار» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. ئاخىرىدا بۇ قىز ئۇيالغىنىدىن بەدەر تىكىۋەتكەنىكەن.


گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىش كۈنسايىن قويۇقلىشىۋاتقان، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە زۆرۈر تېپىلغان جايلاردا ئىنگلىز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، ئىنگلىز تىل - يېزىقىنى چۈشىنىدىغان چەت ئەللىكلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئەلۋەتتە ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش. چەت ئەل بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان ئورگانلارنىڭ، ساياھەت مېھمانخانىلىرىنىڭ، بانكىلارنىڭ، ئايروپورت، پورت، ۋوگزال، ئاپتوموبىل بېكەتلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىدا ئىنگلىز تىل - يېزىقنى قوشۇمچە قوللىنىشمۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىراق، ئىنگلىز تىل - يېزىقىنى ئىلاھىي يېزىق قاتارىدا كۆرۈپ، قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغانلار، ئۇنى ئۆز تىل - يېزىقىدىن ئۈستۈن قويىدىغانلار بىلىشى كېرەككى، ھەرقانداق دۇنياۋى تەشكىلات ئىنگلىز تىل - يېزىقىنى دۇنيا تىل - يېزىقى دەپ قارار ماقۇللىغان ئەمەس، ماقۇللىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك، دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۇنى دۇنيا تىلى قاتارىدا ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنگلىز تىل - يېزىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىنگلىز، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

بىرقانچە چوڭ تىل ـ يېزىق بىلەن ئىش بېجىرىشىمۇ ئىنگلىز تىل ـ يېزىقىنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ھۆكۈمران تىل ـ يې-زىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇڭا، ئىنگلىز تىل ـ يېزىقىنى دۆلەت تىل ـ يېزىقى ئورنىغا قويىدىغان، قالايمىقان، قانۇنسىز ئىشلىتىدىغان نا-مۇۋاپىق ئەھۋاللارنى جەزمەن تۈزىتىشىمىز كېرەك.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىنگلىز تىل ـ يېزىقى دۇنياۋى چوڭ تىل ـ يېزىقلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈ-چۈن، ئىنگلىز تىل ـ يېزىقىنى ۋىۋىسكا ۋە باشقا كۆرسەتمە-لەردە قوللىنىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق قوللىنىش ئىنگلىز ـ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىشنى، شۇ ئارقىلىق چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ.





# قەدىمكى ئەل ـ ئىتالىيە



# ئىتالىيە بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى: ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى**
**يەر مەيدانى: 301 مىڭ 280 كۋادرات كىلومېتىر**
**نوپۇسى: 57 مىليون 800 مىڭ**
**پايتەختى: رىم**

**مەمۇرىي رايونى:** ئىتالىيە 20 رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، رايوننىڭ ئاستىدا 95 ئۆلكە، 8088 شەھەر تەسىس قىلىنغان.

**تەبىئىي جۇغراپىيىسى:** ئىتالىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىغا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئىتالىيە زېمىنىنىڭ ئاپپېننىن يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان قىسمىلا ئومۇمىي زېمىنىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ غايەت زور ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكتەك، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا ئۇسۇپ كىرگەن. ئاپپېننىن ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1300 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 600 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئىتالىيە شىمال تەرىپىدىكى قۇرۇقلۇقتىن فرانسىيە، شۋېتسىيە، ئاۋسترىيە بىلەن، شەرقىي شىمالىدىن كرودىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئەھۋالى:** ئىتالىيە نوپۇس جەھەتتە ياۋروپادا خېلى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە 188 دىن ئاھالە توغرا كېلىدۇ. ئادەم جەنۇبىدا شالاڭراق، شىمالىدا زىچ. شەھەر نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بو-

لىدىغان ئاھالە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئىتالىيە كۆچمەنلەر ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئەل. ئۇ ئاساسەن يەككە مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئىتاليانلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى:** ئىتالىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن قوشۇلۇپ ياۋروپادىكى تۆت چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتنىڭ بىرى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە دۇنيادا 7 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بايلىقى كەمچىل، سانائەتتى نىسبەتەن كېيىنرەك تەرەققىي قىلغان بولۇشىغا قارىماي، 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە ئەنگلىيىدىن ئېشىپ كەتتى.

**سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى:** سانائەت ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئىتالىيە خام ئەشيا جەھەتتە، ئاساسەن ئىمپورتقا تايىنىدۇ. ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېكسپورت قىلىدۇ.

ئىتالىيىدە ماشىنىسازلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، موزدۇزلۇق، كۆن ـ خۇرۇمچىلىق سانائىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى دۇنيا بويىچە 6 ـ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىشىدا ياۋروپا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، تراكتور ئىشلەپ چىقىرىشتا دۇنيا بويىچە 6 ـ ئورۇننى، توك ھاسىل قىلىشتا 9 ـ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئىتالىيە دېھقانلىرى دانلىق زىرائەتلەردىن بۇغداي تېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. كۆكتات ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتە ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. زەيتۇن ۋە ئۈزۈمدىن ئىم-

ـبارەت ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. ئاپېلسىن، لىمون، ئالما، ئىتالىيە ئالگراتى قاتارلىق مېۋىلەر ياۋروپا بويىچە داڭلىق. ئۈزۈم ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

**مەدەنىيەت ۋە مائارىپى:** قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋە شەرقتىكى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلـ. گەن. ئۇلار مىلادىيەدىن ئۇچ ئەسىر ئىلگىرىلا ئۆزىگە خاس رىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى ئەدە. بىيات ـ سەنئەت، دەۋر ـ دەستۇر قانۇنى، بىناكارلىق تېخنـ. كىسى، ھەيكەلتىراشلىق ـ رەسساملىق، ھەربىي ئىلىم، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، گېئوگرافىيە، مېدىتسىنا جەھەتلەردە ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

ئىتالىيىدە 14 ـ، 15 ـ ئەسىردىلا كاپىتالىزم بىخلىرى بىخلىنىشقا باشلىغان. بۇ ھال ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنـ. ئەتنىڭ گۈللىنىش بۆشۈكى بولۇشتەك ئورنىنى بەلگىلىگەن.

ئىتالىيىدە 14 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى يۈرگۈزۈلىدۇ. مەملىكەت بويىچە 20 مىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ، 10 مىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 7000 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 198 ئۇنىۋېرسىتېت بار. مەشھۇر ئۇنىۋېرسـ. تېتلاردىن پادوۋا ئۇنىۋېرسىتېتى (1222 ـ يىلى قۇرۇلغان)، ناپلېس ئۇنىۋېرسىتېتى (1224 ـ يىلى قۇرۇلغان)؛ پىسا ئۇنىـ. ۋېرسىتېتى (1343 ـ يىلى قۇرۇلغان)، فلورېنسىيە ئۇنىۋېر- سىتېتى (1321 ـ يىلى قۇرۇلغان)، رىم ئۇنىۋېرسىتېتى (1303 ـ يىلى قۇرۇلغان) قاتارلىقلار بار.

ئىتالىيىدە مەشھۇر قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى سپار-

تاك (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 71 ــ؟)، مەشھۇر دېڭىزچى كولومبۇ (1451 ــ 1506)، ساياھەتچى ماركو پولو (1254 ــ 1324)، مەشھۇر رەسسام لېئوناردو داۋىنچ (1452 ــ 1519)، مەشھۇر ھەيكەلتىراش، رەسسام، ئارختېكتور مېكلانجېلو (1475 ــ 1564)، مەشھۇر ئالىم گالىلېي (1564 ــ 1642)، داڭلىق شا- ئىر دانتې (1265 ــ 1321) قاتارلىقلار ياشاپ ئۆتكەن.

## 1. باي تاغلىق رايونلار

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىز فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىن يولغا چىقىپ، موناكو كىنەزلىكىنى يەنە بىر مەرتە ئۆزۈنىسىغا كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىتالىيە زېمىنىغا قەدەم باستۇق. ئىتالىيىنىڭ شىمالى فرانسىيىنىڭ جەنۇبى بىلەن ئالپ تاغلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغاچقا، ئىتالىيە زېمىنىغا قەدەم باسقان ھامان ئالپ تاغلىرىغا يامىشىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئى- تالىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ئاساسەن تاغلىق ـ ئېدىرلىق بو- لۇپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول چوققىلارنى چوققىغا، ئې- دىرلارنى ئېدىرلارغا تۇتاشتۇرىدىكەن. تاشيول تونىلى كۆپ بول- غان بىلەن تونىل كەڭلىكى ۋە يورۇتۇلۇشى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ تاشيول تونىللىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. سائىتىگە 120 كى- لومېتىر تېزلىك بىلەن مېڭىۋاتقان ئاپتوموبىل تونىللاردىن ئۆتكەندىمۇ سۈرئىتىنى قىلچە ئاستىلاتمايدىكەن. ئويمانلار تىنى- دۈرۈلۈپ ياكى تۈۋرۈكلۈك كۆۋرۈك ياسالغان، تاغلار تاشيول تەكشىلىكىدە تېشىلىپ تونىل ياسالغان بولغاچقا، يول باشتىن ـ ئاخىر تۈز ئىكەن.

يول باشلىغۇچى بىزگە ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى- لەر نامراتراق، شىمالىي قىسمىدىكىلەر بايراق، شۇڭا جەنۇبلۇق

ئىتالىيىلىكلەرنىڭ بەزىلىرى شىمالغا كېلىپ ئىشلەپ جان با-
قىدۇ، دەپ مەلۇمات بەرگەنىدى. جەنۇبلۇقلار راستتىنلا شىمالغا
كېلىپ ئىشلەمدۇ، ئىشلىمەمدۇ، بۇنى بىلىشكە مۇمكىن بول-
مىسىمۇ، بىراق شىمالىي رايونلارنىڭ باي ئىكەنلىكى بىر
قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدىكەن. ئېگىزلىكتىكى تاشيولدا كې-
تىۋېتىپ پەسكە قارىغاندا، قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان ئوت-
تۇرا يەر دېڭىزىنى، دېڭىز قولتۇقلىرىدا توختاپ كەتكەن سان –
ساناقسىز كېمە – پاراخوتلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. تاغلىق
رايوندا كەڭرەك كەلگەن بىر جىلغىغا بىردىن شەھەر جايلاشقان
بولۇپ، كۆلىمى چوڭ بولمىغان بىلەن چىرايلىق ۋە رەتلىك
ئىكەن. تاغ – ئېدىرلار ياپيېشىل قارىغاي، ئارچا دەرەخلىرى
بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئالىقانچىلىكمۇ تاقىر تاغنى كۆرگىلى
بولمايدىكەن.

تاغلىق رايوندىن ئۆتۈپ تۈزلەڭ رايونلارغا يېتىپ كەلگەن-
نىمىزدە، بۇ رايوندا كۆپلەپ ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى ئايان
بولدى. شوپۇر ئارام ئالغىلى توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
مەن تاشيول ۋادىكىدىن ئاتلاپ ئۈزۈملۈك ئېتىزغا چۈشتۇم ۋە
ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ باقتىم. ئۈزۈم تەكلىد-
رىنىڭ تاپ ئارىلىقى بىر يېرىم مېتىر، تۈپ ئارىلىقى يېرىم
مېتىر كېلىدىكەن، تەك خۇددى دەرەختەك تۈز ئۆستۈرۈلۈپ،
يەر يۈزىدىن بىر يېرىم مېتىرچە ئېگىزلىكتىن كېسىپ تاشلىد-
نىدىكەن. كېسىلگەن يەردىن تاپ ئارىلىقىغا قاراپ ئىككى تال
شاخ ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ شاخلارمۇ يېرىم مېتىر يەردىن
قىرقىۋېتىلىدىكەن. پەقەت ئاشۇ ئىككى تال كۆتمەك شاختىلا
ئۈزۈم چۈشىدىكەن. بۇ شاخلاردا چۈشكەن ئۈزۈملەر شۇنچىلىك
زىچ ۋە سەرخىل ئىكەنكى، كىشىگە تۆت سېۋەت كەلگۈدەك ئۇ-

زۇمنى بىر قىلىپ چىگىپ، قوزۇق ئۇستىگە ئېسىپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. تەكلەردە بىرمۇ هارام شاخ قالدۇرمايدىكەن. بۇنداق قويۇق ۋە پاكار ئۆستۈرۈلگەن تەكلەرنىڭ مو بېشى مەهسۇلاتىنىڭ يۇقىرى، ئۈزۈمىنىڭ سەرخىل ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

مەن تەكلىكلەردە ئارىلاۋېتىپ، بىزنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلەمدۇ، نېمە دەپ ئويلىنىپ قالدىم. چۈنكى، بىز تەكنى كۆپىنچە هاللاردا باراڭغا چىقىرىمىز، هويلا باراڭلىرىغۇ مەيلى، كۆلەملىك ئۈزۈملۈكلەردىمۇ تەكنى باراڭغا ئالىمىز، بەزىدە باراڭدىكى تەكنىڭ ئۈزۈنلۈكى بىرقانچە مېتىرغا، هەتتا بەش - ئالتە مېتىرغا يېتىدۇ. بىراق، تەك ئۇزۇن بولغان بىلەن، ئۇنىڭ يىلتىز تەرىپى ۋە ئۇچى مېۋە تۇتمايدۇ، پەقەت ئوتتۇرا قىسمىلا مېۋە تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەك قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، چۈشىدىغان مېۋە يەنىلا بىر تۇپ تەكتە چۈشۈشكە تېگىشلىك بولغان مېۋە. تەك شاخلىرى قويۇق، يوپۇرمىقى كۆپ بولغاچقا، باراڭ ئاستىدىكى ئۈزۈمگە ئاپتاپ تەگمەيدۇ، بۇ هال ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. كۆلەملىك ئۈزۈملۈكلەردە ئۈزۈم ئۆستۈرۈشتە بىزمۇ قويۇق، پاكار ئۆستۈرۈشنى سىناق قىلساق، بىر تۇپ تەك باراڭ تاشلىغان يەرگە ئۈچ - تۆت قۇر تەك تىككىلى، ئۈزۈم مەهسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماي، ئۈزۈم سۈپىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن.

## 2. سۇ شەهىرى — ۋېنېتسىيە

بۇ قېتىمقى سەپەردە مېنى كۆچلۈك جەلپ قىلىدىغان يەنە بىر شەهەر — ئىتالىيىنىڭ ۋېنېتسىيە شەهىرى ئىدى. مەن

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ۋېنېتسىيىلىك ئاتاقلىق سەيياھ ماركو پولونىڭ هايات كەچۈرمىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ماركو پولو» دېگەن كىتابنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا ۋېنېتسىيە ھەققىدە خېلى كۆپ بىرنېمە-لەرنى بىلىۋالغان ۋە ئۇنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانىدىم. چۈنكى، بۇ شەھەر ماركو پولونىڭ ئانا يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغا داڭقى كەتكەن مەشھۇر سەيلىگاھ، سۇ شەھىرى سۈپىتىدە مېنى ئۆزىگە تارتاتتى، تېلېۋىزوردا ۋېنېتسىيە ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەندە، تا فىلىم تۈگىگۈچە ئېكراندىن كۆز ئۈزمەيتتىم.

مېنىڭ ۋېنېتسىيىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ قانالىلىرىدا ئۈزۈش، ئۇنىڭ تەكشى تەگلىك ئۇزۇن قولۋاقلىرىدا پالاق ئۇرۇش ئارزۇ-يۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. بىز كۈن قايرىلغان مەھەلدە ۋېنېت-سىيە شەھىرىگە كىرىپ كەلدۇق.

ۋېنېتسىيە ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى ئادرىئاتىك دېڭىزى-نىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى دېڭىز سۈيى ئوراپ تۇرىدىكەن. شەھەر خەرىتىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 117 چوڭ ـ كىچىك دەريا شەھەرنى ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كې-سىپ ئۆتۈپ، 120 ئارالغا بۆلۈۋېتىدىكەن. بۇ چوڭ ـ كىچىك ئاراللار 400 نەچچە كۆۋرۈك بىلەن باغلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى 1592 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 48 مېتىر، كەڭلىكى 22 مېتىر كېلىدىكەن.

شەھەر مەركىزىدىكى سان ماركو مەيدانى ۋە مەيدان ئەترا-پىدا بوي سوزۇپ تۇرغان شاھ ئوردىسى، سان ماركو چېركاۋ-سى، ناپولېئون ئوردىسى قاتارلىق ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر ئىتا-لىيە ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىن-



ۋېنېتسىيەدىكى كېمىدە

نىدىكەن. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھەيۋىسى ۋە سەنئىتى ھەربىي سەركەردە ناپولېئوننى، داڭلىق ئەدىب گيوتې ۋە بارروننى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىكەن.

بىز ۋېنېتسىيە شەھەر رايونىغا كېلىپلا شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئاپتوبۇس مەيدانىغا كېلىپ توختىدۇق ۋە ھايال ئۆتمەيلا خېلى چوڭ سەيلە كېمىسىگە ئولتۇرۇپ شەھەر مەركىزىگە يۈرۈپ كەتتۇق.

ۋېنېتسىيە ئاپتوموبىل يوق شەھەر بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى ۋە ساياھەتچىلەر ئاساسەن كېمە ۋە قولۋاققا تايىنىپ يول يۈرىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، پۈتۈن شەھەردە 5000 دىن ئارتۇق كاتېر ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق قولۋاق بار ئىكەن. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ئىشچىلار، شەھەر ئاھالىسى ئىشقا بېرىشتا ۋە كېلىشتە، سىرتقا چىقىپ سودا - سېتىق قىلىشتا كاتېر ۋە

قولۋاق بىلەن قاتنايدىكەن. شەھەر مەمۇرىيىتى قارىمىقىدىكى ماتورلۇق كېمىلەرمۇ «ئاممىۋى ئاپتوبۇس» لارنىڭ رولىنى ئارتـ-قۇرۇپ، شەھەرلىكلەرگە خىزمەت قىلىدىكەن. قىزىق يېرى، بۇ شەھەردە كوچا يوق بولۇپ، قەۋەتلىك بىنالارنىڭ بوسۇغىسى سۇغا چىلىشىپ تۇرىدىكەن. ئەگەر كىمكى ئۆلۈۋالماقچى بولسا باشقا ۋاستىلەرنى تاللاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئىشىكنى ئېچىپ، ئالدىغا قاراپ يېرىم قەدەم تاشلىسىلا سۇغا چۈشۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشى مۇمكىن ئىكەن.

ۋېنېتسىيىدە، ھەربىر ئىشىك ئالدىدا بىردىن توم قوزۇق بولۇپ، كىشىلەر ئۆزىگە تەۋە كېمىنى سۇغا چىلىشىپ تۇرغان ئاشۇ قوزۇققا باغلاپ قويىدىكەن. تاشقىرىغا چىقماقچى بولغانلار كېمىنى بوشىتىپ ئۆز يولىغا جۆنەيدىكەن.

ۋېنېتسىيىدە ئۇزۇنلۇقى ئالاھازەل 10 مېتىرچە كېلىدىغان تار بىر خىل قېيىق بولۇپ، ئالدىغا ۋە كەينىگە ئويما شەكىل-لەر چىقىرىلغان بۇنداق قېيىق ۋېنېتسىيىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قېيىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ھازىر بۇنداق قېيىقلار ئاساسەن ساياھەتچىلەر ئۈچۈن قاتناش قورالى قاتارىدا خىزمەت قىلىدىكەن. قېيىق ھەيدەيدىغانلار كەڭ گىرۋەكلىك قارا شىلە-پە، قىزىل ئىزمىلىق كەمزۇل، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كى-يىپ، تېپىك ئىتاليانچە ياسىنىدىكەن. قېيىقلاردا يەنە بىر كى-چىك مۇزىكا ئەترىتىمۇ بولىدىكەن. ئۇلار ئۇزۇپ كېتىۋېتىپ ئاككوردىيون، ماندالىن قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىدىكەن. بەزى ئەھمىيەتلىك خاتىرە بىنالىرى-نىڭ ئالدىدا توختىۋېلىپ، بىرەر نەغمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە مېڭىپ كېتىدىكەن.

## 3. سان ماركو مەيدانىدىكى كەپتەرلەر

ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى ماسلاشقان مۇناسىۋەتنى، جۈملىدىن ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلارمۇ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇنى ئاسراش، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ مەدەنىي ئادەملەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

بىز شەھەر مەركىزىدىكى سان ماركو مەيدانىغا بېرىشىمىزغىلا مەيداندا دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەر بېشىمىزغا قونغىلى تۇردى. ئەكەلگەن بولكا ئۇۋاقلىرىنى ئالىقىنىمىزغا قويۇۋىدۇق، تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ يېمەكلىكلىرىمىزگە، يەلكىلىرىمىزگە قونۇۋېلىپ، ھېچ خەۋپسىرىمەيلا دانلاشقا باشلىدى.

سان ماركو مەيدانى خېلى كەڭ بىر مەيدان بولۇپ، مەيدانىڭ يېرىمى دېگۈدەك كۆك كەپتەر بىلەن تولغانىدى. مىغىلداپ يۈرگەن كەپتەرلەر ئارىسىدا ئەمدىلا مېڭىشنى ئۆگەنگەن بالىلارمۇ تاپىتاڭلاپ يۈرەتتى. ئاق چاچ قېرىلارمۇ كەپتەرلەرگە چاقچاق قىلىشاتتى. كەپتەرلەرمۇ ئۇلارنى ئاياپ ئولتۇرمايتتى. يا بېشىغا قونۇۋېلىپ چىقىرىپ قوياتتى، يا قانىتى بىلەن يۈزلىرىنى سىيپايتتى. بۇ مەنزىرە شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىدىكى، ئادەملەر كەپتەردىن قورقمايتتى، كەپتەرلەر ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ سويۇپ يەۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. ئادەملەر بىلەن كەپتەرلەر ئىجىل ۋە ئامراق ئىدى.

بىلىشىمىزچە، بۇ كەپتەرلەر تامامەن ياۋا كەپتەرلەر بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم باقمايدىكەن، ئۇۋا ياساپمۇ بەرمەيدىكەن، چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراق مۇنارلىرىغا، تەكچىلەرگە، ئۆگزىلەرگە

ئۇۋا قويۇپ بالا چىقىرىۋېرىدىكەن. پەقەت تەبىئەتنىڭ نېمىتى ۋە سېخىي ساياھەتچىلەرنىڭ شاپائىتى بىلەنلا كۈن ئالىدىكەن. كەپتەرلەر ئەمما ئادەممۇ، كىچىك بالىمۇ تۇتۇۋالالايدىغان دەرىجىدە قاشاڭ بولسىمۇ، ھېچكىم تۇتۇۋالمايدىكەن، ھېچكىممۇ قەست قىلمايدىكەن.

مەن ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار «تىنچلىقتا بىللە تۇرۇۋاتقان» بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ شۇنى ئويلاپ قالدىم:

«بىزنىڭ مەيدانلىرىمىزدا نېمە ئۈچۈن بۇنداق كەپتەرلەر يوق، ئادەملەر ئەسكىمۇ ياكى كەپتەرلەر ئەسكىمۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق چىقىشقاق كەپتەردىن بىرەر مىڭنى ئاپىرىپ مەيدانلىرىمىزغا قويۇۋەتسەك قانداق بولار؟»

سوئالىمغا شۇ ھامان جاۋاب تاپتىم: يۇرتىمىزغا ئېلىپ بېرىلغان كەپتەرلەر ئەگەر تۇخۇمدىن چىققىنىغا ئەمدىلا 20 كۈن بولغان باچكىنى سويۇپ، قۇۋۋەت دورىسى ئورنىدا يەۋېتىدىغانلىقىمىزنى، قەپەسكە سولاپ بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغىنىمىزنى، يەنە كېلىپ ئۇنى ئۆمۈرۋايەت سولاقتا تۇتىدىغىنىمىزنى بىلسىلا يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى قېچىپ كەتكەن بولاتتى. يۈرىكى چوڭراقلىرى قېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، دانلاش ئۈچۈن يېنىمىزغا چۈشسىلا شۇ ھامان تۇتۇۋېلىپ، بىر ۋاخ تاماق ئۈچۈن قۇربان قىلغان بولاتتۇق...


دېمىسىمۇ، بىزدە كەپتەرلەرنى كۆندۈرەلىگۈدەك مۇۋاپىق مۇھىت تېخى يوق. بىر چاغلاردا ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى ئۆزىمىزدىن كۆرمەي، قۇشقاچتىن كۆردۇق، قاپقان تاپقىنىمىز قاپقان، ئوغا تاپقىنىمىز ئوغا قويدۇق، ئۇنىمۇ تاپالمىساق، كونا داسنى تاراڭلىتىپ، قۇشقاچنى يۈرەكئالدى قىلىپ يەرگە چۈشۈپ دانلىيالمايدىغان قىلىۋەتتۇق، ھەتتا تور

تاشلاپ قۇشقاچ تۇتۇپ، مېڭىسىدە دورا ياساپ يېدۇق، گۆشىدە مېھمان كۈتتۇق.

«بىر چاغلاردا بىزدە ئەنجان پاختىكى، تورۇلغا دەيدىغان قۇشلار كۆپ ئىدى، ئەتىيازدا ۋە كۈز كۈنلىرى تۇرنىلار سەپ تارتىپ ئۇچۇشاتتى، ئەنە شۇنداق نۇرغۇن پايدىلىق ئۇچار قۇشلار «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كەلمەي قالمايدۇ» دېگەن تەمسىلىمىزنى ئاڭلاپ قالدىمۇ يا بىچارە قۇشقاچنىڭ قىسمىتىدىن ئىبرەت ئالدىمۇ، بىز تەرەپكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا پېشايۋانلىرىمىزغا ئۇۋا سېلىپ بىز بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغان قارلىغاچلارمۇ ئەلپازدىمىزدىن ئۈركۈپ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

ۋېنېتسىيىدە ۋە ياۋروپانىڭ باشقا شەھەرلىرىدە دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەر ئادەمدىن قورقمايدىغان ئالاھىدە سورتمۇ؟

رىم شەھىرىدىكى بىز چۈشكەن مېھمانخانا ياتىقى



ياق، ئۇ دەل ياۋا كۆك كەپتەر. ئادەملىرىمىز ئەڭ قۇۋۋەتلىك، ئەرلەرگە ئەڭ پايدا قىلىدۇ دەپ مەززە قىلىپ يەيدىغان ھېلىقى كۆك كەپتەر!

مىنىڭچە، ئۇنداق كەپتەرلەرنى چەت ئەلدىن «ئىمپورت» قىلىشنىڭ، چەكلىك تاشقى پېرېۋوتنى ئىسراپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. قاچانكى كۆڭلىمىز يۇمشاپ رەھىمدىللىقا يۇزلەنسەك، تەبىئەت بىلەن جۇملىدىن ئۇچار قۇشلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈپ بىللە ياشاشقا ئادەتلەنسەك، ئۆز كەپتەرلىرىمىزمۇ بىزدىن قورقمايدىغان، ئۇركۈمەيدىغان بولىدۇ ـ دە، قانات قېقىپ كېلىپ قولىمىزغا قونىدۇ، بىزگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

## 4.«چېگراسى يوق» دۆلەتلەر

بىز گېرمانىيەدىن ئايرىلىپ، ئىتالىيەگە كەلگۈچە چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەردىن يەتتىنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭراق دۆلەتلەرمۇ، ليۇكسېمبۇرگ، موناكوغا ئوخشاش كىچىك دۆلەتلەرمۇ بار. بىراق، بۇ دۆلەتلەر كىچىك بولغان بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە چېگراسى بار دۆلەتلەر.

بۇ يەتتە دۆلەتكە كىرىش ـ چىقىشتا بىز ھېچقانداق بىر يەردە چېگرا بارلىقىنى ھېس قىلمىدۇق. چېگرىدىن ئۆتكەندە ئاپتوموبىلدىن چۈشۈرۈلۈپ، چېگرا قاراۋۇللىرىنىڭ، تاموژنىنىڭ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلمىدۇق. يول ئۈستىدە، يول باشلىغۇچى «مانا، پالانى دۆلەتنىڭ چېگراسىدىن ئۆتۈپ، پالانى دۆلەتكە كىرىپ كەلدۇق» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇ يەردە بۇرۇن تەكشۈرگۈچىلەر تۇرغان بىرقانچە ئېغىز ئۆي ۋە بايراق خادىسىدىن ئۆزگە ئالاھىدە بىر ئەسلىھەلەرنى،

ئاپشاركىلارنى يېتىلەپ، جىددىي قىياپەتتە تۇرغان ساقچىلارنى كۆرمىدۇق. بەزىدە ھەتتا بىر دۆلەتتىن بىر دۆلەتكە ئۆتكىنىمىزنى سەزمەيلا قالدۇق.

بۇ غەربىي ياۋروپانىڭ ھازىرقى ھالىتى بولۇپ، دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە چېگراسى ھېسابقا ئېلىنغان بىلەن، چېگرا تەكشۈرۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھال ھەرقايسى ئەل پۇقرالىرىنىڭ ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئەركىن ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا، قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ راۋان بولۇشىغا، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەت بەرگەن. چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئەمەس، ئاشكارا ئۆتۈش يولغا قويۇلغان. ئەگەر ياۋروپا پۇلى ئوبوروتتا قاتناشتۇرۇلسا، غەربىي ياۋروپانىڭ خېلى مۇستەھكەم بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدىغانلىقى كۆز يەتكۈزگىلى بولىدىغان مۇمكىنچىلىك.

يەنە كېلىپ، بۇ بىرقانچە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا پاسپورت تەكشۈرىدىغان ئىش بولمىدى. كوچىلاردا سەييارە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ساقچىلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بىز ساقچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئۆز يولىمىزغا مېڭىۋەردۇق. ھېچكىممۇ «سەن كىم، پاسپورتۇڭنى چىقار» دەپ ئاۋارە قىلمىدى. يادىمدا قېلىشىچە، مەن ياپونىيىدە ۋە رۇسىيىدە بولغان كۈنلىرىمىزدە بىرقانچە قېتىم ئۇشتۇمتۇت تەكشۈرۈشلەرگە يولۇققان، پاسپورتۇڭنى چىقىرىپ بولغۇچە «گۇمانلىق ئادەم» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغانىدىم. پەقەت پارىژ شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا 1 مىليون 500 مىڭ چەت ئەللىك ۋە 500 مىڭچە مۇساپىر ياشىغىنىغا قارىغاندا، بۇنداق كۆپ چەت ئەللىك ۋە بۇنداق كۆپ ساياھەتچىنى تەكشۈرۈپ بولۇش ئۇلارغا ئېغىر كەلسە كېرەك ياكى مۇداپىئە ئېڭى سەل ئاجىز بولسا كېرەك.

## 5. دېھقان ئۆيلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى

ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، كەڭ كەتكەن ئېتىزلارنى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا باشلىدۇق. بۇ ئېتىزلارغا دانلىق زىرائەتلەردىن ئاساسەن، بۇغداي، قوناق. ياغاچ غوللۇقلاردىن ئۈزۈم، زەيتۇن تېرىلىدىكەن. دېھقان ئۆيلىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاساسەن مۇنداق ئىكەن:

خېلى شالاڭ جايلاشقان دېھقان ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەتلىك ئۈچ كىچىك بىنا بولۇپ، ئىشىكى تولا ھاللاردا جەنۇبقا قارايدىكەن. ئىشىك ئالدىغا بىرەر مو كەلگۈدەك باغ چىقىرىپ، باغ ئەتراپىنى ئادەم بويى ئېگىزلىكىدىكى قىرقىما چاتقال بىلەن قاشالايدىكەن. ھويلا ئىچىگە بىرقانچە تۇپ زىننەت قارىغىيى، مېۋىلىك دەرەخ قويۇلۇپ، دەرەخ ئەتراپى چىملىق قىلىنىدىكەن. ھويلا يېنىغا ئاپتوموبىل ئامبىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئامبىرى ياسىۋالىدىكەن. ھويلىلاردا كىچىك كوزۇپلۇق ئاپتوموبىللاردىن بىرەرى بولىدىكەن. ھويلا بىلەن غول تاشيول ئارىسى ماي ياتقۇزۇلغان تارراق يول بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدىكەن.

ئىتالىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدىغان ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۆتكەن كۈنلىرىمىز دەل كەچ كۈز پەسلىگە توغرا كەلدى، بۇ چاغدا بۇ يەردە كۈزلۈك يىغىم ئاساسەن ئاخىرلىشىپ قالغانىكەن. ئېگىزغا تېرىش كىلىماتقا توغرا كەلمەمدۇ ياكى ئۇلار ئېگىزنى تېرىشقا ئادەتلەنمىگەنمۇ، بۇغداي ئېگىزى ئۆز پېتى تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئايرىم يەرلەرلا ئاغدۇرۇلۇۋېتىپتۇ. كۆممىقوناقنىمۇ قوناق شېخىنى يېرىم مېتىرچە قالدۇرۇپ قاپ

بەلدىن ئورۇۋاپتۇ. قارىغاندا قالدۇق قوناق شېخىنى ئاغدۇرۇش يولى بىلەن يەر تەكتىگە كۆمۈپ، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىنى ئاشۇرسا كېرەك. قەنت قىزىلچىسىنىڭ بازىرى چىقمىغانمۇ ياكى سېتىۋېلىش پەيتى يېتىپ كەلمىگەنمۇ، قېزىۋېلىنغان قىزىلچىلار ئېتىز ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. سيالكا، تەخسىلىك تۇلۇق، تۆمۈر بوقۇسا دېگەندەك بەزى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئېتىز يوللىرىدا ياكى ئېتىزلاردا تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۆگزىلەردە تۇرخۇن كۆرۈنمىگىنىگە ۋە ئېلېكتر سىملىرىنىڭ قويۇقلۇقىغا قارىغاندا، ئانچە سوغۇق بولمايدىغان ئوتتۇرا رايون دېھقانلىرى كۆندىلىك تۇرمۇشىدا ئېلېكتردىن كۆپرەك پايدىلانسا كېرەك.

ۋېناس مەيدانى



قوش باقمىچىلىقى ئوتتۇرا رايون دېھقانلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئوقتىدەك قىلىدۇ. بىز فلورېنسىيە شەھىرىگە كېتىۋېتىپ، يول بويىدا كۆلىمى 10 مو كەلگۈدەك بىر چوڭ باقمىچىلىق مەيدانىنى ئۇچراتتۇق. بۇ مەيدان

پۇتۇنلەي تور بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تور ئىچىدە قىرغاۋۇل، كەكلىك قاتارلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرقانچە خىل قۇش بېقىلىۋېتىپتۇ.

ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىدا دېھقان ئاز، يەر كۆپلۈ-كىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالغىلى بولىدىكەن. دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئىككى - ئۈچ كىلومېتىرچە كېلىدىكەن.

## 6. بىزنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىمىز

فرانسىيىنىڭ نىسپ شەھىرىدە بولغان كۈنلىرىمىزدە، تە-لەپ قىلىپ يۇرۇپ ئىككى سائەتلىك كوچا ئارىلاش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈردۇق. بەزىلەر كىيىم - كېچەك ماگىزىنىغا چاپتى، بەزى ھەمراھلىرىم دېڭىز بويىغا سۈرەتكە چۈشكىلى كەتتى. مەن بولسام مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىز چۈشكەن Golpa مېھمانخانىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان دوقمۇشتىكى مې-ۋە - چېۋە ماگىزىنىنى ئارىلاپ بېقىشنى خالاپ قالدىم. تىل ئۇقۇشۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئىنگلىز تىلىنى ئانچە - مۇنچە سۆزلىيەلەيدىغان چىن ئايۇ ئەپەندى (ئۇ بېيجىڭدا چىقى-دىغان «جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى) نى ھەمراھ قىلىۋالدىم.

بۇ مېۋە - چېۋە سېتىلىدىغان مەخسۇس ماگىزىن بولۇپ، ئۇنى چىرايلىققىنا كەلگەن ئىككى فرانسۇز قىزى (قارىماققا فرانسۇزدەك قىلىدۇ) باشقۇرىدىكەن. ئۇلاردىن بىرى كىرگىنى-مىزنى كۆرۈپ، بىزدىن بىرنېمىلەرنى دەپ ئەھۋال سورىدى ۋە مېۋە - چېۋىلىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى.

تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئەينەك ئىشكاپلارغا تىزىلىپ، يۇقى-رى ۋاتلىق سوغۇق نۇرلۇق چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان مېۋىلەر

مېۋە ئەمەس، بەلكى سەنئەت بۇيۇمىدەك جۇلالىق كۆرۈنىدىكەن.

بۇ ماگىزىندا بىزدە بار مېۋىلەردىن شاپتۇل، ئانار، توغاچ، تاۋۇز، نەشپۈت، ئالگرات، جىنەستە، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەر بولۇپ، سورتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن بىزنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، ئالما ئاسىيا ئەللىرىدىن، ئۈزۈم ئامېرىكا ۋە ئىتالىيىدىن، ئانار ئىراقتىن، قوغۇن - تاۋۇز ئىسرائىلىيىدىن كىرگۈزۈلىدىكەن. مەملىكىتىمىزدىن كىرگۈزۈلگەن مېۋىلەر ئەسلا تېپىلمايدىكەن.

مەندە، ئادىتىمىز بويىچە «كۆرۈنۈشىغۇ ناھايىتى سۆلەتلىك ئىكەن، بەلكى تەمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا كېرەك» دېگەن گۇمان تۇغۇلدى. ئاخىرىدا گۇمانىمغا جاۋاب تاپماق بولۇپ، 200 نەچچە فرانك خەجلەپ، بىزدە بار مېۋىلەردىن ئاز - ئازدىن سېتىۋالدىم - دە، ياتىقىمغا ئەكىردىم. بۇ قىلمىشىمغا ھەيران قالغان دۇكاندار قىزلار سىرلىق كۈلۈشكەن پېتى مېنى ئۇزىتىپ ئىشىك تۈۋىدە قالدى.

قوشنا ياتاقتا تۇرىدىغان چەت ئەللىكلەر ۋە مېھمانخانا خادىملىرى ھەيران قالمىسۇن ئۈچۈن ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالدۇق - دە، ھەدەپ مېۋە تېتىغىلى تۇردۇق.

ئالما: ئالمىنىڭ سورتى 10 نەچچە خىل بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك ئوخشاش ئىكەن. تەكشى قىزارغان بولۇپ، چىراغ يورۇقىدا خۇددى بىر قەۋەت سىر بېرىلگەندەك ياكى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىكەن.

ئۈزۈم: ئۈزۈم سورتى تۆت - بەش خىلچە بولۇپ، كۆرۈنۈشى بىزدىن چىقىدىغان ئۈرۈقسىز ئاق ئۈزۈم ۋە سايۋا ئۈزۈم بىلەن تامامەن ئوخشاپ كېتىدىكەن، ھەتتا ئۈزۈم دانچىلىرى ئۈستىدە

نىپىز بىر قەۋەت توپا بولۇپ، بۇ توپا كىشىنى «باغدىن ئەمدىلا ئۈزۈپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرىدىكەن.

ئانار: ئانار بەكمۇ خىل ئىكەن. جۇغى تەكشى بولۇپ، ھەر دانىسى كىچىك بالىنىڭ بىشچىلىك بولىدىكەن. پوستىنىڭ قىزىرىشىمۇ بەك تەكشى ئىكەن.

قوغۇن: قوغۇن سورتى بىزنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايدىكەن، چوڭ - كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، بىر - بىرىگە خۇددى ياساپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، سۇس يوللىرى، تورلىشىشى رەسسامنىڭ قولىدىن چىققاندەك رەتلىك بولىدىكەن.

ئۈزۈم: چۈرۈك بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل بىلەن تاتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىكەن. بۇ دەل «خەلقئارالىق تەم» بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۆۋەن قەنتلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئادىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىكەن. ئانارنىڭ پوستى نېپىز كېلىدىكەن، دانىسى چوڭ، قىزىل بولۇپ، ئۇرۇقى ئۇششاق ئىكەن، تەممۇ چۈچۈمەلگە مايىل تاتلىق ئىكەن. ئالمىنىڭ پوستى نېپىز، گۆشلۈك، چۈرۈك، سۇلۇق ئىكەن. قوغۇننى ئانچە تاتلىق دېگىلى بولمىسىمۇ، ئېتى سەل نېپىز، ئەمما يېيىشلىك بولىدىكەن.

ھالبۇكى، بىز مېۋە - چېۋىنىڭ سۈپىتىگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ تاتلىق ياكى تاتلىق ئەمەسلىكىگە قارايمىز. خەلقئارادا بولسا قەنت مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىكلەر ئاساسەن ئىستېمالدىن قالغان، ھەتتا ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشتىھاسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن قەنتسىز يېمەكلىكلەر ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتىدۇ.

مەن ياۋروپانىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە، بولۇپمۇ بېرلىن، پارىژ، ھامبۇرگ قاتارلىق جايلاردا مېۋە - چېۋىلەرنى ئېتىپ بېقىپ، سورتى ۋە تەمى جەھەتتە بىزنىڭ مېۋىلىرىمىزدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۈزۈمنى ئالساق، ئاتۇشنىڭ ھۆل ئۈزۈمى، تۇرپاننىڭ قۇرۇ-
تۇلغان ئۈزۈمى، خوتەننىڭ ئۇرۇقسىز قارا ئۈزۈمى دۇنيا بازىرىغا
سېلىنسا، چەت ئەلنىڭ ئوخشاش سورتتىكى ئۈزۈمى بىلەن مە-
لۇم دەرىجىدە رىقابەتلىشەلىشى مۇمكىن. ئەمما، كۆرۈپ تۇرۇپتى-
مىزكى، ھازىر چەت ئەلنىڭ ئۈزۈم سورتلىرى ئىچكىرى ئۆلكى-
لەردە، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدا كۆپلەپ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنداق
سورتلار مېۋىسىنىڭ چوڭ، چۈچۈمەل بولۇشى، ئۇزۇن ساقلاشقا
مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى قاتارلىق ئۈستۈنلۈكلىرى بىلەن ئەنئەنى-
ۋى سورتلىرىمىزنى بېسىپ چۈشۈۋاتىدۇ. «ئامېرىكا ـ 1» دېيىلى-
دىغان سورتلۇق ئۈزۈمنىڭ ھەر كىلوگرامى ئۈرۈمچى بازىرىدا
20 نەچچە يۈەن سېتىلىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ ئوبدان ئۈزۈملىرىمىز
ئالتە ـ يەتتە يۈەندىن ئاشمايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۆتكەن
يىلى كۈزدە تۇرپان دېھقانلىرى بىر كىلوگرام ھۆل ئۈزۈمنى ئۆز
بېغىدا 0.80 يۈەندىن سېتىۋېتىپتۇدەك. قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ كى-
لوگرامى تۆت يۈەنگە چۈشۈپ قالغانمىش.

ئانار ئۈستىدە گەپ بولغاندا، مۇنداق بىر ئىش يادىمغا كې-
لىدۇ. 1985 ـ يىلى كەچ كۈزدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ
ھەج، دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا زىيا-
رەتكە بېرىش سەپىرىدە پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە بىرەر
ھەپتىچە تۇرۇپ قالدۇق. ئۇ چاغدا بىز «تاجمەھەل» دېگەن بىر
مېھمانخانىغا چۈشكەنىدۇق. كۈتكۈچىلەر ھەر كۈنى ياتىقىمىزغا
ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان بىر كىچىك سېۋەتنى
ئەكىرىپ قوياتتى. مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا رەڭگى ئوتقاشتەك قى-
زىل، قوش مۇشتتەك چوڭ ئانارلارمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى ئۆ-
مەك باشلىقىمىز ئىسمايىل ئەھمەد ماڭا ئاناردىن بىرنى يېرىپ
بېقىشنى بۇيرۇدى. روشەنكى، مەقسەت ئانار يېيىشتە ئەمەس،

بەلكى ئانارنىڭ سۆلتىگە لايىق سۈپىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىش ئىدى. چۈنكى، ئىسمايىل ئەھمەدمۇ، مەنمۇ چىرىيىلمەك ئىدۇق، چىرىيىلىكلەر بولسا ئۆز يۇرتىدىن ئانار چىقىدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. چىرىيىدىن يىراق بولغان بىر يۇرتتا، بولۇپمۇ چەل ئەلدە بۇنداق يوغان ئانارنىڭ بولۇشى بۇ خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

مەن ئانارنى كەستىم، ياقۇت رەڭلىك ئانار ئۇرۇقلىرى پەتنۇسقا تۆكۈلدى، «سۆلتى بولغان بىلەن بەلكى تەمى ياخشى بولمىسا كېرەك» دەپ تېتىپ باقتۇق، تەممۇ ياخشى بولۇپ چىقتى. تېتىپ بولۇپ، بىر - بىرىمىزگە قارىشىۋالدۇق. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم، بۇ ئانارمۇ ئىراقتىن كەلتۈرۈلگەنىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە، بۇنداق سورتلۇق ئانارنى شياڭگاڭ بازىرىدىمۇ، توكيو بازىرىدىمۇ كۆردۈم.

بىزنىڭ ئانارلىرىمىزچۇ؟ نۇرغۇن يىللار سورت ئالماشتۇرۇلمىغاچقا، ئانارلىرىمىز ئاساسەن رودىمېنتلىشىپ كەتتى، مېۋىسى كەملەپ، پوستى قېلىنلاپ، ئۇرۇقى چوڭىيىپ، شەربىتى ئازلاپ قالدى. ئاچچىق ئانار ۋە ناخۇش ئانار كۆپىيىپ، مېۋىنىڭ جۇغىمۇ كىچىكلەپ كەتتى. قەشقەر، خوتەن، قاغىلىق ئانارلىرى قارىماققا يامان ئەمەستەك تۇرغىنى بىلەن پەقەت پىيالما ئانىرى ۋە بەشكېرەم ئانىرىلا ئانچە - مۇنچە سىرتقا يارىسىمۇ، ئۆزگىلىرى ئىچكى بازارنىڭ ئۆلچىمىگە ئاران توشىدۇ. ئالايلۇق، خوتەن ئانىرىدا رودىمېنتلىشىش ھەممىدىن ئېغىر، قاغىلىق ئانىرى ئەمدىلا ياخشىلىنىۋاتىدۇ، قەشقەر ئانىرى چوڭ بولغىنى بىلەن ئاچچىق ئانىرى تولا، كەچ كۈز كىرمەي تۇرۇپلا يېرىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ، ئامال يوق بۇرۇن ئۇۋۇزۇۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.



بۈيۈك ئىمپېراتور قەيسەرنىڭ ھەيكىلى

ئەڭ يامىنى، بىزدە كۆلەمگە ئىگە ئانار بازىسى يوق، ئەگەر بىرەر چەت ئەل شىركىتى بىز- دىن كۆپ ئەمەس، پەقەت نەچچە مىڭ تونىنا ئانار سېتىۋال- ماقچى بولسىلا، كارامىتىمىز ئاش- كارا بولىدۇ، بۇنچە- لىك ئانارنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئانارنى توپلاپمۇ چىقىش- تۇرالمايمىز.

قىسقىسى، چەت ئەل باغۋەنچىلىكى پەن يېڭىلىقلىرىنى ئۆزىگە تەتبىقلاپ، مېۋە سورتلىرىنى بارغانچە تاكامۇللاشتۇرۇپ بارغان. مولېكۇلا فىزىكىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، Gene نى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، بىرقانچە خىل مېۋىنىڭ سورت ئەۋزەل- لىكلىرىنى بىر خىل مېۋە ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرگەن. يېقىن- قى چاغلاردا ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن بە- زى ئەلا سورتلاردىن ئۆزگە، ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا يې- تىشتۈرگەن، ئەرەب يېرىم ئارىلى، پېرسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن كىرگۈزگەن ئەنئەنىۋى سورتلار ئاساسەن رودى-

مىنتلىشىپ تۇگىدى، بەزىلىرىنىڭ ئۇرۇقى ئۇزۇلدى.
تارىخچىلار گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئانار، ئۈزۈم، تاۋۇز دې-گەنلەر بۇرۇنقى زامانلاردا شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكە-لەرگە تارالغان. يېقىنقى بىر خەۋەردە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيئەن ناھىيىسىدە بىر خىل ئانار يېتىشتۈرۈلگەنلىكى، بىر تال ئانارنىڭ ئېغىرلىقى 500 گرامدىن 700 گرامغىچە كېلى-دىغانلىقى مەلۇم قىلىنغىنىغا ۋە ئېلىمىزنىڭ سىچۇەن ئۆلكى-سىدىكى مەلۇم ناھىيىدە ناھايىتى چوڭ بىر ئانار بازىسى بەرپا قىلىنغىنىغا قارىغاندا، ئانار سورتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خې-لىلا ياخشىلانغان. خېنەن ئۆلكىسىدىن كېلىدىغان ئۇرۇقسىز تاۋۇزنىڭ ياخشىلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.
باغۋەنچىلىك جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پاختىدىن كېيىنكى بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، مېۋە - چېۋىلىرىمىزنى ماختايدىغان «مېۋە - چېۋە ماكانى»دى-كى مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئاز تۇۋلاپ، تۇۋلىغاندىمۇ ئىچىمىزدە تۇۋلاپ، سورت كىرگۈزۈشكە، سورت يېتىشتۈرۈشكە، يېڭىلاشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، مېۋە - چېۋىچىلىكىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ شەرتىنى ھازىرلىشىمىز كېرەك.

## 7. گۈللىنىش بۆشۈكى — فلورېنسىيە

بىز دەل چۈش مەزگىلى بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تارىخىي شەھەر — فلورېنسىيىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۇدۇل شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز تەكشىلىككە چىق-تۇق. بۇ تەكشىلىك فلورېنسىيە شەھىرىدىكى بىر ئاۋات سەيى-لىگاھ بولۇپ، مەشھۇر ھەيكەلتىراش مېكلانجېلونىڭ داڭلىق ئەسىرى «داۋىد ھەيكىلى» نىڭ تەقلىدىي نۇسخىسى مۇشۇ تەك-

شىلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. تەكشىلىكتە تۇرۇپ شەھەرگە كۆز تاشلىغاندا فلورېنسىيە شەھىرى خۇددى بىر شاھمات تاختىسىدەك كۆز ئالدىڭىزدا ئايان بولىدىكەن.

داۋىد — دىنىي رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەر بولۇپ، مىكىلانجېلو داۋىدنىڭ ھەيكىلىنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئويۇپ چىققانىكەن. ھازىر فلورېنسىيە ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ھەيكەلنىڭ دۇنياغا كېلىش تارىخى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، كىشىلەر مۇنداق بىر ھېكايىنى تىلغا ئېلىشىدىكەن.


سەنئەتكار مىكىلانجېلو بۇ ھەيكەلنى ئويلىغىنىدەك قىلىپ ياساپ بولغاندىن كېيىن يەرلىك مەمۇر پىئېيىر سودېرىنىنى ئۆز ئەسىرىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە ئەدەپ يۈزىسىدىن پىكىر سوراپتۇ. سودېرىن ئۇيۇل مەرمەردىن ياسالغان بۇ ھەيۋەتلىك ھەيكەلنى تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەستەنگە: داۋىدنىڭ بۇرنى سەل چوڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئېۋەن تېپىپتۇ. سودېرىنىنىڭ ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىۋاتقىنىنى پەملەپ قالغان مىكىلانجېلو ھېچ زۇۋان سۈرمەپتۇيۇ، ھەيكەلگە شوتا قويۇپ، مېتىننى داۋىدنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزمەي تۇرۇپ بولقا ئۇرۇپتۇ ۋە «تاك... تاك...» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن سودېرىنىغا «ئەمدى يارىدىمۇ» دېگەن مەنىدە قاراپ قويۇپتۇ. سودېرىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «بارىكاللا، مانا ئەمدى كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى، ھەيكەلگە جان كىردى ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مىكىلانجېلو ئۆزىنىڭ «يالغان» ھەرىكىتى ئارقىلىق سەنئەتتىن بىخەۋەر، بىلىمسىز مەمۇرنى ئەنە شۇنداق مەسخىرە قىلغانىكەن.

زەيتۇنزارلىق، ئۈزۈمزارلىق باغلار بىلەن قورشالغان بۇ

شەھەر ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىنى باشلاپ بەرگەن ئىتالىيە ئەدە-
بىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدى-
كەن. شۇ دەۋرلەردە بۇ شەھەردە دانتې (1265 — 1321)،
پېتراركا (1304 — 1374)، بوككاكچۇ (1313 — 1375) قاتار-
لىق مەشھۇر سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىققانىكەن. 1506 - يىلى
ليوناردو داۋىنچ، مىكىلانجېلو، رافائىل سانزىئو (1483 —
1520) قاتارلىق ئۈچ نەپەر مەشھۇر سەنئەتكار بۇ شەھەردە جەم
بولغانىكەن. بۇ تارىخىي ئۈچرىشىش فلورېنسىيىلىكلەرنىڭ قەل-
بىدە ھازىرمۇ يادلى-
نىدىكەن.

مىكىلانجېلونىڭ مەشھۇر ئەسىرى ئالدىدا



بىز داڭلىق ئە-
سەر «داۋىد» تىن
زوقلىنىپ، سۈرەتكە
چۈشۈپ بولغاندىن
كېيىن (ئەپسۇس،
شۇ چاغدا ئاپپاراتىم-
نىڭ پلېيونكىسى تو-
گەپ قېلىپ، داۋىد
بىلەن بىللە سۈرەتكە
چۈشەلمىدىم) ئاپتو-
موبىلغا ئولتۇرۇپ
پەسكە قاراپ يول
ئالدۇق ۋە ئۇزۇن
ئۆتمەي شەھەر مەر-
كىزىگە يېتىپ
كەلدۇق. شەھەر مەر-

كىرىدىكى ئوردا مەيدانىغا ئاپتوموبىل كىرگۈزۈلمەيدىغىنى ئۈ-
چۈن ئاپتوموبىل توختىغان جايدىن ئوردا مەيدانىغىچىلىك ئۈچ
كىلومېتىرچە يولنى پىيادە بېسىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بى-
لەن ئىككىدىن، ئۈچتىن بولۇپ دەريا بويلاپ مېڭىپ كەتتۇق.
قارىساق، دەريا بويىدىكى پىيادىلەر يولى ئۇششاق يايمىلار بىلەن
تولۇپ كېتىپتۇ. ئاساسەن نېگىر ۋە تۈركلەردىن، ئاسىيالىقلار-
دىن تەركىب تاپقان ئۇششاق يايمىچىلار ئۆز مېلىنى يولۇچىلار-
نىڭ كۆزىگە تىققۇدەك بولۇپ ماختايدىكەن (ئۇلارنىڭ تىلىنى
ئۇقمىساقمۇ، توختىماي سۆزلەشلىرىدىن مېلىنى ماختاۋاتىدۇ
دەپ چۈشەندۇق). مېلى سۈپەتسىز خۇرۇم سومكا، ھەل بېرىلگەن
ئاياللار ئايىغى، نېگىر دۇمبىقى، ياغلىق، نېگىرلارنىڭ ھۈنەر —
سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ئىكەن. مېلىنى سېتىۋالمىسا-
ڭىز، سېتىقچىلار كەينىڭىزدىن ئەگىشىدىكەن. يول باشلىغۇ-
چى: «بۇ ئۇششاق سېتىقچىلار يانچۇقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنى-
دۇ. ئۇلارنىڭ بىر نەرسىسىنى سېتىۋالسىڭىز، پۇل تۆلەپ بول-
غۇچە قولى يانچۇقىڭىزغا كىرىپ بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغىنى
ئۈچۈن بىر قولۇمدا يانچۇقۇمنى باسقىنىمچە، ئىتتىك قەدەملەر
بىلەن مېڭىۋەردىم. چۈنكى، ياۋروپادا بىرەر نەرسىڭىز يوقىلىپ
كەتسە، ئوغرىنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالمىسىڭىزلا، ھېچكىمنىڭ
كارى بولمايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مېھمانخانىدا ياتسى-
ڭىزمۇ، مۇھىم نەرسىڭىزنى ئۆزىڭىز بىللە ئېلىۋېلىشى-
ڭىز شەرت ئىكەن. يوقىلىپ كەتسە، مېھمانخانا تەرەپ ئىگە
بولمايدىكەن. ئوغرىلىق، بۇلاڭ — تالاڭ ھەر كۈنى كۆرۈلۈپ تۇ-
رىدىغان ئىش ئىكەن. بريۇسسېل شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان كۈنلى-
رىمىزدە، بېلگىيىنىڭ شاكىلاتى دۇنيا بويىچە داڭلىق دېگەن
گەپنى ئاڭلاپ، كەچ كىرەي دېگەندە كوچىغا شاكىلات سېتىۋال-

غىلى چىقتۇق. ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەمراھلىرىمدىن ئاي-رىلىپ قاپتىمەن. شۇ ئەسنادا 20 ياشلاردىكى ئۈچ نەپەر ياش پەيدا بولۇپ ماڭا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇلارنىڭ دېگەنلى-رىدىن «پاسپورت» دېگەن گەپنىلا ئۇقالىدىم. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇششاق بۇلاڭچىلار ساياھەتچىلەردىن ئاۋۋال پاسپورت سورايدى-كەن، پاسپورتىنى چىقىرالمىسا بۇلايدىكەن. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن چۈشتىمۇ، ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ بۇلاڭ-چىلارمۇ بەدەر تىكىۋەتتى. مەنمۇ خۇداغا شۈكۈر دەپ دەرھال مېھمانخانىغا قايتىۋالدىم.

فلورېنسىيە شەھىرى مىلادىيە 1865 ـ يىلىدىن 1870 ـ يىلىغىچىلىك ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغانىكەن. شۇنىڭغا لايىق 40 تىن ئارتۇق مۇزېي ۋە سەنئەت سارىيى، 60 تىن ئارتۇق ئوردا، ئاسمان ـ پەلەك چېركاۋلار بار ئىكەن. سا-ياھەتكە مۇلازىمەت قىلىش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولۇپ، ھەر خىل خاتىرە بۇيۇملىرى، خۇرۇم بۇيۇملارنى سېتىۋالغىلى بولى-دىكەن. بۇ شەھەردە مال باھاسى خېلىلا تۆۋەن ئىكەن.

## 8. يېزىق ۋە خەلقئارالىق ئاتالغۇلار

كىتابىمنىڭ ئالدىنقى ماۋزۇلىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، مەن يولغا پىششىق ئادەم. شۇڭا، زىيارەت داۋامىدا بەزى كۈنلىرى 400 ــ 500 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كەلگەن بولسى-مۇ، مەن ئارتۇقچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېنەكتەك سىلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ياخشى ئاپتو-موبىل بىلەن مېڭىش ماڭا بىر ئەرمەك بولۇپ تۇيۇلدى.

بىراق، ھەمراھلىرىم ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئادەتلەنمىگەچكە،

يول جاپاسىدىن قاقشىغىنى قاقشىغانىدى. ھەر قېتىم يولغا چىقار ـ چىقمايلا «باردىغان يېرىمىزگە يەنە قانچە كىلومېتىر قالدى» دەپ بىر ـ بىرىدىن سورىشاتتى. لېكىن، ئۇلارغا باش چايقىماقتىن ئۆزگە ئامال يوق ئىدى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا سورىغۇچىنىڭ سوئالىغا مەنلا جاۋاب بېرەتتىم. مەنزىلگاھقا قانچە كىلومېتىر قالغانلىقى، قايسى شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىمىز، ماي قاچىلاش پونكىتىغا يەتكۈچە يەنە قانچە كىلومېتىر يول باسىمىز دېگەنلەرگە بەرگەن جاۋابىم ئەمەلىيەتتە توغرا بولۇپ چىقاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن ئۆمىكىمىز ئۈچۈن ئىككىنچى يول باشلىغۇچى بولۇپ قالغانىدىم.

ھەمراھلىرىم سوئاللارغا يول تاختىلىرىغا، قاتناش بەلگىلىرىگە قاراپ جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ماڭا «نېمىسلارنىڭمۇ، فرانسۇز، ئىتاليانلارنىڭمۇ يېزىقىنى، تىلىنى بىلىدىكەنسەن» دەپ چاقچاق قىلىشتى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى چاقچاق بولسىمۇ، مەن خوپسەنلىك قىلىپ كۈلۈپلا قويدۇم.

ئۇلار زوقلانغاندەك، مەن نۇرغۇن مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقىنى بىلەمتىم؟ ياق، مەن ئۆز ئانا تىل ـ يېزىقىمدىن، خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدىن ئۆزگە باشقا تىلنى بىلمەيمەن. ئۆزگە تىلدىن بىر ـ قانچە تېرمىننى بىلىۋېلىپلا پالانى تىلنى بىلىمەن دەۋالىدىغان، قېرىنداش تۈركىي تىللارنىڭ ئوخشاشلىقىدىن پايدىلىنىپ يەنە پالانى، پۇستانى تىلىنىمۇ بىلىمەن دەپ جەدۋەل تولدۇرىدىغان ئادەم ئەمەسمەن.

ئەمىسە، يول كۆرسەتكۈچلەردىكى نېمىس، فرانسۇز، ئىتاليان يېزىقلىرىنى قانداق قىلىپ ئوقۇيالىدىم ۋە چۈشىنەلىدىم؟ جاۋاب ئاددىي، بىز ياشىغان كىشىلەر بىر چاغلاردا لاتىن

يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىجاد قىلىنغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى دەيدىغان بىر يېزىقنى ئۆگەنگەن ۋە ئىشلەتكەنىدۇق. ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى ئەمەلىيەتتە لاتىن يېزىقى ئىدى. مانا مۇشۇ يېڭى يېزىق مېنىڭ بىرقانچە خىل يېزىقنى ئوقۇپ چۈشىنىشىمگە ياردەم بەردى. چۈنكى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر قوللىنىۋاتقان يېزىقمۇ ئەسلىدە لاتىن يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىپ قوبۇل قىلىنغان. ئاز ـ تولا پەرق بولسىمۇ، يەنىلا لاتىن يېزىقىنىڭ تۈپكى تەلەپپۇزىنى ساقلاپ قالغان.

ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن خەلقئارالىق ئاتالغۇلارنىڭ بولغانلىقى، يەر ـ جايناملىرىنىڭ تىلىمىزدا شۇ يەردە ياشىغۇچى مىللەتنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئاھاڭدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن مەن بۇ تەرىقە ئۇستاتلىق قىلالىدىم. مەسىلەن، بېلگىيىنى بىزمۇ «بېلگىيە» دەپ، ئامستېرادامنى «ئامستېردام» دەپ تەلەپپۇز قىلىمىز. ئەگەر مۇشۇنداق يەر ناملىرى لاتىن يېزىقىدا (ئەمەلىيەتتە گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە يېزىقىدا) يېزىلغان بولسا، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى يادىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولسىلا ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيمىز.

ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ۋە خەلقئارالىق بەزى ئاتالغۇلارنى بىلىدىغانلار پەقەت يەر ـ جاي ناملىرىنىلا ئەمەس، بەلكى بەزى خەلقئارالىق ئاتالغۇلارنىمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ. چەت ئەل ئادەم ئىسىملىرىنى ئوقۇپ تەلەپپۇز قىلالايدۇ، بۇ ھال چەت ئەلگە بارغان ئۇيغۇرلارنى بەزىبىر ئوڭايلىقلار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ.

مەن يۇقىرىقىلارنى قەيت قىلىش ئارقىلىق نېمە مەقسەتنى ئىلگىرى سۈرمەكچىمەن؟

جاۋاب يەنىلا ئاددىي، قارىغاندا بىز ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى يەڭگىللىك بىلەن تاشلىۋەتكەن ئوخشايمىز. ئۇنى يەنە ئازراق ئىسلاھ قىلىپ قوللىنىۋەرگەن بولساق، بايام ئېيتقاندەك، چەت ئەلدىمۇ «ئۇستاتلىق» قىلالايدىكەنمىز، كومپيۇتېرنىڭ ئۆز يې-زىقىنى ئىشلىتەلمەي، هازىرقى يېزىقىمىزنى قاچىلىتىمىز دەپ 1500 يۈەن خەجلىمەسلىكىمىز. كۇنۇپكا تاختىسىدىكى قايسى هەرپىنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى قايسى هەرپكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلى-قىنى يادىمىزدا تۇتالماي گاڭگىراپ يۈرمەسكەنمىز. بارچە خەق ئۆز يېزىقىنى سولدىن ئوڭغا يازسا، بىز ئوڭدىن سولغا يېزىپ ئاۋارە بولماسكەنمىز. دۇنياۋى مىللەتلەر قوللىنىۋاتقان لاتىن يېزىقىنى، يەنى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى قوللانغان بولساق تېخى-مۇ ئوبدان بولاركەنتۇق. مۇهىمى، لاتىن يېزىقىنى قوللىنىۋەر-گەن بولساق، ئىنتېرنېت تورىغا بىمالال كىرىپ، ئېلېكترون-لۇق پوچتا يوللانمىلىرىنى هەم تارقاتقىلى، هەم قوبۇل قىلغى-لى بولاركەنتۇق.

كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تى-لىغا ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا كومپيۇتېر، تېلېۋىزور دېگەندەك خەلقئارالىق ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. يەنە بىرى، چەت ئەلدە ئىجاد قىلىنغان، كېيىن جۇڭگوغا، جۈملى-دىن ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن نەرسىلەرگە زورۇقۇپ ئىسىم قويمىغان مۇۋاپىقمىكىن دەيمەن.

## 9. پىسادىكى يانتۇ مۇنار

تەپسىلىي كۆنتەرتىپتە كۆرسىتىلىشىچە، 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فلورېنسىيىدىن يولغا چىقىپ ئۇدۇل رىم شەھىرىگە يې-تىپ بارىدىكەنمىز. خەرىتىگە قارىساق، فلورېنسىيە ـ رىم يۇ-



داڭلىق تارىخىي قۇرۇلۇش — گىلادىئاتورلار مەيدانى

قىرى سۇرئەتلىك تاشيولى پىسا شەھىرىگە 30 — 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك ئۆمەك ئەزالىرى ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. كۇنتەرتىپكە ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، پىسا شەھىرىگە كىرىش، مۇھىمى پىسادىكى مەشھۇر يانتۇ مۇنارنى كۆرۈۋېلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا تاشلاندى.


ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرسىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى بىلىدۇكى، پىسا ۋە پىسادىكى يانتۇ مۇنارنىڭ نامى مەشھۇر فىزىك گالىلېي ۋە ئۇنىڭ ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى تەجرىبىسىگە چېتىشلىق ئىدى. بۇ مۇنار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ھەممە ئادەمگە دېگۈدەك تونۇشلۇق بولۇپ، مەنمۇ كۆپ يىللاردىن بېرى بۇ مۇنارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى ئۆمىكىمىزنى تەك-
لىپ قىلغان ۋە كۇتۇۋېلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ گېرمانىيىدە تۇ-
رۇشلۇق باش ئورگىنىغا مەلۇم قىلىندى، باش ئورگان بۇ تە-
لەپنى ماقۇل كۆردى ۋە بۇ ماقۇللۇق بىزنى باشلاپ مېڭىۋاتقان
خادىمغا ئۇقتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يۆنىلىشىمىزنى ئۆز-
گەرتىپ قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە ئاندىن پىسا شەھىرىگە، ئۇدۇل
يانتۇ مۇنارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدۇق.

دۇنيا ئىمارەتچىلىك تارىخىدىكى بىر خاتالىق ۋە بىر مۆ-
جىزە ھېسابلىنىدىغان بۇ يانتۇ مۇنار پىسا شەھىرىدىكى قەدىم-
كى قۇرۇلۇشلار تۈركۈمىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەن. پىسا چېركا-
ۋىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارى سۈپىتىدە 1174 ـ يىلى ئىش باشلان-
غان بۇ مۇنار 1350 ـ يىلى پۈتكەنىكەن. مۇنار سەككىز قەۋەت
بولۇپ، ئېگىزلىكى 54.5 مېتىر كېلىدىكەن. مۇنار قۇرۇلۇشى-
غا تامامەن مەرمەر تاش ئىشلىتىلگەنىكەن. مۇنار ئوتتۇرىسىدى-
كى 294 باسقۇچلۇق ئايلانما پەلەمپەي بىلەن مۇنار ئۈستىگە
چىققىلى بولىدىكەن.

مۇنار يېنىدىكى چۈشەندۈرۈشتە يېزىلىشىچە، ئۇل قويغۇ-
چىنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبلىك، مۇنار ياسىلىپ ئۈچىنچى قە-
ۋەتكە چىقار ـ چىقمايلا قىڭغىيىشقا باشلىغانىكەن. شۇنىڭ بى-
لەن مۇنار قۇرۇلۇشى بىر ئەسىر تاشلاپ قويۇلۇپتۇ. كېيىن
ئىش داۋاملاشتۇرۇلۇپ، پۈتتۈرۈلگەن چاغدا، كىشىلەر مۇنار
چوققىسىنىڭ مۇنار ئۇلىدىكى تۈز سىزىقتىن 2.1 مېتىر چەت-
لەپ كەتكەنلىكىنى بىلىشكەنىكەن. 600 نەچچە يىلدىن بۇيان،
بۇ مۇنار كۈنسېرى قىڭغىيىۋېرىپتۇ.

1918 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئۆلچەشلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇ-
نار ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.3 گرادۇس قىڭغايغان،



گالىلېي تەجرىبە ئىشلىگەن پىسا يانتۇ مۇنارى

ئومۇمىي قىڭغىيىش ئارىلىقى 4.4 مېتىرغا يەتكەن. سىرتىدىن قارىغاندا ھازىرلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. بىراق، بۇ مۇنار 1972 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلىگەن. بۇنداق «قىڭغىيىپمۇ يىقىلمايدىغان» غەلىتە ھال بۇ مۇنارنىڭ نامىنى مەشھۇر قىلغان.

1590 ـ يىلى، ئىتالىيە فىزىكى گالىلېي مانا مۇشۇ يانتۇ مۇناردا جىسىمنىڭ ئەركىن چۈشۈش تەجرىبىسىنى ئىشلىگەن ۋە يۇنان ئالىمى ئارىستوتېلنىڭ «ئەركىن چۈشۈۋاتقان جىسىمنىڭ چۈشۈش تېزلىكى شۇ جىسىمنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ» دېگەن نەزەرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانىكەن.

ئاپتوموبىلنى بەلگىلەنگەن يەردە توختىتىپ قويۇپ، مۇنار يېنىغا يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا، ئەتراپ

قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن، يانتۇ مۇنار چىركاۋ چىراغلىرىنىڭ شۇ-لىسىدا سۇس يورۇپ تۇراتتى.

قائىدە بويىچە ئالغاندا ئاجىز يورۇقلۇقتا سۈرەت تارتسا بولمايتتى. تارتقان بىلەنمۇ سۈرەت چىقمايتتى. لېكىن، ئاران بىر كەلگەن چاغدا سۈرەتكە چۈشەلمەسلىكمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، پېشانەم ئوڭ ئىكەن، بېرلىنىدىن 98 مارك خەجلەپ سېتىۋالغان ئۈچپاچاقنى ھېلىمۇ ياخشى سومكامغا سېلىۋالغانىكەنمەن. مەر دەرھال ئۈچپاچاقنى سوزۇپ چىملىقتا جايلاشتۇردۇم ۋە ئاپپاراتنى كېچىدە سۈرەت تارتىدىغان خوتقا سېلىپ، چىراغنى چىقاردىم. ئاپتوماتىك سۈرەت تارتىش ئۇسۇ-لى بويىچە ئۆز - ئۆزۈمنى 10 نەچچە قېتىم سۈرەتكە تارتتىم. كېيىن كۆردۈمكى، سۈرەت سەل تۇتۇقراق بولسىمۇ بەربىر چىقىپتۇ.

## 10. رىم شەھىرىگە كىرىش

دادام ئىبراھىمئاخۇن يىپەك - شايى تىجارىتى بىلەن شۇ-غۇللىنىدىغان، كىتاب بىلەن ھەپىلىشىدىغان مەرىپەتپەرۋەر ئا-دەم ئىدى. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بىلەن ھەرھالدا تونۇش بول-غاچ، رىم ھەققىدىمۇ ئاز - تولا بىرنېمىلەرنى بىلەتتى. چۈنكى، رىم ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدا، تارىخىدا نامى كۆپ قەيت قىلىن-نىدىغان داڭقى بار ئەل ئىدى. ئەپسانىۋى ۋە دىنىي تۈس ئالغان نۇرغۇن ھېكايىلەر، رىۋايەتلەر رىم بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. بۈيۈك رىم ئىمپېرىيىسى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تا يېقىنقى زامانغىچە پۈتكۈل ياۋروپاغا، بەزىدە ئاسىيا قۇرۇقلۇقى-نىڭ غەربىي قىسمىغا (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمراد-

لىق قىلىپ كەلگىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك، دادامنىڭلا ئەمەس، خېلى كۆپ شەرقلىقلەرنىڭ نەزىرىدە رىمنىڭ نامى خېلى كەڭ بىر زېمىنغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

كىچىك ۋاقتىمدا دادام ماڭا: «رىم ناھايىتى چوڭ مەملىـ-كەت، بىزدە (ئەل تەۋرىسە رومغا پاتار، روم تەۋرىسە نەگە پا-تار؟) دېگەن تەمسىل بار، بۇ جاھان پۇقرالىرى رومغا پاتىدۇ، روم پۇقرالىرى جاھانغا پاتمايدۇ، دېگەن گەپ» دەپ رىمنى دۇن-يادىنمۇ چوڭ بىر ئەل سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە تارىخ پېنى بىلەن ئۇچراشقاندىن كې-يىن رىم شەھىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى بىر شەھەر، چوڭ بىر ئىمپېرىيە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ رىم ھەققىدە تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقىمۇ ئۇرۇ-نۇپ كۆردۇم. بىراق، «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دې-گەن تەمسىل مېنى قاچاندۇر بىر چاغدا رىمنى كۆرۈش ۋەسۋە-سىسىگە سېلىپلا تۇردى.

مانا بۇ ئىستەك بۈگۈنكى كۈندە، يەنى 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەچتە ئەمەلگە ئېشىۋاتاتتى.

بىز پىسا يانتۇ مۇنارىنى كۆرۈش ئۈچۈن 100 كىلومې-تىرچە يولنى ئارتۇق باسقاچقا، رىم شەھىرىگە يېتىپ كېلىد-غان ۋاقتىمىز پىلاندىكىدىن كۆپ كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتكەنى-دى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئالدىرىغان يولدا قاپتۇ» دېگەندەك، يول ئۈستىدە كۆرۈلگەن ئېغىر قاتناش ھادىسىسى يولىمىزنى تو-تۇغرا بىر سائەت توسۇپ قويدى.

تارىخ بەتلىرىدە شۇنداق قەيت قىلىنىدۇكى، مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە شەرقىي خەن تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىۋېتىلگەن ئېلىمىز ھونلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى غەربكە يۈرۈش قى-

لىۋېتىپ، مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەردە شەرقىي ياۋروپاغا يېتىپ بارغان ۋە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىمپېراتورى ئاتتىلا (406 ـــ 453) مىلادىيە 443 ـ يىلى ۋىزانتىيىنى ئىشغال قىلغان، ئارقىدىنلا 500 مىڭ هون ئاتلىقلىرىنى باشلاپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي رايونلىرىغا، يەنى رېيىن دەرياسىغىچە ئۇسۇپ كىرگەن. رىم پادىشاھى ۋالېنتىنىئان تەختتىكى ۋاقتىدا ئالىپ تاغلىرىددىن ئۆتۈپ، ئىتالىيىنىڭ شىمالىي ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالغان. بىراق، ئاتتىلا قوشۇنلىرى رىم شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا قىستاپ كەلگەندە رىم پاپاسى لېئو I ئۆز دىنداشلىرىنى باشلاپ ئاتتىلانىڭ ئالدىغا چىققان ۋە ئۇنى رىم مەدەنىيىتىنى نابۇت قىلماسلىق ئۈچۈن رىم شەھىرىگە كىرمەسلىككە دەۋەت قىلدغان. ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى ئاساسەن ئۆز ئىلكىگە ئالغان، رىم شەھىرىنىمۇ بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلالايدىغان ئاتتىلا پاپانىڭ دەۋىتى بىلەن ھۇجۇمىنى توختاتقان ۋە رىمنى ۋەيران قىلىپ، تەڭرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ، رىم بوسۇغىسىدىن لەشكەر چېكىندۈرگەن، رىم شەھىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى شۆھرىتى، رىم مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچى ئاتتىلا كەبى چوڭ ئىمپېراتورنىمۇ ئەيمەندۈرگەن.

كەچ سائەت 11 دە ئىگىزلىكتىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، مەن يۇقىرىقى تارىخنى ئەسكە ئالدىم ۋە ئاتتىلانى ئەيمەندۈرگەن رىم شەھىرىنىڭ چىراغلىرىنى تۈنجى بولۇپ كۆرگەچ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن سەپەرداشلىرىمغا رىمغا يېتىپ كەلگىنىمىزدىن خەۋەر بەردىم. رىمنىڭ شەرقىي شەھەر رايونىغا جايلاشقان PINETA مېھمانخانىسىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن ئېلىۋالغان «ياۋروپا» دېگەن كىتابنى

ۋاراقلاشقا تۇتۇندۇم.

رىم شەھىرى تىبېر دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئاغزىدىكى تۈزلەڭ رايونغا جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 200 كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 2 مىليون 901 مىڭ ئىكەن. تىبېر دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن ئورۇن ئالغان رىم رايونلىرى 24 چوڭ كۆۋرۈك بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىكەن. تۇنجى يەر ئاستى تۆمۈريولى 1955 ـ يىلى قۇرۇلۇپ قاتناش باشلانغانىكەن.

رىم شەھىرىنىڭ بىنا بولۇش تارىخى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىكەن:

زامانلارنىڭ بىرىدە، ترويە شەھىرى يۇنانلىقلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن ترويە شاھزادىسى ئىتالىيىگە قېچىپ كەپتۇ. مانا مۇشۇ شاھزادە رىملىقلارنىڭ ئەجدادى ئىكەن. پادىشاھلىق ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ ئايال پادىشاھ سىرۋىيە زامانىغا كەلگەندە سىرۋىيىنىڭ تاغىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى سېۋەتكە سېلىپ، تىبېر دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتۇ. دەريا دولقۇنى بۇ سېۋەتنى قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان باللار بىر ئانا بۆرىنىڭ ئېمىتىشى بىلەن چوڭ بوپتۇ ـ دە، شاھ ئانىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئاپتۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 753 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ باللار ئانا بۆرە ئېمىتىپ چوڭ قىلغان تىبېر دەرياسى ۋادىسىدا شەھەر بىنا قىلىپتۇ. باللارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى رومۇلوس بولغاچقا، رىم (روما) دېگەن نام شۇنىڭدىن قالغانىكەن. ھازىرقى رىم شەھىرىنىڭ شەھەر گېربىنىڭ بالا ئېمىتىۋاتقان بۆرە شەكلىدە بولۇشىمۇ مۇشۇ رىۋايەتتىن كەلگەنىكەن.

رىم شەھىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 30 ـ يىلدىن مىلادىيە 476 ـ يىلىغىچە داۋام ئەتكەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەن جايى ۋە پايتەختى بولغانىكەن. 1756 ـ يىلىدىن 1870 ـ يىلىغىچە رىم پاپالىقىنىڭ پايتەختى بوپتۇ. 1870 ـ يىلى ئىتالىيە پادىشاھلىقى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئىتالىيىگە پايتەخت بوپتۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن رىم شەھىرى ئۇزلۇكسىز كېڭىيىشكە باشلىغان ۋە ئەسلىدىكى كۆلىمىنىڭ 10 ھەسسىسىگىچە كېڭەيگەنىكەن. مۇسولىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە كونا رىمنىڭ 6.7 كىلومېتىر جەنۇبىغا يەنە بىر زامانىۋى شەھەر بەرپا قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك، رىم شەھىرى ھازىر كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. كونىشەھەر غايەت زور ئۇستى ئوچۇق مۇزېي بولۇپ، ئىمپېرىيە يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان قەدىمكى قۇرۇلۇشلاردىن ئىمپېرىيە ئاقساقاللار كېڭىشى، ئۇلۇغ چېركاۋ، قەيسەر چېركاۋى، زەپەر دەرۋازىسى قاتارلىقلار مۇشۇ يەرگە جايلاشقانىكەن.

يېڭىشەھەر ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق زامانىۋى شەھەر بولۇپ، ھەيۋەتلىك تەنتەربىيە سارىيى، موگۇ شەكىللىك مېھمانخانا. ئەمگەك ـ مەدەنىيەت سارىيى ۋە ۋاتىكانغا تەقلىد قىلىنغان پېتر ـ پاۋلو سارىيى قاتارلىقلار بار ئىكەن.

## 11. يىپەك يولى ۋە رىم

خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ مىڭ سۇلالىسىغىچە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن تارتىپ، تا مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلغۇچە بولغان ئۇزاق زامانلاردا جۇڭگو بىلەن ياۋروپانى، شەرق بىلەن غەربنى باغلاپ تۇرىدىغان بىردىن-

بىر يول مەشھۇر «يىپەك يولى» ئىدى. ئىلىمىزنىڭ چاڭئەن ـ ۋېيشۈي ئەتراپلىرىدىن باشلىنىدىغان بۇ يول مەيلى خېشى كارىدورى ــ قەشقەر ــ پامىر ــ پەرغانە ــ سەمەرقەنت لىنىيىسى بويىچە داۋام ئەتسۇن ياكى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەكەن ــ پامىر ــ ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئۆتسۇن ۋە ياكى شىمالىي يول ــ ئىلى ۋادىسى ئارقىلىق غەربكە ئاتلانسۇن، بۇ ئۈچ لىنىيە ھازىرقى تۈركمەنىستان تەۋەسىدە بىر ـ بىرىگە قوشۇلاتتى ـ دە، ھەمەدان، باغدات ئەتراپىغا يېتىپ باراتتى، ئاخىرىدا ئېفرات دەرياسىنى بويلاپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۇتىشاتتى. دېمەك، بۇ يول جۇڭگو بىلەن رىمنى، رىم بىلەن جۇڭگونى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دېڭىز يولى ئېچىلىپ، شەرق بىلەن غەرب ئارىسى سۇ يولى ئارقىلىق تۇتاشقاندىن كېيىن، بۇ يول گەرچە 1000 نەچچە يىللىق گۈللىنىش دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، كارۋانلارنىڭ ئاياغ ئىزى تامامەن ئۈچۈپ كەتمىگەنىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم شۈي گۇاڭچى (1562 ــ 1633) نىڭ رىماتتېيۇ دەيدىغان بىر ئىتالىيىلىك بىلەن ھەمكارلىشىپ قەدىمكى يونان ماتېماتىكى ئېۋكلىدنىڭ گېئومېترىيىگە ئائىت بىر پارچە كىتابىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى. دېمەك، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىمۇ ئىتالىيىلىكلەر جۇڭگوغا كېلىپ تۇرغان، جۇڭگو بىلەن ئىتالىيىنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇشى ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

قەدىمكى يىپەك يولى سودا يولى تەرىقىسىدە، جۇڭگو بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ

ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. جۇڭگو كارۋانلىرى جۇڭگونىڭ ئىپەك يىپەكلىرىنى، يىپەك توقۇلمىلىرىنى يول ئۈستىدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە، جۈملىدىن ئاخىرقى بېكەت ـــ رىم ئىمپېرىيىسىگە ئېلىپ باراتتى. «رىم بازىرىدا بىر سەر يىپەكنىڭ باھاسى بىر سەر ئالتۇنغا تەڭ ئىدى، جۇڭگو بازىرىدىكىدىن 200 ھەسسە قىممەتلەپ كېتەتتى. ھەر يىلى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ 5000 كىلوگرامدىن كۆپرەك ئالتۇنى ئەرەبلەرگە ۋە جۇڭگوغا ئېقىپ كېلەتتى» (ياڭ شىڭمىن، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» 220 ـ بەت). جۇڭگو كارۋانلىرى ۋە غەرب سودىگەرلىرى جۇڭگوغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، پارس دۇردۇنى، ئاق ماتا، قاشتېشى، دورا ـ دەرمەك، نۆشۈدۈر دېگەندەك تاۋارلارنى ئەكېلەتتى، بۇنداق ئالماشتۇرۇش غەرب بىلەن شەرق ئەللىرىگە بار ـ يوقنى تەڭ كۆرۈش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش پۇرسىتىنى بەرگەنىدى.

يىپەك يولى سودا يولى بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەت يولى، دىپلوماتىيە يولى ئىدى. ئېلىمىز سەيياھلىرى ۋە ئۆلىمالىرىدىن جاڭ چيەن (؟ ـ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 114 ـ يىلى) مۇشۇ يولدىن مېڭىپ پامىردىن ئۆتكەن ۋە پەرغانە، كانگىيە، ئارساك زېمىنىغا بارغان. بۇددا ئۆلىماسى تاڭ سىڭ يەنە مۇشۇ يولدىن مېڭىپ، ھىندىستانغا بارغان ۋە بۇددا مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇشتا چوڭ ئىشلارنى قىلغان. داڭلىق سەيياھ ماركو پولو (1214 ـــ 1324) 1271 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىتالىيىنىڭ ۋېنېتسىيە شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە سۈرۈلگەن ۋە 1275 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلگەن.

جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ، ئۆلىمالىرىنىڭ، دىپلوماتلىرى-

نىڭ غەربكە سەپەر قىلىشى ئالدى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ
غەربكە تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، غەرب ۋە جۇڭگو
كارۋانلىرى غەرب مەدەنىيىتىنى ئەكەلگەن. پامىرنىڭ غەربىدى-
كى بەزى جايلاردىن قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ئائىت ئار-
خېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ تېپىلىشى، ئاپتونوم رايون-
مىزدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مىڭئۆي رەسىملىرىدە قە-
دىمكى گرېك - رىم سەنئىتى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئەكس ئې-
تىشى مانا مۇشۇ ئالماشتۇرۇشلارنىڭ جانلىق پاكىتى.

خۇلاسە شۇكى، يىپەك يولىنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئىككى
قەدىمكى ئەل مىلادىيەدىن بۇرۇنلا بىر - بىرىگە باغلانغان. ئۆز-
ئارا ئۆگىنىپ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ئىككى قىتئە —
ئىككى بېكەت ئارىسىدىكى ئەللەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي روللارنى ئوينىغان.

## 12. ۋېنېتسىيە مەيدانىدىكى مۆجىزىلەر

شەھەر مەركىزىدىكى ۋېنېتسىيە مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
130 مېتىر، كەڭلىكى 75 مېتىر كېلىدىكەن. شەھەردىكى ئا-
ساسلىق غول كوچىلار مۇشۇ مەيداندىن باشلىنىدىكەن. ئەدەبى-
يات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك
ئىمارەتلەرنىڭ داڭلىقى بولغان ۋېنېتسىيە سارىيى مەيدانىنىڭ
سول تەرىپىگە، ۋېنېتسىيە سارىيىغا تەقلىدىي ياسالغان ۋېنېت-
سىيە ئىستراخوۋانىيە شىركىتى ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقانىكەن.
مەيدان مەركىزىدىكى ئاق مەرمەردىن قوپۇرۇلغان نامسىز قەھ-
رىمانلار خاتىرە مۇنارىسى 1885 — 1911 - يىللار ئارىسىدا
ئىتالىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكى ئۈچۈن قۇربان بول-
غانلار خاتىرىسىگە تىكلەنگەنىكەن. مەشھۇر ھايۋان سوقۇشتۇ-

رۇش مەيدانى مەيداننىڭ جەنۇبىدا ئىكەن. ۋېنېتسىيە مەيدانىدىن ھايۋان سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا تۇتىشىدىغان كەڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى ئۇستى ئوچۇق مۇزېي بولۇپ، ئۇ يەردە مىلادىيەدىن بۇرۇن بەرپا قىلىنغان بەزى قۇرۇلۇشلارنىڭ قېزىلمىلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەن ھازىرمۇ قېزىلىۋاتقان خارابىلەر ئارىسىدا يەر ئاستى ساپال تۇرۇبىلىق سۇ يوللىرىنىڭ بارلىقىنى، ئادەم قۇچىقى يەتمەيدىغان 10 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغانلىقىنى كۆرۈپ، قەدىمكى رىم ئاھالىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە قول قويدۇم. شۇنچىلىك توملۇقتىكى ۋە ئۇزۇنلۇقتىكى ئېغىر تۈۋرۈكلەرنى قانداق توشۇپ كەلگەنلىكى، قانداق تىكلىگەنلىكى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بىر سىر ئىكەن.

خارابىسى ئېچىلغان قەدىمكى ئىبادەتخانا يېنىدا قەدىمكى رىم مۇستەبىتى قەيسەرنىڭ مىس ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. قەدىمكى رىم سەركەردىسى، سىياسەتۋازى قەيسەر تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 ـ يىلى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 62 ـ يىلى چوڭ سودىيە بولغان. كېيىنكى يىلى ئىسپانىيىنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 59 ـ يىلى كونسۇل بولۇپ سايلانغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 58 ـ يىلى ۋالىي بولغاندا، ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ھازىرقى فرانسىيە، بېلگىيە زېمىنىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان. سەككىز يىل سەرپ قىلىپ يۇقىرىقى رايونلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ نېمىسلارغا، ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ برىتانىيىگە ھۇجۇم باشلىغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 45 ـ يىلى ئاقساقاللار كېڭەشى تەرىپىدىن ئۆمۈرلۈك مۇستەبىت دەپ ئېلان قىلىنغان.

قەيسەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 44 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، رىم سەركەردىلىرى بروتوس ۋە كاسسىئوسلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ ئۆلگەن. «قەيسەر» دېگەن نام كېيىنكى رىملىقلارنىڭ ۋە غەرب پادىشاھلىرىنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان نامغا ئايلانغان.

مۇستەبىت قەيسەر ھايات چېغىدا ياخشى ئىشمۇ، يامان ئىشمۇ قىلغان ھۆكۈمران. ئۇ ئۆلتۈرۈلۈپ نەچچە سائەت ئۆتمەيلا ئاقساقاللار كېڭەشىنىڭ زالىدا قەيسەرنىڭ ياخشى - يامانلىقى ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە بولۇپ ئۆتكەن. قەيسەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستى، سەركەردىسى قاتىل بروتوس قەيسەرنى نۇرغۇن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىگەن. قەيسەرنىڭ يەنە بىر دوستى، سەركەردە ماركوس ئانتونىئوس قەيسەرنىڭ پەزىلەتلىرىنى ماختىغان. بۇنداق مۇنازىرە 2000 يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي، رىم خەلقى ئۆز زامانىسىدا رىم ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن نۇرغۇن زېمىننى قولغا كەلتۈرگەن بۇ سەركەردىنى ئۇنتۇماي، ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ھەيكەل تىكلىگەن.

## 13. ھايۋان سوقۇشتۇرۇش مەيدانى

رىم شەھىرىنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك قەدىمكى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى بولغان ھايۋان سوقۇشتۇرۇش مەيدانى ۋېنېتسىيە مەيدانىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يەرلىك تىلدا «كولوسىئو» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ مەيدان مىلادىيە 80 - يىلى بىنا قىلىنغانىكەن. پادىشاھ تېتوسنىڭ ئېرۇسالېمنى بويسۇندۇرۇش خاتىرىسىگە بېغىشلانغان بۇ قۇرۇلۇشتا نەچچە ئون مىڭ يەھۇدىي تۇتقۇن بىرقانچە ئون يىل ھاشارغا سېلىنغانىكەن. تامامەن مەرمەر تاش بىلەن ياسالغان بۇ يۇمىلاق قۇرۇلۇشنىڭ

تاشقىرى تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 48 مېتىر، ئىچكى ئايلانمىسى 188 مېتىر كېلىدىكەن، 80 مىڭ تاماشىبىن سىغىدىكەن. كۆپ قەۋەتلىك پەلەمپەيسىمان ئورۇن ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ئورۇندىن تەشكىل تاپقان بۇ مەيدان قەدىمكى رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇللارنى يىرتقۇچ هايۋانلار بىلەن ئېلىشتۇرۇپ قا سېلىپ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ياسالغانىكەن. ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى رىمدا ئادەم بىلەن هايۋاننى سوقۇشتۇرىدىغان بۇنداق مەيدانلار خېلى كۆپ بولۇپ، كولوسسېئو بولسا شۇ مەيدانلارنىڭ ئەڭ چوڭى هېسابلىنىدىكەن.

بىز بۇ قۇرۇلۇشنى دەل چۈش مەزگىلىدە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن كۆرەرمەنلەر تولىمۇ كۆپ بولغاچقا، بىرەر يۈز مېتىرچە كېلىدىغان قاتارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن مەيدان ئىچىگە كىرىشكە مۇۋەپپەق

گىلادىئاتورلار مەيدانىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى



بولالىدۇق. مەيداننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىگە چىقىپ پەسكە نەزەر تاشلىغاندا، مەيداننىڭ ھايۋان، قۇل سولايدىغان كىچىك ئۆيلىرى مانا مەن دەپ ئاشكارا بولىدىكەن.

بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ سېلىنغىنىغا 2000 يىلچە بولغان بولسىمۇ، ھازىرمۇ يەنە ئۆز ئىسكەتى بىلەن تۇرۇپتۇ. دۇنيادا قەدىمكى قۇرۇلۇشلاردىن مىسىر ئەلئىھىرامى، بابىلون گۈلتەكچىسى قاتارلىقلار بار. ئېلىمىزدىمۇ سەددىچىن كەبى كاتتا قۇرۇلۇشلار ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇن بەرپا قىلىنغان چىن شىخۇاڭ لەشكەر - ئات ھەيكىلى كەبى نۇرغۇن مۆجىزىلەر بار. لېكىن، قۇلدارلارنىڭ قۇل بىلەن ھايۋاننى ئېلىشىشقا سېلىشتىن ئىبارەت ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئويۇن ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان بۇنداق قۇرۇلۇش دۇنيادا پەقەت رىمدىلا تېپىلسا كېرەك. بۇ قەدىمكى رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ قۇللارنى ھايۋان قاتارىدا كۆرگەنلىكىنى بۇگۈنكى ئادەملەرگە نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ.

## 14. كىيىنىشىمىز توغرىسىدا سۆز

بىر چەت ئەللىك مۇنداق دەپتىمىش: بۇرۇن بىز جۇڭگولۇقلارنى ئاسىيالىقلار ئارىسىدىن كىيگەن كىيىمى ئارقىلىق پەرقلەندۈرەتتۇق. ئۇ چاغدا جۇڭگولۇقلارنىڭ كىيىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇلار ياخشى، رەتلىك كىيىنىدىغان بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇلارنى ئايىغىغا قاراپ پەرقلەندۈرىدىغان بولدۇق. كېيىنچە ياخشى ئاياغ كىيىدىغان بولۇپ كېتىۋىدى، چېچىغا قاراپ پەرقلەندۈرىدىغان بولدۇق. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلارنى يەنە كىيىنىشىگە قاراپ تونۇۋالىدىغان بولدۇق. چۈنكى، ئۇلار مەيلى نەدە بولسۇن، كاستۇم - شىم كىيىپ قې-

تىپ يۈرىدۇ...

بۇ گەپنى كىم دېگەن بولسۇن، باش لىڭشىتىپ ماقۇللىماي ئامال يوق.

مەن «ياپونىيە: پادىشاھ سامۇرايلىرى قانداق ياشايدۇ» دېگەن ماقالەمدە ياپونىيىلىكلەرنىڭ كىيىنىشتە مەيدانىغا، سورۇنغا قاراپ ئىش تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالغاندىم. 100 يىلدىن بېرى، يەنى مېدزى ئىسلاھاتىدىن بېرى غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان، ئوبدانلا غەربلىشىپ قالغان ياپونلار بەلكى سورۇنغا قاراپ كىيىنىشنىمۇ غەربلىكلەردىن، ياۋروپالىقلاردىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك.

مەن ياپونىيىگە بارغان چېغىمدا بىر كۈنى دېسنىي باغچىسىغا ئۇرۇمچىدىن سېتىۋالغان بىرقۇر «ياگور» ماركىلىق ئېسىل كىيىممنى كىيىپ، ئايىغىمنى پارقىرىتىپ بارغانىدىم. ئۇ يەردە ئويناپ يۈرگەن ياپونلارمۇ، باشقا مىللەتلەرمۇ ساياھەت كىيىمى، ساياھەت ئايىغى كىيىۋالغانىكەن. مەن دىپلوماتلاردەك قېتىپ كىيىۋالغىنىمدىن بىراقلا ئىزا تارتىپ كەتكەنىدىم.

بىز ياۋروپادىكى سەككىز دۆلەتنىڭ ھەممىسىدە، 20 نەچچە شەھەردىكى قەدىمكى ئىزلاردا، دۇكانلاردا، كوچىلاردا ۋەتەندىن كەلگەنلەرنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتتۇق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ شارائىتىدىن ياۋروپاغا كېلىشكە مۇۋەپپەق بولغان بۇ ۋەتەنداشلارنى بىزمۇ كىيىنىشكە قاراپ تونۇۋالدۇق، ئۇلارمۇ بىزنى ئېھتىمال كىيىنىشىمىزگە قاراپ تونۇۋالغاندۇ. ئۇلار ۋە بىز ياپونلاردىن، كورىيىلىكلەردىن ۋە ئوتتۇرا شەرق تىپىدىكى، چىراي، ئالامەتلىرىگە ئىگە باشقا ئاسىيالىقلاردىن قېتى بۇزۇلمىغان ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق گالستۇكلارنى تاقاپ، خۇددى تويغا بارىدىغاندەكلا قېتىپ يۈرۈشلىرىمىزدىن ئالاھىدە

پەرقلىنىدىكەنمىز.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سالاھىيىتى بار ياۋروپا ئەرلىرىنىڭ ـ مۇ ئاران بىر ـ ئىككى قۇرلا كاستۇمى بولىدىكەن. ئۇلار بۇ كاستۇمنى مۇراسىملارغا، توي ـ تۆكۈنلەرگە، ھۆكۈمەت ئۇچ ـ رىشىشلىرىغا بارغاندىلا كىيىدىكەن. باشقا ۋاقىتلاردا ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ پىخسىقلىقى بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادچىللىقى ئىكەن. بەزىلەر ھەتتا بىر ئۆمرىدە پە ـ قەت بىرنەچچە قۇرلا كاستۇم سېتىۋالىدىكەن.

بىز بولساق، ھەدەپ كاستۇم سېتىۋالىدىكەنمىز، ئۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە كونىرىتىپ، يەنە ماگىزىنغا يۈگۈرىدىكەنمىز.

قارىغاندا، ياۋروپالىقلارنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى، يامان ئىللەت ـ لىرىنى شاكال قاتارىدا شاللىۋەتسەكمۇ، تەنقىد قىلساقمۇ، لېكىن ئاددىي، پاكىز كىيىنىش ئادەتلىرىنى ئۆگەنسەك بولغۇدەك.

گەپ كىيىم ـ كېچەك ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولغاندىكىن، بۇ يەردە ياۋروپالىقلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنىڭ ئاددىيلىقى، بىزدە بەزىلىرىمىزنىڭ ئىككى نان تېپىپلا بىرىدە داپ چېلىۋات ـ قىنىمىز، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى پوچىلىقىمىز، ئىسراپچىلىقىمىز ئۈستىدە كۆپ توختالمايمەن. بۇ ھەقتە ياپو ـ نىيە زىيارىتى توغرىسىدىكى ماقالەمدە خېلى كۆپ توختالغانىـ ـ دىم. بۇ ماۋزۇغا پەقەت قۇيرۇق سۇپىتىدە قىستۇرۇپ قويماق ـ چىمەنكى، بەزى پارىژلىقلار (ئەلۋەتتە كەمبەغەللەر ئەمەس) ھې ـ لىمۇ رەڭسىز تېلېۋىزور كۆرەرمىش، ئۇلار رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋېلىشنى ئارتۇقچە پۇل خەجلىگەنلىك دەپ قارارمىش. ياۋ ـ روپادا VCD تېخى دېھقان ئائىلىلىرىگە كىرگۈدەك ئەمەس، بەلكى ھاللىقلار ئائىلىسىگە كىرگۈدەك يەرگىمۇ يەتمەپتۇ. ئۇلار بۇرۇنقى سىنقويغۇمىز ھازىرمۇ ئىشلەپ تۇرغاندىكىن، ئۇ ـ

نى تاشلىۋېتىپ، VCD نى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېسابلارمىش. ياۋروپا ئون ـ سەن بازارلىرىدا VCD پلاستىنكىسىنىڭ كەم تېپىلىدىغانلىقى، باھاسىنىڭمۇ 300 يۈەن خەلق پۇلىغا توختايدىغانلىقى، ساپلا سىنقويغۇ لېنتىسى سېتىلىدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرسە كېرەك.

## 15. ئاجايىپ «ئىسپانىيە پەلەمپىيى»

ۋېنېتسىيە مەيدانىنىڭ شەرقىگە ئالاھازەل ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، «ئىسپانىيە پەلەمپىيى» رىم شەھىرىدىكى ئاجايىباتلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. بۇ، كەڭلىكى 100 تەخمىنەن 40 ــ 50 مېتىر كېلىدىغان، باسقۇچ سانى 100 دىن ئاشىدىغان بۇ پەلەمپەي بولۇپ، پەستىكى چوڭ كوچا بىلەن ئېگىزدىكى تېبېر دەرياسىنىڭ قىرغىقىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىكەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، زامانلارنىڭ بىرىدە خېلى كۆپ ئىسپانىيىلىكلەر رىمغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار كۆپەيىپ مەلۇم سانغا يەتكەندە، رىم دائىرىلىرىدىن ئۆزلىرىگە بىر ماكان كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىكەن. ئۇلارنىڭ تەلەپىنى ماقۇل كۆرگەن رىم ھۆكۈمىتى مانا مۇشۇ پەلەمپەي رايونىنى ئىسپانلار ئۈچۈن ئايرىپ بەرگەنمىش. كېيىنچە، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بۇ يەرگە پەلەمپەي سېلىنغانىكەن. بۇ پەلەمپەيمۇ جايلاشقان ئورنىغا قاراپ «ئىسپانىيە پەلەمپىيى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ھازىر بۇ پەلەمپەي يۇقىرىغا ئۆرلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئارامگاھىغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. رىمدا تۇرغان كۈنلەردە 10 ـ ئاينىڭ

10 ـ، 11 ـ ۋە 12 ـ كۈنلىرى بۇ پەلەمپەيگە يېقىن يەردىكى ئاسارئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. تاماق يەيدىغان جۇڭگوچە رېستورانمۇ مۇشۇ پەلەمپەيگە يېقىن بىر يەردە ئىدى. مەيلى ئەتىگەندە، چۈشتە ياكى كەچقۇرۇندا بۇ يەردىن ئۆتكەندە يۈزلەپ كىشىلەرنىڭ بۇ پەلەمپەيدە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋاتقىنىنى، تاماكا چېكىشكەچ پاراڭلىشىۋاتقىنىنى ياكى مۇھەببەتلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇردۇق. 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەن ۋە ئىككى نەپەر ھەمراھىم بازار ئايلىنىپ ھېرىپ كەتكەچ، بۇ پەلەمپەيدە ئىككى سائەتچە ئولتۇردۇق. شۇنچە كۆزەتكەن بولساقمۇ، پەلەمپەيدە ئەتىدىن كەچكىچە ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ بۇ يەردە نېمىدەپ ئولتۇرۇۋاتقىنىنى، ئۇنىڭدا نېمە سەۋەبنىڭ بارلىقىنى زادىلا بىلەلمىدۇق.

## 16. ئىتالىيانلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى

ئىتالىيە ياۋروپادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەل، تارىخى ئۇزۇن، سەنئىتى كامالەتكە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ بىرلىككە كەلگەن ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان (مىلادىيە 1870 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىرلىككە كەلگەن) دۆلەت بولغاچقا، جاي ـ جايلاردا ياشايدىغان ئىتالىيانلارنىڭ جىمى ئىتالىيانلارغا ئورتاق بولغان ئۆرپ ـ ئادىتىدىن باشقا، يەنە ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ بار ئىكەن.

ئىتالىيە ھەققىدە ئىزدەنگىنىمدە شۇنى بايقىدىمكى، ئىتالىيانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىسمى ئىسىم ۋە فامىلىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدىكەن. ئادەتتە ئىسمىنى ئالدىغا، فامىلىسىنى كەينىگە قويىدىكەن. ئىسىم شۇ كىشىنىڭ



ئىسپانىيە پەلەمپىيىدە كۈن ـ كۈنلەپ ئولتۇرىدىغانلار

ئېتى بولۇپ، فامىلىسى جەمەت نامىدىن ئىبارەت بولىدىكەن. بۇنداق فامىلە كۆپىنچە ھاللاردا دادىسىنىڭ ئىسمى، بەزىدە يەر نامى، تۇغۇلغان شەھەر نامى ۋە بەزىدە شۇ كىشىنىڭ لەقىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. مەسىلەن، بىزدىكى «زاھىر بۇرھان»، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «ئەخمەتشاھ قاراقاشى»، «سادىر پالۋان» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىرىنچى شەكىلدە ئۆز ئىسمى ئالدىغا، ئاتا ئىسمى كەينىگە قويۇلغان. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى شەكىللەردە، ئۆز ئىسمى ئالدىغا، تۇغۇلغان يۇرت، شەھەر نامى كەينىگە قويۇلغان. ئەڭ ئاخىرقى شەكىلدە بولسا ئۆز ئىسمى ئالدىغا، لەقىمى كەينىگە قويۇلغان. بۇ ئىتالىيانلارنىڭ ئىسىم - فامىلە قوللىنىش ئادىتىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىتالىيانلاردا يەنە ئادەملەرنى رەتكە تىزىشقا توغرا كەلگەندە، بىزدىكىگە ئوخشاش ئىسمىدىكى بىرىنچى ھەرپنىڭ ھەرپ

جەدۋىلىدىكى تۇتقان ئورنىغا قاراپ تىزىدىكەن.

ئىتالىيانلار هاراق ئىچىشكە ئامراق بىر مىللەت بولۇپ، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ هەممىسى هاراق ئىچەلەيدىكەن. ئىتالىيىنىڭ ئۈزۈم مەهسۇلاتى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرغاچقا، هاراقمۇ كۆپ ئىشلەپ چىقىرىلىدىكەن، بولۇپمۇ ئىتالىيە ۋىنولىرى دۇنياغا داڭلىق ئىكەن. كەلگەن مېهماننى هاراق تۇتۇپ قارشى ئالىدىكەن، هەتتا قەهۋە ئىچىسىمۇ ئازراق ئۈزۈم هارىقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىدىكەن، بىراق، ئىتالىيانلار مەست بولغۇچە هاراق ئىچمەيدىكەن. سورۇنلاردا هاراق زورلىمايدىكەن. هەركىم ئۆز هالىغا، كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا قاراپ ئىچىدىكەن.

ئادەتتە، ئايالى ئۆي ئىشىنى قىلمىسا ياكى قىلىشنى خالىمىسا، ئەر تەرەپ نىكاهدىن ئاجرىشىش تەلىپىنى قويسا بولىدىكەن.

## 17. غەربلىكلەرنىڭ غىزالىنىش ئادىتى

ساقلىق ـ سالامەتلىكنى ئاسراش، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسان هەر خىل يېمەكلىكلەردىن، ئىچىملىكلەردىن ئوزۇقلۇق ئېلىشقا مەجبۇردۇر. بۇنداق ئوزۇقلۇق ئاقسىل (ئۆسۈملۈك ئاقسىلى ۋە هايۋانات ئاقسىلى)، كاربون ـ سۇ بىرىكمىلىرى، ماي، نئورگانىك تۇز (مىنېرال ماددا)، ۋىتامىن، يىرىك تالا ۋە سۇدىن ئىبارەت يەتتە تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان هاياتىدا بۇ يەتتە تەركىبنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، شۇنداقلا بىرىنىڭ ئورنىنى يەنە بىرى باسالمايدۇ. تەڭپۇڭلۇق سالامەتلىك دېمەكتۇر، تەڭپۇڭسىزلىق ئىنساننى كېسەلگە، كېسەلدىنمۇ ئېغىرراق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

بايقىشىمىزچە، غەربلىكلەرنىڭ ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبىنى تەڭشەشتە داۋام قىلىۋاتقان ئادەتلىرى نىسبەتەن ئىلمىي ئىكەن. ئوزۇقلىنىش تەرتىپىمۇ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىكەن.

1. نامرات رايوندىكىلەرگە ئوخشاش، بىر بولسا ئۆسۈملۈك ئاقسىلىغا، بىر بولسا هايۋانات ئاقسىلىغا تايىنىپلا هايات كە-چۈرۈشتىن خالىي بولۇپ، ئۆسۈملۈك ئاقسىلى بىلەن هايۋانات ئاقسىلىنى تەڭ قوبۇل قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىكەن، يە-نى بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، دادۇر قاتارلىق ئۆسۈملۈك ئاقسى-لىنىمۇ، گۆش، ماي، سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت هايۋانات ئاقسىلىنىمۇ تەڭ قوبۇل قىلىدىكەن.

2. غەربلىكلەر هەر ۋاخلىق تاماقتا بولكىدىن ئىبارەت ئۇن تاماقتىن ئايرىلالمايدىكەن، هەتتا چالا تاسقالغان ئۇن بولكىلىرىنى، قارا بولكىلارنى يەۋېرىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ۋىتا-مىن B، بولۇپمۇ ۋىتامىن $B_1$ نىڭ بۇغداي كېپىكىدە كۆپ بو-لىدىغانلىقىنى، ئۇن قايتا - قايتا تاسقىلىپ كېپىكى ئايرىۋې-تىلسە، غىزادىن ۋىتامىن B نى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى، ۋىتامىن B نىڭ، بولۇپمۇ ۋىتامىن $B_1$ نىڭ يېتىشمەسلىكى هەر خىل تېرە تەمرەتكە، قىچىشقاق، پۇت تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

3. غەربلىكلەر هەر ۋاخلىق تاماقتىن ئىلگىرى سالات دې-يىلىدىغان، خام كۆكتات ۋە سالات مەلھەمىدىن تەركىب تاپىدى-غان بىر خىل يېمەكلىكنى يەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ پاكىز يۇ-يۇلغان خام كۆكتات يېيىش بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ۋىتامىن قو-بۇل قىلىشتىكى بىر خىل ئەپچىل چارىسى ئىكەن. ئوزۇقلۇق-

شۇناسلارنىڭ بېشارەت بېرىشىچە، قورۇش، دۇملەش، پىشۇرۇش
جەريانىدا بەزى كۆكتاتلارنىڭ تەركىبىدىكى ۋىتامىنلار تۆۋەنلەپ
كېتىدىكەن، ھاتتا يوقىلىدىكەن. كۆكتات تەركىبىدىكى باشقا
ئوزۇقلۇق تەركىبلەر ــ ئاز مىقداردىكى ئېلېمېنتلار ۋە باشقا
كېرەكلىك تەركىبلەر پىشۇرۇش جەريانىدا زىيانغا ئۇچرايدىكەن.

4. غەربلىكلەر گۆش يېگەندە كالا گۆشى يېيىشنى ئاساس
قىلىدىكەن، چوشقا، توخۇ گۆشىنى ۋە باشقا سۇ مەھسۇلاتلىرى-
نى يېيىشنى قوشۇمچە قىلىدىكەن. كۆپچىلىككە مەلۇم، كالا
گۆشىدىكى ئاقسىل تەركىبى قوي گۆشىدىكىدىنمۇ يۇقىرى بو-
لۇپ، ئۇ ئىنسان بەدىنىگە زۆرۈر بولغان ھايۋانات ئاقسىلىنىڭ
مۇھىم مەنبەسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گوللاندىيە، فرانسىيە، ئەنگ-
لىيىلەر سۈت كالىلىرى ۋە گۆش كالىلىرى يېتىشتۈرۈلىدىغان
دۆلەتلەر، بۇ دۆلەتلەردە يېتىشتۈرۈلگەن كالا گۆشى پاقلان گۆ-
شىدەك يۇمشاق ۋە تەملىك پىشىدىكەن، ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ
يۇقىرى بولىدىكەن.

زىيارەت داۋامىدا، بىز ھەر كۈنلۈك ئەتىگەنلىك تاماقنى
ئۆزىمىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ رېستورانىدا غەرب ئادىتى بو-
يىچە يېگەندىن تاشقىرى، چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقنى جۇڭ-
گوچە، يەنى خەنزۇچە رېستورانلاردا يېيىشكە توغرا كەلدى.
بۇنداق رېستورانلاردا ھەر خىل گۆشلەر ئىشلىتىلىدىغىنى ئۈ-
چۈن تاماق يېيىش مەن ئۈچۈن چوڭ بىر مەسىلىگە ئايلاندى.
ئەمما، ئۆمەك رەھبەرلىرى ۋە يول باشلىغۇچىلار ماڭا يېقىندىن
غەمخورلۇق قىلىپ، ھەر ۋاخلىق تاماقتا بىر تەخسە پىياز بىلەن
قورۇلغان كالا گۆشى قورۇمىسىنى تەييارلىتىپ بەردى. شۇنداق
قىلىپ 20 نەچچە كۈننىڭ ھەممىسىدە كالا گۆشى بىلەن گۆ-
رۈچ ئېشى يەپ چىقتىم. بىز بۇ يەردە كالا گۆشى سوغۇق، يەل

كېلىدۇ دەپ مۇنەججىملىك قىلىپ ئۇنى يېمەيمىز ياكى ئاز يەيمىز، كالا گۆشىنىڭ باھاسى قوي گۆشىدىن ئەرزان. ئەمما، مەن 20 نەچچە كۈن كالا گۆشى يېگەن بولساممۇ، سوغۇقۇم ئېشىپ، يېلىم تېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىم. بىرەر يىل بۇرۇن ئەنگلىيە كالىلىرىدا ئادەم ۋە ھايۋان ئورتاق گىرىپتار بولىۋېرىدىغان «ساراڭ كالا» كېسىلىنىڭ كۆرۈلگەنلىكىدىن، فرانسىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيە كالا گۆشىنى ئىمپورت قىلىشتىن باش تارتقانلىقىدىن ۋە 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتتىكى گۆش كالىلىرىنىڭ راك كېسىلىگە ئېلىپ بارغۇچى بىر خىل زەھەرلىك ماددا بىلەن زەھەرلەنگەنلىكىدىن خەۋىرىم بولسىمۇ، لېكىن خەۋپ - خەتەرنى تەقدىرنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ كالا گۆشىنى يەۋەردىم، ئۆزۈمدە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىمۇ سەزمىدىم. قارىغاندا، كالا گۆشىگە بولغان كۆزقارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشكە، يۇقىرى ئاقسىللىق بۇنداق گۆشنى ئىستېمال قىلىشنى ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

5. غەربلىكلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشىدا سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن. ھەر ۋاخلىق تاماقتا، بولۇپمۇ ئەتىگەنلىك چايدا سۇتلۇك قەھۋە ئىچىش، قېتىق، سېرىقماي ئىستېمال قىلىش، ئىستېمال قىلغاندىمۇ كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش غەربلىكلەرنىڭ ئادىتى ئىكەن. ئۇلاردىكى قېتىق بىزدىكى قېتىققا ئوپئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇششاق ئۈۋاپ تەييارلانغان بولكا ئۇۋۇقىنى سېلىپ، ئۇماچ قىلىپ ئىچىدىغان گەپ ئىكەن. رېستورانلاردىكى سېرىقمايىنىڭ ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ھېچقانداق غەيرىي پۇراق بولمايدىكەن. بىر تال چاقماق قەنت چوڭلۇقىدا ئوراپ قاچىلىنىپ، ئىسراپچىلىقنىڭ

ئالدى ئېلىنىدىكەن.

6. غەربلىكلەر ھەر ۋاخ تاماقتىن كېيىن كۆپ مىقداردا مېۋە - چېۋە ئىستېمال قىلىدىكەن، بىزنىڭ مېۋىنى تاماقتىن بۇرۇن يەيدىغان ئادىتىمىزنىڭ دەل ئەكسى ئىكەن. يېيىلىدىغان مېۋىلەر ئاپېلسىن، بانان، ئالما، ھۆل ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز ۋە بىزدە بولمىغان بەزى مېۋىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ۋىتامىن ۋە ئاز مىقداردىكى ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسلىق يولى ئىكەن.

رېستورانلاردا يەنە سىقىپ تەييارلانغان ساپ مېۋە شەربىتى ۋە نەق مەيداندا مېۋە سىقىدىغان ماشىنىلار بولىدىكەن. مېھمانلار سىقىپ تەييارلانغان مېۋە شەربىتىنى ئىچسىمۇ، مېۋىنى ئۆزى سىقىپ ئىچسىمۇ بولىۋېرىدىكەن.

يۇقىرىقىلار غەربلىكلەرنىڭ غىزالىنىش تەرتىپى ۋە ئادىتى. ئۇلارنىڭ گېئوگرافىك جايلىشىش ئورنى، ئىرقىي ئالاھىدىلىكى، ئەنئەنىۋى ئادىتى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يېتىلدۇرگەن بۇنداق غىزالىنىش ئادىتى ئەلۋەتتە غەربلىكلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بىر ئادەت. گەرچە، ھەر مىللەتنىڭ، ھەر ئىرقنىڭ ئۆزىگە خاس ئوزۇقلىنىش ئادىتى ۋە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى بولسىمۇ، بۇنداق ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىلەرنىڭ ياخشى ئادەت ۋە ساغلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارمۇ بىزدىن ئۆگەنسە، بىزمۇ ئۇلاردىن ئۆگەنسەك بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، غەربلىكلەر ئوزۇقلىنىش تەرتىپىنىڭ ئىلمىيلىكى، بۇزۇپ - چاچمايدىغانلىقى، غىزالىنىشتا ۋاقىتنى تېجەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغانلىقى بىلەن بىزدىن خېلى پەرقلىنىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئۇلار قانچىلىك يېيەلىسە، شۇنچىلىك سېتىۋالىدىكەن، ئاشۇرۇپ قويمايدىكەن. تاماقخانىدا، رېستوراندا ئۈنلۈك ئاۋازدا پاراڭ سالمايدىكەن، كېكىرمەيدىكەن، بۇرنىنى تاشلاش، تۈكۈ-رۈشتەك سەت قىلىقلارنى قىلمايدىكەن، قاچا ـ قۇچىلارنى، قوشۇق ـ ۋىلكىلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ غەلىتە ئاۋاز چىقارمايدىكەن. مۇلازىمەتچىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىدىكەن، جېدەل ـ ماجىرا قىلمايدىكەن. باشقىلار بىلەن ئورۇن تالاشمايدىكەن، ھەر ئىشتا نۆۋەت ساقلايدىكەن. بىراق، غەربلىكلەرنىڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ بىرنەرسە يېيىشلىرى ماڭا ئانچە يېقىپ كەتمىدى. غەربلىكلەردىن 100 يىل ئۆگەنگەن ياپونلار قارىغاندا غەربلىكلەرنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆگىنەلمىگەن ئوخشايدۇ.

## 18. ياۋروپادا ئىشسىزلىق

ماركسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغاندا، كاپىتالىزم تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈم. زاۋاللىققا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىدە ئەزەلدىن مەۋ-جۇت بولۇۋاتقان، كاپىتالىزم شارائىتىدا كېلىشتۈرگىلى ۋە يەڭگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر شۇنچە روشەن ئاشكارىلىنىدۇ، ئۆتكۈرلىشىدۇ. بۇنداق زىددىيەتلەرنىڭ كۆنسايىن كۆپىيىشى ۋە ئاشكارىلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىدۇ.

غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزم بىلەن تەڭ پەيدا بولغان، كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىشسىزلىق، نامراتلىق ھادىسىسى ھازىر ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان، ئەمما ھەل قىلىنمايۋاتقان بىر كونا تارىخىي مەسىلە ئىكەن.

بىز ئامستېردام، بريۇسسېل كوچىلىرىدا ئىنتايىن ناچار

كىيىنگەن، چىرايىدىن غەم ـ غۇسسە تۆكۈلۈپ تۇرغان تىلەمچىلەرنى ئۇچراتتۇق، فرانسىيە، ئىتالىيىنىڭ بەزى شەھەرلىرىدە بالا كۆتۈرۈۋالغان ئايال سەرگەردانلارنى كۆردۇق. ئىتالىيىنىڭ تەبىئىي شارائىتى نىسبەتەن ناچار ۋە دېھانچىلىق دارامىتى تۆۋەن بولغان جەنۇبىي قىسمىدىن نۇرغۇن ئىشلەمچىلەرنىڭ شىمالغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنى قامداش ئۇچۇن ھەر خىل ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. فرانسىيىنىڭ «بايلار شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان نىسپ شەھىرىدە كېتىۋېتىپ، 20 ياشلاردىكى بىر يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر قۇرۇق قەغەز قۇتىنى قويۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بىراق، بەزى يەرلىك كىشىلەر، ياۋروپانى پۈتۈن ئاھالىنى سىغدۇرالايدىغان «جەننەت» دەپ قارايدىغان ئايرىم ئادەملەر بۇنداق ئاۋارە كىشىلەرنى «چەت ئەلدىن كەلگەنلەر» دەپ چۈشەندۈردى. ماقۇل، ئۇلارنى چەت ئەلدىن كەلگەن دەيمۇ تۇرايلى، ئەمما ئىشسىزلىق نىسبىتى 12.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان، ئىشسىزلىق مەسىلىسى يەتتە دۆلەت گۇرۇھى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان فرانسىيىدە ئىشسىزلار، باشقىلارنىڭ قولىغا قارايدىغان نامراتلار يوقمۇ؟

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئىشسىزلىق ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. 1995 ـ يىلى، ئىشسىزلارنىڭ سانى بۇ ئەلدە 2 مىليون 726 مىڭغا يەتكەن، ئىشسىزلىق نىسبىتى 13.6 پىرسەنت بولغان، ھەتتا ئىشسىزلار قوشۇندىكى ئاياللارنىڭ نىسبىتى 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئومۇمىي ئىشسىزلار سانى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ئىشسىزلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئابلىمىتىنىڭ ئېيتىشىچە، پارىژ شەھىرىدىلا 500 مىڭ مۇساپىر بارمىش. بۇ 500 مىڭ مۇساپىر ئىچىدە فرانسىيە دۆ-لەت تەۋەلىكىدىكى مۇساپىرلارنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ بىر قىسمى فرانسىيىدىكى 12.4 پىرسەنتلىك ئىشسىزلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

يەنە ئاڭلىشىمىزچە، غەرب ئەللىرىدە ئىشسىزلارغا نەپىقە بېرىش، تۇرالغۇ ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىكەن. 1997 - يىلى ياپونىيىدە زىيارەتتە بولغان چېغىمىزدىمۇ ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشسىزلارنى تۇرالغۇ ئۆي بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، ئۇلار تېگىشلىك ئىش ۋە كىرىمگە ئىگە بولغان ھامان تۇرالغۇنى قايتۇرۇۋېلىپ، نەپىقىنى توختى-تىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. قارىغاندا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىشسىزلارغا نەپىقە بېرىش ئۇسۇلىمۇ يا-پونىيىنىڭكىگە ئوخشاپ كەتسە كېرەك.

ئەمما، ئىشسىزلارغا ئىش تېپىۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتا قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تۇرالغۇ جاي، نەپىقە بې-رىلدى دېگەندىمۇ بۇنداق نەپىقە تالادا قالماسلىق، يالىڭاچ قال-ماسلىق، ئاچ قالماسلىقتىن ئىبارەت «ئۈچ قالماسلىق» نى ئۆل-چەم قىلىدۇ. يۇقىرى ئىستېمال يولغا قويۇلغان جەمئىيەتتە، ئىشسىزلار يۇقىرىقى ئۈچ تەرەپتىن كاپالەتكە ئىگە بولدى دې-گەندىمۇ، ئۇلار يەنە باشقىلارغا ئوخشاش ياخشى ياشىشى، پەر-زەنتلىرىنى تەربىيىگە ئىگە قىلىشى، داۋالىنىشى، ياشانغاندا بېقىلىش ئىستراخوۋانىيە ھەققىنى تۆلىشى كېرەك. ئۇلارغا يە-نىلا مۇقىم، يۇقىرى ھەق ئالىدىغان خىزمەت كېرەك.

تاجىك يازغۇچىسى سەدرىدىن ئەينى قايسىبىر رومانىدا: «موھتاجلىق ئادەمگە ھەممە ئىشنى قىلدۇرىدۇ» دەپ يازغىنى

يادىمدا. ئىشسىزلىق ئۆز مەنىسى بىلەن موھتاجلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. موھتاجلىق ئادەمگە ھەممە ئىشنى قىلدۇرىدۇ. يول باشلىغۇچىنىڭ: «بىرەر نەرسەڭلەرنى يوقىتىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، پالانى يەردە ئوغرى بار، پالانى يەردە بۇلاڭچى بار، پالانى كوچى مۇنداق بىر دېلو يۈز بەرگەن» دەپ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن قارىغاندا، ياۋروپا شەھەرلىرىدە جەمئىيەت ئامانلىقىغا مۇخالىپ كېلىدىغان دېلولار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق دېلولارنى تۇغدۇرغۇچىلار ئارىسىدا ئىشسىزلار يوق دەپ كىم كېسىپ ئېيتالايدۇ؟

كىتابىمىنىڭ مۇشۇ قۇرلىرىنى ئوقۇۋاتقان بەزى ئوقۇرمەنلەر بەلكى: «ئىشسىزلىق سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىمۇ مەۋجۇتقۇ» دېيىشى مۇمكىن. دۇرۇس، ئىشسىزلىق سوتسىيالىستىك ئەللەردىمۇ مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەمەلىي مەسىلە. بىراق، بۇ ئىككى تۈزۈم شارائىتىدا پەيدا بولغان ئىشسىزلىقنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدىكى ئىشسىزلىق ۋە ئىشسىزلىق ئارقىسىدا پەيدا بولغان نامراتلىق كەسكىن زىددىيەت تۈسىنى ئالغان، كاپىتالىزم تۈزۈمى بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا قادىر ئەمەس. سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا پەيدا بولغان ئىشسىزلىق بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن پەيدا بولغان ۋاقىتلىق ھادىسە بولۇپ، زىددىيەت خاراكتېرىنى ئالمىغان. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ئارقىلىق، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان مەيداندا تۇرۇپ، بۇنداق ئىشسىزلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ ۋە بىر مەزگىللىك تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ.

## 19. ئاخىرقى كۈندىكى ئوڭايسىزلىق

جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ رىم ئايروپورتىدىن بېيـ-
جىڭغا قاراپ ئۇچىدىغان كېچىلىك ئايروپىلانىغا ئولتۇرىدىغىنىد-
مىز ئۈچۈن، زىيارىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بىزگە ئىخ-
تىيارىي ھەرىكەت قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بېرىلدى. ئۆمىكد-
مىزدىكىلەر ئۈچتىن - تۆتتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئادەم مە-
غىلداپ تۇرىدىغان كوچىلاردا، ماگىزىنلاردا قاتراشقا باشلىدۇق.
بەلگىلىمە بويىچە، شۇ يەر ۋاقتى بىلەن چۈشتىن كېيىن
سائەت 4 تە ئاندىن ئايروپورتقا قاراپ يول ئالاتتۇق. ۋاقىت بەك
ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. يانچۇقلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇق-
دىلىنىپ قالغاچقا، ماگىزىن ئارىلاشقىمۇ تاۋىمىز بارمايۋاتاتتى.
تولا قاتراۋېرىپ، ماغدۇرىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.
بىز ئارام ئالماقچى، ئىلكىمىزدە قالغان ئىككى سائەتلىك
ۋاقىتنى بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ئىسپانىيە پە-
لەمپىيىگە باردۇق. بىللە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئۈچەيلەنگە ئۇ
يەردىنمۇ ئورۇن چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ماگىزىنمۇ ياكى
رېستورانمۇ، ئىشقىلىپ ئوچۇق تۇرغان بىر دەرۋازىدىن كىرىپ
كەتتۇق. قارىساق، دەرۋازىنىڭ ئىچىدە كەڭتاشا، گۈل - گى-
ياھلىق بىر هويلا بار ئىكەن. هويلىنىڭ ئەتراپى ئېگىز بىنا
بولۇپ، بۇ بىنالارنىڭ تۆۋەن قەۋىتى كىيىم - كېچەك ماگى-
زىنلىرى ئىكەن.
بىز كىرگەن پېتى هويلىنىڭ چېتىدىكى بىكار تۇرغان ئو-
رۇندۇقتىن ئورۇن ئالدۇق ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان ئوبدان بىر
جاي تېپىۋالغىنىمىز ئۈچۈن ئىچىمىزدە خۇشال بولۇشتۇق.
بىكارچىلىقتا، ئائىلەمدىكىلەرگە تېلېفون قىلىش يادىمغا

يېتىپ قالدى. ئۇ چاغدا ئۇرۇمچى ۋاقتى كەچ سائەت 8 گە يې-
قىنلاشقان، ئۆيدىكىلەرمۇ جەم بولغان پەيت ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تېلېفونۇم ئۇلاندى، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىرمۇبىر پاراڭغا چۈشۈپ كەتتىم. باشتا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سۆزلىگەن بولسام، كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلىنىڭ ئوتتۇ-رىسىغىچە بېرىپتىمەن. سۆزلىگەنسېرى، نەدە تۇرۇۋاتقىنىمنى يادىمدىن چىقىرىپ، ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپتىمەن، ئۆيدىكىلەر ئاۋا-زىمنى ئاڭلىماي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن بىزدىكى ئا-دەت بويىچە ۋارقىراپ سۆزلەپتىمەن.

قانچە مىنۇت سۆزلەشتىمكىن، بىر چاغلاردا تېلېفونۇمنى ئۆچۈرۈپ، ئەتراپىمغا قارىۋىدىم، بايامىلا بوش تۇرغان ھويلا ئەمە-دى ئادەمگە توشۇپ كېتىپتۇ. بەزىلەر ئىشىكتىن، دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ مەن تەرەپكە قاراۋېتىپتۇ.

دەسلەپتە، بىرەر يېرىم ئوچۇق قالدىمىكىن دېگەن گۇماندا ئۇستۇېشىمغا قاراپ چىقتىم، يانچۇقۇمدىن قەغەز چىقىرىپ يۈز - كۆزۈمنىمۇ سۈرتۈپ باقتىم. تېخى بايىلا پۈتكۈل ھويلى-نى بېشىمغا كىيگۈدەك بولۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلى-گىنىم بىردىنلا يادىمغا كەلدى ۋە ئوڭايسىزلىنىپ بىر قىسما بولۇپ كەتتىم. يۈزۈمنىڭ قىزارغانلىقى ئۆزۈمگە ئا-يان بولدى.

ئېنىقكى، چوڭ سورۇنلاردا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەش-نىڭ مەدەنىيەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، تېلېفون قىلغاندىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يادىمدىن چىقارغانىدىم. دەرۋەقە، مېنىڭ بۇ قىلغىنىم مەدە-نىيەتلىك رىملىقلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى بىر ئىش ئىدى.

# شەهردۆڵتی - ڤاتیکان



# ۋاتىكان بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

**دۆلەت نامى: ۋاتىكان شەھەر دۆلىتى**
**يەر مەيدانى: 0.44 كۋادرات كىلومېتىر**
**نوپۇسى: 1380**
**پايتەختى: ۋاتىكان شەھىرى**

**تەبىئىي جۇغراپىيىسى:** ۋاتىكان ئىتالىيە پايتەختى رىم شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتە جايلاشقان، «دۆلەت ئىچىدىكى، دۆلەت» دېگەن نامى بار. پاپا سارىيى مۇزېيى، سان پېتىر چوڭ چېركاۋى، سان پېتىر مەيدانى، گۈللۈك ۋە ئىشخانا بىناسىدىن تەركىب تاپقان. ۋاتىكاننىڭ يەنە ئىتالىيىنىڭ باشقا يەرلىرى ۋە باشقا ئەللەردە نۇرغۇن ئالاھىدە كۆچمەس مۈلكى بار، پاپانىڭ يازلىق ئوردىسىمۇ رىم شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 25 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە سېلىنغان.

ۋاتىكان ئىتالىيە زېمىنى ئىچىدىكى بىر ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت، پاپانىڭ تۇرۇشلۇق جايى كاتولىك دىنىنىڭ دۇنياۋى مەركىزى. بۇ دىنىي پادىشاھلىق ئىچىدە ناھايىتى چوڭ دىنىي بيۇروكراتلىق ئورگانلىرى بار، يەنى پاپا ۋاتىكاننىڭ دۆلەت باشلىقى، ئۇ قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت، ئەدلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ھوقۇقنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن. ھوقۇقى، ئابرۇيى تەڭداشسىز. ئۇ پاپا كومىتېتى ئارقىلىق قانۇن چىقىرىدۇ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، مەھكىمە شەرئى ئارقىلىق ئەدلىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ۋاتىكاننىڭ بىر دۆلەت كاتىبات باشقارمىسى بار، بۇ باشقارما پاپا تاپشۇرغان بارلىق ئىشلارنى بېجىرىدۇ. چەت ئەللەر بىلەن

ئالاقە باغلايدۇ، ھازىر چەت ئەللەرنىڭ ۋاتىكاندا تۇرۇشلۇق ئەلچە-لەر ئۆمىكىلا 105 كە يېتىدۇ. بۇ ئۆمەكلەر ئادەتتە رىمدا تۇرىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئەھۋالى:** ۋاتىكاندا دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس سانى 684، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاتىكان دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە بوپۇس 358، پەقەت ۋاتىكاندا ئىشلەيدىغانلارلا ۋاتىكان پۇقراسى ھېساب-لىنىدۇ، ۋاتىكاندىكى خىزمىتىدىن ئايرىلغان ھامان ۋاتىكان دۆ-لەت تەۋەلىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ۋاتىكاننىڭ ئۆزىگە تەۋە بانكىسى، تېلېفون سىستېمىسى، پوچتا سىستېمىسى، رادىئو ئىستانسىسى ۋە گېزىتى بار. ۋاتىكان رادىئو ئىستانسىسى 1931 ـ يىلى قۇرۇلغان، 33 خىل تىل بىلەن كۈن بويى ئاڭلىتىش بېرىپ تۇرىدۇ. ۋاتىكان باسما زاۋۇتى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى 94 خىل يېزىقتا بېسىپ تارقىتىدۇ. ۋاتىكاننىڭ ئاۋازى ھېسابلىنىدىغان «رىم كۈزەتكۈچە-سى» ناملىق گېزىت 1861 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان. ۋاتىكاننىڭ پوچتا ماركىلىرى كۆركەملىكى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ۋاتىكاننىڭ پۇلى ۋاتىكاندىمۇ، رىمدىمۇ ئوبوروت قىلىنىۋېرىدۇ، ئىتالىيە لىراسىمۇ ۋاتىكاندا ئۆتىۋېرىدۇ.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى:** ۋاتىكاندا سانائەت يوق، يېزا ئىگىلى-كىمۇ يوق. شۇنداقلا تەبىئىي بايلىقمۇ يوق. شەخسلەردىن تاپاۋەت بېجىمۇ ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ مالىيە، ئىقتىسادىي مەنبەسى ئاساسەن كۆچمەس مۈلۈكلەرنى ئىجارىگە بېرىش، كۆچمەس مۈلۈكتىن كەلگەن تاپاۋەتكە بانكا ئۆسۈمى ئېلىش، دىنىي بانكا پايدىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، پاپاغا تەقدىم قىلىنغان سوۋغاتلارنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى دۆلەتكە تاپشۇرۇش قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ. قالغان كىرىمى پوچتا ماركىسى تارقىتىش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ. ھازىر ۋاتىكاننىڭ تاشقى پېرېۋوت ئالتۇن زاپىسى 10

مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.
**مەدەنىيەت ۋە مائارىپى:** ۋاتىكان رىم شەھىرىدە 14 ئۇنىۋېر-سىتېت ۋە ئالىي مەكتەپ قۇرغان. فرانسىيە، ئىسپانىيە، بېلگىيە قاتارلىق 30 نەچچە دۆلەتتە مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى ئاچقان. ۋاتىكاندا يەنە «پاپا كۇتۇپخانىسى» دەيدىغان بىر كۇتۇپخانا بولۇپ، بۇ كۇتۇپخانا 1475 ـ يىلى قۇرۇلغان.

## 1. سان پېتر چېركاۋى

بىز ۋاتىكانغا ئەتىگەن بىلەن چۈش ئارىلىقىدا يېتىپ كەلدۇق ـ دە، بىر سائەتلىك سۇرۇك بىلەن سان پېتر چېركاۋىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا يۇرۇپ كەتتۇق. دائىرە كىچىك بولغانلىقتىن ئېزىپ قېلىش ئېھتىمالى كۆپ بولمىغاچقا، ئاساسەن ئۆز ئالدىمىزغا ھەرىكەت قىلدۇق.
دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كاتولىك دىنى چېركاۋى بولغان سان پېتر چېركاۋى مىلادىيە 1450 ـ يىلى ياسىلىشقا باشلاپ، 1626 ـ يىلى پۈتتۈرۈلگەنىكەن. ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارى مىكلانجېلو، رافائىل قاتارلىقلارنىڭ ئورتاق ئەسىرى ھېسابلىنىدىكەن.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئېيسانىڭ 12 شاگىرتىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان سان پېتر ئۆز زامانىسىدا رىم تەرەپلەرگە دىن تارقاتقىلى كەلگەنىكەن. نەتىجىدە بۇ شاگىرت رىم ھۆكۈمرانى تەرىپىدىن قەتل قىلىنىپتۇ. مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شاھىنشاھ كونىستانتىن خرىستىئان دىنىنى ئېتىراپ قىلىپ، سان پېترنىڭ قەبرىسىگە كىچىكرەك بىر چېركاۋ سالدۇرۇپتۇ. بۇ چېركاۋ كېيىنكى كۆنلەردە بىرقانچە قېتىملىق ئۆزگەرتىپ ياساش نەتىجىسىدە بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەنىكەن.
مەن چېركاۋ ئىشىكىدىن كىرىپلا چېركاۋنىڭ ھەشەمەتىدىن

داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم. چېركاۋنىڭ بارلىق تۈۋرۈكلىرى بىر پۈتۈن مەرمەر تاشتىن ئويۇپ چىقىرىلغانىكەن. ھەربىر تۈۋرۈك ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ بىر نادىر نامايەندىسى بولۇپ، تۈۋ- رۈكلەرگە ئويۇلغان نەقىشلەر، دىنىي ھېكايىلەر ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىكەن. ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدە مەيدان- غا كەلگەن ھەربىر سەنئەتكار بۇ چېركاۋدا ئۆز ئىزىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، مېكلانجېلو 25 ياش ۋاقتىدا ئىجاد قىلغان ھەي- كەلتىراشلىق ئەسىرى «ئانا مۇھەببىتى» ئاشۇ يارقىن ئىزلارنىڭ بىرى ئىكەن. چېركاۋدا يەنە ئۆلمەس نادىر ئەسەرلەردىن «يەل- كەن»، «مۇقەددەس سۇدان» قاتارلىقلارمۇ گۈللىنىش دەۋرىدە ئۆت- كەن مەشھۇر ھەيكەلتىراشلارنىڭ قولىدىن چىققانىكەن. چېركاۋدا كۆز چېقىپ تۇرغان سان پېترنىڭ مىس ھەيكىلىمۇ ئاشۇ دەۋر- نىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىكەن. سان - ساناقسىز چىراغلار تام - تورۇسنى، تاش ئويمىلارنى ۋە ھەيكەللەرنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. 1870 - يىلى پاپا رىمدىن ۋاتىكانغا كۆچۈپ كەلگەندىن باشلاپ مۇتلەق كۆپ ساندىكى پاپالارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىملىرى دەل مۇشۇ چېركاۋدا ئۆتكۈزۈلگەنىكەن.

## 2. سان پېتر مەيدانى

بۇ سان پېتر چېركاۋىغا قارىشىپ تۇرىدىغان چوڭ مەيدان بولۇپ، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا بۇ مەيداندا 500 مىڭ ئادەم بىر- مالال دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزەلەيدىكەن. مەيدان سەل سوقۇچاق شەكىلدە بولۇپ، ئىككى تەرىپىنى يايسىمان ئىمارەتلەر يېرىم ئاي شەكلىدە ئوراپ تۇرىدىكەن. 284 دانە يۇمىلاق تۈۋرۈك ۋە 88 دانە چاسا تۈۋرۈك مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە، يايسىمان بىنالارنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر كېلىدىكەن. مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۇ تۈۋرۈك كا-



سان پېتر مەيدانى

رىدورنى مەشھۇر ئارختېكتور ۋە ھەيكەلتىراش بېرنىننىي 1656 ـ يىلى لايىھىلەشكە باشلاپ، تولۇق 11 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياساپ چىققانىكەن. تۈۋرۈك ئۈستىدىكى مۇقەددەس ئەر ۋە مۇقەد- دەس ئايالللارنىڭ مەرمەر ھەيكىلىنىمۇ بېرنىننىي ۋە ئۇنىڭ شا- گىرتلىرى ئويۇپ چىققانىكەن.

مەيدان مەركىزىدە بىر ئېگىز تۈۋرۈك بولۇپ، تۈۋرۈك تەگ- لىكىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان تۆت شىرنىڭ مىس ھەيكىلى ئور- نىتىلغانىكەن. بۇ تۈۋرۈكنى ئىمپېراتور كاراكاللا مىلادىيە 37 ـ يىلى مىسىردىن رىمغا يۆتكەپ كەلگەن بولۇپ، 1586 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ تۈۋرۈك پاپانىڭ يارلىقى بىلەن مۇشۇ مەيدانغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. بۇ جاپالىق ئىش ئۈچۈن 900 ئادەم، 150 ئات، 47 كۆتۈرۈش ئەسۋابى سەپەرۋەر قىلىنىپ، بەش ئاي بولاي دېگەندە ئاندىن ئىش تاماملانغانىكەن.

# 3. كېيىنكى سۆز

ياۋروپادىكى 20 نەچچە كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا ئىمكان بار تولۇق خاتىرە قالدۇرۇش، زېرىكمەي ئىزدىنىش، ھېرىپ - چارچاشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئاخشاملىرى قەلەم تەۋرىتىش، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئىزدىنىش، تولۇقلاش خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىسىدا بۇ كىتاب دۇنياغا كۆز ئاچتى. كۈندۈزلۈك ئىش ۋاقتىدا ئومۇم ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەندىن تاشقىرى ۋە تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەندىن سىرت، ھەر ئاخشىمى ئۈچ - تۆت سائەت ۋاقتىنى مۇشۇ كىتابقا سەرپ قىلدىم. ھەر سوتكىلىق ئۇيقۇم بەش سائەتتىن ئاشمىدى.

مەقسەت، ياۋروپاغا بېرىش نۆۋىتى يېتىپ كەلمىگەن، بەلكى يېتىپ كەلمەيدىغان ئوقۇرمەنلىرىمگە، ياۋروپاغا بارغان بولسىمۇ، ئات ئۈستىدە يۈرۈپ گۈل تاماشاسى قىلىپ قايتقان «ئوقۇرمەن» لىرىمگە ئازراق بىرنېمە دەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت.

گېپىمنىڭ داۋامى شۇكى، بىز ياۋروپادىكى ئالدىراش ئۆتكەن زىيارىتىمىزنى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچتە ئىتالىيە پايتەختى رىم شەھىرىدىكى «ليۇناردو داۋىنچ» ئايروپورتىدا جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ CA - 940 قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇردۇق، چېخىيە، پولشا، بېلورۇسىيە، رۇسىيە، موڭغۇلىيە ھاۋا تەۋەلىكىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، 10 سائەتلىك سەپەردىن كېيىن بېيجىڭ

ئايروپورتىغا كېلىپ قوندۇق.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنلۈك پويىز سەپىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپلا قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم. ئەگەر ئوڭۇشلۇق بولسا، بۇ كىتاب كۆپ ئۆتمەي ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ياۋروپادىكى ۋاقىتنىڭ بەك زىچ بولۇشى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئومۇم ئىشىنىڭ ئالدىرىتىشى سەۋەبلىك تېخىمۇ ئوبدان يېزىشقا تېگىشلىك بولغان بۇ كىتاب بەلكى ئاددىيراق يېزىلىپ قالدى، مەلۇماتلار ئەتراپلىق بولمىدى. بۇنى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم چىن كۆڭلىدىن ئەپۇ قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

1999 - يىلى 11 - ئاي، ئۈرۈمچى.


## پايدىلىنىلغان كىتابلار:


«ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالى» — لى شۇپەن قاتارلىقلار تۈزگەن، چاڭچۈن نەشرىياتى، 1998 - يىلى 6 - ئاي، چاڭچۈن 2 - نەشرى.

«دۇنيا بىلىملىرى لۇغىتى» — ۋاڭ كېچىن قاتارلىقلار تۈزگەن، دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى، 1988 - يىلى 2 - ئاي، بېيجىڭ 1 - نەشرى.

«دۇنيا تارىخى لۇغىتى» — ۋاڭ جىڭفېن قاتارلىقلار تۈزگەن، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1985 - يىلى 12 - ئاي، شاڭخەي 1 - نەشرى.

«دۇنيا يەر نامىلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» — راخمان تۆمۈر شاھ تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى 4 - ئاي، ئۈرۈمچى 1 - نەشرى.


اُمیرکہ دا 15 کوُن


ٹامیر لکھدا 15 کون

## 1. سەپەرنىڭ باشلىنىشى

ئايروپىلان دۇنياغا كەلمىگەن ياكى دۇنياغا كەلسىمۇ ھاۋا نەقلىياتى ئۇچۇن قوللىنىلمىغان زامانلاردا ئىلىمىزنىڭ جەنۇبىي شەھەرلىرىدىن يولغا چىققان يەلكەنلىك كېمە شەرققە قاراپ ئالاھازەل ئىككى ئايچە ئۈزگەندىن كېيىن ئاندىن تىنچ ئوكياننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارالايدىكەن.

ۋەقەشۇناسلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئۇ چاغلاردا ئوكيان سەپىرىگە ئاتلانغانلار ئۇزاق سەپەرنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىگە تەـ ۋەككۇل قىلىشى، مىجەزىنى ئۇقۇقلى بولمايدىغان ھاۋا رايىـ

ۋاشىنگتون: پارلامېنت بىناسى ئالدىدا



نىڭ، دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ھەر ۋاقىت تەييار تۇ-
رۇشى لازىم ئىكەن.

راست، 1912 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنگلىيىدىن
ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك پورتىغا قاراپ يولغا چىققان «چۆكمەس
ئارال» دېيىلگەن «تېتانىك» ناملىق پاراخوتنىڭ سەپەر ئۈستىدە
مۇز تاغقا ئۇسۇۋېلىپ 1513 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بول-
غىنىدىن قارىغاندىمۇ دېڭىز سەپىرىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ۋە
بالا ـ قازاغا يېقىن ئىكەنلىكىنى، قانچىلىغان كىمە ـ پاراخوت-
نىڭ سۇغا چۆكۈپ، قانچىلىغان تىرىك جانلارنىڭ بېلىق ـ لە-
ھەڭلەرگە يەم بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس.

خەيرىيەت، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەقىللىق
پۇقراسى بولمىش ئاكا ـ ئۇكا لايتلار 1903 ـ يىلى ئۆزلىرى
كەشىپ قىلغان ئاددىي قۇرۇلمىلىق قوش قاناتلىق ئايروپىلان
بىلەن ئىنسان سۇپىتىدە تۇنجى قېتىم كۆك ئاسماندا پەرۋاز
قىلىپ، ھاۋا نەقلىياتى تارىخىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى ئاچتى.
كېيىنچە، قۇرۇلۇقتىمۇ، سۇغىمۇ قونالايدىغان قوش ماكانلىق
ئايروپىلانلار، پورشېن ماتورلۇق ئايروپىلانلار، رېئاكتىپ ئايرو-
پىلانلار ياسالدى. قىسقىسى، بىر ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت
ئىچىدە ھاۋا نەقلىياتى مىسلىسىز چوڭ يۈكسىلىشلەرگە ئېرىد-
شىپ، قىتئە بىلەن قىتئە ئارىسىدىكى يىراق مۇساپىلەر بۇ-
گۈنكى كۈندە «قوغۇنلۇق يولى» غا ئايلاندى.

بىز — ئامېرىكا مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەسمىي تەكلى-
پىگە بىنائەن سەپەرگە جابدۇنغان جۇڭگو ياشلار مەتبۇئاتى ۋە-
كىللەر ئۆمىكىدىكى 18 نەپەر خادىم 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي-
نىڭ 27 ـ كۈنى چۈش مەزگىلى بىلەن ئامېرىكا
«NORTHWEST» ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «BOING747 – 400»

تىپلىق نۆۋەتچى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ «بېيجىڭ ـ سان فرانسىسكو قوغۇنلۇق يولى» بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇق، يەنى پايتەخت ئايروپورتىدىن ئامېرىكىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتۇق. ئىككى يېرىم سائەتلىك سەپەردىن كېيىن ياپونىيە ئېلىنىڭ پايتەختى توكيو شەھىرىگە قونۇپ تەخمىنەن ئۈچ سائەتچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئوخشاش شىركەتنىڭ ئوخشاش تىپلىق ئايروپىلانغا ئالمىشىپ يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدۇق.

توكيو ئايروپورتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆپ ئۆتمەي قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئايروپىلان روجىكىدىن قارىغاندا، ئورغاقسىمان ھىلال ئاي ۋە كۆمۈش توچكىدەك پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىزگە يېقىنلا بىر يەردە جىمىرلايتتى. ئوكيان بوشلۇقىدا ئۇچۇۋاتقىنىمىز ئايان بولغىنى بىلەن ئوكيان يۈزىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە كېچە بولسىمۇ، 700 نەچچە سەپەرداشنىڭ كۆپىنچىسى ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. بەزىسى كىتاب كۆرەتتى، بەزىسى ئۆزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 10 كىلومېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقىنىنى ئۇنتۇغاندەك، بەخىرامان ناخشا ئېيتاتتى. بەزىسى كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە تېپىرلاۋاتقان تەشۋىشنى ئۇنتۇماقچى بولغاندەك، كېچىلىك تاماقنى ئالدىرىماي چايناشاتتى، ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى تىلەيتتى...

توكيو شەھىرىدىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە توققۇز سائەتتىن كۆپرەك ئۇچتۇق. ھاۋامۇ يورۇپ قالغاندەك بولدى، بىردەمدىن كېيىن تەكتىمىزدىكى تەكشى يېيىلغان بۇلۇتلارنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئەتىگەنلىك قۇياش شولىسىنى كۆرۈپ ئۆلگۈردۇق.

تاڭ ئاتتى، ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سان فرانسىسكو ئايروپورتىغا كېلىپ قوندۇق. بۇ چاغدا ئايروپورت بىناسىنىڭ چېكىسىدىكى يوغان ئېلېكترونلۇق سائەت 11 ـ

ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى ئەتىگەن سائەت 7 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 12 گرادۇس ئىدى. ئايروپىلانىمىز يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى ئۇچقىنى ئۈچۈن، 15 سائەتلىك سەپەر ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپمۇ يەنە بىر كۈنلۈك ۋاقتنى ئۇتۇۋالغانىدۇق.

شۇنداق قىلىپ 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى (جۇڭگودا 28 ـ كۈنى) تاڭ بىلەن تەڭ كالىفورنىيە شتاتىغا قاراشلىق چوڭ شەھەر — سان فرانسىسكوغا قەدەم باستۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ تا 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لوس ئانگېلېس شەھىرىدە كەينىمىزگە بۇرۇلغۇچە بولغان 15 كۈن ئىچىدە غەربىي قىسمىدىكى سان فرانسىسكو، ئوكلاند، بىركلېي، لوس ئانگېلېس، لاس ۋېگاس، سان دىيېگو، ئوتتۇرا شەرق قىسمىدىكى مېمفىس، شەرقىي شىمالدىكى دېترويت، شەرقىي قىسمىدىكى نيۇيورك، ۋاشىنگتون، بالتىمور، فىلادېلفىيە قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە زىيارەتتە بولدۇق. مېكسىكا دۆلىتىگە تەۋە تىخۇئانا شەھىرىگە ئۆتۈپ بىرەر كۈنچە تاماشا قىلدۇق.

گەرچە «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەن» بولساقمۇ، كۆرگىنىمىز، ئاڭلىغىنىمىز خېلىلا كۆپ بولدى. 15 كۈنلۈك ۋاقىت گەرچە ئۇزۇن ۋاقىت ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، 15 كۈن ئالدىراش ئادەم ئۈچۈن ئوبدانلا ئۇزاق ۋاقىت ھېسابلىنىدىكەن. يىراق يوللاردا ئايروپىلاندا ئولتۇردۇق، كۆپىنچە كېچىسى يول يۈرۈپ، كۈندۈزلۈك ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلاندۇق. كۈنتەرتىپتە كۆرسىتىلگەن نۇقتىلارنى تولۇق ئارىلاپ، مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەرگە داخىل بولدۇق، مېنىڭ كاللامدىمۇ يامان ئەمەس تەسىراتلار پەيدا بولدى. 1984 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە زىيارەت

قىلغان دۆلەتلەرنىڭ 16 ـ سى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئامېرد-
كا زىيارىتى ھەققىدىكى بۇ كىتابىمغا «ئامېرىكىدا 15 كۈن»
دەپ ئاددىيلا ئات قويدۇم.

## 2. ئامېرىكا قەيەردە

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى (قىسقارتىپ، ئامېرىكا ياكى ئا
ق ش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي
قىسمىغا جايلاشقان، شىمالى كانادا بىلەن، جەنۇبى مېكسىكا ۋە
مېكسىكا قولتۇقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي قىرغىقى
ئاتلانتىك ئوكيان، غەربىي قىرغىقى تىنچ ئوكيان سۈيى بىلەن
يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «ئاسماندىن چۈشكەن» ئىككى پار-
چە زېمىنى ـــ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئال-
ياسكا ۋە تىنچ ئوكياندىكى ھاۋايدىن ئىبارەت ئىككى شتاتى
بار. يەر مەيدانى 9 مىليون 363 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئا-
ھالىسى 240 مىليون 468 مىڭدىن ئاشىدۇ (1986 ـ يىلىدىكى
ستاتىستىكا). ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئاق تەنلىكلەر،
11.6 پىرسەنتىنى نېگىرلار 31 پىرسەنتىنى مېكسىكىلىقلار،
قالغان قىسمىنى خەنزۇ، ئەرەب، ھىندى ۋە باشقا مىللەتلەر
ئىگىلەيدۇ.

ئامېرىكا مەمۇرىي جەھەتتىن 50 شتات ۋە قوشما شتاتلار-
غا بىۋاستە قارايدىغان كولومبىيە ئالاھىدە رايونىنى ئۆز ئىـ-
چىگە ئالىدۇ.

## 3. ئامېرىكا قانداق ئەل

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، ئامېرىكا زېمىنى چوڭ،

ئەمما تارىخى قىسقا بىر دۆلەت.

مۇئەللىپلەرنىڭ قەيت قىلىشىچە، بۇنىڭدىن 300 يىل مۇقەددەم ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان ياكى شامال ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، ئادىمى ئاز بىر زېمىن ئىدى. تېخى تولۇق ئېچىلمىغان بۇ كەڭ زېمىندا تەۋەككۇلچى كولومبو «ئىندىئان» دەپ ئاتىغان بىر يەرلىك خەلق ياشاپ يۈرەتتى.

مىلادىيە 1492 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىتالىيە دېڭىزچىسى كولومبو خىيالىدا ھىندىستان دەپ پەرەز قىلغان بۇ كەڭ زېمىنغا قەدەم باستى.

مىلادىيە 1620 ـ يىلى دىنىي ئۇۋالچىلىقتا چىدىمىغان بىر بۆلەك ئەنگلىيىلىك جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ «ماي گۇلى» ناملىق يەلكەنلىك كېمىگە ئولتۇرۇپ ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدى. بۇ مۇرىتلار كونا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇققا يېتىپ كەلگەن تۇنجى كۆچمەنلەر ئىدى. مانا بۇ تۇنجى كۆچمەنلەر يەنە نۇرغۇن ياۋروپا كۆچمەنلىرىگە يول ئاچتى، كۆپلىگەن ئەنگلىيە پۇقرالىرى يەنە ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ 30 يىللىرىغا كەلگەندە، گوللاندىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەر بىلەن كەسكىن تالىشىشلار نەتىجىسىدە غالىب كەلگەن ئەنگلىيىلىكلەر شىمالىي ئامېرىكىدا 13 يەردە مۇستەملىكە رايونى قۇرۇۋالدى. يېڭى قۇرۇقلۇقتا پۇت دەسسەپ تۇرۇۋالغان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بەختسىز ئىندىئانلارنى رەھىمسىز تۈردە باستۇردى. ئاتىدىغىنىنى ئاتتى، چاپىدىغىنىنى چاپتى. ئافرىقىدىن مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان بىتەلەي نېگرنى بۇلاپ كېلىپ قۇل قىلىۋالدى.

1763 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئارىسىدا پارتلىغان مۇستەملىكە تالىشىش ئۇرۇشى يەتتە يىلغىچە داۋام ئەتتى ۋە

ئاخىرىدا فرانسىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى، ئەنگلىيىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

بىراق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى بۇرۇن - قولىقىغىچە قەرزگە بوغۇۋەتتى، بۇ قەرز مۇستەملىكە ئاھالىلىرىنىڭ ئايىغىغا قاتمۇقات كىشەن بولۇپ سىلىندى. تۈرلۈك - تۈمەن ئوقۇبەتلەرگە چىداپ تۇرالمىغان پۇقرالار ئاخىر مۇستەملىكىچىلىكنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

1775 - يىلى جاھانغا مەشھۇر مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىدى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇستەملىكە خەلقىنىڭ نوپۇزلۇق ئورگىنى — «چوڭ قۇرۇلۇق كونفىرىنسىيىسى» توماس جېففىرسون (1743 - يىلىدىن 1826 - يىلىغىچە ياشىغان. ئامېرىكىغا زۇڭتۇڭ بولغان. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى) تۈزگەن «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاھان ئەھلىگە تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. «ھۆرلۈك ئۈچۈن جېنىمىز پىدا» دېگەن شوئاردىن رىغبەتلەنگەن ئامېرىكا خەلقى بىرقانچە يىل قان كېچىپ جەڭ قىلدى، 1781 - يىلى، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچى ئارمىيىسىنى يەر چىشلەتتى. 1783 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا پارىژ شەھىرىدە تىنچلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالىدى، ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى.

مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدە كاپىتالىزم ئىسلىسىز تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما جەنۇبىدا نېگىرلارنى قۇل قىلىدىغان قۇللۇق

تۈزۈمى شۇنداقلا ئېكسىنزارلىقلارنى بىرلىك قىلغان قورۇق تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. 1861 ـ يىلى نېگىرلارنى قۇل قىلىشقا قارشى مەۋقەدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئابراھام لىنكولن (1809 ـــ 1965 ـ يىلىغىچە ياشىغان) ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. كېيىنكى يىلى لىنكولن «نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمىگە رەھىمسىز ئوت ئاچتى. مۇشۇ پۇرسەتتە جەنۇبتىكى نېگىر قۇللارمۇ تەڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۆرلۈك تەلەپ قىلدى، مەشھۇر جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى پارتلىدى.

جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ئەمەلدە ئامېرىكىنىڭ 2 ـ قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل تۈزۈم توقۇنۇشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى.

1865 ـ يىلى، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى شىمالنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى، بۇ ھال كاپىتالىزمنىڭ پۈتكۈل ئامېرىكا زېمىنىدا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يول ھازىرلىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاپىتالىزمنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئامېرىكىدىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىشتىھاسى كۈندىن ـ كۈنگە يوغىنىغىلى تۇردى. بۇ يوغىناش ئاخىر زېمىن كېڭەيمىچىلىكىگە ئېلىپ باردى. 1803 ـ يىلى ئامېرىكا ناپولېئون بوناپارت (1769 ـ يىلىدىن 1821 ـ يىلىغىچە ياشىغان. فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى، ھەربىي ئالىم) نىڭ ھايتى ئېلىدە مەغلۇپ بولغان پۇرسىتىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىسى بولغان لوئىس ئەننانى سېتىۋالدى.

1818 ـ يىلى ئەنگلىيىدىن هازىرقى شىمالىي داكوتا شتاتىنىڭ بىر بۆلەك زېمىنىنى سېتىۋالدى. 1819 ـ يىلى ئىسپانىيىنىڭ قولىدىن فلورىدانى سېتىۋالدى. 1845 ـ يىلى مېكسىكىنىڭ تېكساس رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى ئاز دەپ كېيىنكى يىلى مېكسىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ يېرىمىنى سېتىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ زېمىن هازىرقى كالىفور ـ نىيە، ئارىزونا، نېۋادا، ئۇتا، يېڭى مېكسىكا، كولورادو قاتارلىق شتاتلارنىڭ ئورنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1867 ـ يىلى ئامې ـ رىكا 7 مىليون 200 مىڭ دوللار خەجلەپلا چارروسىيىنىڭ قو ـ لىدىن هازىرقى ئامېرىكا زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگى ـ لەيدىغان ئالياسكا ۋە ئاليۇشىن تاقىم ئاراللىرىنى سېتىۋالدى. 1898 ـ يىلى تىنچ ئوكيانىدىكى هاۋاي ئارىلىنى قوشۇۋالدى. 1776 ـ يىلىدىن بېرىقى قىسقىغىنا 100 يىل ئىچىدە ئامېرى ـ كا زېمىنى بۇرۇنقىدىن 10 هەسسە دېگۈدەك كېڭەيدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئامېرىكا جاهانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇ بىتەرەپ مەيداندا تۇرغىنى بىلەن، ئۇرۇش داۋاملىشىپ كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى ئاساسەن بىلىنىپ بولغاندا ئاندىن گېرمانىيە ـ گە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ جەڭگە كىردى. ئاخىرىدا غە ـ لىبە قىلغۇچى دۆلەت سالاهىيىتى بىلەن مۇستەملىكىلەرنى قايتا بۆلۈشۈۋېلىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇ ـ شىدا ئامېرىكا يەنىلا ئالدىن بىتەرەپلىكنى ساقلاش، كېيىن ئۇ ـ رۇش ئېلان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇ مەزگىلدە، ئامې ـ رىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىش ـ تى، ئاخىرىدا كاپىتالىزم دۇنياسىدا زومىگەرلىك ئورنىغا يامى ـ

شىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئامېرىكا مىللىي ئىقتىسادى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان بىر دۆلەت. ئۇ يەردە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا سانا ـ ئەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتكەن. 100 يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا ئامېرىكا دېھقانچىلىق دۆلىتىدىن سانائەت دۆلىتىگە ئايلانغان. بۇ ئۆزگىرىش جەريانىدا يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق سا ـ نائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن زور دەرىجىدە مەبلەغ توپلىغان. 1980 ـ يىلى ئامېرىكىدا يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدى ـ غان ئاھالە 6 مىليون 200 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئاران 2.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

ئامېرىكا 1910 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە بولغان 30 يىل ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى ماشى ـ نىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرغان. شۇ 30 يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا مەملىكەت مىقياسىدىكى تراكتور 4 مىل ـ يوندىن كۆپرەككە، كومبايىن 1 مىليوندىن كۆپرەككە يەتكەن. يېزىلاردىكى تامامى ئەمگەك ئېلېكتر ياكى ماشىنا كۈچى بىلەن تاماملىنىدىغان بولغان. ئىشچى بىلەن دېھقان ئارىسىدىكى پەرق ئاساسەن يوقالغان. ئادەتتىكى دېھقانمۇ ئاپتوموبىل، تراكتور، سېيالكا، چۆپ توغراش ماشىنىسى، كومبايىن، سۇت سېغىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى بىمالال باشقۇرالايدىغان ھالغا يەتكەن. يېزىلىرىدا تېرىش، يىغىش مەشغۇلاتلىرىلا ئەمەس، سۇغىرىش سىستېمىسىمۇ تامامەن ماشىنىلاشقان. چوڭ ئۆستەڭلەردىن ئۆزگە، كەڭ كەتكەن سالا ئېتىزلاردا بىرمۇ ئېرىق قېزىلمىغان، زىرائەتلەر تامامەن پۈركۈپ سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بولغان.

1870 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئو ـ

مۇمىي قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىم-
مىتىدىن ئېشىپ كېتىشكە باشلىغان. 1890 - يىلىغا كەلگەن-
دە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەنگلىيە،
فرانسىيە، گېرمانىيىلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۇشۇپ دۇنيا بويىچە
1 - ئورۇنغا ئۆتكەن.

مانا بۇ ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيىسىگە، ئىجتىمائىي ۋە
ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخىغا چېتىلىدىغان قىسقا مەلۇ-
ماتلار.

ئەمدى، ئامېرىكا تەۋەسىدىكى زىيارەت تەرتىپى ۋە زىيارەت-
تە بولغان شەھەر رەتى بويىچە ئەسلىي گېپىمىزگە قايتىپ
كېلىمىز.

## 4. سان فرانسىسكو ـــ 旧金山

بىز مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىمىزنى تەكشۈرۈشتىن ئۆت-
كۈزۈپ ئايروپورت زالىدىن چىقىپلا تۇنجى كۆرگىنىمىز
ھەمراھ بولغۇچى ۋاڭ ئەپەندى ۋە پروفېسسور ياڭ ئەپەندى بول-
دى. بىز ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇنجى كۇنلۇك زىيارىتىمىزنى
باشلىۋەتتۇق، زىيارەتتە بولغانلىكى جايلاردا نۇرغۇن جۇڭگو-
لۇقلارنى ئۇچراتتۇق. بىلدۇقكى، ئۇلار سان فرانسىسكو شەھە-
رىنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى مەنە تەرجىمىسى
بىلەن «旧金山» دەپ ئاتايدىكەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ شە-
ھەرنى نېمە دەپ «كونا ئالتۇن تاغ» دېگەن نام بىلەن ئاتايدىغان-
لىقىنى چۇشىنىۋېلىش ئۇچۇن ۋاڭ ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇش-
لىرىغا ئەستايىدىل قۇلاق سالدىم.

مىلادىيە 1848 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۇنى جامىس
مارشالل دەيدىغان بىر ياغاچچى نېۋادا تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي



سان فرانسىسكو: قولتۇق رايونىغا نەزەر

يانباغرىدىكى بىر جايدا ياغاچ تىلىمدىغان مەيدان ياساۋېتىپ، دەريادىن بىر پارچە ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇمەنلىگەن ئالتۇن قازغۇچىلار كالىفورنىيىگە قاراپ سەلدەك ئاققىلى تۇرۇپتۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئاشۇ ئالتۇن قازغىلى كەلگەنلەر ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن يولغا چىقىپ ئىككى ئاي، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت كېمىدە ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلگەن جۇڭگولۇقلارمۇ بار ئىكەن.

بىرەر پارچە ئالتۇن تېپىۋېلىپ باي بولۇش چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئويى بىلەن سان فرانسىسكو ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەن جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىن، ئوتتۇرا قىسمىدىن ئوخشاش مەقسەتتە يولغا چىققان ئامېرىكىلىقلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئالتۇن قېزىشقا كىرىشىپتۇ. بۇ جۇڭگولۇق ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ قانچىسى باي بولدى، قانچىسى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى، بۇ ھەقتە ئېنىق خاتىرە يوق ئىكەن. لېكىن، بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ كەلگەنگە تۇشلۇق نەپكە

ئېرىشكەنلىكىدە ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ سان فرانسىسكو ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدە شەك يوق.

قەدىمكى خەنزۇلار ئالتۇن چىقىدىغان ئالتاي تاغلىرىنى «金山» دەپ ئاتىغاندەك، سان فرانسىسكو خەنزۇلىرىمۇ ئالتۇن چىققان سان فرانسىسكونى «金山» دەپ ئاتىغان. بىراق، سان فرانسىسكو ئەتراپىدا ئالتۇن بايقىلىپ كۆپ ئۆتمەي، ئاۋستىرالىيىنىڭ مېلبۇرن شەھىرىدىنمۇ ئالتۇن چىقىدىغانلىقى مەلۇم بولغاچ، ئالتۇن قازغۇچى جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر بۆلىكى مېلبۇرن شەھىرى تامان كۆچۈشنى باشلىۋەتكەن. بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن كونا ـ يېڭى جۇڭگولۇقلار بۇ شەھەرنى «يېڭى ئالتۇنتاغ (新金山) دەپ ئاتاش بىلەن بىللە، سان فرانسىسكونى «يېڭى ئالتۇنتاغ» ئاتالغان مېلبۇرنغا قىياسەن «كونا ئالتۇنتاغ (旧金山)» دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

مىلادىيە 1869 ـ يىلى سان فرانسىسكو شەھىرى بىلەن شەرقىي دېڭىز قىرغىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئوتتۇرا تىنچ ئوكيان تۆمۈريولى ياسىلىشقا باشلىغان، نەق يەتتە يىلدىن كېيىن جەنۇبىي تىنچ ئوكيان تۆمۈريولى ياسىلىپ، سان فرانسىسكو بىلەن لوس ئانگېلېس شەھىرى ئارىسىدا قاتناش باشلانغان. بۇ تۆمۈريوللار يەنىلا ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن ۋە كەلتۈرۈلگەن جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ قان ـ تەر ئاققۇزۇشى بىلەن ياسىلىپ پۈتكەن (ئەنگلىيىلىك ن. تىستال يازغان «سان فرانسىسكو» دېگەن كىتابتا: «تۆمۈريول ياساشقا قاتناشقان ئىشچىلارنىڭ 90 پىرسەنتى جۇڭگولۇقلار ئىدى» دېيىلگەن). ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان جۇڭگولۇق ئىشچىلار

ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئامېرىكا ئاھالىسى-نىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى تۆت كۈنلۈك تەلىم - تەربىيە ۋە زىيارەت داۋامىدا شۇنى كۆردۈمكى، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائا-رىپ ۋە باشقا ساھەلەردە ھازىر ھەم مۇھىم روللارنى ئويناۋې-تىپتۇ. شەھەرلىك پارلامېنتتا جۇڭگولۇقلار ئەۋلادلىرىدىن بول-غان ئۈچ نەپەر پارلامېنت ئەزاسى بار ئىكەن. پروفېسسور ياڭ ئەپەندى ئامېرىكىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئامېرىكا تەۋەلى-كىدىكى جۇڭگولۇق بولۇپ، ئۇ ھازىر ئامېرىكا دۆلەتلىك مائا-رىپ كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، كالىفورنىيە شتاتى شتات باشلى-قىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىكەن. كالىفورنىيە ئارمىستراڭ ئۇنى-ۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى مىچېل خۇاڭ ئەپەندىمۇ جۇڭگولۇقلار ئەۋلادى ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردىكى بىر زىياپەتتە بىز بىلەن ھەمداستىخان بولغان داۋىد زو ئەپەندى تاماق ئارىلىقىدا ئۆزى-نىڭ زۇڭتۇڭ سايلام كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىك سالاھىيىتى بى-لەن يېڭىدىن سايلانغان بۇش زۇڭتۇڭنىڭ ئاقسارايغا كىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى مەلۇم قىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇمۇ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئابروي تاپ-قان جۇڭگولۇقلار ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىد-غان زات بولسا كېرەك.

ئەمما، ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر-نىڭ ھەممە ئىشى ئوڭدىن كېلىۋەرمىگەن. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكا زېمىنىغا قەدەم باسماي تۇرۇپ نۇرغۇن مۇشكۈلات ۋە كەمسىتىشلەرگە، ھاقارەتلەرگە ئۇچرىغان.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەتىگەندە، بىز سان فرانسىسكو بوغۇزىغا سېلىنغان «ئالتۇن قوۋۇق» كۆۋرۈكىنى تاماشا قى-

لىۋاتقاندا، كۆۋرۈككە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر كە-چىك ئارالغا كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. ھەمراھ بولغۇچى قىزى-قىشلىرىمىزغا مۇناسىپ ھالدا، بۇ ئارال توغرۇلۇق مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

«پەرىشتە ئارىلى» دەيدىغان چىرايلىق نامى بار بۇ ئارال جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن قان - ياش بىلەن تولغان بىر ئارال بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. تا 50 - يىللارغىچە، چىگرىدىن ئۆت-كەنلىكى جۇڭگولۇق ئاۋۋال بۇ ئارالغا يىغىۋېلىنىدىكەن، بىر مەزگىل سولاپ قويۇلۇپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئا-تالمىش «تەكشۈرۈش» داۋامىدا ئادەم قۇلىقى ئاڭلىمىغان ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرگە دۇچار بولىدىكەن.

## 5. باي قولتۇق رايونى

كالىفورنىيە شتاتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان سان فرانسىس-كو شەھىرى ئامېرىكىنىڭ غەربىي تەرەپتىكى مۇھىم مەدەنىيەت ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن، شۇنداقلا خەلقئارالىشىش سەۋىيىسى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئال-دىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

تارىخچىلار ۋە ئىنسانشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مىلادى-يەدىن بۇرۇنقى 18 مىڭ يىلدىن 1500 يىلغىچە بولغان ئۇزاق زامانلاردا مۇز قاتقان بېرىنگ بوغۇزىدىن ئۆتكەن ئاسىيالىق كۆچمەنلەر ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا كېلىپ ماكانلاشقانىكەن. كېيىنكى زامانلاردا «ئىندىئان» دەپ ئاتالغان بۇ يەرلىك خەلقنىڭ 13 مىڭدىن ئارتۇقراقى سان فرانسىسكو قولتۇقى رايونىدا تىرىكچىلىك قىلغانىكەن.

1775 - يىلى ئىسپانلارنىڭ كېمىسى سان فرانسىسكو


رايونىغا تۇنجى بولۇپ ئۇسۇپ كىرگەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىرمۇنچە قورغان ۋە دىن تارقىتىش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ چىققانىكەن.

1821 ـ يىلى مېكسىكا ئىسپانىيىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ، مېكسىكىلىقلارنى كالىفورنىيىنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا بېرىپ ماكانلىشىشقا دەۋەت قىپتۇ. بۇ دەۋەتنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن مېكسىكىلىقلار سان فرانسىسكو ئەتراپىغا كېلىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ.

1846 ـ يىلى ئامېرىكا مېكسىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ غەلىبە قىلغاچقا، مەلۇم مەزگىل مۇستەقىل بولۇۋاتقان كالىفورنىيە رايونى 1850 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ 31 ـ شتاتى سۈپىتىدە ئامېرىكىغا قوشۇلۇپتۇ.

بىز سان فرانسىسكودا بولغان كۈنلەردە 12 ـ ئاي كىرىپ قالغانلىقىغا قارىماي ھەممە يەر يېشىللىققا چۆمگەنىكەن. ھەمراھ بولغۇچىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ يەردە قىش ۋە يازنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ئادەتتە 10 گرادۇستىن چوڭ بولۇپ كەتمەيدىكەن.

سان فرانسىسكو ھەققىدە گەپ بولغاندا شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇش زۆرۈركى، ھەمراھ بولغۇچىنىڭ «سان فرانسىسكو شەھىرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرالايدۇ» دېگەن سۆزى دەسلەپتە بىزگە ئانچە چۈشىنىشلىك تۇيۇلمىدى. زىيارىتىمىز داۋاملىشىپ كۆرگەنلىرىمىز ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز كۆپەيگەنسېرى بىز بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق. بىلدۇقكى، سان فرانسىسكو ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن «تۇنجى» لارنى ياراتقانىكەن. شۇنداقلا ھەمراھ بولغۇچى ئېيتقاندەك، «نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرالايدۇ» غان شەھەر ئىكەن.



سان فرانسىسكو: ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتى مەيدانىدا

△ 1873 ـ يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى پولات ئارغامچا بىلەن سۆرىتىلىدىغان رېلىسلىق ترامۋاي بۇ شەھەردە قاتناشقا باشلاپتۇ.

△ 1915 ـ يىلى پاناما — تىنچ ئوكيان خەلقئارالىق يەرمەنكىسى بۇ شەھەردە ئۆتكۈزۈلۈپ، پاناما قانىلىدا قاتناش باشلانغانلىقى تەبرىكلىنىپتۇ.

△ 80 ـ يىللاردا 1906 ـ يىلىدىن بېرى كۆرۈلمىگەن چوڭ يەر تەۋرەش سان فرانسىسكو شەھىرىنى بىر پارچە خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

△ يەنە، تۇنجى «پادىچى ئىشتىنى» نىڭ دۇنياغا كېلىشىمۇ بۇ شەھەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئالدىنقى ماۋزۇلىرىدا مەلۇمات بەرگىنىمىزدەك، كالىفورنىيىدە ئالتۇن كېنى بايقالغاندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن تەلەي سىنىغۇچىلار قاتارىدا ستراۋىس دېيدىغان بىر رەخت سودىگىرىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئالتۇن

قازغۇچى ئىشچىلارنىڭ رەخت ئىشتىنىنىڭ ئاسان يىرتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قاقشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ دەرھال كاللا ئىشلىتىپ، ئۆزى ئەكەلگەن برېزېنتتىن بىر خىل تار ئىشتان تىكىپ چىقىپتۇ. ئاسان يىرتىلمايدىغان بۇنداق ئىشتان ئىشچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپتۇ. ستراۋسىمۇ 1871 ـ يىلى بۇ خىل ئىشتان ئۈچۈن پاتېنتقا ئېرىشىپتۇ.

△ ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى غەرب دۇنياسىدا پەيدا بولغان ۋە بىر خىل پىسخىك كېسەللىك دەپ قارىلىپ، ئادەمزاتنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلمىگەن بىر ھادىسە، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى ئەخلاق بىلەن مۇتلەق چىقىشالمايدىغان بىر مەۋجۇدىيەت.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنى پىلانلىق تۈردە ئارمىيىدىن چېكىندۈرگەن. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى رايونىدىن چېكىندۈرۈلگەن بۇنداق ئەسكەرلەر يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىنكى ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان كەمسىتىشلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، سان فرانسىسكو شەھىرىدە ئورۇنلىشىپ قالغان ھەمدە توپلىشىپ پاناھلىنىدىغان جاي بەرپا قىلىنغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىنمۇ قوغلاپ چىقىرىلىشقا باشلىغان. بۇ قوغلاندىلارمۇ سان فرانسىسكونى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مەنزىلگاھى دەپ بىلگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ شەھەرگە توپلانغان ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەر 70 ـ يىللارغا كەلگەندە ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. سان فرانسىسكودا پەيدا بول-

غان شىپىشى ئىنقىلابچىلىرىمۇ ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەت-لەشكۈچىلەرنىڭ ئىتىراپ قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

سان فرانسىسكودا تۇرغان كۈنلەردە، بىنالارنىڭ ئۆگزىسىدە-گە، ئىشىك باشلىرىغا ئېسىلغان ئالتە رەڭلىك بايراقلارنى بار-غانلا يەردە ئۇچرىتىپ تۇردۇق. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئالتە رەڭ-لىك بۇ بايراق ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنىڭ بايرىقى ئىكەن. ئۇلار بۇنداق بايراقنى ئۆزلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنلارغا ئېسىپ قويىدىكەن.

سان فرانسىسكونىڭ كاسترو رايونى ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەر توپلىشىپ ياشايدىغان مەھەللىي رايون ئىكەن. ن. تىسدالنىڭ كىتابىدا بۇ رايوندا «ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەر تىياتىرخانىسى»، «قەھۋەخانىسى»، «ماگى-زىنى» دېگەندەك ئورۇنلارنىڭ بارلىقى، بۇ يەردە ياشايدىغان ئەر - ئاياللارنىڭ ھەرقانداق سىرتتىن كەلگەنلەرگە ئەدەپلىك مۇئا-مىلە قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. ئاپتور يەنە ساياھەتچىلەرنى بۇ رايونغا كېلىپ ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭ يازغانلى-رىغا قارىغاندا، بۇ رايون ھەرقانداق كىشى ئۇچۇن بىخەتەرمىش. بىراق، 1981 - يىلى ئەيدىز كېسىلىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئاشكارىلىنىشى كاسترو رايونىدىكى مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنى خېلىلا سەگىتىپ قويۇپتۇ.

ئېيتىلىشىچە، سان فرانسىسكو شەھىرى «كەڭ قورساق» شەھەر بولغىنى ئۇچۇن، ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلى-شىشى بۇ شەھەردە چەكلەنمەيدىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، نەشە قاتارلىق بەزى زەھەرلىك چېكىملىكلەر بۇ شەھەردە ئوچۇق - ئاشكارا سېتىلىۋېرىدىكەن.

ھەركىم خالىغان سەنەمگە دەسسەيدىغان، كالىلىسىغا نىمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان بۇنداق قىلىقلار مۇتلەق زور ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلىرىغا پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 6. بىركلېي شەھىرى ۋە مائارىپ

11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بىز سان فرانسىسكو شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىركلېي شەھىرىگە زىيارەتكە باردۇق. تولۇق بىر كۈنگە نىشانلانغان بۇ سەپەردە ئايال شەھەر باشلىقى. نىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قوبۇلىغا داخىل بولدۇق. شەھەر ـ لىك مائارىپ كومىتېتىدا كومىتېت باشلىقى ۋە كومىتېت ھەيئەتلىرى بىلەن كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەشتۇق. كەچكە يېقىن بۇ شەھەرنىڭ بىر قىسمى بولغان مەشھۇر كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتۇق. گەپنى بۇ بىر كۈنلۈك زىيارەتنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرىدىن، يەنى بىركلېي شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى سۆھبەتتىن باشلايمىز. تۆۋەندىكىسى مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە ئۆمەك ئەزاسىنىڭ ساھىبخانىغا قويغان سوئالى ۋە ساھىبخانىنىڭ جاۋابلىرى:

— مائارىپ كومىتېتى دېگەن قانداق ئورگان، ئۇنىڭ ھەيئەتلىرىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەمدۇ؟

— مائارىپ كومىتېتى دېگەن قوشما شتات قارىمىقىدىمۇ، شتاتلاردىمۇ، شەھەر ـ ناھىيىلەردىمۇ بولىدىغان بىر مەمۇرىي ئورگان. بۇ ئورگان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىنى، چوڭلار مائارىپىنى، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى باشقۇرىدۇ، شەخسلەر باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ. ئورگان ھەيئەتلىرى شەھەر-



سان دىيېگو: ئاتا ـ بالا گېزىت مەستانىلىرى

رىمىزدىكى 18 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ رەسمىي بىلەت تاشلىشى بىلەن ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم سايلاپ چىقىلىدۇ. ئومۇمىي خەلق سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن مائارىپ ھەيئەتلىرى ئۆز ئىچىدىن بىرەيلەننى كومىتېت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

بويى ئالاھازەل ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان، بەستلىك، كۆك كۆز بىر ئەركەك تۇنجى سوئالغا كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بەردى.

— كومىتېت خادىملىرى ئارىسىدا كونكرېت ئىش تەقسىماتى بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار، مەن كومىتېت مۇدىرى بولغاچ، ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل، ئاۋۇ خانىم مېنىڭ ياردەمچىم بولىدۇ (ئۇلار مۇئاۋىن دېگەننى ياردەمچى دېسە كېرەك). ئەنە ئاۋۇ خېنىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋە تەتىللىك پائالىيەتلىرىگە مەسئۇل، يەنە بىرەيلەن مائارىپ مالىيىسىنى باشقۇرىدۇ...

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات ۋاقتى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ؟

— ئەتىگەن سائەت 9 دا دەرس باشلايدۇ، چۈشتىن بۇرۇن ئۈچ سائەت، چۈشتىن كېيىن ئۈچ سائەت بولۇپ جەمئىي ئالتە سائەت ئوقۇيدۇ. دەرستىن كېيىن يەنە ئۈچ سائەت دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ.

— مائارىپ خىراجىتىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بېرەمدۇ ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تاپشۇرامدۇ؟

— بۇ يەردىمۇ ئامېرىكىنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش بەزى مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت باشقۇرىدۇ، بەزىسىنى شەخسلەر باشقۇرىدۇ. شەخسلەر ئاچقان مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇ ـ غۇچىلار ئەلۋەتتە ئوقۇش پۇلى تاپشۇرىدۇ. ھۆكۈمەت ئىگىدار ـ چىلىقىدىكى مەكتەپلەردە باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان 12 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ جەريانىدىكى بارلىق خىراجەت كۆتۈرۈۋېتىلگەن، يەنى ھەقسىز ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان. كېتەرلىك خىراجەتنىڭ ھەممىسى شىتاتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىۋاستە ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ.

— باشقۇرۇشۇڭلاردا قانچە ئوقۇغۇچى بار؟

— ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ جەمئىي 9800 ئوقۇغۇچى بار.

— ھەر يىلىغا قانچە دوللار خىراجەت بېرىدۇ؟

— 70 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىدۇ، ئومۇمەن ئوقۇ ـ غۇچى بېشىغا يىلدا بېرىدىغان پۇل 8000 دوللاردىن توغرا كې ـ لىدۇ.

— ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى قانچە دوللار؟

— ئوخشىمايدۇ، ئىستاژى، ئەمەلىي خىزمىتى، ئۈستىگە

ئالغان كونكرېت ۋەزىپىسى قاتارلىقلارغا قاراپ مائاش بېكىتىلىدۇ، ئادەتتە ھەربىر ئوقۇتقۇچى يىلىغا تۆۋەن دېگەندە 30 مىڭ دوللار مائاش ئالىدۇ...

كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتاقلىق كانچىلىق سودىگىرىنىڭ ئايالى قىبىنىڭ 15 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىشى بىلەن 1868 ـ يىلى قۇرۇلغانىكەن، ھازىر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا 21 مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇۋېتىپتۇ. بۇ مەكتەپتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر ئالىمدىن يەتتىسى يېتىشىپ چىققانىكەن. كۆلىمى 1232 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان مەكتەپ رايونى بەئەينى بىر باغقا ئوخشايدىكەن. مەكتەپ شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشقانلىقتىن ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن. ئامېرىكىدىكى ئەڭ مەشھۇر يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا رايونى — «كېرىمنىي جىلغىسى»نىڭ باشقا يەردە ئەمەس، دەل سان فرانسىسكو ئەتراپىدا پەيدا بولۇشىنىمۇ مانا مۇشۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىكەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پارتلىتىلغان تۇنجى ئاتوم بومبىسىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىمۇ دەل مۇشۇ ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتتا تاماملانغانىكەن.

## 7. ئىككى كۆنلۈك تەلىم ـ تەربىيە

بىز ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا پروفېسسور ياڭ ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقانلىقىمىزنى كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى ماۋزۇلىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. پروفېسسور ياڭ ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ قايسىبىر چاغلاردا ياپونىيىگە چىقىپ كەتكەن



سان فرانسىسكو: پروفېسسور ياڭ ئەپەندى بىلەن بىللە

ۋە كېيىن تەيۋەن ئۆلكىسىگە كېلىپ ئوقۇغان، ئىلىم تەھسىل قىلغان، يەنە قايسىبىر چاغلاردا ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىپ سان فرانسىسكودا تۇرۇپ قالغانىكەن. 60 ياشتىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ ئادەم خەنزۇ تىلىنىمۇ، ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆلچەملىك سۆزلىيەلەيدىكەن. چىراي ئىپادىسى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرى كىشىگە يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بېرىدىكەن.

ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، «بىنىز» ماركىلىق پىكىپىنى ئۆزى ھەيدەپ يۈرۈپ بىر كلىپىدىكى بىر كۆڭۈللۈك زىيارەتتە بىز بىلەن بىللە بولدى. سۆز ئارىلىقىدا ئۇ خۇاڭ تيەنجۈڭ دەيدىغان بىر كىشىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ئۇنى ئۇنداق قابىلىيەتلىك، بۇنداق مەلۇماتلىق دەپ ماختاپلا يۈردى. ئۇنىڭ ناتىقلىقىنى ئالاھىدە تەرىپلەپ ئۆتتى.

ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلمى


بويىچە لېكسىيە ئاڭلاش، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىش ئۆ-مىكىمىزنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، بىز 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سان فرانسىسكو شەھىرىدىن چىقىپ، قولتۇق رايونىغا تەۋە بولغان ئوكلاند شەھىرىگە جايلاشقان ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1918 - يىلى دۇنياغا كەلگەنىكەن، ئاساسەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلمىغا چېتىشلىق 10 نەچچە تارماق كەسىپ بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ باردىكەن. ئاسپىرانت، دوكتورلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەيۋەن ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ ۋەزىنلىك سالماقنى ئىگىلەيدىكەن.

بىز ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرتىپ بويىچە ئۇدۇل لېكسىيە زالىغا كىرىپ كەلدۇق ۋە خالىغان ئورۇنلاردۇقتىن ئورۇن ئالدۇق. شۇ ئەسنادا 60 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان، بەستلىك، كۆلكە چىراي بىر كىشى ئالدىمىزدا ھازىر بولدى.

— بۇ ھۆرمەتلىك كىشى ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، پسىخولوگىيە پەنلىرى دوكتورى خۇاڭ تيەنجۇڭ ئەپەندى بولىدۇ، ئامېرىكىچە ئىسمى مىچېل خۇاڭ، — دەپ تونۇشتۇردى پروفېسسور ياڭ ئۇنىڭ مۇرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ. ئۇ خۇاڭ ئەپەندىنى يەنە بىرقۇر تەرىپلەپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكىدا بىرەر كاپىتالىست ياكى بىرقانچە كىشى ئورتاق مەبلەغ سالغان ئۇنىۋېرسىتېتلار كۆپ بولۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلار پايچىلار مۇدىرىيىتى بولۇپ تەشكىللىنىدىكەن. مۇدىرىيەت يىغىنى پايچىلاردىن بىرىنى — كۆپىنچە-




كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇھاكىمە مۇنبىرىدە

چە ھاللاردا قوشقان پېيى كۆپرەك، قابىلىيىتى ئۈستۈنرەك بى-
رىنى مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەيدىكەن. بۇ بىزدىكى پاي-
چىلار تۈزۈمىدىكى زاۋۇت ياكى شىركەتلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا
ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ تامامەن شۇ
خىلدىكى ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، مىچېل خۇاڭمۇ مۇدىرىيەت
تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مۇدىر ئىكەن. ئۇنىڭ مۇدىر قىلىپ تە-
يىنلىنىشى ئۇنىڭ قوشقان پېيىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنىمۇ، ئو-
قۇغۇچى مەنبەسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو
بىلەن بولىدىغان ئالاقىگە ئېتىبار بىلەن قارالغانلىقىنىمۇ چۈ-
شەندۈرۈپ بەرسە كېرەك.

دوكتور خۇاڭ ئىشتىراكچىلارنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇ-
رۇش ئۈچۈن بىرقانچە ئېغىز چاقچاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن

رەسمىي تېمىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىن تەييارلانغان كارتىلارنى دوسكىغا ئاستى. ياردەمچىلىرى ئىنگلىز ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا تەييارلانغان لېكسىيە تېزىسىنى قولىمىزغا تەگكۈزدى.

ئۇ تەييارلىغان لېكسىيە تېكىستىنىڭ ماۋزۇسى «ھازىرقى زامان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلمى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى» بولۇپ، لېكسىيىدە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بايان قىلىنىپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنىڭ ئىلمىي چارىلىرى بىلەن باغلاپ قاراشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەنىدى.

دوكتور خۇاڭ ئۆز لېكسىيىسىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى بولغان «يۇمشاق باشقۇرۇش» نەزەرىيىسىنى خېلى ئەتراپلىق شەرھلەپ ئۆتتى. بۇ كىشى راستىنلا يېتىلگەن بىر ناتىق ئىكەن، ئۇنىڭ بىرقانچە سائەتكە سوزۇلغان لېكسىيىسى مېنىمۇ، ھەمراھلىرىمنىمۇ ئۆزىگە خېلى كۈچلۈك جەلپ قىلدى.

لېكسىيىدىن كېيىن، دوكتور خۇاڭ قاتناشقۇچىلاردىن سوئال قويۇشنى ئۆتۈندى. سوئال قويغۇچىلار شۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە لېكسىيە مۇنبىرىگە چىقىپ سۆزلىدۇق. مۇدىر خۇاڭ تۆۋەندە ئولتۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى، يەنى جەمئىيەت ئۈچۈن «خوجايىن» لارنى تەربىيىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ، — دېدى ئۇ قاتناشقۇچىلار ئارقىمۇئارقا قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، — بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىرگۈچى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئىنگلىز تىلىنىڭ خەلقئارالىق TOFEL ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشى، ھېچبولمىغاندا 550 تىن ئارتۇق نومۇرغا ئېرىشىشى ياكى ئىنگلىز تى-

لى ئىمتىھاندىن تولۇق نومۇر بىلەن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. ھەربىر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۇلى، ياتاق ھەققى، تاماق ـ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن يىلىغا تەخمىنەن 15 مىڭ دوللار پۇل تۆلە- يەلىشى، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئەل بانكىسىنىڭ كاپالەت پۇلى ئىس- پاتىنى تەييارلىغان بولۇشى كېرەك. ئىنگلىز تىلى ئۆتكە- لىدىن ئۆتكەن، بانكىنىڭ كاپالەت سوممىسى ئىسپاتىنى ئالالىغانلا بولسا، ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشقا تونۇشتۇرۇپ قويالايمىز، ئۇنداقلار يىل بېشىغا پەقەت 7000 دوللاردەك ئوقۇش پۇلى ۋە ماتېرىيال پۇلى تاپشۇر- سىلا بولىدۇ.

ئۇ يەنە ئوكلاند شەھىرى ۋە باشقا شەھەرلەردە مەخسۇس ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەرنىڭمۇ بارلىقى، بىراق بۇ يەرگە كېلىپ بىرمۇنچە پۇل سەرپ قىلىپ ئىنگلىزچە ئۆگەن- گۈچە، دۆلەت ئىچىدە ئۆگەنسىمۇ بولىدىغانلىقى، دۆلەت ئىچى-

سان فرانسىسكو: ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دىپلوم ئېلىش



دىكى ئىنگلىزچە ئوقۇتۇشنىڭ سۇپىتى ئامېرىكىدىكىدىن قې-
لىشمايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ بەردى.

بىز لېكسىيە ئاڭلىغاندىن كېيىنكى پراكتىكا ھېسابىدا
بىرمۇنچە مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بار-
غاندىن كېيىن تەنتەنىلىك بىر مۇراسىمدا ئارمستراڭ ئۇنىۋ-
ېرسىتېتىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇش
بويىچە ئوقۇش تاماملىغانلىق گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتۇق. ھەر-
بىر كۇرسانت ئۇچۇن مەخسۇس تەييارلانغان بۇ ھەيۋەتلىك
گۇۋاھنامىگە ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تامغىسى بېسىل-
غان، مۇدىر مىچېل خۇاڭنىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى.

## 8. مۇساپىرلارنىڭ كۈنى

قىزىق ئىش، ئامېرىكىلىقلار «Marlboro»، «HILTON»
دېگەندەك تاماكىلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا سېتىپ ئادەملەرنى زەھەرلەپ يۈرگىنى بىلەن، ئۆز-
لىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماكا چەكمەيدىكەن. ئاپتوموبىلدى-
مۇ، ئايروپىلاندا، ئاشخانا - رېستورانلاردا، ئىشقىلىپ ئادەم
توپلانغانلىكى جايلاردا تاماكا چېكىشنى قاتتىق مەنئى قىلىدى-
كەن. يۇلتۇزلۇق ۋە يۇلتۇزسىز مېھمانسارايلارنىڭ ياتاقلىرىغا،
تازىلىق ئۆيىگە تۈتۈنگە سەزگۈر ئاپپاراتلار ئورنىتىلغانىكەن،
يەنە كېلىپ بارلىق مېھمانخانا ۋە ياتاقلارنىڭ سىگنال سىستې-
مىلىرى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تورلاشتۇرۇلغان بولۇپ،
بۇ تورنىڭ بىر ئۇچى بىۋاستە ساقچى ئىدارىسىگە تۇتىشىدى-
كەن. شەھەرنىڭ قانداق يېرىدىكى قانداق مېھمانخانىنىڭ
قانداقلىكى ياتىقىدا تاماكا چېكىلسە تۈتۈن سەزگۈچى ئاپپارات
دەرھال ساقچى ئىدارىسىگە سىگنال بېرىدىكەن. سىگنالدىكى

كۆرسىتىلگەن ئادرېس بويىچە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنى تولۇلىتىپ يېتىپ كەلگەن ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملار تاماكا چەككۈچىنى تېپىۋالسىلا گەپ قىلماي 3000 ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە قويىدىغان گەپ ئىكەن. تۆلىمىسە سولاپمۇ قويىدىكەن.


دەرۋەقە، مەندە جەرىمانىگە چىقىش قىلغۇچىلىك پۇل يوق ئىدى. بولسىمۇ، خەلق پۇلىغا 25 مىڭ يۈەن باراۋىرىدە پۇل خەجلەش ھېسابىغا بىر تال تاماكا چېكىشكە مەنلا ئەمەس، باشقىلارمۇ رازى بولمايتتى.

بىراق، غەلىتە يېرى شۇكى، تاماكا چەككۈچىلەر يول بويىدا، يولدا، چىملىق ـ گۈللۈكلەردە تاماكا چەكسە بولىۋېرىدىكەن. تاماكا كۆلىنى، قالدۇقىنى خالىغان يەرگە تاشلىۋەتسىمۇ بىركىم ھۆتۈت ـ پۆتۈت دەپ كەتمەيدىكەن.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن «كېرىمنى جىلغىسى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى داۋىد لىيۇ مەلۇم بىر رېستوراندا ئۆمىكىمىزنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى. تاماقنىڭغۇ يېدىم، بىراق ئامېرىكىنىڭ «HILTON» ماركىلىق ئاچچىق تاماكىسىنى 10 يىل چېكىپ خۇمار بولۇپ قالغاچقىمۇ، خۇمارىمغا زادى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن قورسىقىم تويار ـ تويماي يول بويىغا چىقىپ تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردۇم.

شۇ ئەسنادا بىر پىۋا بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ دۇكان ـ دۇكانلارغا بېشىنى تىقىپ يۈرگەن بىر نېگىر ياشقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كەچ كىرىپ قالغىنى بىلەن كوچا خېلى يورۇق ئىدى. ئۇ نېگىر بىرەركىمگە چېقىلمىسىمۇ، لېكىن ھەرىكەتلىرى سەل غەلىتە ئىدى.

مەن دەلدەڭلەپ كېلىۋاتقان بۇ نېگىردىن سەل ئەيمىنىپ، كىرىپ كېتىش ئۈچۈن كەينىمگە قايرىلاي دەپ تۇرغاندا ئاس-



سان فرانسىسكو: گۈل تەكچە ئۈستىدىكى ئەگرى يول

ماندىن چۈشكەندەك ئىككى ساقچى پەيدا بولدى ـ دە، كۆپ گەپ قىلمايلا ھېلىقى نېگىر ياشنى قولىدىن تۇتۇپ ئاپتوموبىلغا چىقاردى، ساقچىلارنىڭ بىرى شۇ يەردە قېلىپ قالدى، يەنە بىرى ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ قاياقلارغىدۇر كەتتى.

سىنچىلاپ قارىۋىدىم، قېلىپ قالغان ھېلىقى ساقچى جۇڭگولۇققا ئوخشاپ قالدى. ياپون ياكى كورېيىلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلىدىميۇ، كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان بىر سوئالنى سوراپ كۆرۈش، ھېچبولمىغاندا بۇ ئاسىيالىقنىڭ تەكتىنى بىلىپ بېقىش ئويىغا كەلدىم.

— ساقچى ئەپەندى، ھېلىقى نېگىر ياش بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن تەۋەككۈل قىلىپ.

ساقچى راستىنلا خەنزۇ ئىكەن. ئۇ قويۇق گۇاڭدۇڭ شې-

ۋىسى ئارىلاش ئورتاق تىلدا جاۋاب بېرىپ دېدى:
— ئۇنىڭ مەقسەتسىز لاغايلاپ يۈرگىنى ياخشى ئەمەس، لاغايلاپ يۈرگىسى كەلسە كۆرسىتىپ بېرىلگەن رايونغا بېرىپ لاغايلىسۇن، بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرۈپ بىرەر ئىش تېرىپ قويمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.
مەن ھەمراھلىرىم بىلەن يېنىغا كىرىپ كەتتىم، بىراق ھېلىقى ساقچىنىڭ «كۆرسىتىپ بېرىلگەن رايون» دېگەن سۆزى كاللامغا ئورنىشىپلىۋالدى ۋە ئويلا - ئويلا «سەرگەردانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا كۆرسىتىپ بېرىلگەن بىر رايون بولسا كېرەك، ھېلىقى لاغايلاپ يۈرگەن نېگىرنى ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇۋەتسە ئەجەب ئەمەس» دېگەن يەرگە كەلدىم.
ئەتىسى ئاپتوموبىل بىلەن كېتىۋاتقىنىمىزدا بۇ پەرىزىمنى ۋاڭ ئەپەندىگە ئېيتىۋىدىم، ئۇ پەرىزىمنىڭ توغرىلىقىنى، شەھەردە سەرگەردان ئاھالىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئايرىپ بېرىلگەن بىر مەخسۇس رايوننىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى.
ۋاڭ ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، سەرگەردانلار رايونى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ قارشى تەرىپىگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان يەتتە قەۋەتلىك بىنانىڭ يان تەرىپىگە جايلاشقان خېلى كەڭ بىر مەيداندا ئىكەن. ئامېرىكا پۇقراسى بولغان ۋە زەھەر چەكمەيدىغان ھەرقانداق ئىرقتىكى مۇساپىر بۇ مەيدان دائىرىسىدە يېتىپ قوپسا، ئويناسا، ئارام ئالسا بولىۋېرىدىكەن. ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھەر ۋاخلىق تامىقىغا ئارىسىغا گۆش ۋە كۆكتات ئېلىنغان بىر ساندېۋىچ يا بىر بولكا، ئۈچ تال بانان، بىر قۇتا ئۇسسۇزلۇق تارقىتىپ بېرىدىكەن. يۇقىرىقى ئىككى شەرتكە توشقانلار يەنە ئېيىغا 600 ئامېرىكا دوللىرى قۇتقۇزۇش پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ.



سان فرانسىسكو: كوچىدىكى ئۇششاق تىجارەتچى

كەن. كېچىلىرى ئۇخلاش ئۈچۈن بىزدىكى كىچىك باللارنىڭ سىيرىتمىلىق خالتا يوتقىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يوتقان بېرىلىدىكەن.

بىز كۈندۈزلىرى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سەرگەردانلارنىڭ يېمەكلىك ماشىنىسىدىن قاتار بولۇپ يېمەكلىك ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. سان فرانسىسكودىن ئايرىلىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى تۆت ـ بەشىمىز بىر بولۇپ ئاشۇ سەرگەردانلار رايونىنى كېسىپ ئۆتتۇق. سەرگەردانلارنىڭ ئارىسىدا نېگىرلارمۇ، ئاق تەنلىكلەرنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ تاشلاندۇق قەغەز يەشىكلەرنى يەرگە سېلىپ ئارام ئېلىۋاتقىنىنى، بەزىسىنىڭ بار ـ يوق تەئەللۇقاتىنى ھارۋىسىغا بېسىپ قويۇپ، ئۆزلىرى ھارۋا

ئاستىدا يېتىۋاتقىنىنى، يەنە بەزىسىنىڭ ھېلىقىدەك سىيرىت-مىلىق خالتا يوتقانغا كىرىۋېلىپ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆردۇق. بىز مەيداندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ بىرى بىزگە بىز چۇ-شەنمەيدىغان تىلدا بىرنېمىلەرنى دېدى. بىز «نو» دېيىشتۇق، ئۇ «ئوكەي» دەپ تۇرغان يېرىدە قېلىۋەردى. ئاڭلىساق، دۆلىتى-مىزنىڭ كەمبەغەللەرنى يۆلەش تارماقلىرىدىن كەلگەن بىرقانچە كىشى بىز كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئې-لىپ بېرىپتۇدەك.

سان فرانسىسكودىكى ۋە كېيىنكى كۈنلەردىكى تەكشۈرۈش-لەر نەتىجىسىدە، ئامېرىكا كوچىلىرىدىكى سەرگەردانلار، قەلەن-دەرلەر ياۋروپا شەھەرلىرىدىكىدىن، ھەتتا دۆلىتىمىز شەھەرلە-رىدىكىدىن كۆپمۇ نېمە دېگەن يەرگە كېلىپ قالدىم. چۈنكى، بۇنداق سەرگەردانلارنى، تىلەمچىلەرنى دۇنياۋى شەھەرلەر ھې-سابلىنىدىغان نيۇيورك، ۋاشىنگتون كوچىلىرىدىمۇ كۆرۈپ قالدىم. 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كۈن قىزارغان مەزگىلدە لوس ئانگېلېس شەھىرىنىڭ مەلۇم بىر كوچىسىدا كېتىۋېتىپ يول ياقىسىدا قاتار تىزىلىپ كەتكەن قەغەز يەشىكلەردە ئۇخلاۋاتقان، ئورنىدىن تۇرۇپ قەغەز يەشىكلىرىنى چۇۋۇۋاتقان سەرگەردانلار-غا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئادەملەرگە تۇرالغۇ ئورنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بۇنداق يەشىكلەر كەم دېگەندە 100 دىن ئاشاتتى.

## 9. داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش زىياپىتى

ئۆمىكىمىزنىڭ سان فرانسىسكوغا يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر شۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ۋە ئامېرىكا تەۋە-لىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا خېلى كۈنلەر بۇرۇنلا تارقىلىپ ئۆلگۈرگەنىكەن. شۇ سەۋەبلىك، سان فرانسىسكودىكى خەلق

تەشكىلاتلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلار مەسلىھەتلىشىپ بىزنى كۆتۈۋېلىش زىياپىتىنىڭ هازىرلىقلىرىنىمۇ قىلىپ بوپتىكەن.

بىراق، بىز بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بىر كۈن كېيىن يېتىپ كەلگىنىمىز ئۈچۈن بۇ زىياپەت ۋاقتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ، بىز كەلگەندىن كېيىن قايتا مەسلىھەت يۈرگۈزۈلۈپ، زىياپەت ۋاقتى كەلگىنىمىزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كەچكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ.

بىز پروفېسسور ياڭنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى «جۇڭگولۇقلار شەھەرچىسى»گە جايلاشقان «ئۆمۈر» رېستورانىغا زىياپەت ۋاقتىدىن 40 مىنۇتچە بۇرۇن يېتىپ كەلدۇق. يەرلىك مېھمانلار يېتىپ كەلگۈچە بولغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەنزۇلار كوچىسىنى ئارىلاپ چىقماقچى بولدۇق.

بۇ شەھەردىكى «جۇڭگولۇقلار شەھەرچىسى» ئامېرىكىدىكى بارلىق «جۇڭگولۇقلار شەھەرچىسى» ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر «شەھەر» ھېسابلىنىدىكەن. مىلادىيە 1847 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان جۇڭگولۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاساسەن مۇشۇ چوڭ كوچىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. جۇڭگولۇقلار كوچىسى كىچىكلىتىلگەن بىر «شەھەر» بولۇپ، ئۇ يەرنى ئارىلىغان كىشىگە جەنۇبىي جۇڭگودىكى مەلۇم بىر شەھەردە تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. بۇ كوچىدىكى دۇكاندارلارنىڭ، مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بەزىسى جۇڭگودا ئاللىقاچان مودىدىن قالغان خەنزۇچە يەكتەك ۋە ئايالچە ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيىۋاپتۇ.

جۇڭگولۇقلار كوچىسىنىڭ يول ئاغزىغا جۇڭگوچە بېزەك دەرۋازىسى ئورنىتىلغانىكەن، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە سۇن جوڭ-

شەن ئەپەندىنىڭ «ھەممە ئومۇم ئۈچۈن» دېگەن مەشھۇر سۆزى ھۆسنخەت ئۇسلۇبى بىلەن يېزىپ قويۇلۇپتۇ. ماگىزىنلاردا سېـ. تىلىدىغىنى تامامەن جۇڭگو ماللىرى ئىكەن. جۇڭگوچە بېزەلـ. گەن، پانۇس ئېسىلغان چوڭ ـ كىچىك رېستورانلارمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

سان فرانسىسكودىكى جۇڭگو شەھىرى 42 كوچا بۆلىكىـ. دىن تەركىب تاپقانىكەن، مۇشۇ كوچىلارنىڭ ئۆزىدىلا ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 نەچچە مىڭ جۇڭگولۇق ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان تېلېفون ئىدارىـ. سى، تېلېۋىزىيىسى، رادىئو ئىستانسىسى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بار ئىكەن. بۇ كوچىدا يەنە بەزى ياپونلار، ئىتالـ. يانلار، مېكسىكىلىقلار، فرانسۇزلارمۇ جۇڭگولۇقلار بىلەن ئارىـ. لىشىپ ياشايدىكەن.

خەنزۇ مىللىتى جاپاغا چىدايدىغان، ھارماي ـ تالماي ئىشـ. لەيدىغان، ئۆز مەقسىتى يولىدا جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان روھى بىلەن خېلىلا داڭلىق. تارىختىكى ئالتۇن قېزىش دەۋرىدە بولسۇن ياكى تۆمۈريول ياساش مەزگىلىدە بولسۇن، بۇ يەرگە قۇرۇق قول يېتىپ كەلگەن جۇڭگولۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىـ. رى بۈگۈنكى كۈندە سان فرانسىسكودىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئامېرىكا جەمئىيىتىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇھىم بىر ئېتنىك تەبىقە بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى ئەسلىي گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، قارشى ئېـ. لىش زىياپىتىگە قاتنىشىدىغان يەرلىك مېھمانلار كەچ سائەت 6 گە ئېيتىلغانىكەن. 50 ــ 60 چە مېھمان پەقەت بەش مىنۇت ئىچىدىلا كۆرسىتىلگەن ئۈستەللەردە ئولتۇرۇپ بولدى. ئۆمىـ.




سان فرانسىسكو: قارشى ئېلىش زىياپىتىدىن بىر كۆرۈنۈش

كىمىزدىكىلەر يەرلىك قائىدە بويىچە ھەربىر ئۈستەلگە ئىككى-دىن بۆلۈنۈپ، يەرلىك مېھمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇردۇق.

قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا پروفېسسور ياڭ ئەپەندى بىلەن چىرايلىق كەلگەن بىر ئوتتۇرا ياشلىق خانىم رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن بۇ زىياپەتكە بالا بۇش سايلام كومىتېتىنىڭ جۇڭگولۇقلار پۇشتىدىن بولغان بىردىن-بىر ھەيئىتى، كالىفورنىيە شتات باشلىقى ياردەمچىسى دوكتور جۇن بىنمىن، كالىفورنىيە ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇ-دىرى دوكتور مىچېل خۇاڭ، «مۇھاجىرلار» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋىكتور جۇ، «كېرىمنىي جىلغىسى» گېزىتىنىڭ دىرېكتورى داۋىد لىۇ، «دۇنيا گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى ئارتور كۇ، سان فرانسىسكو شەھەرلىك پارلامېنتىنىڭ باش كا-تىپى، بىركلېي شەھەر باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى ۋە باشقا نۇر-

غوْن دراماتورگلار، رەسساملار، ئارخېئولوگلار، ئارختېكتورلار-نىڭ قاتناشقانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە، يەرلىك مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئەر - ئايال چاقىرىلغانىكەن. يەنە خۇاڭ ئەپەندى ئۆز مەكتىپىدىن 10 نەچچە نەپەر قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى باشلاپ كەپتۇ.

زىياپەت قارشى ئېلىش سۆزى سۆزلەش، مېھمانلار بىلەن ساھىبخانىلارنى تونۇشتۇرۇش، ئىشتىن سىرتقى دراما - تىيا-تىر ئۆمىكى ناخشا - چاۋچىلە ئېيتىش، تاماق يېيىش تەرتىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. يەرلىك مېھمانلارنىڭ بەزىسى يۇمۇر ئېيتىپ بەردى. بەزىسى ناخشا ئېيتتى. ئامېرىكىدىكى جۇڭگو-لۇقلار ئامېرىكىدا «ئاز سانلىق مىللەت» ھېسابلىنىدىكەن، جۇڭگولۇقلارمۇ ئۆزىنى شۇنداق دەپ ئاتىۋالىدىكەن. ئۆمىكىمىزدىكى 18 نەپەر ئەزا ئىچىدە مەن بىردىنبىر «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتتى» بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، ئامېرىكىدىكى بۇ «ئاز سانلىق مىللەت» ماڭا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ تۇردى. پروفېسسور ياڭ مېنى تونۇشتۇرۇش نۆۋىتى كەلگەندە ئالاھىدە ئىبارىلەرنى ئىشلىتىۋىدى، باشقىلاردىن ئارتۇقراق نەزەرگە ئې-لىندىم ۋە قاتتىقراق چاۋاكقا ئېرىشتىم. يەرلىك مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ يەرگە يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆچۈپ چىققاچقىمۇ، «شىنجاڭلىق، ئۇيغۇر» دېيىلگەن ھامان مېنى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشتى، ئۇلار ھەتتا «داۋانچىڭ» دېگەن ناخشىمىزنى ئومۇمىي خور قىلىپ ئېيتىشتى. مەن ئىلاجسىز ئىككى - ئۈچ قېتىم چۆرگىلەپ بەردىم. قانداقلا بولمىسۇن «جاھاننىڭ ئۇ چېتى» دىكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر دېگەننىڭ «ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان مىللەت» ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىغا خۇشال بولدۇم.




بېركلېي شەھەر باشلىقى ياردەمچىسى تەبرىك سۆزى سۆزلىدى

ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئامېرىكىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى جۇڭگو تەۋەسىدىكى خەنزۇلاردىنمۇ بەكرەك ساقلاپ قېلىۋاتقىنىغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم. زىياپەتكە قاتناشقان يەرلىك خەنزۇ ئاياللارنىڭ رەڭگى شوخ، بېلى تار خەنزۇچە كۆڭلەك كىيىپ، چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ، قىپقىزىل گۈللەرنى قىسىۋالغىنىنى، قەدىمىي چاڭچىلە ناخشىلىرىنى زوق بىلەن ئېيتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى 40 - يىللاردىكى شاڭخەي ياكى گۇاڭجۇ رېستورانلىرىدا تۇرغاندەك ھېس قىلغان بولساممۇ (بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت 30 -، 40 - يىللار ۋەقەلىكلىرى ھېكايە قىلىنىدىغان كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى ئېسىلزادىلەر زىياپەتلىرىدىلا كۆرگىلى بولىدۇ)، لېكىن ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى ئۇنتۇمايدىغان، مىللىي ئەنئەنىسىنى قەدىرلەيدىغان روھى مەندە خېلى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

زىياپەت ئاخىرلىشاي دېگەندە بىر ھەمراھىم غەلىتە بىر ئىشنى تۇيۇپ قالغاندەك ئىشارەت قىلدى، ئىشىك تەرەپكە كۆز سېلىۋىدىم، زىياپەتكە قاتناشقانلارنىڭ بىر كىشىگە پۇل تاپشۇ-رۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. كەسپىي سەزگۈرلۈكۈم بۇ كۆرۈ-نۈشنىڭ تېگىنى بىلىپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى، سان فرانسىس-كوغا كۆچۈپ بارغىنىغا بىر يىلمۇ توشمىغان ھەمداستىخىنىم-دىن ئەگىتىپ سورىۋىدىم ئۇ:

— قائىدە شۇنداق، بۇگۈنكى زىياپەت چىقىمىنىڭ بىر-قىسمىنى «خۇنەن يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» چىقارغان. قالغان قىسمىنى زىياپەتكە قاتناشقانلار 20 دوللاردىن پۇل چىقىرىپ تۆلەۋاتىمىز، ئەگەر ئۇيۇشما بىر قىسمىنى كۆتۈرمىگەن بولسا، ئادەت بويىچە ھەربىرىمىز 40 دوللاردىن پۇل تۆلىگەن بولات-تۇق، — دېدى. شۇ ئارىدا، دوكتور مىچېل خۋاڭنىڭ ئۆزى ۋە باشلاپ كەلگەن 10 نەپەر ئوقۇغۇچىسى ئۇچۇن 220 دوللار تۆ-لىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. «قارىغاندا بۇمۇ بولىدىغان ئىشتەك قىلىدۇ» دېيىشتۇق.

## 10. قوش تىللىق ئوقۇتۇش شوئارى

كۇنتەرتىپ بويىچە 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشلۈك تا-ماقتىن كېيىن سان فرانسىسكو شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا زىياپەتتە بولۇش ئۇچۇن يۈرۈپ كەتتۇق. ۋاڭ ئەپەندى ئاپتومو-بىلدا كېتىۋېتىپ بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

سان فرانسىسكو شەھىرى يەر تەۋرەش بەلۋېغىغا جايلاشقان-لىقى ئۇچۇن، يىلىغا كەم دېگەندە 200 قېتىم يەر تەۋرەش بو-لۇپ تۇرىدىكەن. بۇنداق تەۋرەشنىڭ ئەڭ ئېغىرى 1906 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋە 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 -



سان فرانسىسكو: شەھەرلىك پارلامېنت ئەزاسى بىلەن پارلامېنت مۇنبىرىدە

كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئالدىنقى قېتىمقىسىنىڭ تەۋرەش دە-
رىجىسى 8.3 بال، كېيىنكىسىنىڭ 7.1 بال بولغانىكەن، شۇ
قېتىملىق يەر تەۋرەشلەردە بۇ شەھەردە قىيامەت قايىم بولغان،
نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ، پۈتۈن شەھەر خارابىلىككە ئايلانغاندىن
تاشقىرى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ
چۈشۈپتىكەن. يەر تەۋرەشتىن كېيىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت
230 مىليون دوللار خەجلەپ بۇ بىنانى يېڭىلاپ سالماقچى بول-
غاندا شەھەر خەلقى بۇنىڭدىن نارازى بولۇپتۇ ۋە كۈن - كۈنلەپ
نامايىش قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر
باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھۆكۈمەتنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ
بىنانى يېڭىلىمىسا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ كې-
لىپ، بىنا پۈتكەندىن كېيىن توي قىلماقچى بولغان ھەرقانداق
شەھەر پۇقراسىنىڭ ھۆكۈمەت بىناسىدا توي مۇراسىمى ئۆت-
كۈزسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ. شەھەر باشلىقى-
نىڭ ۋەدىسىگە مۇۋاپىق، بۇ ھەشەمەتلىك بىنا ھازىر ھەم ھۆ-

كۆمەت خادىملىرى ئۈچۈن، ھەم توي قىلىدىغان يۇقىرالار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك بىر سورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

بۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە، ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ دەرۋا-زىسىغىمۇ، بىنا ئىچىگىمۇ قاراۋۇل قويۇلمايدىكەن. ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋىتىگە بۇرۇن ئۆتكەن شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ھەيكىلى، سان فرانسىسكونىڭ شەھەر بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئائىت ماددىي بۇيۇم ۋە سۈرەتلەر قويۇلۇپتۇ. 1936 ـ يىلى مۇشۇ شەھەردە ياسالغان تۇنجى تېلېۋىزىيە كامېراسى، تېلېۋىد-زىيە تارقىتىش ئۈسكۈنىسى، كومپيۇتېر قاتارلىقلارمۇ 1 ـ قە-ۋەتتىن جاي ئالغانىكەن.

بىز بىرەر سائەتلىك ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن جۇڭگو-لۇقلار ئەۋلادىدىن بولغان پارلامېنت ئەزاسىنىڭ 3 ـ قەۋەتتىكى ئىشخانىسىغا كىردۇق، بۇ پارلامېنت ئەزاسى خەنزۇ تىلىنى تا-مامەن بىلمەيدىكەن، ئۇ تەرجىمان ئارقىلىق پارلامېنت ئەھۋالىد-نى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، كۆزۈم ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان خەنزۇچە خەتلىك بىر لەۋھەگە چۈشۈپ قالدى. قارىد-سام بۇ لەۋھە سان فرانسىسكودىكى مەلۇم بىر جامائەت تەش-كىلاتى تەرىپىدىن بۇ كىشىگە ئۇنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن تەقدىم قىلىنغانىكەن. بۇ لەۋ-ھەگە سېرىق ھەل بىلەن چوڭ ـ چوڭ قىلىپ يېزىلغان «قوش تىللىق ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەيلا، مەدەنىيىتىمىزنى نۇرلاندۇرغايلا» دېگەن خەت دىققىتىمنى تارتتى. بىز يىغىن زالىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن 3 ـ قەۋەتتە شەھەر باشلىقى ياردەمچىسى بىلەن بىرەر سائەتچە سۆھبەتتە بولدۇق. ئارىلىقتا مەن پروفېسسور ياڭ ئەپەندىدىن ھېلىقى لەۋھە ۋە قوش تىللىق ئوقۇتۇش شوئارى توغرىسىدا بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىم.

چۈنكى، بىز بۇ يەردە داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىدىغان بۇ ئىبارىنىڭ ئامېرىكىدىمۇ قوللىنىلىشى مېنى خېلى قىزىقتۇرۇپ قويغانىدى.

— بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىمىزغا 100 يىلدىن ئاشتى. بىراق، بۇ 100 نەچچە يىل ئىچىدە بىر ئالاھىدە ئەھۋال، يەنى ئالدىنقى ئەۋلاد ئۆز تىلىمىزنى ئوبدان بىلىدىغان، ئىنگلىزچىنى بوشراق بىلىدىغان، كېيىنكى ئەۋلاد ئىنگلىزچىنى ياخشى بىلسىمۇ، ئۆز تىلىمىزنى بىلمەيدىغان بىر ئەھۋال كېلىپ چىقتى، بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا بازىسى بولغان «كېرەمنىي جىلغىسى» نىڭ 18 پىرسەنت پېيىنى جۇڭگولۇقلار كونترول قىلىدۇ. بىراق، ئۇ يەردە ئېلېكترون تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملارنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئامېرىكىدىكى يەنە بىر ئاز سانلىق مىللەت — ھىندىلار ئىگىلەيدۇ. بۇ ھال ئالدىنقى بىر ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنگلىز تى-

سان فرانسىسكو: پارلامېنتتا ۋەز ئاڭلاش



لىنى يۇقىرى تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان دەرىجىدە ئىـ-
گىلەپ كېتەلمىگەنلىكىدىن، ھىندىلارنىڭ بولسا ئىنگلىز تىلد-
ىنى ئۆز ئانا تىلىدەك ئوبدان بىلىدىغانلىقىدىن پەيدا بولغان.
بىز ئامال قىلىپ بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىـ-
شىۋاتقاندا يەنە بىر خىل ئەھۋال كېلىپ چىقتى، يەنى ئەۋلاد-
لىرىمىز ئىنگلىز تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ئەمما ئۆز ئانا
تىلىنى چورتلا بىلمەيدىغان بولۇپ چوڭ بولدى، بىز ئىنگلىز-
چىغا پىششىق بولۇش، ئەمما ئانا تىلنىمۇ ئۇنتۇپ كەتمەسلىك
كېرەك، دەپ قارايمىز. قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش
شوئارى مانا مۇشۇ مەقسەتتىن كېلىپ چىققان. دېگەندەك، ھا-
زىر بەزى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا قوش تىللىق
ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ئۇنۇمىمۇ ئوبدان بولۇۋاتىدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىنگلىز ۋە باشقا مىللەت ئوقۇغۇ-
چىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان خەنزۇ باللىرى ئو-
قۇشتا ھەممە ساۋاقداشنىڭ ئالدىدا ماڭىدىكەن، ھەتتا ئەلاچى
بولۇپ، ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىدىكەن، شتات باشلىقد-
ىنىڭ، شەھەر باشلىقىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەنلەرمۇ ئاز ئە-
مەس ئىكەن. ئىنگلىز تىلىنى پىششىق بىلمىگەنلەرنىڭ ئىنگ-
لىز تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپلەردە ئەلاچى بولۇپ ئو-
قۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ئۆز ئانا تىلىنى تامامەن
ئۇنتۇپ كەتكەنلەرنىڭ ياكى بىلمىگەنلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ
ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلالىشى
ھەم ناتايىن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سان فرانسىسكودىكى مۇ-
ھاجىرلارنىڭ قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ
قىلىۋاتقانلىقى يۇقىرىقى ئىككى خىل ئارزۇنى چىقىش قىلغاند-
لىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## 11. ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر كۈن

ئامېرىكا سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسىگىلا بېيجىڭ كوچىسىدىن بىرقانچە خىل گېزىت سېتىۋالدىم. گېزىتلەر ئارىسىدىكى «يەر شارى گېزىتى» نى كۆرۈۋېتىپ، مەزكۇر گېزىتنىڭ 10 - بېتىدىكى ماۋ يىمىنىڭ «كاپىتالىستلاردىن ئازچە - مۇنچە ئۆگىنىپ قويۇش لازىم» دېگەن تېما ئاستىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم. بۇ ماقالىدە مۇنۇلار ھېكايە قىلىنغانىكەن:

«قايسىبىر يىلى مەلۇم كۈنى ياشانغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كۈتۈۋالغۇچى سەھرالىقلاردەك كىيىنگەن بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇننى ئادەتتىكىچە قارشى ئاپتۇ ۋە ئۇلارنى قوبۇلخانىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، مۇدىر ئاخىر چىقىپ كەپتۇ. ياشانغان كىشى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان ئوغلىنىڭ قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا شەخسىي پۇل چىقىرىپ ئوغلى ئوقۇغان بۇ مەكتەپكە بىرەر ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ بېرىپ ئوغلىنى خاتىرىلىمەكچى بولغىنىنى ئېيتىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇدىر بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇلارغا بىر ئوقۇتۇش بىناسى سېلىش ئۈچۈن 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ياشانغان كىشى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ بۇنچىلىك پۇلنى چىقىرالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرگەندە، ئۇنىڭ ئايالى گەپكە لوقما سېلىپتۇ ۋە ئېرىگە: «بىز نېمە ئۈچۈن بۇ پۇل بىلەن بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئاچمايمىز» دەپ سو-

ئال قويۇپتۇ، ئېرى ئايالىنىڭ بۇ تەكلىپىگە سۆزسىز قوشۇلۇپ-تۇ، شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى مەشھۇر ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنياغا كەپتۇ...»

ئاپتور ئۆتكەن ئەسىردىكى ئامېرىكىلىق تۆمۈريول پادىشا-ھى ستانفورت ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كې-يىن ئامېرىكىدا كاپىتالىستلار پۇل چىقىرىپ ئاچقان ئۇنىۋېر-سىتېتلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكى، بايلار ۋە كارخانىلارنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىش ئىشى ئاللىبۇرۇنلا ئەنئەنىگە ئايلانغانلىقى، بىز-دىكى پۇل تاپقان بايلارنىڭ، شىركەتلەرنىڭ ئاشۇ كاپىتا-لىستلاردىن ئانچە - مۇنچە ئۆلگە ئېلىشىنىڭ لازىملىقى توغ-رىسىدا توختالغان.

بىز ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قولتۇق رايونىنىڭ جە-نۇبىدىكى مەنزىرىلىك جايغا جايلاشقان ستانفورت ئۇنىۋېرسىتې-تىغا زىيارەتكە كەلدۇق. رەسمىي تونۇشتۇرۇشتىن قارىغاندا، ستانفورتنىڭ 15 ياشلىق ئوغلى قاتناش ۋەقەسىدە ئەمەس، بەل-كى كېزىك كېسەلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. يۇقىرىقى ماقا-لە بىلەن رەسمىي تونۇشتۇرۇشتا كىچىك ستانفورتنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىدە ئوخشىماسلىق بولغىنى بىلەن، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قۇرۇلۇش سەۋەبىدە ھېچقانداق پەرق يوق ئىكەن.

ھەمراھلىرىمىزنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ستانفورت 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگوغا كېلىپ، نەنجىڭ شە-ھىرى ئەتراپلىرىدا كانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ پۇل تېپىپتىكەنمىش. ئۇ شۇ پۇل بىلەن ئامېرىكىدا تىنچ ئوك-يان تۆمۈريولىنى ياسىغانىكەن. تىنچ ئوكيان تۆمۈر يولىنى يا-ساشقا قاتناشقان ئىشچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى جۇڭگو-لۇقلار ئىگىلىگەن بىر پاكىتقا ئاساسلانغاندا، ستانفورتنىڭ

جۇڭگودا تۇرغانلىقى، جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەمگەك تەن-
ەرخىنى تۆۋەن دەپ بىلىپ، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا ئۇلاردىن
پايدىلىنىپ زور نەپكە ئېرىشكەنلىكى مېنىڭچە ئېھتىمالغا يې-
قىن بىر قىياس.

ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتى قولتۇق رايونىنىڭ شىمالىدىكى
بىركلېي شەھىرىگە جايلاشقان كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بى-
لەن بىللە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى — يېڭى تېخنىكىسىنى يۆلەپ
تۇرغان مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، 1891 - يىلى ئوقۇغۇ-
چى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان، تەبىئىي پەنلەر ئوقۇتۇشى ۋە
تەتقىقاتىدا نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىكەن. بۇ مەك-
تەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن بىرقانچە ئالىمدىن ئۆزگە، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە
تەئەللۇق بىر نەپەر زۇڭتۇڭمۇ چىققانىكەن. ئاڭلاشلارغا قارى-
غاندا، سابىق زۇڭتۇڭ كلىنتوننىڭ قىزىمۇ مۇشۇ ئۇنىۋېرسى-
تېتتا ئوقۇۋېتىپتۇ.

ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتى ئەمەلدە ناھايىتى زور كۆلەملىك
ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرىدىن تەشكىل تاپقانىكەن. بۇ شەھەردە
19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى كونا پاسون بويىچە سېلىنغان
دەرسخانىلار، تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان ياتاق بىنالىرى،
قوڭغۇراق مۇنارى، چېركاۋ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئورنى، يې-
مەك - ئىچمەك بىنالىرى، تەجرىبىخانىلار، پراكتىكا زاۋۇتلىرى
بار ئىكەن.

بىز دەرس ئوقۇلۇۋاتقان دەرسخانىلارغا كىرىپ ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. بىر
سىنىپتا كۆپ بولسا 30 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. دەرس
ۋاقتىلىرىدا توپلىشىپ لېكسىيە ئاڭلىغاندىن ئۆزگە، كۆپىنچە

هالـلاردا 14 ــ 15 تىن بىر بولۇپ گىلەم سىلىنغان سىـ.
نىپلاردا يۇمىلاق ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ دەرس مەزمۇنى
ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش ئېلىپ بارىدىكەن. ھەركىم ئۆز
قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلايدىكەن. تالاش ـ تارتىش ئارقىلىق
ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان جاۋابقا ئېرىشكەندە ياكى تالاش ـ
تارتىشتىن نەتىجە ھاسىل قىلالمىغاندا ئاندىن مۇئەللىملەرگە
مۇراجىئەت قىلىدىكەن. مۇئەللىملەر جاۋابنىڭ توغرا ياكى خا.
تالىقى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدىكەن ۋە توغرا ـ خاتانىڭ سەـ
ۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار.
نىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش
ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىكەن.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى جەلپكار كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرى ئو.
قۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش «خاتىرە
قۇدۇقى» ئىكەن. ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا
بىر ھەيۋەتلىك چىركاۋ بولۇپ، چىركاۋنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا
ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر يول بار ئىكەن. بۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا
قاتار كەتكەن تۆت چاسا برونزا خىشلار كۆزگە چېلىقىدىكەن.
بۇ قۇيما خىشلارنىڭ ئۈستىگە يىل نامى چىقىرىلغانىكەن. بۇ
خىشلار ئەمەلىيەتتە قۇدۇق ئاغزىغا قويۇلغان خىشلار بولۇپ،
ئۇنىڭ ئاستىدا ناھايىتى چوڭقۇر قۇدۇقلار بولىدىكەن. ھەر يىـ.
لى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچى بۇ قۇدۇققا ئۆزلىرى
ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسىسىنى، مەسىلەن، قەلەم، قونچاق،
كىتاب دېگەندەك بىرەر نەرسىسىنى تاشلىشى لازىم ئىكەن.
بۇنداق نەرسىلەر تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن قۇدۇق ئاغزى
ھېلىقىدەك برونزا خىش بىلەن مەڭگۈلۈك ئېتىپ تاشلىنىدى.
كەن. 1898 ـ يىلى تۇنجى قارار ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن

بولۇپ، قۇدۇق ئاغزىدىكى يىل نامىمۇ 1893 تىن باشلانغانىكەن. بىز بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەندە 2000 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغاچقا، برونزا خىشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى «2000» رەقىمى بىلەن توختاپتۇ. مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇنداق ئالاھىدە خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدىكەن.

بىراق، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىنىڭ يەنى «مۇھەببەتلەشۋاتقان» بىر جۈپ قىز ۋە بىر جۈپ ئوغۇلنىڭ ھەيكىلىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقى كىشىگە غەلىتە بىر تۇيغۇ بېرىدىكەن.

## 12. خىلمۇخىل ئاخبارات ۋاستىلىرى

ئۆمىكىمىز ياشلارغا ئائىت نۇقتىلىق گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقاچقا ۋە ئوكيان ئاتلاپ زىيارەتكە كېلىشىمىزدىكى ئاساسىي مەقسەتمۇ ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئەھۋالاتىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بولغاچقا، بارغانلا يەردىكى ھەرقانداق ئاخبارات ۋاستىلىرى دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنىڭ دەل مەركىزىدە بولۇپ كەلدى. ۋاشىنگتوندا چىقىدىغان «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتى ۋە سان فرانسىسكودا چىقىدىغان «كۆزەتكۈچى» گېزىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئىنگلىزچە گېزىتتىن ئۆزگە، ئاساسلىقى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا (ئۇ يەردىكىلەر كونىچە خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدىكەن) چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرنال رېداكسىيىلىرىدە تەپسىلىيرەك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق.


ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئوخشىمىغىنىدەك، ئاخبارات ۋاستىلىرىنى تەسىس

قىلىش، باشقۇرۇش شەكلىمۇ جۇڭگونىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي
ئوخشىمايدىكەن. ئۆز ـ ئۆزىنى بېقىش خاراكتېرىدىكى ئاخبارات
ۋاستىلىرى ئاساسەن خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدە بولۇپ، كۆپىن-
چىسى پاي تۈزۈمىدە ئىكەن.

بىز سان فرانسىسكو شەھىرى ۋە باشقا شەھەرلەردە ئىل-
گىرى ـ ئاخىر بولۇپ «چاچما ئارال»، «ئالتۇن شەھەر»، «مۇ-
ھاجىرلار گېزىتى» «كېرىمنىي جىلغىسى» قاتارلىق ئالتە خەن-
زۇچە گېزىت ۋە «66 ـ قانال» دېيىلىدىغان بىر تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇلار ئارىسىدا ئەھۋال
ئالاھىدىرەك بولغان «ئالتۇن شەھەر» گېزىتى بىلەن «66 ـ قا-
نال» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆ-
تۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«ئالتۇن شەھەر گېزىتى» ـــ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى سان

ۋاشىنگتون: «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى» بىناسىنىڭ ئالدىدا



فرانسىسكودا تۇرغان يىللاردا ئۇنىڭ شەخسەن قول سېلىشى ئارقىلىق تەسىس قىلىنغان گېزىت بولۇپ، بۇ گېزىت ئامېرىكا دائىرىسىدە ئاران 3000 تىراژدىلا تارقىلىدىكەن. كەسىپ ئەھلىگە ئايانكى، ھەرقانداق گېزىت ياكى ژۇرنال 3000 پارچە تارقالغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى بېقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. خادىم سانى بەشتىن ئېشىپ كەتكەندە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. ئەمىسە «ئالتۇن شەھەر» گېزىتىنىڭ خوجايىنلىرى قەرزگە بوغۇلۇش خەۋپى ئاستىدا تۇرۇقلۇق بۇ گېزىتنى نېمىدەپ داۋاملىق باشقۇرىدۇ؟


ئەسلىدە، گېزىتنىڭ توختاپ قالماسلىقىغا ۋەتىنىنى سۆيىدىغان كەڭ مۇھاجىرلار ۋە ئامېرىكا تەۋەلىكىدە دۇنياغا كەلگەن جۇڭگولۇقلار ئەۋلادىنىڭ دۆلەت ئاتىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىدە قىلغان بۇ گېزىتنى ۋەتەن سۆيەرلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ زور كۈچ بىلەن قوللىشى سەۋەب بولغان. پۇلى بار بايلار، مىللىي ئاڭغا ئىگە جۇڭگولۇقلار ئەۋلادلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھالىغا تۇشلۇق مەدەت بېرىپ تۇرغان، ھېچبولمىغاندا بۇ گېزىتنى سېتىۋېلىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان. گېزىت مەسئۇللىرى ۋە گېزىت خادىملىرى خەۋپ - خەتەرنى يېڭىپ، بېشىنى ئېچىگە تىقىپ ئىشلەپ، خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە بۇ گېزىتنى بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشتۇرغان.

سان فرانسىسكودىكى جۇڭگولۇقلار شەھىرىنىڭ بىر كىچىك كوچىسىغا جايلاشقان بۇ گېزىتخانا ئىجارىگە ئېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىر زالدىن ئىبارەت بولۇپ، جاھازلىنىشى بەكلا ئاددىي ئىكەن. 40 تەك تەھرىر بىر چوڭ ئىشخانىدا خىزمەت قىلىدىكەن. ئورۇندۇق - ئۈستەللىرى، كومپيۇتېر ۋە

خەت باسقۇچى ماشىنىلىرى كونىراپ كەتكەنىكەن. خىزمەت شارائىتى دۆلىتىمىزدىكى ئەھۋالى ئوتتۇرا ھال گېزىت - ژۇرناللارنىڭ خىزمەت شارائىتىدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىكەن. گېزىتخانا خادىملىرى خەۋپ - خەتەردىن ساقلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنمۇ ياكى دىنىي ئېتىقادىنى چىقىش قىلغانمۇ، 2 - قەۋەتتىكى چوڭ ئىشخانىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە چىرايلىق بوت تەكچىسى ياساپ، تەكچىگە بىر «بايلىق ئىلاھى»نى تىكلەپ قويۇپتۇ، «بايلىق ئىلاھى» نىڭ ئالدىدا بوتۇلكىلىق ھاراق، تەخسە - تەخسە ھورنان، مېۋە - چېۋە دېگەندەك يېمەكلىكلەر دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئىگىلىشىمىزچە، سان فرانسىسكو، ئوكلاند، بىركلېي شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قولتۇق رايونىدا خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىدا باشقۇرۇلىدىغان گېزىتتىن ئالتىسى، تېلېۋىزىيە

سان فرانسىسكو: «ئالتۇن شەھەر» گېزىتخانىسىنىڭ تەھرىر بۆلۈم ئىشخانىسى



قانىلىدىن تۆتى بار ئىكەن.

«66 ـ قانال» ـــ قولتۇق رايونىدىكى خەنزۇ جامائەتچىلى-كىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، خەنزۇ تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خوجايىنلار مەبلەغ سې-لىش شەرتى ئاستىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەن بىر قانال ئىكەن. بۇ قانال يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا ئىجازەت تەلى-پىگە لايىق پەقەت خەنزۇ تىلىدىلا ئاڭلىتىش بېرىپتۇ، بىر نە-پەر خەنزۇ خوجايىن مەبلەغ سېلىپ باشقۇرۇپ يۈرۈپتۇ. بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تىيىنمۇ ياردەم بەرمەيدىغانلىقى، خەنزۇچە قا-نالدا بېرىلىدىغان ئېلاننىڭ ئازلىقى، ئېلان ھەققىنىڭ تۆۋەنلى-كى تۈپەيلى، ھېساباتتا زىيان كۆرۈلگىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا قانال خوجايىنى بۇ قانالنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قانالنى پەقەت ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كىشىلا سېتىۋالسا بولىدىكەن. قولتۇق رايونىدىن بۇ قانالنى سېتىۋالىدىغان جۆڭگولۇق چىق-ماپتۇ. ئاق تەنلىكلەرگە سېتىپ بېرىشكە تېخى بولمايدىكەن. ئەگەر بۇ قانالنى سېتىۋالىدىغان ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خوجايىن چىقمىسا، ۋەيران بولماقتىن ئۆزگە يول يوق ئىكەن.

ئۆز تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىلىدىغان بۇ قانالنى قاراپ تۇرۇپ يوق قىلىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغان جۆڭگولۇقلار تەرەپ ـ تە-رەپكە قاتراپ يۈرۈپ يېڭى خوجايىن ئىزدەپتۇ. ئاخىرىدا بىر نېگىر خوجايىننى تېپىپ ئۇنى بۇ قانالنى سېتىۋېلىشقا كۆن-دۈرۈپتۇ. نېگىرلار ئامېرىكىدا، جۈملىدىن قولتۇق رايونىدا ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدىغىنى ئۈچۈن بۇ قانالنى سېتىۋال-سا بولىدىكەن.

نېگىر خوجايىن ئاخىر بۇ قانالنى سېتىۋاپتۇ. ئۇ تېلېۋىد-

زىيە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر سودىگەر بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ باشقا جايلىرىدا يەنە ئالتە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار ئىكەن. نومۇر تەييارلاشتىن تارتىپ ئاڭلىتىشقىچە بولغان بارلىق ئىشلارنى خەنزۇ خادىملار بېجىرىدىكەن. ئادەتتە ۋاشىنگتوندىمۇ ياكى نيۇيوركتىمۇ، ئىشقىلىپ باشقا شەھەرلەرنىڭ بىرىدە تۇرىدىغان بۇ خوجايىن يىلىغا بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ ھېسابات ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، مىلاد بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى قاتارلىق ئايەم كۈنلىرىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە بولىدىكەن.

ھازىر بۇ ئىستانسىدا ھەر كۈنى 3.5 سائەت خەنزۇچە ئاڭلىتىش بېرىلىدىكەن، قالغان ۋاقىتلاردا ئىنگلىزچە ئاڭلىتىلىدىكەن. «ئاڭلىتىش ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇچە ئاڭلاتساڭلار بولمامدۇ؟» دېگەن سوئالغا ئۇلار يەنە ھېلىقى سۆزنى، يەنى خەنزۇچە ئېلانلارنىڭ ئازلىقىنى، مىنۇتلۇق باھاسىنىڭ 200

سان فرانسىسكو: «مۇھاجىرلار گېزىتى» ھۇزۇرىدا



دوللاردىن ئاشمايدىغانلىقىنى، ئىنگلىزچە ئېلان بەرمىسە زىيان كۆرۈلىدىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇلارنىڭ خەنزۇچە ئاڭلىتىشى، يەرلىك خەۋەرلەردىن ئۆز-گە، ئاساسەن دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى-نى كۆرستىش، مەركىزي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تۆتىن-چى قانىلىدىكى نومۇرلارنى ئۇلاپ كۆرستىش قاتارلىقلار بىلەن چەكلىنىدىكەن. ئۇلار يەنە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى سىتمۇۋالماقچى بولۇۋېتىپتۇ. بۇ فىلىم گەرچە پرولېتارىيات ئىدىيىسىنى تەش-ۋىق قىلىدىغان فىلىم بولسىمۇ، ئۇلار فىلىمنىڭ بۇ تەرىپى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمىسە كېرەك.

بۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بەش قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىگە جايلاشقانىكەن. ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىلغارلى-قىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاڭلىتىش ئۆيى بىزدىكى ۋىلايەت دە-رىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن.

«ئالتۇن شەھەر» گېزىتى بىلەن «66 ـ قانال» تېلېۋىزىيە ئىستانسىنى كۆرۈپ، بۇ يەردىكى مۇھاجىرلارنىڭ ۋە جۇڭگو-لۇقلار ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز ئاۋازىنى جامائەتكە بىلدۈرۈش، ئۆز تىلىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنى قەدىرلەش روھىنىڭ شۇ قە-دەر قەتئىيلىكىنى كۆرۈۋالدۇق. دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدا باشقۇرۇلۇۋاتقان ئاخبارات ۋاستىلى-رىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدىغىنى ئۈچۈن خۇ-شاللىق ھېس قىلدۇق.

## 13. ئۇزۇلمەس « بايرام » لار

سان فرانسىسكودا تۇرۇۋاتقان ئاخىرقى كۈنلەردە ھەمراھ

بولغۇچى ۋاڭ ئەپەندىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قىزىقارلىق بىر ما-تېرىيالغا ئىگە بولدۇق. ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، پۈتكۈل ئامېرىكا، جۈملىدىن سان فرانسىسكو شەھىرى 150 دۆلەتتىن كۆچمەنلەردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، 100 نەچچە مىللەت كىشىلىرى ئارىلىشىپ ياشايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بۇنىڭغا سان فرانسىسكونىڭ «ھەر خىل ئىدىيە، ھەر خىل مەزھەپ » لەرگە ھامىي بولىدىغان ئالاھىدىلىكى قوشۇلۇپ، نۇرغۇن بايرام، خا-تىرە كۈنلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سان فرانسىسكودا بايرام بولمايدىغان ئاي يوق ئىكەن.

ھەر يىللىق بايراملار خەنزۇلارنىڭ چاغان بايرىمى بىلەن باشلىنىپ كېتىدىكەن. 1 ـ ياكى 2 ـ ئايدا كېلىدىغان بۇ بايرامدا جاي ـ جايلاردا پوجاڭزا ئېتىلىدىكەن. ئامېرىكا بويىچە خەنزۇ قىزلاردىن گۈزەللەر تاللىنىدىكەن.

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىكەن. تۈگ كۆتۈرۈپ نامايىش ئۆتـ-كۈزۈپ، دىنىي پەيغەمبىرىنى خاتىرىلەيدىكەن. 3 ـ ئايدا يەنە «سان فرانسىسكو قولتۇق رايونى مۇزىكا مۇكاپاتى» تارقىتىلى-دىكەن.

4 ـ ئايدا سان فرانسىسكودىكى ياپونلار «ساككورا» بايرىمى ئۆتكۈزىدىكەن. ياپونىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان سەنئەتكارلار ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلىدىكەن. «ياپون شەھىرى» دە كاتتا يىـ-غىلىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ بىر قاتار تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مېكسىكىلىقلار 1862 ـ يىلىدىكى فرانسۇزلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى خاتىرىلەيدىكەن. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەيسىن رايونىدا ئىسپانىيە ئۆرپ ـ ئادەت نا-

مايىشى ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىدە ئالتە رەڭلىك بايراق كۆتۈرگەن «ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتداشلار ئەركىنلىكى كۈنى» ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتداشلار چوڭ نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدىكەن. «ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتداشلار كىنو بايرىمى» مۇ 6 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق كۈنى بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مەملىكەت خاراكتېرلىك بۇ بايرامدا كرېس مەيدانى ۋە «ئالتۇن قوۋۇق» كۆۋرۈكىدە ساليوت ئېتىلىدىكەن.

8 ـ ئايدا «ياپون شەھىرى» دە كاتتا بازار بولىدىكەن.

9 ـ ئايدا سان فرانسىسكو يەرمەنكىسى شەھەر مەركىزىدە ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىكەن. شۇ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىنىڭ شەنبە كۈنىدە سان فرانسىسكو بورس بايرىمى مەيسىن قورغىنىدا ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلايدىكەن.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كولومبو خاتىرە كۈنى ئىكەن. شۇ كۈندە يەنە شىمالىي دېڭىز قىرغىقىدا ئىتالىيىلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. 10 ـ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىدە «ئالۋاستى بايرىمى» ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلايدىكەن.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مېكسىكىلىقلار رايونىدا «ئەرۋاھلارنى خاتىرىلەش» بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. سان فرانسىسكو جاز مۇزىكا بايرىمى شۇ ئاينىڭ ئالدىنقى ئىككى ھەپتىسىدە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلايدىكەن. 11 ـ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىسىنىڭ پەيشەنبە كۈنى «تەشەككۇر» بايرىمى ئۆت-

كۆزۈلىدىكەن.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ بايرام پۈتكۈل ئامېرىكىلىقلارنىڭ كاتتا ئايىمى بولۇپ، ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىلىرى چىرايلىق قىلىپ بېزىلىدىكەن. سان فرانسىسكو بالېت تىياتىرى كلاسسىك تىياتىرلارنى ئوينايدىكەن.

## 14. ئاۋىئاتسىيە گېپىدە تۇرمىدى

ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى جەھەتتە دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەت. ئامېرىكىدا چوڭ تىپتىكى ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىدىن 50 نەچچىسى بار. ئايرودروم ئەسلىھەلىرى بار شەھەر 1400 دىن ئاشىدۇ. نيۇيورك، چىكاگو، ۋاشىنگتون، سان فرانسىسكو قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر ھاۋا قاتنىشى تۈگۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەقەت نيۇيوركتىكى كېننىدى خەلقئارا ئايروپورتىلا يىلىغا 15 مىليون يولۇچىنى قوبۇل قىلالايدۇ ۋە ئۆزىتالايدۇ. چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ھاۋا يولى بىلەن باغلانغان. ئايروپورتلارنىڭ ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى ئايروپىلان ئارقىلىق ئويۇن كۆرسىتىشتىن باشلانغان دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بىراق، ئەمەلىي ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق.

كىتابىمىزنىڭ «سەپەرنىڭ باشلىنىشى» دېگەن بۆلىكىدە مەلۇمات بەرگىنىمىزدەك، 1903 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا لايتلار ماتورىنىڭ قۇۋۋىتى 12 ئات كۈچىگە ئىگە قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرۇپ، ئادەمنى ئاسمانغا ئاچىقىشنىڭ

تۆنجى سەھىپىسىنى ئاچقان. 1918 ـ يىلى ئامېرىكا پوچتا ئىدارىسى ئايروپىلاندىن پايدىلىنىپ پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇشنى يولغا قويغان. كېيىنكى يىلى مەلۇم بىر ئۇچقۇچى ئايروپىلاننى بىر بازارنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇرۇپ ئويۇن كۆرسەتكەن. ئارقىدىنلا بىرقانچە بازارچىنى ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇزۇپ ھاۋا بوشلۇقىغا ئاچىققان ۋە ئۇلارنى راسا ئويناتقان. شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلاندا ئادەم توشۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بايقالغان. 1927 ـ يىلىغا كەلگەندە ئادەم توشۇيدىغان ئايروپىلان تۇنجى قېتىم يىراق مۇساپىگە ئۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. 1938 ـ يىلى ئامېرىكىدا تۇنجى ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى قۇرۇلغان. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئايروپىلاننىڭ ئانا دۆلىتى بولغان ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى جەھەتتە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئامېرىكا ئاسمىنىدا ھەر خىل ئايروپىلانلارنىڭ قۇشقاچتەك ئۇچۇپ يۈرۈشى، چوڭ ۋە بىخەتەر ئايروپىلانلارنىڭ ئامېرىكىدا ئىشلەپ چىقىرىلىشى مانا بۇ نۇقتىنى تولۇق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

بىراق، ئامېرىكا ئېۋەنسىز دۆلەت بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىدىمۇ بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىكەن.

مەسىلەن، بىز ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىدىن ئۆتكەن كۈن تەرتىپ بويىچە، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (جۇڭگو ۋاقتى بىلەن 2 ـ كۈنى) سان فرانسىسكو شەھىرىدىن نيۇيورك شەھىرىگە قاراپ ئۇچماقچى بولدۇق ۋە چۈش مەزگىلى بىلەن ئايروپورتقا يېتىپ چىقتۇق. ئادەتتە سان فرانسىسكودىن بىر ئۇچقانچە ئۇچۇپ نيۇيوركقا بارىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارمۇ، بىرقانچە شەھەرگە قونۇپ ئايروپىلان ئالماشتۇرۇپ بارىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارمۇ بولىدىكەن. نيۇيورك شەھىرىدىكى پائالىيەتلىد-

ـرىمىز ئاللىقاچان پىلانلىنىپ بولغاچقا، پائالىيەت ۋاقتىغا كاـ
پالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نيۇيوركقا بىۋاستە ئۇچىدىغان ئايروـ
پىلاننىڭ بېلىتى سېتىۋېلىنغان ۋە ئايروپورت دائىرىلىرى تەـ
رىپىدىن مەقسەتكە لايىق كاپالەتكە ئېرىشىلگەنىكەن.

بىز ئولتۇرغان «ھاۋادىكى ئاپتوبۇس» تىپلىق يىراق مۇساـ
پىلىك ئايروپىلان بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن 1 سائەت 30 مىنۇت
كېچىكىپ ئۇچتى، ئۇچۇپ تېگىشلىك ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگىـ
چە قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئالتە سائەت ئۇچقاندىن كېيىن
ئاندىن نيۇيورك ئايروپورتىغا يېتىپ بارىدىغىنىمىز بىزگە ئايان
بولغاچقا، بىر يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلىدىغان ئاشۇ ئالتە سائەتلىك
ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ ئۆز خىياللىرىمىز
بىلەن بەند بولۇپ كەتتۇق.

بىراق، كېچە ئاسمىنىدا ئۈچ سائەت ئۇچۇپ ئۇچۇشقا تېـ
گىشلىك مۇساپىنىڭ يېرىمى تۈگىدى دېگەندە، ئايروپىلان يېـ
نىك سىلكىنگىلى، قۇلاقلىرىم غوڭۇلدىغىلى تۇردى. ئېنىقكى،
بۇ ئايروپىلاننىڭ تۆۋەنلەشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

ئايروپىلان ئەسلىدىكى ئۇچۇش پىلانى بويىچە يېرىم يولدا
قونمايدىغان بولغاچقا، ھەر خىل قىياسلار كۆڭلۈمدىن كەچكىلى
تۇردى. «ئايروپىلاننىڭ بىرەر يېرىدىن چاتاق چىققان بولسا چۈل ـ
جەزىرىگە مەجبۇرىي قونامدۇ، نېمە؟» دېگەن ئوي كاللامغا كىـ
رىپلىۋالدى.

پەمىمچە، ئايروپىلان تۆۋەنلەپ 5000 مېتىر ئېگىزلىككە
كەلگەندە ئاندىن ئايروپىلان كانىيىدىن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايروـ
پىلان كوتكوچىسىنىڭ زوۋانىنى چۈشەنمىگىنىم ئۈچۈن ئىنگـ
لىزچىنى بىلىشى مۇمكىن بولغان يولۇچىلارنىڭ چىرايىغا قاـ
رىدىم. ئۇلارنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق جىددىيلىشىش ئالامىتىنى

كۆرمىگەندىن كېيىن، يۇرىكىم جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

بىر چاغلاردا ئايروپىلاننىڭ چاقى يەرگە تەگدى، تورمۇزلاندى. ئايروپورتنىڭ ئۆگكۈر شوتىسىدىن ئايروپىلان ساقلاش زالىغا چىقىپ كەلگەندىلا ئاندىن ئايروپىلانىمىزنىڭ يېرىم يولدا مەلۇم شەھەرنىڭ ئايروپورتىغا قونغانلىقى مەلۇم بولدى.

ئۆمىكىمىزنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمانى ئايروپورت خادىملىرى بىلەن بىرنېمىلەرنى كالدىرلىشىپ خېلىلا قىزىرىشتى. ئاڭلىساق، قونغان يېرىمىز ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق قىسمىدىكى تېننېسسي شتاتىغا قاراشلىق مېمفىس شەھىرىنىڭ ئايروپورتى بولۇپ، بۇ يەر ئايروپىلانىمىزنىڭ ئىگىسى — ئامېرىكا غەربىي شىمال ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ مۇھىم بازىسى ئىكەن. ئۇلار ئادەم تولۇقلاپ، ئىقتىسادىي زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە قونۇپتۇ. يامان يېرى، بىزنى ئەكەلگەن ئايروپىلان يەنە يولۇچى بېسىپ قاياقلارغىدۇر جۆنەيدىكەن، يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن قاياقتىندۇر كېلىدىغان بىر ئايروپىلان بىزنى ئېلىپ يەنە نيۇيوركقا قاراپ ئۇچىدىكەن. بۇنداق بولغاندا نيۇيوركتىكى پائالىيەتلىرىمىزنىڭ بەزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىكەن.

ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ گېپىدە تۇرماي، نيۇيوركتىكى پائالىيەتلىرىمىزگە تەسىر يەتكۈزگىنى ئۈچۈن تازا خاپا بولدۇق. تاماكىمۇ چېكەلمەي، يىراققىمۇ كېتەلمەي، تۈرمىدەك چىڭ قوغدىلىدىغان ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا ئۈچ سائەتلىك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۇق. تۈن تەڭدىن ئاشقاندا ئاندىن بەدەن ئېغىرلىقى 200 كىلوگرام كەلگۈدەك بىر نېگىر ئايالنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئايروپىلانغا چىقتۇق، كېچە ئاسمىنىدا يەنە ئۈچ سائەتچە ئۇچقاندەك كېيىن نيۇيورك ئايروپورتىغا قوندۇق.

نيۇيوركتا تاڭ يورۇپ، قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغ بولۇپ، بەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى توققۇز گرادۇس ئىكەن. «نيۇيورك ۋاقتى گېزىتى» دە ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتنىڭ بىرىمى ئايروپىلاننىڭ بىرىم يولدا توختىتىۋېلىشى سەۋەبلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ.

بىز يول باشلىغۇچى تونى ۋاڭ ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەر مەركىزىگە يېرىم سائەتلىك مۇساپىدىكى «HILTON» مېھمانخانىسىغا بېرىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، نيۇيورك شەھىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدۇق.

## 15. بىرىنچى چوڭ شەھەر

نيۇيورك ئامېرىكا بويىچە بىرىنچى چوڭ شەھەر، ئەڭ چوڭ پورت شەھىرى، دۇنيا بويىچە تۆتىنچى چوڭ پورت شەھىرى، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى جايلاشقان جاي. ئورنى خودسۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا. نيۇيورك مانخانتان رايونى، بروكلىن رايونى دېگەندەك بەش چوڭ رايونغا بۆلۈنىدۇ. بۇ يەردە خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە كەسپى، كىيىم ـ كېچەك، نەشرىياتچىلىق، پەرداز بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش، قورال ـ ياراغ سانائىتى قاتارلىق سانائەتلەر بەكمۇ تەرەققىي قىلغان. نيۇيورك يەنە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايدا ئەڭ ئېگىز خىزمەت بىنالىرى، قەۋەتلىك سودا ماگىزىنلىرى، چوڭ بانكىلار، تىياتىرخانىلار، مۇزېيلار بار. 1754 ـ يىلى قۇرۇلغان كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، 1847 ـ يىلى قۇرۇلغان نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مەشھۇر كېنىندى ئايروپورتى قاتارلىقلارمۇ مۇ-

شۇ شەھەردە.

1868 ـ يىلى ياسالغان نيۇيورك يەر ئاستى تۆمۈريولىنىڭ 1979 ـ يىلىغىچە ياسالغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 393.5 كىلو ـ مېتىرغا يەتكەن. بۇ شەھەر شەھەر ئەتراپىدىكى 60 تىن ئوشۇق كىچىك شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نيۇيورك يەنە نېگىرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر شەھەر. 1981 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەردىكى نېگىرلار ئاھالىسى 1 مىليون 700 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

1625 ـ يىلى گوللاندىيىلىكلەر نيۇيورك شەھىرىنىڭ ها ـ زىرقى ئورنىدا «يېڭى گوللاندىيە» دەيدىغان بىر مۇستەملىكىنى قۇرغان، مۇستەملىكە مەركىزىگە «يېڭى ئامستېردام» دەپ نام بەرگەن. بۇ مۇستەملىكە 1664 ـ يىلى ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان «نيۇيورك» دېگەن نامنى مۇستەملىكە نامى سۈ ـ پىتىدە قوبۇل قىلغان. مانا مۇشۇ شەھەر 1789 ـ يىلىدىن 1790 ـ يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ پايتەختى بولغان.

نيۇيوركقا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا ھاۋا ئوچۇق بولغاچ ـ قا، ئايروپىلان تۆۋەنلەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ شەھەر ـ نى ئاسماندا تۇرۇپ كۆزىتىش ۋە سۈرەتكە چۈشۈرۈۋېلىش پۇر ـ سىتىگە ئىگە بولدۇم.

## 16. ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى

ــ ئەگەر نيۇيورك شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن پەقەت بىرلا جاينى كۆرۈش پۇرسىتى بېرىلسە، سىلەر ئالدى بىلەن قەيەرنى تاللايسىلەر؟

بۇ «فورت» ماركىلىق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقان چېغىمىزدا يول باشلىغۇچى تونى ۋاڭ ئەپەن ـ

دىنىڭ بىزگە قويغان سوئالى ئىدى. HILTON مېھمانخانىسىدىن ئايرىلىپ شەھەر مەركىزىگە قاراپ كېتىۋاتقان بولساقمۇ، تۇنجى بولۇپ قايسى مەشھۇر نۇقتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغانلىقىمىزنى راستىنلا ئۇقمايتتۇق. بابا دېگەندەك، ئامېرىكا ئاۋئىئاتسىيىسىنىڭ گېپىدە تۇرمىغانلىقى تۇپەيلى، قولىمىزدىكى زىيارەت تەرتىپى چۇشۇرۇلگەن بىر ۋاراق قەغەز ئۆز رولىنى يوقاتقانىدى.

ئۆمىكىمىزدىكىلەردىن پەقەت ئۆمەك تەرجىمانى شياۋۋاڭلا بۇرۇن بۇ شەھەرگە كېلىپ باققانىكەن. قالغان 17 نەپەر ئەزا ئىچىدە ھېچقايسىمىز بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان بولساقمۇ، لېكىن تۇنجى بولۇپ قەيەرنى كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىمىزنى ئالدىراپ بىر تاللىۋالماي كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قويغانىدۇق. شۇڭا، بىز تەڭلا:

— ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنى كۆرۈشنى تاللايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشىدۇق، تونى ۋاڭ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى ۋە:

— ژۇرنالىست، يازغۇچى ئىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ «ئەركىنلىك ئىلاھى» نى كۆرگىلى ئالدىرايدىغىنىڭلاردىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ. بىراق، نيۇيوركقا كەلگەنلىكى ساياھەتچى، مەيلى ئۇ ئەمەلدار بولسۇن ياكى دېھقان بولسۇن، ھەممىسى تۇنجى بولۇپ ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنى تاماشا قىلىشنى خالايدۇ، شۇڭا مەنمۇ سىلەرنى تۇنجى بولۇپ «ئەركىنلىك ئىلاھى» نىڭ قېشىغا باشلاپ كېتىپ بارىمەن، — دېدى. بىز تونى ۋاڭنىڭ يول باشلىغۇچىلارغا خاس ئۇستاتلىقىغا قايىل بولۇپ، چاۋاك چېلىشتۇق.

كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن بىر سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن نيۇيورك كونا پورتىغا يېتىپ كەلدۇق. ئازادە مېھمان كۈتۈش ئورنى، كېمە ساقلاش ئۆيى، بېلەت سېتىش بوتكىسى قا-



نيۇيورك: ئەركىنلىك ئارىلىدىكى ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى

تارىلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ كونا پورت 1940 ـ يىللاردىلا ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلغانىكەن، ھازىر ئاسارئەتىقە قاتارىدا ئۆز پېتى ساقلىنىۋېتىپتۇ. بۇرۇن ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن ئامېرىكىنى نىشانلاپ يولغا چىققان كېمىلەر، جان ساقلاش ياكى باي بولۇش ئىستىكى بىلەن ئامېرىكىنى كۆڭلى تارتقان مۇساپىرلار مانا مۇشۇ پورت ئارقىلىق كۆزلىگەنلىرىگە نائىل بولىدىكەن.


بىز كېمە ساقلىغاچ، كونا پورتتا يېرىم سائەت ساياھەتتە بولدۇق. كېمە ئاخىر يېتىپ كەلدى. سوغۇق كۆز شامىلى ۋىدىژىلداپ تۇرغان دېڭىزدا ئىككى قەۋەتلىك ساياھەت كېمىسى بىلەن 20 مىنۇتچە يول يۈرگەندىن كېيىن مانخاتتاننىڭ جەنۇبىغا 24 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى «ئەركىنلىك ئىلاھى» نىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە ئەركىنلىك ئارىلىدا تىك تۇرغان

«ئەركىنلىك ئىلاھى» نىڭ «جامالى» نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق.

ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ تولۇق نامى «جاھاننى يورۇتۇۋاتقان ئەركىنلىك ئىلاھى» ئىكەن، ئېگىزلىكى 93 مېتىر (تەگلىكى بىلەن قوشۇلۇپ)، ئېغىرلىقى 225 توننا بولۇپ، دۇنيا ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى تارىخىدىكى بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ھەيكەل قەدىمكى رىمچە ئۇزۇن چاپان، يالقۇنجاپ تۇرغان تاج كىيگەن، 12 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مەشئەلنى كۆتۈرۈۋالغان ۋە سول قولىدا ئا-مېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى تۇتقان ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

ھەيكەلنىڭ ئىچىدە يەنە 168 باسقۇچلۇق بۇرمىسىمان پە-لەمپەي ۋە تاج قىسمىدا 25 تۆمۈر روجەك بار ئىكەن. پەلەمپەي

نيۇيورك: ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى يېنىدا



بىلەن ھەيكەلنىڭ باش قىسمىغا چىققىلى، روجەك ئارقىلىق نيۇيورك پورتىنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن.

ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ ئاپتورى فرېدرىخ ئاۋگۇست 1834 ـ يىلى فرانسىيىدە ياشىغۇچى بىر ئىتالىيىلىكنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلىغان. 1851 ـ يىلى لوئى بوناپارت سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، فرانسىيىنىڭ 2 ـ جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان كۈنلەردە بىر بۆلەك قايتماس جۇمھۇرىيەتچىلەر كوچىلاردا بارىكادا قۇرۇپ، باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسەتكەن. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئاۋگۇست بىر قىزنىڭ مەشئەل كۆتۈرۈپ يۈرۈپ قاتمۇقات توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھۇررا تووۋلاپ كېتىۋاتقاندا ئوق زەربىسىدىن يىقىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە قاتتىق ھاياجانلانغان. مەشئەل كۆتۈرگەن بۇ قىز ئۇنىڭ قەلبىگە بىر يارقىن ئوبراز تەرىقىسىدە مەھكەم ئورناپ كەتكەن.

1865 ـ يىلى ئاۋگۇست باشقىلارنىڭ «بىر ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى ياساپ ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرىسى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلىش، ھەيكەلگە كېتەرلىك خىراجەتنى فرانسىيىلىكلەر ئىئانە قىلىش» دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان.

1869 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاۋگۇست ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ سىخېمىسىنى پۈتتۈرگەن، ھەيكەل ياساش ئىشىغا تۇتۇش قىلغان. كۆپ ئۆتمەي ھەيكەل تەقدىم قىلىش ئىشى ئامېرىكىغا ئۇقتۇرۇلغان. ئاۋگۇستنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى ئارقىسىدا ئامېرىكا پارلامېنتى قارار ما-

قوللاپ، فرانسىيىنىڭ ھەيكەل تەقدىم قىلىش پىلانىنى قوبۇل قىلغان.

1884 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە فرانسىيە ھۆكۈمىتى نامىدىن رەسمىي تەقدىم قىلىنغان. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ھەيكەل تەگلىكى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغان. 1886 ـ يىلى 75 نەپەر ئىشچى قۇرۇلۇش جاھازىسىغا چىقىپ، ھەيكەلنىڭ 100 پارچە بۆلەك قىسمىنى 300 مىڭ تال مىخ بىلەن ھەيكەل ئومۇرتقىسىغا مىخلاشقا باشلىغان. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنى ئورنىتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش تاماملانغان. ھەيكەلنىڭ ئورنىتىلىش مۇراسىمىدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئۆز قولى بىلەن يوپۇق ئاچقان ۋە يوپۇق ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەن. سان ـ ساناقسىز كىشىلەر ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ قەد كۆتۈرگىنىگە تەنتەنە قىلىشقان.

ئاۋگۇستمۇ ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك خىزمىتى ئۈچۈن نيۇيورك شەھىرىنىڭ پەخرىي پۇقرالىق شەرىپىگە ئېرىشكەن، فرانسىيىنىڭ شۆھرەتلىك ئارمىيە قوماندانى دەرىجىسىدىكى جەڭچى ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلانغان. ئۇ 1904 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فرانسىيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ تەگلىكىگە يەھۇدىي ئايال كۆچمەن ئىما يازغان بىر كۇپلېت شېئىر ئويۇلغانىكەن. مەن تەرجىمان ئارقىلىق بۇ شېئىرنىڭ خەنزۇچىسىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا شېئىرنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدىكەن:

ئەي جىمى ئادەم،
جاپا چەككەن، چارچىغانلار ھەم،
ھايۋان كەبى خورلانغانلار ھەم،
ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغانلار ھەم،
ئەركىنلىككە ئىنتىلگەنلەر ھەم،
تەقدىرى كاج، بىقۇۋۇللار ھەم،
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى تاپشۇرغىن ماڭا،
تاپشۇرغىن ماڭا !
مەن بۇ يەردە مەشئەل كۆتۈرۈپ،
چاچماقتىمەن شولا ـ يورۇقنى.
ئەركىنلىك ۋە پۇرسەت كۆتكەنگە
كۆرسىتىمەن ئالتۇن قوۋۇقنى !

مەن شەھەر تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى ئۈستىدە ئىككى ـ ئۈچ مەرتە چۆرگىلەپ بولۇپ ئاندىن يەنە شەھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنى ئايروپىلانلىق زىيارەت قىلىش كەسپىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى قىياس قىلدىم.

## 17. ئاسمان ـ پەلەك بىنالار

ئەگەر سىز نيۇيورك كوچىسىدا تۇرۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىنالارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ سۈرەتكە چۈشمەكچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى بۇ نىيىتىڭىزدىن بۇرۇنراق يانغىنىڭىز تۈزۈك. ئۆزىڭىزنى چاغلىمىسىڭىز 24 مىللىمېتىرلىق بۇلۇڭلۇق كۆزى بار ئاپپارات بىلەنمۇ بىنالارنىڭ پەقەت 10 نەچچە قەۋىتىگىچىلا خاتىرە قالدۇرالايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىدە

يەنە 60 قەۋەت ياكى 80 قەۋەت ئېشىپ قالىدۇ، سۈرەتنى كۆك ئاسمان بىلەن قوشۇپ تارتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!

نيۇيورك ئەنە شۇنداق ئاسمان ـ پەلەك بىنالار بىلەن تو-شۇپ كەتكەن، كوچىلىرىغا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بىر كاتتا شەھەر!

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بىز ئامېرىكىچە ئەتىگەنلىك تاماق يېگەندىن كېيىن، نيۇيوركتىكى ئەڭ ئېگىز بىناغا ــ «دۇنيا سودا مەركىزى» گە ئېكسكۇرسىيىگە كەلدۇق.

دۇنيا سودا مەركىزى بىناسىنىڭ ئېگىزلىكى 411 مېتىر، 110 قەۋەت بولۇپ، بۇ بىنا ئېگىزلىك جەھەتتە ئامېرىكا ۋە دۇنيا بويىچىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئەڭ ئالدىنقى ئو-رۇندا تۇرىدىغىنى چىكاگو شەھىرىدىكى بىر ئېگىز بىنا بولۇپ، بۇ بىنامۇ 110 قەۋەت بولغىنى بىلەن، ئېگىزلىك جەھەتتە سودا مەركىزى بىناسىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن.

دۇنيا سودا مەركىزى بىناسى يانمۇيان سېلىنغان ئىككى بىنادىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بىنالار ياپونىيىلىك بىر ئارخى-تېكتور تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن، 1964 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە جەمئىي سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتتۈ-رۈلگەنىكەن، بىنا قۇرۇلۇشىغا 12 مىليارد 850 مىليون ئامې-رىكا دوللىرى سەرپ قىلىنىپتۇ.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشىدا 3500 ئىشچى ئىشلىتىلگەن، 200 مىڭ تونىنا پولات، 426 مىڭ كۇب مېتىر سېمونت كەتكەنىكەن. يەر ئاستى ئاپتوموبىل توخ-تىتىش مەيدانىغا 2000 ئاپتوموبىل سىغىدىكەن. بىناغا جايلاشقان ئىشخانىلاردا خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ سانىلا 50 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

بىز تېز سۈرئەتلىك لىفتقا ئولتۇرۇپ پەقەت بىر مىنۇت ئىچىدىلا بۇ بىنانىڭ 107 قەۋىتىگە چىقتۇق. لىفتنىڭ چوڭلۇقى بىر ئۆيچە كېلىدىكەن. لىفتنىڭ تۆت تېمىغا دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللار بويىچە «قارشى ئالىمىز» دېگەن خەت چاپلاپ قويۇلۇپتۇ. بۇ خەتلەر ئارىسىدا خەنزۇچە خەتمۇ بار ئىكەن. 107 ـ قەۋەتتىكى كەڭ زالنىڭ ئىچىگە يەنە «يەر شارى سىزنىڭ ئاياغ ئاستىڭىزدا» دېگەن خەتنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى تەرجىمان بىزگە تەرجىمە قىلىپ بەردى.

بىز 107 ـ قەۋەتتىكى قەھۋەخانىدا قەھۋە ئىچتۇق. خاتىرە بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان دۇكانلاردىن خاتىرە بۇيۇمى سېتىۋالدۇق. ئارقىدىنلا كىچىكرەك بىر لىفتقا ئولتۇرۇپ، بىنانىڭ 110 ـ قەۋىتىدىكى تۈز ئۆگزىگە چىقتۇق، ئەتراپقا نەزەر سالدۇق.

راست دېگەندەك، يەر شارى بىزنىڭ ئاياغ ئاستىمىزدا ئىدى. يىراقتىكى ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى خېلى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مانخاتتان ئارىلىدىكى رەڭمۇرەڭ قۇرۇلۇشلارمۇ بىزگە يېقىنلا بىر يەردە ئىدى.

قىزىق يېرى، مەن 110 ـ قەۋەتتە تۇرۇپ يىراقلارغا قاراۋاتقىنىمدا بۇ بىنانىڭ سەل لىڭشىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدىم. بېشىمنى سىلكىۋېتىپ، كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋەتتىم، باشقا بىنالارغا سېلىشتۇرما قىلىپ تۇرۇپ بۇ بىنانىڭ راستتىن لىڭشىۋاتقان ياكى لىڭشىمايۋاتقىنىغا زەن قويدۇم.

ھېس قىلدىمكى، سەزگۈ ئەزالىرىم ئالدانمىغانىكەن، بىنا راستتىنلا شامال سوققان يېكەندەك يېنىك لىڭشىيدىكەن.

ئېگىز بىنالارنىڭ شامالدا لىڭشىيدىغىنىنى كىتابلاردىن ئوقۇغىنىم ئۈچۈن ئانچە ئالاقزادە بولۇپ كەتمىگەن بولساممۇ،

لېكىن بىنانىڭ لىڭشىغىنىغا دىققەت قىلىۋاتقىنىم يول باشلى-غۇچىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال يېنىمغا كېلىپ كۆڭلۈمنى جايىغا چۈشۈرمەكچى بولغاندەك كۈلۈپ قويىدى ۋە:

— بايام سىلەرگە سۆزلەپ بېرىشنى كېرەك ئىدى، ئېسىم-دىن كۆتۈرۈلۈپتۇ، بۇ بىنا لايىھىلىنىشىدىلا شامال سوققاندا لىڭشىيدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن ۋە يۇمشاق پولات تاياقچە ئىشلىتىلگەن. بىنانىڭ ئېغىرلىق مەركىزى دەل لىفت ئۆيىگە چۈشىدۇ. ئەگەر شامال سوققاندا لىڭشىمايدىغان قىلىپ لايىھە-لەنسە ئۇنىڭ شامالغا ۋە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش كۈچى بولمايدۇ. لىڭشىپ تۇرۇپ قاتتىق بوراننىڭ ۋە يەر تەۋرەشنىڭ زەربىسىنى ئاجىزلىتىدۇ، — دېدى.

مەن بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئىـ-گىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن تەمسىلىنى يادىمغا ئالدىم.

گەپ ئېگىز بىنالار ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا، دۇنيا سودا مەركىزى بىناسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، مانخاتتان سودا رايو-نىغا جايلاشقان ئىمپېرىيە بىناسى توغرىسىدا ئازراق مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز نيۇيوركتىن ئايرىلىدىغان كۈنى ئاندىن زىيارەت قىـ-لىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىمپېرىيە بىناسى 102 قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئېگىزلىكى 381 مېتىر كېلىدىكەن. دۇنيا سودا مەر-كىزى بىناسى پۈتكۈچە ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بىنا بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئىمپېرىيە بىناسى ئېگىز بولغىنى ئۈچۈن بۇ بىنادا كىشىنى چۆچۈتىدىغان نۇرغۇن ئىشلارمۇ يۈز بېرىپتۇ.

1945 ـ يىلى، «B ـ 25» تىپلىق بىر ئايروپىلان مەزكۇر بىنانىڭ 79 ـ قەۋىتىگە ئۇسۇپ، ئۈچ نەپەر ئايروپىلان خادىمى

ۋە 79 ـ قەۋەتتىكى ئىشخانىدا ئىشلەۋاتقان 11 نەپەر خىزمەت-چىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىكەن. 60 ـ يىللاردا بولسا، 30 ئادەم بۇ بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.

دۇنيا خەلقئارا سودا مەركىزى بىناسىدىمۇ بۇرۇن كىشىنى چۆچۈتكۇدەك ئىشلار يۈز بەرگەنىكەن.

قايسىبىر يىلى ئامېرىكىلىق ئىككى نەپەر ياش ساياھەتچى قاتارىدا بۇ بىنانىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىگە چىقىۋاپتۇ ۋە ئەپلەك بىر جاينى تېپىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. تۈن تەڭ بولغاندا يوشۇرۇن ئاچىققان ئارغامچىنى ئىككى بىنا ئارىسىغا تارتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىككى ياشنىڭ بىرى ياغاچ تەڭشەكنى تۇتۇپ، بۇ بى-نادىن ئۇ بىناغا ئۆتمەكچى بولۇپتۇ ۋە ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قا-زىنىپ، ھېچقانداق بىخەتەرلىك تەدبىرى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىككى بىنا ئارىسىدا ئارغامچىدا مېڭىشتىن ئىبارەت يېڭى رېكورت يارىتىپتۇ. بىراق، ئۇلار تەۋەككۈلچىلىك بىلەن يېڭى رېكورت ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما بىنادىن چۈشكەن ھامان «ئاممىۋى تەرتىپنى بۇزغان» دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنىپتۇ. تاماشا كۆرۈۋاتقان شەھەر خەلقىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشى بىلەن بۇ ياشلار جەرىمانە تۆلەپ، قاماقتىن ئامان قاپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىلىقلار نام چىقىرىشقا، تە-ۋەككۈلچىلىككە، قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىدى-كەن. بۇ ئىككى ياشنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇشۇ خاراكتېرىنىڭ بىر نامايەندىسى بولسا كېرەك.

بىز دۇنيا سودا مەركىزى بىناسىدا ئېكسكۇرسىيىدە بولغان كۈنلەر يېقىنلاپ كېلىۋاتقان مىلاد بايرىمىنىڭ شەپىسى ئاڭلى-نىۋاتقان چاغلار بولۇپ، بۇ بىنادىمۇ بەزى بايرام ئالامەتلىرى پەيدا بولۇپتۇ. 107 ـ قەۋەتتىكى قەھۋەخانا ۋە دۇكانلار ئارچا

يوپۇرماقلىرى بىلەن بېزىلىپتۇ، ئەڭ تۆۋەنكى قەۋەتتىكى چوڭ زالنىڭ بىر تەرىپىدە قار مەنزىرىسىگە چۆمگەن قارىغايلىق دالا مودېلى ياسىلىپ، بايرام تۈسى بېرىلىپتۇ. بىز 110 قەۋەتتىن تۆۋەنگە چۈشكەندە نورۇز بوۋاي سۈرىتىدە ياسىنىۋالغان بىر ئېگىز ئەر سۈرەتكە چۈشكۈچىلەرگە ماسلىشىپ بېرىۋېتىپتۇ.

## 18. نيۇيوركتىكى «جۇڭگولۇقلار شەھىرى»

«جۇڭگولۇقلار شەھىرى» جىسمى بىلەن ئەمەس، بەلكى نا-مى بىلەن بىر شەھەر، بىر ياكى بىرقانچە كوچىدىن تەركىب تاپقان، خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر رايون. نيۇ-يوركتىكى جۇڭگولۇقلار شەھىرىدىمۇ تىپىك جۇڭگو ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىمارەتلەر، ئاشپۇزۇللار تولا ئىكەن. دۇكان ياكى باشقا مۇئەسسەسەلەرنىڭ ۋىۋىسكىسى خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە يېزىقتا يېزىلىدىكەن. دۇكانلاردىكى ماللارنىڭ 90 پىرسەنتى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ياكى تەيۋەن ئۆلكىسىدە ئىشلەنگەن ماللار بولۇپ، باھا كارتىلىرىمۇ خەنزۇچە ئىكەن. ماتېرىياللاردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، جۇڭگولۇقلار دەسلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە رەھىمسىز كەمسىتىش ۋە زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچراپتىكەن، پە-قەت يامان كۈچلەرنىڭ زەربىسىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش يۈزىسىدىنلا بۇ يەردە توپلىشىپ ئولتۇراقلاش-قانىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، نيۇيوركتىكى جۇڭگولۇقلار كوچىسىدا ئولتۇراقلاشقانلارمۇ ئاساسەن گۇاڭدۇڭ ۋە فۇجيەن ئۆلكىلىرى-دىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، هازىرمۇ ئۆلكە ئايرىمىسى بو-يىچە ئولتۇراقلىشىۋاتقانمىش. بۇ كوچىدىكى ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتى جۇڭگولۇقلار بولۇپ، سانى 100 مىڭدىن ئاشارمىش.

بىز جۇڭگولۇقلار شەھىرىنىڭ كوچا ئاغزىغا كېلىپلا ئۈچ يول كېسىشكەن جايدىكى كۆرۈنەرلىك يەرگە كۇڭ زىنىڭ ۋە لىن زېشۈينىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. ھەمراھ بولغۇچىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، كۇڭ زىنىڭ ھەيكىلى خېلى بۇرۇنلا قويۇلغانىكەن. بۇ، بۇ يەردە ياشايدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز ئەۋلىياسىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىكەن. بىراق، لىن زېشۈينىڭ ھەيكىلىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى تېخى يېقىنقى يىللاردىكى ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە بىر سەۋەبىمۇ بار ئىكەن.

ئېيتىلىشىچە، ئامېرىكا جەمئىيىتىدە زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدىغانلار ۋە چېكىدىغانلار كۆپ بولۇپ (بۇلار ئاساسەن نيۇيوركتىكى يەر ئاستى تۆمۈريولى ۋوگزالىدا ھەرىكەت قىلار-مىش)، بۇنداق يامان ئىللەت جۇڭگولۇقلار كوچىسىغىمۇ سىڭىپ كىرگەن. ئوقۇمۇشلۇق زاتلار جۇڭگولۇقلار ئەۋلادىنىڭ زەھەر سېتىشىغا ۋە چېكىشىگە چەك قويۇشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن، جۇڭگودا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى يۇرەكلىك ھالدا چەكلىگەن لىن زېشۈينىڭ روھىغا سېغىنىپ، ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا تىكلىگەن.

يەنە ئېيتىلىشىچە، نيۇيورك شەھىرىدە «جۇڭگولۇقلار شەھىرى»لا ئەمەس، «برازىلىيىلىكلەر شەھىرى»، ياپونلار شەھىرى»، «كورىيىلىكلەر شەھىرى» دېگەندەك «شەھەر ‹كوچا›» لەرمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇلار ئەمەلدە مەلۇم ئەلدىن كەلگەن مەلۇم مىللەت كىشىلىرىنىڭ يىغىنچاقراق ئولتۇراقلاشقان كوچىسى بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆچمەنلەردىن تەركىب تاپقان، ئامېرىكىدا بۇ ئادەتتىكى ئەھۋال ئىكەن. توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقانلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرالايدىكەن.

نيۇيورك شەھىرىدە جەمئىي ئۈچ يەردە «جۇڭگولۇقلار شەھىرى» بار ئىكەن. بۇ كوچىلارنى دەسلەپ كەلگەن جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن بۇ كوچىلار تېخىمۇ قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كېتىپتىمىش. ئامېرىكىنىڭ 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى كۆچمەنلەر قانۇنىدا ھەر يىلى 20 مىڭ جۇڭگولۇقنىڭ ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىشىگە يول قويۇلىدىكەن. يەنە 5000 چە جۇڭگولۇق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق ۋاستىسى ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئامېرىكىغا كېلەلەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، قانۇنلۇق كەلگەن بۇ 25 مىڭ كىشىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەرقايسى جايلاردىكى «جۇڭگولۇقلار شەھىرى» گە كېلىپ تىقىلىدىكەن. شۇ تۈپەيلى ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدىكى «جۇڭگولۇقلار شەھىرى» ئاھالە ئەڭ زىچ، ئىش ھەققى ئەڭ تۆۋەن، مۇھىت تازىلىقى ئەڭ ناچار رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىكەن.

## 19. ب د ت باش شتابىدا

بىز نيۇيوركقا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى مانخاتتان ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خۇدسۇن دەرياسى ياقىسىغا جايلاشقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى بىناسىغا زىيارەتكە كەلدۇق.

بىز يېتىپ كەلگەندە، يول ياقىسىدىكى قاتار كەتكەن بايراق خادىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرۇپتۇ. ھەمراھ بولغۇچى بۇنى كۆرۈپلا بىزگە:

— تەلىيمىزگە بۇگۇن بۇ يەردە يىغىن ئېچىلىۋېتىپتۇ. ھېچقانداق يىغىن بولمىغان كۈنلەردە بۇ بايراقلار چىقىرىلمايدۇ، — دېدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنياۋى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، 50 دۆلەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سان فرانسىسكو شەھىرىدە رەسمىي قۇرۇلغان ۋە جۇڭگومۇ ئاشۇ تەشەببۇسچى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان. شۇ چاغدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ باشچىلىقىدا 10 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ سان فرانسىسكو يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپتىكەن.

نيۇيورك: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش شتابىدا




بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش شتابىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 18 ئىنگلىز

موسى بولۇپ، 1946 ـ يىلى بىنا سېلىنىشتىن بۇرۇن بۇ يەر بىر قۇشخانا ئىكەن. 1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى نيۇيوركتىكى چوڭ باي بالا روكفېللېر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا 8 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بۇ پۇل بىلەن خۇدسۇن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بۇ بىر پارچە زېمىننى سېتىۋاپتۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش شتابىنىڭ بىناسى بىر ـ بىرىگە تۇتاش تۆت بىنادىن تەركىب تاپقان، كاتىباتلىق ئورنى 39 ـ قەۋەتكە جايلاشقانىكەن. بۇ باش شتابتا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر 5000 دىن، دىپلوماتىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى 40 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

قاتتىق بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن كېيىن بىز باش شتابنىڭ ئاساسلىق بىناسىغا كىرىپ كەلدۇق. 1 ـ قەۋەتتىكى چوڭ زالدا تىلغا ئالغۇدەك مۇھىم ئەسلىھە يوق ئىكەن. 2 ـ قەۋەتنىڭ زال تېمىغا بولسا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بارلىق باش كاتىپلارنىڭ سۈرىتى ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. زالنىڭ دەرياغا قارايدىغان تەرىپىدە خاتىرە بۇيۇملىرى دۇكانلىرى، خاتىرە ماركىسى ساتىدىغان پوچتىخانا بار ئىكەن. بۇ پوچتىخانا زىيارەتكە كەلگۈچىلەرنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن پوچتا كونۋېرتى ۋە ماركا بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

بىز 3 ـ قەۋەتتىكى چوڭ يىغىن زالىغا كىرىپ كەلگىنىمىزدە، زالدا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى قانداقتۇر بىر تېما ئۈستىدە يىغىن ئېچىۋېتىپتۇ. قايسىدۇر بىر دۆلەتنىڭ ۋەكىلى يىغىن مۇنبىرىدە سۆزلەۋېتىپتۇ. بىز قائىدە بويىچە



نيۇيورك: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپلىرى بىلەن «بىللە»

ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي يىغىن مەيدانىنىڭ ئاخىرقى رەتتىكى بىكار ئورۇندۇقلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتۇق. تىل ئۇقمىساقمۇ ئالاھازەل 20 مىنۇتچە يىغىنغا «قاتناشتۇق». ئارقىدىنلا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ يىغىن زالىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەر سوۋغات قىلغان ئەمەلىي بۇيۇملارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن باش شتاب مەيدانىغا قايتىپ چىقتۇق.

باش شتاب مەيدانى ھەر خىل مەنزىرە دەرەخلىرى ۋە چىمەنلىق بىلەن كۆركەملەشتۈرۈلگەنىكەن. مەيداننىڭ دەريا قىرغىقى تەرىپىگە ئەزا دۆلەتلەر سوۋغا قىلغان ھەيكەللەر قويۇلۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دۆلىتىمىز سوۋغا قىلغان بىر چوڭ قوڭغۇراقمۇ بار ئىكەن.

مەيداننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىتالىيە ھۆكۈمىتى تەق-

دىم قىلغان غەلىتە بىر چوڭ شار كۆزگە چېلىقىدىكەن. خىز -
مەتچىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ شار مۇھىت ئاسراش تېمى -
سىدىكى بىر ھەيكەلتىراشلىق ئەسىرى بولۇپ، يەر شارىنىڭ
بۇلغىنىۋاتقىنىنى، ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن دەزلەرنىڭ پەيدا
بولۇۋاتقىنىنى چۈشەندۈرىدىكەن.

مەيداندا يەنە ئۇرۇشقا قارشى تېمىدىكى بىر ھەيكەلتىراش -
لىق ئەسىرى — ئوق چىقىدىغان ئىستوۋۇلى قاتلىۋېتىلگەن
بىر تاپانچا بار ئىكەن. بۇ ئەسەر بارلىق قىرغۇچى قوراللارنى
چەكلەپ، ئۇرۇشتىن خالىي دۇنيا قۇرۇش، ئىنسانىيەتنى ئۇرۇش
ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىش مەنىسىنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن.

## 20. برادۋاي كوچىسىدا كېچە


خاتىرىمىزدە ئۆچمەس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان نيۇيورك
شەھىرىدىن ئايرىلىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى بىز ماناخاتتان ئارىلىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان برادۋاي كو -
چىسىغا بېرىپ، بۇ يەرنىڭ كېچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق.

روكفىللېر مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى بۇ كوچىنىڭ ئەڭ
ئاۋات يېرىگە جايلاشقانىكەن، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى
60 — 70 قەۋەتلىك كۆركەم بىنالاردىن تەركىب تاپىدىكەن.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا روكفىللېر مالىيە گۇرۇھىنىڭ ئىگىدار -
چىلىقىدىكى بۇ بىنالار ئامېرىكا ئىقتىسادىدا بوھران كۆرۈلگەن
دەۋردە، يەنى 1929 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە بولغان 10
يىل ئىچىدە پۈتكۈزۈلۈپتۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ماناخاتتان رايونىدا ئۆي - جاينىڭ باھاسى ئۇچقاندەك تېز ئۆرلە -
ۋەرگەچكە، روكفىللېر مەركىزىدىكى بۇ بىنالارنىڭ قىممىتىمۇ
ئېشىپ بارغان. بىراق، بۇنىڭدىن 10 نەچچە يىل بۇرۇن، روك -

فىللىر مالىيە گۇرۇھى بۇ بىنالارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى 51 پىرسەنتلىك پايىنى تىزگىنلەش ھوقۇقى بىلەن قوشۇپ ياپونىيىنىڭ Mitsubishi شىركىتىگە سېتىۋەتكەن. بۇ ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر چوڭ مالىيە گۇرۇھىنىڭ ياپونىيىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇنداقتىمۇ ئامېرىكا خەلقى، جۈملىدىن نيۇيورك ئاھالىسى روكفىللىر مالىيە گۇرۇھىنىڭ بۇ سودىسىغا قارشى چوڭ نامايىشلارنى تەشكىللىگەن. ئۇلار نيۇيوركنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغىنىغا يېرىم ئەسىرچە بولۇپ قالغان بۇ بىنالارنىڭ ياپونلارغا سېتىۋېتىلگەنلىكىنى زادىلا قوبۇل قىلالمىغان. نەتىجىدە، پۇقرانىڭ ئىرادىسىدىن تەسىرلەنگەن ۋە چۆچۈگەن روكفىللىر مالىيە گۇرۇھى ساتقاندىكىدىنمۇ كۆپرەك پۇل خەجلەپ، بۇ بىنالارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بول-

نيۇيورك: بېرادۋاي كوچىسىدا كېچىلىك مەنزىرە






نيۇيورك: «دەۋر» مەيدانىدىكى «موھتاج» دۇمباقچى

غان.

بىز روكفېللىر مەركىزىدىكى بىنالارنى، تىياتىرخانىلارنى، گۈللۈكلەرنى تاماشا قىلىپ بولۇپ، برادۋاي كوچىسىدىكى «دەۋر» مەيدانىغا كەلدۇق.

برادۋاي — مانخاتتان رايونىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى باغلاپ تۇرىدىغان بىر ئاساسلىق يول بولۇپ، نيۇيورك شەھىرىدىكى مەشھۇر كوڭۇل ئېچىش سورۇنلىرى موشۇ كوچىغا مەركەزلەشكەنىكەن. بۇ يەردىكى چوڭ - كىچىك تىياتىرخانىلارلا 100 دىن ئاشىدىكەن.

يەرلىك كىشلەر: نيۇيورك شەھىرى، جۇملىدىن برادۋاي كوچىسى كۈندۈزلىرى ئاق تەنلىكلەر ۋە پۇلدارلارنىڭ، كەچلىرى نېگىرلار ۋە نامراتلارنىڭ دەپ قارايدىكەن. دېگەندەك، ئاخشاملىرى بۇ يەردە ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەملەر ئىچىدە سايابەتچىلەردىن ئۆزگە، نېگىرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىكەن.

بىز دەۋر مەيدانىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، نيۇيورك شەھىرى بويىچە ئەڭ ئاۋات ۋە ئەڭ چىرايلىق بۇ كوچىدا تىلەمچىلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان تىلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نېگىرلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەدەپلىكلىرى دۇمباق بولامدۇ، كاناي بولامدۇ، ئەيتاۋۇر بىرەر چالغۇ چېلىپ تۇرۇپ پۇل - پۇچەك يىغىدىكەن. قېلىنراقلىرى تەڭگە پۇل سېلىنغان قاچىلارنى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ كۆزلىرىگە تىقىپ تۇرۇپ پۇل سورايدىكەن. ھەر خىل ئەرزان باھالىق ماللارنى ساتىدىغان يايما ئىگىلىرىمۇ نېگىر بولىدىكەن. رەڭگارەڭ نېئون چىراغلىرى ۋە رەڭلىك ئېلان تاختىلىرى بىلەن بېزەلگەن بۇ كوچىنىڭ پىيادىلەر يولى خېلىلا مەينەت ئىكەن.

ئاڭلىشىمىزچە، برادۋاي كوچىسىدا، جۈملىدىن «دەۋر» مەيدانىدا كۆپلىگەن كىشىلەر يەر ئاستى تۆمۈريولى بىلەن قاتنايدىكەن. بىراق، يەر ئاستى تۆمۈريولى بارلىق جىنايەتنىڭ ئۇۋىسى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ بازىرىمىش.

## 21. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۇنيادا ئوخشىشى يوق بىر كۆچمەنلەر دۆلىتى. يەرلىك ئاھالە ئىندىئانلاردىن ئۆزگە، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بارلىق ئىرق ۋە مىللەتلەر، يەنى ئىنگلىزلار، ئىتالىيانلار، ئىسپانلار، فرانسۇزلار، گوللاندلار، خەنزۇلار ۋە مەجبۇريي كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئافرىقا نېگىرلىرى يېقىنقى 300 يىل ئىچىدە كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە ماكانلاشقان. ئۇلار كەلگەندە ئارزۇ - ئۇمىدلىرى ۋە يۈك - تاقلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئانا ۋەتىنىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ

ئۆرپ - ئادىتىنى، ئىجتىمائىي نامايەندىلىرىنى ھەم ئۆزى بىللە ئەكەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى بۇ كەڭ زېمىندا ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىجتىمائىي نامايەندىلەرنىڭ زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغانلىرى تاللىنىۋېلىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلگەن. ئاخىر بۇگۈنكى ئامېرىكىلىقلارغا خاس بىر ئالاھىدە ئۆرپ - ئادەت پەيدىنپەي شەكىللەنگەن، كۈنسايىن تاكامۇللاشقان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەۋەككۈلچى كولومبودىن كېيىن ئەنگلىيە، ئىسپانىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە كەبى كونا جاھانگىرلار بۇ قۇرۇقلۇقتا ئىلگىرى - كېيىن ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتكەن. ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ سەركىسى بولمىش بۇ ئەللەر قانلىق قىرغىن ۋە تالاپەتتىن ئۆزگە، بۇ يەردە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئىزلار بۇگۈنكى ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە بەزى روللارنى ئوينىغان.

ئەلۋەتتە، بۇگۈنكى ئامېرىكىلىقلار ئاساسلىقى يېقىنقى زامان ئىنگلىزلىرىنىڭ ئەسلىي ئەنئەنىسىگە كۆپرەك ۋارىسلىق قىلغان، بۇ ئەنئەنىگە يەنە بەزى تەركىبلەرنىمۇ قوشۇۋالغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئۆرپ - ئادىتىدە بۇگۈنكى ياۋروپالىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئامىللار مەۋجۇت.

● كۆزىتىشىمىز ۋە خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئامېرىكىلىقلار باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، پەلىيىنى سىلىۋېتىدىكەن. ئەگەر سىلىشقا ئۈلگۈرەلمىسە، قارشى تەرەپكە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەپۇ سورايدىكەن. ئاياللار قول بېرىپ كۆرۈشمىسىمۇ ئېغىر ئېلىنمايدىكەن.

● ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەپەندىم، خانىم، خانقىز دېگەندەك سۆزلەرنى قوللىنىشنى ياقتۇرمايدىكەن. ئەر -

ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپنىڭ ئىسمىنىلا ئاتايدىكەن. بۇنداق خىتاب قىلىش ھەركىمگە يېقىنلىق، دوستـلۇق تۇيغۇسى بېرىدىكەن.

● ئۇلار يەنە باشقىلار بىلەن ئارىلاشقاندا كىشىگە ئەمەل نامىنى قوشۇپ خىتاب قىلىشنى خالاپ كەتمەيدىكەن. نام ـ ئەـمەل پەقەت سودىيىلەرگە، يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەـمەلدارلىرىغا، ئوفىتسېر، دوختۇر، پروفېسسورلارغا خىتاب قىـلىنغاندىلا ئاندىن قوللىنىلىدىكەن. مەسىلەن، «گېنېرال كېراك»، «دوختۇر شىمېس»، «پروفېسسور گېرىن» دېگەندەك.

ئەستە ساقلاش كېرەككى، ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە باشقىلارـنى ھەرگىز «ئىدارە باشلىقى»، «دىرېكتور»، «مەكتەپ مۇدىرى» دېگەندەك ئەمەل نامى بىلەن ئاتىمايدىكەن.

● كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تىلىنى چىقىرىش ئامېرىكىـلىقلار ئېغىر ئالىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەن، بۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئەدەپسىزلىك، چاكىنىلىق تۇيغۇسى بېرىدىكەن. ھەتتا بۇنداق قىلىقنى باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، يوغانچىلىق قىلغانلىق دەپ چۈشىنىۋالىدىكەن. لېكىن، بالىلار بۇنداق قىلـسا ئېغىر ئېلىنمايدىكەن.

● ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتتە شەخس مەركەز قىلىنىدىكەن، خۇسۇسىي مەنپەئەت مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز دەپ قارىلىدىكەن. بۇ بىر مىزان سۈپىتىدە تۇرـمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەنىكەن. پاراڭ ئاردـلىقىدا خۇسۇسىي مەنپەئەتكە تاقىلىدىغان ئىشلارنى ئېغىزغا ئېلىشقا بولمايدىكەن. باشقىلارنىڭ يېشىنى، نىكاھ ئەھۋالىـنى، كىرىمىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، سايلامدا كىمگە بېلەت تاشلىغىنىنى سوراش نادانلىق ۋە ئەدەپسىزلىك بولۇپ ھېـ

سابلىنىدىكەن.

● شۇنداقلا ئۇلار باشقىلار سېتىۋالغان نەرسىنىڭ باھا-سىنى سورىمايدىكەن، سىرتتىن كېلىۋاتقانلارنى ئۇچرىتىپ قالسا «نەدىن كېلىشىڭ»، «نەگە بارىسەن» دېگەن سوئالنى قوي-مايدىكەن. بۇنداق سوئال قويغانلارغا باشقىلار ئۆچ بولۇپ قالى-دىكەن.

● جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە كەمتەرلىك بىر گۈزەل ئەخلاق. بىراق، ئامېرىكىلىقلار ئارتۇقچە كەمتەرلىكنى ساختى-لىق، يالغانچىلىق، دەپ قارايدىكەن. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بىر ئادەم «ئىنگلىزچىنى ئوبدان سۆز-لىيەلمەيمەن» دەپ تۇرۇپ يەنە راۋان سۆزلىسە، ئۇلار بۇنداق ئا-دەمنى «يالغان ئېيتىدىكەن، تىلى بىلەن دىلى بىردەك ئەمەس ئىكەن» دەپ خاپا بولىدىكەن. شۇڭا، ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئالا-قە قىلغاندا ئۆز ئىقتىدارىنى يۇرەكلىك بىلەن بايان قىلىش، بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىش كېرەك ئىكەن. ئارتۇقچە كەمتەرلىك قىلىش، تولا تەكەللۇپ قىلىش ئويلىغاننىڭ ئەك-سىچە ئۈنۈم بېرىدىكەن.

● ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىشىلەرنىڭ يېشىغا بولغان قارىشى بىزدىكىگە ئوخشىمايدىكەن. بىزدە ياشانغانلار ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئامېرىكىدا بولسا ياشانغانلار كۆپىنچە ھاللاردا «قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، بىر پۇلغا يارىغۇچىلىكى قالمىدى» دەپ قارىلىدىكەن. شۇڭا، ھۆرمەت يۈزىسىدىن باشقىلارنىڭ يېشىنى ئەمەلىي يېشى-دىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش كىشىلەرگە ئازار بېرىپ قويىدىكەن.

شۇ يەرلىك بىر كىشىنىڭ قىزىقارلىق ھېكايىسى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

قايسىبىر يىلى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى ئا-

مېرىكىنىڭ غەربىدىكى بىر شەھەردە كاتتا كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپتۇ. مېھمانلارمۇ ۋاقتىدا كېلىپ ئۆز جايىدىن ئورۇن ئاپتۇ. زىياپەتكە يەنە ئامېرىكىدىكى مەشھۇر بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرىمۇ ئانىسىنى بىللە ئەكەپتۇ. ئوقۇغۇچى قەدەھ سۆزى سۆزلەپ كېلىپ: «بۈگۈن پالانى مومامنىڭ زىياپىتىمىزگە قاتناشقىنىغا ھەممىمىز خۇشال بولدۇق» دېگەنىكەن، ھېلىقى مومايىنىڭ چىرايىدىن قان قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىلىشىغا كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

● ئامېرىكىلىقلار يەنە «ئۆزىگە تەۋە بوشلۇق» نى قوغداشنى ياخشى كۆرىدىكەن. پاراڭلاشقاندا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەك يېقىن تۇرۇۋېلىشىنى ياقتۇرمايدىكەن. ئارىلىق 50 سانتىمېتىردىن يېقىن بولۇپ قالسا، كۆڭلىگە كېلىدىكەن. كۆپ ئادەم بىللە ئولتۇرغاندىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن بەك يېقىن ئولتۇرمايدىكەن. ئاشخانىلاردا ئولتۇرماقچى بولسا ئولتۇرۇپ بولغان كىشىدىن: «بۇ يەردە ئولتۇرسام بولامدۇ؟» دەپ سوراشقا توغرا كېلىدىكەن.

● جۇڭگودا بىرقانچە ئاغىنە بىلەن سىرتقا چىققاندا تالىشىپ تۇرۇپ بىلەت سېتىۋالىدىغان گەپ. ئەگەر ئامېرىكىدا بۇنداق قىلىنسا، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك ئىش بولۇپ قالىدىكەن، بۇنداق ئاكتىپلىقنىڭ باشقىلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە باشقىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەپ قويسا ياكى باشقىلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلسا، باشقىلارغا قەرزدار بولۇپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىدىكەن. ئۇلار مەيلى بىلەت سېتىۋېلىشتا بولسۇن ياكى تاماق يېيىشتە بولسۇن، ھەركىم ئۆز پۇلىنى ئۆزى

تۆلەيدىكەن.

● ئۇلار ئىجتىمائىي ئالاقىدە چىرايلىق سۆز ئۇچۇن پىخسىقلىق قىلمايدىكەن. «مەرھەمەت»، «رەھمەت»، «كەچۈرۈڭ» دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. ئائىلىۋى تۇرمۇشتىمۇ ئەر - خوتۇن، ئاتا - بالا ئارىسىدا بۇنداق سۆزلەر تولا ئېيتىلىدىكەن.

● ئامېرىكىدا تاماق ئۈستىلىدە يەنە مۇنداق ئادەتلەرمۇ بار ئىكەن:

1. ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا تاماق قويۇلۇپ بولغاندا ئاياللار ئاۋۋال تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىنىدىكەن، تەكلىپتىن كېيىن ئاندىن تاماق يېيىش باشلىنىدىكەن.

2. سالفىتكا تىز تۆپىسىگە قويۇلىدىكەن. بوينىغا ئېسىۋالسىمۇ، كۆكسىگە قويۇۋالسىمۇ بولىۋېرىدىكەن. تاماق قاچىسىنى سالفىتكا بىلەن سۈرتۈش ئەدەپسىزلىك جۈملىسىگە كىرىدىكەن.

3. تاماقتا ئولتۇرغاندا تۈز ئولتۇرۇش كېرەككەن، ئالدىغا ئېڭىشىۋالسا، جەينەكلىرىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇۋالسا بولمايدىكەن.

4. پىچاق ئوڭ قولدا، ئارا سول قولدا تۇتۇلىدىكەن. پەقەت ئارىلا قويۇلغان بولسا، ئۇنى ئوڭ قول بىلەن تۇتسىمۇ بولىدىكەن. پىچاقنىڭ بىسىنى سىرتقا قاراتسا ۋە پىچاق بىلەن يېمەكلىك يېسە مەدەنىيەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

5. بولكىنى قول بىلەن ئېلىپ، كىچىك تەخسىگە قويۇۋالىدىكەن. ئارا بىلەن چوقۇپ ئېلىشقا بولمايدىكەن. بولكىغا سېرىق ماي سۈركىگەندە پىچاق ئارقىلىق سۈركىلىدىكەن.

6. سالات (خام كۆكتات) يېگەندە ئارا ئىشلىتىلىدىكەن،

ئارا ئوڭ قولدا تۇتۇلىدىكەن.

7. بىلىق يېگەندە، ئالدى بىلەن ئوڭ قولدىكى پىچاق ئار-قىلىق بىلىقنىڭ قىلتىرىقى ئايرىۋېتىلىدىكەن. بىلىق سۆڭىكى ياكى ئېغىزغا كىرىپ كەتكەن قىلتىرىقنى تەخسىگە تۈكۈرۈشكە بولمايدىكەن، ئارا ئارقىلىق ئېلىپ تەخسىگە قويۇلىدىكەن.

8. سۇ ئىچكەندە، ئاغزىدىكى يېمەكلىكلەرنى پۈتۈنلەي يۇ-تۇۋېتىپ ئاندىن ئىچىش لازىم ئىكەن.

9. شورپا ئىچكەندە تەخسىنى كۆتۈرۈپ ئىچىشكە بولمايدى-كەن. ئالدى بىلەن تەخسىنى يېنى قىلىپ، ئاندىن شورپا ئىچى-دىغان قوشۇق بىلەن ئىچسە بولىدىكەن.

10. تاماق يېگەندە، شورپا ئىچكەندە شەپە چىقىرىشقا بول-مايدىكەن. تاماقنى چاينىغاندا، ئېغىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ چاينىشى كېرەك ئىكەن.

11. تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ ماڭقىسىنى تارتىشقا، ئەسنەشكە بولمايدىكەن. چۈشكۈرۈش ياكى يۆتىلىشكە توغرا كەلگەندە، ئەتراپىدا ئولتۇرغانلاردىن كەچۈرۈم سورىلىدىكەن.

12. تاماقتا ئولتۇرۇپ چىش كولاش ئەدەپسىزلىك دەپ قا-رىلىدىكەن، ئەگەر چىش ئارىلىقىغا بىرەر نەرسە كەپلىشىپ قالسا، سالفېتكا بىلەن ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ، باشقىلار دىققەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا چىقىرىۋالسا بولىدىكەن.

13. تاماق ۋاقتىدا سۇكۇتتە ئولتۇرۇش ئەدەپسىزلىك بولى-دىكەن، ئەتراپىدىكىلەرگە ئىككى - ئۈچ ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇش كېرەك ئىكەن. ئەمما، تاماق چايناۋاتقاندا گەپ قىلىشقا بولمايدىكەن.

14. تاماق ئالغاندا پىچاق ۋە ئارا بىلەن قىسىپ تۇرۇپ ئې-لىنىدىكەن. مېۋە - چېۋە، پېچىنە، كەمپۈت، قوناق قاتارلىق

يېمەكلىكلەرنى قولدا تۇتۇپ يېيسمۇ بولىدىكەن.

15. تاماق يەپ بولغاندا، ئايال مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئەر مېھمانلار تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. زىياپەت ئاخىرلاشماي تۇرۇپ تاماق ئۈستىلىدىن ئايرىلىش ئەدەپسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

## 22. ئامېرىكىدىكى نېگىرلار

نېگىرلار ئامېرىكىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئاز سانلىق مىللەت. بىز سان فرانسىسكو ئايروپورتىغا قونۇپلا تاـ مۇژنا خادىملىرى، بىخەتەرلىك تەكشۈرگۈچىلەر، ساقچىلار، قارا خىزمەتچىلەر ئارىسىدا نېگىرلارنى كۆردۇق. سان فرانسىسكودىن نيۇيوركقا ئۇچقان ئايروپىلانىمىزنىڭ بىر ئۇچقۇچىسى (يول باشلىغۇچى ياكى مېخانىك بولۇشىمۇ مۇمكىن)، ئىككى كۈتكۈـ چى خادىمى نېگىر ئىكەن. ھەتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاـ تى باش شتابىدىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرگۈچىلەر ۋە چۈشەندۈرـ گۈچىلەر ئىچىدىمۇ نېگىر ئاياللار تولا ئىكەن. بەزى نېگىرلارـ نىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە، بولۇپمۇ تەنتەربىيە ساھەسىدە مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇپ قالغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان. تۇـ مۇردا سەنئەت قېنى ئېقىپ تۇرىدىغان نېگىرلارنىڭ سەنئەت ساھەسىدىمۇ داڭلىق چولپانلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

ئېگىلىشىمىزچە، ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ بەكمۇ ئېچىـ نىشلىق تارىخى بولغانىكەن. مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن قۇل قاتارىدا سېتىۋېلىنىپ، ئافرىقىدىن ئامېرىكىغا ئەكېلىنىپ، قۇل قىلىنغانىكەن. بۈگۈنكى ئامېرىكا نېگىرلىرى ئاشۇ قۇل نېگىرلارنىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدىكەن.

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تۇنجى تۈركۈمدىكى ئافرىقا نېگىر قۇللىرى 1619 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ۋېرگىنىيە شتاتىغا ئەكېلىنگەندىن بېرى، 100 يىل ئىچىدە شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 مۇستەملىكە رايونىدىكى نېگىر قۇللارنىڭ سانى 60 مىڭغا يەتكەن. 1775 ـ يىلىغا كەلگەندە 500 مىڭغا كۆپەيگەن. بۇ قارا قۇللار قولدارلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىر «سۆزلىيەلەيدىغان ھايۋان» دىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇلار بۇ قۇللارنى خالىسا سېتىۋېتەلەيدىكەن، خالىسا ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدىكەن. پەقەت 1865 ـ يىلى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا نېگىرلار قانۇنىي جەھەتتىن قۇللۇق ئورنىدىن قۇتۇلالىغان.

ئەمما، ئىرقىي كەمسىتىش ئامېرىكىدا يەنە داۋاملىشىۋەرگەن. 50 ـ يىللاردا ئىرقىي كەمسىتىش خۇددى ۋابادەك يامراپ كەتكەن. ئىرقىي كەمسىتكۈچىلەر: «پەقەت ئۆلگەن قارا ئالۋاستى ئاندىن ياخشى قارا ئالۋاستى»، «قارىۋايلارنىڭ قولىقى ئىككى دوللارغا 12» دېگەندەك ھاقارەتلىك ئىبارىلەرنى قوللانغان، نېگىرلارنى كۆرگەنلا يەردە خورلىغان، ئۇرغان. 1955 ـ يىلى پارتلىغان «نېگىرلارنىڭ كوچا ئاپتوبۇسىغا بايقۇت ئېلان قىلىش ھەرىكىتى» نېگىرلار ھەرىكىتىنىڭ يېڭى مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى كۈرەشلەر نېگىرلارنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى يېڭى ئويغىنىشىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەن.

ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، داھىيسى مارتىن لوتېركىڭ (1929 ــ 1868) نېگىرلارنىڭ ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى كۈرەشكە يول باشچىلىق قىلغان مەشھۇر نېگىر زات. ئۇ ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى كۈرەشتە زورلۇق

كۆچى ئىشلەتمەسلىك تەرەپدارى بولۇپ، كۆپ قېتىملىق قار-
شىلىق ھەرىكىتىگە شەخسەن ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپلا قال-
ماستىن، يەنە 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 200 مىڭ نىگېرنى
تەشكىللەپ ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون شەھىرىگە كىرگەن،
ئىشقا ئورۇنلىشىشنى، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش شوئارى
ئاستىدا «ئەركىنلىك يۈرۈشى» قىلىپ، نامايىش ئۆتكۈزگەن.
1964 ـ يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1968 ـ
يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېننېسسي شتاتىدىكى مېمفىس
شەھىرىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىنچە، ئامېرىكا ھۆكۈمى-
تى 1986 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپ-
تىسىدە كېلىدىغان دۈشەنبە كۈننى مەملىكەت خاراكتېرلىك
«مارتىن لوتېر خاتىرە كۈنى» دەپ بېكىتكەن. بىرلەشكەن دۆ-
لەتلەر تەشكىلاتىمۇ مارتىن لوتېرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى (1 ـ ئاي-
نىڭ 15 ـ كۈنى) نى «مارتىن لوتېر خاتىرە كۈنى» قىلىش
توغرۇلۇق قارار قوبۇل قىلغان.

كېيىنكى كۈنلەردە بىز ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى پارلامېنت
بىناسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىمىزدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئەر-
كىنلىك ئىزدىگەن، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان پىدا
قىلغان بۇ زاتنىڭ ھەيكىلىنىڭ ئامېرىكىدا ئۆتكەن مەشھۇر
شەخسلەر ھەيكەللىرى قاتارىغا قويۇلغانلىقىنى، ھەتتا لاس ۋې-
گاس، لوس ئانگېلېس قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ مۇھىم يول، مۇ-
ھىم مۇئەسسەسەلەرگە مارتىن لوتېركىڭ نامىنىڭ بېرىلگەنلى-
كىنى كۆردۇق.

ئامېرىكىدا ئۆتكەن نۇرغۇن ئاق تەنلىك زاتلارمۇ نېگىرلار-
نى نىشان قىلغان قۇللۇق تۈزۈمىنى يوق قىلىش، نېگىر
قۇللارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى

تەقدىم قىلغان. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئابراھام لىنكولن ئاشۇلارنىڭ بىرىدۇر.

ئاددىي ياغاچ كەسكۈچى ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان لىنكولن 1847 - يىلى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ۋە نېگىرلارنى قۇل قىلىش تۈزۈمىگە قارشى چىققان، قوشما شتاتلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن قۇلدارلىق تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. 1860 - يىلى زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن نېگىرلارنى قۇل قىلىش تۈزۈمى يۇرگۈزۈلۈۋاتقان جەنۇبتىكى 11 شتات توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قوشما شتاتلاردىن ئايرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى، «جەنۇب ئىتتىپاقى» قۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇ تۈپەيلى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى پارتلىغان.

لىنكولن 1862 - يىلى «ئۆيلۈك يەر قانۇنى»، «قارا قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، جەنۇبتىكى قارا قۇللارنىڭ ھۆر ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ فېدېراتسىيە ئارمىيىسىگە قاتناشسا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن فېدېراتسىيە ئارمىيىسى نېگىرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شىمالنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىمۇ ئاخىرلاشقان. لىنكولن ئىككىنچى قېتىم زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغان. بىراق، نېگىرلار ھۆرلۈكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان بۇ زۇڭتۇڭ 1865 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جەنۇبتىكى قۇلدارلار ياللىۋالغان قاتىلنىڭ قول سېلىشى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە ئىرقىي كەمسىتىش ئامېرىكىدا قانۇن تەرىقىسىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا زادى تۈگەتكىلى بولمايدىغان بەزى

ئىللەتلەر قاتارىدا بۇگۇنكى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ھېلىھەم قور-
قۇنچلۇق ئەرۋاھتەك ئايلىنىپ يۇرگەنلىكىنى كۆرمەك تەس ئەمەس.

قايسىبىر مۇئەللىپ يازغاندەك، «بۇگۇنكى ئامېرىكا بايلار-
نىڭ جەننىتى، كەمبەغەللەرنىڭ دوزىخى». ئامېرىكا جەمئىيە-
تىنى كۆرگەنلا كىشى شۇ يەكۇنگە كېلىدۇكى، «دوزاخ» تا يا-
شاۋاتقان كەمبەغەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا ئاشۇ نې-
گىرلار. سان فرانسىسكودىكى «مۇساپىرلار مەيدانى» دىكى بارار-
غا يېرى، قايتارغا ئۆيى يوق مۇساپىرلارنىڭ، نيۇيورك شەھىرد-
دىكى تىلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نېگىرلار ئىكەنلىكى بۇ
يەكۇننى دەلىل بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بىز سان فرانسىسكوغا كەلگەن تۇنجى كۇنىلا يەرلىك
ھەمراھ بولغۇچىلار بىزگە: «ئەتە - ئاخشاملىرى تالا - تۇزگە
يالغۇز چىقماڭلار، چىققۇڭلار كەلسە تۆتتىن، بەشتىن بولۇپ

نيۇيورك: ئۇئىل - سېترىتى كوچىسىدىكى دۆلەت بايرىقى ۋە باشقا بايراقلار



چىقىڭلار، بولمىسا نېگىرلار سىلەرنى بۇلايدۇ، ئۇرىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرىدۇ، يوغان ئىشلارنى قىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئاگاھلاندۇرۇشىغۇ مەيلى، لېكىن نېگىرلارنى «يول توسىدىغان قاراقچى»، «ياۋايى ئادەم»، «رەھىمسىز قارا دېۋە» قىياپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈردى.

ئامېرىكىدا جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر ئارىسىدا نېگىرلار نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى كۆز يۇمۇپ بولمايدىغان بىر پاكىت. لېكىن، بالا ۋاقتىمدا ئوقۇغان «دەھشەتلىك تېھران» دېگەن روماندىكى «موھتاجلىق ئادەمگە ھەممىنى قىلدۇرىدۇ» دېگەن بىر كىچىك ماۋزۇ ھېلىمۇ يادىمدا. ئۇلار نېمە ئۈچۈن جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، دېگەن سوئالغا يۇقىرىقى يەكۈن بەلكى جاۋاب بېرەلىسە كېرەك.

مەن كۆزۈم كۆرمىگۈچە، قۇلىقىمغا ئىشەنمەيدىغان، قولىقىم ئاڭلىمىغۇچە مىش ـ مىش پاراڭغا چىنپۈتمەيدىغان بىر ئادەم. شۇ ۋەجىدىن، مەن سان فرانسىسكو ۋە نيۇيورك شەھەرلىرىدە قېرىشىپ دېگۈدەك، ئۆزۈم يالغۇز كوچىلارغا چىقىپ باقتىم. يول بويلىرىدا 10 دوللارلىق دەسمايە بىلەن يايما ئاچىدىغانلارنىڭ، هاراق ئىچىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ناخشا ئېيتىدىغانلارنىڭ، تۇشمۇتۇشتىن لاغايلاپ يۈرىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى راستتىنلا نېگىر ياشلار ئىكەن. تەنها كېتىۋاتقىنىمدا ئۇلارنىڭ بەزىسى ماڭا: «خاللو» دەپ قول ئىشارىسى قىلدى. مەنمۇ «خاللو» دەپ قويۇپ كېتىۋەردىم. بەزىسى ئىشارەت ئارقىلىق تاماكا سورىۋىدى، تاماكا بەردىم. بەزىسى ئوت سورىۋىدى، ئوت يېقىپ بەردىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا «ھۇجۇم» قىلمىدى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاخشىمى بىللە كوچىغا چىققان

ھەمراھلىرىمنى كوچىدىلا يوقىتىپ قويدۇم ۋە ياتاقىقا يالغۇز قايتىپ كەلدىم. توپلىشىپ ھاراق ئىچىۋاتقان نېگىرلارنىڭ يېپ-ىندىن، نېگىرلار قىمىرلاپ تۇرغان شوپاڭخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇم، ھەتتا يانچۇقۇمدىن بىر تۇتام دوللارنى چىقىرىپ، يا-شانغان يايمىچى نېگىردىن بىر خاتىرە بۇيۇمى سېتىۋالدىم. ئە-تىسى يەرلىك ھەمراھ بولغۇچىلار ۋە بەزى ھەمراھلىرىم ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىرلىق مۇساپىنى يالغۇز بېسىپ قايتىپ كەلگە-نىمنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. بەزىلەر «خۇدا ساقلاپتۇ» دەپ مېنى تەبرىكلەشتى. مەن بولسام ئۇلارنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم.

ئامېرىكىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر كىتابتا يېزىلىشىچە، نېگىرلارغا «Negro» (نېگىر) دەپ خىتاب قىلسا ئۇلار خاپا بولۇپ قالارمىش، بۇ سۆزنىڭ «قۇل قىلىنغان» دېگەن سۆز بىلەن ئالاقىسى بارمىش، ئەڭ ياخشى-سى، نېگىرلارغا «قارا»، يەنى «Black» دەپ خىتاب قىلسا مۇۋا-پىق بولارمىش.

## 23. دۆلەت بايرىقى ۋە باشقىلار

ئامېرىكا زېمىنىغا قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ، ئايرىل-غۇچە بولغان 10 نەچچە كۈن ئىچىدە بىزنىڭ كۆرۈپ تۇرغىنى-مىز بايراق، يەنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى، شتات بايرىقى، شەھەر بايرىقى، ئۇنىۋېرسىتېت بايرىقى، مەكتەپ بايرىقى، كار-خانا بايرىقى... بولدى. كۆزىمىزگە ئەڭ كۆپ چېلىققىنى يەنىلا ئامېرىكىنىڭ بالداق ـ يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقى.

— ئوكلاند شەھىرىدىكى ئارمىستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكسىيە ئاڭلىغىنىمىزدا، دۆلەت بايرىقىنىڭ ئوڭ تەرەپكە، كا-

لىفورنىيه شتات بايرىقىنىڭ سول تەرەپكە، مەكتەپ بايرىقىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەنگە ئېسىلغانلىقىغا دىققەت قىلدىم.

— بىركلېي شەھىرىدە شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا دۆلەت بايرىقىنىڭ شەھەر باشلىقى ئۈس ـ تىلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، كالىفورنىيە شتات بايرىقىنىڭ سول تەرىپىدە، شەھەر بايرىقىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەندە تۇرغىنىنى كۆر ـ دۇق.

— نيۇيورك ئوئل ـ سترىتى كوچىسىدىكى پاي چېكى با ـ زىرىنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا بىنا سىرتىدىكى تامغا ئۈچ بايراقنىڭ قاتار ئېسىلغىنىنى كۆردۇق.

— هۆكۈمەت خىزمىتىگە ئالاقىدار هەرقانداق بىنانىڭ، ئۇ مەيلى بىر قەۋەتلىك بولسۇن ياكى ئاسمان ـ پەلەك بىنا بول ـ سۇن، بىنانىڭ ئۆگزىسىگە دۆلەت بايرىقى چىقىرىلغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق.

— غەيرىي ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بايراق خا ـ دىسىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان تەگلىكلەرنىڭ ئورنىتىلغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق.

شۇ تۈپەيلى، دۆلەت بايرىقى، شتات بايرىقى قاتارلىق بايراقلارنىڭ تارىخى، ئېسىلىش قائىدىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدىم، ئىزدەنگىنىمگە لايىق بىلەرمەنلەرنىڭ جاۋابىغا، بەزىبىر ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم.

1775 ـ يىلى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلاشتىن بۇرۇن، شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 مۇستەملىكىنىڭ هەممىسى ئەنگلى ـ يىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئاسقانىكەن.

1777 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چوڭ قۇرۇلتۇق يىغىنى ئۆز ۋاقتىدىكى 13 مۇستەملىكىگە سىمۋول قىلىنغان

13 يۇلتۇز ۋە 13 بالداقلىق دۆلەت بايرىقىنىڭ نۇسخىسىنى ما-قۇللىغانىكەن.

ئامېرىكا سېتىۋېلىش، قوشۇۋېلىش ۋە بېسىۋېلىش يولى بىلەن شتات سانىنى كۆپەيتكەنسېرى، دۆلەت بايرىقىدىكى يۇل-تۇزنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ بارغان. 1959 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۆلەت بايرىقىدا ئالياسكا شتاتىغا ۋەكىللىك قىلى-دىغان بىر بەش يۇلتۇز كۆپەيتىلگەن. 1960 ـ يىلى 7 ـ ئاي-نىڭ 11 ـ كۈنى ھاۋاي شتاتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئا-خىرقى بىر يۇلتۇز قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ شتات سانى 50 كە، دۆلەت بايرىقىدىكى بەش يۇلتۇزنىڭ سانىمۇ 50 كە يەتكەن. ئەسلىدىكى 13 مۇستەملىكىگە ۋەكىللىك قىلى-دىغان 13 بالداق ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىز بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈپ تۇرغان ئامېرىكا دۆلەت بايرىقى شەكىللەنگەن.

دۆلەت بايرىقى بىر دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ۋە-كىللىك قىلىدۇ، ھەرقايسى ئەل خەلقىگە ئوخشاش، ئامېرىكى-لىقلارمۇ ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەت بايرىقىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن شتاتلىرى دۆلەت بايرىقىغا ئائىت قانۇن ـ مىزانلارنى ئېلان قىلىپ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى جاكارلىغانىكەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا ئائىت مەخسۇس بەلگىلىمىسى بار بولۇپ، بۇ بەلگىلىمىدە، دۆلەت بايرىقىنىڭ شتات بايرىقى، شەھەر بايرىقى ۋە باشقا بايراقلار بىللە ئېسىلغاندىكى ئورنى مەسىلىسى ئېنىق كۆرسىتىلگەندىن سىرت، يەنە «ھەرقانداق نەرسە ۋە بەلگىلەرنى دۆلەت بايرىقىنىڭ ئۈستىگە ئېسىشقا، دۆلەت بايرىقىنى پاسكىنا، مەينەت يەرلەرگە



ھۆرلۈك قوڭغۇرىقى

ئېسىشقا بولمايدىغانلىقى» قەيت قىلىنغانىكەن. 1942 - يىلى ئېلان قىلىنغان قانۇندىن قارىغاندا، ئامېرىكدلىقلار دۆلەت بايرىقىغا قەسەم بەرگەندە تىك تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكرىكى ئۈستىگە قويۇشى زۆرۈر ئىكەن. دۆلەت بايرىقى ئالدىدا بېرىلىدىغان قەسەم تېكىستىنى ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ياش ھەمراھ» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى فرانسىس بىرامى يازغان بولۇپ، بۇ تېكىست مۇنداق ئىكەن: «مەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت بايرىقىغا، ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان قوشما شتاتلار ئېلىگە سادىق بولۇشقا قەسەم بېرىمەن. جاھاندىكى ھېچ بۆلۈنمەيدىغان بۇ ئەلدە ھەممە ئادەم ئەركىنلىك ۋە ئادالەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ».

## 24. كونا پايتەخت ــ فىلادېلفىيە

بىز نيۇيوركتىكى زىيارىتىمىزنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغاندىن كېيىن، 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىككى مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ، نيۇيورك بىلەن ۋاشىنگتون ئارىلىقىدىكى فىلادېلفىيە شەھىرىگە قاراپ يول ئالدۇق.

فىلادېلفىيە ــ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۇنياغا كەلگەن جاي، شۇنداقلا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە دۆلەت قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ پايتەختى بولغان (1790 ــ 1800 ـ يىللار ئارىلىقىدا) كونىشەھەر. ئۇ ھازىر پېنسىلۋانىيە شتاتى بويىچە 1 ـ ئورۇندا، ئامېرىكا بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ شەھەر.

تارىخچىلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، 1681 ـ يىلى ۋىلىيام بون ئەنگلىيە پادىشاھى چارلىز II تەرىپىدىن پېنسىلۋانىيىنى ئۆز ئالدىغا تەسەررۇپ قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن. كېيىنچە ۋىلىيام بون ئادەم ئەۋەتىپ بۇ يەردە فىلادېلفىيە دەپ نام بېرىلىدىغان بىر شەھەر بەرپا قىلىشنى تاپشۇرغان. 1699 ـ يىلى فىلادېلفىيىنىڭ نوپۇسى 10 مىڭ دەپ رويخەتكە ئېلىنغان. ھازىر بۇ شەھەردە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ياشايدۇ.

1880 ـ يىلىدىن بۇرۇن بۇ شەھەر ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولغان، كېيىن بۇ نام نيۇيورك تەرىپىدىن ئىگىلەپ كېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئوخشاشلا بانكا شەھىرى دەپ ئاتىلىۋەرگەن. ھازىر بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى پۈتكۈل ئامېرىكا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھىمى، ئامېرىكا تارىخىدىكى مەشھۇر «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» مۇشۇ شەھەردە ماقۇللانغان. تۇنجى دۆلەت بايرى-

قىمۇ مۇشۇ شەھەردە چىقىرىلغان.

فىلادېلفىيە شەھىرىدىكى «مۇستەقىللىق باغچىسى» تەسەۋ-ۋۇرىمىزدىكى جۇڭگوچە باغچىلاردىن خېلىلا پەرقلىنىدىكەن. دەرۋازىسى، قورشاۋ تېمى يوق ئىكەن. بىراق، خاتىرە ئەھمىيە-تىگە ئىگە قۇرۇلۇشلارنى ئاسرايدىغان، زىيارەتكە كەلگۈچىلەرگە چۈشەنچە بېرىدىغان مەخسۇس خادىملار بار ئىكەن.

مۇستەقىللىق باغچىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىق يەنىلا مەخسۇس ئىمارەت ئىچىگە جايلاشتۇرۇلغان «ھۆرلۈك قوڭغۇرىقى» ئىكەن. ئەسلىدە بۇ قوڭغۇراق ۋىلىيام بوننىڭ پېن-سىلۋانىيە شتاتىنى بەرپا قىلغىنىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىسىگە ئاتاپ ئەنگلىيىدە قويۇلغان بولۇپ، قوڭغۇراقتا «ئىنجىل» سۇ-رىلىرىدىكى «جاي ـ جايدىكى جىمى ئىنسانغا ھۆرلۈك بەرگەن-لىكىمنى جاكارلايمەن» دېگەن سۆز قۇيۇپ چىقىرىلغىنى ئۈچۈن «ھۆرلۈك قوڭغۇرىقى» دەپ ئاتالغانىكەن. ئامېرىكا ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى نۇرغۇن چوڭ ۋەقەلەر مۇشۇ قوڭ-غۇراقنى چېلىش بىلەن باشلانغانىكەن. قوڭغۇراق ئاۋازى كى-شىلەرگە ئىلھام، جەڭچىلەرگە جەسۇرلۇق ئاتا قىلىدىكەن. 1776 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «مۇستەقىللىق خىتابنا-مىسى» ئېلان قىلىنىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلان-غاندىمۇ مۇشۇ «ھۆرلۈك قوڭغۇرىقى» چېلىنغانىكەن. جۇمھۇرى-يەت قۇرۇلۇپ 59 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلۈپ كەتكەن بىر باش سوتچىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا بۇ قوڭغۇراق چېلىنىپتۇ ۋە قوڭغۇراقتا دەز كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قوڭغۇراق قايتا چېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىقنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ھېلىھەم ھۆرمەتلىنىدىكەن.

«ھۆرلۈك قوڭغۇرىقى» ساقلىنىۋاتقان ئۆيدىن 100 نەچچە



«مۇستەقىللىق باغچىسى» دا

قەدەم كىلمىدىغان جايدا خېلى كەڭ بىر مەيدان بار ئىكەن. مەيدان چېتىدىكى «مۇس-تەقىللىق سارى-يى» نىڭ ئالدىغا ئىككى پارچە مىس خاتىرە تاختىسى ئورنىتىلغان بو-لۇپ، 1821 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئابراھام لىنكولن بۇ يەردە تۇرۇپ بايراق چى-قارغانىكەن. 1962 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېن-نىدى زۇڭتۇڭ بۇ يەردە تۇرۇپ «ھەرقايسى دۆلەتلەر جەزمەن ئۆزئارا ئىشىنىشى كېرەك» دېگەن نۇتقىنى سۆزلىگەنىكەن.

مەن بۇ ئەھمىيەتلىك جايدا سۈرەتكە چۈشمەكچى بولۇپ، ئىككى پارچە مىس تاختاينىڭ بىرىگە دەسسىۋىدىم، يەرلىك ھەمراھ بولغۇچى ماڭا: «ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردە تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشمەڭ، بۇ يەردە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىگەن ئىككى زۇڭتۇڭنىڭ ھەر ئىككىسىلا باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ

چاقچاق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئابراھام لىنكولن بىلەن كېيىنـ ـدىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى يادىمغا ئېلىپ، قەدىمىمنى يۆتكىدىم.

«مۇستەقىللىق باغچىسى» يەنە ئۆز ۋاقتىدىكى ئامېرىكا فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا بىناسى، پارلامېنت بىـ ـناسى، سوت بىناسى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ يەرنى زىيارەت قىلغۇچىلار ئارىسىدا بىزگە ئوخشاش چەت ئەلـ ـلىكلەر بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارمۇ بار ئىـ ـكەن. قارىسام 25 ـــ 26 ياشلاردىكى بىر ئايال يەسلى باللىرى يېشىدىكى 20 چە بالىنى باشلاپ «ھۆرلۈك قوڭغۇرىقى» نى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ياشتىكى باـ ـلىلارنىڭ چەت ئەلدىن كەلگەن بولۇشى ناتايىن، قارىغاندا ئامېـ ـرىكىلىقلارمۇ ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ تەۋەررۈك مىراسـ ـلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق «ئەنئەنە تەربىيىسى» ئېلىپ بارسا كېرەك.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئامېرىكىلىقلار «مۇستەقىللىق باغچىسى» دىكى بارلىق ئاسارئەتىقىلەرگە ئىنگلىزچە ۋە ياـ ـپونچە خەت چاپلاپ قويۇپتۇ. قولىمىزغا تارقىتىپ بېرىلگەن باسما ۋەرەقىلەرمۇ ئىنگلىزچە ۋە ياپونچە ئىكەن. گەرچە باشقۇرغۇچى قىز بىزنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمىزنى بىـ ـلىپ «خەنزۇچە چۈشەندۈرۈشنى تەييارلاشقا ئۇلگۇرمىگەنلىـ ـكى» نى ئېيتىپ ئۆزرە قويغان بولسىمۇ، لېكىن «شۇنچىلىك چوڭ بىر جۇڭگونى بىر ياپونىيىچىلىك كۆرمىگەنلىكى» ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇۋال قىلىنغاندەك ھېس قىلىشتۇق. ئامـ ـمىۋى سورۇنلاردا ۋە بەزى مۇئەسسەسەلەردە ياپونچىغا، كورـ ـيىچىگە ئېتىبار بېرىپ، خەنزۇچىغا سەل قارايدىغان

ئەھۋاللارنى ئامېرىكىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئۇچرىتىپ تۇردۇق.

## 25. «چاقماقنىڭ ئۆزى توك»


«مۇستەقىللىق باغچىسى» دىكى پائالىيەتلىرىمىزنى تۈگىتىپ كۆن ئېگىلگەن مەھەلدە ئاپتوموبىلغا چىقتۇق ۋە فىلادېلفىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بالتىمور شەھىرىنى كۆزلەپ يولغا راۋان بولدۇق.

مەن ئامېرىكا تارىخىنىڭ بۇرۇلۇشىغا چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن مۇھىتى پاكىز، ھاۋاسى ئوچۇق بۇ شەھەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك ئاپتوموبىلنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ كېتىۋاتاتتىم، دېلاۋار دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا كۆۋرۈك بېشىدىكى يېشىل چىملىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ھەيكەلگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ ھەيكەل ئادەمنىڭ ياكى باشقا جانلىقنىڭ ھەيكىلى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە يوشۇرغان بىر سەنئەتلىك شەكىل ئىدى. بىر تال ئاچقۇچ ۋە ئېلېكترنىڭ بەلگىسى بولغان بىر ئەگرى سىزىقنى، ئەگرى سىزىق ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان لەگلەكسىمان بىرنەرسىنى بىر قاراشتىلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. شۇ ئارىدا ھەمراھ بولغۇچى بىزگە سوئال قويدى:

— قاراڭلار، ئاۋۇ خاتىرە ھەيكىلى زادى كىمنىڭ؟

— فرانكلىننىڭ!

مەن ھايالسىز جاۋاب بەردىم، ھەمراھ بولغۇچىدىن ئاپتوموبىلنى بەش مىنۇت بولسىمۇ توختىتىپ، ھەيكەل ئالدىدا سۈرەتكە چۈشۈۋېلىشقا پۇرسەت بېرىشنى ئۆتۈندۈم. چۈنكى، بۇ يەر —



ئۇلۇغ ئالىم فرانكلىنىنىڭ خاتىرە ھەيكىلى

فىلادېلفىيە شەھىرى ئۇلۇغ ئالىم فرانكلىننىڭ يۇرتى ئىدى. ئۇ بىر چاغلاردا مۇشۇ ئەتراپتا لەگلەك ئۇچۇرۇپ، چاقماق چېقىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىغان ۋە «چاقماقنىڭ ئۆزى توك» دەپ ۋارقىرىغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا لەگلەك يىپىغا باغلانغان بىر ئاچقۇچ تۇراتتى.

ھەمراھ بولغۇچى جاۋابىمنى ھەيرانلىق ئىچىدە تەستىقلىدى، توغرا جاۋاب بەرگەنلىكىمنىڭ يۈزىنى قىلدىمىكىن، بەش مىنۇت توختاشقا ئىجازەت بەردى.

بېنجامىن فرانكلىن 1706 ـ يىلى ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى بوستون شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئاران ئىككى يىللا ئوقۇيالىغان، 12 يېشىدا شاگىرت ئىشچى بولغان. 16 يېشىدا يېزىقچىلىققا كىرىشىپ، ئۆمرىدە 126 پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. 17 يېشىدا فىلادېلفىيە شەھىرىگە كۆچۈپ كەل-

گەن. ئامېرىكىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى دېموكرا-
تىزمچى، ئالىم. 1731 ـ يىلى ئۇ فىلادېلفىيىدە ئامېرىكا مىق-
ياسىدىكى تۇنجى ئاممىۋى كۇتۇپخانىنى قۇرغان، 1743 ـ يىلى
ئامېرىكا پەلسەپە جەمئىيىتىنى تەشكىللىگەن. 1751 ـ يىلى
ئۆز ياردىمى بىلەن پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاچقان.
مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇشقا
قاتناشقان. شۇ يىلى ئۇ 2 ـ قېتىملىق چوڭ قۇرۇقلۇق يىغى-
نىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان ھەمدە «مۇستەقىللىق خىتابنا-
مىسى» نى تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلغان. 1776 ـ يىلىدىن
1785 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا فرانسىيىدە ئەلچى بولۇپ
تۇرغان، شۇنداقلا «فرانسىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقى» نى بەرپا
قىلىشتا زور كۈچ چىقارغان. قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش
ئۈچۈن توختاۋسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

فرانكلىن قابىل جامائەت ئەربابى بولۇپلا قالماي، بەلكى
يېتىلگەن ئالىم ئىدى. ئۇ چاقماق چېقىلىش توغرىسىدىكى ھەر
خىل خۇراپىي رىۋايەتلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئۇ كۆپ يىل
باش قاتۇرۇش ئارقىلىق چاقماق چېقىلىشنى بىر خىل ئېلېكتر
ھادىسىسى دەپ ھېسابلىغان، ئۆز نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلاش ئۈ-
چۈن سىناق ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن.

ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق
چېقىلغان. كىشىلەر ئۆيلىرىگە قېچىپ كىرىۋېلىپ چاقماقتىن
پاناھلىنىۋاتقاندا، فرانكلىن يەنە بىرەيلەن بىللە يوغان
بىر لەگلەكنى ئېلىپ دالاغا چىققان. لەگلەككە بىر تال مېتال
سىم ئورنىتىپ، لەگلەككە باغلانغان كاناپ يىپنىڭ ئۇچىغا
بىر تال مىس ئاچقۇچنى چىگكەن. لەگلەك پەرۋاز قىلىپ ئاس-
ماننىڭ قەرىگە ئۆرلىگەندە، بوشلۇقتا توساتتىنلا چاقماق چې-

قىلغان. بۇ چاغدا فرانكلىن قولىنىڭ سەل سىرقىرىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ بارمىقىنى مىس ئاچقۇچقا يېقىن ئاپارغاندا، بارمىقى بىلەن ئاچقۇچ ئوتتۇرىسىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ئېلىپ بارغان سىنىقى ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. فرانكلىن خۇ-شاللىقىدىن: «مېنى توك تەپتى، چاقماقنىڭ ئۆزى توك ئىكەن-لىكىنى ئاخىر ئىسپاتلىدىم!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىغان.

فرانكلىن كېيىن ئۆز نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ چاقماق قايتۇرغۇچنى كەشىپ قىلغان، ئېلېكترشۇناسلىقتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. يەنە باشقا پەنلەر ساھەسىدىمۇ 10 نەچچە خىل كەشپىيات ياراتقان.

مەن مېتالدىن ياسالغان لەگلەككە ۋە مىس ئاچقۇچ بىلەن لەگلەك ئارىسىدىكى ئېلېكتر بەلگىسىگە قارىغانسېرى م فرانكلىننىڭ «چاقماقنىڭ ئۆزى توك» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلى-غاندەك بولدۇم. بالا چاغلىرىمدا لەگلەك ئۇچۇرۇشقا ۋە چاقماق-نىڭ توك ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىم بىلەن ئىسپاتلاشقا ئىلھام ئالغان، خېلىدىن بېرى ئۆزۈمگە ئۆرنەك قىلىپ كې-لىۋاتقان بۇ ئالىمنىڭ خاتىرە ھەيكىلىنى تاۋاپ قىلىش، ئۇ ئىستىقامەت قىلغان شەھەردە زىيارەتتە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېس قىلدىم.

## 26. ئامېرىكىدا ئېلان ۋە سودا


ئامېرىكا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئىستېمال دۆلىتى بولۇپلا قالماي ۋە يەنە يۇقىرى ئىستېمال دۆلىتى. ئۇنىڭ ئىچكى سو-دىسى تاشقى سودىسىغا ئوخشاشلا تەرەققىي تاپقان، تىجارەت شەكلى ۋە تىجارەت ئۇسۇلى كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىيا-

جىغا ماسلاشقان، ئامېرىكىدا 18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللى-رىدا دۇنياغا كەلگەن سودا ئېلانى ئىستېمالچىلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان، بازارنى تەڭشەيدىغان مۇھىم بىر كەسىپكە ئايلانغان.

ئېلاننىڭ سودا تەرەققىياتىنىڭ جارچىسى سۈپىتىدە كە-سىپلىشىشكە ئۆتۈشى بېنجامىن فرانكلىن فىلادېلفىيىدە گې-زىت باشقۇرۇپ يۈرگەن مەزگىللەردىن باشلانغان. 1771 ـ يىلى ئامېرىكا تەۋەسىدىكى رويخەتكە ئېلىنغان ئېلان شىركەتلىرىنىڭ سانىنىڭ 31 گە يەتكەنلىكى ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئېلان كەسپى سودى-گەرلىرى پەيدا بولغان. تىجارەتچىلەر بىلەن ئىستېمالچىلار ئوت-تۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان بۇ سودىگەرلەر ئالىدىغان نەپمۇ 30 پىرسەنتكە يەتكەن. 1869 ـ يىلى ئامېرىكىدا تۇنجى

لوس ئانگېلېس: شەھەر كوچىلىرىدىكى خىلمۇخىل ئېلانلار



بولۇپ ھازىرقى زامان ئېلان شىركىتى قۇرۇلغان.

1920 ـ يىلى ئامېرىكىدا سودا خاراكتېرلىك سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلغان. 1926 ـ يىلى پۇتكۇل ئامېرىكىنى قاپلىيالايدىغان رادىئو تورى شەكىللەنگەن، سودا ئېلان كەسپىنىڭ يەنە بىر ۋاستىسى كۆپەيگەن.

تېلېۋىزور 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا دۇنياغا كەلگەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى سودا خاراكتېرىدىكى تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىۋەتكەن. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا تېلېۋىزىيە تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشقان. 1949 ـ يىلى ئېلان كۆرسىتىدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 75 كە يەتكەن. 200 دىن ئارتۇق ئېلان شىركىتىدە تېلېۋىزىيە ئېلان بۆلۈمى قۇرۇلغان. 1965 ـ يىلىدىكى 726 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىچىدە سودا خاراكتېرىدىكى ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 595 بولغان.

ئېلانچىلىقنىڭ بۇ تەرىقە تېز تەرەققىي قىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە سودا ـ تىجارەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. داڭلىق تاۋارلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى رىقابەت ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. مال ئىگىسى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئارىسىنى قىسقارتقان. ئىستېمال ئارقىلىق بازارنى يېتەكلەش، ئىستېمال ئارقىلىق بازارغا تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە تىجارەتچىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك رىقابەت پەيدا بولغان. رىقابەت تىجارەت شەكلىنىڭ ۋە تىجارەت ئۇسۇلىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكە بولغان.

كۆپچىلىككە مەلۇم، تىجارەت ئاساسەن بازاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىستېمال بازار ئارقىلىق يۈرۈشىدۇ. تۆۋەندىكىسى ئامېرىكا بازارلىرىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى.

**دەرىجەدىن تاشقىرى بازار:**

ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئاممىۋىلاشقان تىجارەت مەيدانى دەرىجىدىن تاشقىرى بازاردىن ئىبارەت. ئىستېمالچىلار بۇ يەردىن ئۆزى خالىغان بىر تاۋارنى تاللاپ سېتىۋالالايدۇ، ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ئاندىن بىر يولىلا ھېسابات قىلىدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى بازاردىكى تاۋار خىلى 8000 دىن ئاشىدۇ.

دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلار ئادەتتە بىرقانچە شىركەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار بىر بازار ئىچىدە تىجارەت قىلىدۇ ۋە رىقابەتلىشىدۇ. ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى چوڭ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرى، مال سېتىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك ھارۋىلار بولىدۇ.

**تۆرلۈك ماللار ماگىزىنى:**

تۆرلۈك ماللار ماگىزىنى دەرىجىدىن تاشقىرى بازارغا قارىغاندا ھەشەمەتلىك بولىدۇ. ماگىزىندىكى ماللارمۇ نىسبەتەن قىممەت. بۇ يەردە ئۇستۇۋېشى رەتلىك، ئەدەپ - قائىدىنى ئۇقىدىغان مال ساتقۇچىلار خېرىدارلارنى تەزىم بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. سىيرىلما توك پەلەمپىيىنىڭ بېشىدىمۇ خېرىدارغا تەزىم قىلىپ تۇرىدىغان خادىملار بار.

تۆرلۈك ماللار ماگىزىنىدا سېتىلىدىغان تاۋار 160 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. يۇقىرىسى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن تارتىپ، تۆۋىنى تۆمۈر مىخقىچە تېپىلىدۇ. بۇنداق ماگىزىنلاردا يەنە ئىش سوراش ئورنى، ئاشخانا، ھاجەتخانا، ئوراپ قاچىلاش ئورنى، پوچتا مۇلازىمەتخانىسى دېگەندەك تارماقلار بولىدۇ.

**مىلىچماللار دۇكىنى:**

مىلىچماللار دۇكىنى ئامېرىكىدا ئەڭ ئومۇملاشقان تىجارەت ئورنى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا، يېمەكلىكلەر بۆلۈمى، دورا - دەرمەك بۆلۈمى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بۆلۈمى، مېتال

ئەسۋابلار بۆلۇمى دېگەندەك بىرقانچە بۆلۇمگە بۆلۈنىدۇ. بۇ يەر-
دىن دورا ـ دەرمەك، گىرىم بۇيۇملىرى، فوتو پلىيونكا، ژۇرنال،
سوپۇن، قەغەز ياغلىق، تاماكا، ئويۇنچۇق، نىلون پايپاق دېگەن-
دەك ماللارنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. دورا ـ دەرمەك بۆلۇمىدە
يەنە ماروژنى، ئۇسسۇلۇق، ئۇششاق يېمەكلىك قاتارلىقلارمۇ
سېتىلىدۇ.

**تۆۋەن باھالىق ماللار دۇكىنى:**

تۆۋەن باھالىق ماللار دۇكىنى ئۆي ئىجارىسى ئەرزانراق
بولغان رايونلاردا بولىدۇ. بۇ يەردە ھېچقانداق ئالاھىدە مۇلا-
زىمەت بولمايدۇ، بىراق مال باھاسى باشقا يەرلەردىكىگە قارىغاندا
20 پىرسەنتتىن 25 پىرسەنتكىچە ئەرزان بولىدۇ. بۇنداق
دۇكانلاردا كۆپ ھاللاردا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى سېتى-
لىدۇ، مال تىزىلىدىغان جاھازا بولمايدۇ. خېرىدارلار تاۋار
تىزىملىكىدىن لازىملىق تاۋارنى تاللاپ، جەدۋەل توشقۇزىدۇ،
پۇل تۆلەيدۇ. خىزمەتچى خادىم شۇ خېرىدارنىڭ ئىسمىنى
توۋلىغاندا، خېرىدار مال ساتقۇچى ئەكەلگەن تاۋارنى تاپشۇ-
رۇۋالىدۇ. تۆۋەن باھالىق ماللار دۇكىنىدىن ئۆزگە، ئامېرى-
كىدا مال باھاسى تېخىمۇ تۆۋەن بولغان يەنە بىر خىل دۇكان
بار. ئائىلىلەردە شاللىۋېتىلگەن، ئىشلىتىلمەيدىغان ھەر-
قانداق چوڭ ھەجىملىك نەرسە بولسا، «دۇنيانى قۇتقۇزغۇ-
چىلار ئارمىيىسى» دەيدىغان بىر دىنىي تەشكىلاتقا تېلېفون
بېرىلىدۇ. ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك مۇلازىمەت قىلىشنى
مەقسەت قىلىدىغان بۇ تەشكىلات دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ
بۇنداق نەرسىنى ھەقسىز ئەكېتىدۇ، دېزىنفېكسىيە قىلىپ
دۇكانغا سالىدۇ ۋە ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىۋېتىدۇ، مال
ساتقان پۇلنى خەير ـ ئېھسان ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىدۇ.

**سودا مەركىزى:**

سودا مەركىزى مەخسۇسلاشقان 100 ياكى 200 دۇكاننىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ تىجارەت قىلىشىغا ئىپتىلىدۇ. ئۇ ئامېرىكا شەھەر رايونىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك. بۇنداق مەركەزلەردە خېرىدارلار ئاپتوموبىل توختىتىدىغان چوڭ مەيدان بولىدۇ. ئادەتتە ئەتىگەن سائەت 9 دىن كەچ سائەت 9 غىچە تىجارەت قىلىدۇ. 24 سائەت ئېچىلىدىغان دۇكانلارمۇ بار.

بىز لاس ۋېگاستىن لوس ئانگېلېسقا كېتىۋېتىپ، بارستوۋ دېگەن يەرگە كەلگەندە مانا مۇشۇنداق بىر «سودا مەركىزى»دە توختاپ، ئۈچ سائەت دۇكان ئارىلىدۇق. لوس ئانگېلېس شەھىرىگە 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بۇ سودا مەركىزىدە 200 چە دۇكان بار ئىكەن. ھەربىر دۇكاندا بىر تۈرلۈك تاۋار سېتىلىدىكەن.

بىز لوس ئانگېلېسقا كېلىپلا مەلۇم رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە ئاڭلىتىشىدىن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بارستوۋدىكى سودا مەركىزىدە قۇراللىق بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى، ساقچى تەرەپنىڭ مەلۇم دۇكاندىن پۇل بۇلىغان ئىككى نەپەر بۇلاڭچىنى بىر سائەت ئىچىدىلا قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ۋاقىتنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. بارستوۋغا كەلگەن چېغىمىزدا بۇلاڭچىلىق دېلوسىنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئاران بىر سائەتلا بولغانلىقىنى بىلگىنىمىزدە، ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۈچۈن سەل قورققاندەك بولدۇق.

بىراق، بىز بارستوۋغا كەلگەندە، ھەممە ئىش ئۆز تەرتىپى بىلەن داۋام قىلىۋاتقانىكەن. دۇكانلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ئىدىكەن. كىشىلەر ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا يۈرۈشۈپ يۈرۈشۈپتىكەن. قارىغاندا، بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى پات ـ پات كۆرىۋېرىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۈرىكى قېتىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

## 27. يوللار، ئاپتوموبىللار ۋە باشقىلار

بۈگۈنكى ئامېرىكا هاۋا يولى، قۇرۇقلۇق يولى (تۆمۈريول، تاشيول)، سۇ يولى (دېڭىز يولى، دەريا ـ قانال يولى) تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلغان، بۇ يوللار ئارقىلىق چەت ئەل شەھەرلىرىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەر، يېزا ـ قىشلاقلار بىر ـ بىرى بىلەن باغلانغان، قاتنىشى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت.

17 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەسلىي ئاهالىسى بولمىش ئىندىئانلار يول يۈرگەندە ئىككى پۇتىغا ۋە ئاتقا تايىنىدىغانلىقى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا دېيىلىدۇ. بۇ يەرگە 17 ـ ئەسىردىن كېيىن يېتىپ كەلگەن ياۋروپا كۆچمەنلىرى بىر مەزگىل ئات ۋە ئات هارۋىسى بىلەن يول يۈرگەن.

ئامېرىكا بويىچە تۇنجى تاشيول 1776 ـ يىلى ئاپالاچىيە تاغ تىزمىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن. 1794 ـ يىلىغا كەلگەندە، فىلادېلفىيىدىن لانكاستېرغىچە سوزۇلغان خۇسۇسلار ئىگىلىكىدىكى تاشيولدا قاتناش باشلانغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ئامېرىكىدا تاشيول ياساش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. 1811 ـ يىلى هۆكۈمەت مەبلەغ سالغان ئەڭ ئۇزۇن تاشيولدا ئىش باشلانغان ۋە يەتتە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىسىدا بۇ يولمۇ پۈتۈپ، قاتناش باشلانغان.

هازىر ئامېرىكىدا شەهەر بىلەن شەهەر ئارىسىدىكى تاشيول تامامەن دېگۈدەك يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئىكەن. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ بارىدىغان تەرىپى بەش يول، كېلىدىغان تەرىپى بەش يوللۇق بولۇپ، بەش ئاپتوموبىل يانمۇيان ماڭالاي-

ـدىكەن. قاتناش ۋاسىتىلىرى كۆپ بولغان بۆلەكلەردە ھەربىر تەرەپ ئالتە يوللۇق بولىدىكەن. كىچىك ئاپتوموبىللار، بولكىۋايلار، چوڭ ئاپتوبۇسلار، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز يولىدا ماڭغاچقا ئاسانلىقچە قاتناش ۋەقەسى كۆرۈلمەيدىكەن. قاتناش ۋەقەسى كۆرۈلدىمۇ، ئىشنىڭ چوڭى چىقىدىكەن، تالاپەتكە ئۇچرايدىغان ئاپتوموبىل 20 ـــ 30 دىن كەم بولمايدىكەن.

مەن كېتىۋاتقاچ، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنى ياۋروپا ئەللىرىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئامېرىكا يوللىرىنىڭ ياۋروپا ئەللىرىدىكىگە بولۇپمۇ گېرمانىيە، ئىتالىيە تاشيوللىرىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، مەن ياۋروپادىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللاردا سائىتىگە 120 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتقاندىمۇ ئاپتوموبىل ئىچىدە ئولتۇرۇپ بىمالال خاتىرە يازالىغانىدىم. بىراق، ئامېرىكىدا بۇنداق قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى.

ئامېرىكىدىكى شەھەر يوللىرىنىمۇ ياۋروپا ۋە ياپونىيىدىكى شەھەر يولى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. نيۇيورك ۋە سان فرانسىسكو شەھەرلىرىنىڭ يولى رەتلىك بولسىمۇ، ئەمما تار بولغاچقا ئاپتوموبىل توسۇلۇپ قالىدىغان ۋەقەلەر ئاز ـ تولا كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. شەھەر يوللىرىنىڭ تازىلىقىمۇ ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن، ياپونىيە شەھەرلىرىنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدىكەن. ياپونىيىدە كوچىلاردا كېتىۋېتىپ تاماكا چېكىش، يول بويلىرىغا تاماكا قالدۇقىنى تاشلاش ئېغىر ئېلىنىدىغان بىر ئىللەت. تاماكا چەككۈسى كەلگەنلەر مەخسۇس كۆرسىتىلگەن ئۆيلەردە، مېھمانخا-

نىلارنىڭ ياتاقلىرىدا چەكسە بولىدۇ. ئەمما، ئامېرىكا شەھەرلىرىدە، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ياتاقلاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چېكىش مەنئى قىلىنىدىكەنۇ، يول بويىدا تاماكا چېكىش چەكلەنمەيدىكەن. ئايرىم شەھەرلەردە كۆكەرتىلمىگەن، بىنا سېلىنىشقا ساقلاپ قويۇلغان پارچە يەرلەر ئەخلەتلەر بىلەن توشۇپ كېتىدىكەن. يول بويىغا تىزىپ قويۇلغان چىرايلىق ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ، گېزىت سېتىش ماشىنىلىرىنىڭ ئەتراپىمۇ ئەخلەتخانىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن.

ئامېرىكا شەھەرلىرىدە كىچىك ئاپتوموبىللاردىن ئۆزگە يەنە كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ قاتنايدىكەن. بىراق، كىچىك ئاپتوموبىل ئەرزان بولغاچقىمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ كىرىمى يۇقىرى بولغاچقىمۇ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئائىلىلەر ئاپتوموبىل سېتىۋالايدىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئادەتتىكى ئامېرىكا ئائىلىلىرىدە بىر قاتناش ئاپتوموبىلى ۋە بىردىن تۇرمۇش ئاپتوموبىلى بولىدىكەن. ئادەتتە ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنلارمۇ ئىش تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئاپتوموبىلىنىڭ بار - يوقلۇقىنى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى قاتارىدا ئويلىشىدىكەن. ئاپتوموبىلى يوقلارنى ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ دەپ قارايدىكەن.

ئامېرىكىدا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك ئاپتوموبىلى ئامېرىكىنىڭ ئۆزىدە، ياپونىيىدە ۋە گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن ئاپتوموبىللار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئامېرىكا كوچىلىرىدا قاتناپ يۈرگەن ھەر ئون ئاپتوموبىلنىڭ ئۈچى ياپون ئاپتوموبىللىرى بولىدىكەن. ھەرقايسى شەھەرلەردە ۋە دالا يوللىرىنىڭ بويلىرىدا ياپون ئاپتوموبىل ئېلانلىرىنىڭ دوقمۇش - دوقمۇشتا كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشىمۇ ياپون ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئامې-

رىكا ئاپتوموبىل بازىرىدىكى ۋە ئىستېمالچىلار نەزىرىدىكى
ئورنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

## 28. ئامېرىكىدا تەنتەربىيە

بالتىمور شەھىرىگە قاراپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، مەھەللىلەر-
دە، مەكتەپلەردە، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ يېنىدا ھەر خىل توپ
مەيدانلىرىنىڭ خېلىلا زىچ ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ
مەيدانلارنىڭ جاھازلىنىشى تولۇق، ياسىلىشى قائىدىلىك بو-
لۇپ، چوڭ شەھەرلەردىكى مەيدانلاردىن قېلىشمايتتى. تېخى
كەچ كىرمىگىنىگە قارىماي ئوقۇغۇچىلار، ياشلار ۋە بەزى چوڭ
كىشىلەر بۇ مەيدانلاردا توپ ئويناۋاتاتتى. ھەتتا مەيداننى ئايلى-
نىپ يۈگۈرۈۋاتقانلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. بەزى مەيدانلاردا ئا-
دەمنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا قايسىبىر توپ تۈرى بويىچە مۇ-
سابىقە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. توپ مەيدانلىرى ناھايىتى
ئېگىز سىم تور بىلەن قاشالانغان بولسىمۇ، سىم قاشا ئارقىلىق
مەيدان ئىچىدىكى ئادەملەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

— ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەھەللىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلى-
رىنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، — دېدى
يەرلىك ھەمراھ بولغۇچى بىزگە چۈشەندۈرۈپ، — مەھەللە،
مەكتەپلەردىكى ئادەم بېشىغا قاراپ بېرىلىدىغان تەنتەربىيە
خىراجىتى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىۋاسىتە چۈشۈ-
رۈپ بېرىلىدۇ. يەرلىك ئورۇن، ھۆكۈمەت بۇ خىراجەتنى كۆ-
پەيتسە كۆپەيتىدۇكى، تۇتۇپ قالالمايدۇ. يەنە يەرلىك بايلارنىڭ،
شىركەت - كارخانىلارنىڭ مەھەللىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنى
قوللايدىغان مەجبۇرىيىتى بار. شەھەرلەرنى ئېلىپ ئېيتساق،
ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ ساندىكى ئامېرى-

كىلىقلارنىڭ ئىش ۋاقتى قىسقاردى، ئادەتتە ھەپتىسىگە 40 سائەت ئىشلەيدۇ. ھەتتا بەزى شىركەتلەر، كارخانىلار تۆت كۈنلۈك خىزمەت تۈزۈمىنى سىناق قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشلىرىغا ۋاقىت يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ يەردە شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى يوق دېيەرلىك، شۇڭا يېزىلاردىكى، مەھەللىلەردىكى ئەھۋالمۇ شەھەردىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەھەللىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ شەھەردىن پەرقلىنىدىغان جايلىرىمۇ بار، شەھەرلەردە ئاساسەن كەسپىي تەنتەربىيە كوماندىلىرى ئويۇن كۆرسىتىدىغان، تاماشىبىنلار بىر چەتتە ئولتۇرۇپ مۇسابىقە كۆرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. يېزا ـ مەھەللىلەردە بولسا، ئامېرىكىلىقلار ياخشى كۆرىدىغان كالتەك توپ، زەيتۇن توپ، ۋاسكېتبول تورلىرى قانات يايدۇرۇلغاندىن ئۆزگە، يەنە ئات كۆندۈرۈش، كالا كۆندۈرۈش، بۇقا سوقۇشتۇرۇش، ياغاچ دومىلىتىش، قار تېيىلىش، چېلىشىش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنغا ۋە ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، ئات، بۇقا كۆندۈرۈشنى مىسالغا ئالساق، كۆندۈرۈلمىگەن بۇقا ياكى ئات ئۈستىدە 10 سېكۇنت يىقىلماي ئولتۇرالىغان ئادەم تولۇق نومۇرغا ئېرىشەلەيدۇ. يېزا ـ مەھەللىلەردە يەنە بېلىق تۇتۇش، ئوۋ قىلىش پائالىيەتلىرىمۇ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قاتارىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ...

بىز تۇرۇپ ئۆتكەن شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەرنىڭ چۈش مەزگىلىدىمۇ يۈگۈرۈپ چېنىقىۋاتقىنىنى، چېنىققۇچىلار ئىچىدە ياشلارنىڭ كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى تەنتەربىيە كىيىمى كىيىپ يۈگۈرىدىكەن، بە-



سان فرانسىسكو: 1960 ـ يىلى قۇرۇلغان شەھەرلىك تەنتەربىيە مەيدانى

زىسى ۋېلسىپىت بىلەن چېنىقىدىكەن. ھەمراھ بولغۇچى بىز-
گە مۇنداق دېدى:

— ئاڭلىساق، جۇڭگولۇقلار ئاساسەن ئەتىگەندە چېنىقىشقا
ئادەتلەنگەنىكەن. ئەمما، ئامېرىكىلىقلار ئەتىگەندىمۇ، چۈشتىمۇ،
كەچتىمۇ چېنىقىۋېرىدۇ. قاچان ۋاقىت تاپسا شۇ چاغدا چېنىـ-
قىدۇ. ۋېلسىپىت بۇ يەردە قاتناش ۋاسىتىسى ئەمەس، بەلكى
چېنىقىش ۋاستىسى دەپ قارىلىدۇ.

ھەمراھ بولغۇچى يەنە مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

ئامېرىكا دۇنياۋى چوڭ تەنتەربىيە دۆلىتى، ئۇنىڭ تەنتەر-
بىيە ئەسلىھەلىرىمۇ دۇنياۋى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بىر چاغلاردا
خەلقئارا ئولىمپىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ بىر ئەمەلدارى
ئامېرىكىنىڭ تەنتەربىيە ئەمەلدارىدىن:

— ئەگەر مەلۇم بىر دۆلەت ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنـ-

نى ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن شۇ دۆلەتتە تەبىئىي ئاپەت، ئۇرۇشقا ئوخشاش يەڭگىللى بولمايدىغان ئاپەت يۈز بېرىپ ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىنى ئېچىشقا ئامالسىز قالسا، ئامېرىكىغا قانچە ۋاقىت بۇرۇن خەۋەر قىلىنىسا بۇ يىغىننى ئاچالايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئامېرىكا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى:

— بەش - ئالتە كۈن بۇرۇن خەۋەر تاپساقلا بولىدۇ. يىغىننى ئۆز قەرەلىدە ئېچىشقا ئامال قىلالايمىز، — دەپ جاۋاب بەرگەنمىش.

بۇ گەرچە چاقچاقتا يېقىن گەپ بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئامېرىكىنىڭ تەنتەربىيە ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇدرىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

بىز بالتىمور شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ شەھەر مەركىزىدە

بالتىمور: شەھەر رايونىدىكى تانكا مۇزېيى



ۋە پورتتا ئىككى سائەتچە تاماشا قىلىپ، 1900 ـ يىلى قۇرۇلغان تۇنجى ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە پورت ماگىزىنلىرىنى ئارىلاپ بولغاندىن كېيىن ۋاشىنگتون شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بالتىمور بىلەن ۋاشىنگتون ئارىسىغا جايلاشقان دۇنيا تانكا تارىخى مۇزېيىدا، دۇنيا تانكىلىرىنىڭ تارىخى بىلەن تونۇشۇپ بولۇپ، يولىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق.

## 29. ۋاشىنگتون تەسىراتى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتون قەدىمىيلىكى ۋە ئاۋاتلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان بىر مۇھىم شەھەر. مەخسۇس ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇنداق پايتەخت شەھەر دۇنيانىڭ باشقا ئەللىرىدە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئاتىسى، تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ۋاشىنگتوننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان شەھەر، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئامېرىكىنىڭ تارىخىي زۇڭتۇڭلىرى ئىچىدە پەقەت گىئورگى ۋاشىنگتونلا ئاقسارايدا ھوقۇق يۈرگۈزمىگەن زۇڭتۇڭ. ۋاشىنگتون 1799 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بولسا 1800 ـ يىلى فىلادېلفىيىدىن ۋاشىنگتونغا كۆچۈپ كەلگەن.

ھەمراھ بولغۇچىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ۋاشىنگتون شەھىرىنىڭ تولۇق ئىسمى «ۋاشىنگتون كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، ئامېرىكا پايتەختىنى باشقا شتاتلاردىن ئايرىپ باشقۇرۇش ئۈچۈن «كولۇمبىيە رايونى» دىن ئىبارەت بۇ «فېدېراتسىيە ئالاھىدە

رايونى» نى تەسىس قىلغانىكەن.

1790 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى ئالاھىدە بىر قارار ما ـ قۇللاپ، مارىلاند بىلەن ۋىرگىنىيە شتاتلىرى ئارىلىقىدىن توغ ـ رىسىغا 16 كىلومېتىر، ئۇزۇنىسىغا 16 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر پارچە يەر ئاجرىتىپ، پايتەخت قۇرۇشنى پىلانلىغان. تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر نەپەر فرانسىيە ئارختېكتورىنى يېڭى شەھەرنىڭ لايىھىسىنى ئاچىقىشقا تەكلىپ قىلغان.

ۋاشىنگتون ئەسلىدە بىر كىچىك بازار بولۇپ، 19 ـ ئە ـ سىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ نوپۇسى كۆپىيىشكە، كۆلىمى كېڭىيىشكە باشلىغان. ھازىرقى شەھەر ئاھالىسى 700 مىڭ ئەتراپىدا، شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ئاھا ـ لە بىلەن قوشۇلۇپ 3 مىليوندىن ئاشىدۇ. ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرى ئىچىدە 7 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

شەھەر قۇرۇلۇشى ئەتراپلىق لايىھە ۋە پىلان ئاساسىدا ئې ـ لىپ بېرىلغاچقا، ۋاشىنگتوننىڭ ئامېرىكىدا «ئەڭ چىرايلىق شەھەر» دېگەن نامى بار. فرانسىيىلىك ئارختېكتورنىڭ لايى ـ ھىسىگە مۇناسىپ، پارلامېنت بىناسى بىلەن ئاقساراي ياۋروپا قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا سېلىنغان. پارلامېنت بىناسىنى مەركەز قىلىپ تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلغان 13 كوچىغا ئامېرىكىدىكى ئەڭ دەسلەپكى 13 مۇستەملىكىنىڭ نامى بېرىلگەنىكەن.

بىز ۋاشىنگتون شەھىرىنى زىيارەت قىلىۋاتقاندا ھەمراھ بولغۇچى ئېيتقان «ۋاشىنگتون شەھىرى بىر چوڭ قەبرىستان ـ لىق» دېگەن سۆزنىڭ ئەمەلىيەتكە يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتۇق. چۈنكى، ۋاشىنگتوندىكى ھەربىر ئىمارەت ۋە ھەر ـ بىر مەيدان مەلۇم خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىكەن، شەھەر

رايوندىكى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ خاتىرە سارىيى، خاتىرە تېشى، خاتىرە ھەيكەللىرىلا 300 دىن ئاشىدىكەن. مەشھۇر لىنكولىن خاتىرە سارىيى، جېففىرسون خاتىرە سارىيى، ۋاشىنگتون خاتىرە مۇنارى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەن.

ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئاسمان ـ پەلەك بىنالار يوق ئىكەن. شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز سېلىنغان بىنا پارلامېنت بىناسى بولۇپ، ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى ھەرقانداق ئىمارەت دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولغان پارلامېنت بىناسىدىن ئېگىز بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىكەن. پارلامېنت بىناسىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى ۋاشىنگتون خاتىرە مۇنارى پارلامېنت بىناسى بىلەن ئېگىزلىك

ۋاشىنگتون: ئۇرۇشتا قازا قىلغانلار خاتىرىسى يېنىدا





ۋاشىنگتون: ئابراھام لىنكولن خاتىرە سارىيى ئالدىدا

جەھەتتە ئانچە كۆپ پەرقلەنمىگەندىن تاشقىرى، ھۆكۈمەت بى-
ناسى بولغان ئاقسارايمۇ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ
ئىش بىناسى بولغان بەش بۇرجەكلىك بىنامۇ ئىگىزلىك جە-
ھەتتە پارلامېنت بىناسىدىن ئوبدانلا پەرقلىنىدىكەن.

شەھەر تەۋەسىدە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق
ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئىكەن. بۇ شە-
ھەردە مەتبەئەچىلىك، ساياھەتچىلىككە كېرەكلىك يېمەكلىكلەر
سانائىتىدىن ئۆزگە ھېچقانداق سانائەت بولمىغاچقا مۇھىتىمۇ،
ھاۋاسىمۇ بۇلغانمىغانىكەن. بىز دۆلەت باغچىسىدا كېتىۋېتىپ
ياۋاغاز، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ كۆللەردە، دەريالاردا توپ - توپ بو-
لۇپ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى، ھەتتا بالىلىرىنى كەينىگە سې-
لىۋالغان بىر ياۋا ئۆردەكنىڭ قاتناش يولىدىن ئالدىرىماي -
تېنىمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۇق. مەن ھازىرغىچە 16

دۆلەتتە زىيارەتتە بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىنى كۆرگەن بولساممۇ، باغ بىلەن بىنا بىرلىشىپ كەتكەن، ئادەملەر بىلەن ئۇچار قۇشلار، ئادەملەر بىلەن ياۋا هايۋانلار ئىناق ئۆتىدىغان، هاۋاسى زۇمرەتتەك سۈزۈك، يوللىرى پاكىز بۇنداق شەهەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن.

يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، فېدېراتسىيە هۆكۈمىتى ياللاپ ئىشلەتكەن خادىملار ئىچىدە ۋاشىنگتونلۇقلار 40 مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى ئامېرىكىدىكى 10 چوڭ شەهەردىكى ياللانما خادىملارنىڭ يىللىق كىرىمىگە سېلىشتۇرغاندا 4 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. ۋاشىنگتون هەر يىلى دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياهەتچىلەردىن 18 مىليونچە كىشىنى كۈتۈۋالىدىكەن. يىلىغا 600 قېتىمدىن ئارتۇق خەلقئارالىق يىغىن مۇشۇ شەهەردە ئېچىلىدى-

ۋاشىنگتون: ۋاشىنگتون خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىدا



كەن. پۈتۈن شەھەردىكى باغچىلار ۋە چىملىقلار 300 دىن ئا-
شىدىكەن.

ئۆز ۋاقتىدىكى دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر پارچە
يەرنى ئاجرىتىپ پايتەخت قىلىشتىن مەقسىتى ھەرقانداق بىر
شتاتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇش
ئىكەن. بىراق، كېيىنكى تەرەققىيات مەقسەتنىڭ ئەكسىچە ئۇ-
نۇم بېرىپتۇ، مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ۋە مەيلى ئىق-
تىسادىي جەھەتتە بولسۇن، ۋاشىنگتون پۈتكۈل ئامېرىكىغا ۋە-
كىللىك قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ 80
پىرسەنتىنى ئاق تەنلىكلەر تەشكىل قىلغان بىلەن، ۋاشىنگتون
ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى نېگىرلار ئىگىلىگەچكە، بۇ
شەھەر مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر نېگىرلار كۆپ سانلىقنى
ئىگىلەيدىغان شەھەر بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

## 30.«ئالاھىدە كاماندىروپكا»

چەت ئەلگە زىيارەتكە بېرىش ھەم كىشىنى خۇشال قىلىدى-
غان، ھەم چارچىتىپ ھالىنى قويمايدىغان بىر «ئالاھىدە كاماند-
دىروپكا». كۇتۇۋالغۇچى تەرەپ ھەر كۈنلۈك پائالىيەت ئۈچۈن
بەش ـ ئالتە نۇقتىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ نۇقتىلار ئارىسىدا
يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاماقنىمۇ تۈزۈكرەك يېيەلمەيسىز، ۋاقىت پەر-
قى چوڭ بولسا ئۇيقۇڭىزنىڭمۇ تايىنى بولمايدۇ. خاتىرە قالدۇر-
مىسىڭىز، كۆرگەنلىرىڭىز بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كې-
تىدۇ. زىيارەتتىن قايتىپ كەلگەندە كاللىڭىزدا قالىدىغىنى
چاقلىق چامادانىڭىزنى سۆرەپ ئايروپورتلاردا، ۋوگزاللاردا، تا-
موژنا خادىملىرىنىڭ ئالدىدا، ئاپتوموبىلدا، ئايروپىلاندا يۈرگەن
ئۈششاق تەسىراتلار بولىدۇ.




ۋاشىنگتون: بەش بۇرجەكلىك بىنا — دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىناسى

ساھىبخانا 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈچۈنمۇ ئاز بولمىغان جايلاردا زىيارەتتە بولۇش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن.

تۇنجى بولۇپ، شەھەر مەركىزىدىكى لىنكولن خاتىرە سارىيىنى كۆردۇق، ۋيېتنام ۋە چاۋشيەن ئۇرۇشىدا ئۆلگەن «قۇربان»لار قەبرىستانلىقىنى «تاۋاپ» قىلدۇق. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى جايلاشقان بەش بۇرجەكلىك بىنادا ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزدۇق. روزۋېلت خاتىرە سارىيى، جېففىرسون خاتىرە سارىيى، دۆلەت باغچىسى قاتارلىق جايلاردا ئىنگلىز قىزلىرىنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىدۇق. يەنە ئېسىمدە قالمىغان بەزى نۇقتىلار ئارىسىدا خۇددى بۆزچىنىڭ موكىسىدەك قاتراپ يۈردۇق. بىر جۇڭگوچە ئاشخانىدا چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماق يەۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۇدۇل ياتىقىمىزغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئىشىمىز

بىلەن بەند بولدۇق، ئۇخلايدىغانلار ئۇخلىدى، خاتىرە يازىدى-
غانلار خاتىرە يازدۇق. بەزىلىرىمىز مېھمانخانا ئالدىدىكى گېزىت
سېتىش ماشىنىسىدىن يېرىم دوللار خەجلەپ بىر قولتۇق گې-
زىت سېتىۋېلىپ كىرىپ، سۇرەت كۆردۇق. تېلېفون ھەققى
ئەرزان ۋە تېلېفون ئۇلاش ئاسان بولغاچقا، ئۆيلىرىمىزگە تېلې-
فون ئالدۇق.

شۇنداق قىلىپ، ۋاشىنگتوندا تۇرىدىغان ۋاقتىمىزنىڭ بىر
كېچە، بىر كۈندۈزى ئاخىرلاشتى.

بىراق، ساھىبخانىنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى ئو-
رۇنلاشتۇرۇشىدىن خېلى رازى بولدۇق. شۇ كۈنى بىز ئاۋۋال
ئامېرىكا پارلامېنت بىناسىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدۇق.

بايام ئېيتقاندەك، ئامېرىكا پارلامېنت بىناسى پايتەخت
ۋاشىنگتوندىكى ئەڭ ئېگىز بىنا بولۇپ، «پارلامېنت تېغى» (ئە-

ۋاشىنگتون: دۆلەت پارلامېنت بىناسى ئالدىدا



مەلىيەتتە بىر دۆك ئىكەن) غا جايلاشقانىكەن. بىز بىنا ئىشىكىدىن كىرىپ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن رەسمىي كۆنتەرتىپكە كىرىشىپ كەتتۇق.

پارلامېنت بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋىتى گۈمبەزلىك زال بولۇپ، گۈمبەزگە ناھايىتى نەپىس ماي بوياق رەسىملەر سىزىلىپتۇ. يۇملاق زالدا بولسا، ئامېرىكا تارىخىدا ئۆتكەن بارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەيكىلى قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نېگىرلارنىڭ داھىيسى مارتېن لوتېر كىڭنىڭ، ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە كىيىنگەن بىر ئىندىئان قەبىلە باشلىقىنىڭ ھەيكىلىمۇ بار ئىكەن.

ئەسلىدە بىز پىلان بويىچە پارلامېنت بىناسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىنى كۆرۈپ بولۇپ، يەنە يۇقىرى قەۋەتلىرىگە چىقماقچى، پارلامېنت يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلاپ باقماقچىدۇق. بىراق، 2 ـ قەۋەتنى كۆرۈپ بولاي دېگەندە قېرىشقاندەك ئاپپاراتىمنىڭ لېنتىسى تۈگەپ كەتتى ۋە لېنتا ئالماشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن زالدىكى بىر ساپادا ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىشىم بىلەن بولۇپ كەتتىم. بىر چاغدا قارىسام، ئۆمىكىمىزدىكىلەرنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمىدى، ئۇلارنى ئىزدەش ئۈچۈن 2 ـ قەۋەتنىڭ كارىدورىنى ئىككى مەرتە پىرقىراپ چىقتىمىيۇ، ئۇلارنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. ئۇلارنى 1 ـ قەۋەتكە چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، كارىدوردىكى لىفتقا ئولتۇردۇم ۋە «1» دېگەن رەقەمنى باستىم. ئامېرىكىدا «1 ـ قەۋەت» دېگەننىڭ يەر ئاستى قەۋىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي، لىفت يۇقىرىغا ئەمەس، بەلكى تۆۋەنگە چۈشتى، لىفت ئىشىكىدىن چىقىپلا ئۆزۈمنىڭ يەر ئاستى قەۋىتىگە كىرىپ قالغىنىمنى تۇيۇپ قالدىم.



ۋاشىنگتون: ئالىي سوت بىناسى ئالدىدىكى مۇخبىرلار

ھېلىمۇ ياخشى، يەر ئاستى قەۋەتمۇ ئۆز ئالدىغا بىر كۆرگەزمە زالى بولۇپ، ئادەملەرمۇ كۆپ ئىكەن. ئادىشىپ كىرىپ قالغىنىمنى چاندۇرماي، قولۇمنى كەينىمگە قىلىپ يۇرۇپ، ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى ۋە داڭلىق سۈرەتلەرنى كۆرۈشكە باشلىدىم، رەسىم كۆرگەچ، تاشقىرىغا چىقىپ كېتىدىغان ئىشىكنى ئىزدىدىم.

يەر ئاستى قەۋىتىنىڭ كارىدورى ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا 500 مېتىرچە كېلىدىكەن. بۇ ئۇزۇن كارىدوردا قانچە قېتىم ماڭغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئىنگلىز تىلى بىلمىگەچكە، ساقچىلاردىن سوراشقىمۇ خىجىل بولدۇم، بىر چاغلاردا يەنە لىفتقا ئولتۇرۇپ بىر يەرگە چىقسام، بىنا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ قاپتىمەن. ئاخىر خىزمەتچىلەرنىڭ شەرەت قىلىشى بىلەن كەينىمگە ياندىم ۋە ئاشۇ لىفت بىلەن يەنە يەر

ئاستى قەۋەتكە چۈشۈۋالدىم.
قارىسام، ساقچىلار كۆزىتىپ تۇرغان بىر ئىشىكتىن كى-
شىلەرنىڭ كىرىپ - چىقىۋاتقانلىقى كۆزۈمگە چېلىقتى، ئى-
شىك ئۈستىدە مەن مەنىسىنى بىلىدىغان «EXIT» دېگەن ئىنگ-
لىزچە خەت سۇس يورۇپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بې-
رىپ ساقچىلارغا «چىقىپ كەتكىلى بولامدۇ» دېگەن مەنىدە ئى-
شارەت قىلىۋىدىم، ئۇلارمۇ «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە جاۋاب قاي-
تۇردى. شۇنىڭ بىلەن تاشقىرىغا چىقسام، پارلامېنت بىناسىنىڭ
كەينى تەرىپىگە چىقىپ قاپتىمەن.

بىنا كەينىدىكى مەنزىرە بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. بىراق،
كۆڭلۈم جايىدا بولمىغاچ، بۇ مەنزىرىلەردىن زوق ئېلىشنى خى-
يالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم ۋە بىنانى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىنانىڭ
ئالدى ئىشىكىنى تېپىۋالدىم. چۈنكى، مەن يوقىلىپ كەتسەم،
ھەمراھلىرىم مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ قالاتتى. مەنمۇ
بىر ئامالىلارنى قىلىپ كونسۇلخانىمىزنى ئىزدەشكە مەجبۇر
بولاتتىم.

قايتىپ چىقىپ، پارلامېنت بىناسىدىن ئىككى كىلومې-
تىرچە كېلىدىغان يەردىكى يول بويىدا توختىتىلغان ئاپتومو-
بىلنى تاپتىم. شوپۇرغا ھەمراھلىرىمنى پارلامېنت بىناسىنىڭ
ئالدىدا ساقلايدىغانلىقىمنى، ئۇلار باشقا يولدىن كېلىپ قالسا
مېنى شۇ يەردىن تېپىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ قويۇپ
پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چىملىققا قايتىپ كەلدىم.

ھېچكىم مېنى تونۇمايدىغان ۋە مەن ھېچكىمنى تونۇمايدى-
غان بىر شەھەردە قىممەت باھالىق ئاپپاراتىمنى يۇدۇپ يالغۇز
يۈرۈش ماڭا سەل بىئەپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىن ئاز-
چە يىراق بولمىغان يەردە تەلەتى باشقىچىرەك كەلگەن تۆت كى-

شىنىڭ يامان ئىش قىلىدىغان قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدىم.

پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدىدا دۆلەتلىك ئالىي سوت بىنا-سى بار ئىكەن، ئۇ يەردە كەم دېگەندە 100 چە مۇخبىر فوتو- ئاپپارات ۋە تېلېۋىزىيە ئاپپاراتلىرىنى سوت بىناسىغا قارىتىپ تىكلەپ قويۇپ، قەلەملىرىنى تەييارلاپ جەڭ ھالىتىدە تۇراتتى. بايام ئۇ يەردىن ئۆتكىنىمىزدە ھەمراھ بولغۇچى بۇ مۇخبىرلار-نىڭ ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، گې-زىتخانىلار، ژۇرناللاردىن كەلگەن مۇخبىرلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەتتا ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن مۇخ-بىرلارنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇلار ئىككى ئايچە داۋام قىلغان زوڭ-تۇڭ سايلىمىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ خەۋەر بېرىشكە تەييار تۇرۇۋاتقىنىنى، زوڭتۇڭ نامزاتى بالا بۇش بىلەن گورنىڭ ئاد-ۋوكاتلىرىنىڭ دەل شۇ چاغدا ئالىي سوتتا مۇنازىرىلىشىۋاتقى-نىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

«بۇ يەردە دەككە - دۈككىدە يۈرگۈچە ئاشۇ مۇخبىرلارنىڭ ئارىسىغا بېرىۋالمايمەنمۇ» دېگەن ئوي تۇغۇلدى - دە، ئۇدۇل ئالىي سوت بىناسىدىن كۆز ئۈزمەيۋاتقان مۇخبىرلارنىڭ كەي-نىگە ئۆتۈپ، ئۇچ پاچاقنى تىكلەپ، ئاپپاراتىمنىڭ كۆزىنى ئا-لىي سوت مەھكىمىسىگە قاراتتىم. چۈنكى، مەنمۇ مۇخبىر ئى-دىم، يانچۇقۇمدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات - نەش-رىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن قىزىل تام-غىلىق مۇخبىرلىق كىنىشكىسى بار ئىدى.

مۇخبىرلىق كىنىشكامنىڭ بۇ يەردە ئېتىراپ قىلىنىشى ناتايىن بولسىمۇ، بىراق بۇ يەردە تۇرۇۋالسام ھېچكىم ماڭا يامان كۆزدە قارىيالمايتتى.


شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسى ئالدىدا بىر سائەتچە «مۇخبىر» بولۇپ تۇردۇم. سايلام نەتىجىسىدىنمۇ بىرەر خەۋەر بولمىدى. ئىشقىلىپ، ھەمراھلىرىم بىلەن ئوچۇش-لۇق تېپىشىۋالدىم.

## 31. ئاقسارايدا يېرىم كۈن

بىز ۋاشىنگتونغا كەلگەن كۈنى ئاقسارايىنىڭ زىيارەتچىلەر-گە ئېچىپ بېرىلمىگىنىگە بىرەر ھەپتىچە بولغانىكەن. تەلىيى-مىز ئوچمۇ ياكى ئىش شۇنداق توغرىلىنىپ قالغانمۇ، ئاقساراي-نىڭ قايتا ئېچىلىدىغان كۈنى دەل بىزنىڭ ئاقسارايىنى زىيارەت قىلماقچى بولغان كۈنىمىزگە توغرا كېلىپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ناشتىنى ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن بىر سائەت بۇرۇن تۈگىتىپ، شۇ يەر ۋاقتى بىلەن ئەتىگەن سائەت 7 گە ئاقسارايىنىڭ يان دەرۋازىسىغا كېلىپ بولدۇق. بىراق، بۇ-رۇن كەلدۇق دېگەن بىلەن بىزدىن بۇرۇن كەلگەنلەرنىڭ قاتارى بىرەر يۈز مېتىر يەرگە سوزۇلغانىكەن. قائىدە بويىچە ساراي دەرۋازىسى سائەت 9 بولغاندا ئاندىن ئېچىلىدىكەن. مەن بىكار-دىن ــ بىكار قاتاردا تۇرۇشتىن زېرىكىپ، زىيارەتچىلەر قاتارد-نىڭ ئاقساراي يان دەرۋازىسىغا تاقالغان بېشىغا باردىم ــ دە، ئالدىمىزدا يەنە قانچە ئادەمنىڭ بارلىقىنى ساناپ باققۇم كەلدى. ساناپ بېقىۋىدىم، توپتوغرا 273 ئادەم بولۇپ چىقتى. بۇ ئادەم-لەر ئىچىدە، دۇنيادىكى ھەممە ئىرق، ھەممە مىللەت كىشىلىرى باردەك قىلاتتى. يەرلىك كىشىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى كىشىلەرمۇ قاتاردا تۇراتتى.

سائەت 9 غا 5 مىنۇت قالغاندا دەرۋازىنىڭ ئېچىلغانلىقى مەلۇم بولدى. زىيارەتچىلەر ئۇندىن ــ ئۇندىن كىرگۈزۈلىدىغ-



ۋاشىنگتون: ئاقساراي يېنىدا قاتاردا تۇرغانلار

نى ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغىنى ئۈچۈن بىز ئاستا - ئاستا ئالدىمىزغا سۈرۈلدۇق، نۆۋەت كېلىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدۇق.

ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى بولغان ئاقساراي پەقەت ئاق بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق نام ئالغان، ئاقساراي دېگەن بۇ سۆزنى 26 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ روزۋېلت ئۆز خەت - چەكلىرىدە ئەڭ دەسلەپ قوللانغانىكەن. ئىككى قەۋەتلىك بۇ بىنا پېنسىلۋانىيە كوچىسى 1600 - نومۇرلۇق قورۇ بولۇپ، بۇ قورۇ 1792 - يىلى سېلىنغان، 1800 - يىلى ئامېرىكىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ئادامىس بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ خىزمەتكە چۈشكەندىن بېرى، جەمئىي 40 نەپەر زۇڭتۇڭ بۇ يەرگە خوجايىنلىق قىلىپتۇ.

مۇلازىمەتچىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئاق قۇمتاش بىلەن قورۇلغان بۇ سارايدا جەمئىي 130 ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. يې-



ۋاشىنگتون: ئاقساراينىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا

شىل خانا، كۆك خانا، قىزىل خانا، دۆلەت زىياپەتخانىسى، شەرقىي خانا ۋە كۇتۇپخانىلارمۇ مۇشۇ سانىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. زوڭتوڭ ۋە ئۇنىڭ خانىمى مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن. ئاقساراي يەنە زىيارەتچىلەرگە ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ئىچىپ بېرىلىدىكەن، ئەمما ئىشىك بېلىتى ئېلىنمايدىكەن.

ئاقسارايغا زىيارەتكە كىرگەنلەر مۇلازىمەتچى خېنىملارغا ئەگىشىپ، 1 ـ ۋە 2 ـ قەۋەتتىكى ئىشخانىلارنى، زىياپەت زالىنى، كۇتۇپخانىنى ۋە زوڭتوڭ ئائىلىسىنىڭ بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆرەلەيدىكەن.

ئاقساراي قىش ـ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، سارايىنىڭ جەنۇبىدا كەڭ كەتكەن چىملىق، چىملىقتا شەكىل چىقىرىپ سۇ پۈركۈپ تۇرىدىغان فونتان بار


ئىكەن. زىيارەتچىلەر يان ئىشىكتىن كىرىپ، زىيارىتىنى ئا-خىرلاشتۇرغاندىن كېيىن جەنۇب تەرەپتىكى چوڭ ئىشىكتىن چىقىدىكەن ـ دە، مۇشۇ چىملىققا كېلىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدىكەن.

## 32. ئامېرىكىدا بايرام تەنتەنىسى

كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا سان فرانسىسكو شەھىرىدە ھەر ئايدا بايرام بولۇپ تۇرىدىغىنىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق، ئەمەلىيەتتە، بۇ بايراملارنىڭ بەزىسى مەملىكەت خاراك-تېرلىك بايرام بولۇپ، ئوخشاشلا، ئامېرىكىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر «بايرام دۆلىتى» ئىكەن.

«تەشەككۈر بايرىمى» ھەر يىلىنىڭ 11 ـ ئېيىنىڭ ئەڭ ئا-خىرقى پەيشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام بولۇپ، بۇ بايرام

ۋاشىنگتون: بايرام تۈسىگە كىرگەن مېھمانخانا



يەنە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مىلاد بايرىمىنىڭ تەييارلىق بايرىمى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدىكەن.

بىز ئامېرىكىغا كەلگەن چاغ «تەشەككۈر بايرىمى» نىڭ بايرىمىنىڭ خۇشاللىقى تېخى بېسىقمىغان چاغلار بولۇپ، خىزمەتچىلەر بايراملىق بەش كۈنلۈك دەم ئېلىشنى تۈگىتىپ ئەمدىلا ئىشقا چۈشكەن پەيتلەر ئىكەن.


مىلاد بايرىمى ئەسلىدە خرىستىئانلارنىڭ خرىستوسنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەپ ئۆتكۈزىدىغان بىر دىنىي بايرىمى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ بايرام دىنىي تۈسىنى يوقىتىپ، بارغانسېرى ئىجتىمائىيلىشىپ، ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلغان بىر چوڭ بايرامغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بىز ئامېرىكىدا بولغان كۈنلەردە، قويۇق بايرام تۈسىنى ئالغان ئالامەتلەرگە قاراپ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇ بايرامنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇق.

مىلاد بايرىمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەييارلىقىنىڭ بىرى شۇ ئىكەنكى، شەھەرلەرنىڭ مۇھىم جايلىرىغا ئورمانلىقتىن كېسىپ كېلىنگەن چوڭ ئارچا قادىلىپ، بۇ ئارچا رەڭمۇرەڭ چىراغلار، باللار سوۋغاتلىرى، ئويۇنچۇق ـ كاردونلار بىلەن بېزىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلاد ئارچىسى بۇرۇنقى زاماندا شام بىلەن بېزىلىدىكەن. كېيىنچە بىخەتەرلىك مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئېلېكتر چىرىغى بىلەن بېزىلىدىغان بوپتۇ.

بىز سان فرانسىسكودىكى بىر چوڭ مەيداندا تەشەككۈر بايرىمى ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، ئەنە شۇنداق بىر تۈپ ئېگىز ئارچىنىڭ مىڭلىغان رەڭلىك چىراغ بىلەن بېزىلىپ بولغانلىقىنى كۆردۇق.

نيۇيورك شەھىرىدىكى برادۋاي كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا




ۋاشىنگتون: ئىككى كران بىلەن تىكلىنىۋاتقان چوڭ ئارچا

ئىككى چوڭ كران ئېگىزلىكى 20 مېتىر كەلگۈدەك بىر تۈپ ئارچىنى تىكلىگىلى تۇرۇپتۇ.

ئاقساراينىڭ ئالدىدىكى مەيدان مىلاد بايرىمى تەبرىكلىنىدىغان مۇھىم بىر جاي بولۇپ، بۇ جايغىمۇ ناھايىتى ئېگىز بىر تۈپ ئارچا تىكلىنىپ، ئارچا چوققىسىغا نۇر چېچىپ تۇرغان بىر بەش بۇرجەك يۇلتۇز قادىلىپتۇ. قائىدە بويىچە بۇ يۇلتۇزنى زۇڭتۇڭ خانىمى ئۆز قولى بىلەن قادايدىكەن. بۇ ئارچىنىڭ ئەتراپىغا يەنە ئامېرىكىدىكى 50 شتات سوۋغا قىلغان كىچىكرەك ئارچىلار، چوڭ كارتون سۈرەتلىرى جايلاشتۇرۇلۇپتۇ.

نيۇيوركتىكى روكفېللېر مەركىزىدىكى كىچىكرەك بىر مەيداندا ئۈچ نەپەر نورۇز بوۋاي ئۇچرىغانلىكى بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.



روكفىللېر مەيدانىدا بايرام تەنتەنىسى

بالتمور
شەھىرىدىكى پورت
يېنىدا مەخسۇس
ھازىرلانغان بىر
ياسىداق بوتكىدا
ئاپئاق ساقاللىق
بىر نورۇز بوۋاي
بالىلار بىلەن
سۈرەتكە چۈشۈۋې-
تىپتۇ. قىزىل
كالتە چاپان، قى-
زىل باشلىق كى-
يىۋالغان بۇ بوۋاي
ئۆزى بىلەن بىللە
سۈرەتكە چۈشكەن
بالىلاردىن ھەق
ئالىدىكەن.

بىز كۆرگەن-
لىكى شەھەرلەر-
نىڭ ھەممىسىدە دۇكانلارنىڭ، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى-
گە ئارچا ياپرىقىدىن قىلىنغان قىزىل لېنتىلىق چەمبىرەك
ئېسىلىپتۇ. ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ۋە ئۆيلىرىگىمۇ ئەنە
شۇنداق چەمبىرەكلەر توشۇپ كېتىپتۇ.

بىز لاس ۋېگاستىن لوس ئانگېلېسقا قاراپ كېتىۋاتقىنى-
مىزدا ۋاقىتلىق ھازىرلانغان لاپاس ئاستىدا نەچچە مىڭ تۈپ
ئارچا كۆچەتلىرىنىڭ تۇرغىنىنى كۆردۇق. بۇنداق كۆچەتلەرنى

نيۇيورك كوچىلىرىدىمۇ كۆرگەنىدۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇنداق كۆچەتلەرنى كۆچەت سودىگەرلىرى كۆچەتخانىلاردىن ۋە ئورمانلىقتىن كېسىپ كېلىپ ئۆيلەرگە نورۇز دەرىخى قىلىش ئۈچۈن پۇقرالارغا سېتىپ بېرىدىكەن.

مۇنداقچە ھېسابلىغاندا، ئامېرىكىدا ھەر يىللىق مىلاد بايرىمىدا نەچچە مىڭ توپ چوڭ ئارچا ۋە نەچچە يۈز مىڭ توپ ئارچا كۆچىتى كېسىلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ كىشىلەرنىڭ ۋاقىتلىق خۇشاللىقى ئۈچۈن تۆلەنگەن ئارتۇقچە بەدەلمۇ قانداق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

## 33. ئۆگەنمىسە بولمايدىغان تىل

ئامېرىكىدا تۇرغان كۈنلەردە بىرقانچە قېتىم رەسمىي يىغىلىشلاردا بولدۇق. بۇنداق يىغىلىشلاردا كۆپىنچە ھاللاردا يەرلىك ئەمەلدارلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىدى. ئىنگلىز تىلىغا ئانچە كامىل بولمىغان ئۆمەك تەرجىمانىمىزنىڭ بىزگە بۇ سۆزلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، سۆزلىگۈچى ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ ھەمراھلىرى سەل ھەيران قالدى. ھەتتا تەرجىمىنىڭ ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېتىدىغىنىدىن تۇرۇپ - تۇرۇپ بىئارام بولدى. ئۇلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بىزدەك ئىسىم كارتۇشكىلىرىدا باش مۇھەررىر، ئالىي ئۇنۋانلىق زىيالىي دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بىلمەسلىكىمىز سەل ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش ئىكەن.

ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ پۇرىقى بولغان بىلەن بىز بۇنىڭدىن رەنجىپ، چىچاڭلاپ كەتمىدۇق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قارىشىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بار ئىدى. ئىنگلىز تىلىنى ھەرقانداق بىر نوپۇزلۇق خەلقئارا تەش-

كىلات خەلقئارا تىل دەپ بېكىتىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىلنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى، بولۇپمۇ مەدەنىي مىللەتلەر تەرەپىدىن بىلىپ - بىلمەي قوبۇل قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزى بىر پاكىت، ئامېرىكىدا ياشىغۇچى نېگىرلارمۇ، يەھۇدىيلارمۇ، خەنزۇلارمۇ ھەم باشقا ياپون، كورىيە مىللەتلىرىنىڭمۇ ئىنگلىز تىلىنى ئورتاق تىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقىمۇ بىر پاكىت.

ئۆمىكىمىزدە 18 كىشى بولۇپ، بۇلار ئارىسىدىكى يەتتە كىشى ئىنگلىز تىلىنى يامان ئەمەس سۆزلىيەلەيدىكەن. ئالتە كىشى ئىنگلىز تىلىغا ئىما - ئىشارەتلەرنى قوشۇپ بولسىمۇ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايدىكەن. پەقەت مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش كىشى ئىنگلىز تىلىنى چورتلا بىلمەيدىكەنمىز. بۇنىڭدىن خەنزۇ ئەمەلدارلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى پەملىگىلى بولىدۇ. خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ۋە خەنزۇ ئائىلىلىرىدە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشىغا ۋە ئۆگىنىشىگە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقانلىقى يېقىن كەلگۈسىدە خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئالاقە ئىككىنچى تىلى تەرىقىسىدە قوللىنىشقا باشلايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئامېرىكىغا ھۆكۈمەت ئىشى ياكى سودا - ساياھەت ئىشلىرى بىلەن كېلىپ تۇرىدىغان غەيرىي ئىنگلىز مىللەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىنگلىز تىلىنى قوللىنالايدىكەن، ھەرقانداق ئىشلىرى يۈرۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئەمما، بىز بولساق، ئۆز مىللىتىمىز ئالدىدا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان نوچى بولغىنىمىز بىلەن ئۇ يەردە تىلسىز مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدىكەنمىز.

بىز سان فرانسىسكودا يۈرگەن ۋاقتىمىزدا «ئۆمۈر» رېستورانى ئالدىدا قاچا يۇغۇچى ئىشچى قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى

توغرىسىدىكى بىر ئېلاننى كۆرۈپ قالدۇق. سۈرۈشتۈرسەك، قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشچىنىڭ بىر سائەتلىك ئىش ھەققىگە 10 دوللار بېرىلىدىكەن. ئىككى دۆلەتتىكى مال باھا پەرقى نەزەردىن ساقىت قىلىنسا ۋە ئامېرىكا دوللىرى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلسا، قاچا يۇغۇچى ئىشچىنىڭ ئۇ يەردە ئالىدىغان بىر سائەتلىك ئىش ھەققى مېنىڭ ئۇرۇمچىدە ئالىدىغان بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىمگە باراۋەر كېلىدىكەن. ئامېرىكىدا بىر قاچا يۇغۇچىغا نىسبەتەن بۇ كىرىم يامان ئەمەس كىرىم. ئەمما، ئالدىرىماڭ، ئېلاننىڭ ئاخىرىدا قاچا يۇغۇچى ئىشچىنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بىلىشى كېرەكلىكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەنىكەن. يەنە شۇ شەھەردە يۈرگەن كۈنلەردە، ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان بىر ھەمراھىم بىر پارچە ئىنگلىزچە گېزىتنى كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرىپ كەلدى ۋە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا:

— قاراڭلار، بۇ گېزىتتە ئۆي خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان بېرىلىپتۇ. يىللىق مائاشى قانچە پۇل ئىكەن بىلەمسىلەر، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاش، تاماقنىڭ تېشىدا يىلىغا 40 مىڭ دوللار بېرىدىكەن، — دېدى.

40 مىڭ دوللار دېگەن گەپ، ھازىرقى ئايرىۋاشلاش نورمىسى بويىچە ھېسابلىغاندا 332 مىڭ يۈەن دېگەن گەپ. بىراق، مۇھىم بىر شەرت — قوبۇل قىلىنىدىغان ئۆي خىزمەتچىسى ئىنگلىز تىلىنى بىلىشى كېرەك ئىكەن.

1985 ـ يىلى پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغان ۋاقتىمدا پاكىستان ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ خەلق ئىشچىلىرى قاتارىدا نېفىت چىقىدىغان ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە ئەۋەتىپ ھەر يىلى شەخسىي ۋە دۆلەت ئۈچۈن كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت

تاپىدىغانلىقىنى، بۇنداق خەلق ئىشچىلىرى ئىنگلىز تىلىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا چەت ئەلدە ئوڭۇشلۇق ياشاپ، تۇرۇۋا يولى كولاش ئارقىلىق پۇل تاپالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

بۇلار ئىنگلىز تىلىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئائىت تۇرمۇشتىكى مىساللار، ئىلىم - پەن ساھەسىدىچۇ؟

بۇ ھەقتە كۆپ توختىلىش ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا بەلكى ئارتۇقچە بىلجىرلىغانلىق بولۇپ قالار. ئىنگلىز بولمىدىغان، لېكىن ئىنگلىز تىلىنى پىششىق بىلىدىغان غەيرىي ئىنگلىز مىللەتلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى رولى ھەققىدە مىسال كۆرسەتسەك بەلكى ئارتۇق كەتمەس.

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم، دۇنياۋى قەدىمىي مەدەنىي دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان ھىندىستان ناھايىتى كۆپ نوپۇسلۇق بىر دۆلەت. ئۇ 1757 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان، ئىنگلىز تىلىنى خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان. ھېچبولمىغاندا، ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ تىلى بولۇش ئىمتىيازى بىلەن ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. 1947 - يىلى ھىندىستان گەرچە ئاپتونومىيىنى قولغا كەلتۈرگەن، 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ ئىنگلىزلارنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئىنگلىز تىلى ئۆز رولىنى يەنە داۋام قىلىۋەرگەن. ھىندىلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خېلى ئالدىدا ماڭالىشىنىمۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتى ۋە ھىندى خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىدىن ئۆزگە، ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ھىندىلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامې-

ـرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىدە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ساھەسىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلىيەلىشى ھەم يۇقىرىقى سەۋەب بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئۆتكەن يىلى گېرمانىيە پەن ـ تېخنىكا دائىرىلىرى ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان ھىندىلاردىن نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆز دۆلىتىگە يۆتكەپ كېلىپ، يۇمشاق دېتال تەتقىقاتى ۋە كومپيۇتېر مەشغۇلاتى خىزمىتىگە جەلپ قىلغان. ئالدىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئامېرىكىدىكى مەشھۇر «كىرىمنىي جىلغىسى» دىكى قاتتىق ۋە يۇمشاق دېتال تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ 26 پىرسەنتىنى ھىندىلار ئىگىلىگەن.

ياپونىيىدە بولغان كۈنلىرىمدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تەرەققىياتتا ئالدىدا كەتكەن، ئۆزىنى ۋە ئۆز تىلىنى قالتىس دەپ چاغلايدىغان ياپونلارمۇ ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغانلارغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدىكەن.

مەن ئىنگلىز تىلى قوللىنىلىدىغان ۋە ئىنگلىز تىلىنىڭ بازىرى بولغان غەرب ئەللىرىدە زىيارەتتە بولغان كۈنلىرىمدە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ قويۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. خەق ئالدىدا تىلسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىنىمدا، تىل ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلى ئۆزۈمنى بىچارە ھېس قىلغىنىمدا، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنمىگىنىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. بۇ ئىشنى ھازىر بولسىمۇ قولغا ئالماي بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندىم.

ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى مىچېل خۋاڭ ئەپەندى لېكسىيە سۆزلىگەن ۋە بىز بىلەن بىللە بولغان رەسمىي ۋە نارەسمىي سورۇنلاردا ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن: «سىلەرنىڭ ئىنگلىز تىلى TOFEL ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، گۇۋاھنامە ئالغان

پەرزەنتلىرىگىلار بولسا، بىز بىلەن ئالاقىلىشىگىلار، يۈزۈگىلارنى قىلىپ بولسىمۇ تۆۋەن ھەق ئېلىپ ئوقۇتۇپ بېرىمىز» دەپ جاكارلىدى. بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق، بۇنداق ئەپلىك پۇر-سەتتىن پايدىلىنىشنى ئويلىدۇق، ھېچقايسىمىزنىڭ بۇ شەرت-لەرنى ھازىرلىغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بولمىغىنى ئۈچۈن، بې-شىمىزنىڭ چۇشۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قېلىشتۇق.

زامان تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىلىم ـ پەن تىلىغا ئايلىنىدىغانلىقىدا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىدا شەك يوق. ئېلىمىز مائارىپ تارماقلى-رىنىڭ ئىنگلىزچە ئوقۇتۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋاتقىنىنىڭ كەلگۈسنى كۆزلەيدىغان مۇھىم تەدبىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ئىنگلىز تىلىنى ئۆزىمىز ئۆگىنەلىسەك ئۆگىنەيلى، ئۆ-گىنەلمىسەك، نېمىمىز كەتسە كەتسۇنكى، باللىرىمىزغا ئۆگە-تەيلى. ئۇلار ئۆگەنمىسە، بىز ھازىر چەت ئەلدە تىلسىز قالغى-نىمىز بىلەن ئۇلار كەلگۈسىدە چەت ئەلدىمۇ، جۇڭگودىمۇ تىل-سىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

### 34. « قۇملۇقتىكى ئېزىتقۇ » — لاس ۋېگاس


بىز 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىدىن ئۇ-چۇپ، ئامېرىكىنىڭ شەرقى شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان ئاپ-توموبىل شەھىرى دېترويتقا كېلىپ قىسقا توختاپ ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچتە شەرقىي جەنۇبتىكى لاس ۋېگاس شە-ھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

ئامېرىكىنىڭ نىۋادا شتاتىغا قاراشلىق بۇ قورغان شەھەر-نىڭ ئۈچ تەرىپى گىياھ ئۈنمەيدىغان تاقىر تاغلار بىلەن قور-شالغانىكەن. نىۋادا شتاتى كۆلەم جەھەتتە ئامېرىكا بويىچە 7 ـ

ئورۇننى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ئاھالىسى ئاران 600 نەچچە مىڭ ئىكەن. قىزىق يېرى، شتات ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇشۇ «قۇملۇق شەھىرى»دە ياشايدىكەن. بۇ شتاتنىڭ تەبىئىي شارائىتى شۇنچىلىك ناچار ئىكەنلىكى، ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى بويىچە «ئىنساننىڭ ياشىشىغا ئەڭ مۇۋاپىق كەلمەيدىغان شتات» دېگەن نامى بار ئىكەن.

«ئىنساننىڭ ياشىشىغا ئەڭ مۇۋاپىق كەلمەيدىغان» بۇنداق قاقاس شتاتتا بۈگۈنكى لاس ۋېگاستەك داڭلىق كۆڭۈل ئېچىش شەھىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئامېرىكىنىڭ غەربىنى ئېچىش تەدبىرىنىڭ بىر كاتتا سەمەرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. قارام قىمارۋازلارنىڭ، يۈرىكى چوڭ تەۋەككۈلچىلەرنىڭ، شەھۋەتپەرەس بەگزادىلەرنىڭ غايىۋى «جەننىتى» دەپ قارىلىدىغان بۇ شەھەر 1940 ـ يىلى ئاران 8422 نەپەر ئادىمى بولغان كىچىك بىر

لاس ۋېگاس: شەھەر مەركىزىدىكى «كىچىك نيۇيورك»



بازار ئىكەن. 1931 ـ يىلى شتاتلىق ھۆكۈمەت قارار ماقۇللاپ، بۇ شتاتتا قىمارنى قانۇنلۇق دەپ ئېلان قىلىپتۇ. 1933 ـ يىلى ھۆكۈمەت يەنە لاس ۋېگاس شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان كولورادو دەرياسىغا چوڭ تۇغان ياساپ، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ لاس ۋېگاس شەھىرىنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپتۇ. بىلەرمەنلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، شۇ قېتىمقى تۇغان ياساش ۋە ئىستانسا قۇرۇش ئىشىغا 6000 نەپەر ئىشچى قوبۇل قىلىنغانىكەن. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بۇ ئىشچىلار كۈندۈزلىرى تۇغاندا ئىشلەيدىكەن، ئىشتىن چۈشكەن ھامان لاس ۋېگاسقا كېلىپ، كېچىلەپ قىمار ئوينايدىكەن. كۈندۈزى جاپا چېكىپ تاپقان پۇللىرىنى كېچىسى ئۇتتۇرۇپ بولىدىكەن.


شۇنداق قىلىپ، 1936 ـ يىلى تۇغان قۇرۇلۇشى پۈتۈپتۇ، توختاملىق ئىشچىلار ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلىدىغان بولۇپتۇ. بىراق، تاپقان پۇلىنى ئۇدۇللۇق دوغا تىكىپ، چۈنتەكلىرى قۇرۇقداپ بولغان بۇ ئىشچىلار يۇرتىغا قايتىدىغانغا يول خىراجىتى غەملىيەلمەپتۇ. بەزىلىرى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا قۇرۇق قول قايتىپ بېرىشتىن خىجىل بولۇپ لاس ۋېگاستا قېلىپ قاپتۇ. ئېيتىلىشىچە، قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن بۇ ئىشچىلار لاس ۋېگاس شەھىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى پۇقرالىرىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن.

بۇرۇن ئامېرىكىدا پەقەت نىۋادا شتاتىدىلا قىمار كەسپى قانۇنلۇق كەسىپ ھېسابلىنىدىكەن. 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە، نيۇجېرسى شتاتىنىڭ سايلىغۇچىلىرى بېلەت تاشلاپ، مەزكۇر شتاتتىكى ئاتلانتىك شەھىرىنى قانۇنلۇق قىمار شەھىرى قىلىپ بېكىتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاتلانتىك شەھىرىنىڭ قى-

ـمار كەسپىمۇ روناق تېپىپ كېتىپتۇ. بۇ ھال ئايروپىلان بىلەن لاس ۋېگاسقا كېلىپ قىمار ئويناپ كېتىدىغان نۇرغۇن غەربىي رايون قىمارۋازلىرىنىڭ ئاتلانتىك شەھىرى تەرەپكە ئېغىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، كۆلەم ۋە دۇنياۋى تەسىر يېقىدىن ئالغاندا، لاس ۋېگاس يەنىلا ئامېرىكا بويىچە بىرىنچى قىمار شەھىرى دېگەن ئاتاقنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

لاس ۋېگاستا جەمئىي 300 دىن ئارتۇق چوڭ قىمارخانا، رېستوران، تۇنەكخانا، قاۋاقلاردا 70 مىڭ كىچىك قىمار ماشىنىسى بار ئىكەن. چوڭ ۋە كىچىك قىمارخانىلار قوشۇلۇپ، پۈتكۈل شەھەرنى بىر چوڭ قىمارخانىغا ئايلاندۇرغانىكەن. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى بۇ شەھەرگە 20 مىليوندىن ئارتۇق قىمارۋاز (ياكى ساياھەتچى) قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرىدىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىلىق قىمارۋازلار ئاساسىي

لاس ۋېگاس: «قىمار شەھىرى» نىڭ كېچىسى



سالماقنى ئىگىلەيدىكەن.

لاس ۋېگاستىكى قىمار كەسپىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، هازىر نىۋادا شتاتى بىر باي شتاتقا ئايلىنىپتۇ. شتات ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى ئامېرىكا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدىكەن. يەنە بىرى، بۇ شتاتتا تۇرلۇك باجنىڭ ئاساسىي سالىمىقى بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان قىمارۋازلار (ساياھەتچىلەر) نىڭ زىممىسىگە ئارتىلىدىكەن. شتات پۇقرالىرىنىڭ باج تاپشۇرۇشى بىھاجەت ئىكەن.

شۇنداقتىمۇ، بۇ شەھەر هاراق ئىستېمالى جەھەتتىمۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، قاتىللىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق دېلولىرى هەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن.

### 35. « سەھرايى كەبىر » مېھمانخانىسىدا

لاس ۋېگاس ئايروپورتىدىن چىققان هامان بىر ئىسسىق ئېقىمنىڭ يۈزىمىزگە ئۇرۇلغىنىنى سەزدۇق. شەھەرنىڭ شۇ چاغدىكى بۇ ئىسسىق ئېقىمى لاس ۋېگاسنىڭ ئىسسىق هاۋاسى بولۇپ، كىلىماتى قىش شامىلى ئۇچۇپ تۇرغان دېترويىتتىن، نيۇيوركتىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىكەن. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدىكى تېمپېراتۇرىسى 24 گرادۇس بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر دېگۈدەك قىسقا يەڭلىك نېپىز كۆڭلەك كىيىپ يۈرۈشۈپتۇ.

بىز ئايروپورتتىن كېلىۋېتىپ، لاس ۋېگاسنىڭ مەركىزىي كوچىسىنى كېسىپ ئۆتتۇق. ھەم يول باشلىغۇچى، ھەم شوپۇر بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان تەكتى تەيۋەنلىك لى ئەپەندى يول بويىدىكى چىرايلىق، ئاسمان ـ پەلەك بىنالارنى كۆرسىتىۋېتىپ بىزگە مۇنداق دېدى:

— لاس ۋېگاسنىڭ رەسمىي گۈللەنگىنىگە ئەمدىلا 20 نەچچە يىل بولدى. بۇ شەھەرگە بۈگۈنكى كۈنگىچە قانچىلىك مەبلەغ سېلىنغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ يەرگە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پەقەت ئامېرىكا پۇقرالىرى بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقى قانۇندا بېكىتىلگەن. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن كەلگەن مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆز شەھىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇ شەھەرگە بىللە ئەكەلگەن. ئاۋۇ دوقمۇشتىكى ئىمارەت تۈركۈمى «كىچىك نيۇيورك» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر قاراشتىلا مانخاتتاننىڭ مەركىزىي كوچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىنالار ئالدىغا تىكلەنگەن ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىمۇ نيۇيوركتىكى ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ نىسبەت بويىچە كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسى. ئالدىمىزدا يەنە «كىچىك پارىژ» بار. ئۇ پارىژ شەھىرىدىكى مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ سەل كىچىكلىتىلگەن شەكلى بولسىمۇ، بۇ قۇرۇلۇش تۈركۈمىگە مەبلەغ سالغۇچى كىشى يەنىلا ئامېرىكىلىق. شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىدە بۇ يىل 4 - ئايدا پۈتتۈرۈلگەن پىرامىدا مېھمانخانىسى بار، مېھمانخانا مىسىر پىرامىدالىرىنىڭ شەكلى بويىچە سېلىنغان. بۇ مېھمانخانىدا قانچە كىشىلىك ئورۇن بار بىلەمسىلەر، 15 مىڭ كىشىلىك ئورۇن بار. ئالدىرىماڭلار، ئەتىكى كۈنتەرتىپىمىزدە ئۇنى كۆرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلغان...


بىز مەركىزىي كوچىدا تۆت - بەش كىلومېتىرچە يول يۈرگەندىن كېيىن «سەھرايى كەبىر» دېيىلىدىغان بىر مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېھمانخانىمۇ بىرلا ۋاقىتتا 5000 مېھماننى سىغدۇرالايدىغان مېھمانخانا ئىكەن. كارىۋات سانى ۋە مېھمان قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە شەھەر بويىچە ئوتتۇرا ھال ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن.

دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن مېھمانخانا زالىدا ئادەمنىڭ بەكمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. ياتاققا تىزىملىتىغاندا، خىز-مەتچىلەر ئادەم بىلەن پاسپورتنى سېلىشتۇرىدىغىنى ئۈچۈن بۇ زالدا يېرىم سائەتچە ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

زالنىڭ بىر تەرىپىگە يالغۇز كىشىلىك ساپادىن 20 نەچ-چىسى قويۇلۇپتۇ. ساپادا ئولتۇرۇپ، ساپانىڭ قول قويىدىغان يېرىدىكى تۆشۈككە 25 سېنتلىق مېتال پۇلدىن بىرنى سېلىپ قويسىلا ساپا يۆلەنچۈكىدىكى يوشۇرۇن ئۇۋۇلىغۇچلار ھەرىكەتكە كېلىپ، ئولتۇرغۇچىنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ قويىدىكەن.

زالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئېگىز ئورۇندۇقلارنى قويۇۋې-لىپ، مېھمانلارنىڭ ئايىغىنى سۈرتۈپ، مايلاپ بېرىدىغان ئەر مۇلازىملار بار ئىكەن. دىققەت قىلساق، ئاياغ مايلاش ھەققىگە ئۈچ دوللارچە ئالىدىكەن. ئاياغ مايلىغۇچىلارنىڭ ۋە مايلىتىۋات-قانلارنىڭ كەڭ گىرۋەكلىك شلەپە، كاتەكچە كۆڭلەك، ساغرد-

لاس ۋېگاس: بايراملىق بېزەلگەن «سەھرايى كەبىر»



سىنى سىقىپ تۇرىدىغان پادىچى ئىشتىنى كىيىۋالغىنىغا قاراپ، ئۇلارنى مېكسىكىلىقلار دەپ پەرەز قىلدۇق. كېيىن ئۇ-قۇشىمىزچە، لاس ۋېگاس شەھىرى مېكسىكىغا يېقىن بولغاچقا، بۇ يەردە نۇرغۇن مېكسىكىلىق كۆچمەنلەر ياشايدىكەن.

«سەھرايى كەبىر» مېھمانخانىسى ئەرەب ئۇسلۇبىدا زىنىنەت-لەنگەنىكەن. بىز كىرگەندە مۇڭلۇق ئەرەب مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى.

بىز ئاخىر ياتاقلىرىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى قولىمىزغا ئال-دۇق. ئامېرىكىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى مېھمانخانىلارنىڭكىگە ئوخشاش، بۇ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكلىرىمۇ ئېلېكترونلۇق ئاچ-قۇچ بىلەن ئېچىلىدىكەن.

مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرى كەڭ ـ كۇشادە بولۇپ، قەھۋە چۆگۈنى، قەھۋە ئوچىقى، دەزمال، كىچىك توڭلات-قۇ بار ئىكەن. تومپۇچكا تارتمىسىدا نەپىس ئىشلەنگەن بىر پارچە «ئىنجىل» نىڭ قويۇلغىنىغا قاراپ بۇ مېھ-مانخانىنى ئەرەبلەر ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەت، ھېچ-بولمىغاندا غەيرىي مۇسۇلمان مىللەت كىشىلىرى ئاچقان بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. چۈنكى، سان فرانسىسكودىن تارتىپ لاس ۋېگاسقا كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا بىز قونۇپ ئۆتكەنلىكى يۇلتۇزلۇق، يۇلتۇزسىز مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىدە تومپۇچكا تارتمىسىدا ئوخشاش نۇسخىدىكى «ئىنجىل»نىڭ قويۇلغانلىقىغا دىق-قەت قىلغانىدىم. «ئىنجىل»نى كىشىلەر كۆرسۇن دەپ قويامدۇ ياكى مېھمانخانا خوجايىنى ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن بىر خرىستىئان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچىمۇ، بۇنى بىلىۋېلىشقا ئامال بولمىدى.

## 36. رەڭگارەڭ دۇنيا

ياتاقلىرىمىزغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە «سەھرايى كەبىر» نىڭ 1 ـ قەۋىتىگە جەم بولدۇق. 1 ـ قەۋەتنىڭ چوڭ يول تەرەپكە تۇتىشىدىغان تەرىپىدە ئىنتايىن چوڭ بىر قىمارخانا بولۇپ، بۇ يەر خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى قارتا بىلەن، بەزىسى پىرقىرىما ماشىنا بىلەن، بەزىسى كىچىكرەك قىمار ماشىنىسى بىلەن قىمار ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. قىمار ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇتتۇرغان ۋە ئۇتتۇۋالغانلارنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ قىمارخانىنى بىر ئاپتۇ. 5 سېنتلىق، 10 سېنتلىق، 25 سېنتلىق مېتال پۇل سېلىپ ئوينايدىغان كىچىك قىمار ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىدا ئاساسەن ئاياللار ئولتۇرۇۋاپتۇ. كۆپ پۇل تىكىپ ئوينايدىغان قىمارنى پوتونلەي ئەرلەر مونوپول قىلىۋالغانىكەن.

بىز قىمارخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، قىمارۋازلارنىڭ ھۈنىرىنى تاماشا قىلدۇق، قىمارخانا مۇزىكا ئەترىتىنىڭ جاز مۇزىكىلىرىدىن بىردەم ھۇزۇرلانغاندىن كېيىن ھەمراھ بولغۇچىنىڭ باشلامچىلىقىدا شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى كوچىغا چىقتۇق.

لاس ۋېگاسنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاسىيا ئەللىرىدە مەن كۆرگەن ھەرقانداق شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. پەقەت توكيودىكى گېنزا رايونى، ئوساكادىكى كانساي رايونى، ئامستېردامدىكى قانال رايونى، پارىژدىكى «قىزىل تۆگمەن» ئەتراپى، ھامبۇرگدىكى

كونا پورت رايونلىرىنىڭ كىچىلىك مەنزىرىسىلا لاس ۋېگاس مەنزىرىسىگە يېقىنلىشالايدىكەن. نيۇيوركتا بىز بىلەن ئۇچراش-قان بىر جۇڭگولۇق كۆچمەننىڭ تېخى لاس ۋېگاسقا بارمىغىنىـ مىزنى ئاڭلاپ: «تېخى ئامېرىكىنى كۆرمەپسىلەر» دېيىشىمۇ بە-كار ئەمەس ئىكەن. دېمىسىمۇ، كوچىلاردا، بىنالارنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل رەڭدە چاقناپ تۇرغان ھەر خىل يېزىقلار، شەكىللەر كىشىنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، بۇ شەھەردىكى ھاۋا تەڭشىگۈچلەر ۋە نېئونلۇق ئېلان چىراغلى-رى سەرپ قىلىدىغان توك ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئامېرىكا بو-يىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن. چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە توك سەرپىياتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىكەن.

قىمارۋازلارنى ۋە باشقا ساياھەتچىلەرنى كۆپلەپ جەلپ قى-لىش ئۈچۈن بۇ قىمار شەھىرىدە، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان تۈنەكخانىلار، بەزمىخانىلار قۇرۇلغانىكەن. بۇنداق تۈنەكخانىلاردا ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ھەق بېرىش ھېسابىغا تەكلىپ قىلىنغان مەشھۇر سەنئەتكارلار، سەتەڭلەر ئۆز ماھارەت-لىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن.

لاس ۋېگاستا يەنە ئادەتتىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئىشتىھاسى-غا لايىقلاشتۇرۇلغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدىكەن. 17 ـ، 18 ـ ئەسىردىكى دېڭىز قاراقچىلىرى ۋە دېڭىز قاراقچىلىرىغا قارشى ھۆكۈمەت كېمە-لىرىنىڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەيدىغان «دېڭىز ئۇرۇ-شى» مەيدانىمۇ ئىنتايىن كۆپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىكەن.

شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىدا ئىسسىق بەلۋاغ دەرەخلى-رى ۋە ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغان بىر سۈنئىي كۆل بو-لۇپ، ئويۇندا بۇ چوڭ كۆل «دېڭىز» دەپ قىياس قىلىنىدىكەن.

بۇ «دىڭىز»نىڭ ئىككى تەرىپىدىن چىقىپ كەلگەن ئىككى يەل-كەنلىك كېمە ــ بىرى قاراقچى كېمىسى، بىرى ساقچى تەرەپ-نىڭ كېمىسى تويۇقسىز تۇتۇشۇپ قالىدىكەن. ساقچى كېمىسىدى-دىكىلەر قاراقچى كېمىسىدىكىلەرگە تەسلىم بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىسىمۇ، قاراقچىلار قوبۇل قىلمايدىكەندە، ئىككى كېمە ئارىسىدا زەمبىرەك ئۇرۇشى پارتلايدىكەن. ئىككىلا كېمە-گە ئوت كېتىدىكەنۇ، ساقچى كېمىسى سۇغا غەرق بولىدىكەن. كېمە كاپىتانىمۇ مەردانە قىياپەتتە كېمە بىلەن تەڭ چۆكۈپ كېتىدىكەن.

كېمىلەرنىڭ توپ ئېتىشى، توپ ئوقلىرىنىڭ شىددەتلىك پارتلىشى، كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى يۇقىرى تېخنىكا ۋاستىلىرى بىلەن ئورۇندالغان بولۇپ، كىشىگە چىنلىق تۇيۇ-غۇسى بېرىدىكەن. يول بويىدا تۇرۇپ ئويۇن كۆرگەنلەر ئۆزىنى خۇددى ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن.

«دىڭىز ئۇرۇشى» مەيدانىدىن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى «يانار تاغ» كۆرۈنۈشىمۇ يول بويىدا تۇرۇپ ئويۇن كۆ-رۈۋاتقانلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىكەن. بۇ بەلگىلىك ئىقتىساد بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئويۇن بولسىمۇ، لېكىن تاماشىبىنلاردىن ھەق ئېلىنمايدىكەن.

لاس ۋېگاستا، پۇتكۇل شەھەرگە يېيىلغان قىمار كەسپىدىن ئۆزگە، يەنە باشقا كەسپلەر ــ «چاقماق سۇرئىتىدە توي قىـ-لىش»، «مېھمان كۇتۇۋېلىش» دېگەندەك شەھەۋانىيەتكە ئائىت كەسپلەرمۇ يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ كەسپلەر ناھايىتى زور «ئازدۇرۇش كۈچى» گە ئىگە ئىكەن. لېكىن، بۇ «كەسپ» لەر بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار يوق دېيەرلىك بولىدىكەن.

قىسقىسى، لاس ۋېگاس كاپىتالىزمنىڭ چىرىك مەدەنىيە-تىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ ئاز كىشىلەرگە «بەخت» ئاتا قىلىپ، كۆپ كىشىنى داغدا قويىدىغان، نۇرغۇن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا خەۋپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنسانىي ئەخلاقنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان بىر «ئوچاق» ئىكەن.

## 37. مۇئەللىپنىڭ نەزىرىدىكى « قۇملۇق »

بۇرۇن ئامېرىكا جۇغراپىيىسى توغرىسىدا تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىيالدىن «ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمى بىپايان قۇملۇق» دېگەندەك بايانلارنى ئوقۇغانىدىم. بىراق، «ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبى» دېيىلگەن نېۋادا، ئارىزونا، كولورادو شتاتلىرىنىڭ بىر قىسمىدا «قۇملۇق» ئەمەس، بىپايان چۆلنىڭ بارلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇنداق ماتېرىياللارنى تۈزگەن مۇئەللىپلەرنىڭ «قۇملۇق» بىلەن چۆلنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىغا ئىشەندىم. مېنىڭچە «قۇملۇق» دېگەن قۇم دانچىلىرى بېسىپ كەتكەن ۋە ياكى قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان خېلى چوڭ كۆلەمگە ئىگە جاينى كۆرسىتىدۇ. قۇملۇقتا چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسەلمەيدۇ، چۆلدە بولسا چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسەلەيدۇ. مەسىلەن، لاس ۋېگاس شەھىرى بىلەن لوس ئانگېلېس شەھىرى ئارىسىدىكى ئاپتوموبىللىق يېرىم كۈنلۈك يولنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چۆل بولۇپ، بۇ چۆلدە ھەر خىل چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ.

ئاپتوموبىلىمىز لاس ۋېگاس شەھەر مەركىزىدىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەنە شۇنداق چۆل ئارىسىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا چىقتى. تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپى ئېدىرلىق ۋە شېغىللىق چۆل بولۇپ، چۆلنىڭ بەزى يەرلىرىدە يۇلغۇنغا

ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئۆسكەنىكەن. بەزى جايلىرى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان شېغىللىق ئىكەن. ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان كاكتۇس دەرىخى (بىز بۇ يەردە مۇنداق دەرەخنى گۈل قاتارىدا تەشتەكتە ئۆستۈرىمىز. ئۇ يەردە چوڭ دەرەخ بولۇپ ئۆسىدىكەن) ۋە كاكتۇسقا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان توم غوللۇق، يىڭنە يوپۇرماقلىق بىر خىل دەرەختىن ئۆزگە ھېچقانداق دەرەخ ئۆسمەيدىكەن. بۇ چۆللۈك شىنجاڭدىكى بەزى چۆللەرگە شۇنداق ئوخشاپ كېتىدىكەنكى، دۇنيادا نامى بار ئامېرىكىدا مۇشۇنداق قاقاس چۆللۈكلەر بار دېيىلسە ئادەتتىكى كىشىنىڭ ئىشەنمىكى تەس. ئەگەر بىر شىنجاڭلىقنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ ئاسماندىن بۇ يەرگە چۈشۈرۈلسە ۋە كۆزى ئېچىلىۋېتىلسە، ئۇ بۇ يەرنى چوقۇم چولاقنىڭ سېيى ياكى مارالبېشىنىڭ چۆلى دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

لاس ۋېگاس: شەھەر ئەتراپىدىكى ساي




— بۇ كۆز يەتمەس جاڭگال تېخى 10 يىللار بۇرۇن ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان شېغىللىق ئىدى، — دېدى ئامېرىكىدا تۇرغىنىغا كۆپ يىللار بولغان تەكتى تەيۋەنلىك شوپۇر ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — بۇ چۆلنى كۆكەرتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئاز پۇل خەجلىمىدى، ئايروپىلان بىلەن چاتقال ئۇرۇقى چاچتى، سۇغارغىلى بولىدىغان يەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن، سۇغارغىلى بولمايدىغان يەرنى يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغاردى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۈنگەن چاتقاللار ھازىر ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك چوڭ بولدى.

ئامېرىكىدا، ئۇزۇن يول بويلىرىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ «ئارامخانا» دېيىلىدىغان بىر خىل مۇئەسسەسە بولىدىكەن. ئۇزاق يول يۈرۈپ چارچىغان شوپۇرلار، يولۇچىلار بۇ يەردە ئاپتومobilنى توختىتىپ، ئارام ئالىدىكەن، ئىچىملىك ئىچىدىكەن. چوڭراق «ئارامخانا»لاردا تاماقمۇ يېيەلەيدىكەن.

بىز ئىككى سائەتچە يول يۈرۈپ چارچاپ قالغاچقا، شوپۇر بىر «ئارامخانا» ئالدىدا ئاپتوموبىلنى توختاتتى ۋە ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن 15 مىنۇت ۋاقىت بەردى. مەن ئادىتىم بويىچە «تەكشۈرۈش» نى باشلىۋەتتىم. كاكتۇس دەرەخلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، تەبىئىي ئۆسكەن كاكتۇسنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزەتتىم، چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ قانداق ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىنجاڭدا بار - يوقلۇقىنى قىياس قىلىپ باقتىم.

بىز توختىغان «ئارامخانا» ئەتراپىدا ئالاھازەل 20 تۈپچە چوڭ دەرەخ بار ئىكەن، بۇ دەرەخلەر ئەلۋەتتە غولى تۈز، سۇ ساقلاشقا ماسلاشقان، يوپۇرمىقى ئىنچىكە دەرەخلەر بولۇپ، تىپىك قۇرغاق رايون دەرەخلىرى ئىدى. بىراق، بۇ رايوننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، يامغۇرى ئاز بولغاچقا، بۇ دەرەخلەرمۇ ئادەم-



لاس ۋېگاس: شەھەر ئەتراپىدىكى چۆل

لەر قولىدىن «سۇ ئىچىش»كە مەجبۇر ئىكەن، يەنى يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن، قۇدۇق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىلىدىكەن.

بىز مېڭىۋەرگەنسېرى، تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان، قارىماققا يۇلغۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل دەرەخ ئۇچراشقا باشلىدى. شوپۇر ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن توختىتىۋىدى، ماڭا بۇ «يۇلغۇن» نى تەپسىلىي كۆرۈپ بېقىشقا پۇرسەت تۇغۇلدى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يول بويىدىكى ئەڭ باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ «يۇلغۇن» نىڭ يېنىغا باردىم، ئۇنىڭ بىر تال كىچىك شېخىنى چاندۇرماي ئوزۇۋېلىپ ئاپتوموبىلغا ئاچىقتىم.

بىلدىمكى، بۇ دەرەخ يۇلغۇن ئەمەس ئىكەن. غولىدىن تال ـ تال ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇششاق «شاخلىرى» ئەمەلدە ناھايىتى

مول سۇيى بولغان يوپۇرماق بولۇپ، ئازراق بىسىلسىلا ئۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. بۇنداق يوپۇرماقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا چۆل كىلىماتىغا ماسلىشىپ، ئۆزىدە زاپاس سۇ ساقلىيالايدىغان ۋە تەركىبىدىكى سۇنى ئاسان پارغا ئايلاندۇرۇۋەتمەيدىغان بىر خىل شەكىلگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يول دېڭىز قىرغىقىدىكى لوس ئانگېلېس شەھىرىگە يې- قىنلاشقانسېرى يېشىل مەيدانلار كۆپىيىشكە، دەرەخلەر قويۇق- لىشىشقا باشلايدىكەن. پەقەت لوس ئانگېلېس شەھەر رايونىغا كىرگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي يېشىللىق كىشىگە قۇچاق ئاچىدىكەن.

## 38. ئامېرىكىلىقلار ۋە دىن

ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا يېتىپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەنگلىيە كۆچمەنلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆز دۆلىتىدىكى دى- نىي مەزھەپلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە، زۇلمىغا چىدىمىغان سادىق دىنىي مۇخلىسلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە پاناھلىق بەرگەن بۇ يېڭى زېمىندا بېسىمدىن خالىي ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىل- غان. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئىستىكى بارا ـ بارا دىنغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئادەتكە ئايلانغان. ئۇ چاغدا ئۇزۇن مۇددەت روھىي ئازاب ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر ئۆز- لىرىنىڭ ئەركىن، ھوقۇقلۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى نامايان قى- لىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشقان. شۇڭا، ئۇلار دىنىي ئېتىقاد- نى، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان چېركاۋنى ۋە ئىبادەت قىلىش شەكلىنى ھەركىم ئۆزى تاللاشنى تەشەببۇس قىلغان، يەنى بۇ- رۇنقىغا ئوخشاش، بىراۋنىڭ ھوقۇقىغا بويسۇنۇشنى بىكار قىل- غان. شۇ سەۋەبلىك، ئامېرىكىغا ئاساس سالغۇچىلار جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭلا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىق

ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغان. ئەمما، ئاساسىي قا-نۇندا دۆلەت دىنى تەسىس قىلىشنى ئاشكارا تۇردە مەنئى قىلغان.

شۇنداقتىمۇ، ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى شتاتلارنىڭ قانۇنىدا مەلۇم دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەل ئورنى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئېتىراپ قىلىنغان. مەسىلەن، 1822 ـ يىلىدىن بۇرۇن، ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «پەقەت پۇرىتانىس دىنىي مۇخلىسلىرىلا سايلام ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. نيۇجېرس شتاتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا بولسا، پەقەت يېڭى دىن مۇخلىسلىرىلا ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولالاي-دۇ، دېگەنلەر يېزىلغان. 1790 ـ يىلىدىن بۇرۇن، پېنسىلۋانىيە شتاتىدا «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» غا ئىشىنىدىغانلارنىڭلا ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولالايدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە بولغان.

19 ـ ئەسىر بىلەن 20 ـ ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە، يې-زىلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتى بۇزۇپ تاشلانغانلىقتىن، دى-نىي تۇزۇم كۆپ جەھەتتىن زەربىگە دۇچ كەلگەن. كىشىلەر: توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش ھەركىمنىڭ ئۆز ئىشى، دىنىي جەمئى-يەتنىڭ تەستىقلىشى ھاجەتسىز، دەپ قارايدىغان بولغان. دىنىي جەمئىيەتنىڭ كۈچى ئوبدانلا ئاجىزلاپ قالغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 50 پىرسەنت ئامېرىكىلىق دىنىي جەمئىيەتكە ئەزا بولغان. شۇنداقتىمۇ يېڭى ئەۋلاد ئامې-رىكىلىقلار ئارىسىدا ئۆي تىلاۋىتى ئۆتكۈزىدىغان ياكى «ئىن-جىل» نى پىششىق ئوقۇيالايدىغانلار تېزلا ئازلاپ كەتكەن. دىنىي پەرزلەرنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا بولغان تىزگىنلەش رولى كۆنسېرى ئاجىزلاشقا قاراپ يۈز تۇتقان.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئا-

مېرىكىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار روشەن كۆپىيىپ قالغان. ئۇ-رۇش نەچچە مىليون ئامېرىكا ئائىلىلىرىنى كاتولىك چېركاۋى-غا ۋە يەھۇدىي دىنىي چېركاۋىغا سۆرەپ كىرگەن. ئۇلار ئۇرۇش سېپىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلغان. ئۇرۇش ۋەھىمىسى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچسىزلىك كۆرمىگىلىغان كىشىنى دىندىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر قىلغان.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، بۇ خىل دىنىي ئېتىقاد قىزغىنلىقى تېزدىنلا پەسكويغا چۈشكەن. دىنىي جەمئىيەت ئەزالىرىمۇ ئازىيىپ كەتكەن.

70 ـ يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم ئامېرىكا ياشلىرى ئە-چىدە يېڭى دىن قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. ئۇلار مۇرىسىگە چۈشىدىغان چاچ قويۇۋېلىپ، بوينىغا تەسۋى ئېسىپ، «ئىنـ-جىل» نى تەتقىق قىلغان، ئاتالمىش تەۋرات مۇزىكىسى ئىجاد قىلغان. ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن نۇرغۇن چېركاۋلاردا يېڭىچە تىلاۋەت شەكلى بارلىققا كەلگەن. ئۆز پائالىيەتلىرىگە جاز مۇ-زىكىسى، تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىسى، هازىرقى زامان ئۇسسۇل مۇزىكىسى قاتارلىق هازىرقى زامان سەنئەت شەكلىنى قوبۇل قىلغان. دەسلەپتە نۇرغۇن مۇخلىسلار بۇ خىل «يېڭىلىق» قا قارشى تۇرغان بولسا، كېيىن ئاستا ـ ئاستا تەن بېرىشكە باش-لىغان. بۇنداق بولغاندا، پوپنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەكرار سۆزلىرىنى، نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى چېركاۋ مۇزىكىسىنى ئاڭلا-ۋېرىشتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

ئامېرىكىدا هازىر مۇخلىسلىرى ئەڭ كۆپ دىن يېڭى دىن. 72 مىليون ئامېرىكىلىق بۇ دىنغا ئىشىنىدۇ.

رىم خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى بىرقەدەر كۆپ بولغان

دىن بولۇپ، تەخمىنەن 50 مىليون كىشى بۇ دىنغا ئىشىنىدۇ.
يەھۇدىي دىنىغا ئىشىنىدىغانلار 6 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى يەھۇدىيلار.
پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئىشىنىدىغانلار 3 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇلار ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ۋە كالىفورنىيە شتاتىغا تارقالغان.
بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغانلار 600 مىڭدىن ئارتۇق. بۇ دىن مۇرىتلىرىنىڭ ئامېرىكىدا 60 نەچچە بۇتخانىسى بار.
دىن ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن پەقەت بىر خىل ئېتىقادلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بىر ئەنئەنە.
بىر ئامېرىكىلىق مەلۇم بىر دىنىي تەشكىلاتقا قاتناشسا، ئۇ جەمئىيەتتە مەلۇم بىر سالاھىيەت ۋە ئورۇنغا ئىگە بولغاندەك بولىدۇ. نۇرغۇن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشى مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشى، مىجەزى غەلىتە، يېقىنلىشىشقا بولمايدىغان ئادەم دەپ قارىلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىمۇ، ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكىمۇ بار دېگەن بەلگىلىمە بولسىمۇ، بۇ بەلگىلىمە جەمئىيەتتىكى دىنغا مايىل كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنماسلىقى مۇمكىن. سايلام ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىغا كىرمەكچى بولغان كىشىلەرمۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى سەممىيلىكىنى ئىپادىلەپ باشقىلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كات يېڭى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇ 1976 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سايلام رىقابىتىدە دىن مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. بىر قېتىم ئۇ

ھەر كۈنى تەڭرىگە 20 قېتىم دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈر-
گەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى زۆڭتۈڭ بولۇپ
سايلىنىشىدا مەلۇم رول ئوينىغان.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھاياتىدا، نۇرغۇن مۇھىم ئىشلار دىن
بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مەيلى بالا تۇغۇلغاندا بولسۇن ياكى چوڭ
بولۇپ توي قىلغان، ئۆلگەندە بولسۇن، ھەممىسىدە دىنىي
مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار دىنىي پائالىيەتكە قاتـ-
ناشقاندا جىددىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ، رەتلىك كىيىنىدۇ، پاراڭ
سالمايدۇ، بىرنېمە يېمەيدۇ ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن خا-
لىغانچە چىقىپ كەتمەيدۇ. ئائىلىسىدە تاماق يېگەندە، تاماقتىن
بۇرۇن دۇئا قىلىدۇ، ئەگەر تاماق ئۇستىلىدە ئولتۇرغان مېھمان
ئۆي ئىگىسى ئىشەنگەن دىنغا ئىشەنمىسە، دۇئا قىلمىسىمۇ بو-
لىۋېرىدۇ. ئۇلار بۇنى ئېغىر ئالمايدۇ.

ئامېرىكىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ خىراجىتى مۇخ-
لىسلارنىڭ ئىئانىسى ۋە دىنىي جەمئىيەت ئەزالىرى تاپشۇرغان
ئەزالىق بەدىلى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى
ھەرقانداق دىنىي جەمئىيەتكە بىۋاسىتە ياردەم بەرمەيدۇ، دىنىي
جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىدىن باج ئالمايدۇ، ئۆي - مۈلۈك بېجى-
نىمۇ كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ.

ئامېرىكىدا ھەرقايسى دىن ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ مۇرىت-
لىرى كۆپ، ھەر 100 نەپەر ئامېرىكىلىقنىڭ 63 ى دىنىي
جەمئىيەتكە ئەزا، قالغان كىشىلەر گەرچە مەلۇم دىنىي تەش-
كىلاتقا ئەزا بولمىسىمۇ، لېكىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە دىنىي
ئېتىقادقا ئىگە. ئاران 3 پىرسەنت ئادەملا دىنغا ئىشەنمەيدىغان-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ. «ئىنجىل» ئامېرىكىدا ئەڭ تېز سېتىلىد-
غان كىتابلارنىڭ بىرى، ھەر يىلى 9 مىليون پارچە سېتىلىدۇ.


چېركاۋ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سانى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. يېڭى سېلىنغان چېركاۋ قۇرۇلۇشى ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭلىشىدۇ. بۇ چېركاۋلارغا ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى سىغىپ كېتەلەيدۇ.

## 39. يېشىل شەھەر — لوس ئانگېلېس

كۆز يەتمەس چۆللۈكلەردە يەتتە سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن بىردىنلا خېلى چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز بىنالىرى يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋە چۈشۈۋاتقان ئايروپىلاننىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا، ئۇ ئايروپورتى بار چوڭ بىر شەھەردەك قىلاتتى.

ئاپتوموبىل يېرىم سائەتچە يول مېڭىپ بۇ شەھەرنىڭ

لوس ئانگېلېس: شەھەرگە شەھەر سىرتىدىن نەزەر



دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى. كۆرۈۋاتقان بۇ شەھەرنى لوس ئان-
گېلېس دەپ قىياس قىلىۋىدىم، بۇ قىياسىممۇ شۇنىڭ بىلەن
يوققا چىقتى. دەريا، كۆۋرۈك ياكى بىنالىرى ئازراق بوشلۇقلار
بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇنداق شەھەردىن بىرقانچىنى كېيى-
نىمىزدە قالدۇرغان بولساقمۇ، ئاپتوموبىلىمىز توختايدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. خەرىتىدىكى بەلگىلەردىن قارىغاندا، بۇ ئەتراپتا
لوس ئانگېلېستىن باشقا شەھەر يوق ئىدى. شۇ ئەسنادا ئاپتو-
موبىلدا ئولتۇرۇۋېرىپ تاقىتى تۈگىگەن بىر ھەمراھىم بىر-
مۇنچە شەھەرنى كەينىمىزگە تاشلاپ كېلىۋاتقىنىمىز ئۈچۈن
يول باشلىغۇچىنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلاندىمۇ، سوراپ قالدى:

— لوس ئانگېلېس شەھىرىدىن ئۆتۈپ كەتمىگەندىمىز؟

— ھەم ئۆتۈپ كەتتۇق، ھەم ئۆتۈپ كەتمىدۇق، — دەپ
جاۋاب بەردى يول باشلىغۇچى بەخىرامان.

— شەھەر مەركىزىگە قاچانلاردا يېتىپ بارارمىز؟

— لوس ئانگېلېستا شەھەر مەركىزى دەيدىغان گەپ يوق،
بايام كەينىمىزدە قالغان شەھەرچىلەرمۇ لوس ئانگېلېس دەپ ئا-
تىلىدۇ، ئالدىمىزدا يەنە بۇنداق شەھەرچىنىڭ بىرقانچىسىدىن
ئۆتىمىز، يەنە بىر سائەتلەردىن كېيىن ئاندىن بىز چۈشىدىغان
مېھمانخانىغا يېتىپ بارالايمىز.

ئەسلىدە لوس ئانگېلېس شەھىرى مۇئەسسەسەلىرى تولۇق
بولغان 97 شەھەرچىدىن تەركىب تاپقانىكەن. بۇ شەھەرچىلەر-
نىڭ ھەممىسى لوس ئانگېلېس دەپ ئاتىلىدىكەن. لوس ئانگې-
لېسنىڭ كۆلىمىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «ئامېرىكىدىكى ئىككىن-
چى چوڭ شەھەر» دەپ ئاتىلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن.


بىز ھەمراھ بولغۇچىدىن بۇ ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، لوس ئانگېلېس ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان-

دەك بولدۇق ۋە بىر سائەت ئەمەس، بىر يېرىم سائەت يول يۈ-
رۈپ، يەنە بىرقانچە شەھەرچىلەرنى كېسىپ ياكى يانداپ ئۆتـ-
كەندىن كېيىن ئاندىن ياتاققا كېلىپ جايلىشىۋالدۇق.

لوس ئانگېلېس 1781 ـ يىلى شەھەر بولۇپ قۇرۇلغانىـ-
كەن. لوس ئانگېلېس دېگەن سۆز «پەرىشتە» دېگەن مەنىدە بو-
لۇپ، بۇ نام 1769 ـ يىلى ئىسپانىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلـ-
غۇچى قوشۇنى تەرىپىدىن دىنىي جەمئىيەت ئۈچۈن ئورۇن
تاللاپ يۈرگەندە بېرىلگەنىكەن. ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەندىن
كېيىنكى 1880 ـ يىلى بۇ شەھەرنىڭ نوپۇسى 11 مىڭ بولۇپ،
ئەتراپىتىكى دېھقانلار ئۈچۈن مال ئالماشتۇرۇش رولىنى ئۆتىگە-
نىكەن.

لوس ئانگېلېس شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى بۇ يەردىن ئالتۇن
كېنى بايقالغان ۋە نېفىت قېزىپ چىقىرىلغان دەۋرلەر بىلەن

لوس ئانگېلېس: خەلقئارا كىنو بايرىمى شەھىرىدە



زىچ باغلانغانىكەن. 10 نەچچە يىل بۇرۇن بۇ شەھەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، نوپۇس سانى جەھەتتە چىكاگودىن ئېشىپ كېتىپ، مەملىكەت بويىچە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتكەنىكەن.

لوس ئانگېلېس شەھىرى ئىنتايىن ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغاچ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئەتىيازدىكىدەك ياشىرىپ تۇرىدىكەن. 1 ـ ئېيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.6 سېلسىيە گرادۇس، 7 ـ ئېيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇ-رىسى 20.6 گرادۇس بولىدىكەن. كىنو ئىشلىرى ۋە ئالەم قاتـ-نىشى سانائىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىكەن.

ئاڭلىشىمچە، بۇ شەھەردە ئىستىقامەت قىلغۇچى ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاپتوموبىلى بولۇشى زۆرۈر ئىكەن. ئاپتوموبىللى يوقلار ۋە سىرتتىن كېلىپ ئىش بېجىرگۈچىلەر ئۇچۇن ئاپتو-موبىل ئىجارىگە بېرىش كەسپىمۇ يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئىجا-رىگە ئېلىنغان ئاپتوموبىلنىڭ بىر كۈنلۈكىگە ئادەتتە 30

لوس ئانگېلېس: بىز قونۇپ ئۆتكەن مېھمانخانا



دوللاردىن 50 دوللارغىچە ھەق تۆلىنىدىكەن. ئاپتوموبىلنى ئىشلىتىپ بولۇپ نيۇيورك ۋە سان فرانسىسكوغا ئوخشاش باشقا شەھەرلەردە قايتۇرۇپ بەرسىمۇ بولىۋېرىدىكەن.

لوس ئانگېلېس شەھىرى 100 نەچچە يىل بۇرۇن مېكسىكىنىڭ زېمىنى بولغاچقا، بۇ شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مېكسىكىلىقلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. ئاسىيالىقلارنىڭ پۇشتىمۇ 6 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. «كىچىك جۇڭگو شەھىرى»، «كىچىك توكيو»، «كىچىك سېئول»، «كىچىك شىگۇڭ»، «كىچىك تەيۋەن» دېگەن كوچىلار ئاسىيالىقلار ئەۋلادىنىڭ ماكانى ھېسابلىنىدىكەن. بىز لوس ئانگېلېستا تۇرغان كۈنلىرىمىزدە، چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقلىرىمىزنى «كىچىك تەيۋەن» كوچىسىدا يېدۇق. يۇقىرىقى «كىچىك شەھەر» دەپ ئاتالغان كوچىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. «كىچىك توكيو» بەئەينى توكيو شەھىرىنىڭ بىر كوچىسىغا ئوخشايدىكەن. ۋىۋىسكىلاردىمۇ ئاساسەن ياپون يېزىقى قوللىنىلىدىكەن.

## 40. ئاجايىباتلار دۇنياسى ــ ھولليۇود

باشقا ئەللەردە قانداق ئىكەن، جۇڭگودا مەلۇماتى بار ۋە كىنو كۆرىدىغان كىشىلەر ئىچىدە ھولليۇودنى بىلمەيدىغانلار مىڭدىن بىرى ئەمەس. لوس ئانگېلېسنىڭ بىر قىسمى بولغان ھولليۇود نادىر كىنولىرى، كىنو چولپانلىرى بىلەن جاھانغا مەشھۇر. چەت ئەلنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە ھولليۇود كەبى تارىخى ئۇزۇن، ئىشلىگەن كىنولىرى ئېسىل ۋە كۆپ، چولپانلىرى دۇنياغا تونۇلغان يەنە بىر «كىنو شەھىرى» نىڭ بارلىقى تېخى ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنمىغان، قەيت قىلىنسا قىلىنغاندۇ، بىراق مەن كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان. شۇ سەۋەبلىك، ھولليۇ-

ۋودنى كۆرۈش ئارزۇسى بىر مۇھىم ئىستەك قاتارىدا كاللامدا 20 يىللار مۇقەددەم پەيدا بولغان.

ھوللىۋود دېگەن نام دەسلەپ 1887 ـ يىلى كۆرۈلۈشكە باشلىغان، ئۇ چاغدا مەلۇم بىر ئۆي ـ مۈلۈك سودىگىرى شەھەر رايونىدىكى تاغ باغرىدىن مەنزىرىسى گۈزەل، ئاپتاپلىق بىر پارچە يەرنى سېتىۋېلىپ، بۇ يەرنى «ھوللىۋود» دەپ ئاتىغان. «ھوللىۋود» دېگەن سۆز «قىش پەسلىدىمۇ كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئورمانلىق» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن.

ھوللىۋود 1903 ـ يىلى بازار بولۇپ قۇرۇلۇپ، 1910 ـ يىلى لوس ئانگېلېس شەھىرىگە قوشۇۋېتىلگەنىكەن. 1907 ـ يىلى بۇ يەردە تۇنجى كىنو فىلىمى سۈرەتكە ئېلىنىپتۇ. 1911 ـ يىلى بۇ يەرنى سېتىۋالغان ھېلىقى سودىگەر بۇ يەردە تۇنجى كىنوغا ئېلىش مەيدانىنى ياسىغان ۋە تۇنجى كىنو ستۇدىيىسىنى قۇرۇپ چىققانىكەن. كېيىنكى يىلى بۇ يەردە قۇرۇلغان كىنو ستۇدىيىسى بىراقلا 15 كە يەتكەن. 20 ـ، 30 ـ يىللىرى ھوللىۋود ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلگە قەدەم قويغان. نامى كىچىك بۇ رايون بىردىنلا دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىغان ۋە ئامېرىكىنىڭ كىنو ئىشلەش مەركىزىگە ئايلانغان، ئامېرىكا كىنولىرىنىڭ 90 پىرسەنتى مانا مۇشۇ يەردە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان بولغان.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ھوللىۋود نۇرغۇن مۇنەۋۋەر رېژىسسورلار ۋە كىنو ئارتىسلىرىنى يېتىشتۈرگەن، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كىنولارنى ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاللىبۇرۇن كلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالغان. 1928 ـ يىلى بۇ يەردە تەسىس قىلىنغان «ئوسكار مۇكاپاتى» كىنوچىلىق ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق مۇكاپاتقا ئايلانغان.

بىز ھوللىۋود كىنو شەھىرىدە زىيارەتتە بولغان كۈن دەل

ئامېرىكىنىڭ «ھەربى سەپتىن چېكىنگەنلەر بايرىمى» كۈنى ئىكەن.


ھوللىۋود ستېرېئولۇق چوڭ كىنوخانا، كۆلىمى ناھايىتى چوڭ كىنوغا ئېلىش لاپىسى، «كەلگۈسىگە سەپەر» مەزمۇن قىلىنغان قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ۋە نۇرغۇن كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەلىرىدىن تەركىب تاپقانىكەن.

بىز ھوللىۋودقا كېلىپلا ھوللىۋودنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان «چولپانلار كوچىسى» ۋە «چولپانلار مەيدانى» نى زىيارەت قىلدۇق.

«چولپانلار كوچىسى» ئەمەلدە بىر مەركىزىي كوچا بولۇپ، كوچىدا نۇرغۇن زامانىۋى كىنوخانىلار بولغاندىن تاشقىرى، يەنە چولپانلار خاتىرىسىگە بېغىشلانغان نۇرغۇن ئالاھىدە ئەستىلىكلەرمۇ بار ئىكەن.

«چولپانلار كوچىسى» نىڭ پىيادىلەر يولى ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول بولۇپ، يول يۈزىگە تۆچتىن قويۇلغان بىرەر يۈزچە بەش يۇلتۇز ئورنىتىلىپتۇ. ھەربىر يۇلتۇز بىردىن چولپانغا

لوس ئانگېلېس: ھوللىۋود كىنو شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدا



ۋەكىللىك قىلىدىكەن، يولتوزنىڭ ئۈستىگە چولپانلارنىڭ ئىس-مى چۈشۈرۈلگەنىكەن. ساياھەتچىلەر بۇ كوچىدا ساياھەت قىل-غاچ، ئادەم تولا مېڭىپ ئەينەكتەك پارقىراپ كەتكەن بۇ يول-تۇزلارغا نەزەر ئاغدۇرىدىكەن ـ دە، ھەرقايسى مەزگىللەردە ئا-لەمدىن ئۆتكەن، كىنولاردا ئەستىن چىقمايدىغان نۇرغۇن ئوبرازلارنى ياراتقان داڭلىق چولپانلارنى يادىغا ئېلىشىدىكەن. بىر بەش يۇلتۇزغا دۇنياغا داڭلىق ناخشىچى مەيكېر جېكسوننىڭ نامى چۈشۈرۈلگىنىگە قارىغاندا، ئالاھىدە نام چىقارغان ھايات چولپانلار ئۈچۈنمۇ خاتىرە بەش يۇلتۇزى ئورنىتىلسا كېرەك.

بەش يۇلتۇزغا نامى چۈشۈرۈلگەن چولپانلار ئىچىدە، خەنزۇلاردىن پەقەت بورس لى (لى شياۋلۇڭ)لا بار ئىكەن.

چولپانلار مەيدانى ئۈچ تەرىپى كىنوخانىلار بىلەن قورشال-غان، كۆلىمى بىر موچە كېلىدىغان بوشلۇق بولۇپ، كۆلەم جە-ھەتتە كىچىك بولغىنى بىلەن، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشتا «چولپانلار كوچىسى»دىن قېلىشمايدىكەن. كۆرۈنۈشتە، بۇ مەيدان ئىش ئۈستىلىنىڭ يۈزىچىلىك كېلىدىغان قۇيما سېمونت تاخ-تىلار بىلەن قاتۇرۇلغانىكەن. يەر يۈزىگە ياتقۇزۇلغان ھەربىر پارچە سېمونت تاختا مەلۇم بىر چولپاننىڭ خاتىرە تېشى بو-لۇپ، ھوللىۋودتا ئۆتكەن مەلۇم بىر چولپان قاتمىغان سېمونت ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسىتىلگەن ۋە يەنە ئىككى ئالقىنىنىڭ ئىزى چۈشۈرۈلۈپ، ئىمزاسى چەكتۈرۈلگەن. قارىغاندا يۇقىرد-قىلار ئورۇندىلىپ، سېمونت تاختا قېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ مەيدانغا ياتقۇزۇلغان بولسا كېرەك. مەن بۇ سېمونت تاخ-تىلارنىڭ بىرىدە مەشھۇر بالا ئارتىس SHIRLEY TEMPLE نىڭ (شىرلېي تېمپېل ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئامېرىكا ھې-كايە فىلىملىرى «بۇدۇر چاچ»، «كىچىك ماتروس»، «كىچىك



ھولليۋود: چولپانلار خاتىرە يولتوزى

ھەيدى»لەردە باش رول ئالغان كىد- چىك قىز ئار- تىس) ۋە بەزى داڭلىق چول- پانلارنىڭ قول ۋە ئاياغ ئىزى بې- سىلغان خاتىرە تاختىلىرىنى ئۇچراتتىم.

ھولليۋود كىنو شەھىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ناھايىتى چوڭ بىر گلوبۇس ئورنىتىلغان، گلوبۇسقا «HOLLYWOOD» دېگەن ئىنگلىزچە ھەرپ چۈشۈرۈلگەنىكەن. بىز كىرىش ئېغىزىغا كەلگەن ھامان يول باشلىغۇچى ھەربىرىمىزگە بىردىن بېلەت تارقىتىپ بەر- دى. ئېنىقلىشىمىزچە، بىر پارچە بېلەتنىڭ باھاسى 43 دوللار بولۇپ، بۇ بىر بېلەت بىلەن كىنو شەھىرىدىكى بارلىق مۆ- جىزاتلارنى كۆرۈپ چىققىلى بولىدىكەن. ئىشىك تۇسقۇچىلار كىنو شەھىرىدە زىيارەتتە بولغانلىقىمىزنى قارشى ئالىدىغانلى- قىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن بېلىتىمىزنى يىغىۋېلىپ، ئالىقد-




چولپانلار مەيدانى: شىرلېي تېمپلنىڭ خاتىرىسى

نىمىزنىڭ دۈمبىسىگە بىردىن تامغا بېسىپ قويدى. كىنو شە-
ھىرى ئىچىدىكى ھەربىر نۇقتىغا بارغىنىمىزدا باشقۇرغۇچى
خادىمغا قولىمىزنىڭ دۈمبىسىنى كۆرسەتسەكلا بولىدىكەن.
بۇ تامغا ئادەتتە ئانچە ئېنىق كۆرۈنمەيدىكەن، بىرقانچە
كۈنگىچە يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولمايدىكەن. پەقەت ئالا-
ھىدە چىراغ نۇرىدىلا پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن. بىز ئاق
تەنلىك بىر سېمىز ئايالنىڭ ئالىقىنىمىزنىڭ دۈمبىسىگە
تامغا باسقىنىغا قاراپ بىر ئاز «خورلۇق» ھېس قىلدۇق ۋە
بۇ ئۇسۇلنى ئۆتمۈشتە قۇل بازىرىدىن سېتىۋېلىنغان نېگىر
قۇللارنىڭ پېشانىسىگە تامغا باسقاندەك بىر ئىش ئىكەن»
دېيىشىپ، غۇدۇراشتۇق.

ھولليۋودتا زىيارەتتە بولىدىغان ساياھەتچىلەر ھەقىقەتەن
كۆپ ئىكەن. بىز كىنو شەھىرىگە كىرىپلا، ئاشۇ ئادەم قاي-
نىمىغا شۇڭغۇپ كەتتۇق. ھولليۋود كىنولىرىدىكى ئاجايىپ -
غارايىپ پېرسوناژلارغا ئوخشاش ياسىنىۋالغان بەزى ئادەم-

لەر ساياھەتچىلەر ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرىدىكەن، كىشىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، سۈرەتكە چۈشۈشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىكەن. ئەمما، بىللە سۈرەتكە چۈشكۈچىلەردىن ھەق ئالمايدىكەن. ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ياسىنىپ كەلگەن بىر قىسىم «ئوتتۇرا ھال چولپانلار» بولسا بىللە سۈرەتكە چۈشكۈچىلەردىن 100 دوللار ئەتراپىدا «سۈرەتكە چۈشۈش ھەققى» تەلەپ قىلىدىكەن.

بىز كىنو شەھىرىگە كىرىپ، يېرىم سائەتچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ سۈرەتكە چۈشۈۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ستېرېئولۇق كىنوخانىغا باردۇق: ئالىقىنىمىزنىڭ دۈمبىسىدىكى «قۇللۇق تامغىسى» نى كۆرسىتىپ ئىشىكتىن كىرىپ كەتتۇق. بۇ كىنوخانا تېخى ئۆتكەن يىلى ئىشقا چۈشۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى كىنوخانا ئىكەن. ئەڭ يېڭى ئېلېكتىرون تېخنىكىسى قوللىنىلغان بۇ كىنوخانىنى ئامېرىكىدىكى بىر چوڭ ئېلېكتىرون شىركىتى مەبلەغ ۋە تېخنىكا بىلەن تەمىنلەپتىكەن. كىنوخانا ئىشىكىدىن كىرگەندىن كېيىن 200 چە ئادەم سىغىدىغان زالدا ئۆرە تۇرۇپ، زالدىكى يوغان ئېكران ئارقىلىق بۇ شىركەتنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشىدىكەنمىز. ئالاھازەل 20 مىنۇتچە «ئېلان كۆرگەن» دىن كېيىن ئاندىن خىزمەتچىلەر تارقىتىپ بەرگەن ئالاھىدە كۆزەينەكنى ئېلىپ كىنو زالىغا كىرىدىكەنمىز.

ستېرېئولۇق كىنوخانا بىر گۈمبەز شەكىللىك قۇرۇلۇش بولۇپ، ستېرېئولۇق كىنو ئاپپاراتى بىلەن 180 گرادۇس دائىرىگە سۈرەت چۈشۈرۈش، تىرىك ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سۈرەت ھەرىكىتىنى ئورگانىك تۈردە بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى

بىلەن كىنو كۆرسىتىدىكەن.

بىز كۆرگەن كىنو هولليۋودتىكى مەلۇم بىر شىركەت ئىشلەپ چىقارغان بىر ئىلمىي فانتازىيىلىك فىلىمنىڭ بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، كىنو قويۇلغاندا ئادەم ئۆزىنى كىنو ۋەقەلى-كىنىڭ بىر ئىشتىراكچىسىدەك ھېس قىلىدىكەن. تەڭلەنگەن تاپانچىنىڭ ئۇچى تاماشىبىنىنىڭ بۇرنىغا تاقىلىدىكەن. ئېتىلغان تاش ئادەمنىڭ پېشانىسىگىچە يېتىپ كېلىدىكەن. ئېكراندا يام-غۇر ياغقان كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلگەندە، كىنوخانىدىمۇ يامغۇر ياغىدىكەن. پارتلاش كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلگەندە پۈتۈن مەيداننى پۇرۇخ ھىدى قاپلايدىكەن. ئۇچار كېمە ئۇچقاندا تاما-شىبىنلار ئولتۇرغان ئورۇندۇقمۇ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلايدىكەن. كىنو كۆرۈۋاتقان كىشى كىنونىڭ ۋەقەلىكىگە كىرىپ كەتكەچكە، كىنودىكى پېرسوناژلار بىلەن تەڭ ھاياجان-لىنىپ، تەڭ قايغۇرىدىغان گەپ ئىكەن. بۇنداق قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ۋە ھاياجان كىنو ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلىدىكەن.

«كەلگۈسىگە سەپەر» — هولليۋودتا ئىشلەنگەن يەنە بىر قورقۇنچلۇق فىلىم بولۇپ، ئاڭلىشىمىزچە بۇ فىلىم تامامەن ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تا-يىنىپ سۈرەتكە ئېلىنغانىكەن.

بۇ فىلىمنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كە-چۈرۈشنى خالايدىغان ساياھەتچىلەر نۇرغۇن خانىلارغا بۆلۈنگەن بىر كارىدورغا باشلاپ كېلىنىدىكەن ـ دە، ھەربىر خانىغا ئال-تىدىن بۆلۈپ كىرگۈزۈلىدىكەن. خانىغا كىرگەن تاماشىبىنلار بىر «ئالەم كېمىسى» گە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئاپتوماتىك «ئارغام-چا» بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ تاشلىنىدىكەن. چىراغ ئۆچۈرۈ-

لۇپ، كىنو ۋەقەلىكى باشلىنىپ كېتىدىكەن، پۈتۈن ئەتراپ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بىلەن قاپلىنىپ، «ھاۋا كېمىسى» ئوت ئىچىدە ئۇچۇشقا باشلايدىكەن. يانار تاغلارنىڭ ئاغزىدىن، بەتبەشىرە ھايۋانلار خىرىس قىلىپ تۇرغان ئۆڭكۈرلەردىن ئۇچۇپ ئۆتىدىكەن. تاغلارغا سوقۇلىدىكەن، بەزىبىر خەتەرلىك «يار» لاردىن تىك كۆتۈرۈلۈپ، تىك شۇڭغۇيدىكەن. «ئۇچار كېمە» دە ئولتۇرۇپ، «كەلگۈسىگە سەپەر قىلغان» تاماشىبىنلار ماكان ۋە زامان ئۇقۇمىنى تامامەن يوقىتىدىكەن، سان ـ ساناقسىز خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، كۆپ قېتىم «ئۆلۈم» دىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئاندىن بىخەتەر جايغا يېتىپ بېرىپ «قونىدىكەن».

«يۈرەك كېسەلى، ئېگىزدىن قورقۇش كېسەلى بارلار، ھامىلدار ئاياللار كىرگۈزۈلمەيدۇ» دېيىلگەن بۇ خەتەرلىك ئويۇن

ھوللىۋود: چولپانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ئالدىدا



كىشىنى راستتىنلا قورقۇنچقا سالىدىكەن. راست گەپنى قىلـ-
سام، «ئالەم كېمىسى» ئۇچۇپ بەزى خەتەرلىك جايلاردىن ئۆت-
كەندە كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىز «ئالەم كېمىسى» بىلەن «كەلگۈسىگە سەپەر» قىلىپ
بولغاندىن كېيىن تەخمىنەن 500 نەچچە باسقۇچلۇق توك پە-
لەمپىيى بىلەن تاغ چوققىسىدىن پەسكە چۈشتۇق ۋە 100 سا-
ياھەتچى سىغىدىغان تۆت ۋاگونلۇق ساياھەت ئاپتوموبىلىغا ئول-
تۇرۇپ، كىنوغا ئېلىش مەيدانىنى كۆرۈشكە باشلىدۇق.

كۆپچىلىككە مەلۇم، كىنونىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى «ئالا-
ھىدە كۆرۈنۈش» سۈپىتىدە ياساپ چىقىلغان نەق مەيدانلار، مو-
دېللار ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىنىدۇ. هولليۋودتا تارىختىن بېرى
كىنوغا ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇنداق نەق مەيدانلار، جا-
هازلار ۋە مۇئەسسەسەلەر ناهايىتى كۆپ ئىكەن.

بىز تۆت تەرىپى ئوچۇق ساياھەت ئاپتوموبىلى بىلەن ئامې-
رىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 100 ياكى 200 يىللار بۇرۇنقى
ۋەقەلىكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «غەربىي رايون كىنولىرى» سۈ-
رەتكە ئېلىنغان «كوچا» لاردىن ئۆتتۇق. توپىلىق يولنىڭ ئىككى
ياقىسىغا سېلىنغان بىر ياكى ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر، ئاشپۇ-
زۇل، قاۋاقخانىلار، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كىچىك «بانكا»
لارنىڭ ھەممىسى بىر تېمى بار، ئۈچ تېمى يوق ئۆيلەر ئىكەن.
بۇنداق ئۆيلەرنىڭ كەينى تەرىپى ياغاچ تىرەك بىلەن تىرەپ قو-
يۇلىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى مەلۇم كىچىك
بازارغا تەقلىد قىلىنغان بۇنداق بازارلاردا ئادەتتە بىرمۇ ئادەم
بولمايدىكەن. كىنو سۈرەتكە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە
باشقا كىنولارنى سۈرەتكە ئېلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن ياكى خا-
تىرە ئۈچۈن ئۆز پېتى ساقلاپ قويۇلىدىكەن.

كىنوغا ئېلىش نۇقتىلىرىدا يەنە تۇيۇقسىز «كەلكۈن ئاپىتى» مۇ يۈز بېرىدىكەن. تاغدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن سەل سۈيى ئۆيلەرنى، مەھەللىلەرنى «ئېقىتىپ» كېتىدىكەن. ھەتتا بىز ئولتۇرغان ساياھەت ئاپتوموبىلىمۇ «سۇ» ئىدە چىدە قالىدىكەن. ئەمەلىيەتتە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بۇ سۇ ھەقىقىي سۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىلىپ كېلىشى ۋە توختاپ قېلىشى تامامەن ئاپتوماتىك كونترول قىلىنىدىكەن.

«يەر ئاستى پويىز ۋوگزالى» نىڭ يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولۇشىمۇ تامامەن ئاپتوماتىك كونترول قىلىنىدىغان بىر «يالغان كۆرۈنۈش» ئىكەن.

بىز ئولتۇرغان ساياھەت ئاپتوموبىلى ئۆز سەپىرىدە مەلۇم بىر يەر ئاستى تۆمۈريول ۋوگزالىغا كىرىپ توختاپ قالدى. شۇ ھامان قاتتىق يەر تەۋرىدى، قارشى تەرەپتىن ئۇچقاندەك تېز سۈرئەت بىلەن كېلىپ، ۋوگزالغا كىرگەن يەر ئاستى پويىزى قاتتىق سىلكىنىش بىلەن تەڭ بىر چوڭ تۈۋرۈككە ئۇسۇپ، تۈۋرۈكنى «ئۆرۈۋەتتى». تۈۋرۈك «ئۆرۈلۈۋىدى»، ۋوگزالنىڭ تورۇسىمۇ «گۇمۇرۇلۇپ» چۈشتى. بىز ئولتۇرغان ساياھەت ئاپتوموبىلى «يەر يېرىقى» غا چۈشۈپ كېتىپ «ۋەيران» بولدى...

ماشىنىمىز «يەر يېرىقى» دىن چىقىپ، يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولۇۋىدى، بايام ۋەيران بولغان ۋوگزال بىردەمدىلا ئەسلىگە كېلىپ بولدى. سۇ تۇرۇبىلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇمۇ توختىدى، ئۇزۇلگەن گاز تۇرۇبىلىرىغا تۇتاشقان ئوتمۇ شۇ ھامان ئۆچتى...

«ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەندەك، كىنو فىلىمىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭمۇ «بىرى راست، توققۇزى يالغان»

بولىدىكەن. مېنىڭچە، كىنو مەستانىلىرى ئەڭ ياخشىسى ھوللىۋود كىنو شەھىرىدىكى يالغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمىسە بولغۇدەك. بولمىسا، كىنودىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ، ۋەقەلىكلەرنىڭ «چىن» لىقىغا بولغان قارىشى سۇسلىشىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ.

## 41. مال ۋە مال باھاسى

دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلاردا سېتىلىدىغان ماللارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەل ماللىرى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن ماللار ئاز سانىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ ماللار ئىچىدە خېلى كۆپى جۇڭگو مېلى ئىكەن. بولۇپمۇ چىنە ـ قاچا، ئويۇنچۇق، باللار كىيىملىرى، تازىلىق بۇيۇملىرى قاتارلىقلارغا جۇڭگودا

فىلادېلفىيە: كوچىدىكى ئۇششاق ساتارمەن



ئىشلەنگەن» دېگەن خەت بېسىلغانىكەن. ئامېرىكىنىڭ سانائەت سەۋىيىسىگە قارىغاندا، بۇنداق ئارتۇقچە تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان تاۋارلارنى ئۆزىدە ئىشلەپ چىقىرالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئېغىر سانائەت ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان سانائەت ئىشلەپ چىقىرىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ پايدا كەلتۈرمەيدىغان بەزى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى چەت ئەلدىن كىرگۈزىدىغانلىقى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن.

چەت ئەل ماركىلىرى چاپلانغان ماللار ئىچىدە يەنە مېكسىكىنىڭ، برازىلىيىنىڭ، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ماللىرىمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. جۇڭگودا ئىشلەنگەن ماللارنىڭ باھاسىمۇ جۇڭگو بازارلىرىدىكىدىن خېلىلا قىممەت تۇرىدىكەن. جۇڭگو بازارلىرىدا تاپقىلى بولمايدىغان بەزى ماللارمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلاردا تېپىلىدىكەن. جۇڭگو ماللىرىنىڭ ئامېرىكا بازارلىرىدىكى ئىناۋىتى زادى قانچىلىك؟ بۇنى ئىگىلەشكە پۇرسەت بولمىدى. لېكىن، جۇڭگو ماللىرىنىڭ ئامېرىكىغا بارغان بەزى جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىناۋىتى بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان پۇلىنى تۆلەپ بولغان، كېيىن جۇڭگو مېلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا مال قايتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشلىرى، بازاردىن چىقىپلا: «ئاپلا، مېنى نەس بېسىپتۇ، شۇنچە دىققەت قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە جۇڭگو مېلىنى ئېلىپ قاپتىمەن» دەپ ئاھ ئۇرۇشلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.


ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى جۇڭگو كوچىلىرىدا ئامېرىكا مېلى ياكى باشقا چەت ئەل مېلى سېتىلىدىغان دۇكانلارنى تاپماق تەس ئىكەن. جۇڭگو كوچىلىرىدىكى ماگىزىنلاردا جۇڭگونىڭ قاچا ـ قۇچىلىرى ۋە باشقا تۇرمۇش لازى-

مەتلىكلىرى توشۇپ تۇرۇپتۇ. باھاسىمۇ جۇڭگودىكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن. بۇنداق ماگىزىنلارغا كىرىپ چىقىۋاتقانلار ئىچىدە، ئايرىم چەت ئەللىكلەردىن ئۆزگە، ئاق تەنلىك كىشىلەر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىكەن. جۇڭگو ماللىرىنى يەنىلا شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو كۆچمەنلىرى كۆپرەك سېتىۋالسا كېرەك.

ئامېرىكا ھەممىگە ئايان يۇقىرى دارامەت، يۇقىرى ئىستېمال دۆلىتى. بىر دۆلەتتىكى مال باھاسى تاموژنا بېجىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە (ئەگەر چەت ئەل مېلى بولسا)، ئىستېمال بېجىنىڭ ئۆلچىمىگە، كىشىلەر كىرىمىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. باھاغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە باشقا ئامىللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئامېرىكا ئىستېمالچىلىرى يۇقىرى كىرىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئەرزان بولۇشى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ.

بىز لوس ئانگېلېستىن سان دېيگو شەھىرىگە كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ماي جىقلاشقا توختىدۇق. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماي پونكىتى يېنىدىكى بىر يېمەكلىكلەر ماگىزىنىغا كىردۇق. بۇ يەردە بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئايرىم ھۆل، قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ باھاسى مۇنداق ئىكەن:

سورتلۇق نەشپۈت: كىلوگرامى 1.29 دوللار. سورتلۇق ئاپېلسىن: كىلوگرامى 0.39 دوللار. سورتلۇق گەنجۈي: كىلوگرامى 0.69 دوللار. سورتلۇق قىزىل ئالما: كىلوگرامى 0.99 دوللار. سورتلۇق كۆك ئالما: كىلوگرامى 1.09 دوللار. مالايشيا بانانى: كىلوگرامى 0.49 دوللار. سورتلۇق ياڭاق: كىلوگرامى 1.09 دوللار. سورتلۇق قەغەز بادام: كىلوگرامى 1.79 دوللار. ياپونىيىنىڭ سورتلۇق فوجى ئالمىسى: كىلوگرامى



نيۇيورك: بېرادۋاي كوچىسىدىكى كەچلىك بازار

1.09 دوللار.

ئامېرىكىدىكى ئاق ياقىلىقلار تەبىقىسىنىڭ ئايلىق مائاشىنى 3000 دوللار دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، بۇ باھانى تولىمۇ تۆۋەن باھا دېيىشكە بولىدۇ. خەلق پۇلى بىلەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى بانكا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇ يەردىكى بىر كىلوگرام ياخشى ياڭاقنىڭ باھاسى 9.47 يۈەن بولۇپ چىقىدۇ. بىر كىلوگرام بادامنىڭ باھاسىمۇ 14.88 يۈەن بولىدۇ. ئەمما، دائىم ئىستېمال قىلىنىدىغان بۇ ئىككى خىل قۇرۇق مېۋىنىڭ ئۈرۈمچى بازىرىدىكى باھاسى يۇقىرى دارامەتلىكلەر ئىستېمال ئوبيېكتى قىلىنغان ئامېرىكا بازىرىدىكى باھادىنمۇ نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (جۇڭگو ۋاقتى بىلەن 8 - كۈنى) بىز ھولليۋود كىنو شەھىرىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان تەيۋەنلىكلەر رېستورانىدا غىزالاندۇق. بۇ رېستوراندا تاماقنى ئۆزى

ئېلىپ يەيدىغان گەپ ئىكەن. تۇخۇم بولكىسى، پېچىنە ـ پىرە-نىك، 40 نەچچە خىل گۆشلۇك، گۆشسىز قورۇما، قەھۋە، سۈت ۋە 10 نەچچە خىل مېۋە ـ چېۋە ئىچىدىن خالىغاننى ئىستېمال قىلىشقا بولىدىكەن. مېۋە ـ چېۋىلەر ئىچىدە شاپىقىدىن ئاج-رىتىلىپ توغرالغان بانان، ئاپېلسىن، ئاق قوغۇن، كۆك قو-غۇن، قىزىل قوغۇن، ئۇرۇقسىز تاۋۇز، هۆل ئۈزۈم ۋە يەنە باشقا مېۋىلەرنى يېيىشكە بولىدىكەن. پەقەت تاماقنى ئاچقىپ كەتمىسىلا ۋە ئىسراپ قىلمىسىلا قورسىقى يېرىلىپ كەتكۈچە بىرنەرسە يېسىمۇ، ئادەم بېشىغا 6 دوللار ئېلىنىدىكەن. بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى دوللار بىلەن خەلق پۇلىنى سۈندۇرۇپ هېسابلاش ئۆلچىمى بىلەن هېسابلىغاندا خەلق پۇلى هېسابىدا 49.8 يۈەن بولىدۇ.

ئامېرىكىدىكى مال ساتقۇچىلارنىڭ خىزمەت پوزىتسى-يىسى كىشىنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرىدىكەن. ئۇلار ماگىزىن-غا كىرگەن خېرىدارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نېمە ئالىدىغانلى-قىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سورايدىكەن ۋە ماللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرىدىكەن، بولۇپمۇ پۇل ئالغۇ-چىلارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدى-كەن، يەنى ئۇلار ئارتۇق پۇلنى قايتۇرغاندا قەغەز پۇلنى خېرىدارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن بىر ۋاراق، بىر ۋاراقتىن ساناپ چىقىدىكەن، ئاندىن مېتال پۇل-نى ساناپ بولۇپ، خېرىدارنىڭ ئاللىقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويىدىكەن ـ دە، رەھمەت ئېيتىپ، يولغا سالىدى-كەن. قايتۇرغان پۇل ۋە تالوننى تاپشۇرغاندا مال ساتقۇچى-نىڭ بارمىقى خېرىدارنىڭ ئاللىقىنىغا تېگىشى لازىم ئىكەن.

## 42. ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرى

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېرى بار. ئوخشاشلا، ئامېرىكىلىقلارمۇ روشەن خاس خاراكتېرگە ئىگە بىر مىللەت.

ئامېرىكىدا تۇرغان كۈنلەردە بىز شەھەر باشلىقلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى تاماق توشۇغۇچىلارغىچە، دوكتور، مۇتەخەسسىسلەردىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلارغىچە بولغان ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئۇچراشتۇق. لېكىن، داۋاملىق يۆتكىلىپ تۇرغانلىقىمىز ۋە ۋاقىت، شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، ئۇچرىشىش دائىرىسى تار، چۈشىنىش ئاز بولغانىنىڭ ئۈستىگە، دېھقانلارغا ئوخشاش ئالاھىدە قاتلامدىكى ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئۇچرىشالمىدۇق، ئۇلارنى تولۇق چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدۇق.

ۋاشىنگتون: دۆلەتلىك باغچىدىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر



بۇ قېتىمقى سەپەردە جۇڭگوچە تەبىر بىلەن ئېيتساق «ئات ئۈستىدە گۈل كۆردۇق» دېيىشكە بولىدۇ. «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈش» دېگەن گەپ ئات تېز چاپقانلىقتىن، گۈلنى سىنچىلاپ كۆرەلمەسلىككە، ھۇزۇرلىنالماسلىققا قارىتىپ ئېيتىلغان. شۇنداقتىمۇ، ئات ئۈستىدىكى كىشىنىڭ گۈلنى كۆرەلەيدىغانلىقىمۇ ئىنكار قىلىنمىغان.

بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش ئەلۋەتتە يېتەرلىك ۋاقىت، شارائىت ۋە تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەن» سەپەردە بۇ مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى بىۋاسىتە كۆزىتىشكە، ئۇلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە ئائىت نوپۇزلۇق ماتېرىياللارنى توپلاشقا، مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى ئاڭلاشقا كۆپرەك دىققەت قىلدىم. پۇرسەت تېپىلسىلا، باشقىلاردىن سورىدىم، قىياسىمنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشتىم.

مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكىلىقلار ئۆزگىلەرگە قىزغىن، مىجەزى ئوچۇق، چوڭ سۆيەت كېلىدىكەن، باشقىلارغا ئاسان يېقىنلىشالايدىكەن، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. كۆپىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن، جەلپ قىلىش كۈچى بار كىشىلەرنى چوڭ بىلىدىكەن. كۆپرەك دوست تۇتۇشنى خالايدىكەن. باشقىلار بىلەن ئارىلاشقاندا، باشقىلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىكەن، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىگە ئارتۇقچە ھۆرمەت ـ تەكەللۇپ قىلىپ كېتىشىنىمۇ ياقتۇرمايدىكەن. باشقىلارغا ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىشنى، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇشنى ياقتۇرىدىكەنۇ، باشقىلار بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ كېتەلمەيدىكەن. بۇ ھەقتە بىر ئا-

مېرىكىلىق مۇئەللىپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىكەن:

«ئامېرىكىلىقلار كىشىلەر بىلەن ئاسانلا تونۇشۇپ كېتەلەيدۇ، باشقىلاردا تېزلا ياخشى تەسىر پەيدا قىلالايدۇ، ئەمما بىر ھەپتىگە قالماي ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، يېڭى نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ كونا ئاپتوموبىلىنى تاشلىۋەتكەنگە ئوخشاش، ئۆز دوستلىرىنىمۇ پاتلا تاشلىۋېتەلەيدۇ».

ئامېرىكىلىقلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار مۇستەقىل كۈرەش قىلىشنى خالايدىكەن، ئۆزگىلەرگە يۆلىنىۋېلىشنى ياقتۇرمايدىكەن، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يۆلىنىۋېلىشىنىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن. شۇنداقلا كىچىكىدىن باشلاپ مۇستەقىل كۈرەش قىلىشقا، ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىۋالماسلىققا ئادەتلىنىدىكەن. ئادەتتە ئامېرىكا كوچىلىرىدا سەھەر تۇرۇپ ئۆيمۇئۆي قاتراپ گېزىت سېتىپ يۈرگەن 11 ـ 12 ياشلىق بالىلار ئۇچراپ قالىدىكەن، ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار يامغۇر ياغقاندىمۇ، شىۋىرغانلىق كۈنلەردىمۇ بۇ ئىشنى ئۈزۈپ قويمايدىكەن. بەزى قىز بالىلار كىچىك تۇرۇپلا قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ بالا بېقىشىپ بېرىدىكەن. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ مۇستەقىل ياشاش ئېڭىنى تۇرغۇزۇشىغا قارشى تۇرمايدىكەن. بالىلىرىنىڭ شۇنداق قىلىشىنى قوللايدىكەن.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تۇرتكىسىدە، بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇشنى بىردىنبىر نىشان قىلىۋالىدىكەن. مەكتەپتە، ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالىدىكەن، ئوقۇپ يۈرۈپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلىدىكەن. بالاغەتكە يەتكەندە، ئاتا ـ

ئانىسىدىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ، ئۆز كۈننى ئۆزى ئالىدىكەن. تويى قىلىپ، بالىلىق بولغانلار ئۆز بالىسىنى ئۆزلىرى باقىدىكەن، ئاتا - ئانىسىغا باقتۇرۇشنى خالىمايدىكەن. بالىلار سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن شۇ ئائىلىدە مەلۇم ئىش تەقسىماتى شەكىللىنىدىكەن. ئادەتتە، كىيىم يۇيۇش، تاماق ئېتىش، ئائىلە تازىلىقى قىلىش ئانىنىڭ، ئائىلە سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، چىملىقنى قىرقىش، سۇغىرىش، ئاپتوموبىلىنى تازىلاپ سۈرتۈش ئاتا بولغۇچىنىڭ، قاچا - قۇچا يۇيۇش قىز بالىنىڭ، كۆكۈل ئېچىش ئۆينى يىغىشتۇرۇش، ئۇششاق ھايۋانلارنى باشقۇرۇش ئوغۇل بالىنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەپ قارىلىدىكەن.

ئەمما، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇنداق مۇستەقىللىق ئېڭى ياشانغانلارغا ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن. چوڭلار ياشىنىپ ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن بالا - نەۋرىلىرى ئۇلارنى ئاساسەن يوقلاپ تۇرمايدىكەن. ئامېرىكىدا ئاز بولمىغان ياشانغانلار مۇشۇنداق غېرىبسىنىش ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بەزىلىرىنىڭ ئۆلۈپ بولۇپ نەچچە كۈندىن كېيىن ئاندىن ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولىدىكەن.

ئامېرىكىلىقلار يەنە ئەمەلىيەتچىل كېلىدىكەن. فرانسۇزلاردەك رومانتىك خىياللارغا بەند بولۇپ كەتمەيدىكەن. ئەنگلىيىلىكلەردەك يۈز - ئابرۇي قوغلىشىپ، ھەشەمەتچىلىك قىلمايدىكەن. ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تارىخى ئۇلاردا ناچار شارائىتتا بوشىشىپ كەتمەيدىغان، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن توختاۋسىز ئىزدىنىدىغان مىجەزنى يېتىلدۈرگەنىكەن. ئۇلار يەنە ھەممە ئىشنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشنى، چوڭ - كىچىك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى

هەل قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ھەر خىل ئاپتوموبىللارنى
ئىشلىتىشنى، ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشنى، ئائىلە
جابدۇقلىرىنى سىرلاشنى، تام ـ تورۇسنى ئاقارتىشنى بىلىدى-
كەن. ئۇلار: بۇنداق ئىشلارنى ئۆزىمىز قول سېلىپ قىلغىنى-
مىز تۈزۈك، ئېغىر ئىشلارنى قىلغانغا كىشىنىڭ ئابرۇيى چۈ-
شۈپ كەتمەيدۇ، دەپ قارايدىكەن.

ئامېرىكىلىقلار پۇل مەسىلىسىدە ئىنتايىن ئەمەلىي كېلى-
دىكەن. ئەمگەك سىڭدۈرگەنىكەن چوقۇم ھەق ئېلىش، باشقىلار-
نى ياردەمگە چاقىرغاندا ياكى باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە ياردەم-
گە تۇشلۇق ھەق بېرىش ياكى ھەق ئېلىش لازىم، دەپ ھې-
سابلايدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئەمگەك بىلەن ھەق مەسىلىسىدە بەك
ئېنىق ھېسابات قىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ ئاپتوموبىلىغا ئولتۇ-
رۇۋالغانلار ماي پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ئالىدىكەن، دوست ـ
بۇرادەرلىرىنىڭ تېلېفونىنى ئىشلەتسە تېلېفون ھەققى تۆلەيدى-
كەن، دوست ـ يارەنلەر تاماقتا بىللە بولغاندا تاماق پۇلىنى تەڭ
كۆتۈرىدىكەن، ھەتتا ئۆز ئۆيىدە ئانىسىغا ياردەملىشىپ قاچا يۇ-
يۇشۇپ بەرگەن باللارمۇ ئانىسىدىن ھەق ئالىدىكەن. ئاتا ـ ئا-
نىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆيىدە قىسقا مۇددەت تۇرۇشقا توغرا
كەلسىمۇ تېگىشلىك تاماق پۇلى تۆلەيدىكەن.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك خاراكتېرى شۇكى،
ئۇلار جىم تۇرۇشنى خالىمايدىكەن. ھەر دائىم يېڭى نەرسىلەرنى
قوغلىشىدىكەن، ئۆز مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشنى، خەتەرگە
تەۋەككۈل قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى ئويلايدىكەن. ئۇلار يەنە
مۇقىم تۇرمۇش ۋە تىنچ مۇھىت بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايدى-
كەن. تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ساياھەت قىلىشنى،
كەسپىنى ئۆزگەرتىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

ئامېرىكىدا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرىمۇ بىر - دىنلا كەسىپ ئۆزگەرتىپ شىركەت دىرېكتورى بولـۇۋالىدىغـان، مەلۇم بانكىر بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا دېھقانچىلىق مەيدانىنىـڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدىكەن. ئا - مېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى ترومېنمۇ سىياسىي سەھنىگە قە - دەم قويۇپ زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلىنىشتىن بۇرۇن، دېھقان بولۇپ باققانىكەن، مىلىچماللار دۇكىنىغا خوجايىنمۇ، ئوفىتسېر، ئاد - ۋوكاتمۇ بوپتىكەن.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىـدا ھەر يىلـى 40 مىڭ ئائىلە ئۆي كۆچۈرىدىكەن. ھەر بەش ئائىلىنىڭ بىـرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كۆچۈپ تۇرد - دىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنـداق كۆچۈپ يۈرۈشـى مۇھىت ئـالماشتـۇ - رۇش، تېخىمـۇ ياخشى خىـزمەت شارائىـتىغـا ئېرىشـىش، يېڭـى يەرلـەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىكەن.

ئامېرىكىلىـقلار تۇرمـۇشتىكـى سۇكۇناتـنى بۇزۇپ تاشـلاش ئۈچۈن بەزىدە ئۆز جېنىنى دوغا تىكىپ، تەۋەككۇلچىلىككە ئۆ - زىنى ئۇرىدىكەن، كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق نام چىقىرىشقا، ئـۆزىنىڭ بـاشقىلارغـا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە خۇشتار بولىدىكەن. دېمىسى - مۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرىدىكى يېڭىلىقنى قوغلىشـىش ۋە تەۋەككۇلچىلىـك روھى باشقـا مىللـەتلەرنىـڭكىگـە قارىغانـدا ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىكەن.

## 43. ئامېرىكىلىقلار ۋە خۇراپىيلىق

كلاسسىك تەبىر بويىچە ئېيتـقاندا، خۇراپىيلىـق تەبىئـەت

هادىسىلەرنى چۈشەنمىگەن ۋە تەبىئەتكە قارشى كۆرەشتە ئا-
جىز كەلگەن نادان ئىنسان ئېڭىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل
پاسسىپ قاراش. ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىلمىي-
لىك خۇراپىيلىقنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، ھەتتا خۇراپىيلىقنى تا-
مامەن يوق قىلىدۇ.

ئىلىم - پەن جەھەتتە دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئالدىدا كېتىۋات-
قان، مائارىپ ۋە پەننىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى يۇقىرى،
يۇقىرالىرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى نىسپىي ئۈستۈن بولغان ئا-
مېرىكىدا ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. بەزى ئەنئەنىۋى خۇرا-
پىي قاراشلار ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە
ماس كەلمىگەن ھالدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. تۆۋەندى-
كىسى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى.

«13» رەقىمى ئامېرىكىلىقلار ئەڭ ھەزەر ئەيلەيدىغان رە-
قەم. ئۇلار بۇ رەقەمنى خەيرسىز رەقەم، كىشىلەرگە بەختسىز-
لىك ئەكېلىدۇ، دەپ قارايدىكەن. بۇنداق قاراشنىڭ پەيدا بولۇشى
«ئىنجىل» دىكى ھېكايىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. «ئىن-
جىل» دا يېزىلىشىچە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە خرىستوس ئېسا ئۆ-
زىنىڭ 12 شاگىرتى بىلەن بىللە غىزالىنىپتۇ. بۇ شاگىرتلار
ئارىسىدىكى يەھۇدا دېگەن بىرى 30 كۈمۈش تەڭگە ھېسابىغا
ئېسانى يەھۇدىي ھۆكۈمدارلىرىغا سېتىۋېتىپتۇ ۋە شەخسەن يول
باشلاپ بېرىپ، ئۇنى تۇتقۇزۇپتۇ. ئېسا ئاخىر بۇ ھۆكۈمدارلار
تەرىپىدىن كرېستقا مىخلىنىپتۇ. يەھۇدا ئاشۇ غىزا ئۈستىلىدە
ئولتۇرغان 13 - كىشى بولغىنى ئۈچۈن، غەربلىكلەر «13» رە-
قىمىنى بەختسىزلىكنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدىكەن. ئامېرى-
كىدا، زىياپەتلەردە 13 ئادەم بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يې-
مەيدىكەن، بۇيرۇتمىلار 13 خىل بولمايدىكەن، ھەرقانداق قەۋەت-

لىنىڭ بىنالاردا 13 ـ قەۋەت 13 قەۋەت دەپ ئاتالمايدىكەن. 13 ـ قەۋەتتە ئولتۇرىدىغانلارمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداپ «14 ـ قەۋەتتە ئولتۇرۇۋاتىمەن» دەپ ھېس قىلىدىكەن.

ئامېرىكىلىقلار جۈمە كۈنىدىنمۇ بەك قورقىدىكەن. بىر خىل قاراشتىكىلەر ئېسا كرېستقا مىخلانغان كۈن دەل جۈمە كۈنى ئىدى دەپ بىلىدىكەن. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر بولسا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ، جەننەتتىن قوغلانغان كۈن دەل جۈمە كۈنى ئىدى دەيدىكەن. ئومۇمەن ئالغاندا نۇرغۇن ئامېرىكىلىق جۈمە كۈنىنى بەختسىز بىر كۈن دەپ ئاتايدىكەن.

ئەگەر ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇلار تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىدىكەن، چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن.

ئامېرىكىلىقلار قارا مۈشۈكتىن قورقىدىكەن ۋە ئۇنى يامان كۆرىدىكەن. ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئايال پېرى-خونلار كۆپىنچە مۈشۈك بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، سۈپۈرگىگە مىنىپ ئۇچالايدىكەن. قارا مۈشۈك ئايال پېرىخونلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان ھايۋان بولغاچقا، ئۇنى يامانلىقنىڭ بېشارىتى دەپ ھېسابلايدىكەن. خۇراپىي ئادەملەر «كىمنىڭ ئالدىدىن قارا مۈ-شۈك يۈگۈرۈپ ئۆتسە، شۇ كىشىنىڭ بېشىغا ئاپەت ياغىدۇ» دەپ قارايدىكەن.

ئامېرىكىلىقلار ياندۇرۇلغان بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئۈچ كىشىگە تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بېرىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيدىكەن، بۇنداق قاراش ئىلمىي بولمىسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىلىقلار تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئۈچ تال تاماكا تۇ-تاشتۇرمايدىكەن. ئىككى كىشىگە تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ سە-

رەڭگىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرىدىكەن ـ دە، يەنە بىر تال سەرەڭگە ياندۇرۇپ، ئۈچىنچى كىشىگە يېقىپ بېرىدىكەن.


ئامېرىكىلىقلار پىيادىلەر يولىدا ماڭغاندا شەپە چىقىرىپ مېڭىشنى يامان ئالىدىكەن. ئەگەر قاتتىق شەپە چىقىرىپ ماڭ ـ سا، ئۆز ئانىسىنى تىللىغان بولىدىكەن.

ئات تاقىسى ـــ ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى خىسلەتلىك نەرسە بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ھەقتە بەزىلەر: خروستوس ئېسا ئات ئوقۇرىدا تۇغۇلغان، شۇڭا ئات تاقىسىمۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە، دېيىشىدىكەن. بەزىلەر ئات تاقىسى كى ـ شىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ خىس ـ لەتلىك، دەپ قارايدىكەن. كىمكى بىر ئات تاقىسىنى تېپىۋالسا، ئۇنىڭغا ئامەت كېلىدۇ دەيدىكەن. ھۈنەرۋەنلەر ئامېرىكىلىقلار ـ نىڭ بۇنداق پسىخىكىسىنى چىقىش قىلىپ، ئات تاقىسى شە ـ كىللىك سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ بازارغا سالىدىكەن. بە ـ زىلەر ئات تاقىسى شەكىللىك زىننەت بۇيۇملىرىنى بوينىغا ئېسىۋالىدىكەن.

تۆت قۇلاق چۆپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن خىسلەتلىك ئوت ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنى ئادەملەرگە ئامەت ئې ـ لىپ كەلگۈچى ۋاستە دەپ بىلىدىكەن، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاۋا ئانا جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، تۆت قۇلاق چۆپتىن بىرنى ئاچىقىپتىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇنداق چۆپ ئىنسانلار ئارىسىغا تارالغانىكەن. شۇڭا، كىمنىڭ بېغىدا تۆت قۇلاق چۆپ ئۈنۈپ چىقسا، شۇنى ئامەتلىك ئادەم دەپ ھۆرمەت قىلىدىكەن.

## 44. چېگرىدىكى شەھەر ـــ سان دىيېگو

كالىفورنىيە شتاتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سان دىيېگو



گۈزەل سان دىېگو شەھىرى

شەھىرى كالىفورنىيە بويىچە ئىككىنچى چوڭ شەھەر (بىرىنچى چوڭ شەھەر — لوس ئانگېلېس) ھېسابلىنىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ كىلىماتى ئىللىق، دېڭىزغا تۇتاش بولغاچقا ئامېرىكىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە بازىسى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان.

بىز سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە لوس ئانگېلېستىن يولغا چىقىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بىلەن ئۈچ سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن تىنچ ئوكياننىڭ بويىدىكى بۇ گۈزەل شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. كۈنتەرتىپكە ئاساسەن، ئالدى بىلەن شەھەر مەركىزىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ئامېرىكا — مېكسىكا چېگراسىغا يېقىنلاشتۇق، مېكسىكىنىڭ تىخۇئانا شەھىرىگە ئۆتمەكچى بولۇپ تەرەددۇتلاندۇق.

مېكسىكا چېگرىدىن كىرگۈچىلەرگە ئالاھىدە سىياسەت قوللانغانىكەن. يەنى كىرگۈچىلەر پاسپورت تەكشۈرتمەيلا بىر يۇملاق ئىشىكتىن ئۆتۈپ، مېكسىكا تەۋەسىگە كىرسە بولىۋېرىدىكەن.

تىخۇئانا شەھىرى مېكسىكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئامېرىكا بىلەن چېگرىلىنىدىغان بىردىنبىر كىچىك شەھەر بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى ئاساسەن چېگرا سودىسى ۋە باشقا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ شەھەر كىچىك دۇكان ۋە ئۇششاق يايمىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن، دۇكان ۋە يايمىلاردا سېتىلىدىغان ماللار ئىچىدە خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى، مېكسىكىلىقلارنىڭ چوڭ گىرۋەكلىك قالپاقلىرى، دۇئا - تىلاۋەت بۇيۇملىرى، ساقلىقنى ساقلاش دورىلىرى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. ھەمراھ بولغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، مېكسىكىدا ئىشلەنگەن تېرە - خۇرۇم بۇيۇملىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى قوپالراق بولۇپ، باھاسىمۇ خېلىلا ئۈستۈن ئىكەن. ساقلىقنى ساقلاش دورىلىرى ۋە ئادەتتىكى دورىلارنىڭ بەزىسى ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەنىكەن. مېكسىكىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن دورىلارنىڭ كۆپىنچىسى ساختا دورا بولۇپ چىقىدىكەن، دورا سېتىۋالغان ئادەم ئالدانماي قالمايدىكەن.

تىخۇئانا شەھىرىدە يەنە تۈنەكخانا ۋە قاۋاقخانىغا ئوخشاش مەشھۇر «مېكسىكا ئۇسسۇلى» ئوينىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. بۇنداق سورۇنلارنىڭ خوجايىنلىرى ئۆتكەن - كەچكەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، مېھمان جەلپ قىلىدىكەن. ھەتتا: «سورۇنىمىزدا كۆڭۈل ئاچقانلاردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىشىدىكەن. دۇكان ۋە يايمىلارنىڭ ئىگىلىرىمۇ خېرىدار چاقىرىش ئۈچۈن ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىراشتىن ئۆزگە، بەزىبىر مەجبۇرلاش ھەرىكەتلىرىنىمۇ قوللىنىدىكەن. دۇكان ئىگىسى قويغان باھا بىلەن ئەمەلىي سېتىلىدىغان باھانىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بو-

لۇپ، 50 دوللار باھا قويۇلغان مالنى 5 دوللارغا سېتىۋالغىلى بولىدىكەن.

چېگرىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار ۋە سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقانلارنىڭ چىراي ـ تۇرقىدىن قارىغاندا، بۇ يەر ئامېرىكىلىق ساياھەتچىلەرنى ئانچە جەلپ قىلالمايدىغاندەك قىلىدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىغا ساياھەتكە كېلىپ ئامېرىكىدىن بۇ يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر بولسا كېرەك. بىز تيونا شەھىرىدە توپ ـ توپ بولۇپ يۈرگەن جۇڭگولۇقلارنى كۆردۇق.

مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي جەنۇبتىكى كالىفورنىيە قاتارلىق شتاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكا زېمىنى ئەسلىدە مېكسىكىغا تەۋە بولغان زېمىن ئىكەن. بۇ بىر پارچە زېمىن مېكسىكا ـ ئامېرىكا ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئامېرىكا تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغانىكەن. ئەمما، كىشىنى چوڭقۇر

مېكسىكا: تىخۇئانا كوچىسىدىكى مېكسىكىلىق دۇمباقچى



ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۈگۈنكى كۈندە مېكسىكا ـ ئامېرىكا چېگراسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى خىل تەرەققىيات مەنزد-رىسى ھۆكۈم سۈرۈۋېتىپتۇ. تىخۇئاناغا ئانچە يىراق بولمىغان لوس ئانگېلېس ۋە باشقا شەھەرلەر ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققى-ياتنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا دەسسىگەن بولسا، ئۇزايدىن كەمبە-غەللىك چىقىپ تۇرىدىغان مېكسىكىلىقلار تېخى تەرەققىياتنىڭ تۆۋەن بالدىقىدا يۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي هالى-تى، تىجارەت دەسمايىسى، كىيىنىشى، يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا قاراپ شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن.

يەرلىك مېكسىكىلىقلار ئادەتتە قارا چاچ، ساقال ـ بۇرۇت-لۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك كېلىدىكەن، بۇ ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سېرىق چاچ، ئاقپىشماق ئامېرىكىلىقلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىكەن. بىز كۆرگەن ئىندىئانلاردىن چىراي شەكلى ۋە ساقال ـ بۇرۇت جەھەتتە پەرق قىلىدىكەن. بەدەن كۆرۈنۈشى ۋە بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە ئوخ-شىشىپ كېتىدىكەن. ئەگەر ئۆلچەملىك بىر مېكسىكىلىق بىلەن ئۆلچەملىك بىر ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر يەردە بولسا ئۇلارنى چىراي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈش قىيىنغا توختىسا كېرەك. بىر ـ بىرىدىن ئىنتايىن يىراقتا ياشاۋاتقان مېكسىكىلىقلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى ئىنسانشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىگە تېگىش-لىك بولغان بىر تېما. بۈگۈنكى ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ، يە-نى مېكسىكىلىقلارغا قوشنا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ئىندىئانلار-نىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 15 مىڭ يىل ھەتتا ئۇنىڭدىن قىس-قىراق بولغان مەزگىللەردە قاتتىق مۇز تۇتقان بېرىنگ بوغۇزى ئارقىلىق ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئامېرىكا چوڭ قۇ-

رۇقلۇقىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئې-تىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بىر پاكىت. بىراق، ئىندىئانلار موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە ياكى ئىپتىدائىي موڭغۇل ئىرقىغا مەن-سۇپ بىر مىللەت. مېكسىكىلىقلارنىڭ موڭغۇل ئىرقىدىن، يەنى ئىندىئانلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى-گە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ چاچ رەڭگى ۋە چىراي ئالامەتلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن، ئىندىئانلار ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا كۆچكەن مەزگىللەردە ئاسىيادا ياشىغۇچى يەنە باشقا قەبىلىلەرمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنمۇ، يوق دېگەن بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ.

سوئال ئىزدىنىشكە سەۋەب بولىدۇ، ئىزدىنىشتىن جاۋاب كېلىپ چىقىدۇ.

مېكسىكا ـ ئامېرىكا چېگراسىغا كېلىۋاتقاندا ھەمراھ بول-غۇچى بىزگە «مېكسىكىغا كىرمەك ئاسان، چىقماق تەس» دېگە-نىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، بىز مېكسىكىغا قول سې-لىپ كىرگەن بولساق، چېگرىدىن چىققاندا مېكسىكا ۋە ئامې-رىكا تاموژنىسىنىڭ، ساقچىلىرىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشىگە دۇچ كەلدۇق. ئۇلار ئاچچىقان ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلىرىمىزدىن تارتىپ، پاسپورتلىرىمىزغىچە بولغان ھەممە نەرسىنى تەكشۈر-دى. ھەتتا زەھەرلىك چېكىملىك ياكى قورال ـ ياراغ ئاچچىقتى-مىكىن دېگەن گۇمان بىلەن يېنىمىزنىمۇ قويماي ئاختۇردى. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئامېرىكا تەۋە-سىگە قايتىپ كەلگەن بولدۇق ۋە چۈشلۈك تاماق يەۋالغاندىن كېيىن سان دېيگو شەھەر مەركىزىگە يۈرۈپ كەتتۇق.

سان دېيگو تەبىئىي مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولغان ساياھەت شەھىرى بولۇپ، ئېگىز بىنالار ئاساسەن شەھەرنى

ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان سان دىيېگو قولتۇقىنىڭ قارشى تەرىپىگە جايلاشقانىكەن. قولتۇقنىڭ بۇ تەرىپىدە كولورادو بازىرى بار ئىكەن. كولورادو بازىرى سان دىيېگو شەھىرىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر ساياھەت نۇقتىسى بولۇپ، ئىسسىق بەلۋاغ دەرەخلىرى بىلەن كۆكەرتىلگەن كوچىلىرى، كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر، ئېگىزلىكى ئىككى قەۋەتتىن ئاشمايدىغان داچىلار، سەنئەتلىك ھەيكەللەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن.

سان دىيېگو دېڭىز - ئوكيان دۇنياسى بۇ شەھەردىكى مۇھىم بىر ساياھەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. «دېڭىز - ئوكيان دۇنياسى» دەپ ئاتالغان بۇ باغدا تۇرلۇك - تۇمەن مەنزىرىلەردىن ئۆزگە، بالىلار ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەر ئوينايدىغان ئويۇنچۇق ۋە ئويۇنلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. كىت، دېڭىز دېلفىنى قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرىنىڭ سۇ يۈزىدىكى قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى مىڭلىغان تاماشىبىننى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىكەن.

ھەمراھ بولغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، سان دىيېگو شەھىرى ھەر خىل دىن، مەزھەپلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، 1997 - يىلى 3 - ئايدا بۇ شەھەردە «مۇمىن دىنى» دەيدىغان بىدئەت دىن پەيدا بولغان. بۇ دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنى «بىز تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ ئەۋلادى» دەپ ئېلان قىلىشقان. ئاخىرىدا سان فرانسىسكو، لوس ئانگېلېس قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن ۋە خۇسۇسىي مال - مۈلۈكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارىسىدىكى 39 ئادەم كوللېكتىپ ھالدا ئۆلۈۋالغان. بۇ كاپىتالىزم دۇنياسىدا روھىي پۇچەكلىكنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 45. قەلەندەرلەر مەسىلىسى

ئامېرىكا باي دۆلەت، شۇنداقلا كەمبەغەل دۆلەت. يازغۇچى جۇخۇاجۇننىڭ يېزىشىچە، 1993 ـ يىلى ئېلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا نامراتلىق سىزىقىنىڭ تۆۋىنىدە ياشاۋاتقانلار 39 مىليون 300 مىڭ كىشى ئىكەن، تۇرىدىغان ئۆي ـ جايى يوق مۇساپىرلار 7 مىليوندىن ئاشىدىكەن. نيۇيورك شەھىرىدىكى يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ 1992 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە يىغىۋالغان ئادىمى 86 مىڭغا يېتىدىكەن. چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردىكى يول بويلىرىدا، كوچا دوقمۇشلىرىدا بىچارىلەرچە يېلىنىپ پۇل تىلەيدىغان قەلەندەرلەرنىڭ كۆپلۈكىنى مەزكۇر كىتابىمىزنىڭ بەزى ماۋزۇلىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بۇنداق قەلەندەرلەر ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە پەس ئاۋازدا: «25 سېنت سەدىقە بەرسىڭىز» دەپ ئىلتىجا قىلىدىكەن. بەزىلىرى دۇمبىسىگە «قايتارغا ئۆيۈم يوق، ھەرقانداق خىزمەت بولسا قىلىۋېرىمەن» دېگەندەك ئېلانلارنى چاپلىۋالىدىكەن. تۇنجى قېتىم ئامېرىكىغا بارغان ھەرقانداق كىشى خۇددى بىزگە ئوخشاش، بۇ ھالدىن ھەيران قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلار بۇنداق ھادىسىلەرنى بەك ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەلەندەرلەرنىڭ قاچىسىغا 25 سېنتلىق مېتال پۇلدىن بىرنى تاشلاپ بېرىپ، ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدىكەن. بەزىلىرى ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايدىكەن، بەزىلىرى بېشىنى چايقاپ، قەلەندەرلەردىن ئەپۇ سورايدىكەن. يەنە بەزىلىرى قەلەندەرلەرگە بىرەر خىزمەت تېپىپ كۆڭلىنى ئېلىش ھەققىدە نەسىھەتمۇ قىلىدىكەن.

بىراق، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قەلەندەرلەرگە ۋە تىلەمچىلىككە

بولغان قارىشى سەل غەلىتە بولىدىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، بىر قېتىم ئامېرىكىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى «تىلەمچىلىك» توغرىسىدا بىر تاپشۇرۇق ماقالىسى يېزىپ ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. ماقالىدىكى «كۈندۈزلىرى پۇل تىلەيدىغان، كېچىلىرى يول بويىدا يېتىۋالىدىغان قەلەندەرلەر نېمىدەپ ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىمايدۇ» دېگەن قۇرلارنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچى ھەيران بولغان ھالدا: قەلەندەرچىلىكمۇ ئۆز ئالدىغا بىر خىل كەسىپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، قەلەندەرچىلىك قىلغانلارنىڭ ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇشى ناتايىن، لىللا گەپ قىلساق، تېلىگەنلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى «قەلەندەر» دەپ قارالسا، ئامېرىكىدا ھەممە كىشى «قەلەندەر» بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئىشلەمچىلەر خوجايىنىدىن ئىش «تىلەيدۇ»، خوجايىن خېرىدارلارنىڭ كۆپرەك قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى «تىلەيدۇ»، زۇڭتۇڭمۇ سايلىغۇچىلاردىن بېلەت «تىلەيدۇ» دېگەن. ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىسىگە قوشۇلغىلى بولمايدۇ. ئەمگەك سىڭدۈرۈپ «تىلىگەنلەر» بىلەن ئەمگەك سىڭدۈرمەي پۇل ـ مالغا ئېرىشكۈچىلەرنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئامېرىكىلىقلار قەلەندەرلەرگە قانداق قارىسۇن ۋە قانداق باھا بەرسۇن، لېكىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىدىغان بىر باي دۆلەتتە قەلەندەرلەرنىڭ بۇ تەرىقە كۆپ بولۇشى ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرماي قالمىغان. بەزى قەلەندەرلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. تىلەپ تاپقان پۇلىغا ئەرزان باھالىق ھاراق سېتىۋېلىپ ئىچىپ، بولۇشىغا غوۋغا كۆتۈرگەن، تىنچلىقنى بۇزغان، ئاممىۋى تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرغان. بۇ خىل ئەھۋال شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ۋە تىجارەتچىلەر-

نىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. «ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن» قەلەندەرلەرگە تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى شەھەر مەمۇرىيىتى ۋە پۇقرالار كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ئىشقا ئايلىنىپ قالغان.

ئاڭلىشىمىزچە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، نيۇيورك، سىئاتىل قاتارلىق شەھەرلەردە قەلەندەرلەرنى قاتتىق باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇنلار تۈزۈلگەن، بىراق بۇ قانۇنلار قەلەندەرلەر ئەكەلگەن باش قېتىنچىلىقىدىن ۋاقىتلىق قۇتۇلۇش رولىنىلا ئوينىغان. مەسىلەن، نيۇيورك شەھىرىدىكى ئاممىۋى قاتناشنى باشقۇرىدىغان ئورگانلار چوڭ بىر ھەرىكەت قوزغاپ، قەلەندەرلەرنى يەر ئاستى تۆمۈريول ۋوگزاللىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان. شەھەر پۇقرالىرىغا مۇراجىئەت چىقىرىپ، يەر ئاستى تۆمۈريولىدا تىلەمچىلىك قىلغان ھەرقانداق قەلەندەرگە پۇل بەرمەسلىكنى، خەير - ئېھسان ئۈچۈن ئاتىغان پۇل - مېلىنى جامائەت پاراۋانلىقى ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ھەرىكەت بىرمەھەل خېلى ئوبدان ئۈنۈم بەرگەن. خاتفېد شەھەرلىك ھۆكۈمەت 1995 - يىلى 3 - ئايدا قارار چىقىرىپ، چاتاق تېرىيدىغان قەلەندەرلەرنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا تىلەمچىلىك قىلىشىنى مەنئى قىلغان، ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردا، پويىزلاردا، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە، بانكا ئەتراپلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىشنى قانۇنسىز ھەرىكەت دەپ جاكارلىغان. 1994 - يىلى كالىفورنىيە شتاتىدىكى بىركلىي شەھىرى قانۇن چىقىرىپ، قەلەندەرلەرنىڭ سودا رايونىدىكى بىنا تېمىغا ئالتە مېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە تىلەمچىلىك قىلىشىنى، يەنە شۇ دائىرە ئىچىدە قەلەندەرلەرگە پۇل بېرىشنى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلغان. ئەمما، 1995 - يىلى فېدېراتسىيە ئالىي سوتى كېسىم چىقىرىپ، بۇ قانۇننى پۇقرالارنىڭ سۆز ئەركىنلىكىگە ۋە ئىپا-

دىلەش شەكلىنى تاللاش ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق دەپ قاراپ، ئەمەلدىن قالدۇرغان.

خاۋېن شەھىرىدىكى ساقچى دائىرىلىرى بولسا، ھەددىدىن ئېشىپ، چاتاق تېرىغان، ئامانلىققا تەسىر يەتكۈزۈپ، بۇيرۇق بىلەن قارشىلاشقان قەلەندەرلەرنى كۆرگەن يەردە قولغا ئېلىش چارىسىنى قوللانغان. لېكىن، بەزىلەر بۇنداق ئۇسۇلنى ياقلىمىغان، ئۇلار: قەلەندەرلەر قولغا ئېلىش چارىسى ئارقىلىق كوچا بويلىرىدىن بىرقانچە سائەت يىراقلاشتۇرۇلغان بىلەن، ئۇلاردىكى نامراتلىق، ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئادەتلىرىنى ئاسان تۈگەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان. بۇ شەھەردىكى بەزى سودىگەرلەر، پائالىيەتچان كىشىلەر قەلەندەرلەرنىڭ شەھەر رايونىدا ھاراق ئېچىپ چاتاق چىقىرىشىنى، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ يامان ئىش قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆي ـ ماكانى يوق قەلەندەرلەرگە «تاماق بېلىتى» تارقىتىپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى ھەرقانداق قەلەندەرگە نەق پۇل بەرمەيدىغان، بەرگۈسى كەلگەنلەر بەلگىلەنگەن جايدىن تاماق بېلىتى سېتىۋېلىپ، تىلىگەنلەرگە تاماق بېلىتى سەدىقە قىلىدىغان بولغان.

ھەربىرى 25 سېنتلىق بۇنداق تاماق بېلىتىگە ئىگە بولغان قەلەندەرلەر بۇ بېلەت ئارقىلىق تاماق سېتىۋېلىپ يېگەن، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغان ياكى يىغىۋېلىش ئورنىغا تۆلەشكە تېگىشلىك ئۈچ دوللار پۇلنى مۇشۇ بېلەت ئارقىلىق تۆلىگەن. ئەمما، ھېچقانداق تىجارەتچى بۇنداق تاماق بېلىتىگە ھاراق سېتىپ بەرمىگەن، زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋېلىشقىمۇ مۇمكىن بولمىغان. بۇنداق چارە قەلەندەرلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن، جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇ خىل چارە قەلەندەرلەرنىڭ



بىركلېي: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ يولىدا

جەمئىيەت ئامانلىقىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى تامامەن تۈگىتەلمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا يامان ئەمەس ئۈنۈم بەرگەن.

ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنلىرىمىز ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا قانداق قانۇن ۋە چارىلەرنى يولغا قويمىسۇن قەلەندەرلەر مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشقا ئامالسىز دەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئامېرىكىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان رېئال ئىجتىمائىي تۈزۈم قەلەندەرلەر، شۇنداقلا ئىشسىزلارنى كۆپلەپ پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي «ئوچاق».

## 46. ئامېرىكىدا ئالىي مائارىپ

ھالبۇكى، ئامېرىكا مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت. شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ مائارىپىمۇ بەك كەڭ ئومۇملاشقان، دۇنيا مىقياسىدىكى 9000 ئۇنىۋېرسىتې-

نىڭ 3000 ى يەنى ئۈچتىن بىرى ئامېرىكىدا، ئوقۇتۇش سە-ۋىيىسىمۇ دۇنيادىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇ-رىدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، ماسساچۇسېتس تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەك-تەپلەر ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ئىچىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆپلۈكىمۇ ئامېرىكا ئالىي مائارىپىنىڭ ۋە ئىلىم - پەن سەۋى-يىسىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىمۇ ئا-لىي مەكتەپ مائارىپىغا ئۇل سالىدىغان ئاساسىي مائارىپ قاتا-رىدا مەجبۇرىي مائارىپ شەكلى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىن-غان. نۆۋەتتە ئامېرىكىدىكى 50 شتاتنىڭ ھەممىسىدە مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى 36 شتاتتا ئوقۇغۇ-چىلار 16 ياشقا تولغۇچە، 12 يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملاپ بولۇشى كېرەك، دەپ بېكىتىلگەن. مەجبۇرىي مائارىپ تامامەن ھەقسىز بولغاچقا، ھەرقانداق ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىرەلەيدۇ ۋە ئۆزى تىرىشسىلا باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىيالايدۇ. ئوقۇش راسخوتى ۋە دەرسلىك كىتاب پۇلىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئال-غاندىن تاشقىرى، ئائىلە ئەھۋالى ناچار ئوقۇغۇچىلار يەنە مەك-تەپتىن تارقىتىپ بېرىلىدىغان چۈشلۈك تاماقتىن ھەقسىز بەھرىمەن بولالايدۇ. دەرسلىك كىتاب ھەقسىز تارقىتىپ بېرىل-گىنى بىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ كىتابلارنى مەكتەپكە تاپشۇرىدۇ، مەكتەپ بۇ كىتابلارنى كېيىن-كى يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. دەرسلىك كىتاب-

نى يىرتىۋەتكەن ياكى يوقىتىپ قويغان ئوقۇغۇچى تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇلىدۇ.

ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى يىغىندا نومۇر بىلەن مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھان نومۇرىنى بىرلەشتۇرۇپ ھېسابلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندا پەقەت ئىنگلىز تىلى بىلەن ماتېماتىكىدىنلا ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. تولۇق نومۇر 800 بولىدۇ. ئامېرىكىدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» لارنى باھالاش ئادىتى يوق. نومۇر قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىقلاردا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلىدۇ. ئالاھىدە ئىقتىدارى بار ئوقۇغۇچىلار بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئوقۇغۇ-

ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېشىل مەيدانى



چىلارمۇ نومۇر قوشۇپ بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتى كىشىنى
چۆچۈتىدۇ. يىلىغا ئېلىنىدىغان ئوقۇش خىراجىتىنىڭ ئۆزىلا
3000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. خۇسۇسلار ئىگىلىكىدىكى
ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ خىراجەت ئۆلچىمى تېخىمۇ يۇقىرى، يى-
لىغا 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن بولمايدۇ. بۇنداق يۇ-
قىرى خىراجەتنى ئانچە باي بولمىغان ئائىلىلەر ئۆز ئۈستىگە
ئالالمايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق ئائىلىلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار
دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ خىزمەت قىلىدۇ،
شۇ ئارقىلىق پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى
يەڭگىللىتىدۇ. مەكتەپ كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھەپتى-
سىگە 20 سائەتلىك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىز-
مەت مەكتەپ دائىرىسىدە بېجىرىلىدىغان مۇلازىمەت خاراكتېرى-
دىكى خىزمەت بولۇپ، مەكتەپ بۇنداق خىزمەت ئۈچۈن مۇۋاپىق
ھەق تۆلەيدۇ. يەنە ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسلار ئىگىلىكىدىكى مەك-
تەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تەسىس قىلىنغان.
ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلار بۇ مۇكا-
پات پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ، مۇشۇ پۇل بىلەن يىللىق ئوقۇش چى-
قىمىنى غەملىيەلەيدۇ. ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە يەنە تۆۋەن
ئۆسۈملۈك ئوقۇش پۇلى قەرز بېرىش مۇلازىمىتىمۇ يولغا قو-
يۇلغان، ئوقۇغۇچىلار ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق بۇنداق قەرز-
دىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت تېپىۋالغان-
دىن كېيىن ئاندىن تۈركۈمگە بۆلۈپ قايتۇرىدۇ.

ئاڭلىشىمىزچە، ئامېرىكىدا مۇقىم مائاشقا تايىنىپ تۇر-
مۇش كەچۈرىدىغانلار ئىچىدە، مائاشى ئەڭ يۇقىرى كىشى زۇڭ-
تۇڭ ئەمەس، بەلكى ئادۋوكات ۋە دوختۇر بولىدىكەن. ئالىي

ئادۋوكات ۋە ئالىي دوختۇرلارنىڭ مائاشى زۇڭتۇڭنىڭ مائاشىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار ئاۋۋال داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئىمتىھان بېرىپ تۆت يىل ئوقۇيدىكەن، ئالىي مەكتەپ دىپلومىغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قانۇن ئىنستىتۇتلىرىغا ۋە مېدىتسىنا ئىنستىتۇتلىرىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، بۇ ئىنستىتۇتلاردا يەنە تۆت يىل ئوقۇيدىكەن. لاياقەتلىك دىپلومىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئادۋوكات، دوختۇر بولۇشقا سالاھىيىتى توشىدىكەن. ئادۋوكات ياكى دوختۇر بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن كىشى ھەر خىل مەكتەپلەردە 19 يىل ئوقۇشى كېرەك ئىكەن. نۇرغۇن ئامېرىكا ياشلىرى مانا مۇشۇ ئىككى خىل كەسىپتە ئوقۇشنى ياقتۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادۋوكات ۋە دوختۇرنىڭ تاپىدىغان پۇلى كۆپ بولىدىكەن، جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ يۇقىرى ئىكەن، ھالبۇكى، ئامېرىكىدا ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ھوقۇقى ۋە ئەمەلىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي كۈچىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدىكەن.

بىز زىيارەت داۋامىدا جۇڭگودىكى قىزىق نۇقتا «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش قىزغىنلىقى» نى كۆزدە تۇتۇپ، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇش مۇمكىنچىلىكى، ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئەھۋالى، ئوقۇش خىراجىتى ئۆلچىمى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئانچە ـ مۇنچە ئىزدەندۇق، ئىزدەنگىنىمىزگە لايىق، بەزىبىر مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق.

ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن:

1. ئامېرىكىدا داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر كۆپ بولۇپ، ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان مەكتەپنى

تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىكەن.

2. پەن تۈرلىرى كۆپ ئىكەن. ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇغۇچىلار تاللاشقا بولىدىغان پەن تۈرلىرى كۆپ بولغاچقا، ھەركىم ئۆزى ئوقۇماقچى بولغان پەن تۈرىنى قىينالماي تاپالايدىكەن.

3. خىراجەت ئاز كېتىدىكەن. چەت ئەلدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسە ئوقۇش خىراجىتى مەسىلىسى، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش خىراجەت ئۆلچىمىدە پەرق چوڭ بولىدىكەن. بىراق، ئالىدىغان خىراجەتنىڭ ئاز بولۇشى ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىكەن. بۇنداق پەرقنىڭ بولۇشى ئاساسەن مەكتەپنىڭ جايلاشقان ئورنىغا، ئەسلىھەلىرىگە، ئوقۇش ياردەم پۇلىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن.

ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قوڭغۇراق مۇنارى ئالدىدا




4. ئېلاستىكلىقى يۇقىرى ئىكەن. ئىمتىھان نەتىجىسى يۇقىرى بولغانلار داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تاللاپ ئوقۇسا بولىدىكەن. نەتىجىسى ئادەتتىكىلەر ئىككى يىللىق تولۇقسىز ۋە قىسمەن تۆت يىللىق تولۇقسىز ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تاللىيالايدىكەن، ئالدىنقى ئىككى يىللىق دەرسنى تاماملىغاندىن كېيىن، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرگىلى بولىدىكەن.

5. چىقىش يولى كەڭ ئىكەن. ھازىر ئامېرىكا ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىۋاتقان چاغ بولغاچقا، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرستى تېپىلىدىكەن.

بىز ئامېرىكىدا ئوقتىلىق زىيارەتتە بولغان ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئوھىئو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىراجەت ئۆلچىمى مۇنداق:

ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتى:

ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرى



1. ئوقۇش خىراجىتى: سودا ئىلمى بويىچە باكالاۋرلىق ئوقۇشى ئۈچۈن (BBA) ھەربىر دەرستە ئۈچ خىل تولۇق نومۇرغا ئېرىشىش خىراجىتى 780 ئامېرىكا دوللىرى، ئەگەر ھەربىر ئوقۇش يىلىدا تۆت خىل دەرس ئوقۇسا، ئوقۇش خىراجىتى 3120 ئامېرىكا دوللىرى.

كارخانا باشقۇرۇش ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار (MBA) ھەربىر دەرستە ئۈچ خىل تولۇق نومۇرغا ئېرىشىش خىراجىتى 1050 ئامېرىكا دوللىرى. ھەربىر ئوقۇش يىلىدا ئۈچ خىل دەرس ئوقۇسا، ئوقۇش خىراجىتى 3150 ئامېرىكا دوللىرى.

2. باشقا خىراجەتلەر: كومپيۇتېر ئۆگىنىش ھەققى: 50 ئامېرىكا دوللىرى؛ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتى: ھەربىر ئوقۇش يىلى ئۈچۈن 16 ئامېرىكا دوللىرى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئۈچۈن 80 ئامېرىكا دوللىرى، ئىلتىماس قىلىش خىراجىتى ئۈچۈن 50 ئامېرىكا دوللىرى.

ئوھىئو شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى:

1. ئوقۇش خىراجىتى: ئىنگلىز تىلى ئىنستىتۇتىنىڭ يىللىق ئوقۇش خىراجىتى 5550 ئامېرىكا دوللىرى، مەخسۇس كەسپىنىڭ يىللىق ئوقۇش خىراجىتى 5400 ئامېرىكا دوللىرى، تولۇق كۇرس كەسپىنىڭ يىللىق ئوقۇش خىراجىتى 8365 ئامېرىكا دوللىرى.

2. دەرسلىك ماتېرىيالى، ئىستىراخوۋانىيە خىراجىتى: ئىنگلىز تىلى ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يىلىغا 1150 ئامېرىكا دوللىرى، مەخسۇس كەسپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يىلىغا 1400 ئامېرىكا دوللىرى، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يىلىغا 1300 ئامېرىكا دوللىرى.

3. ياتاق پۇلى: ئىنگلىز تىلى ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن يىلىغا 6700 ئامېرىكا دوللىرى، مەخسۇس كەسىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن يىلىغا 6800 ئامېرىكا دوللىرى، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن يىلىغا 7000 ئامېرىكا دوللىرى.

يۇقىرىقى بارلىق خىراجەتلەرنى جەملىگەندە ئىنگلىز تىلى ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن يىلىغا 13 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرى، مەخسۇس كەسىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن يىلىغا 13 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرى، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن يىلىغا 16 مىڭ 665 ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ.

بىز ئارمستراڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەربىيىلىنىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرى مىچېل خۇاڭ ئەپەندى ئوقۇش خىراجىتىنىڭ تاپشۇرمىسا بولمايدىغان خىراجەت ئىكەنلىكىنى، ياتاق پۇلىنى بۆلۈپ تاپشۇرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، بەدەل پۇلى تاپشۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسىغا ئەزا بولسا، بۇ ئۆيۈشما ئوقۇغۇچىلارغا مۇقىم كىرىمى بار خىزمەت ئۇقتۇشۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ياتاق خىراجىتىنى غەملەشتە راستىنلا قىينىلىپ قالسا، تۆۋەن خىراجەت ئېلىنىدىغان ئاددىيراق ياتاقتا يېتىپ ئوقۇسىمۇ بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

## 47. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بايراملىرى

**1. ئامېرىكا مۇستەقىللىق خاتىرە كۈنى:**

مۇستەقىللىق خاتىرە كۈنى ئامېرىكىنىڭ مۇھىم بايراملىرىنىڭ بىرى. بۇ بايرام ھەر يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بايرام ئارقىلىق، 1776 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى فىلادېلفىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى رەسمىي ماقۇللىغانلىقى خا-

تىرىلىنىدۇ.

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» توماس جېففېرسون تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، 1776 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن رەسمىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نىڭ بېشىدىلا «ھەممە ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر، ئۆز بەختىنى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يىللاردىن بۇيان ئامېرىكىدا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا تاشلىنىپ، ئاخىرىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقى جاكارلانغان. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ماقۇللانغان بۇ كۈن ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خاتىرە كۈنى، دەپ بېكىتىلگەن.

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى «مۇستەقىللىق خاتىرە كۈنى» نى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاساسەن نامايىش ئۆتكۈزۈش ۋە نۇتۇق سۆزلەشتىن ئىبارەت بولغان. بۇنداق پائالىيەتلەر يەنە مەلۇم دىنىي تۈس ئالغان. كېيىنچە، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئوخشاش تۈرلەرمۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى قىلىنىدىغان بولغان. بايرام مەزگىلىدە پوجاڭزا، ساليوت ئاتىدىغان ئادەت بىخەتەرلىك مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا مۇستەقىللىق كۈنى خاتىرىلەنگەندە، ئامېرىكا تەۋەسىدىكى ھەممىۋا چوڭ ـ كىچىك چېركاۋلار قوڭغۇراق چېلىپ، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. بۇ كۈندە ئەڭ ئاۋۋال فىلادېلفىيە شەھىرىدە قوڭغۇراق چېلىنىدۇ، كىشىلەر ئىستىخىيىلىك رەۋىشتە ناما-

يىش ئۆتكۈزۈپ، كوچا ئايلىنىدۇ. بەزىلەر ئاتقا مىنىپ، بۇرۇنقى چاغلاردىكى پوپلارنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىۋالىدۇ. بەزىلەر ئۆتكەن كۈنلەردىكى خېنىملاردەك كىيىنىپ، ئات هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ نامايىشقا قاتنىشىدۇ. هەر خىل سىياسەتۋازلار بايرام پۇرسىتىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، سايلام نۇتقى سۆزلەيدۇ. مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمىدۇ.

**2. دۆلەت بايرىقى خاتىرە كۈنى:**

1776 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنى ئامېرىكىنىڭ تۇنجى دۆلەت بايرىقىنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزگەن. بۇ كۈن بارا ـ بارا دۆلەت بايرىقى خاتىرە كۈنى قاتارىدا خاتىرىلىنىدىغان بولغان. هەر يىلى خاتىرە كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ كېتىدۇ، مەملىكەت خاراكتېرلىك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، دۆلەت بايرىقىغا هۆرمەت بىلدۈرۈلىدۇ.

ئامېرىكىدا تۇنجى قېتىملىق ئەڭ زور كۆلەمدىكى دۆلەت بايرىقى خاتىرە كۈنى دۆلەت بايرىقى رەسمىي قارارىدىن ئۆتكۈزۈلگىنىگە 100 يىل توشقان 1876 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، نۇرغۇن هۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەر هەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ تەشەببۇس ناهايىتى تېزدىنلا قوللاشقا ئېرىشكەن. 1893 ـ يىلى فىلادېلفىيە شەهىرى تۇنجى بولۇپ 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۆلەت بايرىقى خاتىرە كۈنى دەپ ئېتىراپ قىلغان. 1897 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىمۇ بۇ خاتىرە كۈنىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە بۇ كۈنى هەممە ئىمارەتلەرگە دۆلەت بايرىقىنى ئاسقان. شۇنداق قىلىپ، 1949 ـ يىلى هەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ


كۈننى ئامېرىكا دۆلەت بايرىقى خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللانغان.

### 3. كولومبو خاتىرە كۈنى:

ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ ھەپتىسىنىڭ دۈشەنبە كۈنى كولومبو خاتىرە كۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق، كولومبونىڭ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قەدەم باسقان كۈنى خاتىرىلىنىدۇ.

كرىستوفور كولومبو ئىتالىيىنىڭ گېنويە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىلا بىر دېڭىزچى بولۇپ، يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىشقا ئىرادە تىكلىگەن. 19 ياشقا كىرگەندە، ئاكىسى بىلەن بىللە پورتۇگالىيىدىكى لىسبون شەھىرىگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. ئۇ چاغدا پورتۇگالىيە ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ھىندىستانغا بېرىش تەرەددۇتىدا يۈرەتتى. ئەمما، كولومبو ئافرىقىدىن ئەگىپ ئۆتمىسىمۇ، غەربكە قاراپ

مېھمانخانىدىكى مىلاد بايرىمى مەنزىرىسى



مېكسىكىغا كەلگەندە ھىندىستانغا بارغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

1492 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 41 ياشقا كىرگەن كولومبو ئا-خىر ئىسپانىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابىتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن، 120 دېڭىزچى ئولتۇرغان ئۈچ كېمىنى باشلاپ ئىسپانىيىدىن ئايرىلغان ۋە داۋاملىق غەربكە قاراپ ئۈزۈپ كەت-كەن. 1492 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 30 نەچچە كۈن-لۈك سەپەردىن كېيىن، ئاخىر شىمالىي ئامېرىكىدىكى باھاما تاقىم ئاراللىرى ئارىسىدىكى سان سالۋادور ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا يەنە ئۈچ قېتىم سەپەر قىلىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. كولومبو ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تاپقان غەربلىك بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، ئۇ تا ئۆلگۈچە ئامېرىكا قىتئەسىنى ھىندىستان دەپ تۇرۇۋالغان، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىنىڭ نامىمۇ ما-نا شۇنىڭدىن كەلگەن.

ئامېرىكا 1792 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن كولومبونى خاتىرى-لەشنى باشلىغان. ئۇ چاغ كولومبونىڭ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى بايقىغىنىغا 300 يىل تولغان ۋاقىت بولۇپ، نيۇيورك شەھىرى-دە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. ھەر يىلىنىڭ مۇشۇ كۈنىدە ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن شتاتلىرى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزىدۇ. چېركاۋلاردا دۇئا ئوقۇلىدۇ، مەكتەپلەرمۇ ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، بۇ خاتىرە كۈننى تەبرىكلەيدۇ. كا-نادانىڭ بىر قىسىم ئۆلكىلىرىدە، ئىتالىيە ۋە بەزى لاتىن ئا-مېرىكىسى ئەللىرىدىمۇ بۇ بايرام تەبرىكلىنىدۇ.

**4. ۋاشىنگتون تەۋەللۇت بايرىمى:**

گىئورگى ۋاشىنگتون 1732 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ۋىرگىنىيە شتاتىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئا-

مېرىكىنىڭ مۇھىم تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە رول ئوينىغان بۇيۇك سىياسەتۋاز ھەم ھەربىي ئالىمى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ۋاشىنگتون چوڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ سايلانغان ۋە مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلققە باشچىلىق قىلىپ، ئەنگلىيە تەسلىم بولغانغا قەدەر قانلىق جەڭ ئېلىپ بارغان.

1789 - يىلى ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان، زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان مەزگىل ئىچىدە يېڭى دۇنياغا كەلگەن دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملەنىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

1797 - يىلى ۋاشىنگتون 3 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلىپ، خىزمەتتىن چېكىنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ئۇچۇن ئىچكى كابىنېت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ بەرگەن. ئۈمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلار ۋاشىنگتوننى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇرغۇچىسى، تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ، مەشھۇر ھەربىي ئالىم سۈپىتىدە خاتىرىلەيدۇ. ئامېرىكا مۇستەقىل بولماستا، كىشىلەر ھەر يىلى ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىگەن. مۇستەقىللىق جاكارلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكىلىقلار گېنېرال ۋاشىنگتوننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان بولغان. بۇ ئادەت 1778 - يىلىدىن باشلانغان، ھازىر ۋاشىنگتوننىڭ تەۋەللۇت كۈنى فېدېراتسىيىدىكى ھەرقايسى شتاتلارنىڭ قانۇنلۇق دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى شتاتلار تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، زىياپەت بېرىدۇ، گىلاس قوتۇرمىچى يەيدۇ، باللار قەغەز پالتا ياساپ

ئوينايدۇ. بۇ ئارقىلىق، ۋاشىنگتونىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا پالتا بىلەن گىلاس دەرىخىنى كېسىپ قويغاندىن كېيىن دادىسى ئالدىدا ئۆز خاتالىقىنى بويىنىغا ئالغانلىقىدىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقى مەدھىيىلىنىدۇ.

**5. لىنكولن تەۋەللۇت خاتىرە كۈنى:**

ئابراھام لىنكولن ئامېرىكىنىڭ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ رەھبىرى، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان زات، شۇنداقلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس.

لىنكولن 1809 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېنتوككى شتاتىدا ئادەتتىكى پۇقرا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالا ۋاقتىدا ئاران بىر يىللا ئوقۇيالىغان، دېھقانچىلىق قىلغان، كىچىك دۇكاندا مال ساتقان، كېيىنچە پوچتىخانىدا ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، قانداقلا ئىشنى قىلمىسۇن، ئۆزلۈكسىدىن ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئادۋوكات بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

1834 - يىلى لىنكولن ئىللىنوئىس شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان. 1847 - يىلى ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئۆز ۋاقتىدا، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى نېگىرلارنى قۇل قىلىدىغان قۇلدارلىق تۈزۈمى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ توسقۇن بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. نېگىر قۇللار ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ تەرەپ - تەرەپتە قاتراپ يۈرۈپ، قۇلدارلىق تۈزۈمگە قارشى نۇتۇق سۆزلىگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئامېرىكىدىكى سىياسىي كۈچلەر ئىچىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم شەخسكە ئايلانغان. 1860 - يىلى لىنكولن ئامېرىكىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلانغان. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە شتات جە-

نۆب بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەپ، ئامېرىكىنى بۆلۈپ تاشلاش قەستىدە يۈرەتتى. شۇ چاغدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قارار ماقۇللاپ، فېدېراتسىيىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان. شۇنداق قىلىپ، 1861 - يىلى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى پارتلىغان. 1863 - يىلى 1 - ئايدا لىنكولن «ھۆرلۈك خىتابنامىسى» نى جاكارلاپ، ئامېرىكىدىكى بارلىق نېگىر قۇللارغا قانۇنىي جەھەتتىن ھۆرلۈك بەرگەن. 1865 - يىلى تۆت يىللىق ئىچكى ئۇرۇش ئاخىر ئاخىرلاشقان، لىنكولن باشچىلىقىدىكى شىمال تەرەپ غەلىبە قىلغان. 1865 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى لىنكولن فورت تىياتىرخانىسىدا ئويۇن كۆرۈۋاتقاندا غالجىرلاشقان جەنۇب قۇلدارلىرىنىڭ قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. لىنكولن ئۆلۈپ كەتكەندە 65 ياشتا ئىدى.

**6. ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر بايرىمى:**

1918 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، 1919 - يىلى مۇشۇ كۈن ئۇرۇش توختىتىش خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئامېرىكىلىقلار ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە بىر قاتار خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان.

1954 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئېيزىنخاۋېر پارلامېنت قانۇنىنى ئىمزالاپ تارقىتىپ، ئۇرۇش توختىتىش خاتىرە كۈنىنى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر بايرىمى قىلىپ ئۆزگەرتىش، خاتىرىلەش مەنىسىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن جەڭچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە قەدەر كېڭەيتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن.

ھەر يىلى مۇشۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋە ھەرقايسى شتاتلارنىڭ شتات باشلىقلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن جەڭچىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان-لىقىنى جاكارلايدۇ. ھەربىي تۇغ ھەممە يەرنى قاپلايدۇ. ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن جەڭچىلەر كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىد-لىدۇ، ۋاشىنگتوندىكى دۆلەتلىك نامسىز جەڭچىلەر قەبرىسى ئالدىدا ھەر خىل خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

**7. ئۇرۇشتا قازا قىلغانلار خاتىرە كۈنى:**

ئۇرۇشتا قازا قىلغانلار خاتىرە كۈنى ئامېرىكىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك شتاتلاردا خاتىرىلىنىدىغان بىر خاتىرە كۈن. ئەس-لىدە بۇ خاتىرە كۈن ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بو-لۇپ، 1971 ـ يىلىدىن كېيىن، فېدېراتسىيە ھۆكۈمەت خادىم-لىرىنىڭ بۇ بىر خاتىرە كۈندىن بەھرىلىنىشى ئۈچۈن، كۆپ-لىگەن شتاتلار بۇ خاتىرە كۈننى ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر دۈشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈشكە ئۆزگەرتكەن.

ئامېرىكىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سان ـ ساناقسىز جەڭچىلەر ئۇرۇش مەيدانىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جەنۇبتىكى نۇرغۇن ئائىلىلەر ئۆلۈپ كەتكەن كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئۈچۈن ھازا ئاچقان. ھەر يىلى ئەتىياز كەلگەندە، جەنۇب ـ شىمال دەپ ئايرىماي، ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ قەبرىسىگە گۈل قويغان. بۇنىڭدىن تە-سىرلەنگەن شىماللىقلار بۇنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىمۋولى دەپ قاراشقان. ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى-نىڭ قوماندانى جون A. روگىن بۇ خىل ئەھۋالغا ماسلىشىپ، ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈننى «ۋەتەننى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان جەڭچىلەرگە گۈل تەقدىم قىلىش» كۈنى قىلىش

توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرگەن.

ھەر يىلى ئۆرۈشتا قازا قىلغانلار خاتىرە كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ئامېرىكا ھەربىيلىرى ۋە پېشقەدەم كونا ئەسكەرلەر ھەرقايسى قەبرىستانلىقلارغا قاراپ يول ئالىدۇ، ئوق ئېتىپ، قۇربان بولغانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

**8. ئەمگەكچىلەر بايرىمى:**

ئەمگەكچىلەر بايرىمى ئامېرىكىدىكى مەملىكەت خاراكتېر-لىك بىر بايرام. بۇ بايرام ھەر يىلى 9 - ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈندە، ھەر خىل داغدۇغىلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئەمگەكچى ئىشچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدۇ.

1882 - يىلى ئامېرىكا ياغاچچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پېتىر مەيكور ئەمگەكچىلەر بايرىمى تەسىس قىلىشنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا بىر كۈن دەم ئېلىش بې-رىش، ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئەمگەك-چىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان. 1884 - يىلى-غا كەلگەندە ئامېرىكا ئەمگەكچىلەر كالوننىسى قارار چىقىرىپ، ھەر يىللىق ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تەبرىك-لەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1887 - يىلى 2 - ئايدا ئورېگون شتاتى تۇنجى بولۇپ قارار ماقۇللاپ، ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى قانۇنلۇق بايرام دەپ جاكارلىغان. 1894 - يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى مەملىكەت خاراكتېرلىك بايرام دەپ قارار چىقارغان.

**9. كۆچەت تىكىش بايرىمى:**

كۆچەت تىكىش بايرىمى ھەرقايسى شتاتلار تەرىپىدىن بەل-گىلىنىدىغان، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ۋاقتى بول-مىغان بايرام. ئەمما، ھەر يىلى 4 - ۋە 5 - ئايلاردا ئامېرىكى-

ىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرى كۆچەت تىكىش بايرىمى پائالىيەتلە-
رىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ھەرقايسى
قاتلام كىشىلىرى كۆچەت تىكىش قوشۇنىنى تەشكىللەپ، كۆ-
چەت تىكىدۇ.

كۆچەت تىكىش بايرىمى ئەڭ دەسلەپ نېبراسكا شتاتىدا باشلانغان. 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، نېبراسكا شتاتى بىر پارچە قاقاسلىق بولۇپ، زېمىنى قۇرغاق، دەرەخلىرى ئاز ئىدى. شامال چىقسىلا پۈتۈن شتات قۇم ئىچىگە غەرق بولاتتى. 1872 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئاگرونومى سېتلىن ھوردۇن نېبراسكا شتاتىدا كۆچەت تىكىش بايرىمى تەسىس قىلىش تەك-لىپىنى بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى شتاتلىق يېزا ئىگىلىكى ئىدارىسى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا شتات باشلى-قىنىڭ ئىمزالىشى بىلەن ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپتى-سىدە كېلىدىغان چارشەنبە كۈنىنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى نەچچە مىليون تۈپ كۆچەت تىكىلگەن. 16 يىل ئىچىدە 100 مىڭ گېكتار قاقاسلىق يەر كۆجۈم ئورمانلىققا ئايلانغان. كېيىنچە بۇ بايرام باشقا شتاتلاردىمۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان.

**10. تەشەككۈر بايرىمى:**

ھەر يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاي ئاخىرقى ھەپتىسىدە كېلىدى-غان پەيشەنبە كۈنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەشەككۈر بايرىمى. بۇ بايرام ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئائىلىۋى جەم بولۇش بايرىمى.

1620 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيىدە دىنىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 102 نەپەر مۇخلىس «ماي گۈلى» ناملىق كېمە بىلەن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا يېتىپ كەلگەن ۋە نۇرغۇن ئەگرى ـ تو-قايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، پلىمۇس دېگەن

جايغا كېلىپ لەڭگەر تاشلىغان. ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان بىر بېلىقچىلىق پورتىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن. قىرغاققا چىد-قىپ كۆزەتكەندە كۆزەتكۈچىلەرنىڭ كۆزىگە مەھسۇلاتى يىغىۋې-لىنغان قوناق ئېتىزى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېلىققان. بىراق، ئۇلار بۇ يەردىن بىرمۇ ئادەمنى تاپالمىغان. بۇ يەر ئەس-لىدە، ئىندىئانلارنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، تېخى يېقىندىلا تار-قالغان يۇقۇملۇق چېچەك كېسىلى ھەممە ئىندىئانلارنىڭ جې-نىنى ئەكەتكەنىكەن. مانا بۇ يەر ئەنگلىيە كۆچمەنلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۇرالغۇسى بولۇپ قالغان.

بۇ كۆچمەنلەر 1620 - ۋە 1621 - يىلى ئارىسىدىكى قەھرىتان قىشتا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. قار ئۇچۇپ تۇرغان بۇ قىشنى ئاددىي كەپىلەردە ئۆت-كۈزگەن. يېمەكلىكنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبلىك، پەقەت 50 نەپچە كۆچمەنلا بۇ قىشتىن سالامەت ئۆ-تۇپ كېتەلىگەن.

كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا پلىكمۇستىكى بۇ كۆچمەنلەر كۇنتو دەيدىغان بىر ئىندىئان بىلەن تونۇشۇپ قالغان. كۇنتو بۇ كۆچمەنلەرگە دوستانە مۇئامىلىدە بولغان ۋە ئۆزى تەۋە قە-بىلىنىڭ قەبىلە باشلىقى ماسساسۇدنى كۆچمەنلەرگە تونۇشتۇر-غان. ماسساسۇد كۆچمەنلەرنى قىزغىن قارشى ئالغان، ئۇلارغا سوۋغا تەقدىم قىلغان، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ئۇلارغا ئوۋ قىلىشنى، بېلىق تۇتۇشنى ۋە قوناق، كاۋا، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىشنى ئۆگىتىپ قويغان. ئىندىئانلارنىڭ ياردى-مى بىلەن بۇ كۆچمەنلەر تېرىغانلىرىدىن مول ھوسۇل ئالغان، مول ھوسۇل خۇشاللىقىدا ئەنئەنىۋى دىنىي ئادەت بويىچە خۇدانىڭ ئۆزىگە مول مەھسۇلات ئاتا قىلغىنىغا تەشەككۇر بىل-

دورگەن، قوشنا ئىندىئانلارنىمۇ بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. ئىندىئانلار ئۆز كۆڭلىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كۆچمەنلەرگە بەش بۇغا تەقدىم قىلغان. تەشەككۈر بايرىمى ئۆتكۈزۈش مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا ئۇدۇم بولۇپ قالغان.

**11. مىلاد بايرىمى:**

مىلاد بايرىمى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەڭ كاتتا بايرىمى. ھەر يىلى 12 — ئاينىڭ 25 — كۈنى بۇ بايرام زور تەنتەنە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مىلاد بايرىمى خرىستىئان مۇخلىسلىرى خرىستوس ئىسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان بايرام. ئىسا زادى قاچان دۇنياغا كەلگەن دېگەن سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەمما، بۇ بايرام مىلادىيە 354 — يىلى رىم خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بايرام.

ئىسا كېچىدە تۇغۇلغان دېگەن پەتىۋاغا ئاساسەن، مىلاد بايرىمى 12 — ئاينىڭ 24 — كۈنى كېچىدە باشلىنىدۇ، يېرىم كېچىدە بايرام كەيپىياتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. بۇ كېچە ھەم مىلاد كېچىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

مىلاد كېچىسى خۇشاللىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن بىر كېچە ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىلىقلار بايراملىق پائالىيەتلىرىنى تا تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ. تاڭ سەھەردە، كىشىلەر بايرام مۇناسىۋەتى بىلەن بىر — بىرىنى تەبرىكلىشىدۇ. كۈندۈزى كوچا — كوچىلاردا ھەر خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى قىزىپ كېتىدۇ.

**12. يېڭى يىل بايرىمى:**

يېڭى يىل بايرىمى ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدا بىرلا ۋاقىتتا تەبرىكلىنىدىغان مۇھىم بايراملاردىن بىرى. ئەمما، ئامېرىكىدا يېڭى يىل بايرىمى تەشەككۈر بايرىمى ۋە مىلاد

بايرىمچىلىك داغدۇغا پەيدا قىلمايدۇ.

ئامېرىكىلىقلار يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەندە، تەبرىكلەش پا-ئالىيىتى هارپا ئاخشىمى ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ. هارپا كېچىسى ئامېرىكىدىكى بارلىق چېركاۋلاردا داغدۇغىلىق دۇئا - تىلاۋەت يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كىشىلەر چېركاۋلارغا، كوچىلاردىكى مەيدانلارغا توپلىشىپ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلى-دۇ. دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدۇ، ئۆزئارا بەخت تىلىشىدۇ، ئۆت-كۈزگەن گۇناهلىرىغا تۆۋا - ئىستىغپار ئېيتىدۇ. شۇنداق قى-لىپ كونا يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالىدۇ. تەڭ كېچە سائەت 12 بولغاندا، بارلىق چېركاۋلار قوڭغۇراق چالىدۇ، ئور-كېستىر ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدىغان «سىزگە ئاقيول تىلەيمەن» دېگەن مۇزىكىنى ئورۇندايدۇ. مۇزىكا ساداسى ئىچىدە هاياجانلان-غان كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كېتىدۇ، تو-نۇشمايدىغان كىشىلەرمۇ بىر - بىرى بىلەن سۆيۈشىدۇ. تاڭ ئاتاي دېگەندە كىشىلەر ئەكەلگەن كونا كىيىملىرىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن كونىنى ئۇزىتىپ، يې-ڭىنى كۈتۈۋالغان بولىدۇ.

**13. پاسخا بايرىمى:**

پاسخا بايرىمى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىسانىڭ قاي-تا تىرىلىشىنى خاتىرىلەيدىغان بىر بايرىمى. هەر يىلى ئەتىياز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئاي تولغاندىن كېيىنكى تۇنجى يەكشەنبە كۈنى پاسخا بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

پاسخا بايرىمى نۇرغۇن ئەنئەنىۋى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بىلەن قۇتلۇقلىنىدۇ. تۇخۇم بولسا پاسخا بايرىمىنىڭ تىپىك سىمۋولى. قەدىمكى كىشىلەر تۇخۇمنى كۆپ بالا - چاقىلىق بولۇش ۋە قايتا تىرىلىشنىڭ تىمسالى دەپ قارىغان. تۇخۇمنى

يېڭى هاياتلىققا ھامىلدار دەپ ئىشەنگەن. كېيىنچە، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى تۇخۇمغا يېڭى مەنە بېرىپ، ئۇنى ئىسانىڭ قەبرىسىنىڭ تىمسالى، كەلگۈسىدىكى ھاياتلىق تۇخۇم ئىچىدىن چىقىدۇ دەپ ھېسابلىغان. پاسخا بايرىمىدا كىشىلەر تۇخۇمنى قىزىل رەڭدە بوياپ، ئۇنى ئىسا تالاپەتكە ئۇچرىغان چاغدا ئاققان قىزىل قانغا تەققاس قىلىدۇ.

توشقانمۇ پاسخا بايرىمىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. توشقانىنىڭ كۆپىيىشى تېز بولغاچقا، ئۇنى يېڭى ھاياتلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ بىلىدۇ.

پاسخا بايرىمىدا ئاساسلىقى قوي گۆشى ۋە چوشقا سېنى يېيىلىدۇ.

**14. ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى:**

ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى غەربلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى، ئۇنىڭ تارىخىمۇ خېلى ئۇزاققا تاقىلىدۇ. قەدىمكى رىملىقلارنىڭ پادىچى مۇئەككىلى بايرىمى دەل ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى بولغان. بۇ كۈندە قىز ـ يىگىتلەر بىر يەرگە جەم بولىدۇ، قىزلار مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان تەبرىكنامىسىنى بىر ياغاچ سوغا ئىچىگە تاشلايدۇ، يىگىتلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، ياغاچ سوغىدىكى تەبرىكنامىلەرنى ئېلىشىدۇ. ئۇلار كىمنىڭ تەبرىكنامىسىنى ئالسا، شۇ قىز شۇ يىگىتنىڭ سۆيگىنى بولۇپ قالىدۇ.

كاتولىك دىنى روناق تاپقان چاغلاردا، دىنىي جەمئىيەت بۇنداق بايرام ئادىتىنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان. ئەمما، بۇ بايرام ياشلارنىڭ كۆڭلىگە ياققاچقا، ئۆز يولى بىلەن داۋاملىشىۋەرگەن. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، دىنىي جەمئىيەت داھىيلىرى بۇ بايرامنى كاتولىك دىنى بىلەن بىرلەشتۈرمەكچى

بولغان، بۇ بايرامغا كاتولىك دىنى ئۇچۇن قۇربان بەرگەن ۋالىنتىننىڭ نامى بىلەن يېگىمۋاشتىن نام بېرىپ، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بايرام ئۆتكۈزۈشنى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈشكە ئۆزگەرتكەن.

**15. ئالۋاستى بايرىمى هارپىسى:**

ئالۋاستى بايرىمى غەربلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى. ئالۋاستى بايرىمىنىڭ هارپىسى — هەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كېچىسى بالىلارنىڭ ئەڭ خۇشال بولىدىغان پەيتى. هارپا كېچىسى بالىلارنىڭ نەزىرىدە سىرلارغا تولغان بايرام بولۇپ هېسابلىنىدۇ. شۇ كېچىسى بالىلار رەڭمۇرەڭ قۇراق كىيىملەرنى كىيىپ، خىلمۇخىل نىقابلارنى تاقاپ، «جېك چىرىغى» دېيىلىدىغان بىر خىل چىراغنى كۆتۈرۈپ قوشنىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارىدۇ. «چاقچاققا تۇرامسىز ياكى كۈتۈۋېلىشقىمۇ» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرايدۇ. ئەگەر مەلۇم كىشى ئۇلارغا كەمپۇت، پۇل بېرىپ كۈتۈۋالمىسا، ئۇلار ئىشىك تۇتقۇچىغا سوپۇن سۈركەپ قويىدۇ ياكى مۇشۇكنى رەڭمۇرەڭ بوياق بىلەن بوياپ تاشلايدۇ. ئەلۋەتتە، كۆپ سانلىق ئائىلىلەر بۇ كىچىك مېهمانلارنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. تاڭ ئاتقاندا بۇ كىچىك مېهمانلار قورسىقى تومپايغان، يانچۇقى تولغان هالدا ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ.

**16. ساينت پاترىك بايرىمى:**

هەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مىسسىئونېر ساينت پاترىكنى خاتىرىلەش بايرىمى. بۇ بايرام مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ئېرلاندىيىدە پەيدا بولغان. ئامېرىكىدا 1737 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن بۇ بايرام تەبرىكلىنىدىغان بولغان.

ساينت پاترىك بىر مىسسىئونېر بولۇپ، مىلادىيە 432 ـ

يىلى پاپا تەرىپىدىن ئىرلاندىيىگە كاتولىك دىنىنى تارقىتىشقا ئەۋەتىلگەن. قىرغاققا چىقىشىغىلا غەزەپلەنگەن غەيرىي دىن مۇخلىسلىرى ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ئەمما، ساينت پاترىك ھېچ نەرسىدىن قورقمىغان ھالدا ئۆز دىنىنى تەرغىب قىلىۋەرگەن. ئۇنىڭ ئېيتقان ۋەزلىرى ئىرلاندىيىلىكلەرنى تەسىرلەندۈرگەن. ئۇلار ساينت پاترىكنىڭ چوقۇندۇرۇشىنى قوبۇل قىلغان. مىلادىيە 493 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ساينت پاترىك ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىرلاندىيىلىكلەر ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ كۈننى ساينت پاترىك بايرىمى قىلىۋېلىشقان.

1737 ـ يىلى بۇ بۆلەك ئىرلاندىيە مۆتىۋەرلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرىگە يىغىلىپ، ساينت پاترىكقا سېغىنغان ۋە ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ خەير ـ ئېھسان جەمئىيىتىنى قۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، فىلادېلفىيە، چىكاگو، نيۇيورك قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ساينت پاترىكنىڭ نامىغا ئاتالغان جەمئىيەتلەر قۇرۇلغان.

ساينت پاترىك بايرىمى كۈنى، ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە نامايىش ئۆتكۈزۈش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش، جامائەتكە كەچلىك تاماق بېرىش ئۇسۇلى بىلەن بۇ بايرامنى خاتىرىلەيدۇ.

**17. ئالداش بايرىمى:**

ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غەربلىكلەرنىڭ، شۇنداقلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى — ئالداش بايرىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئالداش بايرىمى» ئەڭ بۇرۇن فرانسىيىدە دۇنياغا كەلگەن.

فرانسىيە 1564 ـ يىلى ئىسلاھ قىلىنغان يېڭى كالېندار — گېرىگورى كالېندارىنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلغان، 1 ـ ئاي-

نىڭ 1 ـ كۈننى يىل بېشى دەپ بېكىتكەن. بىراق، كونىلىقـ
نى ياقىلىغۇچى بەزى كىشىلەر بۇ ئىسلاھاتقا قارشى چىققان،
كونا كالېندارنى جاھىللارچە قوللىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈ-
ننى يىل بېشى دەپ قارىغان، ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشىپ،
يېڭى يىلنى مۇبارەكلەۋەرگەن. ئىسلاھاتنى ياقىلىغۇچىلار كونىـ
لىققا يېپىشىۋالغۇچىلارنى ئەخمەق قىلىش نىيىتىگە كەلگەن،
ئۇلار ئارىسىدىكى قىزىقچىلار ئۇلارغا ساختا سوۋغات تەقدىم
قىلىپ، ساختا زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 4 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆزئارا يالغان سوۋغا تەقدىم قىلىشىدىغان
بۇ ئادەت فرانسىيىدە تارقىلىپ كەتكەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشـ
لىرىدا، بۇ ئادەت ئەنگلىيىگە تارقالغان، ئارقىدىنلا دەسلەپكى
مەزگىللەردىكى ئەنگلىيىلىك كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ئامېرىكىغا
ئەكېلىنگەن.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى ئالداش بايرىمىدا، كىشىلەر
ھەر خىل ساختا نەرسىلەر بىلەن بىر ـ بىرىنى ئەخمەق قىلىـ
شىپ، كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. باللار چوڭلارنى ئالدايدۇ، ئۆزئارا
ئالدىشىدۇ.

**18. ئانىلار بايرىمى:**

ئامېرىكىدا ئانىلار بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش 1907 ـ يىلى 5 ـ
ئايدا باشلانغان. ئانىلار بايرىمىنى تەسىس قىلىشنى فىلادېلفىـ
يىلىك ئاننا دېگەن بىر ئايال دەسلەپ تەشەببۇس قىلغان.

1911 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئانىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پاـ
ئالىيەتلىرى كەڭ ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. بۇ بايرام پەقەت ئاـ
مېرىكىدىلا ئەمەس، كانادا، مېكسىكا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى
بەزى دۆلەتلەردىمۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. 1912 ـ يىلى ئاـ
مېرىكىدا ئانىلار بايرىمى خەلقئارالىق جەمئىيىتى قۇرۇلغان.

1913 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، زۇڭتۇڭ ۋە بارلىق كابىنېت ئەزالىرىنى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئانىلار بايرىمى كۈنى ئاق گۈل تاقاشقا چاقىرغان. 1914 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى 5 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى يەكشەنبىسىنى ئانىلار بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن.


ئانىلار بايرىمى كۈنى ئامېرىكىلىقلار ئاماللارنى قىلىپ ئانىلىرىنى خۇشال قىلىشقا، ئانىلىرىنىڭ بىر يىل ئىچىدە چەككەن جاپالىرىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئادەتتىكى ئاددىي ئۇسۇل، ئانىلارغا بايراملىق كارتا ۋە سوۋغات يوللاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ كۈنى ئانىلار يەنە بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە بالىلىرىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ گۈلدەستىلىرىنى، قەنت ـ گېزەكلىرىنى، كىتاب ۋە باشقا سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئانىلار بىر كۈنلۈك ئېغىر ئائىلە ئەمگىكىدىن ئازاد قىلىنىدۇ، ئۇ قىلىدىغان ئىشلارنى بالىلىرى ۋە ئېرى ئورۇندايدۇ.

**19 . ئاتىلار بايرىمى:**

كىشىلەر ئانىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش بىلەن بىللە، ئاتىلارنىڭ تۆھپىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. بەزىلەر 1909 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئاتىلار بايرىمىنى تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇنداق تەكلىپنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا تاشلىغان كىشى ۋاشىنگتونلۇق بىر ئايال ئىكەن. ئەسلىدە، بۇ ئايالنىڭ ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاتىسى بالىلارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئىشىنى ئۆزى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئالغانىكەن. 1909 ـ يىلى ئۇ ئاتىسىنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرماقچى بولغان، شۇنداقلا ئۇ بارلىق ئاتىلارنىڭ

ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى ھېسابقا ئې-
لىپ، شۇ يەردىكى بىر دىنىي زاتلار جەمئىيىتىگە خەت يازغان،
ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ ئۇچىنچى يەكشەنبىسىنى ئاتىلار بايرىمى
قىلىپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ جەمئىيەت بۇ تەلەپنى
ئەزالار كېڭەشىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ ماقۇللۇقتىن ئۆت-
كۈزگەن. شۇنداق قىلىپ كىشىلەر 1910 - يىلى 6 - ئايدا
تۇنجى ئاتىلار بايرىمىنى تەبرىكلىگەن. ئۇ چاغدا ئاتىسى ئالەم-
دىن ئۆتكەن بارلىق پەرزەنتلەر بىر تال ئاق ئەترگۈل تاقىۋال-
غان. ئاتىسى ھايات پەرزەنتلەر بىر تال قىزىل ئەترگۈل تاقى-
غان. مانا بۇ ئادەت تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. 1934 -
يىلى 6 - ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى بىر قارار ماقۇللاپ، ھەر
يىلى 6 - ئاينىڭ ئۇچىنچى يەكشەنبىسىنى ئاتىلار بايرىمى كۈ-
نى دەپ جاكارلىغان.

ئامېرىكىدا ئاتىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۇسۇلى ئانىلار
بايرىمىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ، بىراق ئاتىلارغا قەنت - گېزەك
ئەمەس، سىگارت سوۋغا قىلىنىدۇ.



# ئامېرىكا قالتىس دۆلەت،
# لېكىن ئۇ «جەننەت» ئەمەس

## (مەزكۇر خاتىرەمگە خاتىمە بولۇپ قالسۇن)

ئوقۇرمەنلەر بىلىدۇ، يەتتە دۆلەت سەپىرىدىن كېيىن يې-زىلغان «ساياھەتنامە» ۋە سەككىز دۆلەت تەسىراتىدىن ۋۇجۇد-قا كەلگەن «ياۋروپادا نېمىلەرنى كۆردۈم» دېگەن كىتابلىرىمدا ھەرقانداق بىر دۆلەتنى «قالتىس» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەپ باقمىغانىدىم، ھەتتا تەرەققىيات پەللىسىدە ئامېرىكىغا يانداش-شىپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىگىمۇ بۇ سۈپەتنى ئىشلەتمىگەنىدىم. تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىدە ۋە باشقا تەرەپلىرىدە پەرق يوق دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئىقتىسا-دىي كۈچ جەھەتتە چوڭ دۆلەت بىلەن كىچىك دۆلەتنى سې-لىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چوڭ دېگەننىڭ چوڭلۇقى بار، ئەلۋەتتە.

دەرۋەقە، ئامېرىكىنى «قالتىس» دېدىم. ئۇنى كىشى بې-شىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىم ۋە ئۇنىڭ-ۋېرسال دۆلەت كۈچىگىلا ئەمەس، بەلكى تەرەققىيات قەدىمى-نىڭ تېزلىكىگە، تەكشىلىكىگە قاراپ شۇنداق دېدىم.

1620 ـ يىلىدىكى «ماي گۈلى» كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئا-مېرىكىغا كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ پلىمۇس پورتىغا قەدەم قويغان تۇنجى كۈندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، ئامېرىكا ئاران 380 يىللىق تارىخقا ئىگە بىر «كەنجى ئەل» بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ تارىخىنى مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان 1776 ـ يىلى 7 ـ
ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بولسا، مۇئەللىپ
مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا 223 يىل 5 ئاي 11 كۈن بولىدۇ.
ئادەت بويىچە، ئامېرىكىنى 300 يىللىق تارىخى بار دەپ قارى-
غاندىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ 300 يىل ئىچىدىكى تەرەققىياتى كى-
شىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. پلىمۇس پورتىغا پاناھ ئىزدەپ كەل-
گەن ئاشۇ 102 نەپەر بەختسىز كۆچمەن ئەينى چاغدا ئاق
كۆڭۈل، نامرات ئىندىئانلاردىن قوناق تېرىشنى، بېلىق تۇ-
تۇشنى ئۆگىنىپ، بىچارىلەرچە جان باققان بولسا، ئاشۇ
كۆچمەنلەرنىڭ 380 يىلدىن كېيىنكى ئامەتلىك ئەۋلادلىرى
ھەم كۈچىگە، ھەم ئەقلىگە تايىنىپ، مىللىي دارامەت بويىچە
دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى. باشپاناھى ئىن-
دىئانلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىندىئانلاردىنمۇ باياشاتراق ياشاي-
دىغان ئۇششاق مىللەتلەرنىمۇ قولىغا قارىتالايدىغان، ھېچنې-
مىدىن تەپ تارتماي، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلالايدىغان دەرى-
جىگە يەتتى.

دۇرۇس، لىللا گەپ قىلغاندا، ئامېرىكىلىقلار مۇشۇ ھالغا
يەتكۈچىلىك كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشىنىڭ، مۇستەملىكىچىلەر-
نىڭ دەردىنى تازا تارتتى. مۇستەقىللىق ۋە دۆلەت قۇرۇش يو-
لىدا تېگىشلىك قۇربانلارنى بەردى. ئاران بىرقانچە مىليون
ئىندىئان ياشايدىغان، ئىنسان ئايىغى ئاز تەگكەن بۇ كەڭ زې-
مىندا بوز يەر ئاچتى. ئېكىن ئېچىپ پۇل تاپتى، پۇلى بولغاچ
سېتىۋېلىش، قېتىۋېلىش، بېسىۋېلىش يولى بىلەن ئەسلىدى-
كى زېمىنىنى 10 ھەسسە كېڭەيتتى.

ئامېرىكا بوز يەر ئېچىپ، يەر تېرىش بىلەنلا توختاپ

قالمىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا سانائەت ئىنقىلابىنى باشلىۋەتتى. 1870 ـ يىلى بىز كەتمەن ۋە گۇرجەك بىلەن چىرىك چىلىڭ هۆكۈمىتى ئۈچۈن يەر تېرىپ يۈرگەن چاغلاردا، ئۇلارنىڭ سانائەت ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يېزا ئىگىلىك قىممىتىدىن ئېشىپ كەتتى. دېمەك، ئامېرىكا سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى. 1910 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشلىۋەتتى...

ئىندىئانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقنى، نېگىر قۇللارغا يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى، زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنى، نامرات ئىشچىلاردىن ئۇندۇرۇۋالغان پۇل ـ مېلىنى ۋاقتىنچە نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، ئامېرىكىلىقلار هاياتلىق مۇساپىسىدە ئىنتايىن قىسقا هېسابلىنىدىغان 200 يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئىقتىسادىي جەھەتتە يېڭى بىر پەللە يارىتىپ، ئۆزىنىڭ «قالتىس» لىقىنى كۆرسەتتى. ئامېرىكىنىڭ بۇ «قالتىس» لىقى يېزا ئىگىلىكىنى يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى سانائەت ئىشلەپ چىقىرىشقا جەلپ قىلىش يولى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاهالە نىسبىتىنى 28 پىرسەنتكە چۈشۈرۈپ، دېھقان بىلەن ئىشچىنىڭ، يېزا بىلەن شەھەرنىڭ پەرقىنى ئاساسەن يوق قىلىشتىمۇ ئىپادىلەندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى هارپىسىدىكى دەھشەتلىك ئىقتىسادىي بوهران، 1980 ـ يىلىدىن بېرىقى ئىقتىسادىي چوڭ چېكىنىش، پۇل پاخاللىقى، يۇقىرى نىسبەتتىكى ئىشسىزلىق كەبى ئۆتكۈر مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكىدەك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى

ئەڭ كۆچلۈك دۆلەتكە ئايلىنالىغانلىقىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى.

بۈگۈنكى ئامېرىكىدا سانائەتتە مەخسۇسلاشمىغان چوڭ شەھەر يوق، مەيلى چوڭ ۋە مەيلى كىچىك بولسۇن، سانائەت ئاساسى بولمىغان شەھەر يوق. ۋاشىنگتون ۋە لاس ۋېگاستەك سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىنچىلىكى يوق ۋە سانائەت ئاساسى بولمىغان شەھەرلەرنىڭمۇ ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى چىڭ قىلىپ، «تۇتۇنسىز سانائەت» نى يولغا قويۇپ، ئوخشاشلا پۇل تېپىش، قىممەت يارىتىش مەقسىتىگە يېتەلىگەنلىكى بۇ «قالتىس» لىقنىڭ يەنە بىر مىسالى...

بۇ «قالتىس» لىق ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق ياراتتى، «دۆۋە دۆۋىگە يىغىلىپتۇ» دېگەندەك، بۇ بايلىق بايلارنى تېخىمۇ باي، نامراتلارنى تېخىمۇ نامرات قىلىۋەتتى. ئېكسپىلاتاتسىيە، ئىشسىزلىق، نامراتلىق، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش، جىنايەت، ھەل قىلىپ بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر بۇ «قالتىس» لىق بىلەن تەڭ تۇغۇلۇپ، تەڭ چوڭ بولدى.

دەرۋەقە، ئامېرىكىنىڭ گېپى چىقسىلا بەزىلەر ئامېرىكىنىڭ بۇ قالتىسلىقىنى ئەڭ ئاۋۋال كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنى ئاسمىنىدا بىر ئەمەس تۆت قۇياش پارلاپ تۇرغان، ھەممە ئادەم ھۆر ـ غىلمانلاردەك راھەتتە ياشايدىغان، دەريا ئۆستەڭلىرىدە سۈت ـ شەربەت ئاقىدىغان، ئېرىنمەي قول ئۇزاتسىلا كوچا ـ كويدىن پۇل ـ پۇچەك يىغىۋېلىپ، بەگزادىلەردەك يېتىپ يېگىلى بولىدىغان «جەننەت» دەپ قىياس قىلىشىدۇ. شۇ قىياسنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇخلىماي تۇرۇپ «ئامېرىكا چۈشى» كۆرىدىغان ئايرىم كىشىلەرنىڭ 50 مىڭ

يۈەن، ھەتتا 100 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، قانۇنسىز ھالدا ئوكياندىن ئۆتۈپ، ئامېرىكا قىرغاقلىرىغا بېرىۋاتقانلىقىنى، كېمىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلمىگەنلىرىنىڭ ئامېرىكا تۈرمىسىگە قامىلىۋاتقانلىقىنى تېلېۋىزور - رادىئودىن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ھەتتا، بەزىلەرنىڭ بىر ئامال قىلىپ ئامېرىكىغا بېرىۋېلىپ، ئادىمىيلىك ئىززىتىنى يەرگە ئۇرغانلىقى، «جەننەت»تە ئوڭدا يېتىپ، «بىر كېچىدىلا باي بولۇۋالماقچى» بولغانلىقى، ئاخىرىدا كوچىدا قېلىپ، ئادەم كۆرمەيدىغان كۈننى كۆرگەنلىكى گېزىت - ژۇرنال قۇرلىرىدىن ھەممىمىزگە مەلۇم.

خوش، ئامېرىكا جەننەتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟

بۇ سوئالغا مۇجمەل جاۋاب بەرگەندە ئۇ ھەم «جەننەت»، ھەم «جەننەت» ئەمەس. «جەننەت» بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ «جەننەت» نىڭ ئىگىلىرى ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگۈچە ئۇزۇن يىللار پېشانە تەرىنى سىڭدۈرگەن، نۆۋەتتە كەلگەندە جېنىنىمۇ ئايىمىغان. بۇ كىشىلەر ئۆز «جەننەت» ىنىڭ مېۋىسىنى ھەرگىز ئەمگەك سىڭدۈرمەي «ئاسماندىن چۈشكەن» لەرگە ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەرمەيدۇ. ھۆرۈن - ئالىقاپلارغا تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئىسلام قىسسەلىرىدىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئاللا ياراتقان «جەننەت» كە كىرىشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. ئالدى بىلەن بىر ئۆمۈر ساۋابلىق ئىش قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ياخشى پەزىلەت بىلەن ئورۇن ئېلىش كېرەككەن. سوئال - سوراقتىن، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدىغان گەپ ئىكەن. «جەننەت» ئىشىكى يەنە «رىزۋان» دەپ ئاتىلىدىغان پەرىشتىلەر تەرىپىدىن مەھكەم

ساقلىنىدىكەن. ھايات ۋاقتىدا قىلغان ياخشى ئىش ـ ئەمەل ـ لىرى ھېسابىغا «جەننەت» پاراغىتىدىن بەھرىمەن بولۇش شەرتىگە توشمىغانلار «جەننەت»كە كىرگۈزۈلمەيلا قالماي، ئۇ ـ دۇل «دوزاخ» قا يوللىنىدىكەن.

بىلىشىمچە، ئامېرىكا 1923 ـ يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر قانداق نىيەت، قانداق مەقسەتتە كەلگەن قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشىكى ئالدىغا كەل ـ گەنلىكى كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلاتتىكەن. لې ـ كىن، شۇ چاغلاردا ئامېرىكىنىڭ كونا پۇقرالىرى ئارىسىدا بەزى غۇلغۇلىلار پەيدا بولغىلى تۇرۇپتۇ. «تەييارغا ھەييار» بولىدىغانلار كۆپىيىپ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق ـ نىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقىنىدىن بېشى قاتقان ھۆكۈ ـ مەتمۇ 1924 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ، كۆچمەنلەرنىڭ تاللاپ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا قانۇن ئېلان قى ـ لىپتۇ. ئاتالمىش «تاللاپ قوبۇل قىلىنىدىغانلار» دائىرىسىگە ئامېرىكىغا كىرىشكە «شەرتى» توشىدىغان، «قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئامېرىكىغا پايدىسى تېگىدىغان» كۆچمەنلەر كى ـ رىدىكەن. ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش، ئامېرىكىنىڭ رەسمىي پۇقراسىغا ئايلىنىش بۈگۈنمۇ ھەم «جەننەت» ئىشى ـ كىدىن كىرىشتىنمۇ تەس بىر ئىش، بۇنداق ئىش «كۆچمەنلەر قانۇنى» دىكى تەرتىپلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قانۇننىڭ يوچۇقىدىن پايدىلىنىپ، مەلۇم كەس ـ پىي ئالاھىدىلىكى بار كىشىلەرگە ـــ «قولىدىن چوڭ ئىش كېلىدىغان» كۆچمەنلەرگە باشقىچە كۆز بىلەن قارىلىدۇ. ئۇلارغا بىر ئامال قىلىپ يول بېرىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى

مەزگىلىدە، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان يەھۇدىيلارغا كەڭ كۆلەملىك پاناھلىق بېرىلىشىمۇ ئۆز ۋاقتىدا «ئىختىساسلىقلارغا يول بېرىش» رولىنى ئوينىغان. ئامېرىكىنىڭ يەھۇدىيلارغا پاناھلىق بېرىش بىلەن بىللە، نۇرغۇن يەھۇدىي ئالىملىرىغا ئىگە بولۇشى، ئەسلىدە گېرمانىيىدە ياساپ چىقىلىدىغان ئاتوم بومبىسىنىڭ ئامېرىكىدا ياسىلىشىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە كۆچمەنلەر سىياسىتىنىڭ بىر ئىسپاتى.

بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، دەرەخ سايىسىدە يېتىپ «بەڭگىنىڭ خىيالى» نى قىلىدىغان ھۇرۇنلارنى، «شاپتۇل» باغدا پىشسا، «ئوغرىلىغىلى تاغدىن چۈشىدىغان» پۇرسەتپەرەسلەرنى، ئىنسانغا پايدىسى تەگمەيدىغان ساۋاتسىزلارنى ئامېرىكىلىقلارلا ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنداقلار قەدىرسىز ئادەملەر قاتارىدا ئېتىبارسىز قالدۇرۇلسا ئۇلارغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ.

ئامېرىكا پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت. ئۇ يەردە ماددىي نەرسىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي نەرسىلەرگىمۇ تاۋار قاتارىدا «باھا كارتوشكىسى» چاپلانغان. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەمەلدە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تۈسىنى ئالغان. سابىق زۇڭتۇڭلار سۆزلەيدىغان نۇتۇقنىڭمۇ سائەتلىك باھاسى بار، ئىلىم ئەھلى ئىلمىي دوكلات بەرسىمۇ، دوكلات بەرگۈچىنىڭ ئىلمىي دەرىجىسى ۋە ئۇنۋانىغا قاراپ سائەتلىك ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. قىزلارنىڭ ئانىسىغا ياردەملىشىپ، قاچا - قۇچا يۇيۇشۇپ بەرسىمۇ ئانىسىدىن ھەق ئالىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ

بىر مەزگىل تۇرسىمۇ تاماق پۇلى تاپشۇرىدىغانلىقىنى كىتا-
بىمىزدا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

قىسقىسى، ئامېرىكىدا پۇل بولمىسا بىر قەدەممۇ ئىلگى-
رى باسقىلى، بىر كۈنمۇ ئارتۇق ياشىغىلى بولمايدۇ. پۇل
بولمىسا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتىن ئىبارەت قانداشلىق مۇنا-
سىۋەتىمۇ، دوست - بۇرادەرلىك مۇناسىۋەتىمۇ تەسىرگە
ئۇچرايدۇ. نامى ھەركىمگە تونۇشلۇق بولغان نيۇيورك شەھە-
رىنىڭ بىرادۋاي كوچىسىدىكى چىرايىدىن قان قاچقان قەلەن-
دەرلەرنىڭ قولىدىكى قۇرۇق قاچىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىچارە ھا-
لىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى بۇ دۇنياۋى پۇل مۇئامىلە
مەركىزىدىكى پۇلنىڭ كەمچىللىكلىكىنى ۋە پۇلنىڭ كۈچىنى
ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلالايدۇ.

1626 - يىلى ئامېرىكىدىكى گوللاندىيىگە قاراشلىق يې-
ڭى نىدېرلاند ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى 24 ئامېرىكا دوللىرى،
بىر جۈپ ئاياغ، بىر شلەپە، بىر غاڭزا، بىر پىچاق بەدىلىگە
نيۇيوركتىكى يەرلىك ئىندىئانلارنىڭ قولىدىن بۈگۈنكى مان-
خاتتان ئارىلىنى سېتىۋالغان.

قارىغاندا، ئۇ چاغلاردا ئامېرىكا دوللىرىنىڭ خېلى كۈچى
بار ئوخشايدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىدا ئۇنداق
ئەرزان نەرسە يوق، 24 دوللارغا بىر ئارال ئەمەس، ئاران 24
كىلوگرام ئالما سېتىۋالغىلى، ئاشخانىدا تۆت قېتىم قورساق
تويغۇزغىلى بولىدۇ. كەم دېگەندە 25 سېنت تاشلانمىسا، ھەر-
قانداق تېلېفون ئىچىلمايدۇ. بىرەر مۇساپىر تەڭرىنىڭ رەھ-
مى كېلىپ چېگرىدىن كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قوتاز-
دەك ياكى ئۆكۈزدەك كۈچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋاقىت-

لىق ئولتۇراقلىشىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشەلمىسە، بىكارغا ئىشلەيمەن دېسىمۇ ھېچكىم ئىشلەتمەيدۇ. كىمكى قانۇنسىز كۆچمەننى ياللاپ ئىشلەتسە ئۇ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغان بولىدۇ. 3000 دوللار (خەلق پۇلى ھېسابىدا 25000 يۈەن) جەرىمانە تۆلىگەندىن تاشقىرى، يەنە بەزى ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقىدۇ. سايلانغۇچى بولسا، نامزاتلىق نامىغا داغ چۈشىدۇ، ئەمەلدار بولسا، ئابرۇيىغا دەز كېتىدۇ...

ئامېرىكا ئەلۋەتتە ئامېرىكىغا بېرىپ بىلىم ئالغۇچىلار-نىڭ كۆڭۈلدىكىدەك جايى، ئوقۇغۇچىنىڭ رەسمىيىتى قانۇنغا ئۇيغۇن بولسا ۋە ئوقۇش خىراجىتى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە بولسا ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئې-رىشكىلى بولىدۇ. ئامېرىكىمۇ بۇنى قارشى ئالىدۇ. بۇ شەخس-كىمۇ، دۆلەتكىمۇ پايدىلىق بولغان بىر ئىش. بىراق، ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئۇچۇن خېلى جىق پۇل كېتىدۇ، جەمئىيەت ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئامې-رىكىغا بېرىپ ئوقۇغان ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ «جەننەت» توغرىسىدىكى تەسىراتلىرى تېخىمۇ بىۋاستە ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر. بولۇپمۇ، ئامېرىكىنى «پۇل چېچىلىپ ياتىدىغان» ۋە ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان «جەننەت» دەپ ھېسابلاپ، «ئۆ-زىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان» ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ يەردە دۈچ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

قىسقىسى، «جەننەت» بولسۇن ياكى «دوزاخ» بولسۇن، باشقىلارنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى باشقىلارنىڭ ئۆزى ياراتقان. ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ھەۋەس قىلىش قەدىر - قىممەتنى سۇن-دۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەسەت قىلىش، روشەنكى، قىزىل كۆزلۈك

بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋېلىشنى كۆزلەش شەكلى ئۆزگەرگەن «رىزقى تاجاۋۇزچىلىق» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنى قەدىرلەيدۇ. ئىرادە تىكلىگەن ئادەم باشقىلار قىلغاننى قىلالايدۇ، ئۆز يۇرتىدىمۇ ھەقىقىي «جەننەت» نى بەرپا قىلالايدۇ. يەنە بىر تەكرارلاي:

ئامېرىكا قالتىس دۆلەت، لېكىن ئۇ «جەننەت» ئەمەس!

(21 ـ ئەسىرنىڭ ھارپا ئاخشىمى. ئۈرۈمچى)

(مەزكۇر كىتابنى يېزىش جەريانىدا، دوستۇم ۋاڭ فۇمىڭنىڭ «ئەركىنلىك ئىلاھى يۇرتىغا سەپەر»، ن. تېسدالنىڭ «سان فرانسىسكو»، ياڭ شۇنىڭ «ئامېرىكا»، جۇ خۇاجۇننىڭ «بۈگۈنكى ئامېرىكا» ناملىق كىتابلىرىدىن پايدىلاندىم. بۇ ئاپتورلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.)

قوشۇمچە:

# خاتىرە ئەدەبىياتىدىكى يېڭى بۆسۈش

**مۇھەممەت پولات**

زىيارەت خاتىرىسى — بەدىئىي پروزىنىڭ ئاممىباب بىر تۈرى. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ساياھەت سەرگۈزەشتلىرى بىلەن خەلقلەرنىڭ مەنىۋى، روھىي ھالەتلىرى ئۆزى ئۇچراشقان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تارىخى بىلەن رېئاللىق، جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت، مىللىي تۇرمۇش بىرلىكى بىلەن مىللىي روھ ۋە مىللىي پسىخىك ھالەتلەر بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ، تەسۋىرلىنىدىغان دۆلەت ۋە خەلقنىڭ سەلتەنەتلىك بەدىئىي ئابىدىسى تىكلىنىدۇ. خاتىرە ئەدەبىياتىدا ھېس - تۇيغۇ قايناق ۋە دولقۇنلۇق، ئوبراز ۋە كۆرۈنۈشلەر جاذلىق ھەم ھەرىكەتچان بولۇپ، ئەسەر باشتىن - ئاخىر ئالاھىدە بىر خىل لىرىك كەيپىياتقا تويۇنغان بولىدۇ. ئۇ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ ئۆزى يورۇتۇپ بەرگەن ئىجادىي مەنزىرىسى، يېڭى ئوبرازلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى، روھىي كەيپىياتىغا ئائىت يېڭى بىلىملىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ.

زىيارەت خاتىرىسى بەدىئىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى بەدىئىي تۈر ئەمەس. ئۇ بەلگىلىك ئەنئەنىۋىلىك ۋە قەدىمىيلىككە ئىگە بولغان، بەدىئىي پروزىغا ئالاھىدە مەزمۇن كەڭلىكى بىلەن بەدىئىي رەڭدارلىق ئاتا قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان ھاياتبەخش بەدىئىي تۈر. ئۇ تەرەققىي قىلغان خەلقلەر ئەدەبىياتىدا خېلى بۇرۇنلا شەكىللىنىپ، مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شۇ خەلقلەر مەنىۋى ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي روھ ۋە مىللىي تۇرمۇشىدا روشەن بەدىئىي ئىز قالدۇرغان. خاتىرە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان رۇسىيىدە رادىشچېفنىڭ سەپەر تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان «پېتىربۇرگتىن موسكۋاغا ساياھەت» ئەسىرى، پۇشكىنىنىڭ كاپكاز تەسىراتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان «ئاررۇمغا ساياھەت» ئەسىرى، چېخوپنىڭ ساخالىن سەپىرىدىن تۇغۇلغان بەدىئىي خاتىرىلىرى، گوركىينىڭ ئامېرىكا زىيارىتى تەسىرىدە يارىتىلغان «مېنىڭ خاتىرىلىرىم» ئەسىرى قاتارلىق زىيارەت خاتىرىلىرى ئەينى يىللاردا رۇس ئىجتىمائىي پىكرىنىڭ ئويغىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاممىۋى بەدىئىي ئوقۇشلۇققا ئايلانغان.

بەزى زۆرۈر تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز بۇ ھەرىكەتچان بەدىئىي تۈر بىلەن بەكمۇ كېچىكىپ ئۇچراشتى. 1953 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئىقتىسادشۇناس پولات ئالىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زىيارەت تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان، ئازاد بولغان ئادەملەرنىڭ يېڭىچە مەنىۋى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن «گۈللەنگەن ۋەتە-

نىمدە» ناملىق سەپەر خاتىرىسى ئېلان قىلىندى. 1956 ـ يىلىغا
كەلگەندە «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا شائىر ئاب-
دۇلھەي روزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇ-
رىيەتلىرىگە قىلغان سەپەر تەسىراتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بىر
گۇرۇپپا زىيارەت خاتىرىلىرى پەيدا بولدى.

كېيىنكى يىللاردا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئىدىيىۋى
قاتماللىق ۋە مەنىۋى بېكىنمىچىلىك قورشاۋى تۈپەيلىدىن ئەدە-
بىياتىمىزنىڭ ئېلىمىز ۋە دۇنيا بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇنا-
سىۋىتى يىراقلىشىپ، ئەدەبىياتىمىزدا ئەمدىلا شەكىللىنىشكە
باشلىغان بۇ گۆدەك بەدىئىي تۈرنىڭ هايات نەپىسى ئۆچتى. پەقەت
1985 ـ يىلىغا كەلگەندىلا يېڭى سەنئەت باھارى بىلەن جانلى-
نىپ، ئەركىن ۋە ئازاد تۇرمۇش قاينىمىغا قايتقان بىزنىڭ مىل-
لىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇنجى مۇكەممەل خاتىرە ئەدەبىياتى ئە-
سىرى تالانتلىق يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىشچان قە-
لىمىدە ئالەمگە كۆز ئاچتى. ئۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ
1985 ـ يىللىق سانلىرىدا ئۆزىنىڭ چاۋشيەن تەسىراتلىرىدىن
تۇغۇلغان، كىشىگە ئۆزگىچە بىر خىل يېڭىلىق ۋە چىنلىق تۇي-
غۇسى بېرىدىغان دەسلەپكى خاتىرە ئەدەبىياتى ئەسىرى «چاۋشيەن
تەسىراتلىرىدىن پارچە ـ پۇراتلار»نى ئېلان قىلدى. ئارىدىن بىر
يىل ئۆتۈپ، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە
كۇۋەيتلەرگە قىلغان سەپەر سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يارىتىل-
غان، بۇ دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى يېڭى ئىجادىي
نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىلگەن «مۇسۇلمان دۇنياسىغا سەپەر» نام-
لىق يىرىك ئەدەبىي خاتىرىسىنى ئېلان قىلىپ، خاتىرە ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئاممىۋى ئىجادىيەت سىگنالىنى يەنە بىر قېتىم ياڭراتتى.

ئۆنىڭدىن كېيىن بۇ يېڭى ئىجادىيەت ساھەسىگە شائىر رەھىم
قاسىم ياندىشىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ
يىللىق سانلىرىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە
ئىگە بولغان «كۆز ئالدىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا» ناملىق خاتىرە ئەدە-
بىياتى تۈركۈمىنى ئېلان قىلىپ، قەدىمىي تارىخ ۋە مەدەنىيەت
ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان قېرىنداش ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ
يېڭى دەۋردىكى يېڭى مەنىۋى قىياپىتىنى مول تارىخىي، ئىجتى-
مائىي دەلىل ۋە جانلىق، رېئال ھاياتىي پاكىتلار ئارقىلىق كەڭ
ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئەدەبىيات-
مىزدا خاتىرە ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ،
ھەر خىل مەزمۇن ۋە شەكىلدىكى يېڭى، ئىجادىي ئەسەرلەر ئۈز-
لۈكسىز بارلىققا كەلدى. قەلەمگە ئېلىنغان دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئۆزىدە روشەن
گەۋدىلەندۈرگەن بىرنەچچە يىرىك كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئو-
قۇرمەنلەرنى خاتىرە ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ بەدىئىي زېمى-
نىغا باشلاپ كىردى. يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم خاتىرە ئەدە-
بىياتىمىزنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىيات مەزگىلىدە يەنىلا سەپنىڭ ئال-
دىدا تۇرۇپ، جاپالىق ئىزدىنىپ ۋە ئىجاد قىلىپ، «ساياھەتنامە»
ۋە «ياۋروپادا نېمىلەرنى كۆردۈم» ناملىق ئىككى كىتابىنى نەشر
قىلدۇرۇپ، خاتىرە ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى بەدىئىي ئۈپۇققا كۆ-
تۈردى. ئۇ بۇ ئىككى كىتابىدا ئۆزىنىڭ چاۋشيەن، ياپونىيە،
ۋېيتنام، شياڭگاڭ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، كۇۋەيتلەر-
گە قىلغان سەپىرىنىڭ تەبىئىي تەسىراتلىرى بىلەن گېرمانىيە،
فرانسىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسۇمبورگ، مونا-
كو ۋە ۋاتىكانلاردا زىيارەتتە بولغاندا پەيدا بولغان ئۆزگىچە ھېس ـ

تۇيغۇلىرىنى شۇ دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ جۇغراپىيە، تارىخ، مەدە-
نىيەت، ئىلىم - پەن ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئالاھىدىلىك-
لىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوقۇرمەن قەلبىنى
يېڭى بىلىم، يېڭى تەسىراتلار بىلەن بېيىتتى. ئۇ بۇ كىتابلىرى
بىلەن بىزنى سىرلىق يېڭى دۇنيا بىلەن قايتا ئۇچراشتۇرۇپ،
مەتبۇئات ۋاسىتىسى ئارقىلىق غايىۋى دىدارلىشىپ كەلگەن ناتو-
نۇش خەلقلەرنى بىزنىڭ دوستلىرىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا
ئايلاندۇردى. بىزنى ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ بىلىدىغان ئاڭلىق
ۋە مەدەنىيەتلىك كىشىلەر سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق
ۋە تەرەققىيات مۇساپىسى ئۈستىدە بىرلىكتە ئىزدىنىشكە يې-
تەكلىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەقلى
ۋە روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارغا يېڭىچە غايە، ئىستەك - ئىرا-
دە ۋە ئىشەنچ بېغىشلاپ، ناھايىتى زور ئىجتىمائىي، بەدىئىي
ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇ كىتابلىرىدا ئۆزى ئۇچراشقان دۆلەت
ۋە خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي سەرگۈزەشتلىرىنى، ئۇلار-
نىڭ تەبىئىتى ۋە مەدەنىيىتىنى، مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي
خاراكتېرىنى بەكمۇ ئېنىق ھەم كونكرېت تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەن-
نى شۇ دۆلەت ۋە خەلق بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقاندەك تەبىئىي
تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ، بۇ كىتابلىرىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە،
ھادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت
كۆرۈنۈشلىرىنى توغرىدىن - توغرا بايان قىلماي، ئۇنىڭغا ئۆزى-
نىڭ سەپەر تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان تەبىئىي ھېس - تۇيغۇسى
بىلەن مۇرەككەپ پىكىر ۋە خىياللىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى
تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن قويۇق چىنلىق تۇيغۇ-

سىغا ئىگە قىلىدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەپەك-
كۇرىدىن ئۆتكۈزۈپ، خىيال ۋە تەسەۋۋۇر قايىنىمىدا تاۋلاپ، رېئال
ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە جانلاندۇرۇپ، ئەس-
لىدىكىدىنمۇ رەڭدار ۋە سەلتەنەتلىك بولغان يېڭى ئىجادىي تۇر-
مۇش مەنزىرىلىرىنى يارىتىپ، ئوقۇرمەننى تېخى ئۆزى ھېس قى-
لىپ يەتمىگەن يېڭى بىر سىرلىق دۇنياغا تەبىئىي ھالدا باشلاپ
كىرىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ئەگەشتۈرۈپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ
غەرب پەن ـ تېخنىكىسى بىلەن مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي مە-
دەنىيەت ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۈرگەن يېڭى تىپتىكى گۈللەنگەن
شەھەرلىرى؛ ئۆز بەختىنى ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە ئەمگىكىگە تايىنىپ
ياراتقان تولپار سۈپەت چاۋشىيەنىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى؛
مەغلۇبىيەت ۋە مىللىي خورلۇق ئىچىدە ئەقىل تېپىپ، دۇنيانىڭ
ئەڭ باي ۋە زامانىۋى دۆلەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئامەتلىك يا-
پونىيىنىڭ زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان مائارىپى بىلەن پۇل
مۇئامىلە چۈقانلىرىغا پۈركەنگەن قايناق ئاكسىيە بازارلىرى؛
ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەڭداشسىز بۈيۈك سەنئەتكار، پەيلاسوپ ۋە
سىياسەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن قەدىمىي گېرمانىيىنىڭ
ئەنئەنىۋى پايتەختى بېرلىندىكى بەكمۇ مۇرەككەپ، تارىخىي
سەرگۈزەشتىلەرگە باي بولغان پارلامېنت بىناسى بىلەن بېرلىن
تېمى ئىزنالىرى؛ «دۇنيا گۈلزارى» دەپ ئاتىلىدىغان كېچە بولماس
شەھەر پارىژدىكى دۇنياۋى سەنئەت خەزىنىسى بولغان ھەيۋەتلىك
لوۋر سارىيى بىلەن فرانسۇز خەلقىنىڭ بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسى-
تىنىڭ پارلاق سىمۋولى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىللىي پەخرى ۋە
ئىپتىخارى بولغان ھەيۋەتلىك زەپەر دەرۋازىسى بىلەن سەلتەنەت-
لىك ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى؛ قەدىمىي ئىتالىيە مەدەنىيىتىنىڭ

جەۋھەرلىرى يىغىلغان شۆھرەتلىك رىمنىڭ شاھانە ئوردا ـ
ساراي، ھەيكەللىرى؛ ياۋروپا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى
بولغان قەدىمىي فىلورونسىيىنىڭ بۈيۈك سەنئەت ئابىدىسى بول-
غان ھەيۋەتلىك مۇزېيى، چېركاۋلىرى؛ دېڭىز دولقۇنىدىن شۇڭ-
غۇپ چىققان جەسۇر غەۋۋاستەك مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرغان سۇ
شەھىرى ۋېنىتسىيىنىڭ سان ـ ساناقسىز سەلتەنەتلىك كۆۋرۈك
ۋە قېيىقلىرىنى بويلاپ ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تارىخ ۋە
ئۆتمۈشنى جانلاندۇرۇپ، ئۆز زامانىسى كىشىلىرىنىڭ ھايات مۇ-
ناسىۋەتلىرىنى ئۆز ھالىتىگە قايتۇرۇپ، ئۇنى ياۋروپانىڭ مەدەنى-
يەت ۋە سىياسىي تارىخى ياراتقان مەشھۇر رەسسام، ھەيكەل-
تىراش، ئارخىتېكتور، كومپوزىتور، ئەدىب، پەيلاسوپ، سىيا-
سەتچى ۋە سەركەردىلەر بىلەن ئۇچراشتۇردى.

ئاپتور ئۆزىنىڭ ساياھەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغاندا،
ئۇنىڭغا ۋاتېرلوئو جېڭى، بېرلىن تېمى، رىم شەھىرىنىڭ بىنا
بولۇشى، گوللاندىيە ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى، بېلگىيىدىكى سىي-
گەك بالا ھەيكىلى، يىپەك يولى بىلەن رىمنىڭ مۇناسىۋىتى... قا-
تارلىق قىزىقارلىق رىۋايەت ۋە جانلىق تارىخىي ئەسلىمىلەرنى
قىستۇرۇپ ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ. ئۇ با-
يان ۋە تەسۋىردە تۈزلۈك ھەم بىر خىللىقتىن ساقلىنىپ، سەھى-
پىلەرنى ئۆزگىرىشچان ۋە دولقۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەسىرى-
نىڭ بەدىئىي تۈسىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئا-
شۇرىدۇ. ئاپتور كىتابىدا ئۆزى بارغان دۆلەت، رايوندا ئالدى
بىلەن ئۇنىڭ تەبىئىتىگە، تارىخىغا، قىممەتلىك مەدەنىي
مىراسلىرىغا، رېئال تۇرمۇشىغا، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتى-
مائىي ئەھۋالىغا نەزەر ئاغدۇرىدۇ. شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ مەن-

ۋى، ئەقلىي تەربىيىلىنىشىگە، ئەخلاقىي ساپاسىغا، مىللىي روھ ۋە مىللىي غۇرۇرىغا، مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچى بىلەن ئۆز دۆلىتىنى روناق تاپقۇزۇشتىكى جاسارىتىگە نەزەر ئاغدۇ- رۇپ، ئۇلاردىن ئەقلىي قىممەتكە ئىگە بولىغان ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ، قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۆرنەك قىلىشى- مىزغا ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، مىللىي پسىخى- كىمىزدىكى ئاجىزلىقلار بىلەن مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى ئىللەتلەرنى ئازاب بىلەن تەنقىد قىلىدۇ.

ئاپتور ئۆزى ئۇچراشقان دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتە ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىلىم - پەن، مائارىپ، قاتناش، ئۇچۇر، ئالاقە، مۇھىت تازىلى- قى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەشكە ئوخشاش ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىپ، ئەسىرىنى قويۇق دەۋر تۈسىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئاپتور ئۆزى قەلەمگە ئالغان دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئىنچىكە ئۆگەنگەن. ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرىدىكى ئادەتتىكى ماتېرىياللار بىلەن چەكلىنىپ قال- ماي، جاپالىق ئىزدىنىپ، ئوقۇرمەنگە مەلۇم بولمىغان بىرمۇنچە يېڭى مەلۇماتلارغا ئېرىشىپ، ئۆز ئەقلىي ۋە تەپەككۇرىغا تايى- نىپ، يېڭى، ئىجادىي رېئاللىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئادەم ۋە يەر ناملىرى بىلەن يىل تەرتىپى ۋە ئىجتىمائىي بايانلاردا دەللىك ۋە توغرىلىققا ئېرىشىپ، ئەسىرىنىڭ ئىلمىي ئېنىقلىق دەرىجى- سىنى ئاشۇرغان.

يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ساياھەتنامە»، «ياۋروپادا نېمىلەرنى كۆردۇم» ناملىق بۇ ئىككى كىتابى بىلىم دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنغا باي، بەدىئىي تۈسى قويۇق، ئوقۇشچانلىقى يۇقىرى بولغان ئىجادىي ئەسەر. ئۇ بىزنىڭ خاتىرە ئەدەبىياتى ئىجادىيە-تىمىزدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى بارلىققا كەلتۈ-رۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ دۇنيا ۋە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتى-كى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»دىن ئېلىندى.)